شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى

لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز I

## قېيۇم باۋۇدۇن

تەزكىرە تۈزۈش مەملىكىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، تەزكىرە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، ئاقارتىش رولىغا ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1958 - يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ چېڭدۇ يىغىنىدا تەزكىرە تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇئېنلەي زۇڭلى كونا تەزكىرىلەردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە پەن - تېخنىكىغا دائىر ماتېرىياللارنى سىستېمىلىق رەتلەپ، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 50- يىللارنىڭ ئاخىرىدا تەزكىرە گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا جۇئېنلەي زۇڭلى يولداش زېڭ سەننى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بېكىتتى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مەملىكەت بويىچە جايلاردا تەزكىرىچىلىك باشلىنىپ كەتتى. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىقتا تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يېڭىباشتىن كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىل 4 - ئايدا يولداش خۇچياۋمۇ يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى شەكىل بىلەن يېڭى تەزكىرە تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن شاڭخەي شەھىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە شاڭخەي شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «يېڭىچە تەزكىرە كەڭ شەھەر ئاھالىسىگە، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى رېئال، جانلىق، سەممىي، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە دەرسلىكتۇر» . سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتە ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى مىزان قىلىش، ھەم ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ھەم يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىن مەقسەت جايلار ئەھۋالىغا ئائىت ئەتراپلىق، جانلىق، چىن ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

يېڭىدىن تۈزۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دەل مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە، ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەزكىرىچى خادىملارنىڭ توققۇز يىللىق جاپالىق ئەمگىكى بىلەن تۈزۈلدى. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇلۇپ ۋە ئۇ تەدبىقلىنىپ، ئىدىيە ئازاد قىلىنغان، ھەقىقەت

ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن ھالدا ھازىرقى ئىشلار تەپسىلىي، قەدىمكى ئىشلار ئىخچام بايان قىلىندى، مەۋقە ھازىرقى دەۋرگە قويۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەينەن بايان قىلىندى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى زور ئۆزگىرىشلىرى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتۇلدۇرالايدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشلا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، دېگەن ھەقىقەت ھەمدە ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتائارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىلدى.

«لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بايان قىلىنىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىممەتلىك يەرلىك ماتېرىيال بىلەن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ناھايىتى ياخشى ئىلمىي ئاساس ۋە تارىخىي ئۈلگە بىلەن، لوپنۇرغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دوستلارنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلىمى بىلەن تەمىنلىدى. مەن يۇرتۇمنىڭ ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، يۇرتۇمدىكى يولداشلارنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئەستايىدىل پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق بولغاندا بىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

ھازىر «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسىنى بالدۇرراق كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق بولغاندا «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» تېخىمۇ زور رول ئوينىيالايدۇ.

1993 - يىل، دېكابىر

---

ئىزاھات: «كىرىش سۆز 1 »نىڭ ئاپتورى قېيۇم باۋۇدۇن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز II

ياڭ مىڭجۇن، نىياز ئابلا

يېقىندىن تۈزۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە نەشر قىلىندى. بۇ، دەۋرنىڭ يېڭى سەھىپىسى، ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بىر مۇھىم نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھىيىمىزنىڭ قاتنىشى قولايسىز، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، مەدەنىيىتى قالاق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن لوپنۇر تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمما لوپنۇر ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە بولغاچقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولدى، «ناھىيە بازىرىدا T شەكىللىك بىرلا كوچا بار ئىدى، پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى ئۈچ دانە ئېلېكتر چىرىغىلا يورۇتالايتتى، بىرلا رادىئو كانىيى پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا ئاڭلىناتتى» . مانا بۇ لوپنۇرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىقىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە بېغىشلاپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە جۇشقۇن ئىلگىرىلەپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى، سانائەت تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە گۈللەندى، خەلق تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىپ، لوپنۇرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە نۇرغۇن ماتېرىياللار ئارقىلىق، بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

تەزكىرە تۈزۈش — مەملىكىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. تەزكىرە — «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش كىتابى» ، ئۇ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، ئاقارتىش رولىغا ئىگە. كونىلاردا: «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تارىخنى، بىرەر جاينى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تەزكىرىنى ئەينەك قىلىش كېرەك» دېگەن گەپ بار. تارىخىي تەجرىبىلەر ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسىتىمىز سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت، ئۇ بىزنىڭ ئەۋلادلارغا قىلىپ بېرىدىغان بىر چوڭ ئىشىمىز ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907- يىلى) ئامبال جۇفاڭشۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «شىنپىڭ ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» نى تۈزگەندىن سىرت، باشقا بىرەر تەزكىرە تۈزۈلمىگەن. بۈگۈنكى تەزكىرىچىلىكىمىزدە ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىپ، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلىپ سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈلدى، ئۇنىڭدا لوپنۇرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئۇ، كۆپچىلىكنى خىزمەت جەريانىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئۇستۇنلۇكنى جارى قىلدۇرۇپ، پايدىلىقلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زىيانلىقلىرىنى تۈگىتىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چىن تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» لوپنۇردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى ياخشى يەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتە ماتېرىيال توپلاشتىن تاكى كىتاب چىققۇچە بولغان پۈتكۈل جەرياندىكى ئىش مىقدارى ناھايىتى كۆپ، ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۇل. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە تۈزۈش باشلانغاندىلا بۇ خىزمەتنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تەزكىرىچى خادىملارنى زۆرۈر بولغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى بىلەن تەمىنلىدى. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى يېزىشقا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى، لوپنۇردا خىزمەت قىلغان پېشقەدەم يولداشلارمۇ ناھايىتى كۆپ ياردەم بەردى، ناھىيىدىكى ھەر قايسى تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللىدى، ئۇنى يېزىشقا قاتناشقان يولداشلار قىيىنچىلىقتا پەسەنت قىلماي، ئىجتىھات بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىتابنى ئاخىرى پۈتكۈزدى. بىز «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن، مەدەت بەرگەن، ياردەم بەرگەن رەھبەرلەرگە، مۇتەخەسسىس، ئالىملارغا ۋە ئۇنى تۈزگۈچى خادىملارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

1993 - يىل دېكابىر

---

ئىزاھات: «كىرىش سۆز I» نىڭ ئاپتورى يالڭ مىڭچۈەن ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ نىياز ئابلا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى، 1993 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر مىزان قىلىنىپ، يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتىكى يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئۇسۇل ۋە يېڭى شەكىلنىڭ تەلىپى بويىچە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا بايان قىلىندى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىق بىردەك بولۇش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

2. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مەزمۇنلار خاتىرىلەندى، ھازىرقى ئىشلار تەپسىلىي، قەدىمكى ئىشلار ئىخچام بايان قىلىندى. كىتابتا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەشكىلىي تۈزۈلۈشنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن باشقىلىرى، ئادەتتە، 1899 - يىلى ناھىيە قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ بايان قىلىندى ياكى ھەربىر ئىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاندى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرى ئاخىرقى يىل چېكى قىلىندى. ئايرىم ماتېرىياللار بۇنىڭدىنمۇ كېيىنگە سوزۇلدى. ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر ۋە چوڭ ئىشلار «قوشۇمچە»گە كىرگۈزۈلۈپ، ئىخچام بايان قىلىندى.

3. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە تەزكىرە، تەرجىمىھال، خاتىرە، بايان، خەرىتە، جەدۋەل قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلدى، تەزكىرە ئاساسىي گەۋدە قىلىندى. كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنىڭ ئالدىغا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، ئاخىرىغا «قوشۇمچە» بېرىلدى. پۈتۈن تەزكىرىدە يېزىق بىلەن بايان قىلىش ئاساس، جەدۋەل، خەرىتە ۋە سۈرەت قوشۇمچە قىلىندى.

4. «ئومۇمىي بايان» پۈتۈن تەزكىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى يېزىق ئارقىلىق ئىخچام بايان قىلىندى؛ «چوڭ ئىشلار»دا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى، لوپنۇر ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن تەسىرى چوڭ ئىشلار خاتىرىلەندى.

5. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى بويىچە قىسىم، باب، پاراگرافلار تەسىس قىلىندى، ئۇلار ھازىرقى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى، ئوخشاش خىلدىكى شەيئىلەر مەيلى قانداق تارماققا خاس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش بىر قىسىم - بابقا كىرگۈزۈلدى. پۈتۈن تەزكىرە كىتابىدا جەمئىي 11 قىسىم، 60 باب، 202 پاراگراف تەسىس قىلىندى. «ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار» ۋە «قوشۇمچە» قىسىملار قاتارىغا كىرگۈزۈلمىدى.

6. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر يىل تەرتىپى بويىچە

«چوڭ ئىشلار» غا كىرگۈزۈلدى؛ سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ لوپنۇرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاقىدار قىسىم ۋە بابلارغا كىرگۈزۈلدى.

7. «شەخسلەر» قىسمىدا ھاياتلارغا تەرجىمىھال تۈرغۇزماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، تەرجىمىھال تۇرغۇزۇشتا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىر قەدەر چوڭ تۆھپە قوشقان ياكى تەسىر كۆرسەتكەنلەر ھەمدە شۇ يۇرتلۇقلار ئاساس قىلىندى، شۇنداقلا لوپنۇردا خىزمەت قىلغان ۋە ياشىغان بەزى ياقا يۇرتلۇقلارمۇ كىرگۈزۈلدى. تەرجىمىھالى تۇرغۇزۇلغانلار بىردەك ئالەمدىن ئۆتكەن يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. «شەخسلەر» قىسمىغا يەنە ياقا يۇرتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇئاۋىن ناھىيە (تۇەن) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى لوپنۇرلۇق كادىرلارنىڭ ئىسمىلىك جەدۋىلى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قەھرىمان، نەمۇنىچى نامىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسمىلىك جەدۋىلى كىرگۈزۈلدى.

8. ۋاقىتنى بايان قىلىشتا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر كونا يىل ناملىرى بويىچە ئېلىندى ھەمدە تىرناق ئىچىگە مىلادىيە يىلى بويىچە ئىزاھات بېرىلدى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەردە مىلادىيە يىلى قوللىنىلدى. تەزكىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى» دېگەن سۆز 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋاقىتنى، «ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدىكى» دېگەن سۆز 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

9. «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى ماتېرىياللار ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك ئارخىپخانىلار، ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، دۆلەت 2 - تارىخ ئارخىپخانىسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تۈرلۈك يازما ماتېرىياللىرى ھەمدە ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تۈرلۈك ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى. كىتابتا پايدىلىنىلغان ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى بىرمۇ بىر ئىزاھلانمىدى، ئىزاھلانغان سانلىق مەلۇماتلار ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك2-شىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

خەرىتە ......
سۈرەتلىك بەت ......
كىرىش سۆز I ...... 1
كىرىش سۆز II ...... 3
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ...... 5
ئومۇمىي بايان ...... 3
چوڭ ئىشلار ...... 11

## بىرىنچى قىسىم جۇغراپىيە

I باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 51

§ 1. چېگرىسى ...... 51
§ 2. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 52
§ 3. مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 54
§ 4. ناھىيە بازىرى ۋە يېزا ـ بازارلار ...... 55
§ 5. يەر ناملىرى توغرىسىدا تەتقىقات ...... 69

II باب تەبىئىي مۇھىتى ...... 71

§ 1. گېئولوگىيە ...... 71
§ 2. يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ...... 73
§ 3. كىلىماتى ...... 76
§ 4. گىدرولوگىيە ...... 81
§ 5. تۇپراق ...... 87

§ 6. تەبىئىي بايلىق ........................................................ 91
§ 7. تەبىئىي ئاپەت ........................................................ 93

# ئىككىنچى قىسىم يېزا ئىگىلىكى

I باب تېرىقچىلىق ........................................................ 101

§ 1. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 103
§ 2. زىرائەت تېرىقچىلىقى ........................................................ 107
§ 3. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ........................................................ 114
§ 4. ئۆسۈملۈك ئاسراش ........................................................ 120
§ 5. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ........................................................ 123
§ 6. ئىگىلىك باشقۇرۇش ........................................................ 123
§ 7. دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى ........................................................ 128

II باب چارۋىچىلىق ........................................................ 129

§ 1. تەرەققىيات ئەھۋالى ........................................................ 130
§ 2. ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........................................................ 132
§ 3. ئوتلاق ........................................................ 138
§ 4. ئۆي هايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى ........................................................ 144
§ 5. چارۋا مەھسۇلاتلىرى ........................................................ 150
§ 6. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرى ........................................................ 151

III باب ئورمانچىلىق ........................................................ 157

§ 1. ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرى ........................................................ 158
§ 2. ئورمان بايلىقى ........................................................ 159
§ 3. توغراق ........................................................ 162

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


§ 4. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ........................ 165
§ 5. ئورمان باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ........................ 171

IV باب دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى... 181

§ 1. تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ 181
§ 2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سەۋىيىسى ........................ 182
§ 3. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ........................ 183
§ 4. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........................ 185
§ 5. ئاپپارات، قوشۇن ........................ 187

## ئۈچىنچى قىسىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

I باب ئۆتكەن دەۋرلەردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ........................ 191

II باب يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ........................ 192

§ 1. 31 ـ تۇەن ـ مەيدان ........................ 193
§ 2. 32 ـ تۇەن ـ مەيدان ........................ 197
§ 3. 33 ـ تۇەن ـ مەيدان ........................ 201
§ 4. 34 ـ تۇەن ـ مەيدان ........................ 205
§ 5. 35 ـ تۇەن ـ مەيدان ........................ 208

## تۆتىنچى قىسىم سۇچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى

I باب سۇچىلىق ........................ 215

§ 1. سۇ بايلىقى ........................ 216
§ 2. سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرى ........................ 218
§ 3. سۇ ساقلاش ئىنشائاتلىرى ........................ 220
§ 4. ناسوس بىلەن سۇ چىقىرىش ئىنشائاتلىرى ........................ 222
§ 5. قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىش ئىنشائاتلىرى ........................ 224
§ 6. سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ........................ 225
§ 7. زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ........................ 225
§ 8. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىنشائاتلىرى ........................ 226
§ 9. باشقۇرۇش، خىراجەت ........................ 226

**II باب سۇ مەھسۇلاتلىرى ........................ 231**

§ 1. سۇ يۈزى ........................ 232
§ 2. سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ........................ 234
§ 3. بېقىش ........................ 235
§ 4. بېلىق تۇتۇش ........................ 236

## بەشىنچى قىسىم سانائەت، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

**I باب سانائەت ........................ 241**

§ 1. تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ 241
§ 2. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك-
دىكى سانائەت ........................ 243
§ 3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ........................ 246
§ 4. كارخانا باشقۇرۇش ........................ 251
§ 5. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........................ 253

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Ⅱ باب يېزا - بازار كارخانىلىرى ........................... 254

§ 1. تەرەققىيات ئەھۋالى ........................... 254
§ 2. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تۈرى ........................... 257
§ 3. ئاساسلىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش... 260

Ⅲ باب شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ........................... 264

§ 1. بازار قۇرۇلۇشى ........................... 264
§ 2. يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ........................... 270
§ 3. بىناكارلىق ........................... 275

## ئالتىنچى قىسىم پوچتا - تېلېگراف، قاتناش

Ⅰ باب پوچتا - تېلېگراف ........................... 281

§ 1. پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتلىرى ........................... 281
§ 2. پوچتا ........................... 282
§ 3. تېلېگراف ........................... 287
§ 4. باشقۇرۇش ........................... 290

Ⅱ باب قاتناش ........................... 292

§ 1. يول ........................... 292
§ 2. كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ ........................... 295
§ 3. قاتناش قوراللىرى ........................... 305
§ 4. ترانسپورت ........................... 308
§ 5. قاتناش باشقۇرۇش ........................... 311

## يەتتىنچى قىسىم سودا، ئاشلىق - ياغ

I باب سودا ........................................ 317

§ 1. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا........................ 320
§ 2. خۇسۇسىي سودا ........................ 325
§ 3. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى ........................ 327

II باب ئاشلىق - ياغ ........................................ 338

§ 1. غەللە - پاراق يىغىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش ........................ 339
§ 2. ئاشلىق سېتىش ........................ 341
§ 3. ئۇن - ياغ تارتىش ........................ 344

## سەككىزىنچى قىسىم مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

I باب مالىيە، باج ........................................ 349

§ 1. مالىيە كىرىمى ........................ 350
§ 2. مالىيە چىقىمى ........................ 369
§ 3. ئاپپاراتلار ........................ 376

II باب پۇل مۇئامىلە ........................................ 377

§ 1. ئاپپاراتلار ........................ 377
§ 2. ئوبوروت قىلىنغان پۇللار ........................ 380
§ 3. پۇل كىرىم - چىقىمى ........................ 381
§ 4. قەرز پۇل ........................ 384
§ 5. خەلق پۇل ئامانىتى ........................ 389

ئۇيغۇر كتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com


§ 6. زايوم ........................................ 391
§ 7. سۇغۇرتا ........................................ 392

## توققۇزىنچى قىسىم ئىگىلىك باشقۇرۇش

I باب پىلان باشقۇرۇش ........................................ 397

§ 1. ئاپپاراتلار ........................................ 397
§ 2. ۋەزىپىسى ۋە فۇنكسىيىسى ........................................ 397

II باب ستاتىستىكا باشقۇرۇش ........................................ 399

§ 1. ئاپپاراتلار ........................................ 399
§ 2. ستاتىستىكا كەسپى ........................................ 399
§ 3. ستاتىستىكا ۋاستىلىرى ........................................ 401

III باب مال باھاسىنى باشقۇرۇش ........................................ 401

§ 1. ئاپپاراتلار ........................................ 401
§ 2. باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى ........................................ 402
§ 3. مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ........................................ 403

IV باب سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........................................ 403

§ 1. ئاپپاراتلار ........................................ 403
§ 2. بازار باشقۇرۇش ........................................ 404
§ 3. توختام باشقۇرۇش ........................................ 405

V باب ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم ........................................ 406

# ئونىنچى قىسىم سىياسىي پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ........................ 409

§ 1. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ............ 409
§ 2. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى .................... 415
§ 3. قۇرۇلتايلار ............................................................ 416
§ 4. تەشۋىقات ـ تەربىيە .................................................. 420
§ 5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش .................................................. 422
§ 6. بىرلىكسەپ خىزمىتى ................................................... 423

II باب گومىنداڭ ............................................................. 425

III باب ئاممىۋى تەشكىلاتلار ............................................. 426

§ 1. ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ............................ 426
§ 2. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەشكىلاتلىرى ................................ 427
§ 3. ئاياللار بىرلەشمىسى .................................................. 430
§ 4. دېھقان ـ چارۋىچىلار تەشكىلاتلىرى ............................... 432
§ 5. سودا ـ سانائەتچىلەر تەشكىلاتلىرى ................................ 433
§ 6. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ............................. 434
§ 7. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ............................. 435
§ 8. ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى ............ 436
§ 9. جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارمىقى ............ 437

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## ئون بىرىنچى قىسىم ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش


I باب خەلق قۇرۇلتىيى ........................................ 441

§1. ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ........................................ 442

§2. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ........................................ 446

§3. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ........................................ 453

II باب مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........................................ 453

§1. ناھىيىلىك يامۇل، ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ........................................ 454

§2. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........................................ 457

III باب ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاپپاراتى ........................................ 463

§1. ناھىيىلىك كېڭەش ........................................ 463

§2. ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ........................................ 464


## ئون ئىككىنچى قىسىم خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار


I باب خەلق ئىشلىرى ........................................ 473

§1. ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ........................................ 474

§ 2. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ........................ 477
§ 3. يېزىلاردىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ........................ 482
§ 4. ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 483
§ 5. نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ........................ 486

## II باب ئەمگەك

II باب ئەمگەك ........................ 488
§ 1. ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 490
§ 2. كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ........................ 493
§ 3. پاراۋانلىق، ئەمگەك سۇغۇرتىسى ........................ 494
§ 4. ئەمگەك - ئىش ھەققى ........................ 496
§ 5. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش ........................ 498
§ 6. ئەمگەك تۈزۈمى ........................ 499
§ 7. زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 499

## III باب كادىرلار

III باب كادىرلار ........................ 502
§ 1. خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ........................ 502
§ 2. خادىملار شتاتى ........................ 504
§ 3. خادىملارنى سىناش ........................ 509
§ 4. كادىرلارنى تەربىيىلەش ........................ 510
§ 5. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ۋە خىزمەتتىن چېكىنىش ... 511

# ئون ئۈچىنچى قىسىم ئامانلىق ساقلاش، ئەدلىيە

## I باب ئامانلىق ساقلاش

I باب ئامانلىق ساقلاش ........................ 515
§ 1. ئاپپاراتلار ........................ 515
§ 2. ئامانلىق باشقۇرۇش ........................ 516
§ 3. نوپۇس باشقۇرۇش ........................ 518
§ 4. يۈز بەرگەن دېلولارنى رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلاش ........ 519

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



§ 5 . تۇرمە ـ سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش ........ 521
§ 6 . قاتناشنى باشقۇرۇش ........ 521
§ 7 . ئوت ئۆچۈرۈش ـ ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........ 522

II باب سوت قىلىش ........ 523

§ 1 . ھەق تەلەپ داۋا ئىشلىرى سوتى ........ 523
§ 2 . جىنايى ئىشلار سوتى ........ 524
§ 3 . ئىقتىسادىي سوت ........ 526
§ 4 . خەلق زاسېداتېلى ........ 526
§ 5 . ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ........ 527

III باب تەپتىشلىك ........ 527

§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 527
§ 2 . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ........ 528
§ 3 . قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى ........ 530
§ 4 . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 531
§ 5 . تۈرمە، سولاقخانا نازارەتچىلىكى ........ 532
§ 6 . ئەرزىيەت ئىشلىرى ........ 532

IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........ 533

§ 1 . قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ........ 533
§ 2 . ھەق تەلەپ مۇرەسسە ئىشلىرى ........ 534
§ 3 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ........ 534
§ 4 . جامائەت گۇۋاھلىقى ........ 535

## ئون تۆتىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار

I باب ھەربىي ئورگانلار ........ 539

§ 1. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ........................ 539
§ 2. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى ........................ 540
§ 3. ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈم ........................ 540

II باب ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ........................ 541

§ 1. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ...... 541
§ 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ...... 541
§ 3. مىنگو دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ........................ 541
§ 4. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى... 542

III باب ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ........................ 542

§ 1. ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ........................ 542
§ 2. ئەسكەر ئېلىش ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش ........................ 543

IV باب خەلق ئەسكەرلىرى ........................ 544

§ 1. تەشكىللەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ........................ 544
§ 2. مەشق ........................ 546
§ 3. خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيىتى ........................ 547

## ئون بەشىنچى قىسىم مائارىپ، پەن - تېخنىكا

I باب مائارىپ ........................ 553

§ 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى ........................ 553
§ 2. بالىلار مائارىپى ........................ 554
§ 3. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........................ 555
§ 4. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........................ 561
§ 5. چوڭلار مائارىپى ........................ 565
§ 6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ........................ 567

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


§ 7. ماشىنا ئىشلەش خىزمىتى ........ 569

I باب پەن - تېخنىكا ........ 571

§ 1. پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ........ 571
§ 2. پەن - تېخنىكا قوشۇنى ........ 572
§ 3. پەن - تېخنىكا خىزمىتى ........ 573
§ 4. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ........ 574
§ 5. پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ........ 576

## ئون ئالتىنچى قىسىم مەدەنىيەت

I باب مەدەنىيەت - سەنئەت ........ 581

§ 1. ئاپپاراتلار ........ 581
§ 2. ئاممىۋى مەدەنىيەت ........ 582
§ 3. كىتاب تارقىتىش ........ 584
§ 4. كىنو قويۇش ........ 585

II باب رادىئو - تېلېۋىزىيە ........ 587

§ 1. رادىئو ........ 587
§ 2. تېلېۋىزىيە ........ 589

III باب ئارخىپ، تارىخ - تەزكىرە ........ 590

§ 1. ئارخىپ ............ 590
§ 2. تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش ............ 591
§ 3. تەزكىرە تۈزۈش ............ 593
§ 4. تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ............ 594
§ 5. يەر ناملىرى خىزمىتى ............ 595

IV باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەر ............ 597

§ 1. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ............ 597
§ 2. ئاسار ئەتىقىلەر ............ 597

## ئون يەتتىنچى قىسىم سەھىيە، تەنتەربىيە

I باب سەھىيە ............ 603

§ 1. تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى ............ 604
§ 2. تىببىي داۋالاش ئۇسكۈنىلىرى ............ 610
§ 3. تىببىي داۋالاش تۈزۈمى ............ 611
§ 4. تىببىي دورا ............ 614
§ 5. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىنىش ساقلاش.. 615
§ 6. ئاممىۋى تازىلىق ............ 622
§ 7. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ............ 624

II باب تەنتەربىيە ............ 626

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



§ 1. تەنتەربىيە مەيدانى ........................ 627
§ 2. مەكتەپ تەنتەربىيىسى ........................ 628
§ 3. ئاممىۋى تەنتەربىيە ........................ 629
§ 4. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ........................ 630

## ئون سەككىزىنچى قىسىم نوپۇس

I باب نوپۇس ئۆزگىرىشى ........................ 637

§ 1. ئاساسىي ئەھۋالى ........................ 637
§ 2. نوپۇسنىڭ كۆچۈشى ........................ 638

II باب نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقى ........................ 641

§ 1. بازار، يېزىلاردىكى تارقىلىشى ........................ 641
§ 2. جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ........................ 642
§ 3. نوپۇسنىڭ زىچلىقى ........................ 642

III باب نوپۇس قۇرۇلمىسى ........................ 643

§ 1. مىللەت قۇرۇلمىسى ........................ 643
§ 2. كەسىپ قۇرۇلمىسى ........................ 644
§ 3. مەلۇمات قۇرۇلمىسى ........................ 645
§ 4. جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى ........................ 646

IV باب پىلانلىق تۇغۇت ........................ 647

§ 1. تۇغۇت چەكلەش ........................ 647
§ 2. بىجىرىم تۇغۇش، ئوبدان بېقىش ........................ 650

## ئون توققۇزىنچى قىسىم مىللەت، دىن

I باب مىللەت ........................................ 657

§ 1. ئۇيغۇرلار ........................................ 657
§ 2. خەنزۇلار ........................................ 666

II باب دىن ........................................ 673

§ 1. يۇددا دىنى ........................................ 673
§ 2. ئىسلام دىنى ........................................ 674

## يىگىرمىنچى قىسىم دىئالېكت، ماقال - تەمسىل

I باب لوپنۇر دىئالېكتى ........................................ 679

§ 1. فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ........................................ 679
§ 2. گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ........................................ 683
§ 3. لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ........................................ 686

II باب ماقال - تەمسىل ........................................ 687

§ 1. تېرىقچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەر ........................................ 687
§ 2. تۇرمۇشقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر ........................................ 688

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم شەخسلەر

I باب شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى ........................................ 693

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


II باب شەخسلەر جەدۋىلى ........................................ 699

قوشۇمچە

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇ ـ
مىي ئەھۋالى ........................................ 709
ئاخىرقى سۆز ........................................ 729
«لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تەھرىرات ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى
خادىملىرى ........................................ 731
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........................................ 733
«لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى... 734

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئومۇمىي بايان

لوپنۇر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي رايونىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 84°02′50″ — 89°58′50″، شىمالىي ـ پاراللېل 40°10′33″ — 41°39′47″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ غەرب تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار، كۇچا ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى بۈگۈر، باغراش، خوشۇت ناھىيىلىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ توقسۇن ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى ۋە پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا. ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 502.8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 165 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە بازىرى كورلا شەھىرىگە 52 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 530 كىلومېتىر كېلىدۇ (تاشيول بويىچە ھېسابلانغان ئارىلىق).

ناھىيىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي قىسمىنى قۇرۇقتاغ (شەرقىي بۆلىكى) توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، يەر شەكلى كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2000 مېتىرچە كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك. تارىم دەرياسى غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتىن، كۆنچى دەرياسى شىمال تەرەپتىن كېلىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. ناھىيىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ پەرقى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ يىللار، ئايلار بويىچە پەرقى چوڭ، ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى تەخمىنەن 36℃ بولىدۇ. بىر كۈن ئىچىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش پەرقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17℃ — 18℃ قا يېتىدۇ. تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدۇ، قىشتا قۇرۇق سوغۇق، يازدا تومۇز ئىسسىق بولىدۇ، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ئەمما تۇراقلىق بولمايدۇ، كۈزدە تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.1℃ بولىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىردىن 150 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردا يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 70 مىللىمېتىردىن 150 مىللىمېتىرغىچە، تۈزلەڭلىكلەردە 30 مىللىمېتىردىن 40 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2700 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 185 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 212 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 144 كۈن بولىدۇ. ناھىيە دائىم قۇم ـ بوران، قىراۋ ئۇششۇكى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، يامغۇر (شورلىشىپ كېتىش) ۋە مۆلدۈر قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 كۈن قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، بۇ جاي مەملىكەت بويىچە ئەڭ قاتتىق قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ (تۇرپان ئويمانلىقىدىن كېيىن تۇرىدۇ).

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش جەھەتتە تۆت يېزا، بىر بازار،

ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، بىر ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىلىدى، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2- شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بار. ناھىيىدىكى جايلار ۋە يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-تۇەن-مەيدانلىرىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 17 مىللەت ئولتۇراقلاشقان، ئومۇمىي نوپۇسى 73 مىڭ 561، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 31 مىڭ 753، ناھىيىگە تەۋە نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر %3. 70 نى، خەنزۇ %5. 25 نى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيىدىكى جايلار ۋە يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرىدا نوپۇسنىڭ زىچلىقى جەھەتتە، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1.23 ئادەم توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى ھېسابلىنىدىغان لوپنۇر بازىرى ناھىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايلىق، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت مەركىزى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئائىلە 1173، نوپۇس 4826، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2155 بولۇپ، %65. 44 نى ئىگىلەيدۇ.

لوپنۇرنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى شەھەر دۆلىتى لوپنۇر ۋە كۆچمەن ئەللەر دۆلىتى قۇرۇقتاغ ئېلىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى ئىدى. ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ساۋساۋ قۇرغان ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كىنگىت بەگلىكى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، لوپنۇر ئاۋۋال تۇرپان ۋاڭى (ئىنانچى خانى) ئىمىنخوجىغا تەۋە بولدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان قاراشەھەر خان ئامبىلىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. گۇاڭشۈ 16 -يىلى (1891- يىلى) ئېگىنچىر (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2 - شى 31 - تۇەن - مەيدان) دا نەيچە - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، يەرلىككە ئائىت ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنىدى. گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنىدى، مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە قارا شەھەر ۋىلايىتى، قارا شەھەر مەمۇرىي رايونى (8- رايون) مەمۇرىي مەھكىمىسى، قارا شەھەر مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قارا شەھەر ۋىلايىتى، كورلا ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول. ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر 317 مىڭ 700 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋە نەق تېرىلغۇ يەر 104 مىڭ 200 مو، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 213 مىڭ 500 مو؛ 2 مىليون 549 مىڭ 700 مو تۈرلۈك ئورمانلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق 996 مىڭ 700 مو بولۇپ، بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توغراق ئورمىنى ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە كۆل ناھايىتى كۆپ، سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپ مول بولۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى سورۇن بىلەن تەمىنلەنگەن. ناھىيە بويىچە 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتلاق 15 مىليون 562 مىڭ 800 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋەسى 15 مىليون 416 مىڭ مو. ھازىر ۋېرمىكۇلىت، كۆمۈر، فوسفور، تۆمۈر، ھاك تېشى، سۈرمە تاش، تاشپاختا قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېرمىكۇلىت زاپىسى مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋېرمىكۇلىت زاپىسىنىڭ 92.93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت تەرىپىدىن2-

www.uyghurkitap.com



دەرنجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، قارا تايغان بۆغا قاتارلىقلار بار.

5000 ـ 6000 يىللار بۇرۇن ئىنسانلار لوپنۇردىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئەمگەك قىلىپ، ياشاپ كۆپەيگەن، يەرلىك ئاھالىلەر تېرىقچىلىق قىلماي، چارۋىچىلىق قىلاتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 3 ـ يىلى (1509 ـ يىلى) دىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 17 ـ يىلى (1891 ـ يىلى) شىنىغا ئۆستىڭى (مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا لوپنۇر ئۆستىڭى دەپ ئۆزگەرتىلدى) چېپىلىپ، بوز يەر ئېچىلىپ، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) دىن كېيىن، تېرىقچىلىق دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئەمما سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى ئاددىي، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئېلىنىغان ھوسۇل نىسبەتەن تۆۋەن بولدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 34 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2 مىليون 433 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 3000 جىڭ پاختا، 75 مىڭ جىڭ ياغلىق دان ئېلىنىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 207.6 جىڭ ئاشلىق، 0.25 جىڭ پاختا، 6.4 جىڭ ياغلىق دان توغرا كەلگەنىدى. باشقا ئىشلارمۇ ئىنتايىن قالاق ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان، چارۋىچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ، سۇپەتلىك سورتلارنى كېڭەيتىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەنلىكتىن، يېزا ئىگىلىكى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى يېزىلاردا ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ئاساس قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىققا خاتىمە بېرىلىپ، كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە ھەرخىل بىرلەشمە گەۋدىلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماي، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، «سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تولۇقلاش» تەدبىرى قوللىنىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندۇرۇلدى. ناھىيە تەۋەسىدىن بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 829 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1976 ـ يىلدىكى 4 مىليون 897 مىڭ يۈەندىن 2.03 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 1976 ـ يىلدىكى 14 مىليون 45 مىڭ جىڭدىن 25 مىليون 703 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 83% ئېشىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 809.4 جىڭدىن توغرا كەلدى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي پاختا 1 مىليون 382 مىڭ جىڭغا يەتتى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي ياغلىق دان 595 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 3.94 ھەسسە ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 459.06 يۈەنگە يەتتى.

چارۋىچىلىقتا كالا، قوي، ئات، ئېشەك قاتارلىقلار بار. لوپنۇر ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئەلتىرە قويى ئاساسلىق بېقىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئانچە

تۇراقلىق بولمىسىمۇ، قالدۇق چارۋا ئۆزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. 1949 - يىلى 113 مىڭ تۇياق چارۋا بار ئىدى. 1985 - يىلى 230 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، %104 كۆپەيدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، قاشالانغان ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ ۋە ئوتلاق ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىم چېكىنىپ كەتكەن ئوتلاق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. چارۋىچىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغالدى. 1985 - يىلى چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 77 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، 50 -، 60 - يىللاردا سانائەت ئانچە مۇنچە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، كېيىن بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەنت - شېكەر، سۇرمەتاش، ئوغۇت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش سانائىتى بارلىققا كەلدى، ئەمما تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتقاچقا، بەزىلىرى تاقىۋېتىلدى، بەزىلىرى قوشۇۋېتىلدى، بەزىلىرى توختىتىۋېتىلدى، يەنە بەزىلىرى باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. قەنت - شېكەر زاۋۇتى1978- يىلدىن كېيىن چۆچۈكبۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازار تاپتى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 640 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكى 985 مىڭيۈەندىن5.74 ھەسسە ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا شۇنداقلا يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بىناكارلىق تېز تەرەققىي قىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئارىسىدا باشلامچى كەسىپكە ئايلىنىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا، ترانسپورت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىگە يېڭى چىقىش يولى تېپىلدى. 1985 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 164 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 469 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 686 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 2.09 ھەسسە كۆپەيدى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خامچوت ئىچىدىكى مالىيە كىرىمى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1985 - يىلى مالىيە كىرىمى 1 مىليون 491 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن %76.4 ئاشتى، ئەمما يەنىلا دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك قىيىنچىلىق تۈگىمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 12، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 6551؛ 1986 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى، ناھىيىگە ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش لاياقەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، ناھىيە، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپى جەھەتتە

www.uyghurkitap.com



ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۆرلۈك پەن ـ تېخنىكا خادىمى 809 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار خادىم 750؛ 1978 ـ يىلىدىن بېرى پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى كۆندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق قاتارلىق 13 پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، تۆرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى قورال ـ سايمانلار كېڭەيتىلدى، تۆرلۈك پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى چاقىرىلدى، بۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. 1984 ـ يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، تېببىي داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردە 11 ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەركەز قىلىنغان پەن ـ تېخنىكا تورى شەكىللەندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 50 پەن ـ تېخنىكا تۈرى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن پەقەت بىرلا تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى بار ئىدى، 1985 ـ يىلى 11 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت شىپاخانىسى سەككىز، كېسەل كارىۋىتى 66، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 121. ھازىر يېزىلاردا دوختۇر يېتىشمەسلىك، دورا كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تىزگىنلەندى؛ خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەنزۇ ئاھالىلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلدى، 1985 ـ يىلى ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.04‰ تە تىزگىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ناھىيە بازىرىدا يەنە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، شىنخۇا كىتابخانىسى، كىنوخانا (ئەترەت)، رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە كۈچەيتىش ئىستانسىسى قاتارلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى بار، يېزا ـ بازارلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ناھىيە بازىرىدا بىر ئۆلچەملىك تەنھەرىكەت مەيدانى ياسالدى. تەنھەرىكەت بازار ـ يېزىلاردا ئومۇملىشىپ، ماھارەت كۆرسىتىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتى بەكرەك ئومۇملاشتى، ھېيت ـ بايراملاردا بازار ـ يېزىلاردا مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، لېي فېڭدىن، ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەردىن ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»، «ئۆچتە ئەلا بىردىن ئۆگىنىش»، «سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىق، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەر، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. بازار ـ يېزىلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا يادەملىشىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ، بىرلىكتە سوتسىيالىستىك يېڭى لوپنۇر قۇرماقتا. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1982 ـ يىلى چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ قېتىملىق مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئىدىيە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورنىدى.

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ياردائىلىق قەبرىستانلىقى ئىپتىدائىي ئورۇقداشلىق جەمئىيىتىگە تەۋە قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قەبرىستانلىقتا 42 قەبرە بار، لەھەت قۇم يەرگە تىك كولانغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياقورۇل تۆرى، بارگاھ خارابىلىكى، قورۇقتاغ قىياتاش رەسىملىرى، قارا چۆگۈن قەدىمكى شەھىرى خارابىلىكى، شەھەردۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، پىچان شەھىرى خارابىلىكى قاتارلىقلار بار. بۇ يادىكارلىقلار مۇۋاپىق باشقۇرۇلمىغانلىقتىن، كۆپ قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى تېزلىتىلدى، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، لوپنۇر ناھىيىسى يەنىلا بىر قەدەر قالاق. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چوك ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# چوڭ ئىشلار

## غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇ زامانىسىنىڭ 1 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى)

لىۋباڭ خەن سۇلالىسىنى قۇردى. بوستانلىقتىكى شەھەر دۆلىتى لوپنۇر، كۆچمەن ئەللەر دۆلىتى قورۇقتاغ ئىلى دېگەن نامىلار «خەننامە» دە كۆرۈلىدۇ. ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ ئىككى دۆلەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى)

ھۇنلارنىڭ غەربتە تۇرۇشلۇق باتىسقانى چاكارلار كامبېگى تەسىس قىلىپ، لوپنۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت ئەللىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۇەن 3 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى)

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ، لوپنۇرغا كەلگەن، ھازىر لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە جاڭ چيەننىڭ ئاتخانىسىنىڭ خارابىلىكى ساقلانماقتا.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ ئىبرشى سانغۇنى لى گۇاڭلى 2 - قېتىم پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ قايتىشىدا بۇگۇردە يالۋاچ چىرىكچى قويۇپ، بۇگۇر، لوپنۇرلاردا بوزيەر ئاچقۇزدى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تيەنخەن 2 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 99 - يىلى)

قاراقوم قاتارلىق ئالتە بەگلىك بەگزادىلىرىنى مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەيئەت

قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى)

جاۋدى خان خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان كىما شاھزادىسى لەيدەننى چېرىكچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ بۇگۇر، لوپنۇر قاتارلىق شەھەرلەردىكى بوزيەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇەندى زامانىسىنىڭ دىجيې 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلى)

شۇەندى خان يانداش بەگ جېڭ جى بىلەن چېرىكچى بەگ سى ماشىنى جازا كەچۈرۈم قىلىنغان 1500 جىنايەتچىنى باشلاپ لوپنۇر شەھىرىگە بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆچىنى كۈچەيتىپ، قاغىلىلارغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئاشلىق تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

شۇ يىلى شۇەندى خاننىڭ پەرمانى بىلەن جېڭجى، سى ماشىلار لوپنۇردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 1500 چېرىكنى باشلاپ ھەم غەربىي يۇرتتىكى ئالتە بەگلىكتىن 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم يىغىپ قاغىلىلارنىڭ پايتەختى يارغول شەھىرىنى ئالدى. قاغىلى خانى ۋۇگۇي جېڭ جىغا تەسلىم بولدى. جېڭجى ياساۋۇلخانا ئەمىرلەشكىرلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جايلارنى قوغدىغۇچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىنىپ، جەنۇبىي يولنى قوغدىدى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇەندى زامانىسىنىڭ دىجيې 3 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 67 - يىلى)

جېڭ جى لوپنۇردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 300 چېرىكنى قاغىلىلارنىڭ پايتەختى يارغول شەھىرىگە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ، قاغىلىلارنىڭ پايتەختى يارغول شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. جېڭجى لوپنۇردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 1500 چېرىكنى باشلاپ كېلىپ قاغىلىلارغا ياردەم بەردى، ھۇن قوشۇنى چېكىنىپ كەتتى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇەندى زامانىسىنىڭ يۈەنكاڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 64 - يىلى)

ھۇن تەڭرىقۇتى شۇدۇ نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ قاغىلىلارغا ھۇجۇم قىلدى، خەن سۇلالىسى قاغىلىلار ئېلىدە بوزيەز ئېچىشنى توختاتتى. جېڭجى شۇ يىلى كۈزدە قاغىلىلار ئېلىدىكى ئادەملىرىنى لوپنۇرغا يۆتكەپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇەندى زامانىسىنىڭ شىنجۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى)

جېڭجى لوپنۇردا كۆسەن، قاراقوم قاتارلىق ئەللەردىن 5000 ئەسكەر توپلاپ، ھۇن باتىسقانىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان چاكارلار كاھىبگى بىكار قىلىندى.

شۇ يىلى خەن سۇلالىسى ئۇرلى شەھىرى (ھازىرقى بۇگۇر ناھىيىسى چېدىر يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى) دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى ھەمدە لوپنۇردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان جېڭجىنى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ، غەربىي يۇرتنىڭ تۇنجى قورۇقچىبېگى بولدى. لوپنۇر شەھىرى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

ۋاڭ ماڭ زامانىسىنىڭ شىجيەنگو 5 - يىلى (مىلادى 13 - يىلى)

ھۇن تەڭرىقۇتى غەربىي يۇرتتىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلدى، كىنگىت بېگى ئاسىيلىق قىلىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەن چىننى ئۆلتۈردى.

ۋاڭ ماڭ زامانىسىنىڭ تيەنفېڭ 3 - يىلى (16 - يىلى)

ۋاڭماڭ ۋاڭجۇن، لى چۇڭنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى، كىنگىت بېگى يالغاندىن تەسلىم بولۇۋېلىپ، قۇم، قاراقوم، ئۇشاقتىكى چېرىكلەرنى باشلاپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، ۋاڭجۇنلەر ئۆلدى.

# شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى گۇاڭۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنۇۋ 5 - يىلى (29 - يىلى)

ساكارائول بەگلىكىنىڭ بېگى كاڭ خەن سۇلالىسىگە قاراشلىق ساكارائول بەگلىكىنىڭ تۆھپىكار، پەزىلەتلىك بېگى، غەربىي يۇرتنىڭ باش كاھىبگى بولدى، قاراقوم قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارام بولدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى گۇاڭۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنۇۋ 21 - يىلى (45 - يىلى)

ساكارائول بەگلىكىنىڭ بېگى شيەن غەربىي يۇرت ئەللىرىگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر باج - سېلىق ئالغاچقا، كىنگىت، پىشامشان قاتارلىق 18 بەگلىك، ساكارائول بەگلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بەگزادىلىرىنى خەن سۇلالىسىگە مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ،

قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭۋۇدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئەمدىلا تىنچىتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەگزادىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 4 - يىلى (61 - يىلى)

ھۇنلار ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئۇدۇننى قورشاۋغا ئالدى، قاراقۇم ھۇنلارغا قارام بولدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ يۇڭپىڭ 18 - يىلى (75 - يىلى)

كىنگىت، كۇسەن بەگلىكلىرى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى چېن مۇنى ئۆلتۈردى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى خېدى زامانىسىنىڭ يۇڭيۈەن 6 - يىلى (94 - يىلى)

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەنچاۋ كۇسەن، پىشامشان قاتارلىق سەككىز بەگلىكنىڭ قوشۇننى باشلاپ، كىنگىتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، قاراقۇمغا كىرىپ، قاراقۇم بەگلىكىنىڭ بېگى قەن قاتارلىقلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى چېن مۇ تۇرغان شەھەرگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەندى زامانىسىنىڭ يۇڭچۇ 1 - يىلى (107 - يىلى)

6 ـ ئايدا شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھۇنلار قەدىمكى لوپنۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرت ئەللىرىنى قايتا ئىگىلىدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەندى زامانىسىنىڭ يۇڭنىڭ 1 - يىلى (120 - يىلى)

غەربىي يۇرت ياندىش چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىندى، ئۇ، لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن دۇنخۇاڭدا تۇرغۇزۇلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇندى زامانىسىنىڭ يۇڭجيەن 2 - يىلى (127 - يىلى)

6 ـ ئايدا غەربىي يۇرت دورغابى بەنيۇڭ دۇنخۇاڭ ۋالىيسى بىلەن بىرلىكتە كىنگىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىنچىتتى.

### شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى لىڭدى زامانىسىنىڭ جيەننىڭ 2 ـ يىلى (169 ـ يىلى)

لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى مېڭ تو ئىتائەتمەنبەگ ربن شانى دۆنخۇاڭدىن 500 ئەسكەر ئېلىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكچىبەگ ساۋكۇەن، غەربىي يۇرت دورغابى جاڭ يەن بىلەن بىللە كىنگىت قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، سۇلىنى جازالاشقا ئەۋەتتى، ئۇلار غەلىبە قىلالماي قايتىپ كەلدى.

# ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى

### ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى ۋېندى زامانىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 ـ يىلى (222 ـ يىلى)

غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىندى. ئۇ چاغدا قەدىمكى لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى كىنگىت بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغانىدى.

### ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ تەيخې 4 ـ يىلى (230 ـ يىلى)

كىنگىت بېگى ۋېي سۇلالىسىغا ئەل بولدى ھەمدە بەگزادىسىنى ئوردىغا مۇلازىملىققا ئەۋەتتى. قەدىمكى لوپنۇر قاتارلىق جايلار ۋېي سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

### غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيكاڭ 1 ـ يىلى (280 ـ يىلى)

كىنگىت بېگى ئوغلىنى جىن سۇلالىسىغا مۇلازىملىققا ئەۋەتتى.

### شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ تەيىنىڭ 2 ـ يىلى (324 ـ يىلى)

ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ياڭ شۈەن قاتارلىقلارنى كىنگىتكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى، ياڭ شۈەن قول ئاستىدىكى سانغۇن جاڭ جىنى ھۇجۇمچى قىلىپ توسالغۇسىز يۈرۈش قىلدى، كىنگىت بېگى لۇڭشى ئۇنىڭغا بىلۇن شەھىرىدە توسۇپ زەربە بېرىپ مەغلۇپ بولدى. جاڭ جى باش ئەگمىگە كىرىپ بوزيەر ئاچتى. لۇڭشى يەنە قوشۇن باشلاپ كېلىپ جېيليۇگۇ جىلغىسىدا زەربە بەردى. جاڭجى ئۇ يەردە پىستىرما قوشۇن بارمىكىن دەپ، بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتۈەدى، دېگەندەك پىستىرما قوشۇن بار بولۇپ چىقتى، جاڭ جى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ

قاراقۇمغا كىردى، لۈگۈەنشى 40 مىڭ ئادىمى بىلەن ياڭ شۈەنگە تەسلىم بولدى.

## شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى زامانىسىنىڭ تەينىڭ 3 - يىلى (325 - يىلى)

غەربىي يۈرت دورغابى لى بو كىنگىت بېگىگە خەت يېزىپ، جاڭ جۈنگە ئەل بولمىغان بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش چېرىكچىبېگى جاۋجېنگە بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىلىق ئالاقىلەشتى.

## شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى مۇدى زامانىسىنىڭ يۇڭخې 1 - يىلى (345 - يىلى)

12 - ئايدا ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ كىنگىتكە يۈرۈش قىلدى. دۇنخۇاڭ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋە غەربىي يۈرت قورۇقچىبېگىگە قاراشلىق ئۈچ يىڭنى ئايرىپ، شاجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. شىخۇ چېرىكچىبېگى ياڭ شۈەن ئايماق بېگى بولدى.

## شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى شياۋۇدى زامانىسىنىڭ تەييۈەن 9 - يىلى (384 - يىلى)

ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ خانى فۇجيەن لۈگۇاڭنى تەمتەكلىك قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى، لۈگۇاڭ قوشۇن بىلەن 12 - ئايدا كىنگىتكە يېتىپ باردى، كىنگىت بېگى نىليۇ ئۆلارغا تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانى ئەندى زامانىسىنىڭ يۈەنشىڭ 2 - يىلى (403 - يىلى)

كىنگىت جۇجانلارغا تەۋە بولدى.

## شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 9 - يىلى (448 - يىلى)

9 - ئايدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى باش سانغۇنى ۋەندۇگۇي كىنگىتتىكى ئارغىد شەھىرىنى ئېلىپ، كىنگىتتە ھەربىي قورغان تەسىس قىلدى، ۋەندۇگۇي باسقاۋۇل بولدى. قەدىمكى لوپنۇر تەۋەسى كىنگىت ھەربىي قورغىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى شيەنۋېندى زامانىسىنىڭ خۇاڭشىڭ 4 - يىلى (470 - يىلى)

جۇرجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى، لوپنۇر قاتارلىق جايلار جۇرجانلارغا بېقىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



### شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭشى 4 ـ يىلى (507 ـ يىلى)

10 ـ ئايدا ئېفتالىتلار ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدى، بۇ چاغدا ئېفتالىتلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلەپ بولغانىدى، لوپنۇرمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە ئىدى.

### شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تيەنخې 2 ـ يىلى (567 ـ يىلى)

تۈركلەر بىلەن پارسلار بىرلىكتە ئېفتالىتلارنى يوقاتتى، لوپنۇر تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

## سۈي سۇلالىسى دەۋرى

### سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (583 ـ يىلى)

تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى، قاراقۇم غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

### سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭدى زامانىسىنىڭ دايې 1 ـ يىلى (605 ـ يىلى)

تۆلۆس قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ غەربىي تۈركلەرگە قارشى چىقتى، تۆلۆسلەرنىڭ چۆبە قەبىلىسى قەدىمكى لوپنۇر تەۋەسىنى ئىگىلىدى.

### سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭدى زامانىسىنىڭ دايې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى)

6 ـ ئايدا ياڭدى خان جاڭيېدىكى ئالچى تېغىدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئوردىغا سالامغا كەلگەن كىنگىت بېگى ئارجونا تۈركەش قاتارلىق غەربىي يۇرت بەگلىرىنى كۈتۈۋالدى.

## تاڭ سۇلالىسى دەۋرى

### تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى)

كىنگىت بېگى چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاپ، تاڭ سۇلالىسىغا قوللۇق بىلدۈردى،

قەدىمكى لوپنۇرمۇ شۇ قاتاردا تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 12 - يىلى (638 - يىلى)

12 - ئايدا قوجۇ خانلىقى ئەسكەر ئەۋەتىپ، كىنگىت بەگلىكىگە قاراشلىق قاراقۇم قاتارلىق بەش شەھەرنى ئالدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 14 - يىلى (640 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوجۇنى ئىشغال قىلىپ، قوجۇ خانلىقى ئىگىلىۋالغان كىنگىتنىڭ بەش شەھىرىنى كىنگىتكە قايتۇرۇپ بەردى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 17 - يىلى (643 - يىلى)

غەربىي تۈرك خانى ئىل بىلگە شىرخاقان ئاستىرىتتىن كىنگىت بېگى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىغا قارشى چىقتى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 18 - يىلى (644 - يىلى)

9 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبېگى گوشياۋگېنى كۇمۇش ئايماقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ 3000 ئەسكەرنى باشلاپ كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كىنگىت بېگى ئارجونا تۈركەشنى تۇتتى، كىنگىت بەگلىكىنى لى پوجۇن باشقۇرىدىغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنىپ 3 - كۈنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، شۆپو ئاناجىنى كىنگىت بېگى قىلىپ تىكلىدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 22 - يىلى (648 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى مەشھۇر تۈرك سانغۇنى ئاشنا شىرنى كۈنچى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، كۇسەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ كىنگىتتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاناجىنى مەغلۇپ قىلىپ، بوجالىنى كىنگىت بېگى قىلىپ تىكلىدى ھەمدە كىنگىتتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى.

شۇ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكەپ، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇياب، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت قورغان تەسىس قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



### تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ يۇڭخۇي 2 - يىلى (651 - يىلى)

غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلى توپىلاڭ كۆتۈرگەچكە، تاڭ سۇلالىسى ئەنشىدىكى تۆت قورغاندىن ۋاز كەچتى.

### تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنخېڭ 1 - يىلى (670 - يىلى)

تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرى كىنگىت تۆتۆق مەھكىمىسىنى ئېلىپ، لوپنۇرغا ئىگە بولدى.

### تاڭ سۇلالىسى خانى ۋۇزۇڭ زامانىسىنىڭ خۇيچاڭ 1 - يىلى (841 - يىلى)

ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، خانلىقنىڭ ۋەزىرى ساۋچى جىيەنى پان تېكىننى ھىمايە قىلىپ كىنگىت ئەتراپىغا قېچىپ كەتتى.

### تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى يىزۇڭ زامانىسىنىڭ شيەنتۇڭ 7 - يىلى (866 - يىلى)

جاڭ خەنچاۋ ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ تۇبۇتلەرنى تارىم ئويمانلىقىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۆكۈچىن باشچىلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە مۇزداۋانغىچە، شىمالدا ئىلى دەرياسىدىن جەنۇبتا تۇبۇت ئېگىزلىكىگىچە بولدى. لوپنۇر قاتارلىق جايلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەسىگە كىردى.

## سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ جيەنيەن 4 - يىلى (1130 - يىلى)

قىتان ئاقسۆڭەكى يەللىغ تاشىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلدى، لوپنۇر قاتارلىق جايلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاتارىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىغا ئەل بولدى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى نىڭزۇڭ زامانىسىنىڭ جىيادىڭ 2 ـ يىلى (1209 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇتتا تۇرۇشلۇق كەنجى باسقاق بېگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىنكى يىلى چىڭگىزخان ئەلچىسى ئىدىقۇتقا كەلدى، ئىدىقۇت خانلىقى بۈيۈك موڭغۇل خانلىقىغا ئەل بولدى، لوپنۇرمۇ شۇ قاتاردا بۈيۈك موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتتى، ئەمما يەنىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولدى.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى لىزۇڭ زامانىسىنىڭ چۇنيۇ 11 ـ يىلى (1251 ـ يىلى)

مۆڭكۈخان بۈيۈك موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلدى، بۇ ۋازارەت لوپنۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى باشقۇردى.

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرى

### يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى شىزۇ زامانىسىنىڭ جىيۈەن 22 ـ يىلى (1285 ـ يىلى)

قۇجۇ ئايمىقى قۇرۇلدى ۋە ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى باشقۇردى.

### يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ يەنيۇ 5 ـ يىلى (1318 ـ يىلى)

كېبېكخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پايتەختىنى ئالمىلىقتىن سەمەرقەندكە يۆتكەپ كەتتى، شۇ سەۋەبتىن خانلىق شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى، كېيىن لوپنۇر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى.

## مىڭ سۇلالىسى دەۋرى

### مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چېڭزۇ زامانىسىنىڭ يۇڭلې 3 ـ يىلى (1405 ـ يىلى)

شىنىغا دېگەن جايدا ئاھالىلەر نۇقتىسى قۇرۇلدى، چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چېڭزۇ زامانىسىنىڭ يۇڭلې 7 ـ يىلى
(1409 ـ يىلى)

ئىدىقۇت (قۇجۇ) ئېلىنىڭ ئاقساقىلى لوپىنۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردىكى ئەمەلدار ۋە پۇقرالاردىن بىر نەچچىنى باشلاپ، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇزۇڭ زامانىسىنىڭ جېڭدې 9 ـ يىلى
(1514 ـ يىلى)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (بېشبالىق) نىڭ ئەۋلادلىرىدىن سەئىدىخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كابۇلدىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى. كېيىن لوپنۇر يەكەن خانلىقىنىڭ تەۋەسىدە بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 37 ـ يىلى
(1609 ـ يىلى)

يەكەن خانلىقىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق باش ھەربىي ۋالىيسى ئىبراھىم سۇلتان كۇچا ۋە باينى تالان ـ تاراج قىلدى، يەكەن خانى ئەخمەتخان قەشقەرنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى تۆمۈر سۇلتاننى ئۇنى جازالاشقا ئەۋەتتى. ئىبراھىم سۇلتان كۇچادىن چالىش (ھازىرقى يەنجى) قا چېكىندى، كېيىن تۇرپانغا قايتىپ كەتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شېنزۇڭ زامانىسىنىڭ ۋەنلى 42 ـ يىلى
(1614 ـ يىلى)

ئەخمەتخان قوشۇن ئەۋەتىپ، كورلا ئەتراپىدا ئىبراھىم سۇلتان بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سىزۇڭ زامانىسىنىڭ چۇڭجېن 8 ـ يىلى
(1635 ـ يىلى)

ئىبراھىم سۇلتان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخانغا چالىشنى سۇيۇرغاللىق قىلىپ بەرگەنىدى، ئابدۇللاخان ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (مىلادى1638 — 1639ـ

يىللار) يەكەن خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شىڭزۇ زامانىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678 - يىلى)

جۇڭغار خانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئورنىنى باستى، لوپنۇرنى ئىگىلىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شىزۇڭ زامانىسىنىڭ يۇڭجېڭ 1 - يىلى (1723 - يىلى)

كىنگىت، خوشۇت قاتارلىق جايلار چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن مەغلۇپ بولغان جۇڭغار قەبىلىلىرى لوپنۇر قاتارلىق جايلارنى پاراكەندە قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارخانلىقىنى تىنچىتتى، كىنگىت دېگەن نام قاراشەھەرگە ئۆزگەرتىلدى، لوپنۇر قاراشەھەر تەۋەسىدە بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)

قاراشەھەرخان ئامبىلى تەسىس قىلىندى، لوپنۇر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭ زامانىسىنىڭ چيەنلۇڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى)

هازىرقى لوپنۇرغا قاراشلىق شىنىغا (هازىرقى قاراقۇم) ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئات - كالا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاشلىق ئىئانە قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن تۇرغۇت قەبىلىسىگە ياردەم قىلدى.
كېيىنكى يىلى تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاتامىنى ئوباش توت خوشۇندىكى خەلقىنى باشلاپ، قاراشەھەر، لوپنۇرلارغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى رېنزۇڭ زامانىسىنىڭ جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى)

قاراقوم تەۋەسىدە جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەچكە، قىسمەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى لوپنۇر ۋە بۇگۇرنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بېرىپ، كېسەلدىن پانالاندى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى موزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى)

6 - ئايدا كۇچا دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى قاراشەھەرگە كىردى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى موزۇڭ زامانىسىنىڭ تۇڭجى 9 - يىلى (1870 - يىلى)

3 -ئايدا ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى لوپنۇرنى بېسىۋالدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى)

8 -ئايدا چىڭ سۇلالىسى جاڭجۇنى ليۇجىنتاڭ شياڭجۇن ئارمىيىسىنى باشلاپ قايدۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاراشەھەرنى ئىگىلەپ، ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، لوپنۇرنى قايتۇرۇۋالدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8 - يىلى (1882 - يىلى)

قاراشەھەر بېۋاستە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىندى، لوپنۇر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11 - يىلى (1885 - يىلى)

موڭغۇللاردىن دورال دېگەن كىشى قەبىلىلىرىنى باشلاپ، لوپنۇردىكى تىكەنلىكنىڭ شەرقىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ جاي دورال دەپ ئاتالدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى)

لوپنۇردىكى ئىگىبىنقىردا نەپىقە - دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، 1200 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان ۋە تىيەنجىن، شەنشىدىن كەلگەن 200 ئائىلىلىك تىجارەتچى دالالەت بويىچە بۇ يەردە بوز يەر ئاچتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى)

پىچان قەلئەسى پۈتتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22 - يىلى (1896 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى لوپنۇردىكى ئىگىبىنقىردىن دورالغىچە بولغان جايلارغا چىڭخەينىڭ خۇاڭخې، خۇاڭشۇ ۋادىلىرىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن 800 دىن ئارتۇق كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارغا نوپۇسقا قاراپ تېرىلغۇ يەر تەقسىم قىلىنىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللەندى ھەمدە شۇ يىلى 1278 ئېغىز تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. يىڭچېكە دەرياسىدىن دۆڭقوتانغىچە ئىككى چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا، جاڭگىلىئەسكىگىچە 3.7 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى.

شۇ يىلى ئىگىبىنقىر نەپىقە - دالالەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىچان بارگاھ بېگى قويۇلدى، خۇاڭ گۇيفاڭ بارگاھ بېگى بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى)

قاراشەھەر بېۋاستە قاراشلىق نازارىتى مەھكىمىگە، قاراشەھەر دېگەن نام خەنزۇچىدە يەنجىگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى لوپنۇردا شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، قاراقۇم (ھازىرقى شىڭپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتىنىڭ شىمالىدا) ناھىيە مەركىزى قىلىندى. تۇنجى ئامبال چېن يەنسەن شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

شۇ يىلى ناھىيە مەركىزى ماۋلىنيۈەنگە يۆتكەلدى. چاقىلىق ساخاۋەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چاقىلىق ياردەمچى ئامبىلى قويۇلدى، ئۇ شىنپىڭ ناھىيە ئامبىلىغا قارىدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ياردەمچى ئامبال جاڭ شۈئي ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26 - يىلى
### (1900 - يىلى)

شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن چاقىلىق ياردەمچى ئامبىلىغا قاراشلىق رايوندىكى لوپنۇر كۆلىگە كەلدى، ئۇنىڭ يول باشلىغۇچىسى ئۆدەك كروران شەھىرىنىڭ خارابىلىكىنى تاپتى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ستەيىن چاقىلىق ياردەمچى ئامبىلىغا قاراشلىق رايونغا كېلىپ نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 27 - يىلى
### (1901 - يىلى)

ئامبال لىيۇگوچى ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ناھىيە مەھكىمىسى ئالدىغا شىنىغا سارىيى سېلىنىپ، ئۆتكەن - كەچكەن سودا كارۋانلىرىنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ۋە ئوزۇقلىنىشىغا قولايلىق يارىتىلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 - يىلى
### (1902 - يىلى)

يەكچىكە دەرياسىدىن دۆڭقوتانغا بارىدىغان ئۆستەڭنى يار ئېلىپ كەتتى، ئېگىنلىقىردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان خەلق ئاپەتكە ئۇچراپ، سەرسان بولۇپ كەتتى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 29 - يىلى
### (1903 - يىلى)

شىنپىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقىلىق ياردەمچى ئامبىلى شىنپىڭ ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ناھىيىنىڭ نامى چاقىلىق دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى سابىق پىچان بارگاھ بېگى خۇاڭ گۇيفاڭ قۇرغان ماۋلىنيۈەنگە يەنە تۆت يۈرۈش ئۆي سېلىندى. بۇ جاي مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، ئەمەلدارلارنىڭ سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلاندى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دېزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى
### (1907 - يىلى)

10 - ئايدا شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جۇفاڭجو تۈزگەن «شىنپىڭ ناھىيىسىدىكى يۇرتلار

تەزكىرىسى» تاماملاندى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى دىزۇڭ زامانىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى)

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ شۆتاڭدا ئوقۇش باشلاندى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمىدىكى تۇنجى شۆتاڭ تىكەنلىك كەنتىدە ئېچىلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

ناھىيە ئامبىلى خۇگۇيلىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 1 - خەنزۇتىلى باشلانغۇچ شۆتاڭى، قاراقۇم كەنتىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 2 - خەنزۇ تىلى باشلانغۇچ شۆتاڭى، تىكەنلىك كەنتىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 3 - خەنزۇ تىلى باشلانغۇچ شۆتاڭى تەسىس قىلدى.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

ئۆلكىنىڭ سابىق باش مۇپەتتىشى ليەن كۈيىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يېڭىسۇ، شوردۆڭ، بەشدۆڭ قاتارلىق جايلار شىنپىڭ، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلدى. قاراشەھەر ۋالىيسى جاڭ شىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن جاڭ ۋېنشېڭ ئىككى ناھىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ پاسىلنى بېكىتتى.

شۇ يىلى ياپونىيىلىك جىرۇيچاۋ شىنپىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى 3 - ئايدا ناھىيە ئامبىلى خۇگۇيلىن ئەپيۇنغا خۇمار بولۇپ قېلىپ تاشلىيالمىغاچقا، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، قايتا ئىشلىتىلمىدى.

شۇ يىلى ئامبال يى جيەنپەن سۇجىك كەنتىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان 4 - خەنزۇتىلى باشلانغۇچ شۆتاڭى تەسىس قىلدى.

# جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

### مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

12 - ئايدا مىنگو ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئامبال ليۇگۇاڭچېن ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى.

شۇ يىلى شىنپىڭ ناھىيىسىدە نوپۇس ۋە تېرىلغۇ يەرلەر تىزىملىنىپ، ناھىيە بويىچە 8496 مو تېرىلغۇ يەر، 4711 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى، رەسمىي يەر بېجى 410 دادەن ئاشلىق، ئىئانە 357 دادەن ئاشلىق قىلىپ بېكىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


## مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى)

كۆنچى دەرياسى بويىغا يېڭى ناھىيە يامۇلى، چېخخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئىمارەتلەر سېلىندى.

شۇ يىلى ناھىيە مەھكىمىسى ماۋلىنيۈەننىڭ جەنۇبىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىغا سېلىنغان يېڭى مەھكىمىگە كۆچۈرۈلدى.

## مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى)

شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ نامى يۈنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنپىڭ ناھىيىسى بىلەن ئىسمداش بولۇپ قالغاچقا، خەنزۇچە نامى يۈلى (لوپنۇر) دەپ ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە ئامبىلى جاڭ شىشۇ خەلق ئىشچىسى ئەۋەتىپ، شىنپىڭ ئۆستىڭىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن 80 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى دامبىسىنى تۈزەشتۈردى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ خىراجىتىنىڭ يېرىمىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، يېرىمىنى يەرلىك ئاما ئۈستىگە ئالدى.

شىنپىڭ ئۆستىڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) قاراشەھەر ۋالىيسى ليۇجىيادېنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن ۋە چېپىلغان.

## مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى)

ئامبال لياۋجېنخۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇق بېگى ياڭ زېڭشىننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنپىڭ ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا كۆچەت تىكىپ، ئۆستەڭ دامبىسىنى مۇستەھكەملىدى.

## مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى)

تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قويۇلىدىغان بولدى.

## مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى)

مەملىكىتىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى پەلەمپەي يەرلەرنى تەكشۈردى.

## مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تىكەنلىك دېگەن جايدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

قۇرۇلدى، بەكرى قارى تۇنجى ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

## مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى)

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ھەسەنوۋ مۇدىر، غوپۇر ياقۇپ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى)

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزگەرتىپ سايلاندى، مۇھەممەت ئەلىيوۋ ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە، غوپۇر ياقۇپ مۇئاۋىن ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)

لوپنۇر ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلدى، ئەيسا بەگ كېڭەش باشلىقى بولدى.
ئالدىنقى يېرىم يىلدا ناھىيە بويىچە باغ ـ جىيا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى.

## مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىتىم ئىمزالىدى، ناھىيىلەر كېڭەشنى باشقىدىن تەشكىللىدى ياكى سايلىدى. 5 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلىپ، 11 نەپەر كېڭەش ئەزاسى، ئۈچ نەپەر كاندىدات كېڭەش ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. يىدىغۇ (ئۇيغۇرچە ئىسمى غۇلامىدىن ئەيسا) مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا سايلاندى.

## مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە 4.3 بالدىن تۆت بالغىچە يەر تەۋرىدى.
5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەنە 3.5 بال يەر تەۋرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزونى باش سىلىڭبۇسىنىڭ باش سىلىڭيۈەنى تاۋسىيۈ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئايرىم ـ ئايرىم تېلېگراممىا يوللاپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.
9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ لوپنۇردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىدىن لىيۇپېيجاڭ بەش ئەسكەرنى باشلاپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ خىراجەتنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى ھەمدە ناھىيە بازىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمەن دەپ داۋراڭ سالدى. مۇئاۋىن ھاكىم غوپۇر ياقۇپ ھەر تەرەپلىمە مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئۈچ كۈندىن كېيىن 2 ـ يىغىدا 300 قوي، 50 ئات، 150 كالا، 50 يامبۇ (ھەربىرى 50 سەر)، 50 تاختا قارا چاي يىغىپ تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرى بىر مەيدان بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ساقلاپ قېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

## 1949 - يىلى

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 - جۇن 6 - شىسى ۋاڭ ماۋجىيې قاتارلىق بەش كىشىنى لوپنۇر ناھىيىسىگە گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا ئەۋەتتى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى ئىمىن داموللا تىكەنلىكتىكى ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، 8 - كۈنى سىرتقا قېچىپ كەتتى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قاراشەھەر مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى غوپۇر ياقۇپنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ ئايدا ۋاڭ ماۋجىيې باشچىلىقىدىكى بەش نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىدىن تەشكىللەنگەن پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، يۇقىرى ۋاڭ ماۋجىيېنى ياچېيكا شۇجىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لوپنۇردىكى تۇنجى تەشكىلاتى ئىدى.

## 1950 - يىلى

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۇن 6 - شىسىنىڭ سەككىز كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئاشلىق ئارىيەت ئېلىش گۇرۇپپىسى لوپنۇرغا كەلدى، لى جيېمىن گۇرۇپپا باشلىقى، ياڭ باۋلۇن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

2 - ئاينىڭ 30 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باج - جىيا تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى 2 - جۇن 6 - شى 17 - تۇەن مەلۇم يىڭنىڭ سىياسىي رەھبىرى جاڭ يىجىڭنى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، غوپۇر ياقۇپنى مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئۆزگەرتتى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيە بويىچە باج - جىيا تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن ئىككى رايونلۇق، يەتتە يېزىلىق، 21 كەنتلىك خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى رايون، يېزا، كەنتلەردە دېھقانلار (چارۋىچىلار) جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 84 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، ياڭ خۇەنشېڭ شۇجىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، جاڭ يىجىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى لى جيېمىن، ياڭ باۋلۇن ۋە جىن‌جىچاڭلار 1 - رايوننىڭ 1 -،

2 ـ ، 3 ـ يىزىلىرىدىن سىدىق خۇدابەردى، شاۋۇدۇن باھاۋۇدۇن، نىياز تىپىلدى، توختىخان ئاپپاقتىن ئىبارەت تۆت كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ج ك پ قاراشەھەر يەرلىك كومىتېتى ۋە قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى جاڭ فۇيۈنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياپونىيىنى قوراللاندۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ دۇنيا تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشنى ھىمايە قىلىش» بويىچە ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بىردىن ج ك پ نىڭ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، بۇ لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان يەرلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ھېسابلىنىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ج ك پ قاراشەھەر يەرلىك كومىتېتىنىڭ «ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق»، «ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنى قۇرغانلىق» توغرىسىدىكى ئىككى قارارى ۋە جاڭيىجيڭنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ئالتە نەپەر كادىردىن تەركىب تاپتى. ئىككى رايوندا ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان (چارۋىچى) لار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتى سايلاپ چىقىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ھاكىم غوپۇر ياقۇپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغانلىق جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش باش جەمئىيىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى.

## 1951 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئامما ئىئانە قىلغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 387 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپكە قاتنىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 23 ئۇيغۇر ياش جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 1950 - يىللىق كۈزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە ئەسكەر ئېلىش، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 1- كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش باش جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 3400 دىن ئارتۇق ئاممىا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش بويىچە كۆچ كۆرسىتىش نامايىشى ئۆتكۈزدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلىپ، ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. 1400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىا يىغىنغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا 43 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى. مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا پارتىيىنىڭ «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش»، «كۈزلۈك ئاشلىقتىن غەللە پاراق ئېلىش»، «سېلىقنى مۇۋاپىق ئۆستىگە ئېلىش»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» قاتارلىق سىياسەتلەر توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ج ك پ قاراشەھەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئەۋەتكەن يۇجەنئاۋ ئۆمەك باشلىقى، ۋاڭ شىلىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان 40 كىشىلىك ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئۆمىكى لوپنۇرغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش نىزامىنى ئۆگىنىش، ئاممىنى ئايروپىلان، زەمبىرەك ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈش مەسىلىلىرى مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىندى.

## 1952 - يىلى

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيە بويىچە كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، 1952 - يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ۋە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسىغا توسما ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى، جاڭ فۇيۈ توسما قۇرۇلۇشىنىڭ باش قوماندانى، جىڭ يىجىڭ مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. قۇرۇلۇشقا ناھىيە بويىچە ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن 1488 خەلق ئىشچىسى قاتناشتى. بۇ قۇرۇلۇش 6 ـ ئاينىڭ 29 ـكۈنى پۈتتى.

شۇ ئايدا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سىنىپلارنى تەكشۈرۈش، تەركىب ئايرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم يېرىم يىلدىن بۇيانقى يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلغان ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 22 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، 220 لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، 2714 كىشى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 1 ـ رايوندا ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تۇنجى يېزا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، جىن جىچاڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا، ئاساسلىقى، يەر ئىسلاھاتىغا ئائىت سىياسەت يەتكۈزۈلدى، يەر ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان كەنتلەر ۋە دېھقانچىلىق بېجى جەھەتتىكى سېلىقنى مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىشقا دائىر سىياسەت بېكىتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىدە 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان يەر ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلدى، جىڭ يىجىڭ مۇدىر، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمەت ئەترىتى يامانخۇۋا كەنتىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق كىنو قويۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىدە ئون كۈنلۈك مۇددەت بىلەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

## 1953 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ھەرمىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جىڭ يىجىڭ «1953 ـ يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ فاڭجېنى، ۋەزىپىسى توغرىسىدا دوكلات»، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈ «1953ـ يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق توغرىسىدا دوكلات» بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاياغلاشتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 1 ـ رايوندا ناھىيە بويىچە تۇنجى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئىبراھىم مۇدىر بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك شىپاخانا قۇرۇلدى، شىپاخانىدا ئامبولاتورىيىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تەسىس قىلىندى، كېسەلخانا تەسىس قىلىنمىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بويىچە 1 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلام خىزمىتى باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى لوپنۇر ناھىيىلىك تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى، سۇڭ شۇۋۇ مۇدىر بولدى.

## 1954 - يىلى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 1 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلام خىزمىتى ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلە 2857 گە، ئومۇمىي نوپۇس 12 مىڭ 545 كە يەتتى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قورۇلتىيى ئېچىلدى، ھاكىم ئوسمان ياقۇپ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈ «ئومۇمىي سايلام خىزمىتىدىن دوكلات»، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جىڭ يېجىڭ «ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەن ۋە باش ۋەزىپە توغرىسىدا» دوكلات بەردى. ئوسمان ياقۇپ ھاكىملىققا، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. بەختىخان خۇدابەردى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە «ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش باشلىنىپ، مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## 1955 - يىلى

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى يېڭى خەلق پۇلى تارقاتتى، لوپنۇر ناھىيىسىدە كونا خەلق پۇلى يېڭىغا ئالماشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1956 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2-شىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتى باشقارمىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارىم 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى ۋە ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

ئەينى ۋاقىتتا باشلانغۇچ كوپىراتىپتىن جەمئىي 53 ى بار ئىدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2-شىسى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كۆنچى دەرياسىغا سالىدىغان تۇنجى كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشىنى

باشلىدى، كۆۋرۆك 4 ـ ئاينىڭ 1. كۈنى پۈتتى، 15 ـ كۈنى قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى پۈتۈنلەي ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قىلىندى. ناھىيە بويىچە 13 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بار بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 36 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 16، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ھەمدە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار سايلاپ چىقىلدى. جاڭ فۇيۈ شۇجى، چېن فېڭسى، لۇجيەنشۈن، ماموت نىيازلار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، لۇجيەنشۈن گۇرۇپپا باشلىقى، شەن يۈليەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋاملاشتى، قۇرۇلتايدا يېڭى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سايلاندى، ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، ۋاڭ جۇنخې، چياۋيۈچاڭ، بەختىخان خۇدابەردىلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى، بۇلاردىن بەختىخان خۇدابەردى لوپنۇر ناھىيىسى تارىخىدىكى تۇنجى ئايال مۇئاۋىن ھاكىم ھېسابلىنىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى.

## 1957 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 196 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى سايلاندى، ماموت نىياز سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

شۇ ئايدا دۆڭقوتان رايونىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 ـ، 3 ـ چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاشلىق بىلەن ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

يىل بېشىدا يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى ئۇششاقتال دېھقانچىلىق مەيدانىنى ناھىيە تەۋەسىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى تارىم 2 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىدى.

## 1958 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5 ـ ئايدا بۇ ھەربىكەت ئوقچىلارغا قارشى كۈرەشكە بۇرۇلدى، 14 كىشى ئوقچى قىلىپ ئايرىلدى، 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم تۈزىتىلدى ۋە ئۇلار ئاقلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 1- كۈنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شيې گاۋجۇڭ 10 مىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىسىنى باشلاپ لوپنۇر رايونىغا كېلىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. شۇ ئايدا تارىم 3 ـ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 9 ـ دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە بولغان يەتتە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورنى تەرتىپ بويىچە ئانا تارتىپ بېكىتىلدى. ئەيسامىـــــر، چارا، داشكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ تۇزلەڭلىك سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە چارا باش غول ئۆستىڭى، تارىم 7 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى غول ئۆستىڭى، 8 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى غول ئۆستىڭىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن تارىم بىرلەشمە جېڭىنىڭ دولقۇنى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، مۇئاۋىن ھاكىم چياۋيۇچاڭ «ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن دوكلات»، مۇئاۋىن ھاكىم بەختىخان خۇدابەردى «مالىيە خام چوتى ۋە نەقچوتىدىن دوكلات»، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەھەممەت ئەيسا «سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى. ئەمەتخان تۆلەندى ھاكىملىققا، چياۋيۇچاڭ، بەختىخان خۇدابەردىلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لۈجيەنشۈن ناھىيىلىك كادىرلار، دېھقان ـ چارۋىچىلار يىغىنىدا «پائال سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاشقا ئاتلىنايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى، يىغىندىن كېيىن ناھىيە بويىچە كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

9- ئايدا رايون، يېزا تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزىلاردا ئارقا-ئارقىدىن خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى، «سۇنئىي ھەمراھ» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ خەلق گوڭشېلىرى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى 1 ـ رايون 1 ـ يېزىدا لوپنۇر بازىرى تەسىس قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئوبلاستلىق تاشقى سودا ئىدارىسى 28 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چوڭكۆلدە ئىپار چاشقان فېرمىسى قۇرۇپ، سىرتتىن 1063 ئىپار چاشقان كەلتۈردى.

11 ـ ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ چارۋىچىلىق فېرمىلىرى دوڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلىپ، دوڭقوتان دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) دەپ ئاتالدى.

## 1959 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېي ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار لوپنۇر ناھىيىسىگە كەلدى. شۇ يىلى يەنە جياڭسۇ، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن چېگرا رايونىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 631 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا دوڭقوتان دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى ئەسلىدىكى ئۈچ چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى لوپنۇر ناھىيىسىگە ئىككى

تراكتور بۇيرۇپ بەردى، بۇ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى تۇركۇمدىكى تراكتور ھېسابلىنىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىدىن ياڭ خۇەنشىڭ، لوپنۇر ناھىيىسىدىن گوجىنتىڭ قاتارلىق 13 كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتى تەشكىل قىلىندى، كومىتېت قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك گۇڭشېسى ۋە چوڭكۆل گۇڭشېسى چارا چولڭ ئەترىتىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى تارىم 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېرى بىلەن تېگىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. لوپنۇر ناھىيىسى تارىم 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دائىرىسىدە تارىم گۇڭشېسى قۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى «سوتسىيالىزم ھەمراھ» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نامىنى تەرتىپ بويىچە شىڭپىڭ، تىكەنلىك، چوڭكۆل، دۆڭقوتان خەلق گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتتى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە كادىرلار ئالتە چولڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، ئون نەچچە پارتىيىلىك كادىر خاتا ھالدا تەنقىدلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاقسوپى توسمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، توسما ئون ئايدا پۈتكۈزۈلدى.

## 1960 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى «كۆنچى» دېگەن نامىنى «لوپنۇر» غا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى (دىزېل ماتور بىلەن توك ھاسىل قىلىنىدۇ) قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىقى باشلاندى، ياندۇرقى يىلى 7 ـ ئايدا ئىستانسا پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىدە «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» جەھەتتىكى ئېنىقلاش ۋە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نى تۈزىتىش باشلاندى.

## 1961 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، ھاكىم ئەمەت تۇردى «خەلق كومىتېتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن دوكلات»، مۇئاۋىن ھاكىم شەن يۈلىيەن «1960 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1961 ـ يىللىق مالىيە خامچوتى توغرىسىدا دوكلات» بەردى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى سايلاندى. ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، ليۇچۈەنبىن، رېھىم ئىمامقۇلى، تۇرسۇنخان قاسىم، شەن يۈلىيەنلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

10 ـ ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 3 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئالدىنقى نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن بۇيانقى بەش يىل ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى، بولۇپمۇ «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىگە ئۆتۈشكەئالدىراش»، «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق خۇلاسىلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىچۇسى سايلاندى، چېن فېڭشى 1 ـ شۇجى، لۇجيەنشۇن، مامۇت نىياز، مەھەممەت ئەيسالار شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى بولدى.

## 1962 ـ يىلى

1 ـ ئايدا دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلارشىرىكچىلىكىدىكى2 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنۇر ناھىيىلىك3ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن ھۆكۈمەتتىن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، خەلق گۇڭشېسىدىكى «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» ۋە تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا لوپنۇر ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پائال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا بىر يۈك ئاپتوموبىلى تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇ، لوپنۇر ناھىيىسى تارىخىدىكى تۇنجى يۈك ئاپتوموبىلى ھېسابلىنىدۇ.

## 1963 ـ يىلى

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن، لى جيېمىن مالىيە خىزمىتىدىن، توختى ھاشىم خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، لى جيېمىن، تۇرسۇنخان قاسىملار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىلىپ، ج ك پ

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدىكى بەزى كونكرېت سىياسەتلەرگە دائىر بەلگىلىمە (لايىھە)»سى (بۇ «كېيىنكى ئون ماددا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى، ئىدىيىنى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئىدىيىنى تەكشۈرۈش، «يۇيۇندۇرۇش، بىنادىن چۈشۈرۈش» نى يولغا قويدى، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئورۇنسىز زەربە يېدى.

## 1964 - يىلى

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيە بويىچە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، 1964 - يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى. قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋاملاشتى، يېڭى ناھىيىلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى، چېن فېڭسى شۇجىلىققا، ۋاڭ ۋېنتەن، مەھەممەت ئەيسالار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى زور كۆلەمدىكى بۇغدايغا سېرىق ئال چۈشۈپ كەتتى، 34 مىڭ 600 مو يەردىكى بۇغداينىڭ 20 مىڭ موسىدىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، 14 مىڭ 600 موسىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. ناھىيە بويىچە بازار، يېزىلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما 20 نەچچە كۈن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، بۇغداي زىرائىتىنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشى قىلدى.

6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى، تارىم 4 - دېھقانچىلىق مەيدانى، تارىم 6 - دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 300 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، تارىم گۇڭشېسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئومۇمىي دائىرىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى باشلاندى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە تارىم، دۆڭقوتان گۇڭشېلىرىدا بىر تەرەپتىن ئىرىقچىلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدىغان ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ (سىنىپ) قۇرۇلدى.

## 1965 - يىلى

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يولغا قويۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، مەھەممەت ئەيسا مۇدىر، لى جيېمىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ھەر قايسى گۇڭشې، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تارىم 2 - دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىي قۇرۇلۇش 2 - ئەترىتىنىڭ يېرىم يەر ئاستى مەجلىسخانىسىدا ماي تۆكى پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسە كېلىپ چىقتى.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدا نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەزى مەسىلىلەر» (يەنى 23، ماددا) ئۆگىنىلدى.
2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۆنى لوپنۇر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 60 ۋەكىل قاتناشتى، ۋاڭ ۋېنتەن كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەمەتخان تۆلەندى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.
2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۆنى لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم «ئورگانلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بەش تومىنى ۋە تۆت پارچە پەلسەپىۋى ئەسىرىنى ئۆگىنىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.
9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۆنى ناھىيە بازىرىدا لوپنۇر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئەمەتخان تۆلەندى ھاكىملىققا، لى جيېمىن، ۋاڭ جۇڭچېنلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. ۋەكىللەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى، قاتناش- ترانسپورت، خەلق ئىشلىرى، ئاشلىق قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئائىت 394 تەكلىپ بەردى.
شۇ كۈنى لوپنۇر بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مەركەز ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ ھال سورىدى.
10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ئېپارچاشقان بېقىش بويىچە ئىش ئورنى يىغىنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، سۇ ئىشلىرى ـ ئېلېكتر قۇۋۋىتى مىنىستىرلىكى، جۇڭگو چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت باش شىركىتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى ۋە خېيلۇڭجياڭ، لياۋنىڭ، جىلىن، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، شەنشى، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن 97 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى.

## 1966 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ گېنماۋ ناھىيىلىك پارتكومغا ۋەكالىتەن ناھىيە بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش يىغىنىدا دوكلات بەردى. يىغىندىن كېيىن لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى.
4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىشخانىسى قۇرۇلدى، يوەننەيپۇ مۇدىر بولدى.
6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئاممىۋى تەشكىلات — «1، ـ ئاۋغۇست، قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئەترىتى قۇرۇلدى.
7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئەترەتلەردىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا

دېھقان ۋەكىللىرى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يىغىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قانات يايدۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خىزمەت گۇرۇپپىسى ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىغا كىردى، ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 30 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى تەنقىد ـ كۈرەش قىلىندى ھەمدە 16 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ھەيدەلدى، نەتىجىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغۇانقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تۈنجى ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزە كېلىپ چىقتى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى ئۈچ نەپەر قىزىل قوغدىغۇچىنى بېيجىڭگە بېرىپ رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرەك قوبۇل قىلىشىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدىن دۆڭغوتانغا بارىدىغان تاشيولنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1968 ـ يىلى يول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار شاڭخەيدە يۈز بەرگەن «يانۋار» ئىنقىلاب بورىنى» نىڭ تەسىرىدە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ھەمدە ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ناھىيە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. ئۆزۈن ئۆتمەي ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ئورگانلىرى ھەربىي ئىدارە قىلىندى.

3 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

## 1968 ـ يىلى

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولۇپ، ئېتىز ئورنىغا تېرىلغان كۆممىقوناقنىڭ ھەممىسى ئۇششۇپ كەتتى.

## 1969 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش باشلاندى. «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى ۋە تەرەپبازلىق تۈپەيلىدىن قىستاش، ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىشىنىپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزە كېلىپ چىقتى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە يېڭىدىن سېلىنىدىغان كىنوخانىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى بەش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نامى تەرتىپ بويىچە 31 ـ تۇەن ـ مەيدان، 32 ـ تۇەن ـ مەيدان، 33 ـ تۇەن ـ مەيدان، 34 ـ تۇەن ـ مەيدان، 35 ـ تۇەن ـ مەيدان، دەپ ئۆزگەرتىلدى.

## 1970 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىدا پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شۆزۈڭشىن گۇرۇپپا باشلىقى، جاڭ چىڭخەي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تۇنجى تۈركۈم زىيالىي ياشلار قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن تارىم گۇڭشېسىنىڭ 7 ـ چوڭ ئەترىتىگە كەلدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يىغىلىپ، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈچ ئاي ئىچىدە 70 نەچچە كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندى، بۇلاردىن 23 ى يارىلاندى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ناھەق ئەنزىدىن يەنە بىرى كۆرۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، تارىم گۇڭشېسى 8 ـ چوڭ ئەترىتى، بازارلىق دېھقانچىلىق مەيدانىنى بىرلەشتۇرۇپ «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى قىلدى.

## 1971 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن شۇ ئاي چىققىچە لوپنۇر ناھىيىسى «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىنىڭ 1 ـ، 3 ـ چوڭ ئەترەتلىرىدە 250 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە شال تېرىلدى، شالنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇلى 570 جىڭغا يەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋمىڭگاۋ 600 نەپەر يېزا ئىگىلىك ئىشچىسىنى باشلاپ، تارىم باش زەيكىشىنى راۋانلاشتۇرۇش بىرلەشمە جېڭىنى باشلىدى.

## 1972 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە بروتسىللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، توختى رەخمەت گۇرۇپپا باشلىقى، ۋاڭ جۇڭچېن، سەرسىبايلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى ھەمدە ئادەم ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بروتسىللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ لوپنۇر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى بەش بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن ـ مەيدانى «قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق» يېيىش تارىخىغا خاتىمە

بەردى.

## 1973 - يىلى

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىدە «لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش» ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، «لىن بياۋنى تەنقىدلەش، ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈن زاۋۇتىغا ئوت كېتىپ، زاۋۇت ئۆيى ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر تامامەن كۆيۈپ كەتتى، 80 مىڭ جىڭ ئاشلىق ۋە ئۈن كۆيۈپ كەتتى، بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 77 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 4- قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يۇجېنكۈن شۇجىلىققا، ليۇمىڭشەن، شۈزۈڭشىن، ئۈتۈق نىيازلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئاپپاراتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، قادىر بارات گۇرۇپپا باشلىقى، تۇردى تالىش، لى جيېمىن، ۋېي كۆەنلەر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

9 - ئايدا ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 1973 - يىلدىكى ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى شېكەر زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئىشلىتىدىغان توكنى شېكەر زاۋۇتى مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى.

## 1975 - يىلى

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى شىڭدى تاغلىق رايونىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ قىيان كېلىپ، قىسىمنىڭ ئاپتوموبىلىدىن بىرنى ئۆرۈۋەتتى، بىر جەڭچى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 3 - تۈەن - مەيدانى فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ بىر تراكتورىنى كەلكۈن ئۆرۈۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «501» زاۋۇتتىن ناھىيە بازىرىغىچە يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش سىمى تارتىلىپ، توك يەتكۈزۈلدى. بۇ لىنىيىگە 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 808 مىڭ 200 يۈەن خىراجەت كەتتى.

www.uyghurkitap.com



## 1976 - يىلى

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيە خەلقى گوۋيۈەن زۇڭلىسى جۇئېنلەينىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ئورگان كادىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە بويىچە «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 18 - كۈنىگىچە ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىلىك كىنوخانىدا مېيىت زالى تەسىس قىلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيە بويىچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندىن كېيىن ئىنتايىن چوڭ كۆلەمدە ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

## 1977 - يىلى

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىكى كوچىلارغا ئاسفالت ياتقۇزۇش باشلاندى. ئۈچ ئاي ئىشلەش ئارقىلىق «ئازادلىق» كوچىسىغا پۈتۈنلەي، «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ بولدى، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان كوچىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.245 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## 1978 - يىلى

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، داجەيدىن ئۆگىنىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يۈجېنكۈن «پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بىرىيىل كۈرەش قىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىنى داجەيچە ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى ئىسسىق شامالنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، «ئىتتىپاق» گۇڭشېسىدىكى شال تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 11 پىرسەنتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، شۇ يىلى شال ھوسۇلى 8% كېمىيىپ كەتتى.

## 1979 - يىلى

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولۇپ، ئۆرۈك چېچىكى تامامەن ئۇششۇپ كەتتى. شۇ يىلى ئۆرۈك پەقەت بولمىدى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئون بال بوران چىقىپ، ئاسماننى تۇتەك قاپلاپ، تېمپېراتۇرا شىددەت بىلەن تۆۋەنلىگەچكە، ناھىيە بويىچە 4338 چوڭ - ئۇششاق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تىكەنلىك ئەتراپىدا سەككىز بال بوران چىقتى، دېھقانچىلىق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 34 ـ، 35 ـ تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ 5494 مو يېرىدىكى كېۋەز مايسىسىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، بۇ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بەزى سالا ئېتىزلارنىڭ يۈزىدىكى توپىنى ئىككى ـ ئۈچ سانتىمېتىر قېلىنلىقتا بوران يالاپ كەتتى، بەزى ئوق ئېرىق، ئورمان بەلباغلىرىنىڭ گىرۋىكىگە بوران دۆۋىلەپ قويغان قۇم ـ توپىلارنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىردىن ئاشتى.
7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە تېمپېراتۇرا شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 9℃ قا چۈشۈپ قالدى ھەمدە بۇ ئەھۋال بەش كۈندىن كۆپرەك داۋاملاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.
9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ كومىتېت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇتۇق نىياز قوشۇمچە شۇجىلىقتا، ۋېي كۈەن مەخسۇس مۇئاۋىن شۇجىلىقتا تەيىنلەندى.
10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا ئاپتونوم رايون 60 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، ناھىيە ئۆزى 20 مىڭ يۈەن تەييارلىدى.
شۇ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىتېنىڭ گۈڭشېسى ھەرقايسى چولڭ ئەترەت ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىقىدا شىتېنىڭ ئۆستىڭىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، شۇ يىلى 11 كىلومېتىر قىسمىنى پۈتكۈزدى.
قىشتا مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن پېڭجيامۇ، خۇاڭ شېڭجاڭلار لوپنۇرغا كېلىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بارگاھ قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈردى.

## 1980 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشقا ئاپلاندۇرۇلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن زاۋۇت نامى لوپنۇر ناھىيىلىك چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.
9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە قىراۋ ئۈششۈكى ئاپەتى يۈز بېرىپ، كېۋەز ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ 30 پىرسەنتى ئۈششۈپ كەتتى.
شۇ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 ـ، 2 ـ چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1 ـ، 2 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىندى.

## 1981 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا لوپنۇر ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋاملاشتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، شۇنداقلا ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى. ۋەكىللەر 455 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنۇر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى يىغىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىن سەككىز كۈن داۋاملاشتى، يىغىندا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاندى.
9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك چوچوك بويا قىيامى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى سۇڭ زۇڭلىيەن شىنجاڭ تاشقى سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياپونىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش گورۇپپىسى تەركىبىدە ياپونىيىگە تەكشۈرۈشكە باردى.

## 1982 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى شىكېپىلىك گوڭشېسى 3 ـ چولڭ ئەترەت 7 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى لوسونجېن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە توختام ئىمزالىدى. بۇ، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە دېھقانچىلىقتا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان تۇنجى ئائىلە ھېسابلىنىدۇ.
3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رادىئو يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلقنى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.
4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.
4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى شىكېپىلىك گوڭشېسى 1 ـ چولڭ ئەترەت 5 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 5.3 مو يېرىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنى سىناق قىلدى، شۇ يىلى ياخشى ھوسۇل ئېلىندى. بۇ، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى قېتىم سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ھېسابلىنىدۇ.
5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، نىي فۇلىن مۇئاۋىن رەئىس بولدى.
5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى قىراۋ ئۇششۇككىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 70% كېۋەز مايسىسى ئۇششۇپ كەتتى.
11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ناھىيە بويىچە 17 مىللەت، 72 مىڭ 428 ئادەم (ناھىيىگە قاراشلىقى 31 مىڭ 31 ئادەم، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىغا قاراشلىقى 41 مىڭ 397 ئادەم) بارلىقى ئېنىقلاندى.

## 1983 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە شىكېپىلىك گوڭشېسى 1 ـ چولڭ ئەترەت

5 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئون مو يەرگە سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىلدى، كۆزدە بۇ يەردىن ئېلىنغان ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 2. 224 جىڭغا يەتتى، بۇ ئادەتتە تېرىلىدىغان كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى — 86 جىڭنىڭ 6. 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناھىيە ئىش ئورنى يىغىنى ئېچىپ، سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومدا «بەش بولۇش»، «تۆت گۈزەل»، «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئىدارىسى ئېلىپ بارغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش پائالىيىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق بىر تۇتاش ھەرىكىتى جەريانىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىدىن 34 ى تۇتۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىدە مەنئۇي بۇلغىنىشنى تازىلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە گۇرۇپپا ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، سېرىق مەزمۇندىكى كىتاب ـ ژۇرناللار ۋەئۈنسىن بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى.

## 1984 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنۇر ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن ئالتە كۈن داۋاملاشتى، يىغىندا سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا لوپنۇر ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى شۇنداقلا ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە 185 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە تارىم گۆڭشېسى، «ئىتتىپاق» گۆڭشېسى، شىڭپىڭ گۆڭشېسى، دۆڭقوتان گۆڭشېسىدىن ئىبارەت تۆت گۆڭشېدا ھاكىمىيەت بىلەن گۆڭشېنى ئايرىش يولغا قويۇلۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى ھەمدە لوپنۇر بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيىلىك 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ نامى خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسىغا، 2 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ نامى چۆچكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

## 1985 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى لوپنۇر ناھىيىلىك (ناھىيە، يېزا، كەنت) كادىرلار ۋە كەسپىي ئائىلىلەر، يېزا ـ بازار كارخانىسى ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 5 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا پارتىيە 4 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەر جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەكۈنلەندى، 2000 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ساناڭەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئۈچ قاتلاشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاندى، ئۇتتۇق نىياز شۇجىلىققا، ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمۇللا مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكومدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇتتۇق نىياز گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە 1 ـ قارارلىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى باشلاندى، بۇ خىزمەتكە 382 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئۆرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان لوپنۇرلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن زىياپەت بېرىشتەك خاتالىق سادىر قىلغان ئايرىم رەھبەرلەرنى جازالاش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. ناھىيىلىك پارتكوم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاممىدىن ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىغا دائىر پىكىر ئالدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىندا مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى كوللېكتىپ سېلىشتۇرما تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ھەر قايسى يېزا (مەيدان، فېرما) لار چارۋىچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۇتتۇق نىياز يىغىندا تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) يىغىنى ئاچتى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم لوپنۇر ناھىيىسىدە پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش يىغىنى ئاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## بەشىنچى قىسىم

# جۇغراپىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى قىسىم

# جۇغراپىيە

## I باب

## تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى

### § 1. چېگرىسى

لوپنۇر ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 84°02′50″ — 89°58′50″، شىمالىي پاراللېل 40°10′33″ — 41°39′47″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. غەربتە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار، كۇچار ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا بۇگۇر، باغراش، خوشۇت ناھىيىلىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تۇرپان شەھىرى، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبتا چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا. شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن يېرى 502.8 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 165 كىلومېتر كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتر. ناھىيە بازىرى (لوپنۇر بازىرى) شىمالدا كورلا شەھىرىگە 52 كىلومېتر، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 530 كىلومېتر كېلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىنى قۇرۇقتاغ كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ تاغ دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىردىن 2782 مېتىرغىچە ئېگىز، تاغلىق يەر كۆلىمى 7527.2 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ ئارىسىدا بىر نەچچە ئوچۇق ئويمانلىق بار. بىر قەدەر چوڭراق بولغان شىڭدى ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 264.1 كۋادرات كىلومېتر، سۆگەت ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 109.6 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. كوڭگەي يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلىق تىنما تۈزلەڭلىك قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 9775.1 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1200 مېتىرغىچە ئېگىز، يانتۇلۇقى 1/350 تىن 1/900 غىچە كېلىدۇ. كوڭچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندى - شامال چۆكۈندى

تۈزلەڭلىك لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ 751.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتىردىن 940 مېتىرغىچە ئېگىز، يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/4000. جەنۇبىي تەرىپىدىكى قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 31 مىڭ 705.9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1040 مېتىرغىچە ئېگىز بولۇپ، ئاساسەن ئادەمزات ياشىمايدىغان چۆللۈك ھېسابلىنىدۇ.

## § 2. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر بەگلىكى، قۇرۇقتاغ ئېلى ئىدى.

لوپنۇر خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقتا جايلاشقان «شەھەر دۆلىتى» نىڭ بىرى (ھازىرقى دۆڭقوتاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى شورقۇدۇقتا شەھەر دۆلىتىنىڭ خارابىلىكى بار) بولۇپ، 1480 ئاھالىسى، 150 لەشكىرى بار كىچىك بەگلىك ئىدى، بۇ بەگلىك «شەرقىي شىمالدا قاراقۇم بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا چەرچەن بىلەن، جەنۇبتا نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ» («خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) ئىرشى سانغۇنى لى گۋاڭلى پەرغانىگە 2 - قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان. لوپنۇر بەگلىكنى يوقاتقان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايغا پادىشاھ قويۇلماي، پەقەت كاھىبگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ بەگلىكنىڭ ئىشلىرى بىر تەرەپ قىلىنغان. نەتىجىدە بۇ جاي خەن لەشكەرلىرى تۇرغۇزۇلۇپ، بوزيەر ئېچىلغان مۇھىم جاي بولۇپ قالغان. كونا «خەننامە» دە «لوپنۇر شەھىرى» نى بەگلىك نامى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئېيتىلغان.

قۇرۇقتاغ ئېلى «تاغتۇرا» ئوتلاقتىكى «كۆچمە ئەل» بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى «غەربتە قارا قومغىچە 240 چاقىرىم، غەربىي شىمالدا كىنگىتكىچە 160 چاقىرىم، غەربتە ئۇشاققىچە 260 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرقىي جەنۇبتا پىچان، چەرچەن بىلەن تۇتىشىدۇ». ھازىرقى لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى يىڭسۇگەت تېغى بىلەن شىڭدى تېغى ئارىلىقىدا بىر تۆپىلىك بولۇپ، ئۇ يەردە قۇرۇقتاغ ئېلىنىڭ تاش قەلئە خارابىلىكى بار.

خەن سۇلالىسى ۋۇدى خان زامانىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) ئىرشى سانغۇنى لى گۋاڭلى پەرغانىگە 2 - قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بۇگۇر، لوپنۇردا يالۋاچ چېرىكچى ياساۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ بوز يەر ئاچقان، بۇ ئىككى جايدا بارى - يوقى نەچچە يۈز ئېتىز چېرىكى، «5000 گېكتار ئۆلكە يەر» بار ئىدى.

خەن سۇلالىسى شۈەندى خان زامانىسىنىڭ شېن جۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى) غا كەلگەندە، خەن سۇلالىسى «لوپنۇرنىڭ خانلىق يەرلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان» چېدىر بازىرى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى چېدىر يېزىسىنىڭ جەنۇبى) دا غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پىچاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي ئايماق بىلەن قاغىشلىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي ئايماقنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە لوپنۇردىكى بوز يەر ئاچىدىغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى غەربتىكى يەكەن رايونىغا كۆچۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇرنىڭ بىر مەھەل راسا راۋاج تاپقان بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جىيەنئۇ يىللىرىدا (25 ـ يىلدىن 55 ـ يىلغىچە) يەكەننىڭ سەكراۋۇل بېگى شيەن جەنۇبىي شىنجاڭغا زومىگەرلىك قىلىپ، چېدىر بەگلىكىنى تەسىس قىلدى، لوپنۇر رايونى چېدىرغا قارايدىغان بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈئچۈيلىڭ 3 ـ يىلى (60 ـ يىلى) ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىرى يەكەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، خۇنلار جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، لوپنۇر رايونى خۇنلارغا تەۋە بولدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 6 ـ يىلى (94 ـ يىلى) بەنچاۋ كۇسەن، پىچان بەگلىكى قوشۇنلىرىنى باشلاپ كىنگىتكە ھۇجۇم قىلدى. قاراقۇم، كورلا، قۇرۇقتاغ بەگلىكلىرىنىڭ بەگلىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر رايونى يەنە خەن سۇلالىسىغا قوشۇلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 1 ـ يىلى (107 ـ يىلى) كەڭسۇ چاڭلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبېگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، نەتىجىدە شىمالىي خۇن ئاقسۆڭەكلىرى غەربىي يۇرتقا يېڭىۋاشتىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 2 ـ يىلى (127 ـ يىلى) غا كەلگەندە، بەنيۇڭ قوشۇن باشلاپ جەڭ قىلىپ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى.

ۋېي، جىن سۇلالىرى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان نۇرغۇن ھاكىمىيەتلەر ئۈزلۈكسىز تۈردە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، ئاخىرى چوڭراق بىر نەچچە ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللەندى. لوپنۇر، قاراقۇم، ئۈشاق، قۇرۇقتاغ ئېلى قاتارلىقلار كىنگىت دۆلىتىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، لوپنۇر رايونىنىڭ تەۋەلىكى كىنگىت دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. دېمەك بۇ جاي ئىلگىرى ـ ئاخىر ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، شىمالىي ۋېي، ئېفتالىت، غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى كىنگىت تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، لوپنۇر رايونى تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى (670 ـ يىلى) تۈبۈتلەرگە تەۋە بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تياۋلۇ 1 ـ يىلى (679 ـ يىلى) يېڭىۋاشتىن تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 10 ـ، 11 ـ يىللىرى (856 ـ، 857 ـ يىللىرى) ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى پانتېكىن كىنگىتنى ئىگىلىدى، لوپنۇر رايونى قوجو ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې 4 ـ يىلى (1122 ـ يىلى) غەربىي لياۋ سۇلالىسىغا تەۋە بولدى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 11 ـ يىلى (1218 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسىغا تەۋە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ22ـ يىلى (1757 ـ يىلى) دىن كېيىن شىنىغدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى لۈكچۈن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 2 ـ يىلى (1863 ـ يىلى) قوقەنتلىك قاراقچىلار كاتتىبېشى ياقۇپبەگ لوپنۇرنى ئىگىلىۋالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) ليۇجىنتاڭ ياقۇپبەگنىڭ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ لوپنۇرنى قايتۇرۇۋالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) ئىگېنقىردا نەپىقە ـ دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى خەن دەۋرىدىكى لوپنۇر، قۇرۇقتاغ ئېلىنىڭ ئەسلىدىكى جايىدا ھەمدە چاقىلىقتا شىنپىڭ ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى، قاراقۇم — ناھىيە ئورگىنى قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى(1903ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنپىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقىلىقنى ئايرىپ چىقىپ ناھىيە تەسىس قىلدى. يېڭىسۇ دەرياسىنىڭ قىنى ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسى قىلىندى.

لوپنۇر ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، قاراشەھەر ۋىلايىتى، قاراشەھەر مەمۇرىي رايونى (8 - رايون) نىڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى، قاراشەھەر مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 4 - ئايدا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى. 1954 - يىلى كورلا ۋالىي مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى. 1960 - يىلى كورلا ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا لوپنۇر ناھىيىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولدى.

## § 3. مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

### 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رايونلارغا ئايرىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) يېزىلغان «شىنپىڭ ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا ناھىيە تەۋەسىدە 20 كەنت، ھەر بىر كەنت قارىمىقىدا ئىككى، ئۈچ كىچىك كەنت بار بولغان.

ناھىيە ئورگىنى قاراقۇمدا ئىدى. ناھىيە ئورگىنىنىڭ شىمالىدا قىر كەنتى، شەرقىدە چۈگىلى، خورا، تېيىس، چارا، ئىگىبىقىر، ئۇلۇق كۆل، گۆسلاق، پىچان كەنتلىرى بار ئىدى، شەرقىي شىمالىدا تىكەنلىك، دۆرال، قوشدۆڭ، ئويمانكۆل، قىزرا كەنتلىرى بار ئىدى، غەربىي جەنۇبىدا دۆڭقوتان، مانجا، لارىل، سالۇدا، قاغاتۇ، سۇجىكە كەنتلىرى بار ئىدى.

### 2. مىنگو دەۋرىدە رايونلارغا ئايرىلىشى

مىنگو دەۋرىدە يەنى 40 - يىللاردا ناھىيە بويىچە ئىككى رايون، يەتتە يېزا، 21 كەنت بار ئىدى.

1 - رايون (بازار ئەتراپى رايونى) غا 1 - يېزا (شىڭپىڭ يېزىسى جۈملىدىن شىسۇن، يامانخوۋا، قاراقۇم، شىنىغا كەنتلىرى)، 2 - يېزا (تۈگچىكە يېزىسى جۈملىدىن دۆگسۇن، تۈگچىكە كەنتلىرى)، 3 - يېزا (چوڭكۆل يېزىسى جۈملىدىن چارا، يېڭىكۆل، تېيىكۆل، چوڭكۆل كەنتلىرى)، 4 - يېزا (ئاقسوپى يېزىسى جۈملىدىن باش ئاقسوپى، تۆۋەنكى ئاقسوپى كەنتلىرى)، 7 - يېزا (دۆڭقوتان يېزىسى جۈملىدىن شۆتاڭ، مىرسالى، يانتاق، سالدام، چوڭمەھەللە كەنتلىرى) قارايتتى.

2 - رايون (تىكەنلىك رايونى) غا 5 - يېزا (ئويمانكۆل كەنتى)، 6 - يېزا (جۈملىدىن تىكەنلىك، يېڭىسۇ، كۆزلەك كەنتلىرى) قارايتتى.

40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يېزا - كەنتلەردە باۋ-جيا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى.

### 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1) رايون، يېزا تۈزۈمى 1950 - يىلى باۋ-جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، يەنىلا بۇرۇنقى مەمۇرىي رايونلار بويىچە ئىككى رايون، يەتتە يېزا، 21 كەنت تەسىس قىلىندى. 1953-يىلى ئەسلىدىكى 1 - رايونغا قاراشلىق 7 - يېزا ئاساسىدا دۆڭقوتان رايونى (3 - رايون) قۇرۇلدى، بۇ رايونغا مىرسالى، قارچۇغا، ئاۋات يېزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا قارىدى. 1958- يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون، توققۇز يېزا، 22 كەنت بار بولدى.

2) خەلق گۇڭشېسى 1958 - يىل 9 - ئايدا رايون، يېزىلار ئەمەلدىن

قالدۇرۇلۇپ، تۆت خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى؛ لوپنۇر بازىرى تەسىس قىلىنىدى (1965 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى). شىڭپىلىڭ يېزىسى «سۈنئىي ھەمراھ» 1 - خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1959- يىل 11 - ئايدا يەنە شىڭپىلىڭ خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ تىكەنلىك يېزىسى «سۈنئىي ھەمراھ» 2 - خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1959 - يىل 11 - ئايدا تىكەنلىك خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ چوڭكۆل يېزىسى «سۈنئىي ھەمراھ» 3 - خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1959 - يىل 11 - ئايدا قايتىدىن چوڭكۆل خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ دۆڭقوتان يېزىسى «سۈنئىي ھەمراھ» 4 - خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1959- يىلى يەنە دۆڭقوتان خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1959 - يىلى تىكەنلىك خەلق گۇڭشېسى ۋە چوڭكۆل خەلق گۇڭشېسى يېزا ئىگىلىك2- شىسى تارىم دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ئورۇن ئالماشىپ، ئىككى گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلۈپ تارىم خەلق گۇڭشېسى قىلىنىدى.

1970 - يىلى «ئىتتىپاق» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

3) يېزا كەنتلەر 1984 - يىل 9 - ئايدا خەلق گۇڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلى نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىغا، يەنى شىڭپىلىڭ يېزىسى، تارىم يېزىسى، دۆڭقوتان يېزىسى ۋە «ئىتتىپاق» يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ لوپنۇر بازىرىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

لوپنۇر بازىرى قارمىقىدا نۇرباغ مەنسۇر، ئاياغ مەھەللە، دۆڭ مەھەللىدىن ئىبارەت ئۈچ كەنت بار.

شىڭپىلىڭ يېزىسى قارمىقىدا داشى، كۆنچى، تۆگچىكە، قاراقۇم، شىنمىنغا، قاراقۇم باغۋەنچىلىك كەنتىدىن ئىبارەت ئالتە كەنت بار.

«ئىتتىپاق» يېزىسى قارمىقىدا كۆكچەن، كۆكۆۋەن، دۆڭخەيزى، شىخەيزىدىن ئىبارەت تۆت كەنت بار.

تارىم يېزىسى قارمىقىدا خادادۆڭ، ئاقچىكە، بوستان، تارىم، ئاقسۇپى، چوڭكۆل، قوۋانكۆل، جوۋاز، ئويمانكۆل، نەنخەيزى، باغۋەنچىلىك كەنتىدىن ئىبارەت 11 كەنت بار.


دۆڭقوتان يېزىسى قارمىقىدا مىرسالى، قارچۇغا، ئاۋاتتىن ئىبارەت ئۈچ كەنت بار.

## § 4. ناھىيە بازىرى ۋە يېزا - بازارلار


### 1. ناھىيە بازىرى

1) تەرەققىيات جەريانى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى) شىنپىڭ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا ناھىيە ئورگىنى قاراقۇمدا ئىدى، ئاددىيغىنە ناھىيە مەھكىمىسى ۋە مىڭبېشى مەھكىمىسى بار ئىدى، بازار يوق ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە ئورگىنى ماۋلىنيۈەنگە كۆچۈرۈلۈپ، ناھىيە يامۇلى، مىڭبېشى يامۇلى سېلىنىدى، بازار يوق ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26 - يىلى (1900 - يىلى) ماۋلىنيۈەننىڭ جەنۇبىدا كوچا ياسالدى، ئالدى كوچىغا مەمۇرىي ئورۇنلار جايلاشتى، ئارقا كوچىغا خۇسۇسىي ئۆي - جاي ۋە بازار جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاي «بازار»، دەپ ئاتىلاتتى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ناھىيە ئورگىنى يەنە جەنۇب تەرەپتىكى كۆنچى دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈلدى، نەتىجىدە تەدرىجىي ھالدا بازار بولۇپ شەكىللەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 - يىلى لوپنۇر بازىرى تەسىس قىلىنىدى، نوپۇس


شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈش خەرىتىسى
شەرتلىك بەلگىلەر
گازارما
تاغ
كۆۋرۈك
جەنۇب
قۇم تاغ
ئوتلاق
قۇملۇق
شىمال
تۇرپان چېگرىسى
بۇغار چېگرىسى
بۇگۈر ناھىيىسى
كورلا
كۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپەيگەنلىكتىن، شەھەر رايونىمۇ مۇناسىپ كېڭىيىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كۆپلىگەن ئۆيلەر سېلىندى. 1965 - يىلى بازار رايونىنى تەرتىپكە سېلىش ۋاقتىدا دەريا بويىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ئارقا كوچىدىكى ئۆيلەر چېقىپ تاشلاندى، ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ھالدا شىمالغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، «ئازادلىق» كوچىسى (كورلا — چاقىلىق تاشيولىنىڭ بىر قىسمى)، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «دوستلۇق» كوچىسى، «شىڭپىڭ» كوچىسى ياسىلىپ، ئەسلىدىكى ئالدى كوچا «تىنچلىق» كوچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1965 - يىلى لوپنۇر بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1984 - يىلى لوپنۇر بازىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**2) ھازىرقى ئەھۋالى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر بازىرى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، لوپنۇر بازىرىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1.7 كىلومېتىرغا، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 2.95 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 4.18 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. شەرقتە شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ كۆنچى كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا «ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ كۆڭۈەن كەنتى ۋە شىخەيزى كەنتى بىلەن قوشنا، غەربتە شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتى بىلەن، شىمالدا شىڭپىڭ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرى قارمىقىدا ئۈچ ئاھالىلەر كومىتېتى، 35 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، ئۈچ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 1173 ئائىلە، 4826 نوپۇس بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2155 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 44.65 پىرسەنتىنى، خەنزۇ 2604 بولۇپ، 53.96% نى ئىگىلەيدۇ؛ خۇيزۇ 31، باشقا مىللەتلەر 36.

**«ئازادلىق» كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى** بۇ ئاھالىلەر كومىتېتى لوپنۇر بازىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، «كۆنچى» كوچىسىنىڭ شەرقىگە، كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىغا، «ئىتتىپاق» كوچىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كورلا - چاقىلىق تاشيولى بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ كومىتېت قارمىقىدا 12 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 472 ئائىلە، 1885 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 921 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 48.86 پىرسەنتىنى، خەنزۇ 945 بولۇپ، 50.13% نى، خۇيزۇ يەتتە بولۇپ، 0.37% نى، باشقا مىللەتلەر 12 بولۇپ، 0.64% نى ئىگىلەيدۇ. «تىنچلىق» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى، ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ ئىككى تىجارەت بۆلۈمى، ناھىيىلىك كىنوخانا، كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى، ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى، ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى، ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئۆچاستكىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى، ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مېھمانخانىسى بار.

**«ئىتتىپاق» كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى** بۇ ئاھالىلەر كومىتېتى لوپنۇر بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە، «ئىتتىپاق» كوچىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كومىتېت قارمىقىدا ئون ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 290 ئائىلە، 1165 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 594 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50.99 پىرسەنتىنى، خەنزۇ 554 بولۇپ، 47.55% نى، خۇيزۇ بەش

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، %0.43 نى، باشقا مىللەتلەر 12 بولۇپ، %1.03 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ كومىتېت قارىمىقىدىكى رايوندا ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك ئارخىپخانا، يەسلى، باللار باغچىسى، ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىقلار بار.

«كۆنچى» كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى  بۇ ئاھالىلەر كومىتېتى لوپنۇر بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا، «كۆنچى» كوچىسىنىڭ غەربىگە، كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كومىتېت قارىمىقىدا 13 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 411 ئائىلە، 1776 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 640 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 36.04 پىرسەنتىنى، خەنزۇ 1105 بولۇپ، %62.22نى، خۇيزۇ 19 بولۇپ، %1.07نى، باشقا مىللەتلەر 12 بولۇپ، %0.68نى ئىگىلەيدۇ. كومىتېت قارىمىقىدىكى رايوندا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئۈچ شىركەت، يولۇچىلار بېكىتى، مال ساقلاش پونكىتى، 1 - بىناكارلىق شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، ئۆلچەم ئورنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ناھىيىلىك چۆچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى ئورگىنى، تۆرۈبا سۇيى شىركىتى، نېفىت شىركىتى، پوچتا - تېلېگراف سىم - تاناب ئالاقە ئۆتۈشتىكى ئاسراش ئۇچاستىكىسى قاتارلىقلار بار.

1984 - يىلى ناھىيە بازىرىغا نۇرباغ كەنتى، ئاياغ مەھەللە كەنتى، دۆڭ مەھەللە كەنتىدىن ئىبارەت ئۈچ دېھقانچىلىق كەنت كومىتېتى قارايدىغان بولدى.

3) كوچا — تاركوچا («شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى» قىسمىغا قارالسۇن)

## 2. شىڭپىڭ يېزىسى

شىڭپىڭ يېزىسى شىڭپىڭ ئۆستىڭىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى لوپنۇر بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان.

بۇ يېزا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 86°12′ — 86°31′، شىمالىي پاراللېل 40°17′ — 41°38′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 900 مېتر ئېگىز، شەرقتە تارىم يېزىسىنىڭ ئاقسۇپى كەنتى بىلەن، غەربتە ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى كۆنچى دەرياسى، تارىم يېزىسىنىڭ تارىم كەنتى، ئاقچىكە كەنتى ۋە «ئىتتىپاق». يېزىسىنىڭ كۆكپەن كەنتى تۇتاشقان جايى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شىمالدا كورلا شەھىرى بىلەن قوشنا، ئومۇمىي كۆلىمى 3500 كۋادرات كىلومېتر. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا قارىمىقىدا ئالتە مەمۇرىي كەنت (داشى، كۆنچى،

تۆگىچىكە، قاراقۇم، شىبىنغا، قاراقۇم باغۋەنچىلىك كەنتلىرى)، 29 تەبىئىي كەنت بار بولدى. 1985 - يىلى يېزا بويىچە 1478 ئائىلە، 6124 نوپۇس بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 2169 بولۇپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 35.4 پىرسەنتىنى، ئۇيغۇر 3929 بولۇپ، 64.15% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا مىللەتلەر 26.

مىنگو دەۋرىدە شىخېڭ يېزىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1 - يېزىسى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى دۆڭقوتان، چوڭكۆل، ئاقسۇپى ۋە ھازىرقى شىخېڭ يېزىسى، لوپنۇر بازىرى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1 - رايونىنى تەشكىل قىلدى. 1954 - يىلى يېزا بويىچە باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلدى، ئۇ «قىزىل نۇر»، «پارلاق يۇلتۇز»، «بەش يۇلتۇز» قاتارلىق بەش ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا ئايرىلدى. 1958 - يىلى 9 - ئايدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، «سوتسىيالىزم ھەمراھ» 1 - خەلق گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى، 1959 - يىلى شىخېڭ گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى شىخېڭ يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شىخېڭ يېزىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈزلەڭلىكتىكى ئايرىم رايونلارنىڭ يېرى شىمالدىن جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، تاغلىق يەرلىرى قۇمساڭ قوڭۇرچۆل تۇپراق تىپىغا، تۈزلەڭ يەرلىرى چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، زەي تۇپراق ۋە قۇم - بوران تۇپراق تىپىغا كىرىدۇ. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى ۋە ئاھالىلەر ئاساسەن، شىخېڭ ئۈستىڭى ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنگەن سۇغا تايىنىدۇ. بۇ يېزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇرۇقتاغ ئەتراپىدا بۇلاق سۈيى بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچسە بولىدۇ.

شىخېڭ يېزىسىنىڭ ھەممە كەنتلىرىگە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن توك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28.25 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ 13 يەرگە ناسوس ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، شىخېڭ ئۈستىڭى ئارقىلىق پۈتۈن يېزىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ۋە ئوتلاقلىرىنى سۇغىرىشىغا ماسلىشىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃، ھۆل - يېغىن مىقدارى 40 ميللىمېتىر، قىراۋسىز مەزگىل 180 كۈن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى زور بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. 1985 - يىلى يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 23 مىڭ 670 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 23 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 80.36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

شىخېڭ يېزىسىدا دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ، بۇ يېزا لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە كونا تېرىقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. زىرائەتلەردىن بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ، باشقا زىرائەتلەردىن يەنە كۆممىقوناق، كېۋەز، ياغلىق دان ۋە مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارمۇ بار. 1985 - يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 8 مىليون 625 مىڭ 954 جىڭ (بىرلىك مەھسۇلاتى 453.4 جىڭ) غا، پاختا 552 مىڭ 887 جىڭغا، ياغلىق دان 182 مىڭ 500 جىڭغا يەتتى. چارۋىچىلىقتا قوي - ئۆچكىچىلىك ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كالا، ئات، ئېشەكلەرمۇ بار، قىسمەن خەنزۇ ئەزالار بىر قىسىم چوشقىلارنىمۇ بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي چارۋا 23 مىڭ 890 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 2710، ئات 810، ئېشەك 2185، چوشقا 2394، قوي 12 مىڭ 358، ئۆچكە 3433. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار (ياۋائۆچكە)، جەرەن (غازبويۇن بۆكەن)، ياۋا چوشقا، تۈلكە، قىرغاۋۇل، قاغا قاتارلىقلار بار.

يېزا قۇرغان كارخانىلاردىن خىش زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، قوغۇن قېقى زاۋۇتى قاتارلىقلار بار.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 842 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 531 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 201 مىڭ 600 يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 780 مىڭ 500 يۈەن، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 265 مىڭ 400 يۈەن، باشقا كىرىم 63 مىڭ 900 يۈەن. يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 777.2 يۈەنگە يەتتى.

شىكپاڭ يېزىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، كورلا — چاقىلىق تاشيولى كۆپ ساندىكى كەنت بىلەن ناھىيە بازىرىنى تۇتاشتۇرغاندىن سىرت، چەت كەنتلەردىمۇ ئاددىي تاشيوللار ياسالدى. يېزىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، شۆبە مەكتەپ بەش، ئوقۇغۇچىسى 1026؛ يېزىدا بىر شىپاخانا، بىر رادىئو ئۆزىكى، بىر سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، بەش تارماق ماگىزىن، بىر يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى، بىر يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار.

## 3. «ئىتتىپاق» يېزىسى

ئىتتىپاق يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 86°15′ — 86°16′، شىمالىي پاراللېل 41°19′ — 41°20′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 884 مېتر ئېگىز، شەرقتە تۆگچىكە مەمۇرىي كەنتى بىلەن كۆنچى دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ ئۆزئارا قارىشىپ تۇرىدۇ. جەنۇبتا تارىم يېزىسىنىڭ تارىم مەمۇرىي كەنتى ۋە بوستان كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا لوپنۇر بازىرىغا يېقىن، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى ئون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى لوپنۇر بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

1970 ـ يىلى ئەسلىدىكى تارىم گوڭشېسىنىڭ 8 ـ چوڭ ئەترىتى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەتلەر ۋە بازارلىق دېھقانچىلىق مەيدانى قوشۇلۇپ «ئىتتىپاق» گوڭشېسىنى تەشكىل قىلغان. 1984 ـ يىلى ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشې ئايرىلغاندا «ئىتتىپاق» يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

يېزا قارمىقىدا تۆت مەمۇرىي كەنت (كۆكپەن، كۆكئۆن، دۆڭخەيزى، شىخەيزى كەنتلىرى) ۋە توققۇز تەبىئىي كەنت بار. 1985 ـ يىلى يېزا بويىچە 617 ئائىلە، 3162 نوپۇس بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 2867 بولۇپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90.67 پىرسەنتىنى، ئۇيغۇر 295 بولۇپ، 9.32% نى ئىگىلىدى.

يېزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، تۇپرىقى زەي تۇپراق، چىملىق تۇپراق ۋە شورلۇق تۇپراق تىپىغا كىرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ كۆپ قىسىم يېرى كۆنچى دەرياسىغا يېقىن، تەبىئىي كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلغان. قىسمەن تېرىلغۇ يەرلەر ئۆستەڭدە سۇ كۆپەيگەندە، ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئاساسەن دەريا بويىدىكى توققۇز ناسوس ئىستانسىسى چىقارغان سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ.

«ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ بولغانلىقتىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىشتىن، تەدرىجىي يوسۇندا، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەردى. 1985 ـ يىلى يېزا بويىچە 5050 مو تېرىلغۇ يەر بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 4674 مو (شال تېرىلىدىغان يەر

840 مو بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1200 جىڭغا يېتىدۇ)؛ ئورمان يېرى كۆلىمى 356 مو، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 30 مىڭ 177 تۈپ؛ كۆل سۈيى كۆلىمى 50 مو بولۇپ، ھەممىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا 2670 تۇياقتا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 11، كالا 98، قوي 2071، چوشقا 490.

يېزا - بازار كارخانىسى جەھەتتە بىناكارلىق ئاساس قىلىنىدۇ، ھەر قايسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ئاساس قىلىنىپ لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە) تەشكىل قىلىندى. 1985 - يىلى بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى 1600 گە يەتتى، 85 مىڭ كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن يەنە ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، سۇلياۋ زاۋۇتى بار. 1985 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 274 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي كىرىم 3 مىليون 490 مىڭ يۈەننىڭ 7.85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1329 يۈەنگە يەتتى. كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە تاشيول بار بولۇپ ناھىيە بازىرى (لوپنۇر بازىرى) بىلەن تۇتىشىدۇ.

1970 - يىلى گۇڭشې قۇرۇلغاندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ (بەش سىنىپ)، 163 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا بويىچە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى، ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن ئىككىسى، ئوقۇغۇچىدىن 340 ى بار بولدى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99% كە يەتتى؛ يېزا بويىچە بىر شىپاخانا، 12 تىببىي خادىم، 15 كېسەل كارىۋىتى، بىر رادىئو ئۇزېلى بار، يېزا بويىچە 450 تېلېۋىزور بولۇپ، 75% ئائىلىدە تېلېۋىزور بار بولدى.

يېزا بويىچە تەمىنات - سودا كوپراتىپى، يەككە سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن 20 سى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتىدىن بىرى بار.

## 4. تارىم يېزىسى

تارىم يېزىسى شەرقىي مېرىدىئان 86°1′ — 89°58′، شىمالىي پاراللېل 40°10′ — 41°19′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 2957 مېتىر ئېگىز. شەرقتە چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى پاسىل قىلىپ چەرچەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە كورلا شەھرىنىڭ ئىقتىسادىي چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي جەنۇبتا ناھىيىلىك 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ، شىمالدا شىڭپىڭ يېزىسى، «ئىتتىپاق» يېزىسى، «كۆنچى» دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 291 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 129 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 33 مىڭ 295 كۋادرات كىلومېتىر (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - شىسىنىڭ 31 -، 32 -، 33 -، 34 -، 35 - بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ 1542.35 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كېلىدۇ. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تارىم كەنتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ بەش كىلومېتىر جەنۇبىدا.

يېزا بويىچە 11 مەمۇرىي كەنت (تارىم، خادادۆڭ، ئاقچىكە، بوستان، ئاقسۇپى، چوڭكۆل، قۇۋانكۆل، ديەنپىن، ئويمانكۆل، نەنخەيزى، باغچا كەنتلىرى)، 23 تەبىئىي كەنت بار. يېزا بويىچە جەمئىي 2656 ئائىلە، 11 مىڭ 94 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 2332 بولۇپ،

يېزا بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 21 پىرسەنتىنى، ئۇيغۇر 8758 بولۇپ، 78.97% نى، خۇيزۇ تۆت بولۇپ، 0.03% نى ئىگىلەيدۇ.

مىنگو دەۋرىدە تارىم يېزىسىنىڭ باش ئاقسۇيى، تۆۋەن ئاقسۇيى كەنتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭكۆلدىن تىكەنلىككىچە بولغان جايلاردا ئۇيغۇر دېھقان - چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان، باشقا جايلاردا كەنت يوق ئىدى. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 2 - شىسى يېزا تەۋەسىدە بوز يەر ئېچىپ تارىم 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى، كېيىنكى مەزگىللەردە لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، يېزا ئىگىلىك 2 - شى، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى، تارىم 1 - دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى يېزا - ئىگىلىك 2 - شى 34 - تۇەن - مەيدان) بىرلىكتە كېڭىشىپ، 1959- يىل 11 - ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تىكەنلىك گوڭشېسىنىڭ ھەممە يېرىنى ۋە چوڭكۆل گوڭشېسىنىڭ كۆپ قىسىم يېرىنى (تېرىلغۇ يەر ۋە تېرىشقا بولىدىغان يەر ھەمدە قىسمەن ئوتلاق، سۇ دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ) يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تارىم 1 - تۇەن - مەيدانى بىلەن ئالماشتۇردى. ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن تارىم گوڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى تارىم گوڭشېسى تارىم يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

تارىم يېزىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، يەر شەكلى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، جەنۇب تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى، شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى قۇرۇقتاغ تىزمىسى ۋە چۆللۈك، قالغان يەرلىرى ئويۇلما شەكىللىك بەلباغلاردىن تەركىب تاپقان. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئاھالىلەر ئىچىدىغان سۇ ئاساسەن كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنىدۇ. يېزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.6℃، قىراۋسىز مەزگىلى 180 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44 مىللىمېتىر، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى زور بولۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدۇ.

يېزا بويىچە ئاقسۇيى كەنتى (بۇ كەنت دىزېل گېنېراتورى ئارقىلىق توك چىقىرىدۇ) نى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلغان، توك لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ ئالتە ناسوس ئىستانسىسى قۇرۇلغان.

يېزا بويىچە 56 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار، ھەر خىل ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى يېزا بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 59.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاشلىق زىرائىتىدە بۇغداي، كۆممىقوناق ئاساس قىلىنىدۇ. 1980 - يىلدىن كېيىن تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، زىرائەت سورتلىرىمۇ خېلى كۆپەيدى، ئويمانكۆل ۋە دېيەنپىن كەنتلىرى كەڭ كۆلەمدە شال تېرىشقا باشلىدى، ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 1300 جىڭغا يەتتى، قىسمەن تاشلاندۇق تېرىلغۇ يەرلەرمۇ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلدى. 1985 - يىلى تارىم يېزىسىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، شال، قىچا، ئاپتاپپەرەس، تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلدى، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 11 مىليون 149 مىڭ 200 جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 350 جىڭغا، ئومۇمىي پاختا 728 مىڭ جىڭغا، ياغلىق دان 252 مىڭ 300 جىڭغا يەتتى.

چارۋىچىلىقتا قوي - ئۆچكىچىلىك ئاساس قىلىنىدۇ، يەنە كالا، ئات، ئېشەك قاتارلىقلارمۇ

بار. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 74 مىڭ 19 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 11 مىڭ 74 بولۇپ، ئومۇمىي چارۋىنىڭ 14.96 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1985 - يىلى يېزا بويىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 937 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 543 يۈەندىن كىرىم توغرا كەلدى.

تارىم يېزىسىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقتىن تۆمۈر، مىس، سۈرمەتاش، فوسفور، ۋېرمىكۇلىت، نېفىت، تاشپاختا، چىرىمتال، كىرىستال، ئالتۇن، مولىبدېن، ئۇران قاتارلىقلار بار، ۋېرمىكۇلىت كېنى ئېچىلىشقا باشلىدى، نېفىت تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن توغراق، قارىياغاچ، سۆگەت، ئالقات، جىگدە، قومۇش، چۇچۇك بۇيا، لوپنۇر كەندىرى، يېكەن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، بۆرە، ياۋا توڭگۇز، مولۇن، تۈلكە، قوڭۇر ئېيىق، سۇلەيسۇن، يىلپىز، بۇغا، توشقان ھەمدە سۇنئىي كەلتۈرۈلگەن ئىپار چاشقان قاتارلىقلار بار، ئۇچار قۇشلاردىن ئۆلار، كەكلىك، قىرغاۋۇل، سېغىزخان، ئاققۇ، ھاڭگىرىت، قارچۇغا، قاغا، ئاق قۇشقاچ قاتارلىقلار بار؛ بېلىقلاردىن تارىم ياپىلاق تۇمشۇق بېلىقى (تېرىسكا بېلىقى)، ئۈچلۈق تۇمشۇق بېلىق (گومفوزۇس بېلىقى) قاتارلىقلار بار.

تارىم يېزىسىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئون زاۋۇتى، ۋېرمىكۇلىت كېنى زاۋۇتى، ھاك زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى بار. ھەر قايسى مەمۇرىي كەنت ۋە ناھىيە بازىرى ھەمدە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ھەممىسىدە بازار — يېزىلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تاشيول بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، مەمۇرىي كەنتلەردە پوچتا - تېلېگراف يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش نۇقتىسى بار. ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن بىرى، يەتتە تارماق ماگىزىن، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىن بىرى بار.

1985 - يىلى كىنوخانىدىن بىرى، رادىئو ئۇزېلىدىن بىرى، دوختۇرخانىدىن بىرى، شىپاخانىدىن ئىككىسى، تىببىي داۋالاش پونكىتىدىن تۆتى، تىببىي خادىمدىن 18 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 25 ى بار بولدى؛ مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرى (مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 155)، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئىككىسى (ئۇنىڭ قارمىقىدا توققۇز شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ بار)، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىدىن 1098 ى بار بولدى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.5% كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 99% كە يەتتى.

تارىم يېزىسى تەۋەسىدە قالدۇق قەدىمكى تۇردىن ئونى بار، كۆپ جايلاردىن قەدىمكى دەۋردىكى قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى، بولۇپمۇ شىڭدى تاغلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، چوڭ - كىچىك رەسىمدىن ئاز كەم 300 پارچە بار.

## 5. دۆڭقوتان يېزىسى

دۆڭقوتان يېزىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 84°30′ — 86°30′، شىمالىي پاراللېل 40°12′ — 41°16′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 901 مېتر ئېگىز. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مىرسالى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 32 كىلومېتر كېلىدۇ.

دۆڭقوتان يېزىسى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە بىردىنبىر چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان يېزا، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نوپۇس يېزا نوپۇسىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 87 مىڭ 410 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 4557، ئات 133، قوي 35 مىڭ 747، ئۆچكە 45 مىڭ 473. 1985 - يىلى يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 246 يۈەنگە يەتتى.

دۆڭقوتان يېزىسى شەرقتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەرب، شىمال تەرەپلىرى بۈگۈر ناھىيىسى، كورلا شەھىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبىي تەرىپىدە تەكلىماكان قۇملۇقى بار، يېزىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 186 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 72 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 22 مىڭ 575 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يېزىغا ئۈچ مەمۇرىي كەنت (مىرسالى، قارچۇغا، ئاۋات كەنتلىرى)، تۆت تەبىئىي كەنت، بىر نەسىللىك چارۋا فېرمىسى قارايدۇ. يېزا بويىچە جەمئىي 1032 ئائىلە، 4211 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 29، ئۇيغۇر 4182.

مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) دىن ئىلگىرى بۇ جاينى كەلكۈن بېسىپ كەتكەنلىكتىن، ئاھالىلەر ئۆگەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قەمبەر ئۇسكىنىڭ ئەتراپىدىكى قاراقۇملۇققا كۆچۈپ بارغان ھەمدە ئۆي ۋە قوتان سالغان. ئۇيغۇرلار ئۇنى «دۆڭقوتان» دەپ ئاتىغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى دۆڭقوتان لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1 - رايون 7 - يېزىسى قىلىندى. ئۇنىڭغا بەش تەبىئىي كەنت قارىدى. 1953 - يىل 9 - ئايدا مۇستەقىل 3 - رايون بولۇپ قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئۈچ يېزا، يەتتە مەمۇرىي كەنت قارايدىغان بولدى. 1958 - يىلى رايون - يېزىلار ۋە مەمۇرىي كەنتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «سۇئىشى ھەمراھ 4 - خەلق گۇڭشېسى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئۈچ چوڭ ئەترەت (يەر نامىغا ئاساسەن نام بېرىلدى) قارايدىغان بولدى. 1959 - يىلى «سۇئىشى ھەمراھ 4 - خەلق گۇڭشېسى» دۆڭقوتان خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۈچ چوڭ ئەترەت 1 -، 2 -، 3 - ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشې ئايرىلغاندا، دۆڭقوتان يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى يەر نامى بويىچە ئۈچ مەمۇرىي كەنتكە ئۆزگەرتىلدى.

دۆڭقوتان يېزىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى سەككىز مىللىمېتىر، قىراۋسىز مەزگىل 240 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃. بۇ يېزىنىڭ يەر شەكلى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ پەسلەپ بارىدۇ، غەربىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي تەرىپى پەس، تۇپرىقى چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، قۇم - بورانلىق تۇپراق تىپىغا كىرىدۇ. 1985 - يىلى 10 مىڭ 618 مو تېرىلغۇ يەر، 937 مىڭ 700 مو ئوتلاق بار بولدى.

تارىم دەرياسى يېزىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، يېزا تەۋەسىدە دەريا - ئېقىنلار كىرىشىپ كەتكەن، كۆللەر خۇددى يۇلتۇزدەك تارقالغان، ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلىرىدىن تارىم دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، چاپان دەرياسى، ئوسمان دەرياسى، لاي دەرياسى قاتارلىقلار بار؛

كۆللەردىن مىرسالى كۆلى، ئاقيال كۆلى، ئاخۇنكۆلى بار؛ ئۈچ غول ئۆستەڭ (ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر)، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر كېلىدىغان تارماق ئۆستەڭ، بىر سۇ ئامبىرى بار.

ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، جەرەن، ياۋا توڭگۇز، بۆرە، تۈلكە، بۇغا، ئاققۇ، ھاڭگىرەت، قارچۇغا، قاغا قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈك بۇيا، بېدە، توغراق، يۇلغۇن، جىگدە قاتارلىقلار بار.

1969 - يىلى لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ قارچۇغا كەنتىگە بارىدىغان

شەھەر - يېزا تاشيولى ياسالدى. 1984 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك ماشىنا كالونى بىر كۈندە بىر قېتىم قاتنايدىغان ئاپتوموبىل قاتنىشىنى يولغا قويدى. 1985 - يىلى يېزىدا بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر تېلېۋىزور ئۆيى، بىر قىرائەتخانا، بىر مەدەنىيەت پونكىتى بار بولدى؛ يېزىدا بىر مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ، چارۋىچىلىق رايونىدا بىر ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى. يېزا بويىچە 268 ئۇيغۇر دېھقان-چارۋىچى ئوقۇغۇچى بار، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 85% كە يەتتى. يېزىدا ئىككى شىپاخانا، ئىككى تىببىي داۋالاش پونكىتى، 20 نەچچە دوختۇر سېستىرا، 20 ئاددىي كېسەل كارىۋىتى بار.

بۇ يېزىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوتلاق كۆچمەنچىلىكى ناھايىتى زور. يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان مىرسالى كەنتىدە پوچتا - تېلېگراف ئورنى بار، مەمۇرىي كەنتلەردە پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇقىم ئۇقتىلار تەسىس قىلىندى؛ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا بىر تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ تارماق ماگىزىنلىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، سەييارە مال سېتىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان، ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى بۇ يېزىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پونكىتى قۇردى.

## 6. خۇرجا چارۋىچىلىق فېرمىسى

خۇرجا چارۋىچىلىق فېرمىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، فېرما ئورگىنى ناھىيە بازىرى تاشيولىغا 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 85°35′ — 86°04′، شىمالىي پاراللېل 41°00′ — 41°09′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتە چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشنا، غەربتە قارچۇغا كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا تارىم يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 196 كۋادرات كىلومېتىر، فېرما بويىچە جەمئىي 173 ئائىلە، 686 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 641 بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 93.44 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ فېرما 1956 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ ئاتالغانىدى. 1958 - يىل 11 - ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 -، 3 - چارۋىچىلىق فېرمىلىرى دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ دۆڭقوتان دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى. 1959 - يىل 6 - ئايدا دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىسى ئايرىۋېتىلدى. 1961 - يىل 10 - ئايدا 3 - چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، يەنىلا لوپنۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ ئاتالدى، 1980 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى نامى خۇرجا چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

بۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىقلىمى ئىسسىق مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، قىشتا زىمىستان سوغۇق بولىدۇ، يازدا تومۇز ئىسسىق بولىدۇ، 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە دائىم تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ېقىنىدىكى ھاۋا ئېقىمى سۈرۈلۈپ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەچكە قۇم ئارىلاش چاڭ - توزان ھاۋا كىلىماتى پەيدا بولىدۇ، 1 - ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -10°C، 7 - ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 28°C بولىدۇ، يىللىق ھۆل - يېغىن

مىقدارى 40 مىللىمېتىر؛ قىراۋسىز مەزگىل تەخمىنەن 200 كۈن بولىدۇ، غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئەڭ زور شامال كۈچى ئون بالغا يېتىدۇ.

1985 - يىلى بۇ فېرمىدا بىر شىپاخانا، 53 كېسەل كارىۋىتى، تۆت نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 77 ئوقۇغۇچى بار بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا فېرما بويىچە 19 مىڭ 185 تۇياق چارۋا قالدى.

## 7. چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى

چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، فېرما ئورگىنى تۇرۇشلۇق چوڭكۆل مەھەللىسى ناھىيە بازىرى تاشيولىغا 27.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 86°03′ — 86°11′، شىمالىي پاراللېل 40°10′ — 41°12′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، شەرقتە تارىم يېزىسى بىلەن قوشنا، غەربتە دۆڭقوتان يېزىسى، خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا تەكلىماكان قۇملۇقىغا ياندىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 171.6 كۋادرات كىلومېتىر، فېرما بويىچە جەمئىي 167 ئائىلە، 712 نوپۇس بار. چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى 1957 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ ئاتالغانىدى. 1958 - يىلى 1 -، 3 - چارۋىچىلىق فېرمىلىرى دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى، 1959 - يىل 6 - ئايدا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئايرىۋېتىلدى. 1962 - يىل 1 - ئايدا دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ نام بېرىلدى.

چارۋىچىلىق فېرمىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتىردىن 900 مېتىرغىچە ئېگىز، كلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كلىماتىغا كىرىدۇ، كلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى زور، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.3℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -8.6℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.3℃ بولىدۇ، قىراۋسىز مەزگىل 196 كۈن.

1985 - يىلى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 82 ئوقۇغۇچى بار بولدى. فېرمىدا بىر تىببىي داۋالاش پونكىتى، بىر مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار، يىل ئاخىرىدا 8578 تۇياق چارۋا قالدى.

## 8. ئۇرۇقچىلىق مەيدانى

ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى لوپنۇر بازىرىنىڭ غەربىدىكى ياماخۇۋاننىڭ يېنىغا جايلاشقان، مەيدان ئورگىنى تۇرۇشلۇق ياماخۇۋاننىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلانغان ئارىلىقى 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مەيدان شەرقتە شىكېپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىگە يېقىن، غەربتە كورلا شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن باشلىنىدۇ، بۇ مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 6.66 كۋادرات كىلومېتىر، مەيداندا 177 ئائىلە، 684 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 492 بولۇپ، مەيدان بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 93.71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ مەيدان 1974 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا ھېسابلىنىدۇ، بۇ مەيداننىڭ يېرىنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرىپى

ئېگىزرەك، جەنۇب تەرىپى پەسرەك، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 883 مېتر ئېگىز، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.6℃، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 43 مىللىمېتر، قىراۋسىز مەزگىل 185 كۈن.

1985 - يىلى بۇ مەيداندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 85 ئوقۇغۇچى، بىر سودا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى، بىر تېببىي داۋالاش ئورنى بار. 1985 - يىلى 2.50 تونна ئاشلىق ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا 3864 تۇياق چارۋا قالدى، كۆممىقۇناقنىڭ «ۋېر — 156» ۋە بۇغدايىنىڭ «بايىنغولىن يازغىسى — 1» قاتارلىق سۈپەتلىك سورتلىرى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈلدى.

## 9. «كۆنچى» دېھقانچىلىق مەيدانى

كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان، شەرقتە «ئىتتىپاق» يېزىسىغا يېقىن، غەربتە كورلا - چاقلىق تاشيولىغا ياندىشىدۇ، جەنۇبتا تارىم يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 1958 - يىلى بۇ يەر ئەسلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ پارتىيە مەكتىپى ئىدى. 1963- يىلى پارتىيە مەكتىپى قاراشەھەرگە كۆچۈرۈپ كېتىلگەندىن كېيىن قېپقالغان قىسمەن جايلىرى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1975 - يىل 12 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ مەيدان كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغاچقا، دەريا نامى بىلەن «كۆنچى» دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالغان، ئۇ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەيداننىڭ يەر شارائىتى پەس، تەكشى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. 1985 - يىلى مەيدان بويىچە جەمئىي 73 ئائىلە، 258 نوپۇس بار بولدى. 1985 - يىلى 150 تونна ئاشلىق ئېلىندى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا، بازار، مەيدان (فېرما) لارنىڭ 1985 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى**

1 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| نامى | يېزا، بازارلىق هۆكۈمەت (مەيدان - فېرما ئورگىنى) تۇرۇشلۇق جاي | ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى (كىلومېتر) | ئومۇمىي كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتر) | نوپۇسى | ئائىلە سانى | مەمۇرىي كەنت سانى | تەبىئىي كەنت سانى | ئاھالىلەر كومىتېتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لوپنۇر بازىرى | بازار مەركىزى | | 4.18 | 4826 | 1173 | 3 | | 3 |
| شىڭپىڭ يېزىسى | لوپنۇر بازىرى | 0.4 | 3500 | 6124 | 1478 | 6 | 29 | |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى | لوپنۇر بازىرىنىڭ جەنۇبى | 0.5 | 10 | 3162 | 617 | 4 | 9 | |
| تارىم يېزىسى | تارىم كەنتى | 5 | 33295 | 11090 | 2656 | 11 | 23 | |
| دۆڭقوتان يېزىسى | مىرسالى كەنتى | 32 | 22575 | 4211 | 1032 | 3 | 4 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | خورجا كەنتى | 33 | 196 | 686 | 173 | . | 5 | |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | چوڭكۆل كەنتى | 27.8 | 171.6 | 712 | 167 | | 1 | |
| «كۆنچى» دېھقانچىلىق مەيدانى | لوپنۇر بازىرىنىڭ جەنۇبىي | 0.5 | 1 | 258 | 73 | . | 1 | |
| ئورۇقچىلىق مەيدانى | يامانخوۋا | 3.5 | 6.66 | 684 | 177 | 1 | 1 | |

ئىزاھات: تارىم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى يېزا ئىگىلىك 2 - شى تارىم بويىيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى بەش تۈەن - مەيدانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەش تۈەن - مەيدان ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1542.35 كۋادرات كىلومېتىر.

## § 5. يەر ناملىرى توغرىسىدا تەتقىقات

### 1. لوپنۇر بازىرىنىڭ نامى

1) لوپنۇر لوپنۇر قەدىمكى يەر نامى بولۇپ، ئەسلى مەنىسى ئېنىق ئەمەس. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋايىر دۆلىتىنىڭ ئورنى بۇگۈنكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كورلا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى) قاراقۇمدا شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئورگىنى تەسىس قىلىنغان.

2) نۇرباغ مەھەللە كەنتى بۇ 1958 - يىلى شىڭپىڭ گوڭشېسى 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - ئەترىتى ئىدى. 1981 - يىلى يەر نامىغا ئاساسەن نۇرباغ مەھەللە كەنتى دەپ نام بېرىلدى. 1984 - يىلى لوپنۇر بازىرى قارىمىقىدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئايرىپ بېرىلدى.

3) ئاياغ مەھەللە كەنتى بۇ، 1958 - يىلى شىڭپىڭ گوڭشېسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - ئەترىتى ئىدى. 1991 - يىلى كۆنچى كەنتىنىڭ بىر كىچىك كەنتى قىلىندى. 1984 - يىلى ناھىيە بازىرىغا ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاياغ مەھەللە كەنتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

4) دۆڭ مەھەللە كەنتى بۇ، 1974 - يىلى شىڭپىڭ گوڭشېسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 7 - ئەترىتى ئىدى. 1984 - يىلى ئەسلىدىكى يەر نامى كەنت نامى قىلىندى ۋە بازار رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى.

### 2. شىڭپىڭ يېزىسىدىكى يەر ناملىرى

1) شىڭپىڭ يېزىسى بۇ، يېزا تەۋەسىدە شىڭپىڭ ئۆستىڭى چېپىلغانلىقتىن يېزىنىڭ نامى ئۆستەڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شىڭپىڭ ئۆستىڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ17- يىلى (1891 - يىلى) چېپىلغان بولۇپ، شۇ زاماندا شىنىغا ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى شىڭپىڭ ئۆستىڭى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

2) داش كەنتى بۇ، 1958 - يىلى شىڭپىڭ گوڭشېسىنىڭ 1 - چوڭ ئەترىتى ئىدى.

1978 - يىلى داشى چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى داشى كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى. «داش» ئۇيغۇر تىلىدا سۇ ئازگىلى، كۆل دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

3) كۆنچى كەنتى بۇ، 1958 - يىلى شىڭپىڭ گۇڭشېسىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتى ئىدى، 1978 - يىلى كۆنچى چوڭ ئەترىتىگە، 1984 - يىلى كۆنچى كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) كورلىدىن يەتتە كۆنچى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن بۇ جاي شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

4) شىنىغا كەنتى بۇ، 1958 - يىلى شىڭپىڭ گۇڭشېسىنىڭ 5 - چوڭ ئەترىتى جايلاشقان يەر ئىدى. 1978 - يىلى شىنىغا چوڭ ئەترىتىگە، 1984 - يىلى شىنىغا كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى. «شىنىغا» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سىناق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## 3. «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى يەر ناملىرى

1) كۆڭپەن كەنتى 1984 - يىلى مۇشۇ نام قوللىنىلدى. بۇ، كۆنچى دەرياسى بويىدىكى كەنت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2) كۆڭۇەن كەنتى 1984 - يىلى مۇشۇ نام قوللىنىلدى، بۇ، كۆنچى دەرياسى ئەگىمىدىكى كەنت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3) دۇڭخەيزە كەنتى 1984 - يىلى مۇشۇ نام قوللىنىلدى، بۇ، شەرقى كۆلدىكى كەنت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4) شىخەيزە كەنتى 1984 - يىلى مۇشۇ نام قوللىنىلدى، بۇ، غەربى كۆلدىكى كەنت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## 4. دۆڭقوتان يېزىسىدىكى يەر ناملىرى

1) دۆڭقوتان بۇ جاي ئەسلىدە لايسۇ دەپ ئاتالغان، كېيىنكى مەزگىللەردە كەلكۈن بېسىپ كەتكەچكە، چارۋىچىلار ئۇيدا يەر (ئويمانلىق) نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر ئېگىز قۇم دۆۋىسى بار يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۆي - قوتان سالغان. شۇنىڭ بىلەن «دۆڭقوتان» دەپ ئاتالغان.

2) مىرسالى كەنتى بۇ، 1958 - يىلى دۆڭقوتان گۇڭشېسىنىڭ 1 - چوڭ ئەترىتى ئىدى، 1981 - يىلى مىرسالى چوڭ ئەترىتىگە، 1984 - يىلى مىرسالى كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى.

«مىرسالى» دېگەن ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، قەدىمكى زاماندا يەرلىك ئەمەلدار ياڭ دارېننىڭ پۇتۇكچىسى مىرسالى دېگەن كىشى چارۋىچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ مۇشۇ يەردە ئۆستەڭ چېپىپ كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كەلگەچكە بۇ جاي شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان؛ يەنە بىرى، تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ توڭجى يىللىرىدا نىياز ئىسىملىك بىر يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ پۇتۇكچىسى مىرسالى دېگەن كىشى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغاچقا، بۇ جاي شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

3) قارچۇغا كەنتى بۇ ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئەگىمىگە جايلاشقان كەنت. 1893- يىلى بۇ يەر ئاقىش ئاخۇننىڭ خانىقاسى دەپ ئاتىلاتتى، «ئاقىش ئاخۇن» بىر دىنىي زاتنىڭ ئىسمى ئىدى. مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) بەزى كىشىلەر بۇ يەردىن تور سېلىپ ناھايىتى نۇرغۇن قارچۇغا تۇتقاچقا، بۇ جاي «قارچۇغا» دەپ ئاتالغان. بۇ، قارچۇغا بار يەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىن ئىستېمال جەريانىدا تەدرىجىي ئاددىيلىشىپ قارچۇغا دەپ ئۆزلەشكەن.

### 5. تارىم يېزىسىدىكى يەر ناملىرى

1) خادادۆڭ كەنتى     چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كورلا بىلەن لوپنۇرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ياغاچ خادا سانجىپ بەلگە قىلىنغان. دەسلەپكى چاغلاردا بۇ يەر لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئۇقتىسى ئىدى. 1958 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بۇ يەردە تارىم 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1 - شۆبە دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. 1960 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى تارىم گۇڭشېسى 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ2- ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە بۇ يەرگە 1 - چوڭ ئەترەت ئورگىنى جايلاشتى. 1981 - يىلى خادادۆڭ چوڭ ئەترىتى دەپ نام بېرىلدى. 1984 - يىلى خادادۆڭ كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى.

2) ئاقسوپى كەنتى     رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاقسوپى ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەردە مال باققاچقا، بۇ يەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 - يىلى چوڭكۆل گۇڭشېسىغا قارايدىغان بولدى. 1960 - يىلى تارىم گۇڭشېسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1984 - يىلى ئاقسوپى كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى.

3) چوڭكۆل كەنتى     200 نەچچە يىل ئىلگىرى چارۋىچىلار چوڭكۆل بويىدا بىر قىشلاق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا چوڭكۆل دەپ نام بەرگەن. 70 - يىللاردا ئوتلاقلاردا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، چارۋىچىلار كېيىنى - كەينىدىن ھازىرقى ئەۋەل دېگەن يەرگە كۆچۈپ باردى، ئۇلار ئەۋەل دېگەن يەرنى يەنىلا چوڭكۆل دەپ ئاتاۋەردى. 1984 - يىلى چوڭكۆل كەنتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

جۇۋاز كەنتى     چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ يەردە قىچىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان، كىشىلەر جۇۋازدا ياغ تارتقاچقا، بۇ يەرنىڭ نامى جۇۋاز نامى بىلەن ئاتالغان. 1971- يىلى چوڭ ئەترەت («شىنجيەن» چوڭ ئەترىتى) بولۇپ قۇرۇلدى، 1981 - يىلى جۇۋاز چوڭ ئەترىتىگە، 1984 - يىلى جۇۋاز كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى.

5) ئويمانكۆل كەنتى     رىۋايەتلەرگە قارىغاندا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەردىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭقۇر كۆل بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆل سۈيى قۇرۇپ كېتىپ چارۋىچىلار كۆچۈپ كەتكەن. 1979 - يىلى گۇڭشې ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى سۇ ئىنشائاتى ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە سۇ ئىنشائاتى ئەترىتى مۇشۇ يەردە تۇردى. 1984 - يىلى ئويمانكۆل كەنتىگە ئۆزگەرتىلدى.

# باب II

# تەبىئىي مۇھىتى

## § 1. گېئولوگىيە

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ گېئولوگىيىسى تارىم رايونى بىلەن تائېرتاغ رايونىنىڭ

گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. پروتېروزويى ئېراسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە تارىم رايونى بىلەن تەڭرىتاغ رايونى يەنىمۇ پۈرۈلمىلىشىپ شەكلى ئۆزگىرىپ، پلاتفورمىلىق ئۇل ئاستىنى ھاسىل قىلغان.

سىنئان دەۋرى: بۇ دەۋردە ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، ھەممە يەرنى مۇزلۇقلار قاپلاپ كەتكەن، تارىم يەنىلا مۇقىم دېڭىز رايونى ھېسابلىناتتى، شىمالىي گىرۋەكتىكى يەر پوستى بىر قەدەر ھەرىكەتچان بولۇپ، مۇزلۇق ۋە دۆغ ئېقىم چۆكۈندىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇقتاغدا يەر قاتلاملىرى ئېچىلىپ قالغان. بۇ دەۋرگە تەۋە خېلى مۇكەممەل بولغان ئۈچ مۇز دەۋرى، ئىككى ئۈزۈك مۇز دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، جىنسلار ئاساسەن، قۇم تاش، گىل تاش، يانار تاغ لاۋىلىرى قىستۇرۇلغان جىنسلار، توف ۋە مۇز دۆمبەل لايلىق شېغىل جىنسلاردىن تەركىب تاپقان. ئاخىرقى سىنئان ئېپوخاسىدا قۇرۇقتاغ رايونى يېرىم قامالما ھالەتتىكى پلاتفورما بولۇپ شەكىللەنگەن.

كېمبىرىي دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم دېڭىز رايونىنىڭ غەربىي تەرىپى تېيىز، شەرقىي تەرىپى چوڭقۇر بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى 4 ـ سىستېمىغا مەنسۇپ چۆكۈندىلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. قۇرۇقتاغ قۇرۇقلۇق بۇسۇغا گىرۋىكىدىكى ئويمانلىق سىزىقسىمان دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق بوسۇغا فاتسىيە بەلبېغىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ چۆكۈندە جىنىسلىرى ئاساسلىقى، رادىئوئاكتىپلىق كرېمنىي جىنس، كاربوناتلىق سلانېتس، مېرگېل، قېتىشمىسىمان فوسفورلۇق جىنس ۋە ھاك جىنسلاردىن، قىسمەنلىرى ئارىلاشما يانار تاغ جىنىسلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 120 مېتىردىن 1200 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

ئوردوۋىك دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم يەنىلا دېڭىز فاتسىيىسى ھېسابلىنىپ، قۇرۇقتاغ تېيىز دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق بوسۇغا فاتسىيىسىگە، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپى قۇرۇقلۇق بۇسۇغا گىرۋىكىدىكى ئويمانلىق فاتسىيىسى بەلبېغىغا تەۋە بولغان، چۆكۈندىلەر ئاساسلىقى، ھاك جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ. ئاخىرقى مەزگىللەردە تارىم رايونىدا ئاساسلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى كۆرۈلگەن، بۇ مەزگىلدە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، دېڭىز ئوكيانلاردىكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. بۇ مەزگىلدىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە ئوتتۇراھال نېفىت ھاسىل قىلغۇچى جىنسلار بار ئىدى.

سىلۇر دەۋرى: بۇ دەۋردە لوپنۇر ناھىيىسى تارىم دېڭىزىدىكى تېيىز دېڭىز رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار قۇرۇقلۇق مەنبەلىك ئۇۋاق جىنسلار ئارىسىغا قىستۇرۇلغان كاربوناتلىق چۆكۈندىلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 720 مېتىردىن2000 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جىنسلار قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاشلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئاخىرقى سىلۇر ئېپوخاسىغا كەلگەندە، ئاخىرقى كالېدون ھەرىكىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغاچقا، دېڭىز سۈيى ناھىيە تەۋەسىدىن چېكىنىپ، تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئارالنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كېلىپ توختىغان، ئارالنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىككى دەريادىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

دېۋون دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم دېڭىزىنىڭ سۈيى يەنىمۇ تارتىلىپ كەتكەن. قۇرۇقتاغنىڭ شەرقى، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى دەسلەپكى دېۋون دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ قېلىنلىقى 300 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جىنسلار قۇم تاشنى ئاساس قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقى بىلەن جەنۇبى قۇرۇقلۇق چۆكۈندە فاتسىيە بەلبېغى ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرقى دېۋون مەزگىلىگە

كەلگەندە، دەسلەپكى گېرتسىن ھەرىكىتى ناھايىتى نۇرغۇن جايلارنى ئېگىز - پەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئاراللار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئېدىرلىق بولۇپ قالغان، تارىم دېڭىزى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. لوپنۇر ناھىيىسى دەل ئېدىرلىق بىلەن تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇرۇقتاغنىڭ ئالدى دەريا ئېقىنى فاتسىيىلىك چۆكۈندە رايونىغا توغرا كېلىپ قالغان، جىنسلار يىرىك قۇم تاش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 1200 مېتىردىن ئاشىدۇ.

تاش كۆمۈر دەۋرى: بۇ دەۋردە شىنجاڭدا غەربتىن شەرققە قاراپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەڭ كۆلەمدە دېڭىز تاشقىنى كۆرۈلگەن. تارىم دېڭىزى مۇقىم بولغان تېيىز دېڭىزغا ئايلىنىپ قالغان، ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ شىمالىي قىسمى يەنىلا تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئارالدا قالغان، تارىم دەرياسى غەربىي قىرغىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يەنىلا تارىم دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاخىرقى دېۋون دەۋرىدىكى ئۈسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ چېكىنىشى ۋە دېڭىز - ئوكيان ئۈسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېڭىز تاشقىنىنىڭ دېڭىزدىكى كۆچى تۈپەيلىدىن تەخمىنەن 1000 نەچچە مېتىرلىق قېلىنلىقتىكى قۇم تاش تەركىبلىك يىرىك ھەم ئۆۋىندىلىق ماددا چۆكۈندىلىرى پەيدا بولغان، بۇ مەزگىلدىكى چۆكۈندىلەر خېلى ياخشى نېفىت ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

پېرم دەۋرى: بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىلىك شارائىتىدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولغان گېئولوگىيىلىك دەۋردۇر. دېڭىز سۈيى غەربكە چېكىنگەچكە، تارىمنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىدا قۇرۇقلۇق ھاسىل بولۇپ، تارىمنىڭ شىمالىدىكى قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاشقان. ناھىيە تەۋەسىدىكى پېرم دەۋرگە مەنسۇپ بولغان چۆكۈندىلەر ئاساسلىقى، قۇرۇقلۇق فاتسىيىسىدىكى يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىققان ۋە دەريا فاتسىيىسىدىكى ئۆۋىندى چۆكۈندىلەر تۈزلەڭلىككە ھەم جىلغىلارغا تارقالغان.

ترىئاس دەۋرى: بۇ دەۋردە قۇرۇقلۇق داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان. قۇرۇقتاغدا داۋاملىق تۈردە تاغ ئېتەكى دۆۋىلەنمە فاتسىيىلىك يىرىك ئۆۋىندى چۆكۈندىلەر ھەم دەريادىكى كۆل فاتسىيىلىك ئۆۋىندى لاتقىلىق چۆكۈندىلەر پەيدا بولغان. ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ چوقچىيىپ چىقىپ، تارىمنى نىسبىي ھالدا پەس يەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇرا دەۋرى، بور دەۋرى، ترىئاس دەۋرىدىن ئىبارەت بىرنەچچە گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردە كۆرۈلگەن گېئولوگىيىلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقىدەك گېئولوگىيىلىك ھالەت شەكىللەنگەن.

## § 2. يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشى تارىم ئويمانلىقى، كۇئېنلۇن تاغتىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى، تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ئاگېنت رولىغا ۋە تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، ئويمانلىق ياقىسى يەر تۈزۈلۈشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەس بولۇشىنى بەلگىلىگەن، ئويمانلىقنىڭ ئىچكى سۇ سىستېمىسىدىكى دەريا - ئېقىنلار تاغ ئېتىكىدىن ئويمانلىققا توپلانغاندىن كېيىن، جەنۇبتىن

شىمالغا قاراپ، غەرب تەرەپتىكى چەت ئەگرى - توقايلىقلارنى بويلاپ شەرققە قاراپ ئېقىپ، ئومۇمىي ئېقىن يۆنىلىشىنى ھاسىل قىلغان. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي - شىمالىي قىسمىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئەڭ پەس بولۇپ، ئۇ، تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەر قايسى دەريا سىستېمىلىرىنىڭ ماكانى ھېسابلىنىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان لوپنۇر ناھىيىسى رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى سەل ئېگىزرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پەس ۋە چەت ئويمانلىققا مەنسۇپ بولۇپ، پۈتكۈل ئويمانلىقنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى تۇتاشقان جاي دەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايى ھېسابلىنىدۇ. لوپنۇر كۆلى بىلەن تېتىما كۆلى كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى كۆلىگە ئايلىنىپ قالغان. يېقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا كۆپ مىقداردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ بىر قىسىم سۇ ئامبارلىرى ياسالدى، ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى پەقەت داشىكۆلگىچىلا ئېقىپ بارالايدۇ.

ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىنى تۆت گېئومورفولوگىيىلىك ئېلېمېنتقا ئايرىش مۇمكىن.

## 1. تاغلىق

شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئوتتۇراھال پەس تاغلىق جاي بولۇپ، كۆلىمى 7527.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىردىن 2782 مېتىرغىچە ئېگىز، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 مېتىر ئەتراپىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاغلىق رايونلار بىلەن خوشۇت ناھىيىسى تۇتاشقان جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى نىسبەتەن ئېگىزرەك بولۇپ، ئورنى كۆپ ھاللاردا دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، قالغان تاغلىق جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى پەس بولۇپ، پەس تاغلىق ۋە يانتۇ كەتكەن يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلىق چۆللۈككە مەنسۇپ.

قۇرۇقتاغدىكى شىڭدى تاغ تىزمىسى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىردىنبىر تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇ، لوپنۇر بازىرىنىڭ 180 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ، تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ بىر تارماق تىزمىسىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى غەربىي تاغ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2782 مېتىر ئېگىز. غەربىي تاغدىن سىڭگىرنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلار شىمال، شەرق، جەنۇب يۆنىلىشىدە يانتۇ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1200 مېتىردىن 1700 مېتىرغىچە پەسلەپ بارىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ نىسبىي كېسىك چوڭقۇرلۇقى 200 مېتىردىن 300 مېتىرغىچە بولۇپ، تېيىز كېسىك ئوتتۇراھال تاغلىقتىن ئىبارەت.

تاغ ئارىلىقلىرىدا بىر نەچچە ئوچۇق كىچىك ئويمانلىق بار، بىر قەدەر چوڭراق بولغانلىرىدىن شىڭدى ئويمانلىقى (كۆلىمى 264.1 كۋادرات كىلومېتىر)، سۆگەت ئويمانلىقى (كۆلىمى 109.6 كۋادرات كىلومېتىر) بار.

قۇرۇقتاغنىڭ تاغ بۆلگۈچ چوققىسى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن باغراش ناھىيىسى، خوشۇت

ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرىنىڭ چېگرا سىزىقى ھېسابلىنىدۇ.

تاغلىق جايلارنىڭ يەر يۈزى يېمىرىلگەن ئاشكارا جىنس ۋە شېغىللىق چۆللۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، پەقەت يالانغان كېسەكلەر چوڭقۇرراق بولغان جىلغا ۋە ئويمانلىقلارغا قارىياغاچ، سۆگەت، پاقا تېرەك، ئازغان قاتارلىق دەرەخ ۋە چاتقاللار ھەمدە قومۇش، چىغ، نىجىم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز جايلارغا قۇرغاق، قۇملۇق جايلاردا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ تارقالغان.

ئاساسلىق جىلغىلاردا ئاز مىقداردا تاغ بۇلاقلىرى بولۇپ، ئۇزۇلمەي ئاققان ئېقىنلار شىڭدى، سۆگەتتىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئېقىنىنى ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا 200 لېتىردىن 300 لېترغا يېتىدۇ. تاغلىق جايلارنىڭ ئاساسلىق تۇپرىقى شېغىللىق، قۇملۇق، قوڭۇر تۇپراقتىن تەركىب تاپقان، ئايرىم جىلغىلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان قۇم تۇپراق بار.

## 2. قۇرۇقتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى لاتقىلىق يانتۇ چۆللۈك

قۇرۇقتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە تاغ يۈنىلىشىنى بويلاپ، دىئامېترى 12 مىللىمېتىردىن 30 مىللىمېترغىچە كېلىدىغان بىر قىسىم چوڭ - كىچىك يۇمىلاق تاشلاردىن تەركىب تاپقان يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلار تارقالغان بولۇپ، ئۇلار يانتۇ كەتكەن چۆللۈكنى ھاسىل قىلغان. بۇ چۆللۈكنىڭ كۆلىمى 9775.1 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1200 مېترغىچە ئېگىز، يانتۇلۇقى 1/350 تىن 1/900 غىچە كېلىدۇ. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، قۇملۇقتا، قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئاساس قىلىنىدۇ، سېرىق كەندىر، سۆكسۆك قاتارلىقلار بار. تۇپرىقى شېغىل ئارىلاش قۇملۇق قوڭۇر تۇپراقتىن ئىبارەت.

## 3. كۆنچى، تارىم دەريالىرى بويىدىكى ئېقىندى - شامال چۆكۈندى تۈزلەڭلىك

بۇ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ بىر ئاز پەسىيىپ بارىدىغان تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ 751.8 كۋادرات كىلومېتىر، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتىردىن 940 مېترغىچە ئېگىز، يەر ئۈستى يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/4000 كېلىدۇ، بۇ تۈزلەڭلىك كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىم رايونىغا جايلاشقان، بۇ ئىككى دەريا ئېقىنى كۆپ قېتىم ئۆز ئارا ئېقىن ئۆزگەرتىپ بىرلىشىپ ئېقىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك تۈتىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ قالغان. ھازىرقى كۆنچى دەرياسى شىمال تەرەپتىن ناھىيە تەۋەسىگە كىرىدۇ، شەرقتىن غەربكە قىيپاش ئېقىپ تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقىي يېرىمىدىن ئۆتىدۇ، دەريانىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 574 كىلومېترغا يېتىدۇ. تارىم دەرياسى غەربىي تەرەپتىن ناھىيە تەۋەسىگە كىرىپ ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ، كېيىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ قارادايغا بارغاندا ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەريانىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 614 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىككى دەريا ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، دەريائەگرى - توقاي.

كۆنچى دەرياسىنىڭ دەريا قىنى چوڭقۇر، تار ھەم مۇقىم، تارىم دەرياسىنىڭ دەريا قىنى كەڭ ھەم تېيىز، كۆپلەپ لاتقا تىنىپ كېتىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تارماق ئېقىنلىرى ناھايىتى كۆپ، بىر قەدەر چوڭراق بولغانلىرىدىن ئوسمان دەرياسى، لاي دەرياسى،

چايان دەرياسى قاتارلىقلار بار. 1992 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنى رايونلارغا ئايرىش ۋاقتىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تارماق دەريا ئېقىنلىرى كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا ئېقىنغا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 100 دىن ئاشىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆل، سازلىق، كۆلچەكلەر يۇلتۇزلاردەك تارقالغان. بۇ ئىككى دەريا ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىك جەھەتتە ئىلگىرى دەريا قىرغىقىدىكــى يەرلەرنىڭ سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن. بۇ ئىككى دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا ۋە تارماق دەريالارنىڭ بويلىرىغا توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق دەرەخلەر ۋە چاتقاللار تارقالغان. دەريا ساھىلى ۋە سۇ يۈزى ئەتراپلىرىدا ئوت ـ چۆپلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن ھەمدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم دۆۋىلىرى تارقالغان.

تۇزلەڭلىك رايونىنىڭ كلىماتى قۇرغاق، بوران ـ قۇم ھەرىكىتى بەكمۇ تېز بولۇپ، سېلىنچىنىڭ ئاستىنقى يۈزى كۆپرەك قۇم مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان. تۇپرىقى توغراقلىق تۇپراق، چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، قۇم ـ بوران تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇپرىقى كۆپ ھاللاردا نەم تۇپراققا كىرىدۇ.

## 4 . جەنۇبىي قۇملۇق

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى قۇملۇقلار ۋە قۇرۇق قۇم قۇملۇقى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، قۇملۇق شىمالدىن تارىم دەرياسى تۇزلەڭلىكىگە سوزۇلۇپ كىرىپ، بوستانلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بوستانلىق ئىچىدە كۆپلىگەن قۇملۇق يەر ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇملۇق بىلەن قۇملاشقان يەرلەرنىڭ كۆلىمى 31 مىڭ 9 . 705 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1040 مېتىرغىچە ئېگىز. قۇملۇقلار ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك قۇم دۆۋىلىرى، قۇم قىرلىرىدىن تەركىب تاپقان كۆپ شەكىللىك قۇملۇق مەنزىرىسىدىن ئىبارەت.

## § 3 . كلىماتى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ كلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كلىماتىغا كىرىدۇ، سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ پەرقى ئۆزگىچە، تېمپېراتۇرىنىڭ يىــل، ئايلار ئارا ئۆزگىرىشى زور، ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى كۆپ ھاللاردا ℃36 ئەتراپىدا بولىدۇ، بىر كۈن ئىچىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش پەرقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ℃17 تىن ℃18 قا يېتىدۇ. قىشتا قۇرۇق سوغۇق، يازدا پىژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ئەمما تۇراقلىــق بولمايدۇ، كۈزدە تېمپېراتۇرا تېزلا تۆۋەنلەيدۇ. يىللىق ئىسسىقلىق مىقدارى مول، ئەمما تۇراقلىق بولمايدۇ. ھاۋاسى قۇرغاق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ھۆل ـ يېغىن ئاز، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى زور، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2975 سائەت كۈن نۇرى چۈشىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى كەڭ، يەر شەكلى ۋە يەر تۈزۈلۈش پەرقىگە قاراپ، ناھىيىنى ئۈچ كلىمات رايونىغا ئايرىش مۇمكىن: 1) شەرقىي ـ شىمالىي قىسمىدىكى شىگدى تاغلىق كلىمات رايونى؛ 2) تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تۇزلەڭلىك كلىماتى رايونى؛ 3) تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇرۇق قۇم قۇملۇقىنىڭ شىمالىي رايونى.

### 1. تېمپېراتۇرا

ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۈچ كىلىمات رايونىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق: ئەتىياز ۋە كۈزدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى زور، قىش ۋە يازدا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى كىچىك. لېكىن تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى ناھايىتى روشەن بولىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر يىل ئىچىدە 1 ـ ئايدا ئەڭ سوغۇق، 7 ـ ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى يەنى بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە پەرقى جەھەتتە، تاغلىق رايونلارنىڭ 32℃ تىن 33℃ قا، تۈزلەڭ رايونلارنىڭ 36℃ قا يېتىدۇ.

يازدا شىگدى تاغلىق رايوننىڭ كىلىماتى ئىسسىق بولىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 34℃ تىن 35℃ قىچە بولىدۇ، تۈزلەڭلىكلەرنىڭ كىلىماتى پىژغىرىم ئىسسىق بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40℃ تىن 42℃ قىچە بولىدۇ. 1972 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇرۇق قۇم قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى جايلارنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 44.5℃ قا يەتتى.

1985 ـ يىلى لوپنۇر بازىرى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىنىپ مۇنۇلار ئېنىقلاندىكى، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.1℃، ئەڭ سوغۇق بولغان 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.2℃ـ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا 22.6℃ـ بولدى؛ ئەڭ ئىسسىق بولغان 7 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.6℃، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38.3℃ بولدى؛ تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى 36.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12.7℃ بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە تومۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان كۈن ئۇزۇنراق ھەم ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. لوپنۇر بازىرىنى مىسالغا ئالساق، 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئالتە يىلدا 30℃ تىن يۇقىرى بولغان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كۈن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 88 كۈن ئەتراپىدا بولدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر يىلى (1984 ـ يىلى) 94 كۈنگە يەتتى، بۇنداق ئەھۋال ئادەتتە 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈلىدۇ. 10℃ـ تىن تۆۋەن بولغان قەھرىتان سوغۇق كۈن يىلىغا 85 كۈن بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئادەتتە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن ياندۇرقى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈلىدۇ.

**لوپنۇر ناھىيىسى كىلىمات رايونىنىڭ تۆت پەسىلگە ئايرىلىشى ۋە كۈن سانى**

1 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

<table dir="rtl">
<tr><td rowspan="3">پەسىل / ئاي / باشلانغان كۈن ۋە كۈن سانى / كىلىمات رايونى</td><td colspan="6">ئەتىياز</td><td colspan="6">ياز</td><td colspan="6">كۈز</td><td colspan="6">قىش</td></tr>
<tr><td colspan="2">3 ـ ئاي</td><td colspan="2">4 ـ ئاي</td><td colspan="2">5 ـ ئاي</td><td colspan="2">6 ـ ئاي</td><td colspan="2">7 ـ ئاي</td><td colspan="2">8 ـ ئاي</td><td colspan="2">9 ـ ئاي</td><td colspan="2">10 ـ ئاي</td><td colspan="2">11 ـ ئاي</td><td colspan="2">12 ـ ئاي</td><td colspan="2">1 ـ ئاي</td><td colspan="2">2 ـ ئاي</td></tr>
<tr><td colspan="3">باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن)</td><td colspan="3">كۈن سانى (كۈن)</td><td colspan="3">باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن)</td><td colspan="3">كۈن سانى (كۈن)</td><td colspan="3">باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن)</td><td colspan="3">كۈن سانى (كۈن)</td><td colspan="3">باشلانغان كۈن (ئاي/كۈن)</td><td colspan="3">كۈن سانى (كۈن)</td></tr>
<tr><td>ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرىدىكى تۈزلەڭ رايونلار</td><td colspan="3">26/2</td><td colspan="3">89</td><td colspan="3">26/5</td><td colspan="3">106</td><td colspan="3">9/9</td><td colspan="3">69</td><td colspan="3">18/11</td><td colspan="3">101</td></tr>
</table>

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەكلىماكان قۇملۇقى، قۇرۇق قۇم قۇملۇقىنىڭ شىمالى | 25/2 | 84 | 20/5 | 118 | 15/9 | 61 | 15/11 | 102 |
| شىمالىي تاغ رايونى | 15/3 | 98 | 11/6 | 52 | 12/8 | 81 | 1/11 | 134 |

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە قىراۋسىز مەزگىل تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە 185 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل بىلەن ھەر يىللىق ئەمەلىي ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا ئادەتتە ناھايىتى زور پەرق بار، مەسىلەن: 1957 ـ يىلى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا قىراۋسىز مەزگىل 144 كۈنگە، 1977 ـ يىلى 212 كۈنگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى يىلنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى 66 كۈن پەرقلەنگەن. دەسلەپكى قىراۋ ئادەتتە 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 80% تىن يۇقىرى بولغان قىراۋ 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى باشلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىملىرىدىكى
تۈزلەڭلىكلەرنىڭ قىراۋسىز مەزگىلىنىڭ باشلىنىش —
ئاخىرلىشىش ۋاقتى ۋە كۈن سانى (>0℃)

1 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / ئورنى | ئاخىرلاشقان ۋاقتى: ئوتتۇرىچە (كۈن/ئاي) | ئاخىرلاشقان ۋاقتى: كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 80% | ئاخىرلاشقان ۋاقتى: كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 90% | باشلانغان ۋاقتى: ئوتتۇرىچە (كۈن/ئاي) | باشلانغان ۋاقتى: كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 80% | باشلانغان ۋاقتى: كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 90% | قىراۋسىز مەزگىل (كۈن): ئوتتۇرىچە | قىراۋسىز مەزگىل (كۈن): كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 80% | قىراۋسىز مەزگىل (كۈن): كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 90% | يىللىق ئەڭ كۆپ قىراۋسىز مەزگىل | يىللىق ئەڭ ئاز قىراۋسىز مەزگىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | 11/4 | 16/4 | 17/4 | 13/10 | 18/10 | 15/10 | 184 | 175 | 171 | 212 | 144 |
| قۇرۇقتاغ | 12/4 | 14/4 | 15/4 | 16/10 | 24/10 | 19/10 | 188 | 175 | 170 | 208 | 150 |
| تىكەنلىك | 12/4 | 17/4 | 19/4 | 14/10 | 22/10 | 18/10 | 185 | 173 | 169 | 212 | 157 |

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1960 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى**

بىرلىكى ℃

1 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| ئاي / تۈرى | 1 - ئاي | 2 - ئاي | 3 - ئاي | 4 - ئاي | 5 - ئاي | 6 - ئاي | 7 - ئاي | 8 - ئاي | 9 - ئاي | 10 - ئاي | 11 - ئاي | 12 - ئاي | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | −9.8 | −3.6 | 6.3 | 14.7 | 20.9 | 24.7 | 26 | 25.2 | 19.1 | 10.3 | 0.3 | −7.9 | 10.6 |
| يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 6.3 | 15.3 | 27.3 | 34.8 | 38.1 | 41.3 | 41.9 | 42.2 | 37.3 | 31.1 | 21.4 | 8.8 | 42.2 |
| تۆۋەن تېمپېراتۇرا | −30.9 | −22.8 | −13.6 | −8.4 | −1 | 2.3 | 8.6 | 6.5 | −0.7 | −7.8 | −17.1 | −25.5 | −30.9 |

## 2. ھۆل - يېغىن، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ھۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىردىن 150 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. 1964 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 43 مىللىمېتىرغا يەتتى، لېكىن سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2700 مىللىمېتىرغا يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 62.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1) يامغۇر لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغىدۇ، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 43.1 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1961 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى**

1 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| تۈرى | 1 - ئاي | 2 - ئاي | 3 - ئاي | 4 - ئاي | 5 - ئاي | 6 - ئاي | 7 - ئاي | 8 - ئاي | 9 - ئاي | 10 - ئاي | 11 - ئاي | 12 - ئاي | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 25 يىللىق جەمئىي | 19.5 | 9.3 | 27.5 | 49.3 | 137.5 | 223.6 | 255.4 | 231.5 | 63.1 | 30.2 | 20.7 | 10.2 | 1077.8 |
| 25 يىللىق ئوتتۇرىچە | 0.8 | 0.4 | 1.1 | 2 | 5.5 | 8.9 | 10.2 | 9.3 | 2.5 | 1.3 | 0.8 | 0.4 | 43.1 |

ھۆل - يېغىنىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىشى زور، پەسىللەرگە تەقسىملىنىشى ناھايىتى تەكشىسىز، ھۆل - يېغىن يازدا كۆپ، قىشتا ئاز، تاغلىق رايونلاردا كۆپ، تۈزلەڭلىكتە ئاز، غەربىي شىمالدىكى جايلاردا كۆپ، شەرقىي جەنۇبتىكى جايلاردا ئاز. تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل-يېغىن ئاساسەن دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىردىن 2500 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلارغا مەركەزلەشكەن، بەزى چاغلاردا يامغۇر مەركەزلىك ياغىدۇ، بولۇپمۇ گۈلدۈرماملىق ئۆتكۈنچى يامغۇر شىددەت بىلەن ياغىدۇ، ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، بەزىدە مۆلدۈرگە ئايلىنىپ دېھقانچىلىققا

ۋە خەلقنىڭ ھاياتى مال ـ مۈلكىگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالىدۇ.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بىر نەچچە رايوننىڭ 1960 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ۋە كۈن سانى**

1 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| رايونلار | ھۆل ـ يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | ھۆل ـ يېغىنلىق كۈن سانى |
|---|---|---|
| قۇرۇقتاغ رايونى | 100 — 150 | 30 — 35 |
| قودۇم بۇلاق، سايىت بۇلاقتىن سىڭىر رايونىغىچە | 70 | 30 |
| شىنىغىدىن سايچېكىگىچە | 50 | 25 — 30 |
| شىنىغىنىڭ جەنۇبى، چارانىڭ شىمالى | 40 | 20 |
| تىكەنلىكنىڭ جەنۇبى | 30 | 15 |

2) قار    لوپنۇر ناھىيىسىدە قار ئاز ياغىدۇ، كۆپ يىللاردا قار نېپىز ياغىدۇ، قارنىڭ توپلىنىش ۋاقتىمۇ قىسقا بولىدۇ.

ئىككى دەريا (تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى) بويىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا دەسلەپكى قار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى باشلىنىپ، ياندۇرقى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى قار ئەڭ بالدۇر ياغقان يىللىرى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياغقان، ئەڭ كېچىكىپ ئاخىرلاشقان يىللىرى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە سوزۇلغان؛ بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 3.3 كۈن قار ياغىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر يىلدا قار ياغقان ۋاقىت 14 كۈنگە يېتىدۇ، بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى ـ ئۈچ مىللىمېتىر قار ياغىدۇ، بۇ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ تۆت ـ يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

شىڭدى تاغلىق رايونىدىكى قار مىقدارى، قار توپلىنىش ۋاقتى بىلەن يېغىلما قارنىڭ قېلىنلىقى تۈزلەڭ رايونلاردىكىدىن زور (ۋاقتى ئۇزۇن، قېلىن) بولىدۇ، دەسلەپكى قار ياغقان ۋاقىت ۋە قارنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزلەڭ رايونلاردىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ ياكى كېچىكىدۇ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش ـ يەتتە مىللىمېتىر قار ياغىدۇ، بۇ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ تۆت ـ يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، قار ئەڭ كۆپ ياغقان يىللىرى 15 مىللىمېتىرغا، يېغىلما قارنىڭ قېلىنلىقى 15 ـ 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ.

### 3. شامال

لوپنۇر ناھىيىسىدە شامال ئاساسەن شىمالدىن شەرققە قىيپاش يۆنىلىشتە چىقىدۇ، شامال كۈچى ۋە چاستوتىسى جەھەتتە شەرقىي شىمال شامىلى ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا شامال

جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش چىقىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 كۈن سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ، قۇم ئارىلاش بورانلىق كۈن 1.23 كۈنگە (ئادەتتە 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە)، چاڭ ـ توزانلىق كۈن 2.24 كۈنگە يېتىدۇ (ئادەتتە 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە)، بۇ ھال دېھقانچىلىق ۋە خەلقنىڭ ھاياتىغا بىر قەدەر ئېغىر زىيان سالىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە بوراننىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياڭپىڭلى ئەتراپىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 كۈن بوران چىقىدۇ.

قۇرۇقتاغ رايونىنىڭ تاغ چوققىلىرىدا، تاغ ئېغىزىدىكى ۋادىلاردا ھەممە تۇزلەڭلىككە جايلاشقان شىنىغا قاتارلىق جايلاردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 33 كۈن بوران چىقىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 57 كۈنگە، ئەڭ ئاز بولغان يىللىرىمۇ 21 كۈنگە يېتىدۇ. بىر يىلنىڭ ھەر قايسى ئايلىرىدا دېگۈدەك بوران چىقىپ تۇرىدۇ، لېكىن 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بوران چىقىش ئېھتىمالى ئەڭ زور بولىدۇ.

شىنىغا رايونىنىڭ جەنۇبىدىن چوڭكۆلگىچە، مىرسالىدىن ئاقسوپىغىچە بولغان جايلاردا، شىڭدى ئېغىنىنىڭ تەسكەي جايلىرىدا ھەممە داشكۆل، تىكەنلىكتىن قاردايىنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلاردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كۈن بوران چىقىدۇ؛ ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 39 كۈنگە، ئەڭ ئاز بولغان يىللىرى ئاران بەش كۈنگە يېتىدۇ. بىر يىلدا 12 ـ ۋە 1 ـ ئايلاردا بوران چىقمىغاندىن باشقا، قالغان ئايلاردا دېگۈدەك بوران چىقىدىغان كۈنلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بوران چىقىش ئېھتىمالى ئەڭ زور بولىدۇ، بۇ ۋاقىت بوران چىقىدىغان ئومۇمىي كۈننىڭ 70.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يېڭىمەھەللە، قارچۇغىدىن ئۇلۇقكۆلگىچە بولغان جايلاردا يىلىغا پەقەت ئالتە كۈن بوران چىقىدۇ، ئەڭ كۆپ چىققان يىللىرىمۇ پەقەت 14 كۈنگە يېتىدۇ، 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بوران چىقىدىغان كۈنلەرمۇ بار، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بوران چىقىش ئېھتىمالى ئەڭ زور بولىدۇ، بۇ، بوران چىقىدىغان ئومۇمىي كۈننىڭ 87.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## § 4. گىدرولوگىيە

### 1. دەريا ـ ئېقىن

ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا ـ ئېقىنلاردىن تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى بار، قۇرۇقتاغ رايونىدا ئاز مىقداردا بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان جىلغا سۇلىرى بار.

1) تارىم دەرياسى   بۇ، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1280 كىلومېتىر (تارىم دەرياسى سىستېمىسىغا تەۋە بولغان دەريا ـ ئېقىنلار دېگۈدەك پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان)، غول ئېقىنى ناھىيىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرىدا تېتىما كۆلى (ھازىر پەقەت لوپنۇر ناھىيىسىدىكى داشكۆل سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ) گە قۇيۇلىدۇ، دەريانىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئېقىن مۇساپىسى 614 كىلومېتىر كېلىدۇ.

1957 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە بولغان گىدرولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتقا

قارىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئارال پونكىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 4 مىليارد 920 مىليون كۇب مېترغا، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 157.07 كۇب مېترغا يەتكەن؛ دابا پونكىتىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 3 مىليارد 54 مىليون كۇب مېترغا، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 96.76 كۇب مېترغا يەتكەن؛ قارا پونكىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 933 مىليون كۇب مېترغا، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 30.09 كۇب مېترغا يەتكەن.

تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ قارا دېگەن يەرگىچە بارىدىغان ئېقىن مۇساپىسى 373 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ يەر تۈزلۈكى تەكشى، يانتۇلۇقى كىچىك، قۇم لاتقىلار كۆپ مىقداردا تىنىپ قالغان، دەريا ئەگىمىسى كۆپ، تارماق ئېقىملار ئۆزۈنىسىغا ھەم توغرىسىغا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، مەشھۇر ئون تارماق ئېقىن شەكىللەنگەن، ئۇلار قۇم دەرياسى، ياغىر دەرياسى، بەيزىم دەرياسى، ئوسمان دەرياسى، چايان دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، بېلىق دەرياسى، لىنا دەرياسى، ئەيسادۇگان دەرياسى، ئۇلۇق دەرياسى ھەمدە تەبىئىي سۇلۇق يەر لۇخۇلۇق كۆلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزگىچە سۇ تورلىرى بەلبېغىنى شەكىللەندۈرگەن.

تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئازايغاندا دەريانى بويلاپ ئاقىدۇ، سۇ كۆپەيگەندە تۆت ئەتراپقا يامراپ ئاقىدۇ. دەريا سۈيى دەريا ئارىلىقىدىكى ئويمانلىقلارغا سىڭىپ كېتىپ كۆپ مىقداردا خورايدۇ، سىرغىمىمۇ يەر شارائىتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور بولىدۇ. دابا پونكىتىنىڭ كۆپ يىللىق ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ھەر يىلى 7-، 8-، 9-ئايلار كەلكۈن مەزگىلى، 4-، 5-ئايلار سېلىكسۇ مەزگىلى ئىكەن؛ قارا پونكىتىنىڭ كۆپ يىللىق ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھەر يىلى 8-، 9-، 10-ئايلار كەلكۈن مەزگىلى، 5-، 6-ئايلار سېلىكسۇ مەزگىلى ئىكەن.

**تارىم دەرياسى بويىدىكى ئېقىم مۇساپىسى رايونلىرى ئارىلىقىدا خورىغان سۇ مىقدارى**

1-قىسىم 7-جەدۋەل

| پونكىت نامى | ئارال | يېڭى چىمەن | چوڭ تۈغ | چارا |
|---|---|---|---|---|
| سىرغىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتر) | 49.22 | 41.02 | 30.54 | 9.34 |
| رايونلار ئارىلىقىدىكى خوراش مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتر) | 8.20 | 10.48 | 21.2 | |
| ھەر بىر كىلومېتردىكى خوراش مىقدارى (10 مىڭ كۇب مېتر) | 41.3 | 349.33 | 709.03 | |

2) كۆنچى دەرياسى بۇ دەريا باغراش كۆلىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى باغخاتا تېغىنىڭ باشئەگىم تار جىلغىسى ئارقىلىق ئېقىپ كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ، تۇدۇ ئارقىلىق ناھىيە تەۋەسىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر كۆلى رايونىغا قۇيۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 785 كىلومېتر، لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئېقىن ئۇزۇنلۇقى

574 كىلومېتىر. 60 ـ يىللاردىن كېيىن يۇقىرى ئېقىمدا سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئاشقانلىقتىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى ئارانلا ئاقسۇپى سۇ ئامبىرىغىچە ئېقىپ بارالايدىغان بولۇپ قالدى. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېقىن مۇساپىسى 300 كىلومېتىر قىسقىراپ كەتتى.

**كۆنچى دەرياسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئېقىن ـ سىرغىم مىقدارى**

1 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل

| يىللار | سىرغىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | ئېقىن مىقدارى (كۇب مېتىر/ سېكۇنت) | يىللار | سىرغىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | ئېقىن مىقدارى (كۇب مېتىر/ سېكۇنت) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1970 | 11.98 | 38 | 1978 | 10.12 | 32.1 |
| 1971 | 11.42 | 36.2 | 1979 | 10.2 | 32.6 |
| 1972 | 13.47 | 42.7 | 1980 | 11.57 | 36.7 |
| 1973 | 12.96 | 41.3 | 1981 | 11.6 | 36.9 |
| 1974 | 9.3 | 29.5 | 1982 | 11.6 | 37 |
| 1975 | 9.9 | 31.4 | ئەڭ كۆپ | 13.47 | 42.7 |
| 1976 | 9.81 | 31.1 | ئەڭ ئاز | 9.3 | 31.1 |
| 1977 | 9.81 | 31.1 | | | |

1970 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، كۆنچى دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 1 مىليارد 107 مىليون كۇب مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 35.12 كۇب مېتىر بولغان.

كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۆپ قىسىم ۋادىلىرى تۇپتۇز كەتكەن قۇملۇق ياكى يېرىم قۇملۇق رايونلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۇپىسى بوش، دەريا سۈيىنىڭ چىقىپ كېتىش نەتىجىسىدە دەريا قىنى ئاستىغا ئېروزىيىلىنىپ، ئىككى قىرغاقتىكى ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەسلەپ كەتكەچكە، تەبىئىي زەيكەشكە ئايلىنىپ قالغان. قىرغاقتىكى ئېتىز ـ ئېرىقلار سۇغىرىلغان سۇ ئاساسەن كۆنچى دەرياسىغا كىرىدىغان بولغاچقا، تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ سۇ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ھەر يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا مىنېراللىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ. 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ كۆۋرۈك ئاستىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ خىمىيىلىك تەكشۈرگەندە، ھەر بىر لېتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.77 گرامغا يەتكەن، 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئەۋرىشكە ئېلىپ خىمىيىلىك تەكشۈرگەندە، ھەر بىر لېتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.49 گرامغا يەتكەن.

**1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتىنى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

1 ـ قىسىم 9 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: مىللىگرام/لىتىر

| سۇ سۈپىتىنىڭ خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن تەركىبى | شىكپاك ئۈستىكى | تارىم غول ئۈستىكى كۆۋرۈكى | كۆنچى دەرياسى چوك كۆۋرۈكى |
|---|---|---|---|
| PH | 8.7 | 8.6 | 8.4 |
| ئومۇمىي ئىششىقلىق دەرىجىسى | 21.2 | 13.6 | 16.1 |
| ئومۇمىي تۇز | 1000 | 1570 | 2490 |
| كاربونات | 205 | 275 | 345 |
| سولفات تۇزى | 316 | 479 | 732 |
| ماگنىي | 58.1 | 83.1 | 116 |
| ناترىي بىلەن كالىي | 179 | 333 | 555 |

3) قۇرۇقتاغ رايونىدىكى بۇلاق سۈيى جىلغىسى قۇرۇقتاغ رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم تارقاق بۇلاق سۈيى بار. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يىللىق سۇ مىقدارى 12 مىليون 370 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، تاغلىق رايوندىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگىلا يېتىدىكەن.

## 2. كۆللەر

تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى يەردىن لوپنۇر ناھىيىسىگە كىرىپ چارا دېگەن يەرگىچە بولغان بۆلىكىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈپتۈز، يانتۇلۇقى كىچىك، قۇم لاتقىلار كۆپ مىقداردا تىنىپ قالغان، دەريا ئەگىمىسى كۆپ، تارماق ئېقىنلار ئۆزۈنىسىغا ھەم توغرىسىغا گىرەلىشىپ كەتكەن، چوڭ ـ كىچىك كۆللەر يۈزلىگەن تارقالغان. بۇ كۆللەرنى ئومۇمەن يىلبويى سۇ بار كۆللەر ۋە كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ بار، سىيلىكىش مەزگىلىدە قۇرۇپ قالىدىغان كۆللەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. كەلكۈن كەلگەندە چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بىر بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ، كۆل چېگرىسىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ، سىيلىكىش مەزگىلىدە كۆل چېگرىسى ئېنىق ئايرىلىدۇ، چوڭ كۆللەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 1500 موغا، كىچىك كۆللەرنىڭ كۆلىمى ئون نەچچە موغىلا يېتىدۇ.

## 1985 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان ئاساسلىق كۆللەر

1 ـ قىسىم 10 ـ جەدۋەل

| كۆل نامى | سۇ يۈزى كۆلى(مو) | خاراكتېرى | ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئارا بەرگەن | 500 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| قونچىغان | 1000 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| ئىمىنداشى | 500 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| قاراتېتىر | 300 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| مۇرادىل | 300 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| دىلپار | 500 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| كىمىر | 1000 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| ئېشەك ئۆلدى | 200 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| مازىلمەت | 100 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| ھېيدائازومەت | 40 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| ئاچچىق | 60 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| قىرايچىن | 80 | دائىملىق | تارىم يېزىسى |
| ئاق مەھەللە | 500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| شاربۇلاق | 500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| پۆتلا | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| ماۋاز | 1000 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| ئاچىغ | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| قاغا | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| تۇقاي | 1000 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| تۆپۆل | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| سىدى | 500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| زىلچى | 500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| قاسىمباي | 600 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| شور | 300 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| ياقا | 400 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| ئاچىغ دەريا | 1000 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| قايلاش | 150 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاۋار | 1000 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| مىمىلاق | 300 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| توخۇلا | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| تەيسۇلۇق | 300 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| زىدى | 500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| قۇر | 100 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| بېئىر | 1500 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| يانابېئىر | 600 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| قىمار | 300 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| مارال | 200 | دائىملىق | دۆڭقوتان يېزىسى |
| جەمئىي | 17130 | | |

## 3. يەر ئاستى سۈيى

لوپنۇر ناھىيىسى بوش جىنس يېرىقلىرىغا سىڭىپ كىرگەن سۇ ۋە بېسىملىق سۇ تارقالغان رايون، ئايرىم جايلىرى، مەسىلەن: قۇرۇقتاغ رايونى ساقلانغان يۇشۇرۇن سۇلار تېشىپ چىقىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ، يۇشۇرۇن سۇ قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى50. 70 مېترغا، ئايرىم جايلىرىنىڭ 80 مېترغا يېتىدۇ، يەنە چوڭقۇر قاتلامدىكىسى بېسىملىق سۇ ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل رايوننىڭ سۈيى غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇرۇلۇپ شەرقىي جەنۇبقا ئاقىدۇ. 1983 - يىلى 7 - ئايدىكى تەكشۈرۈشتە، بارلىق يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق چىقىرىلىدىغان مىقدارى تەخمىنەن 12 مىليون 370 مىڭ كۇب مېترغا، ھەر بىر جىلغىنىڭ ئوتتۇرىچە سىرغىمى 1 مىليون كۇب مېترغا، ئەڭ زور بولغان شىگدى جىلغىسىنىڭ سىرغىمى 7 مىليون كۇب مېترغا يېتىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يۇشۇرۇن سۇ ياكى بېسىملىق سۇ بولسۇن، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنىڭ تاتلىق سۇ تەركىبىبىر گىرام/لىتىردىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ مىكرو ئېشقارلىق سۇ تەركىبى بىر گرام/لىتىردىن يۇقىرى، چوڭقۇرلاپ بارغانسېرى مىنېراللىشىش دەرىجىسى شۇنچە ئۆرلەپ، ئون گرام/لىتىردىن 50 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ.

1) تارقىلىشى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاتلىق سۇ، ئاساسەن، لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا ۋە تارىم دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان ئۆگەن دەرياسى ئارىلىقىغا تارقالغان، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى بەش مېتىردىن 45 مېترغىچە، كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن بەش كىلومېترغىچە كېلىدۇ.

2) تىپى جەمئىي ئالتە خىل تىپى بار.

1) ئوتلاق تىپلىق بۇ، يازدا كەلكۈن سۈيىنىڭ تولۇقلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، تاتلىق سۇلار گورىزونتال قاتلاملىق ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇ، قېلىن قاتلامدىكى تۇزلۇق سۇ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، لەيلىمە تىپتىكى تاتلىق سۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، دۆڭقوتان يېزىسىدىكى مىرسالى كەنتىنىڭ شەرقىدىن تارىم يېزىسىدىكى چوڭكۆلنىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلارغا تارقالغان. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.5 — 2.7 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ.

**(2) قىرغاق تىپلىق**   بۇ، دەريا سۇلىرى قىرغاقنىڭ يان تەرىپىدىن سىڭىپ كىرىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ گىرۋەك سىزىقلىرى تىك كېلىدۇ، تاتلىق سۇ ھەجىمىنىڭ كەڭلىكى، ئاساسەن، دەريا يولىنىڭ تەۋرىنىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىردىن ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقىدا (ئايرىم بۆلەكلىرىنىڭ كەڭلىكى تۆت كىلومېتىرغا يېتىدۇ)، قېلىنلىقى 10 — 30 مېتىر كېلىدۇ.

**(3) ئۆستەڭ تىپلىق**   بۇ، سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىگە سۇ كەلگەندە ئۆستەڭدىكى سۇلارنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان. ئادەتتىكى غول ئۆستەڭنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدىكى تاتلىق سۇ ھەجىمىنىڭ كەڭلىكى 50 - 100 مېتىرغىچە كېلىدۇ، تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى تاتلىق سۇ ھەجىمىنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ، ئاساسەن، تارىم غول ئۆستىڭى، شىڭپىڭ غول ئۆستىڭى، قۇرغول ئۆستىڭى، قاراباش ئۆستىڭى، دۆڭقوتان توپا ئۆستىڭى قاتارلىقلار ئېقىپ ئۆتىدىغان جايلارنىڭ ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر — ئۈچ گىرام/لىتىرغىچە يېتىدۇ.

**(4) كۆل، سۇ ئامبىرىدىن ئىبارەت قورشىغۇچى تىپلىق**   سۇ ئامبىرى، كۆللەردە ئۇزاق مۇددەت سۇ توپلىنىپ تۇرغاچقا، سۇ سۈپىتى ئۆزلۈكىدىن قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. كۆللەرنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدىكى سۇ ۋە سۇ ئامبىرىدىكى توختام سۇنىڭ مىنېراللىنىش دەرىجىسى ئۆرلىگەچكە، يۇقىرى قاتلىمىدىكى سۇ تاتلىق سۇغا ئايلىنىدۇ. ئادەتتە سۇ ئامبىرى، كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا تاتلىق سۇ بەلبېغى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەڭلىكى بەكمۇ تار، مىنېراللىشىش دەرىجىسى پەسلىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**(5) تاشلاندۇق دەريا يولى تىپلىق**   بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى خىلى: كەلكۈن سۇلىرى يامراپ كەتكەن ئويمانلىقتىكى تاشلاندۇق دەريا يوللىرى ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى، تاشما ئېقىنلارغا تايىنىپ تولۇقلىنىدۇ، بۇ، ئاساسەن، قارا دېگەن يەردىن بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 31 - تۇەن - مەيدانىغىچە بولغان ئوچۇق تاشلاندۇق دەريا يولى ئارىلىقىغا تارقالغان، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.8 گىرام/ لىتىرغا يېتىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى: تاشلاندۇق دەريا يولى بىلەن ھازىرقى دەريا يولى بىر بىرىگە تۇتىشىدۇ، ئاساسلىقى، دەريا سۈيى يان تەرەپتىن تولۇقلىنىپ، راۋان يەر ئاستى سۈيى سىرغىمىنى ھاسىل قىلىدۇ، سۇ سۈپىتى ئومۇمەن خېلى ياخشى، ئاساسەن، دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ غەربىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى ئارىلىقىغا جايلاشقان، مىنېراللىشىش دەرىجىسى تەخمىنەن 1.2 گىرام/لىتىرغا يېتىدۇ.

**(6) ھۆل - يېغىن تىپلىق**   كۆلچەكلەرنى تولۇقلاش ئۇسۇلى، ئاساسەن، يامغۇر ياغقاندا ھاسىل بولغان سىرغىمىدىن ئىبارەت، بۇ، قۇرۇقتاغ رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئادەتتە كۆمۈلۈشى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، سۇ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر— 1.5گىرام/لىتىرغا يېتىدۇ.

## § 5. تۇپراق

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇپراق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 87 مىليون 51 مىڭ 810 مو (ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمى بولغان 89 مىليون 640 مىڭ مو يەرنىڭ 97 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)غا يېتىدۇ، ناھىيىنىڭ

تۇپرىقنى ئالتە تۈرگە، 15 كەنجى تۈرگە، 20 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىش مۇمكىن.
ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر خىل تۇپراقلارنىڭ تارقىلىشى گېئومورفولوگىيىلىك تىپلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ مۇناسىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## 1. نەم تۇپراق

نەم تۇپراق — ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك تۇپرىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئاساەن، شىكپىلڭ، تارىم، «ئىتتىپاق» يېزىلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىكى كۆنچى دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك ۋە يەلپۈگۈچسىمان ئويمانلىقلارغا تارقالغان، كۆلىمى 57 مىڭ 433 موغا يېتىدۇ، بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بولغان 104 مىڭ 200 مو يەرنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 0.066 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدۇ. نەم تۇپراق يەنە سېرىق نەم تۇپراق ۋە شورلۇق نەم تۇپراق دەپ ئىككى كەنجى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1) سېرىق نەم تۇپراق بۇ تۇپراق، ئاساەن، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىلىرىغا تارقالغان، ئۇ، ئېقىندى ئانا جىنس ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 44 مىڭ 636 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 42.8 پىرسەنتىنى، نەم تۇپراق تۈرى كۆلىمىنىڭ 77.72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) شورلۇق نەم تۇپراق بۇ تۇپراق، ئاساەن، شىكپىلڭ، تارىم، «ئىتتىپاق» يېزىلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىلىرىغا تارقالغان، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 12 مىڭ 797 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 12.28 پىرسەنتىنى، نەم تۇپراق تۈرى كۆلىمىنىڭ 22.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

شورلۇق نەم تۇپراق، ئاساەن، تۇپراقنى تۈزسىزلاندۇرۇش ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقى ۋە سۇغىرىش مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، تېرىقچىلىقنىڭ ئەقلگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تۇپراقنىڭ قايتىدىن شورلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان.

شورلۇق نەم تۇپراق بار جايلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە شورلۇق نەم تۇپراق خاراكتېرىنى ئالمىغان جايلارغا قارىغاندا تېيىزرەك بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.43 — 13.102 گرام/لىترغا، بىر مېتر تۇپراق قەۋىتىدىكى ئوتتۇرىچە ئومۇمىي تۇز مىقدارى 0.3% — 0.8% كە، PH نىڭ قىممىتى 8.5 كە يېتىدۇ.

## 2. چىملىق تۇپراق

چىملىق تۇپراق تۈرى بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 6 مىليون 408 مىڭ 787 مو بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 7.36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ خىلدىكى تۇپراق ئاساەن، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك (پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىسى، ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانلىق) ھەمدە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەك بەلباغلارغا تارقالغان، ئاساسلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، چۈچۈك بۇيا، ياۋا كەندىر، چىغ، نىجىم، توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، يەر يۈزىنى قاپلاش نىسبىتى 80% كە يېتىدۇ.

چىملىق تۇپراقنىڭ كەسمە يۈزىدىكى ئاساسىي قەۋەت بۆلىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى: ئۈستى قەۋىتىدە قۇرۇپ تۆكۈلگەن شاخ - يوپۇرماقلار قاتلىمى نىپىز بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىردىن تۆۋەن؛ 2 - قەۋىتى چىرىندا ماددا ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن ھاسىل بولغان خۇرمانىد قەۋىتى بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، تۇپا رەڭگى سەل قېنىقراق؛ 3 - قەۋىتى ئوتتۇرا تۇپا قاتلىمى بولۇپ، ئوكسىدسىزلانغان - ئوكسىدلانغان قەۋەتلەردىن ئىبارەت، دات سىزىقلىرى، ئالابالداق داغلار كۆپ بولۇپ، ياپىلاقسىمان ياكى لىنزىسىمان شەكىلدە كېلىدۇ، گورىزونتال قۇرۇلمىسىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 30 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىرغا يېتىدۇ؛ 4 - قەۋىتى — ئاستىنقى يۇقىرى قەۋەت يەنى ئوكسىدسىزلىنىپ چۆككەن قەۋەت بولۇپ، تۇپا رەڭگى قېنىق قارامتۇل، كۈلرەڭ، كۆكۈش كۈلرەڭ ياكى سۇت رەڭدە كېلىدۇ، سۇ تەركىبى دائىم تويۇنغان ھالەتتە تۇرىدۇ، دائىم ھاك، قوم لاي مۇنەكلىرى ياكى تەخسىسىمان توگۇنەكلەر ئۇچرايدۇ.

چىملىق تۇپراق لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىلىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت ھېسابلىنىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى چىملىق تۇپراقلارنى يەنە سۇس رەڭلىك چىملىق تۇپراق، قارامتۇل چىملىق تۇپراق، شورچىملىق تۇپراق ۋە سۇغىرىشقا بولىدىغان چىملىق تۇپراق قاتارلىق كەنجى تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

1) سۇغىرىشقا بولىدىغان چىملىق تۇپراق بۇ، ئاساسەن، شىڭپىڭ، تارىم يېزىلىرىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىسىغا تارقالغان بولۇپ، ئېقىندى ئانا جىنس ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 27 مىڭ 469 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 23.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سۇغىرىشقا بولىدىغان چىملىق تۇپراق يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) سىغىز تېگىدىكى خام بوز تۇپراق بۇ تۇپراقنىڭ كۆلىمى 23 مىڭ 690 مو بولۇپ، سۇغىرىلىدىغان چىملىق تۇپراقنىڭ 86.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) قوم تېگىدىكى خام بوز تۇپراق بۇ تۇپراقنىڭ كۆلىمى 3779 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 3.22 پىرسەنتىنى، سۇغىرىلىدىغان چىملىق تۇپراقنىڭ 13.76 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) سۇس رەڭلىك چىملىق تۇپراق بۇ، ئاساسەن، تارىم دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىكلىرىگە تارقالغان بولۇپ، ئېقىندى ئانا جىنس تىپىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 756 مىڭ 200 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سۇس رەڭلىك چىملىق تۇپراق يەنە ئېقىندىلاردىن ھاسىل بولغان سۇس رەڭلىك چىملىق تۇپراق قاتارلىق 11 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا بۆلۈنىدۇ.

3) ئورمانلىقلاردىكى سۇغىرىلىدىغان چىملىق تۇپراق بۇ، ئاساسەن، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ۋادىسىغا ھەمدە دېلتىلاردىكى پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىسى ياكى سايلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئېقىندى ئانا جىنس تىپىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 302 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4) شورلۇق چىملىق تۇپراق بۇ، ئاساسەن، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ۋادىسىغا ۋە دېلتىلاردىكى پەلەمپەيلىك دەريا جىلغىسى ياكى سايلىق جايلارغا تارقالغان، ئۇنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 75 مىڭ 697 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شورلۇق چىملىق تۇپراق يەنە سۇغىرىلىدىغان شورلۇق چىملىق تۇپراق، شورلۇق

قارامتۇل چىملىق تۇپراق، شورلۇق سۇس رەڭلىك چىملىق تۇپراق ۋە ئورمانلىقتىكى سۇغىرىلىدىغان شورلۇق چىملىق تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىلىدۇ.

## 3. شورلۇق تۇپراق

شورلۇق تۇپراق ناھىيە تەۋەسىگە كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ كۆلىمى جولى، جەمئىي 5 مىليون 403 مىڭ 650 مو بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 24 .6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شورلۇق تۇپراقنى يەنە ئۈچ كەنجى تۈر (تىپىك شورلۇق تۇپراق، چىملىق شورلۇق تۇپراق ۋە قۇرغاق شورلۇق تۇپراق) گە ئايرىش مۇمكىن.

1) تىپىك شورلۇق تۇپراق    شورلۇق تۇپراق گېئومورفولوگىيىلىك تىپقا ئاساسەن، يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكتىكى شورلۇق تۇپراق ۋە دېلتىدىكى شورلۇق تۇپراقتىن ئىبارەت ئىككى تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىلىدۇ.

2) چىملىق شور تۇپراق    بۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدانلارغا دېگۈدەك تارقالغان، ئۇنىڭ كۆلىمى جەمئىي 3 مىليون 598 مىڭ 450 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 13 .4 پىرسەنتىنى، شورلۇق تۇپراق تۈرىدىكى يەر كۆلىمىنىڭ 26 .66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. گېئومورفولوگىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن، چىملىق شورلۇق تۇپراقنى يەنە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكتىكى چىملىق تۇپراق، دېلتىدىكى چىملىق شورلۇق تۇپراقتىن ئىبارەت ئىككى تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىش مۇمكىن.

3) قۇرغاق شورلۇق تۇپراق    بۇ، ئاساسەن، كونىگەي لاتقا تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان، تۇپا ھاسىل قىلغۇچى ئانا جىنس بولسا لاتقا ياكى لاتقا ـ ئېقىندى جىنسلاردىن ئىبارەت، ئۇنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 99 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 26 .1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 4. قوڭۇر چۆل تۇپراق

بۇ خىل تۇپراق قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى لاتقا ساھىلىغا ۋە يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلار دۆۋىلەنمىسى ئۈستىگە تارقالغان، تۇپراق ھاسىل قىلغۇچى ئانا جىنس بولسا يىرىك ئىنبرتلىق ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. لاتقا ياكى لاتقا — ئېقىندى ئانا جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، يەر شەكلى ئېگىز، يانتۇلۇقى زور، ئانا جىنسلار يىرىكلىكتىن ئۇششاقلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. چۆل كىلىماتى شارائىتىدا، ھۆل ـ يېغىن ياكى كەلكۈن بىلەن سۇغىرىلغاندىن سىرت، ئادەتتە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، تۇپراق گەۋدىسى دائىم قۇرغاقلىشىپ ئوكسىدلانغان ھالەتتە تۇرىدۇ، تۇپراقنىڭ يېتىلىشى بەكمۇ ئاجىز، ئۇنۇمى تۆۋەن، ئورگانىك ماددا مىقدارى 1% كىمۇ يەتمەيدۇ. قوڭۇر چۆل تۇپراق يەنە ئۈچ كەنجى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئاددىي قوڭۇر چۆل تۇپراق    بۇ تۇپراقنىڭ كۆلىمى 26 مىليون 459 مىڭ 220 مو بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 40 .30 پىرسەنتىنى، قوڭۇر چۆل تۇپراق تۈرىدىكى تۇپراقنىڭ 52 .96 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاددىي قوڭۇر چۆل تۇپراق يەنە شېغىللىق قوڭۇر چۆل تۇپراق، يېرىلغان قوڭۇر چۆل تۇپراق، يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكتىكى قوڭۇر چۆل تۇپراقتىن ئىبارەت ئۈچ تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا ئايرىلىدۇ.

2) گىپىسلىق قوڭۇر چۆل تۇپراق، گىپىسلىق سەيلىپەن قوڭۇر چۆل تۇپراق

گىپسلىك قوڭۇر چۆل تۇپراقنىڭ كۆلىمى 67 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 0.08 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. گىپسلىك سەيلىپەن قوڭۇر چۆل تۇپراق كۆلىمى 885 مىڭ 600 مو بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.02 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 5. سازلىق تۇپراق

سازلىق تۇپراقنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆلىمى بىر قەدەر يىغىنچاق بولۇپ، ئاساسەن، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئويمانلىقلارغا تارقالغان، ئۇنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 362 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 1.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 6. قۇم - بوران تۇپراق

قۇم - بوران تۇپراق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، كۆلىمى زور، جەمئىي 46 مىليون 380 مىڭ 920 مو بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 53.28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

قۇم - بوران تۇپراق يەنە قۇم - بوران تۇپراق ۋە كۆچمە قۇم - بوران تۇپراقتىن ئىبارەت ئىككى كەنجى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

# § 6. تەبىئىي بايلىق

## 1. يەر بايلىقى

1985 - يىلى تەكشۈرۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش» ماتېرىيالىدا خاتىرىلىنىشىچە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ كۆلىمى 59 مىڭ 760.832 كۋادرات كىلومېتىر، يەنى 89 مىليون 640 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن (بىڭتۈەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدا 41 مىڭ 808 ئادەم، ناھىيە قارىمىقىدا 31 مىڭ 753 ئادەم، جەمئىي 73 مىڭ 561 ئادەم) 1218.6 مو يەر توغرا كەلدى. 1985-يىلى ناھىيە تەۋەسىدە 317 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە قارىمىقىدىكى تېرىلغۇ يەر 104 مىڭ 200 مو، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 20 مىڭ 902 بولۇپ، كىشى بېشىغا 4.98 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كەلدى.

ناھىيە قارىمىقىدا 104 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر ئىچىدە ئورمان بەلبېغى، ئۆستەڭ، يول 1535 مو يەرنى ئىگىلەيدۇ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 6 - دەرىجىلىك ئۈنۈمىرسال تۈرلەر تەركىبىدىكى 3 - دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بولغان تېرىلغۇ يەرلەرگە كىرىدۇ، 3 - دەرىجىلىك (لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئەڭ ياخشى تېرىلغۇ يەر) يەرلەر ئاران 2158 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 2.07 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 4 - دەرىجىلىك يەر 14 مىڭ 65 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 13.49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 5 - دەرىجىلىك ۋە 6 - دەرىجىلىك يەر 86 مىڭ 442 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 82.95

پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش يەرلەرنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ناھىيە بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر ئىچىدە ناھىيە قارىمىقىدىكى يەر 148 مىڭ 898 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يەر 117 مىڭ 750 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 79.08 پىرسەنتىنى، باغ يېرى 1654 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 1.11 پىرسەنتىنى، ئولتۇراق ئۆي ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر 20 مىڭ مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 13.43 پىرسەنتىنى، زاۋۇت - كانلارغا ئىشلىتىلگەن يەر 1537 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 1.03 پىرسەنتىنى، قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يەر 7877 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 5.29 پىرسەنتىنى، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 0.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 2. ئوتلاق، ئورمانلىقلار

1) ئوتلاق    ناھىيە بويىچە جەمئىي 15 مىليون 562 مىڭ 800 مو ئوتلاق بار، ناھىيە قارىمىقىدا 15 مىليون 416 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئوتلاق 10 مىليون 166 مىڭ 353 مو، سۈنئىي ئوتلاق 2117 مو، پايدىلانغىلى بولمايدىغان ئوتلاق 5 مىليون 394 مىڭ مو.

2) ئورمانلىق    ناھىيە بويىچە جەمئىي 2 مىليون 549 مىڭ 700 مو ئورمانلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق 996 مىڭ 700 مو، باشقا ئورمانلىقلار 1 مىليون 833 مىڭ 99 مو، چاتقاللىق 920 مىڭ 814 مو، يېقىلغۇ ئورمانلىقى 169 مو، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلىق 2970 مو، كۆچەتخانا 500 مو.

## 3. ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر

1) زىرائەت    زىرائەتلەردىن شال، بۇغداي، كۆممىقوناق، قىچا، كېۋەز، كاۋا، كۆك كاۋا، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى، ئامېرىكا كاۋىسى، قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈرۈك، ئالۇچا، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، ياڭاق، جىگدە، ھالۋابىدەت دەرىخى، كۈدە، پىياز، سۆگپىياز، سامساق (قىزىل پوستلۇق، ئاق پوستلۇق)، تۇرۇپ، يازلىق تۇرۇپ، سەۋزە، پالەك، كەرەپشە، يازلىق يېسىۋىلەك، قىشلىق يېسىۋىلەك، چېچەكسەي، پېدىگەن، مۇچ، يۇمغاقسۈت، ئۇسۇڭ، نىلۇپەر، ياڭيۇ، سەي پۇرچاق، جاڭدۇ، شوخلا، چامغۇرسىمان قىچا، كاللەك سەي، تەرخەمەك كاۋا، چامغۇر، ئارپا بەدىيان بار.

2) باشقا ئۆسۈملۈكلەر    توغراق، قاپاق توغراق، پاقا تېرەك، شىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك، كۈمۈش تېرەك، بۆك تېرەك، پولشا تېرىكى، پاكار قارا تېرەك، كىچىك بال تېرەك، روبۇس تېرىكى، قارا سۆگەت، تورۇنتال، ئاق سۆگەت، مەجنۇنتال، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت، يۆگىمەچ سۆگەت، قارىياغاچ، قارا سۆگەت، شىنجاڭ يوپۇرماقلىق قارىياغىچى، نانجىگدە، قاغا جىگدە، چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، ئۇششاق يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، شەرقىي شىمال ياسىنى، ئاق ئاكاتسىيە، چۈلۈك، قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە، ياپىلاق ئارچا، سوپۇن دەرىخى بار.

چاتقاللاردىن ئۇزۇن باشاقلىق يۇلغۇن، يىرىك تۈكلۈك يۇلغۇن، قىسقاتۈكلۈك يۇلغۇن،

كۆپ شاخلىق يۇلغۇن، قىرىق بۇغۇمسىمان چاكاندا، ئوتتۇرا چاكاندا، پەردىلىك چاكاندا، توشقان قۇيرۇق، پرۇنۇس بىلوبا دەرىخى، شالاڭ گۈللۈك ئازغان، بوتا قۇرۇلچاي، ئاق سۆكسۆك، باشاقلىق تۇخۇمەك، قوڭغۇراق تىكەن، يانتاق، ئۇششاق يوپۇرماقلىق قاراغان، ئالقات، ئاق تىكەن، تۆگە تاپان، ئاق پۇستلۇق جۇزغۇن، ئۇچقات بار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇششاق يوپۇرماقلىق قارا زىرىق، بىيجىڭ تېرىكى، كانادا تېرىكى، «پىئونېرلار» تېرىكى، روسىيە تېرىكى، يۇمىلاق توخۇمەك، مامكاپ، بوز ئەمەن، بوساق، لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈك بۇيا، يالپۇز، قۇمۇش قاتارلىقلار بار.

3) ھايۋانلار   ھايۋانلاردىن قوي، ئۆچكە، ئات، ئېشەك، خېچىر، تۇشقان، مۈشۈك، ئىت، توڭگۇز، تۆگە، بۇغا، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، قارچۇغا، ئوتخور بېلىق، كارب بېلىق، لاققا بېلىق، تاپان بېلىق، يېسى تۇمشۇق بېلىق (تېرىسكا بېلىق)، سېرىق قورساق بېلىق (ئۇچلۇق تۇمشۇق بېلىق)، ياپىلاق بېلىق، بايقال ئاق بېلىقى، توقماق ئاق بېلىق، شەرق ياپىلاق بېلىقى، قىزىل چاسا بېلىق، ئاق تاسما بېلىق، ئاغمىخان، كىرپە، ياۋا توشقان، شەپەرەڭ، ياۋا توڭگۇز، چاشقان، ياۋا تۆگە، جەرەن، ئارقار، ئېيىق، ياۋا مۈشۈك، تۈلكە، ئىپار چاشقان، ياۋا ئېشەك، بۆرە، ئېيىق، يىلپىز، سۇلەيسۇن، مۈشۈكياپىلاق، قاغا، ئاق قۇشقاچ، قارلىغاچ، بۇدۇنە، قىرغاۋۇل، تۆمۈر تۇمشۇق، ياۋا ئۆردەك، ئۇقار، قىزىل قاشقا تۇرنا، ياۋاغاز، قاشقالداق، كەكلىك، ھاڭگىرت، پىلە، ھەسەل ھەرىسى، كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ياچۇەك، قاراچىكەتكە، ئۈمۈچۈك، ئۈزۈم قۇلۇلىسى، سازاڭ قۇرت، چارپاقا، جۇڭگو سۇ يىلىنى بار.

## 4. كان بايلىقى

فوسفور كانى   زاپىسى 2 مىليون 63 مىڭ توننا، سورتى %14.49 — %27.08 كىچە.

2) ۋېرمىكۇلىت   كۆمۈلشى تېيىز، سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى 28 مىليون 800 مىڭ توننا، لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 32 - تۇەن - مەيدانى ئېچىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ، 1985 - يىلى 5000 توننا ۋېرمىكۇلىت ئېلىندى.

3) ھاك جىنىس   زاپىسى خېلى زور.

4) نېفىت   كونكرېت زاپىسى يەنىمۇ تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

5) باشقىلار   يەنە كۆمۈر، تۆمۈر، سۇرمەتاش، تاشپاختا، مولىبدېن، ئالتۇن قاتارلىقلار بار، لېكىن زاپىسى كۆپ ئەمەس.

## § 7. تەبىئىي ئاپەت

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدا يېزا ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھاۋا رايى ئاپەتلىرىدىن، ئاساسەن، قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىق، قىراۋ ئۇششۇكى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا توڭلاش، يامغۇر ئاپىتى ۋە قىسمەن رايونلاردا مۆلدۈر يېغىش قاتارلىقلار بار، بۇ ئاپەتلەر دائىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ.

## 1. قۇم - بوران

لوپنۇر ناھىيىسى قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، بوران ۋە قۇم - بوران بىرلا ۋاقىتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىققا زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى شۇكى، تېرىلغۇ يەرلەرنى يالاپ كېتىدۇ، قۇمنى كۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئېتىز- ئېرىقلارنى ۋە يوللارنى كۆمۈۋېتىدۇ، دەل - دەرەخ ۋە ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتىدۇ، سۇ دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلىپ ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ قاشلىرى ۋە ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ، مايسىلارنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ، زىرائەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چاڭلىنىشىپ مېۋىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، زىرائەتلەرنىڭ دېنى ۋە مېۋىلەرنى تۆكۈۋېتىدۇ، مال بېقىش، ئورۇقلاندۇرۇش، تۆل ئېلىش، ئوتلاققا كۆچۈش ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ. 1967 - يىل7- ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇدا 18 سائەت ئون بال قارابوران چىقتى (بوران ئەڭ كۈچەيگەندە 12 بالغا يەتتى) ، مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 750 مىڭ جىڭ بۇغداينى، كۆممىقوناق، كېۋەز، مېۋە - چېۋىلەرنى ئادەتتە %20 ئەتراپىدا زىيانغا ئۇچراتقان، ئېغىر بولغانلىرى %30 — %35 كە يەتكەن. 1979- يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۈچلۈك بوران چىقىپ، ھەممە يەرنى توپا - چاڭ قاپلاپ، تېمپېراتۇرا تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ، 4338 تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

ناھىيە تەۋەسىدە بورانلىق ھاۋارايىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەر ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل: 1) سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تەڭرىتاغدىن ھالقىپ جەنۇبقا سۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلارغا بېسىپ كىرىدۇ، بۇ، شىمالىي يول بورىنى ھېسابلىنىدۇ؛ 2) سوغۇق ھاۋا ئېقىمى قۇمۇلنىڭ تاغ ئېغىزى بىلەن چىلانتاغنىڭ كەمتۈكلىرىدىن ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىدا ئايلانما ئېقىم ھاسىل قىلىپ، شەرق تەرەپتىن ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرىدۇ، بۇ، قىيپاش شەرقىي يول بورىنى ھېسابلىنىدۇ؛ 3) يازدا بوران ئارىلاش ئۆتكۈنچى گۈلدۈرماملىق يامغۇر بۇلۇتى ھاسىل بولۇپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشىنى بويلاپ ناھىيە تەۋەسىگە يۆتكىلىپ، قىسمەن رايونلاردا قىيپاش ئۆتكۈنچى غەرب بورىنىنى پەيدا قىلىدۇ.

## 2. قۇرغاق ئىسسىق شامال

قۇرغاق ئىسسىق شامال — يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىك بىلەن مەلۇم شامال تېزلىكى ئارىلىشىپ كېلىدىغان ھاۋارايى ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاما ئۇنى «ئىسسىق شامال» دەپ ئاتايدۇ، قىسمەن رايونلاردا «ئوت شامال» دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۇ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئاپەتلەرنىڭ بىرى.

ناھىيە تەۋەسىدە چىقىدىغان قۇرغاق ئىسسىق شامال باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقتى ياكى بىرلا قېتىم چىققان قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان كۈن سانى بولسۇن ۋە ياكى كۈچلۈكلۈكى جەھەتتە بولسۇن، تۇرپان ئويمانلىقىدىن قالسا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ناھىيە مەملىكەت بويىچە قۇرغاق ئىسسىق شامال ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە چوڭكۆلنىڭ شىمالىدىكى ئىككى دەريا (تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى تۈزلەڭ جايلاردا، يەر شارائىتى ئويمانلىق ھەم يېپيىق بولۇپ، يەر

يۇزىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇم بېسىپ تۇرغاچقا، ياز، كۈزدە تېمپېراتۇرا شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي شىمال ھاۋا ئېقىمى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئويمانلىقى ئارقىلىق قۇرۇقتاغدىن ھالقىپ چۈشكەندە تېزلىكى ئېشىپ، مۇتلەق ئىسسىق تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، شامال كۈچى كۈچىيىپ، ئاسانلا قۇرغاق ئىسسىق شامال ھاسىل بولىدۇ.

ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تىكەنلىك، يېڭىسۇ دېگەن جايلار شەرقتىن كىرگەن ھاۋا ئېقىمى ئۆتىدىغان يەرگە جايلاشقان بولغاچقا، ھۆل - يېغىن ئاز بولىدۇ، قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆپ چىقىدۇ.

ناھىيە تەۋەسى (جۈملىدىن بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 2 - شى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى) دىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بىر يىلدا 12 كۈن ئەتراپىدا قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىسسىق شامال كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا جەنۇبىي قىسىملىرىدا كۆپرەك چىقىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدا ئازراق چىقىدۇ. قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆپىنچە 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە چىقىدۇ، 7 - ئايدا ئىسسىق شامال چىقىدىغان كۈن سانى ئەڭ كۆپ، لېكىن 5 - ئايدا ئىسسىق شامال چىقىدىغان كۈن سانى ئەڭ ئاز بولىدۇ.

## 3. شور ۋە يامغۇر ئاپىتى

شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆلچەپ بېكىتىشىچە، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىككى دەريا (تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى) نىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تۈزلەڭ رايونلاردا شورلۇق تۇپراق ۋە شور توپا تېرىلىدىغان بوز يەر كۆلىمىنىڭ 79.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، 30 سانتىمېترغىچە بولغان تۇپا قەۋىتىدىكى ئوتتۇرىچە تۇز مىقدارى %2.21 كە يېتىدۇ، يامغۇر ياغقاندا ھەر ۋاقىت يەردە شور ئۆرلەيدۇ، يامغۇر مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ شور ئاپىتىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى كۆپلەپ نابۇت قىلىۋېتىدۇ، يامغۇر ياغقاندىن كېيىن يەردىكى تۇز تەركىبى تۇپراقنىڭ ئىنچىكە نەيچىلىرىگە ئەگىشىپ ئۆرلەپ چىقىپ، شور يەر يۈزىگە توپلىنىپ، شورلۇق پوستلارنى ھاسىل قىلىدۇ-دە، مايسىلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ياكى يۇمران مايسىلارنىڭ غول قىسمىنى بېسىۋالىدۇ ھەمدە قىسىپ ئۈزۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇپراق يۈزىدىكى شورنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئېشىپ كېتىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قوۋزاق ھۈجەيرىسى شورنىڭ تەسىرىدىن سۇسىزلىنىپ، پۈتكۈل مايسا قۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يامغۇر سۈيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شورلۇق تۇپراق زىرائەتلەرنىڭ غول يوپۇرمىقى ئۈستىگە چاپلىشىۋېلىپ، ھاۋا تۆشۈكچىلىرى توسۇلۇپ قېلىپ، ئۆسۈملۈك تۈپلىرىنىڭ نورمال ھاۋا سۈمۈرۈشى بۇزغۇنچىلىققا ۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ. 1974 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 2 - شى 33 -تۈەن-مەيدانىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېترغا يەتتى، ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن 40% — 50% كىچە كېۋەز نابۇت بولدى؛ 1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تىكەنلىكتە 15 مىللىمېتر يامغۇر ياغدى، يېزا ئىگىلىك 2 - شى 34 - تۈەن - مەيدانى بىلەن 35 - تۈەن - مەيدانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، %8 كېۋەزنىڭ غوزىسى يېرىلىپ نابۇت بولۇپ، 110 مىڭ يۈەن زىيان بولغان.

## 4. قارا يامغۇر

ناھىيە تەۋەسىدە يامغۇر ۋە قارايامغۇر ئانچە كۆپ ياغمايدۇ، 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە يامغۇر (كۈنلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى 20 مىللىمېتىردىن يۇقىرى) ياغىدۇ، 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە قارايامغۇر (كۈنلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى 25 مىللىمېتىردىن يۇقىرى) ياغىدۇ. بوشلۇقتا تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تاغلىق رايونلاردا يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى زور، ئۇنىڭدىن قالسا شىئىغىدىن چوڭكۆلگىچە بولغان جايلاردا يامغۇر ياغىدۇ، ناھىيىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسىملىرىدا يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز. ياز پەسلىدە بەزى چاغلاردا ئىككىلەمچى سوغۇقلۇق فرونتى پائالىيىتى ياكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇقىرى بوشلۇقتا تۇرغان سوغۇق قاينام ئېقىمى شەرقىقە يۆتكەلگەچكە، ناھىيە تەۋەسىدە زور ھۆل - يېغىنلىق ھاۋا رايىنى پەيدا قىلىدۇ - دە، ھەممىشە شىددەت بىلەن گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغىدۇ، يامغۇر ياغقان ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور بولىدۇ. بولۇپمۇ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا قارايامغۇر ھەممىشە قىيان پەيدا قىلىدۇ، دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ، تاشلارنى سىيرىلدۇرۇۋېتىدۇ، يوللارنى بۇزۇۋېتىدۇ، ماشىنا - ئاپتوموبىللارنى ئۆرۈۋېتىدۇ، تۈزلەڭ جايلاردا ھەممىشە ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، ئۆگزىلەرنى تېشىۋېتىدۇ، 1959 - يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قۇرۇقتاغ رايونىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شى تارىم 4 - مەيدانىنىڭ كۆپ قىسىم ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتتى. 1974 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، قىيان كېلىپ، بىر ئاپتوموبىلنى ئۆرۈۋەتتى، بىر ئادەم ئۆلدى.

## 5. مۆلدۈر

لوپنۇر ناھىيىسىدە مۆلدۈر ئاز ياغىدۇ، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئادەتتە ئىككى، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم مۆلدۈر ياغىدۇ، مۆلدۈر دانچىسى ئانچە چوڭ ئەمەس (كۆپ ساندىكىلىرى 0.5 — 0.8 مىللىمېتىر كېلىدۇ)، مۆلدۈر ياغىدىغان ۋاقىت ئادەتتە 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلارغا، ئايرىم يىللىرى 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ، تاغلىق رايون ۋە تۈزلەڭ جايلارنىڭ ھەممىسىدە مۆلدۈر ياغىدۇ، شىنىغا، قاراقۇم ئەتراپلىرىدا ئەڭ كۆپ ياغىدۇ، مۆلدۈر دانچىلىرى ئۈسۈملۈكنىڭ غول - يوپۇرماقلىرىغا چۈشۈپ، مېخانىكىلىق زىيان سالىدۇ. خاتىرىلەنگەن يىللارغا قارىغاندا مۆلدۈر ئاپەتى ئانچە ئېغىر ئەمەس.

## 6. قىراۋ ئۈششۈكى

ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى قىراۋ ئۈششۈكى ۋاقتى مۇنداق:

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، غەربتە مىرسالىدىن ئاقسۇپىغىچە، شىمالدا قاراقۇمدىن چوڭكۆلگىچە بولغان جايلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىمەھەللە، قارچۇغا، خورجا دېگەن جايلاردا ھەر يىلى قىراۋ ئۈششۈكى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنلىرىگە، دەسلەپكى ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

چارا دېگەن يەردىن ئۆلۈق دېگەن يەرگىچە بولغان جايلاردا ھەر يىلى قىراۋ ئۈششۈكى 10-

ئاينىڭ 13 ـ كۈنلىرىگە، دەسلەپكى ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

تىكەنلىك، ئويمانكۆل، يېڭىسۇ قاتارلىق جايلاردا ھەر يىلى قىراۋ ئۈششۈكى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنلىرىگە، دەسلەپكى ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ، كۆپ يىللىق ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، يۇقىرىقى رايونلاردا يېنىك قىراۋ ئۈششۈكىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى كۆپ ھاللاردا 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئوتتۇرا مەزگىلگە، ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ. باشقا رايونلاردا دەسلەپكى قىراۋ ئۈششۈكى ۋاقتى بالدۇرراق كېلىدۇ، ئاخىرقى قىراۋ ئۈششۈكى ۋاقتى سەل كېچىكىپ كېلىدۇ.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرىغا جايلاشقان تۈزلەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يېنىك ـ ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى**

1 ـ قىسىم 11 ـ جەدۋەل

| رايونلار | دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى قىراۋ | تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5°C ≤ | | | يېنىك قىراۋ ئۈششۈكى (تۆۋەن تېمپېراتۇرا 2°C ≤) | | | ئېغىر قىراۋ ئۈششۈكى (تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0°C ≤) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئوتتۇرىچە | ئەڭ بالدۇر | ئەڭ كېيىن | ئوتتۇرىچە | ئەڭ بالدۇر | ئەڭ كېيىن | ئوتتۇرىچە | ئەڭ بالدۇر | ئەڭ كېيىن |
| ناھىيە بازىرى | باشلىنىش | 2/10 | 22/9 | 19/10 | 8/10 | 14/9 | 22/10 | 14/10 | 27/9 | 27/10 |
| | ئاخىرلىشىش | 4/5 | 6/4 | 9/6 | 14/4 | 4/4 | 10/5 | 9/4 | 25/3 | 15/5 |
| قۇرۇقتاغ | باشلىنىش | 5/10 | 23/9 | 22/10 | 13/10 | 27/9 | 25/10 | 17/10 | 27/9 | 31/10 |
| | ئاخىرلىشىش | 20/4 | 7/4 | 16/5 | 17/4 | 3/4 | 16/5 | 10/4 | 29/3 | 16/5 |
| تىكەنلىك | باشلىنىش | 3/10 | 26/9 | 24/10 | 8/10 | 27/9 | 27/10 | 15/10 | 27/9 | 31/10 |
| | ئاخىرلىشىش | 25/4 | 8/4 | 17/5 | 18/4 | 5/4 | 15/5 | 11/4 | 26/3 | 10/5 |

1959 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى تارىم 8 ـ مەيدانىدا كۈزگى بۇغداي چېچەكلىگەن دەسلەپكى مەزگىلدە قىراۋ ئۇششۇكى ئاپىتىگە ئۇچراپ، 4000 مو بۇغداينىڭ كۆپ قىسمىدىن ھوسۇل ئېلىنمىدى؛ 1968 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇششۇك تېگىپ، ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان ئاراپىشار كۆممىقوناق ئۇششۇپ نابۇت بولدى، ئاساسىي جەھەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىدى؛ 1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كۈچلۈك قىراۋ ئۇششۇكى تېگىپ، ناھىيە بويىچە ئۆرۈك چېچىكىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇششۇپ نابۇت بولدى، شۇ يىلى ئۆرۈك ناھايىتى ئاز بولدى، بۇنداق ئەھۋال يېقىن جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن؛ 1980- يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا تېرىلغان كېۋەز ۋە ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان قىسمەن زىرائەتلەر ئۇششۇك ئاپىتىگە ئۇچراپ، %30 زىرائەت نابۇت بولدى؛ 1982- يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە %70 كېۋەزنىڭ يۇمران مايسىسى ئۇششۇپ نابۇت بولدى.

## ئىككىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىكى

# ئىككىنچى قىسىم

# يېزا ئىگىلىكى

## I باب

## تېرىقچىلىق

بۇندىن 2000 نەچچە يىل ئىلگىرى لوپنۇر سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول، توغراق ۋە يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان تەبىئىي ئورمانلىق ئىدى. تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى بۇ تۇزلەڭلىكنى سۇغىراتتى. خەن ۋۇدى پەرغانە ئورۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لوپنۇردا (ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قارچۇغا يېزىسى ئەتراپىدا) بوز يەر ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلانغان، لېكىن يەرلىك ئاھالە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانماي، چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ يەر ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 3 - يىلى (1405 - يىلى) شىنىغىدا ئاھالىلەر نۇقتىسى قورۇلۇپ، چارۋىچىلارغا تېرىقچىلىق ئۆگىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22 - يىلى (1896 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ دېگەن يېرىدە ليۇسىفۇ باشچىلىقىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن 8000 دىن ئارتۇق خۇيزۇ توپىلاڭچىنى ئىگىبىقىردىن دورالغىچە بولغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەر بۆلۈپ بېرىپ، تېرىقچىلىق قىلدۇرغان، كېيىن بۇ يەرنى قۇم بېسىپ كېتىپ، ھوسۇل يىلدىن - يىلغا كېمىيىپ كېتىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈش قىيىنلىشىپ كەتكەچكە، كىنگىت (قاراشەھەر) ھاكىمى ليۇجيادې گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) قېلىپ قالغان ئاھالىنى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئاتچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ھەمدە ئاتچىلىق مەيدانىنىڭ نامىنى خۇيزۇ كەنتىگە ئۆزگەرتكەن، بۇ جاي ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يۇڭنىڭ يېزىسى.

گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) شىنىغا ئۆستىڭى (شىڭپىڭ چوڭ ئۆستىڭىنىڭ كورلىدىن شىنىغىچە بولغان بۆلىكى) چېپىلغان، ھۆكۈمەت يەر بۆلۈپ بېرىپ، پۇل تارقىتىپ، ئاھالىنى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۈندىگەن. شۇ ۋاقىتتا لوپنۇردىكى بىر قىسىم چارۋىچىلار تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان، شىڭپىڭ ئۆستىڭى ئۇزارتىلغان، چوڭكۆلدىن تىكەنلىككىچە ئۆستەڭ چېپىلغاندىن كېيىن،

دېھقانچىلىق يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بىراق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر ئاران 34 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 2 مىليون 433 مىڭ جىڭغا يېتىپ، مو بېشىغا ئاران 86.6 جىڭدىن توغرا كەلدى، ئېلىنغان پاختا 3000 جىڭغا، ياغلىق دان 75 مىڭ جىڭغا يەتتى؛ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 207.6 جىڭ ئاشلىق، 0.25 جىڭ پاختا، 6.4 جىڭ ياغلىق دان توغرا كەلدى. يېزىلار خارابلىشىپ، دېھقانلار ئىنتايىن نامراتلىشىپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، دېھقانلار ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا ماڭدى، دېھقانچىلىق تۈزۈلمىسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئۆتتى. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىنشائاتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىلدى، يېڭىچە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى كەڭ قوللىنىلدى، نەتىجىدە ئېلىنغان ئاشلىق 1950 - يىلدىكى 2 مىليون 600 مىڭ جىڭدىن 1957 - يىلى 9 مىليون 555 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 2.6 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا 1950 - يىلدىكى 4000 جىڭدىن 1957 - يىلى 256 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 63 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىق دان 1950 - يىلدىكى 99 مىڭ جىڭدىن 1957 - يىلى 708 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 6.15 ھەسسە ئاشتى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقتى، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» بىلەن شۇغۇللىنىلدى، بۇلار دېھقانچىلىقنى ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. كېيىن ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تەقسىمات ئۇسۇلى ياخشىلىنىپ، دېھقانچىلىق ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، بىراق ئىشلەپچىقىرىش ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلىش ۋە تەقسىماتتىكى «داش قازاننىڭ تامىقى» نى يېيىش ئىللەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، دېھقانچىلىقنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى چەكلەپ قويدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دېھقانچىلىق يەنە بىر قېتىم ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، دېھقانچىلىق سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985 - يىلى 1950 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 672 مىڭ يۈەندىن 14 مىليون 829 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 7.87 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان ئاشلىق 2 مىليون 600 مىڭ جىڭدىن 25 مىليون 703 مىڭ 300 جىڭغا يېتىپ، 8.8 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا 809.5 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى؛ پاختا 4000 جىڭدىن 1 مىليون 382 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 344.5 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا 46.7 جىڭدىن پاختا توغرا كەلدى، ياغلىق دان 99 مىڭ جىڭدىن 595 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، بەش ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا 18.75 جىڭدىن ياغلىق دان توغرا كەلدى. 1985 - يىلى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 829 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە شۇ يىللىق سانائەت - يېزا ئىگىلىك

ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 21 مىليون 469 مىڭ 900 يۈەننىڭ 69.07 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 459.06 يۈەنگە يەتتى.

## § 1. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

### 1. يەرگە بولغان فېئوداللىق ئىگىدارلىق تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۆلكە يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پومېشچىك ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار يەرنى ئىجارىگە بېرەتتى ياكى ئادەم ياللاپ تېرىيتتى. نامرات دېھقانلارنىڭ يېرى يوق ئىدى، بولغاندىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى، ئۇلار ئىجارىكەش ياكى پومېشچىكلارنىڭ يىللىقچىسى بولۇپ ئىشلەيتتى، پومېشچىكلارنىڭ قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرايتتى، ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ياشايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەر ئىسلاھاتى ئەڭ بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئۆز يېرىنى تېرىيدىغان دېھقان ئائىلىسى 438 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسى بولغان 1912 ئائىلىنىڭ 22.9 پىرسەنتىنى؛ ئۆز يېرىنى يېرىم تېرىيدىغان دېھقان ئائىلىسى 1025 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 53.61 پىرسەنتىنى؛ ئىجارىكەش دېھقان ئائىلىسى 284 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 14.86 پىرسەنتىنى؛ پومېشچىك، باي دېھقان ئائىلىسى 165 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 8.63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارنىڭ يېرى كىشى بېشىغا 20 نەچچە مودىن توغرا كېلەتتى، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ يېرى كىشى بېشىغا ئۈچ مودىنمۇ توغرا كەلمەيتتى.

### 2. يەر ئىسلاھاتى

50- يىللارنىڭ باشلىرىدا يەر يەنىلا فېئودال پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى، 1951 - يىل 8 - ئايدىن 1952 - يىل 2 - ئايغىچە ئىجارە ھەققىنى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ئارقىلىق، 49 پومېشچىك ۋە 56 باي دېھقان ئائىلىسىدىن ھېساب ئېلىنىپ، ياللانما دېھقان ۋە ئىجارىكەشلەرنىڭ يەر ئىجارىسى قانۇن بويىچە ئازايتىلدى، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 92 مىڭ 900 جىڭ بۇغدايغا تەڭ، ھېساب ئېلىنغان پومېشچىك ۋە باي دېھقانلاردىن دېھقانلارنىڭ ئىش ھەققى تۆلىتىۋېلىندى، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 520 مىڭ جىڭ بۇغدايغا تەڭ. كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار غەلىبە مېۋىسىگە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ جازانە ئۆسۈمىگە تۆلەيدىغان چىقىمى ئازايدى.

1952 - يىل 9 - ئايدا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سىنىپلارنى تەكشۈرۈش، تەركىب ئايرىش باشلىنىپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتىدا ناھىيە بويىچە 46 ئائىلە پومېشچىك، 113 ئائىلە باي دېھقان، 1044 ئائىلە كەمبەغەل دېھقان، 349 ئائىلە ياللانما دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، پومېشچىكلارنىڭ يېرى، چارۋىسى، ئۆي ئىمارەتلىرى، باي دېھقانلارنىڭ ئوشۇق يېرى، چارۋىسى، ئۆي - ئىمارەتلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. پومېشچىك ئائىلىلىرىگىمۇ جان سانىغا قاراپ يەر قالدۇرۇلدى. ناھىيە

بويىچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان دېهقانچىلىق رايونلىرىدا 1044 كەمبەغەل دېهقان ۋە 349 ياللانما دېهقان ئائىلىسىگە 15.946 مو يەر، 14 مىڭ 517 تۇياق چارۋا، 1384 ئېغىز ئۆي، 1 مىليون 424 مىڭ 700 جىڭ ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. دېهقانلارنىڭ يەرنىڭ ھەقىقىي خوجىسىغا ئايلاندى، يېزىلاردا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى تۈپتىن يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتە يېزىدا دېهقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 1482 گە، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى 98 گە، يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى 46 گە يەتتى.

## 3. ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش

يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق دېهقانلار يەرگە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، دېهقانلارنى ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا يېتەكلىدى.

1) يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى    1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېزىلاردا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تەشكىللەش باشلاندى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى پەسىل خاراكتېرلىك گۇرۇپپا ۋە دائىملىق گۇرۇپپا دەپ ئىككى خىل بولدى. پەسىل خاراكتېرلىك گۇرۇپپا (ئەينى ۋاقىتتا ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى دەپمۇ ئاتالغان) ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى بولمىغان ياكى ئاز بولغان دېهقان ئائىلىلىرى دېهقانچىلىقنىڭ قاتلاق مەۋسۇملىرىدە لاپقۇتلىشىپ ئىشلەيدىغان ۋاقىتلىق ئەمگەك تەشكىلاتى ئىدى. دائىملىق گۇرۇپپا بولسا دېهقانلار ئۇزۇن يىل لاپقۇتلىشىپ ئىشلەيدىغان ئەمگەك تەشكىلاتى ئىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا ئاز دېگەندە ئۈچ ـ تۆت، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە ئائىلە بولاتتى. بۇ خىل ئەمگەك تەشكىلاتى ھەمكارلىشىپ، لاپقۇتلىشىپ ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنەتتى. يەرگە ۋە ھوسۇلغا يەنىلا دېهقانلار ئۆزلىرى ئىگىدارلىق قىلاتتى. 1953 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيە يېزىلىرىدىكى پەسىل خاراكتېرلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 206 گە، دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 35 كە يەتتى، ئۇلارغا 1385 دېهقان ئائىلىسى قاتناشتى، بۇ ئومۇمىي دېهقان ئائىلىسى بولغان 1830 ئائىلىنىڭ 75.63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

2) باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى    باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پايدا كوپېراتىپقا قوشۇلغان يەرگە قاراپ بۆلۈندى، يەر يەنىلا شەخسلەرنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولدى. 1953 ـ يىلى 1 ـ رايوندا باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى قىشتا ناھىيە بويىچە كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىن بەشى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 654 دېهقان ئائىلىسى كىردى، بۇ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېهقان ئائىلىسىنىڭ 71.21 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كوپېراتىپقا كىرگەن ئادەم 9276 بولۇپ، 13 مىڭ 381 نەپەر دېهقان ئاھالىسىنىڭ 69.32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كوپېراتىپقا قوشۇلغان يەر 49 مىڭ 980 مو بولۇپ، 88 مىڭ500 مو ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 56.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3) ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى    1956 ـ يىلى ئەتىيازدا لوپنۇر ناھىيىسىدە ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلۇشقا باشلاپ، بىر تۈركۈم باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا كېڭەيتىلدى. 1958 ـ يىل5ـ ئايغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىن 13 ى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا

كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 2000 (بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 73.75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) غا، ئاھالە 10 مىڭ (بۇ 11 مىڭ 454 دېھقان ئاھالىسىنىڭ 87.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) غا يېتىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يېرى، چارۋىسى ۋە چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا قوشۇلدى، يەردىن ئېلىنغان پايدىنى بۆلۈشۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بارلىق دېھقانلارغا تەۋە بولدى. ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ئىشقا قاراپ نومۇر خاتىرىلەش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، جامائەت جۇغلانمىسى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

## 4. خەلق گۇڭشېسى

1958 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا خەلق گۇڭشېسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، گۇڭشېلاشتۇرۇشتا ناھىيە بويىچە جەمئىي تۆت خەلق گۇڭشېسى يەنى «سۇنئىي ھەمراھ» 1 - خەلق گۇڭشېسى، «سۇنئىي ھەمراھ» 2 - خەلق گۇڭشېسى، «سۇنئىي ھەمراھ» 3 - خەلق گۇڭشېسى، «سۇنئىي ھەمراھ» 4 - خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

گۇڭشېنىڭ يەرلىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولدى، ئىگىدارلىق ھوقۇقى كوللېكتىپتىكى دېھقانلارغا ئورتاق بولدى. گۇڭشېدا ئىشقا قاراپ نومۇر خاتىرىلەش، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش يولغا قويۇلدى، يىل بېشىدا ھەر بىر ئەمگەك كۈچى باھالىنىپ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئاساسىي نومۇر بېكىتىلدى، بىر كۈن ئىشقا چىقسا، شۇ بىر كۈنلۈك ئىش نومۇرى خاتىرىلەندى، يىل ئاخىرىدا ھەر بىر شەخسنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى بويىچە ھەق بېرىلدى. ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى كوللېكتىپ ئايمۇ ئاي تارقىتىپ بەردى. ئاشلىق پۇلىنى ئىش نومۇرىدىن تۇتۇپ قالدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا «كوممۇنىزمغا بالدۇر ئۆتۈش» تىن ئىبارەت «سول» شوئارنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» مەيدانغا چىقتى، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە، گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەت كادىرلىرى ئارىسىدا «ئوڭچىلىققا كەڭ كۆلەمدە قارشى تۇرۇش، ئاق بايراقنى يۇلۇپ تاشلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1959 - يىلنىڭ بېشىدا «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈزىتىلىشكە باشلىدى، يىغىۋېلىنغان مۈلۈك ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى، خەلق گۇڭشېلىرىدا «ئىككى دەرىجە بويىچە ئىگىدارلىق قىلىش، چوڭ ئەترەت ھېسابات قىلىش» يولغا قويۇلدى. 1962 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە «يېزا ئىگىلىكىگە دائىر 60 ماددا» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «ئۈچ دەرىجە بويىچە ئىگىدارلىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى ھېسابات بىرلىكى قىلىش» يولغا قويۇلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇش خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىندى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىياڭ ناھىيىسىدىكى داجەي چوڭ ئەترىتىنىڭ «سىياسىي جەھەتتىن باھالاپ نومۇر قويۇش» تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدا «لۇشيەن كۈرىشى ئېچىش» نىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگىلا قارىلىپ، ئەمگەك كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قارالمىدى. ناھىيىلىك

ئىنقىلابىي كومىتېت بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە نامۇۋاپىق سىلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى، ھەممىلا يەردە «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» نى كەستى، مەسىلەن: «ئىتتىپاق» گۆشىسىدا گۆشى ئەزالىرى ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىگە تېرىغان كۆممىقوناق ۋە كاۋىلار چانۇپتىلدى، بۇنىڭ بىلەن گۆشى ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. گۆشى ئەزالىرى ئىشقا چىقىسمۇ كۈچ چىقارماس بولۇۋالدى. كىرىم يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. تارىم گۆشىسى ئاقسۇپى چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 1972 - ۋە 1973 - يىللىرى بىر كۈنلۈك ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى 0.07 يۈەن قىلىپ بېكىتتى، بۇ بازار باھاسى بويىچە ئاران بىر تۇخۇمنىڭ باھاسىغا تەڭ.

1976 - يىلى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، «سول» ئۇسۇللار تۈزىتىلدى، نەتىجىدە يېزا ئىگىلىكى تەدرىجىي يۈكسىلىشكە باشلىدى.

## 5. يېزا ئىگىلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تۇنجى بولۇپ شىڭپىڭ گۆشى 3 - چوڭ ئەترەت 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى گۆشى ئەزاسى لوسۇنجېن يەرنى ھۆددىگە ئالدى. گۆشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يەرنى جان سانىغا قاراپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بەردى، ئەمگەك ھەققى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ھېسابلاندى، يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى يەنىلا كوللېكتىپقا تەۋە بولدى. 1983 - يىلى مەھسۇلاتنى ۋە ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە 81 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاشنى يولغا قويدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 69.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 20 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 16 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 13.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى (دېھقانلار خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى دەپ ئاتىدى) خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، بۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغالدى، دېھقانلار تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى. 1985 - يىلى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 829 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان 1984 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 390 مىڭ 600 يۈەن كۆپىيىپ، 16.12% ئاشتى؛ ئېلىنغان ئاشلىق 25 مىليون 703 مىڭ 300 جىڭغا يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 25 مىليون 100 مىڭ جىڭدىن 2.39% ئاشتى؛ پاختا 1 مىليون 382 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 1 مىليون 88 مىڭ جىڭدىن 36.5% ئاشتى؛ ياغلىق دان 595 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 420 مىڭ جىڭدىن 41.8% ئاشتى؛ تاۋار ئاشلىق 1984 - يىلدىكى 5 مىليون 684 مىڭ 600 جىڭدىن 818 مىڭ 200 جىڭغا چۈشۈپ قالدى؛ گۆشى ئەزالىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 459.06 يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 363.11 يۈەندىن 95.95 يۈەن كۆپىيىپ، 26.58% ئاشتى؛ دېھقانچىلىق

ماشىنا - سايمانلىرى 5157 گە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 30 ى كۆپەيىپ، %0.6 ئاشتى.

## 2 §. زىرائەت تېرىقچىلىقى

### 1. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 3 - يىلى (1405 - يىلى) شىنىغىدىكى چارۋىچىلار تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 11 مىڭ 264 موغا، مىنگونىڭ38- يىلى (1949 - يىلى) 34 مىڭ 500 موغا يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1957 - يىلدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ناھىيە تەۋەسىدە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغاندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ناھايىتى تېز كېڭەيدى. 1985 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 317 مىڭ 700 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە تەۋەسى 104 مىڭ 200 مو، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانىغا تەۋەسى 213 مىڭ 500 مو.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

2 - قىسىم 1 - جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| يىللار | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئايرىلىشى | | | بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى | دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى | خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكىسى | جەمئىي | ئومۇمىي كۆلەمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى% |
| 1910 | 1.13 | | | | | |
| 1949 | 3.45 | | | 3.45 | | |
| 1950 | 4.38 | | | 4.38 | 2.86 | |
| 1953 | 7.49 | | | 7.49 | 6.01 | |
| 1956 | 9.98 | | | 9.98 | 7.09 | |
| 1960 | 16.45 | 13.09 | 2.94 | 0.42 | 13.07 | 79.4 |
| 1965 | 13.39 | 12.58 | 0.35 | 0.46 | 11.07 | 82.6 |
| 1970 | 13.3 | 12.61 | 0.4 | 0.29 | 11.4 | 85.7 |
| 1976 | 11.73 | 10.72 | 0.61 | 0.4 | 10.38 | 88.5 |
| 1980 | 9.85 | 8.77 | 0.45 | 0.63 | 8.58 | 87.1 |
| 1982 | 10.11 | 9.1 | 0.23 | 0.78 | 7.65 | 75.6 |
| 1985 | 10.42 | 9.23 | 0.27 | 0.92 | 8.10 | 77.7 |

ئەسكەرتىش: جەدۋەلدىكى «خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكىسى» دېگەن كاتەكچىدىكى سانلار دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. زىرائەتلەرنىڭ تارقىلىشى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە شىنجاڭ ئۈستىگى ھەم كۆنچى، تارىم دەريالىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سۇغىرىلىدىغان يەرلەرگە ئاساسەن بۇغداي ۋە كۆممىقوناق تېرىلاتتى. شال، قىچا، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇزلارمۇ ئازراق تېرىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىشى، سورتلۇق ئۇرۇقلارنىڭ كەلتۈرۈلۈشى ۋە كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تارقىلىشىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تېرىقچىلىقىنى تۇپراق شارائىتى، كىلىماتى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى، تېرىقچىلىق ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ تۆت رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز ۋە باغۋەنچىلىك رايونى   بۇ شىنجاڭ ئۈستىگى ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان رايون بولۇپ، شىنجاڭ يېزىسىدىكى ئالتە كەنتنى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنى ۋە يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 2 - تۇەنى ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايون بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز تېرىشقا ۋە مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە باب، شىنىغا كەنتىنىڭ شالچىلىق تارىخى ناھىيە بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، بىراق تېرىش ئۇسۇلى قالاق، مەھسۇلاتى تۆۋەن. بۇ رايون، ئاساسەن، شىنجاڭ ئۈستىڭىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئۈستەڭنىڭ باش قىسمىدا يىلىغا 1 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان «ئىنتىپاق» سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇنى تەڭشەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن شىنجاڭ يېزىسىنىڭ تۆگىچىكە كەنتىگىچە 13 ناسوس پونكىتى بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىقىرىش ئارقىلىق سۇغىرىشقا كېرەكلىك سۇ تولۇقلىنىدۇ.

بۇ رايوننىڭ تېرىقچىلىق تارىخى ئۇزۇن، بەلگىلىك تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە، يەرلىرى كۆپ ئوغۇتلانغان بولۇپ، مۇنبەتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، زىرائەتلەرنىڭ پەرۋىش قىلىنىشى ياخشى، ھوسۇلى خېلى يۇقىرى. 1983 - يىلى ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 380 جىڭغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە مو بېشى ھوسۇلى بولغان 293 جىڭدىن 87 جىڭ يۇقىرى بولدى.

بۇ رايوندا 1300 مو مېۋىزارلىق ۋە قوغۇن - تاۋۇزلۇق بار، ئاساسەن، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە ۋە نەشپۈت يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىدۇ. بۇ رايون ناھىيە بازىرىنى مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق جاي ھېسابلىنىدۇ.

2) كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كېۋەز، بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، ياغلىق دان رايونى   بۇ رايون تارىم غول ئۈستىڭى (جەنۇبىي ۋە شىمالىي غول ئۈستەڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ) نىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇ، تارىم، «ئىنتىپاق» يېزىلىرى ۋە كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 60 مىڭ مودىن ئاشىدۇ، بۇ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. تارىم غول ئۈستىڭىنىڭ جەنۇبىدىكى خادا دۆڭ كەنتىدىن بوستان كەنتىگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە ئېچىپ تېرىشقا بولىدىغان 56 مىڭ مو بوز يەر بار.

بۇ رايون بۇغداي، شال، كېۋەز تېرىشقا ۋە مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، كۆپ يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، بۇ رايوننىڭ بولۇپمۇ كېۋەز تېرىشقا باب ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى،

بۇ رايون لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. پاختىچىلىق رايونىنىڭ باشقۇرۇلۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش كۆلىمى ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش ۋە كولتىۋاتسىيە قىلىش كۆلىمى كەڭ، بىرلىك ھوسۇلى يۇقىرى. 1985-يىلى ئېلىنغان پاختا 838 مىڭ 300 جىڭغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي پاختا ھوسۇلىنىڭ 56.44 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

بۇ رايون يەنە ناھىيىنىڭ شالچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. سىناق تەرىقىسىدە شال تېرىش 1971 - يىلى باشلانغانىدى. 1985 - يىلى شال كۆلىمى 2976 موغا، بىرلىك ھوسۇلى 799 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 377 مىڭ 800 جىڭغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي شال ھوسۇلى بولغان 2 مىليون 498 مىڭ جىڭ شالنىڭ 95.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3) تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ رايونى

بۇ رايون، ئاساسەن، دۆڭقوتان يېزىسى ۋە خورجا، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تېرىقچىلىق چارۋىچىلىققا بېقىنىدۇ. ئاشلىق زىرائىتى جەھەتتە يازلىق بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش خاراكتېرىدىكى كۆكتاتچىلىقى ۋە باغۋەنچىلىكىمۇ بار.

4) تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كېۋەز، شال، بۇغداي، ياغلىق دان رايونى

بۇ رايون شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 31 -، 32 -، 33 -، 34 -، 35 - تۇەن - مەيدان قاتارلىق ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا، ئاساسەن كېۋەز، شال، بۇغداي تېرىلىدۇ ۋە مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈلىدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ رايوننىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 200 نەچچە مىڭ مو بولدى.

## 3. زىرائەت ھوسۇلى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قالاق، ھوسۇلى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە بۇغداي ۋە كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 86.6 جىڭ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 96 جىڭ، ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 433 مىڭ جىڭ بولغان، كىشى بېشىغا 207.6 جىڭدىن توغرا كەلگەنىدى، باشقا زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى تېرىقچىلىق تېخنىكىسى تەدرىجىي قوللىنىلغانلىقتىن، بىرلىك ھوسۇلى يىلدىن - يىلغا ئۆرلىدى. 1956 - يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 10 مىليون 514 مىڭ جىڭغا، مو بېشى ھوسۇلى 148.3 جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 742.9 جىڭدىن توغرا كەلدى، ناھىيە ئاشلىقتا ئۆزىنى قامداپ ئېشىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئەھۋالىدىن قۇتۇلدى، كېۋەزدىن باشقا زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئاشتى.

1966 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 16 مىليون 498 مىڭ جىڭغا، بىرلىك ھوسۇلى 150.5 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1949 - يىلدىكىدىن 6.78 ھەسسە، بىرلىك ھوسۇلى 1.7 ھەسسە ئاشتى. باشقا زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىمۇ ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1970 - يىلى ئومۇمىي ھوسۇلى 13 مىليون 754 مىڭ جىڭغا، بىرلىك ھوسۇلى 120.6 جىڭغا چۈشۈپ قالدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1966 - يىلدىكىدىن 16.6% تۆۋەنلەپ كەتتى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن

كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 25 مىليون 703 مىڭ 300 جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 10.56 ھەسسە ئاشتى؛ پاختا (ساپ پاختا) 1 مىليون 382 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 49.5 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىق دان 595 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 7.94 ھەسسە ئاشتى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق ھوسۇلى**

2 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | بىرلىك ھوسۇلى (جىڭ/مو) | ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (جىڭ) |
|---|---|---|---|---|
| 1949 | 2.81 | 243.3 | 86.6 | 207.6 |
| 1956 | 7.09 | 1051.4 | 148.3 | 742.9 |
| 1960 | 12.7 | 1033.9 | 81.4 | 644.9 |
| 1966 | 10.96 | 1649.8 | 150.5 | 1005.4 |
| 1970 | 11.4 | 1375.4 | 120.6 | 651 |
| 1979 | 8.9 | 1508.37 | 169.5 | 523.5 |
| 1982 | 7.65 | 1919.4 | 250.9 | 618.5 |
| 1985 | 8.10 | 2570.33 | 317.3 | 809.5 |

## 4. زىرائەت تۈرى ۋە سورتى

1) ئاشلىق زىرائىتى   ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي (كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي)، كۆممىقوناق، شال، يالىڭاچ ئارپا، ئارپا، ئاق قوناق، پۇرچاق (سويا پۇرچاق، سېرىق پۇرچاق) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇغداي   بۇغداينىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئەڭ كەڭ. 60 - ۋە 70 - يىللاردا يۇقىرى ھوسۇللۇق زىرائەتلەرنى تېرىش تەكىتلەنگەنلىكتىن، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى تۆۋەنلەپ %70 ئەتراپىغا چۈشۈپ قالدى، 80 - يىللارغا كەلگەندە يەنە %80 تىن ئاشتى، ھوسۇلى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى «باينغولىن يازغىسى — 3» ئاساسلىق سورت، «باينغولىن يازغىسى — 2»، «باينغولىن قارا بۇغدىيى — 65» ۋە «باينغولىن قارا بۇغدىيى — 212» قوشۇمچە سورت قىلىندى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلى**

2 - قىسىم 3 - جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | بۇغداي كۆلىمى (10 مىڭ مو) | بۇغداينىڭ ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | بۇغداي ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | بۇغداينىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 2.86 | 2.51 | 87.76 | 260 | 228.5 | 87.8 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 7.09 | 5.17 | 72.9 | 1051.4 | 831.6 | 79.1 |
| 1960 | 12.7 | 6.45 | 50.8 | 1033.9 | 943 | 91.2 |
| 1966 | 10.96 | 7.2 | 65.7 | 1649.8 | 824.6 | 50.32 |
| 1970 | 11.4 | 8 | 70.2 | 1375.4 | 843.1 | 61.3 |
| 1976 | 10.38 | 7.62 | 73.4 | 1446 | 844.2 | 58.98 |
| 1980 | 8.58 | 6.4 | 74.6 | 1650.9 | 1038.9 | 62.9 |
| 1982 | 7.65 | 6.24 | 81.5 | 1919.4 | 1314.2 | 67.9 |
| 1985 | 8.10 | 7.44 | 91.85 | 2570.33 | 1904.1 | 74 |

كۆممىقوناق     كۆممىقوناقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى بۇغدايدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، 60 ـ ۋە 70 ـ يىللاردا يۇقىرى ھوسۇللۇق زىرائەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، كۆممىقوناقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 1980 ـ يىلدىن كېيىن %20 ئۆپچۆرىسىگە چۈشتى. بۇ يەردە ئاساسەن كۆممىقوناقنىڭ «شالغۇت — 156» سورتى تېرىلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلى
2 ـ قىسىم 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | كۆممىقوناقنىڭ ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | كۆممىقوناق ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | كۆممىقوناقنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 2.86 | 0.24 | 8.4 | 260 | 23.1 | 8.88 |
| 1956 | 7.09 | 1.75 | 24.68 | 1051.4 | 171.9 | 16.3 |
| 1960 | 12.7 | 3.21 | 25.2 | 1033.9 | 76.5 | 7.4 |
| 1966 | 10.96 | 3.56 | 32.5 | 1649.8 | 762.2 | 46.2 |
| 1970 | 11.4 | 3.2 | 28.1 | 1375.4 | 509 | 37 |
| 1976 | 10.38 | 2.24 | 21.6 | 1446 | 479.9 | 33.2 |
| 1980 | 8.58 | 2.02 | 23.5 | 1650.9 | 522.9 | 31.67 |
| 1982 | 7.65 | 1.06 | 13.8 | 1919.4 | 424 | 22.9 |
| 1985 | 8.10 | 1.13 | 13.95 | 2570.33 | 416.4 | 16.2 |

شال   مىنگو دەۋرىدىلا شال تېرىلاتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شال تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، 1950 ـ يىلى 500 مو بولغان بولسا، 1985 ـ يىلى 3400 موغا يەتتى. 1964 ـ يىلدىن كېيىن، ئاق قوناق تېرىش توختىتىلغانلىقتىن، شال ئاشلىق زىرائىتى ئىچىدە 3 ـ ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 80ـ يىللاردا تەدرىجىي ھالدا %3 تىن كۆپرەككە يەتتى. 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى

شال ھوسۇلى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ تەخمىنەن ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، 1981 ـ يىلدىن كېيىن 9% كە يەتتى. بۇ يەردە ئاساسەن «ئەيغىبىڭ — 2» ۋە «دۆلەت بايرىمى — 20» سورتلىرى تېرىلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى شال تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلى

2 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق زىرائەتى تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | شال تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) | شالنىڭ ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | شال ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | شالنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 2.86 | 0.05 | 1.75 | 260 | 8.4 | 3.23 |
| 1956 | 7.09 | 0.13 | 1.83 | 1051.4 | 25.4 | 2.4 |
| 1960 | 12.7 | 0.09 | 0.7 | 1033.9 | 1.6 | 0.15 |
| 1966 | 10.96 | 0.2 | 1.82 | 1649.8 | 52 | 3.15 |
| 1970 | 11.4 | 0.2 | 1.75 | 1375.4 | 23.3 | 1.7 |
| 1976 | 10.38 | 0.22 | 2.1 | 1446 | 80.4 | 5.56 |
| 1980 | 8.58 | 0.16 | 1.86 | 1650.9 | 80 | 4.84 |
| 1982 | 7.65 | 0.25 | 3.27 | 1919.4 | 181.2 | 9.44 |
| 1985 | 8.10 | 0.34 | 4.19 | 2570.33 | 249.8 | 9.7 |

**ئاق قوناق**   ئاق قوناق تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئادەتتە پارچە ـ پۇرات يەرلەرگىلا تېرىلىدۇ.

**پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر**   بۇ، سېرىق پۇرچاق، سوياپۇرچاق، ماش ۋە كۆك پۇرچاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۇرچاق زىرائىتى ئاساسەن كۆممىقوناقنىڭ قۇر ئارىسىغا تېرىلىدۇ، ھوسۇلى ئىنتايىن تۆۋەن.

2) ئىقتىسادىي زىرائەت

**ياغلىق دان**   چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە ئاساسەن قىچا، زىغىر، زاراڭزا ۋە كۈنجۈت تېرىلاتتى. كۈنجۈتتىن باشقىلىرى تاشقىن باسىدىغان دەريا بويلىرىغا تېرىلاتتى، ھوسۇلى تۆۋەن ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن زىغىر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان بولدى.

**كېۋەز**   50 ـ ۋە 60 ـ يىللاردا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمەن 5000 مو ئەتراپىدا بولۇپ، ھوسۇلى 200 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا بولغانىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، ھوسۇلىمۇ ئاشتى. 1985 ـ يىلى 14 مىڭ 900 مو كېۋەز تېرىلىپ، 1 مىليون 382 مىڭ جىڭ پاختا ئېلىندى.

**كەندىر، قىزىلچا، تاماكا**   كەندىر، قىزىلچا ۋە تاماكىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ ئەمەس.

**كۆكتات**   مىنگو دەۋرىدە بۇ يەردە كۆكتات تۈرى ۋە مىقدارى ناھايىتى ئاز ئىدى، يازلىق كۆكتاتلاردىن ئاساسلىقى چامغۇر، تۇرۇپ، قىشلىق كۆكتاتلاردىن ئاساسلىقى سەۋزە، پىياز ۋە

چامغۇر قاتارلىقلار تېرىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، كۆكتات مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىنىلا ئەمەس، تۈرىنىڭمۇ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 2300 موغا يەتتى. يەرلىك ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرۈدىغان تۇرۇپ، چامغۇر، پىياز ۋە سەۋزىدىن باشقا يەنە ياڭيۇ، سۇلۇڭ پىياز، سامساق، قىزىلمۇچ، يازلىق يېسىۋىلەك، كەرەپشە، كۈدە، پالەك، پىدىگەن، دۈجۈر، تۇرۇپ، ئارپابەدىيان، يۇمغاقسۇت، تاتلىق ياڭيۇ، تەرخەمەك، كاۋا، شوخلا، چېچەكسەي، سەي كاۋىسى، يېسى پۇرچاق، خەردەل قاتارلىق كۆكتاتلارمۇ تېرىلىدىغان بولدى.

قوغۇن- تاۋۇز    قوغۇن ۋە تاۋۇزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ يىلدىن-يىلغا كېڭەيدى. 1985- يىلى ناھىيە بويىچە 2800 مو قوغۇن تېرىلىپ، 6 مىليون 496 مىڭ جىڭ قوغۇن ئېلىندى؛ 200 مو تاۋۇز تېرىلىپ، 466 مىڭ جىڭ تاۋۇز ئېلىندى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلى

2 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى | تېرىلغۇ كۆلىمى (10 مىڭ مو) ئاشلىق: جەمئىي | ئاشلىق: ئىگىلىگەن نىسبىتى% | كېۋەز: جەمئىي | كېۋەز: ئىگىلىگەن نىسبىتى% | ياغلىق دان: جەمئىي | ياغلىق دان: ئىگىلىگەن نىسبىتى% | قوغۇن-تاۋۇز ۋە كۆكتات: جەمئىي | قوغۇن-تاۋۇز ۋە كۆكتات: ئىگىلىگەن نىسبىتى% | پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | ياغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) | قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى (10 مىڭ جىڭ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 4.38 | 2.86 | | | | | | | | 0.4 | | |
| 1956 | 9.98 | 7.09 | | | | | | | | | | |
| 1966 | 13.7 | 10.96 | 80 | 0.7 | 5.1 | 1.4 | 10.2 | 0.1 | 0.7 | 17 | 32 | 10.2 |
| 1976 | 11.73 | 10.38 | 88.5 | 0.52 | 4.4 | 0.74 | 6.3 | 0.13 | 1.1 | 10.3 | 15.1 | 15 |
| 1980 | 9.85 | 8.58 | 87.1 | 0.55 | 5.6 | 0.84 | 8.5 | 0.14 | 1.4 | 14.58 | 36.3 | 16.9 |
| 1985 | 10.42 | 8.10 | 77.7 | 1.49 | 14.3 | 0.46 | 4.4 | 0.37 | 3.5 | 138.2 | 59.56 | 696.2 |

## 5. دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى

لوپنۇر ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى، 80 ـ يىللاردىن ئىلگىرى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق تەكىتلەندى، يېزا ئىگىلىكىدە بىر تەرەپلىمە ھالدا «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» تەكىتلەندى، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەتتا ئورمانلار ۋە ئوتلاقلار ۋەيران قىلىندى (بۇ ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى). كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيگەنلىكتىن، سۇ ۋە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك زىددىيىتى

كۆندىن - كۈنگە گەۋدىلەندى، دېھقانچىلىق ئىشلىرى تۇجۇپىلەپ ئىشلەنمىدى، تېرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، هوسۇلغا ئەھمىيەت بېرىلمىدى، بايلىق (ۋېرمىكۇتىت، هاك تېشى، لوپنۇر كەندىرى) ئەۋزەللىكى ۋە يېزىلارنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلمىدى، دېھقانچىلىق مەبلىغى كەمچىل بولدى. تېرىقچىلىق ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلمىدى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىنمىدى. شۇڭا 1950 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك هوسۇلى 86.6 — 191.5 جىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇردى. بۇنداق بىرلا خىل تۈۋەن هوسۇللۇق ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى تۈۋەن بولدى، دېھقانلار نامراتلىشىپ كەتتى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي فاڭجېنى بويىچە ناھىيىنىڭ كىلىماتى، سۈيى، تۇپرىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەلىپى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ناھىيە تېرىقچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بەلگىلەندى. «سۇغا قاراپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى بەلگىلەش، يەر شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپ قىلىندى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرماسلىق، بىرلىك هوسۇلنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ ئومۇمىي هوسۇلنى ئاشۇرۇش، تېرىلغۇ كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتىش، ئاشلىقتا ئۆزىنى قامداپ ئېشىنىش شەرتى ئاستىدا، پاختىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنى پايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ پاختا بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كونكرېت فاڭجېن قىلىندى.

1981 - يىلدىن بۇيان ناھىيە مىقياسىدا زىرائەت قۇرۇلمىسى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى، ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 80 مىڭ مو ئۆپچۆرىسىگە چۈشۈرۈلدى، كېۋەز ۋە باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانىنىڭ بىرلىك هوسۇلى، ئومۇمىي هوسۇلى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1985 - يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك هوسۇلى 260.68 جىڭغا، پاختا (ساپ پاختا) نىڭ بىرلىك هوسۇلى 100 جىڭغا، ياغلىق دانىنىڭ بىرلىك هوسۇلى 129.5 جىڭغا يەتتى.

## § 3. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

### 1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

1) يىلدا بىر قېتىم هوسۇل ئېلىش تۈزۈمى 1966 - يىلدىن ئىلگىرى كۆپىنچە يىلدا بىر قېتىم هوسۇل ئېلىناتتى، يېرى ئاز، ئەمگەك كۈچى كۆپ ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى (تەبىئىي كەنتلەر) لا ئېتىز ئورنىغا ئاز مىقداردا چىلگە قوناق تېرىيتتى.

2) ئېتىز ئورنىغا تېرىش يىلدا ئىككى قېتىم هوسۇل ئېلىش تۈزۈمى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بىر قىسىم يېزا، كەنت (گۇڭشې، ئەترەت)

لەر ئېگىز ئورنىغا تېرىشنى سىناق قىلدى، ئېگىزغا تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى ئومۇمەن 50 — 120 جىڭ ئارىلىقىدا بولدى. بىراق يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش تۈزۈمى ناھىيە بويىچە ئومۇملاشمىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەمگەك كۈچى، ئوغۇت ۋە سۇ يېتىشمەسلىك، زىرائەت سورتلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ قالاق بولۇشى سەۋەب بولدى.

3) نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش    1970 - يىلدىن ئىلگىرى كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى كەڭ بولغانلىقتىن، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش خېلىلا قىيىن ئىدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە يازغى بۇغداي كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يازغى بۇغداي كۈزگى بۇغداينىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. بۇ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا قولايلىق شارائىت ياراتتى. بىراق يازغى بۇغداي بىلەن باشقا زىرائەتلەرنىڭ سۇ تالىشىش زىددىيىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى زىرائەتلەرنىڭ تۈرى ۋە تېرىقچىلىق ئادىتىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە خىل نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى يەكۈنلەپ چىقىلىپ، يەردىن پايدىلىنىش بىلەن يەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ، زىرائەت ھوسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇلدى. نۆۋەتلەشتۈرۈش تەرتىپى مۇنداق بولدى:

(1) بۇغداي - بېدە - شال - كېۋەز - بۇغداي

(2) بۇغداي - قاشقا بېدە - كۆممىقوناق - ئېگىزغا تېرىلىدىغان قىچا - بۇغداي - قاشقا بېدە - كېۋەز.

(3) بۇغداي - ئېگىزغا تېرىلىدىغان قىچا - كۆممىقوناق (قۇر ئارىسىغا پۇرچاق تېرىشقا بولىدۇ) - كېۋەز - بۇغداي - بېدە - شال - بۇغداي.

(4) شال - بۇغداي + ئېگىزغا تېرىلىدىغان قىچا - بۇغداي + قاشقابېدە - كېۋەز-بۇغداي+ ئېگىزغا تېرىلىدىغان قىچا (يېشىل ئوغۇت) - شال.

(5) بۇغداي + بېدە - بېدە - بېدە + كېۋەز - بۇغداي + قاشقا بېدە - كۆممىقوناق (قۇر ئارىسىغا دادۇر تېرىشقا بولىدۇ) - قىچا.

4) ئاختىما قىلىش ئورنىغا يېشىل ئوغۇت تېرىش

50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاختىما قىلىش ئارقىلىق يەرنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلەتتى. ئاختىما قىلىنىدىغان يەر كۆلىمى ناھايىتى زور ئىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن يەر شارائىتىغا قاراپ، بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يېشىل ئوغۇت تېرىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلار كۆپەيتىلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاختىما قىلىش تەدرىجىي ھالدا يېشىل ئوغۇت تېرىشقا ئورۇن بەردى.

5) كىرىشتۈرۈپ تېرىش    1970 - يىلدىن كېيىن شىڭپىڭ گۇڭشېسىدىكى بىر قىسىم يېرى ئاز ئەترەت (كەنت) لەر كىرىشتۈرۈپ تېرىش تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇردى.

كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا ئاساسەن كۆممىقوناقنىڭ ئارىسىغا پۇرچاق، قوغۇن - تاۋۇز ئارىسىغا قىزىلچا، مېۋىلىك باغقا قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات، بۇغداي ئارىسىغا يېشىل ئوغۇت (بېدە) تېرىلدى.

## 2. تېرىقچىلىق ئۇسۇلى

1) تېرىش ئۇسۇلى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە چېچىپ تېرىش ئۇسۇلى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلاتتى. 1955 - يىلى ئات سۆرەيدىغان سىيالكا بىلەن ئۇرۇق

سېلىش ئومۇملىشىشقا باشلىدى، ھەر يىلى سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سېلىنىدىغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ تۇردى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تراكتور سۆرەيدىغان سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سېلىش ئومۇملىشىپ، چېچىپ تېرىش ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى. بىر قىسىم گۇڭشې، ئەترەتلەر كۆممىقوناقنى ئورەك كولاپ تېرىشنى سىناق قىلدى. كۈزگى، يازغى بۇغدايلار ۋە كېۋەزنى پۈتۈنلەي قۇرلاپ تېرىيدىغان بولدى.

2) مۇۋاپىق قويۇق تېرىش 70 - يىللاردىن ئىلگىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇق سېلىنىش مىقدارى ئومۇمەن نورمال مىقداردىن 25% — 30% كۆپ ئىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن، ناھىيە بويىچە مۇۋاپىق قويۇق تېرىش يولىغا قويۇلدى، ئوخشاش بولمىغان يەر، ئوخشاش بولمىغان كىلىمات، ئوخشاش بولمىغان سورت ھەمدە سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، قويۇقلۇق دەرىجىسىگە تەلەپ قويۇلۇپ، ئۇرۇق مىقدارى بەلگىلىنىپ، ئىلگىرى قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇقنى كۆپ، قويۇق سېلىش ۋە مايسىنى كۆپ قالدۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشقا ئىنتىلىش ئۇسۇلى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆممىقوناق ۋە كېۋەزنى ھەر خىل كەڭلىكتە قۇرلاپ تېرىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى بىر خىل كەڭلىكتە قۇرلاپ تېرىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، زىرائەتلەر شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە كۈن نۇرى چۈشىدىغان قىلىپ مۇۋاپىق تېرىلىدىغان بولدى. بۇنداق تېرىقچىلىق ئۇسۇلى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولدى.

3) دېھقانچىلىق، ماشىنا - سايمانلىرىدىن كۆپلەپ پايدىلىنىش ناھىيە تەۋەسىدە ئىلگىرى يەر پۈتۈنلەي دېگىدەك بوقۇسا بىلەن ئاغدۇرۇلاتتى. ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى 12 سانتىمېترغىمۇ يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ يەر چالا ئاغدۇرۇلۇپ قالاتتى. تىرنىلاش، سۆرەم سېلىش، ئوت ئوتاش قاتارلىق ئىشلار قول بىلەن قىلىنىدىغان بولۇپ، كۆپ قول تۇتاتتى، كۆممىقوناق، كېۋەزلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر قېتىممۇ ئوتالمايتتى.

1954 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان قوش چاقلىق، بىر چىشلىق ساپان ۋە قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان كەلتۈرۈلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1955 - يىلى سېتىۋېلىنغان 235 يېڭىچە ساپان بىلەن 66 مىڭ375 مو يەر ئاغدۇرۇلدى، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان ئات سۆرەيدىغان ئون قۇرلۇق سىيالكا كەلتۈرۈلدى. 1956 - يىلى ئات سۆرەيدىغان بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى كەلتۈرۈلدى. 1957 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان «TD — 28» تىپلىق ۋە «C — 75» تىپلىق تراكتور كەلتۈرۈلدى. 1963 - يىلىغا كەلگەندە يەر پۈتۈنلەي تراكتور بىلەن ئاغدۇرۇلىدىغان بولدى، ئۇرۇق سېلىش، تىرنىلاش، سۆرەم سېلىش، ئوت ئوتاش ۋە كولتىۋاتسىيە قىلىش ئىشلىرىنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

4) سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش مىنگو دەۋرىدە ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيىنىڭ سۇغىرىش سىستېمىسى تولۇق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈشلەشمىگەنىدى، ئاساسەن باستۇرۇپ سۇغىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. كېيىن سۇ ئىنشائاتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىلدى. 1952 - يىلى تارىم چوڭ توسمىسى ياسالغاندىن باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى، بۇ، دېھقانچىلىقتا كېرەكلىك سۇغا كاپالەتلىك قىلىشتا چوڭ رول ئوينىدى. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 1950 - يىلى 43 مىڭ 800 مو بولغان بولسا، 1985 - يىلى 104 مىڭ 200 موغا يەتتى. تاختىلاپ سۇغىرىش،

چۆنەكلەپ سۇغىرىش، كاندۇكلاپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى، باستۇرۇپ سۇغىرىش ۋە ئېتىزدىن ئېتىزغا چىقىرىپ سۇغىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلماس بولدى. سۇ سەرپىياتى 1965 - يىلى ھەر مۇغا 2000 كۇب مېتىردىن توغرا كەلگەن بولسا، 1985 - يىلى 1350 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى.

## 3. سۇپەتلىك ئۇرۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش

1) ئۇرۇق تاللاش ۋە ساپلاشتۇرۇش يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ناھىيە تەۋەسىگە سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بىرقەدەر كۆپ، سىرتتىن ناھىيىگە كىرگەن سورتلارمۇ خېلى كۆپ بولغانىدى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئاساسلىق سورتلاردىن بىر نەچچىسى ساقلىنىپ قالغانىدى. بىراق ئۇرۇقلار ناچارلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھوسۇلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە تەۋەسىدە كېۋەز ۋە بۇغداينىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ باقتى، بىراق ئۈنۈمى يوق دېيەرلىك بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، 50 - يىللاردا ئۆزى تاللاش، ئۆزى قالدۇرۇش، ئۆزى كۆپەيتىش، ئۆزى ئىشلىتىش چارىسى يولغا قويۇلدى، دۆلەتمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەپ تۇردى، يېزىلاردا ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئېتىزلاردىن ئۇرۇق تاللاش قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇق تاللاشتا ئېتىزلاپ تاللاش ۋە باشاقلاپ تاللاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى، باشاقلاپ تاللاشتا كېسەل تەگمىگەن، قۇرت چۈشمىگەن، دېنى توق ئۆلچەملىك باشاقلار ئېھتىياجغا قاراپ تاللىنىپ، ئايرىم سوقۇلدى، قۇرۇتۇلدى ۋە ساقلاندى؛ ئېتىزلاپ تاللاشتا زىرائەت ئوخشىغان ئېتىزلار تاللىنىپ، ئارىلاش ۋە ناچار سورتلار چىقىرىۋېتىلىپ، ئايرىم ئورۇلۇپ، ئايرىم تېپىلدى. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل كوپىراتسىيىلىشىش مەزگىلىدە سۈپەتلىك ئۇرۇق تەييارلاشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى بولدى.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىدە كۆتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش ئىدىيىسى تەدرىجىي ئەۋج ئالدى. ئۇرۇقچىلىق تارماقلىرى ھەر يىلى ئېھتىياجلىق 1 مىليون جىڭ ئۇرۇقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ كۆرگەنلا ئۇرۇقنى سېتىۋالدى، نەتىجىدە سورتلار كۆپ، قالايمىقان، ئارىلاش، ناچار بولۇش، كېسەللىك كۆپ كۆرۈلۈش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق تارمىقى ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىغا ماسلىشىپ، بۇغداي ۋە كۆممىقوناقنىڭ ئاساسلىق سورتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. 1967- يىلى شىڭپىڭ گۇڭشېسى چوڭ ئەترىتىنىڭ يامانخوۋا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش نۇقتىسى قىلىندى. 70 - يىللارغا كەلگەندە ئۇرۇقنى ساپلاشتۇرۇش تېخنىكىسى گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1974 - يىلى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ئۇ، مەخسۇس سۈپەتلىك ئۇرۇق كەلتۈرۈش، تەڭشەش، سىناق قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولدى.

2) سۈپەتلىك ئۇرۇق كەلتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە لوپنۇر ناھىيىسىدە تېرىلىدىغان كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق، ياغلىق دان، قوغۇن - تاۋۇز، كېۋەز ۋە شال قاتارلىق زىرائەتلەر ئىچىدە بۇغداي بىلەن كۆممىقوناق ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. 70 - يىللارغا كەلگەندە شال ۋە كېۋەزمۇ ئاساسلىق

زىرائەتلەر قاتارىغا كىردى. سۈپەتلىك ئۇرۇق كەلتۈرۈش جەھەتتە، ئالدى بىلەن بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە ياغلىق دان ئۇرۇقلىرى كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلغىچە ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئىچىدە يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە شالنىڭ ئۈچ تۈرى بويىچە 12 سورتى، ياغلىق داننىڭ ئالتە تۈرى، مېۋە - چېۋىنىڭ بەش تىپى بويىچە 14 سورتى، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئىككى تۈرى بويىچە 11 سورتى، كۆكتاتنىڭ يەتتە تىپى بويىچە 57 سورتى بارلىققا كەلدى.

(1) بۇغداي بۇغداي ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1978 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە تەۋەسىدە كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى بۇغداي ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 60 - 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. كۈزگى بۇغداينىڭ قىشتىن چىققىچە ئۇششۇپ قېلىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئۆرلەپ ۋە قۇرۇق ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، كۈزگى بۇغداينىڭ بىرلىك هوسۇلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، 1978 - يىلدىن كېيىن يازغى بۇغداينىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلدى ھەمدە يازغى بۇغدايلا تېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى شەكىللەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1978 - يىلغا قەدەر كۈزگى بۇغداي سورتى تۆت قېتىم يەڭگۈشلەندى. «باينغولىن كۈزگىسى — 1»، «باينغولىن كۈزگىسى — 2»، «باينغولىن كۈزگىسى — 4»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 3»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 4» ۋە «تاڭشەن — 6869» قاتارلىق كۈزگى بۇغداي سورتلىرى تېرىلدى؛ يازغى بۇغداي سورتى ئۈچ قېتىم يەڭگۈشلەندى. «ئاق يازغى»، «لياڭشەن قارا يازغىسى»، «قىلتىرىقلىق يازغى»، «باينغولىن قارا بۇغدىيى — 65»، «سىبلوس يازغىسى»، «باينغولىن يازغىسى — 1»، «باينغولىن يازغىسى — 2»، «ئازاد يازغىسى — 3» ۋە «قەشقەر باقبۇقسى» قاتارلىق يازغى بۇغداي سورتلىرى تېرىلدى. 1985 - يىلى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 59 مىڭ 700 مو، بىرلىك هوسۇلى 319 جىڭ، ئومۇمىي هوسۇلى 19 مىليون 41 مىڭ جىڭ بولدى.

(2) كۆممىقوناق كۆممىقوناق ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ «ۋىل — 156»، «ئات چىشلىق كۆممىقوناق»، «ئالتۇن خانىش»، «چىلگە قوناق» قاتارلىق سورتلىرى تېرىلدى. 1985 - يىلى كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 300 مو، بىرلىك هوسۇلى 368.5 جىڭ، ئومۇمىي هوسۇلى 4 مىليون 164 مىڭ جىڭ بولدى.

(3) شال ناھىيە تەۋەسىدە شالچىلىق تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن. بىراق 1972 - يىلدىن ئىلگىرى شال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا، بىرلىك هوسۇلى تۆۋەن، كۆرمىكى كۆپ، تېرىلغۇ كۆلىمى ئاز بولۇپ كەلگەنىدى. 1972 - يىلدىن كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، «ئىتتىپاق» ۋە تارىم گۇڭشېلىرىدا شال كەڭ كۆلەمدە تېرىلىدىغان بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە شال تېرىلغۇ كۆلىمى 3400 موغا، بىرلىك هوسۇلى 734.6 جىڭغا، ئومۇمىي هوسۇلى 2 مىليون 497 مىڭ 700 جىڭغا يەتتى. «شازى — 129»، «دوزى — 129»، «دۆلەت بايرىمى — 20»، «ئەيفېڭ — 2»، كېنفېڭ — 6»، «چيوگۇاڭ»، «جىنجۇ»، «ئاق قىلتىرىقلىق شال» قاتارلىق شال سورتلىرى تېرىلدى.

(4) كېۋەز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلگىچە كېۋەز ئاز تېرىلاتتى. هوسۇلى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 1957 - يىلدىن كېيىن سۈپەتلىك ئۇرۇق كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كېۋەز سورتى تۆت قېتىم يەڭگۈشلەندى. «3173»، «108 - ئەيفۇ»، «1470»، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» قاتارلىق قۇرۇقلۇق كېۋىزى

سورتلىرى، «دېڭىز ئارمىيىسى — 1» قاتارلىق ئۆزۈن تالالىق كېۋەز سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى كېۋەز (قوزۇقلۇق كېۋىزى) تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 800 مو، بىرلىك ھوسۇلى 100 جىڭ، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 382 مىڭ جىڭ بولدى.

(5) ياغلىق دان   مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ياغلىق دان ناھايىتى ئاز تېرىلاتتى، ياغلىق داننىڭ ئاساسلىق سورتلىرىدىن زىغىر، قىچا، كۈنجۈت، زاراڭزا قاتارلىق يەرلىك سورتلار بار ئىدى، بۇلارنىڭ ھوسۇلى تۆۋەن بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلى 24.2 جىڭ ئەتراپىدا ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئاپتاپپەرەس، زىغىر، زاراڭزا ۋە قىچا قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ بىر قىسىم يېڭى سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. ياغلىق دان زىرائىتى ئىچىدە قىچا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، 1985- يىلى 4600 مو يەرگە قىچا تېرىلىپ، ھەر موسىدىن 129.5 جىڭدىن جەمئىي 595 مىڭ 600 جىڭ قىچا ئېلىندى.

## 4. يەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش

لوپنۇر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق زىرائىتى پۈتۈنلەي ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىناتتى، يېزىلاردا ئىچىتما ئوغۇت، قىغ، كۈنجۈرە، يېشىل ئوغۇت، تام توپىسى، ئادەم گەندىسى ۋە چارۋىلارنىڭ قىغى، ناھىيە بازىرىدىكى ئەخلەت قاتارلىقلار ئورگانىك ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. 70- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر مو يەرگە 2000 - 3000 جىڭدىن مەھەللىۋى ئوغۇت قويۇلۇپ، ئاساسىي ئوغۇت قىلىنىپ كەلگەنىدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ بېشىدا، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، ئۇ ۋاقىتتىكى خىمىيىۋى ئوغۇت پەقەت ئازوتلۇق ئوغۇت يەنى ئاممونىي سۇلفات، ئاممونىي نىترات قاتارلىقلار ئىدى، مىقدارىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىمپورت قىلىنغان ئۇرېيە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بىراق خىمىيىۋى ئوغۇت ئازراق ئىشلىتىلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 948 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت 715 توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 233 توننا، ھەر موغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز كىلوگرامدىن ئىشلىتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 1135 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، بۇ، مو بېشىغا 11.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدا يېشىل ئوغۇت سۈپىتىدە بېدە ۋە قاشقا بېدە تېرىپ يېشىل ئوغۇت قىلىش ئىشى باشلاندى، قاشقا بېدىنىڭ ھەر موسىدىن ئىككى توننا بېدە چىقىدۇ، كۈزدە قاشقا بېدە يەر ئاغدۇرۇشتا يەرگە باستۇرۇۋېتىلىدۇ، قاشقا بېدىنىڭ يىلتىزىنى قوشقاندا، ھەر مو يەردە ئازوت 7.2 كىلوگرام، فوسفور 0.76 كىلوگرام ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بېدە تېرىلىپ، قىشتا چارۋىلارغا بېرىش ئۈچۈن كۆپلەپ يېشىل بېدە تەقلەپ قويۇلىدۇ، چارۋا قىغى ئېتىزلارغا قويۇلغاندا تۇپراق تەركىبىدىكى ئوغۇت كۆپىيىدۇ.

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، چارۋا دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا قوندۇرۇلۇپ يەر ئوغۇتلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانلارنى كۆممىقوناق ۋە بېدە تېرىشقا سەپەرۋەر قىلىش، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا بېقىشقا يەم - بوغۇز تەييارلىنىپ، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى (يەنى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپەيتىش، دېھقانچىلىق

رايونلىرىدا بورداش) راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. 1985 - يىلى قىشتا 37 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك قوي-ئۆچكە، 280 دىن كۆپرەك كالا دېھقانچىلىق رايونىدا بېقىلدى.

## § 4. ئۆسۈملۈك ئاسراش

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۆسۈملۈك ئاسراش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 60 - يىللاردىن باشلاپ بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىلدى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى بۇ ئىشقا مەخسۇس تېخنىكا خادىملىرىنى مەسئۇل قىلدى، بىراق ئۆسۈملۈك ئاسراش خىزمىتى بەزىدە چىڭ تۇتۇلۇپ، بەزىدە بوشاشتۇرۇپ قويۇلغاچقا، ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. 1983 - يىلى ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى رەسمىي قۇرۇلدى، ئورنى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدا بولۇپ، ئۈچ كەسپىي كادىر سەپلەندى. 1985 - يىلى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى كۆزىتىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش كەسپىي خادىمىدىن تۆتى سەپلەپ بېرىلدى، 350 دانە ھەرخىل ماشىنا - ئۈسكۈنە بىلەن سەرەمجانلاندى، ئىككى توننا دېھقانچىلىق دورىسى يۆتكەپ بېرىلدى، ناھىيە بويىچە كۆزىتىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش نۇقتىسىدىن 11 ى قۇرۇلدى، ھەر يىلى زىيانداشلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە زىيانداشلار يوقىتىلغان كۆلەم 20 مىڭ مودىن ئاشتى، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ توغرا چىقىش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولدى.

### 1. دېھقانچىلىق زىرائىتىدە بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار

1) ئاساسلىق كېسەللىكلەر ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز ۋە قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق ئاساسلىق زىرائەتلەردە 15 خىل كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ بارلىقى بايقالدى.

**(1) بۇغدايدا بولىدىغان ھال كېسەللىكى ۋە قارا كۆيە كېسەللىكى** بۇغدايدا بولىدىغان ھال كېسەللىكى، ئاساسەن، كۈزگى بۇغدايغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. 1964 - يىلى ئال كېسەللىكى پۈتۈن ناھىيىدىكى 94% گۈڭشې، ئەترەتنىڭ 34 مىڭ 600 مو يېرىدىكى كۈزگى بۇغداي ئېتىزىغا تارقالدى، 20 مىڭ مو يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئازايتىلدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ خىل كېسەللىكمۇ ئازايدى.

قاراكۆيە كېسەللىكى ئانچە - مۇنچە كۆرۈلىدۇ، ئاساسلىقى «ئىتتىپاق» يېزىسى ۋە ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا كۆرۈلىدۇ.

**(2) كۆممىقوناقتا بولىدىغان قارامۇق كېسەللىكى** ناھىيىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە ئانچە-مۇنچە كۆرۈلىدۇ.

**(3) شالغولى قۇرۇش كېسەللىكى** ئانچە - مۇنچە كۆرۈلىدۇ.

**(4) كېۋەز يىلتىزى چىرىش كېسەللىكى، سارغىيىپ يىگىلەش كېسەللىكى، داغ كېسەللىكى** بۇ خىل كېسەللىكلەر ئانچە - مۇنچە كۆرۈلىدۇ.

**(5) قوغۇن - تاۋۇزدا بولىدىغان ئاق توزان كېسەللىكى، پېلەك قۇرۇش كېسەللىكى** ئاق توزان كېسەللىكى ناھىيىدىكى يېزا - كەنتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ؛ پېلەك قۇرۇش كېسەللىكى بىر قىسىم يېزا - كەنتلەردە ئانچە - مۇنچە كۆرۈلىدۇ.

## 2) ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار

**(1) يەر يولۋىسى** يەر يولۋىسىدىن ئاساسلىق سىزىقلىق يەر يولۋىسى، ئاچا يوللۇق يەر يولۋىسى ۋە سېرىق يەر يولۋىسى بار بولۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە شىخپىلىڭ يېزىسىدا يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر، ئاساسەن كۆممىقوناققا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئادەتتىكى يىللاردا مايسىنى قۇرۇتۇۋېتىش نىسبىتى 1% تىن 15% كىچە بولىدۇ. كېۋەز ۋە پېدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتات (مەسىلەن: پېدىگەن، مۇچ قاتارلىق) لارغا يەتكۈزىدىغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر، بەزىدە كۆكتاتلارنىڭ ئالا بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەر يولۋىسىنىڭ 1 - ئەۋلاد لىچىنكىسى 5 - ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىگىچە، ئاساسەن كۆممىقوناق، كېۋەز ۋە پېدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنىڭ مايسىسىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، 2 - ئەۋلاد لىچىنكىسى ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كۆممىقوناق ۋە ياڭيۇ تۈرىدىكى زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا ئادەتتە يەرگە زەھەر چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، سۇ بىلەن باستۇرۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ، ئايرىم كەتلەردە چىراغ يېقىپ قويۇپ ۋە شېكەر قىيامىغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىدۇ.

**(2) يوپۇرماق پىتى** بۇغداي يوپۇرماق پىتى (بۇغداي پىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۈزۈن نەيچىسىمان يوپۇرماق پىتى ۋە ئىككى بۇرۇتلۇق يوپۇرماق پىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يوپۇرماق پىتى ناھىيىدىكى بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلارغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە تارىم يېزىسىنىڭ خادادۆڭ كەنتىدە ئەڭ ئېغىر، ئۇنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولىدىغان مەزگىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولۇپ، زىيىنى ئېغىر بولغان يىللاردا بۇغداي ھوسۇلى 5% ئۆپچۆرىسىدە كېمىيىپ كېتىدۇ.

شاپتۇل ۋە ئۆرۈك يوپۇرماق پىتى پۈتۈن ناھىيىگە تارقالغان، ئۇ، ئاساسلىقى، شاپتۇل ۋە ئۆرۈككە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، مۇنداق پىت چۈشكەن شاپتۇل، ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، سۈپىتى ناچارلىشىدۇ.

كېۋەز قارا يوپۇرماق پىتى پۈتۈن ناھىيىگە تارقالغان، ئۇ، ئاساسلىقى، قىچا ۋە ئېگىزغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناققا زىيان يەتكۈزىدۇ، بۇ پىت بەزىدە كېۋەز غولىدىمۇ بولىدۇ.

**(3) قارغۇ چېرىپاشكا (ئۇساغاق قوڭغۇز)** بۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلىرىغا ۋە بېدىلىكلەرگە تارقالغان، ئۇ، بىر يىلدا تۆت ئەۋلاد كۆپىيىدۇ، يېتىلگەن قۇرت ھەرخىل ئوت - چۆپ، دەرەخ قوۋزاقلىرى ياكى بۇغداي بادىڭى ئاستىدىكى يەر يېرىقلىرىدا قىشلايدۇ، كېيىنكى يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىلىرىدا بېدە ياكى ئوت - چۆپ ئۈستىدە تۇخۇملايدۇ، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇخۇمدىن چىقىدۇ، ئاندىن كېۋەزلىكلەرگە كىرىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە كېۋەزگە ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدۇ.

**(4) غوزا قۇرتى** بىر يىلدا ئۈچ ئەۋلاد كۆپىيىدۇ، ئۇ كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلارغا تارقالغان، كۆممىقوناق، شوخلا، مۇچ قاتارلىقلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، زىيان يەتكۈزۈش مەزگىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى بولۇپ، ئاساسلىقى، مېۋىگە (قۇرت مېۋىنى تېشىپ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ) زىيان يەتكۈزىدۇ، كۆممىقوناقنى يالىڭاچلاپ قويۇپ، ھوسۇلى ۋە سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(5) كۆكتات بۈرگىسى بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان، يىلدا ئىككى ئەۋلاد كۆپىيىدۇ. 1 - ئەۋلاد قۇرت 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ، ئاساسەن، ئەتىيازدا تېرىلغان قىچا، يازلىق كۆكتات قاتارلىقلارغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. 2 - ئەۋلاد قۇرت 8 - ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ، ئاساسەن، قىشلىق يېسىۋىلەك، تۇرۇپ، شوخلا ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەر ۋە كېيىنرەك تېرىلغان قىچىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. كۆكتات بۈرگىسى، ئاساسەن، يوپۇرماق تەركىبىدىكى سۇنى سۈمۈرۈپ ھايات كەچۈرىدۇ.

(6) شال چىرونومىدى، شال چىۋىنى، شال پىتى بۇ ئۈچ خىل زىيانداش ھاشارات، ئاساسەن، «ئىتتىپاق» ۋە تارىم يېزىلىرىدىكى شاللىقلاردا كۆرۈلىدۇ، شالغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

(7) قىزىل ئۆمۈچۈك بۇ، ئاساسەن، شىكېك، تارىم يېزىلىرى ۋە ئورۇقچىلىق مەيدانىدا كۆرۈلىدۇ، ئاساسەن كۆممىقوناقتا زىيان يەتكۈزىدۇ.

(8) مېۋىلىك دەرەخلەردە بولىدىغان زىيانداش ھاشاراتلار ئالما كۈيە كېپىنىكى، نەشپۈت ئۆزەك قۇرتى، شاپتۇل ۋە ئۆرۈك پىتى بار بولۇپ، ئۇلار، ئاساسەن، ئالما، ئۆرۈك ۋە شاپتۇلغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

3) كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش

مىنگو دەۋرىدە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئومۇمەن سۇنئىي ئۇسۇلدا ئالدى ئېلىناتتى ۋە ئۇلار يوقىتىلاتتى، ئايرىم دېھقان ئائىلىلىرى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا سورتلارنى تاللاپ ئالماشتۇرۇپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالاتتى ۋە ئۇلارنى يوقىتاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىن ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تۆت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تورىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى، ئامما ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، شال، قوغۇن قاتارلىق ئاساسلىق زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەر ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پائال ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇلار يوقىتىلدى، كارانتىن قىلىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتىن ئىبارەت بەش خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا دېھقانلار «666» ۋە «DDT» نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشقا ۋە يوقىتىشقا باشلىدى. 70 - يىللاردا «1605»، «1059»، «3911» قاتارلىق زەھىرى كۈچلۈك دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئوكسىگېنلىق روگور ۋە ئوكتىللىق، گۇڭگۇرتلۇك، فوسفورلۇق دورىلاردىن ئىبارەت ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھىرى ئاز دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش باشلاندى. ھاشاراتلارنى يوقىتىشتا ئورۇقتا دورا ئارىلاشتۇرۇش، تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش، زەھەرلىك يەم چېچىش، بىۋاسىتە چاچىتىش، تۇمانلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. دورا ئىشلىتىشتە چېچىش، ئارىلاشتۇرۇش، سېپىش، قۇيۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى، دورا ئىشلىتىش سايمىنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چاچىتىش ۋە تۇمانلىتىش ئۈسكۈنىسىدىن تەدرىجىي ھالدا ماتورلۇق چاچىتىش ۋە تۇمانلىتىش ئۈسكۈنىسىگە تەرەققىي قىلدى، دورا ئۈنۈمىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ماتورلۇق دورا ئىشلىتىش ئۈسكۈنىسى 35 كە يەتتى.

## 5 §. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتكۈل ناھىيە دېھقانلىرىنى ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1958 - يىلدىن باشلاپ، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىش باسقۇچىغا كىردى، شىڭپىڭ، تىكەنلىك ۋە ئاقسوپى قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلدى ۋە رېمونت قىلىندى.

1964 - يىلدىن بۇيان سۇ ئىنشائاتى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن سالالاشتۇرۇپ بولۇندى، سۇغىرىش دەسلەپكى قەدەمدە يۈرۈشلەشتۇرۇلدى. 1966 - يىلى تراكتور بىلەن تېرىلغان كۆلەم 131 مىڭ موغا يېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ناھىيە بويىچە ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئورمان ۋە يول يۈرۈشلەشكەن سالا ئېتىز 29 مىڭ مودىن ئېشىپ، 117 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەرنىڭ تەخمىنەن 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ يېرىم يۈرۈشلەشكەن سالا ئېتىزى 55 مىڭ مودىن ئېشىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى توختاپ قالدى. 1969-يىلى مەركەزنىڭ شىمال يېزا ئىگىلىك يىغىنىدىن كېيىن، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا شەكىللەنگەن ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە تەرەببازلىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمىدى.

1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قايتىدىن تۈزۈلدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 281 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ ۋە تارماق غول ئۆستەڭدىن ئالتىسى چېپىلدى. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ سىڭدۈرۈلۈق سۇ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 27 كۇب مېتىردىن ئارتۇق؛ 23 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس غول ئۆستەڭ، 154.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس تارماق ۋە ئوق ئېرىق چېپىلدى؛ 217 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى؛ 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 154 زەيكەش چېپىلدى؛ تۇزلەڭلىكتە ئوتتۇرا ۋە كىچىك سۇ ئامبىرىدىن تۆتى ياسالدى، ئۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى 44 مىليون 210 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئېلېكتر كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىلىدىغان ناسوس ئىستانسىسىدىن 26 سى قۇرۇلدى. ئۇلار سېكۇنتىغا 7.5 كۇب مېتىر سۇ چىقىرالايدۇ. جەمئىي 3687 مو كېلىدىغان 421 پارچە ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىنىپ، 20 مىڭ مو ئېتىز قوغدالدى؛ جەمئىي 50 مىڭ مودىن ئارتۇق 250 پارچە سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسىي شارائىتىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## 6 §. ئىگىلىك باشقۇرۇش

### 1. مالىيە باشقۇرۇش

1955 - يىلى باشلانغۇچ كوپېراتىپ ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى، دېھقانچىلىق خوسۇسلارنىڭ

باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇشتا ئائىلە بىرلىك قىلىنىدى. باشلانغۇچ كوپېراتىپ مەزگىلىدە يەر، ئۇلاغ ۋە ھارۋىلار كوللېكتىپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. كوپېراتىپقا پاي قوشۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كوپېراتىپ بىرلىك قىلىنغان ھالدا ئەھۋالغا قاراپ ئائىلىلەرنىڭ كوپېراتىپقا ئۇلاغ ۋە ھارۋىلارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ پاي قوشۇش ئۆلچىمى بەلگىلەندى، قوشقان پېيى ئازلاپ ئاستا - ئاستا تولۇقلىنىدىغان، كۆپلەرگە ئارتۇق پېيى ئاستا - ئاستا قايتۇرۇلىدىغان بولدى (بىراق كېيىن شۇنداق قىلىنمىدى). شۇ يىللىقى ماددىي مەھسۇلات ۋە نەق پۇل كىرىمى دېھقانچىلىق بېجى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە كوللېكتىپ جۇغلانمىسى تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، «ئومۇمىي كىرىمنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى چوقۇم گوڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ، %90 گوڭشې ئەزاسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» نى بەلگىلىدى. مالىيەنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، بۇ گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

1958 - يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى. 1958 - ۋە 1959 - يىللىرى ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئۇدا ئىككى يىل مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقتى، تاماق ھەقسىز قىلىندى، ھەممە ئەترەتتە ئاشخانا قۇرۇلدى، بۇ ئۇسۇل ئىقتىسادىي شارائىت ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتىن، مالىيە باشقۇرۇش خېلىلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بىر قىسىم ئەترەت كادىرلىرى ئىسراپخورلۇق قىلدى، ئايرىم مالىيە خادىملىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلدى، ئەزالارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتتى، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەر قەرزدار ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

1961 - يىلى كۈزدىن 1963 - يىلنىڭ بېشىغىچە ئىستىل تۈزىتىش، گوڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» غا دائىر خاتالىق تۈزىتىلدى، مالىيە باشقۇرۇش پەيدىنپەي ياخشىلاندى. «ئىككى دەرىجىلىك ھېسابات قىلىش» «ئۈچ دەرىجىلىك ھېسابات قىلىش، ئەترەتنى ئاساس قىلىش» قا ئۆزگەرتىلدى، مالىيە باشقۇرۇشمۇ مۇناسىپ ھالدا مۇكەممەللەشتى، نەق پۇلنى كىرىم ۋە چىقىم قىلىشتا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ئورنىتىلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ مالىيەنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئايمۇئاي تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش جەھەتتە ئىشلىتىش، ئىستېمال قىلىش، باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى (كەتمەن، ئورغاق قاتارلىقلار) نى ئەزالار ئۆزى تەييارلىدى، ئۆزى ئىشلەتتى، ئۆزى ساقلىدى، چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۆپچە باشقۇرۇلۇپ، ئۆپچە ئىشلىتىلدى. ئاشلىق باشقۇرۇشتا ئامباردىن ھۆججەتلىك چىقىرىش ۋە ئامبارغا ھۆججەتلىك كىرگۈزۈش يولغا قويۇلدى. ھېسابات باشقۇرۇشتا، نەق پۇلنى ئاساس قىلغان ھالدا ھېساب دەپتەر تۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئالتە ھېسابات، بىر دەپتەر (يەنى ئومۇمىي ھېسابات، تۈرلەر ھېساباتى، نەق پۇل ھېساباتى، ماددىي ئەشيا ھېساباتى، ساقلاش ھېساباتى، ئاشلىق ھېساباتى، ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش دەپتىرى) تۇتۇلدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا بۇ تەدبىرلەر مالىيە باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتا ياخشى رول ئوينىدى، بىراق يېيىلىش، ئېلىپ كېتىش، ھەدىيە

قىلىش، بۇزۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق قالدۇرۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر يەنىلا ساقلاندى، بولۇپمۇ كادىرلار ۋە ئەزالار بوغۇلغان قەرز ۋە باشقا قەرزلەرىيلدىن-يىلغا كۆپىيىپ كەتتى. مەبلەغ كۆپلەپ ئىگىلىۋېلىنغانلىقتىن، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قۇتقۇزۇشقا ۋە قەرز پۇلغا قاراپ قالدى، مەسىلەن: تارىم گۈڭشېسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى دۆلەتنىڭ ئۆز يەرلىرىنى ھەيدەپ، تېرىپ بەرگەن ماشىنا تراكتور ھەققىدىن 380 مىڭ يۈەنگە بوغۇلۇپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1982 - يىلى ناھىيە مىقياسىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، چوڭ چارۋىلار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، ئائىلىلەرگە بېرىلدى، دېھقان ئائىلىلىرى ھەر يىلى توختام بويىچە دېھقانچىلىق بېجى، يەر قالدۇرۇقىنى تولۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن قالغان كىرىم ئۆزىگە قالدى، بۇ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى خېلى زور دەرىجىدە قوزغىدى.

يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تارماقلىرى ئىقتىسادىي تەھلىل خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بېيىش ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا ياردەملىشىپ ۋە ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئاددىي ھېساب دەپتىرى تۇتۇشىغا ياردەم بەردى. بۇ دەپتەرگە كىرىم ۋە چىقىملار خاتىرىلىنىپ ماڭدى، يىل ئاخىرىدا ئايرىلاپ تەكشۈرۈپ تۈزۈلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا قىسمەن يىللاردىكى دارامەتنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى**

2 - قىسىم 7 - جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم (10 مىڭ يۈەن) | تاپشۇرۇلغان دۆلەت بېجى (10 مىڭ يۈەن) | كوللېكتىپ فوند (10 مىڭ يۈەن): جامائەت فوندى | كوللېكتىپ فوند (10 مىڭ يۈەن): پاراۋانلىق فوندى | ئەزالارغا تەقسىم قىلىنغىنى (10 مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | ئەزالارغا تەقسىم قىلىنغىنىنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 94.14 | 8.40 | 2.78 | 0.9 | 70.27 | 84.4 | 74.6 |
| 1958 | 164.4 | 11.03 | 21.87 | 6.1 | 91.78 | 80.5 | 55.8 |
| 1960 | 182.8 | 7.89 | 7.88 | | 113.8 | 98.6 | 62.2 |
| 1966 | 280 | 16.63 | 16.63 | 5.72 | 132.64 | 113 | 47.4 |
| 1970 | 225 | 12.84 | 12.24 | 2.58 | 128.9 | 99 | 57.3 |
| 1976 | 274 | 14.7 | 12.74 | 4.17 | 131.5 | 84 | 47.9 |
| 1978 | 322.3 | 21.11 | 4.12 | 5.58 | 156.16 | 82 | 48.5 |
| 1980 | 442.3 | 18 | 20.39 | 9.44 | 243.7 | 129 | 55.1 |
| 1981 | 528.87 | 18.7 | 20.3 | 9.5 | 294.6 | 146 | 55.7 |
| 1982 | 581.6 | 48 | 47.6 | | 322.5 | 157 | 55.5 |
| 1983 | 761.5 | 49.4 | 49.9 | | 472 | 239.8 | 61.9 |
| 1984 | 1204 | 79.4 | 30.56 | 25.24 | 772.8 | 363 | 64.2 |
| 1985 | 1477 | 90 | 36 | | 1000 | 459.06 | 67.7 |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلگە كوللېكتىپ جۇغلانمىسى كىرگۈزۈلمىدى.

## 2. ئەمگەك باشقۇرۇش

باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، مەيلى يەككە ئىشلىگەن چاغدا بولسۇن ياكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسۇن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئائىلە ئەمگىكىگە باشچىلىق قىلغۇچى ياكى گۇرۇپپا باشلىقى تەقسىم قىلاتتى. 1955 - يىلى باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ئۆپچە ئىشلەش، تېخنىكىلىق ئىشلارغا نومۇر قوشۇپ بېرىش، پارچە - پۇرات ئىشقا ئىش نورمىسى بەلگىلەپ بېرىش، ئارىلاشما ئىشقا ئۆلچەم بەلگىلەپ بېرىشتەك باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى خېلى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» بىر مەزگىل ئېغىر دەرىجىدە يامراپ، «ئىشلىگەنگىمۇ، ئىشلىمىگەنگىمۇ ئۈچ ۋاق تاماق تەييار بولۇش»، «ئوينىساپ يۈرگەنلەرمۇ ئىشلىگەنلەر قاتارىدا پۇل ئېلىش» ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، ئەمگەك باشقۇرۇش ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1962 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ھېسابات بىرلىكى قىلىنىش بىلەن بىللە ئەمگەك باشقۇرۇشمۇ كۈچەيتىلدى، پۈتۈن ئەمگەك كۈچى بولغان ئەر - ئاياللار، يېرىم ئەمگەك كۈچى بولغان ئەر - ئاياللار، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى بولغانلار ئايرىم - ئايرىم مەشغۇلات گۇرۇپپىسى قىلىندى، ئىش نورمىسى بەلگىلىنىپ گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىلدى، ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشى باھالىنىپ نومۇر خاتىرىلەندى (بۇ نومۇر ئاساسىي نومۇر ياكى تۈپ نومۇر دەپ ئاتالدى)، بۇ تەدبىر دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى خېلى قوزغىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا قالدۇرۇق يەر، ئەركىن بازار، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش ۋە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش، ئىش نومۇرىنى ئاساس قىلىش، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش تەنقىد قىلىنىپ، سەنشى ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيىسىدىكى داجەي چوڭ ئەترىتىنىڭ «ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك باھالاش» تەك نومۇر باھالاش ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلدى، نەتىجىدە ئامما ئارىسىدا تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسى ئۇسۇپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش يەنە ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. 1969 - يىلى ھاۋا ياخشى بولغان بولسىمۇ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 97.18 جىڭ بولۇپ، 1966 - يىلدىكى 145 جىڭدىن 47.5 جىڭ كېمىيىپ، 32.97% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئومۇمىي ئاشلىق 11 مىليون 50 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1966 - يىلدىكى 16 مىليون 498 مىڭ جىڭدىن 5 مىليون 338 مىڭ جىڭ كېمىيىپ، 32% تۆۋەنلەپ كەتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمگەك باشقۇرۇش جەھەتتە گۇرۇپپىلارغا ئەمگەك نورمىسى بەلگىلەپ بېرىش، قىلغان ئىشىغا قاراپ نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى «بەشنى بېكىتىش (يەرنى بېكىتىش، ئەمگەك كۈچىنى بېكىتىش، ھوسۇلنى بېكىتىش، تەننەرخنى بېكىتىش، ئىش نومۇرىنى بېكىتىش)، بىرنى مۇكاپاتلاش (ھوسۇلنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش)» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، نەتىجىدە ئەمگەك ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1982 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا

بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دېھقانلار دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جانلىق ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى تولۇق قوزغالدى.

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق سەۋىيىسى

2 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى | يېزىلاردا كىشى بېشىغا تەقسىملەنگەن يىللىق كىرىم | يېزىلاردا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1957 | 85.3 | 65.48 | 1.08 |
| 1962 | 98.13 | 62.91 | 0.60 |
| 1970 | 196 | 99 | 0.86 |
| 1978 | 212 | 82 | 0.80 |
| 1981 | 354.80 | 146.06 | 1.41 |
| 1985 | 1285.37 | 459.06 | 3.52 |

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق تەقسىماتى ئەھۋالى

2 ـ قىسىم 9 ـ جەدۋەل

| يىللار | تەقسىم قىلىنغان ئاشلىق جەمئىي (10 مىڭ جىڭ) | دۆلەت سېتىۋالغىنى (10 مىڭ جىڭ) | كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغىنى (10 مىڭ جىڭ) | | | | گۇڭشې ئەزالىرىغا تەقسىملەنگىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | كىچىك جەمئىي | ئۇرۇقلۇق | يەم ـ بوغۇز | زاپاس ساقلانغىنى | كىچىك جەمئىي (10 مىڭ جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (جىڭ) |
| 1958 | 991.3 | 452.54 | 243.9 | 159.9 | 84 | 294.8 | 223 | |
| 1965 | 1162 | 446.7 | 378.9 | 217.9 | 100 | 61 | 340.7 | 250 |
| 1972 | 1345.1 | 230 | 393.5 | 253.5 | 92 | 48 | 732.6 | 358 |
| 1976 | 1704.2 | 365.8 | 591 | 283.3 | 125 | 182.7 | 247.4 | 341 |
| 1980 | 1850.7 | 400.8 | 539 | 266.4 | 212 | 60.6 | 910.9 | 373 |
| 1982 | 1778 | 417.7 | 417 | 279.3 | 132.9 | 4.6 | 943.3 | 373 |

ئەسكەرتىش: 1. گۇڭشې ئەزالىرىغا تەقسىملەنگىنى دېگەن كاتەكچىدىكى سان يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەنساننى كۆرسىتىدۇ.
2. ئاشلىق تەقسىماتى جەمئىي دېگەن كاتەكچىدىكى سان ئالدىنقى يىلدىن قالغان زاپاس ئاشلىق ۋە ئېشىندا ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، شۇ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

## 3. ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمى

1956 - يىلى دېھقانچىلىقتا سېلىنما بىلەن هاسىلاتنىڭ نىسبىتى 100 : 11.9 بولدى، كېيىن سېلىنما يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى، 1981 - يىلى سېلىنما بىلەن هاسىلاتنىڭ نىسبىتى 100 : 33.4 گە يەتتى، دېھقانچىلىق ئۈنۈمى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا يېزىلاردا هۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ناچار يۈزلىنىش ئۆزگىرىشكە باشلىدى. سېلىنما بىلەن هاسىلاتنىڭ نىسبىتى 1982 - يىلدىكى 100 : 28.1 دىن 1985 - يىلى 100 : 23.76 گە چۈشتى، دېھقانچىلىق ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مۇۋاپىق چىقىملارنىڭ ئورنى تېخىمۇ كۆپ تولدۇرۇۋېلىندى. دېھقانچىلىق چىقىمىدا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى باشتىن ئاخىر %90 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى، بۇ، ئاساسلىقى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە ماشىنا - سايمان، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە سۈپەتلىك ئۇرۇق سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى 1956 - يىلدىكى 107 مىڭ 900 يۈەندىن 1985 - يىلى 3 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق سېلىنمىسى ۋە هاسىلاتى**

2 - قىسىم 10 - جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي چىقىم (10 مىڭ يۈەن) | | | ئومۇمىي كىرىم (10مىڭ يۈەن) | سېلىنما بىلەن هاسىلاتنىڭ نىسبىتى (هاسىلات 100 قىلىندى) |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | باشقۇرۇش خىراجىتى | | |
| 1956 | 11.22 | 10.79 | 0.43 | 94.14 | 11.9 : 100 |
| 1958 | 33.6 | 31.14 | 2.46 | 164.4 | 20.4 : 100 |
| 1960 | 53.18 | 50.18 | 3 | 182.86 | 29.08 : 100 |
| 1966 | 77.21 | 71.7 | 5.51 | 280 | 27.57 : 100 |
| 1970 | 60.31 | 57.36 | 2.95 | 225 | 26.8 : 100 |
| 1976 | 102.8 | 97.23 | 5.57 | 274 | 37.5 : 100 |
| 1978 | 118.8 | 112.9 | 5.9 | 322.3 | 36.8 : 100 |
| 1980 | 135.6 | 129.1 | 6.5 | 442.4 | 30.65 : 100 |
| 1981 | 176.78 | 168.8 | 7.98 | 528.87 | 33.4 : 100 |
| 1982 | 163.7 | | | 581.6 | 28.1 : 100 |
| 1983 | 195.2 | | | 761.5 | 25.6 : 100 |
| 1984 | 295.9 | 289.91 | 6 | 1204 | 24.6 : 100 |
| 1985 | 351 | 344 | 7 | 1477 | 23.76 : 100 |

# § 7. دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى

## 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېھقانچىلىقنى ناھىيىلىك مەھكىمە بىۋاسىتە باشقۇراتتى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ناھىيىلىك هۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۆلۈمدىكى بىر نەپەر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپىي خادىمى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا مەسئۇل ئىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق

ئىشلىرىنى ياخشىلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، يەتتە دائىمىي ئەزا، 11 ئەزادىن تەركىب تاپتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 10-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، لوپنۇر ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، بۇ ئۇيۇشما بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، ئۈچ دائىمىي ئەزا، يەتتە ئەزا، ئۈچ كاندىدات ئەزا، بەش دائىمىي نازارەتچىدىن تەركىب تاپتى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش بەلگىلەپ تارقاتتى. بىراق يۇقىرىقى تەشكىلاتلار قۇرۇق نامىغىلا ئىگە بولۇپ، كونكرېت ئىشلارنى يەنىلا قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇردى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار

1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (1955 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى) دە دېھقانچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاپپارات پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىلنىڭ بېشىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارمىقىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆتىدى. 1973 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1979 - يىلى دېھقانچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1954 - يىلى يېزا خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا رەھبەرلىك قىلىشىنى زۆرۈر ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت بولدى. يېزا خىزمەت بۆلۈمى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979- يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا ئىگىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا خىزمەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

# باب II

# چارۋىچىلىق

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىن تارىم، كۆنچى دەريالىرى ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇ ۋادىنىڭ ھەممىلا

يېرىدە دېڭىزدەك كۆل بار، سۇ مەنبەسى ۋە ئوت - چۆپى مول، شۇڭا بۇ جاي چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. قەدىمكى زاماندا بۇ يەردىكى ئاھالىلەر سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قاراشەھەر چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ لوپنۇر شۆبە باشقارمىسى قۇرۇلدى، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) بۇ شۆبە باشقارما ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خادىملىرى قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى، چارۋىچىلىقنى قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلدىن كېيىن چارۋىچىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، چارۋىچىلىقنى دېھقانچىلىق ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى. 1979 - يىلى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئايرىلىپ، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1984 - يىلى چارۋىچىلىق بۆلۈمى چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى قارىمىقىدا ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چارۋىچىلىق ئىدارىسىدە ئالتە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئۈچ؛ چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمى تۆت.

## § 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) شىڭپىڭ ۋە چوڭكۆلدىن تىكەنلىككىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆستەڭ چېپىلدى، ياقا يۇرتلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ناھىيە تەۋەسىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق بەرپا قىلدى، ئەمما چارۋىچىلىق يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا لوپنۇردا ئومۇمىي چارۋا 600 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەككە يەتتى. كېيىن تەبىئىي ئاپەت ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ تارىم دەرياسىدا 23 ئورۇنغا توسما قۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى تۈپتۈز ۋە كەڭ تەبىئىي ئوتلاقلار تەدرىجىي ئازىيىپ كېتىپ، چارۋىچىلىققا ناھايىتى زور زىيان يەتتى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) غا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 113 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى تارىم دەرياسىغا توسما ياسالدى، 1488 دىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئىشلەپ، تارىم دەرياسى توسمىسىنى پۈتتۈردى، شۇنىڭ بىلەن دەريا سۈيى كونا قىنىغا قايتىپ، ئەسلىدىكى ئوتلاقلار ئەسلىگە كەلدى. دېھقان، چارۋىچىلار ئەسلىگە كەلگەن بۇ ئوتلاقلارنى «ئالتۇن يايلاق» دەپ ئاتىدى. بىراق، كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى كۆپ يەردىن توسۇۋېلىنغاچقا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى سۇ ئازىيىپ كېتىپ، ئوتلاقلار بۇزۇلۇپ نابۇت بولۇپ كەتتى، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قىس بولغاچقا، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى خېلى تەسىرگە ئۇچرىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە لوپنۇرنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم مالچىلارغىمۇ، چارۋىدارلارغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىق تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 168 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 48.85% ئاشتى. 1956 - يىلدىن باشلاپ «سېتىۋېلىش» سىياسىتى ئارقىلىق چارۋىچىلىق سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە مۈلۈكچىلىك ئۆزۈل- كېسىل ئۆزگەرتىلدى، چارۋىچىلارنىڭ ئورنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەردى، ئىشلەپچىقىرىشمۇ خېلى تېز راۋاجلاندى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 214 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 774 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 49.01 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1955 - يىلدىكىدىن 27.64% ئاشتى. ئەمما «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» قاتارلىق «سول» ئامىللارنىڭ تەسىرى ۋە ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىنىڭ تەسىرىدە 1961 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە چارۋىچىلىقتا مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى، 1962 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 166 مىڭ 200 تۇياققا چۈشۈپ قېلىپ، 1960 - يىلدىكىدىن 15.14% كېمىيىپ كەتتى. كېيىن «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىق يەنە راۋاجلاندى. 1966 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل چارۋا 235 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن 1.09% ئاشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 29 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن 9.1% ئاشتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 43.49 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە چارۋىچىلىق ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قولدا قالغان چارۋا ئازىيىپ كەتتى، 1976- يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاران 198 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى، بۇ، 1966- يىلدىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ 85.8 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 569 مىڭ 300 يۈەنگە چۈشۈپ، 1966 - يىلدىكىدىن 15.09% ئازىيىپ كەتتى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق رايونىدا ھەرخىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنىپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى يىلدىن- يىلغا ئاشتى. 1983 - يىلى قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋا 236 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1976- يىلدىكىدىن 18.93% ئاشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 240 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكى 2 مىليون 560 مىڭ يۈەندىن 65.65% ئاشتى، ئۇ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30.96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى 37 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قولدىن چىقتى، قولدىن چىقىش نىسبىتى 16.52% بولدى؛ 28 مىڭ 900 تۇياق تاۋار چارۋا سېتىلدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 12.67% بولدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، چارۋىچىلىق تەدرىجىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن تاۋار تىپىغا ئۆتۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە قولدا قالغان چارۋا 230 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، 1976 - يىلدىكى

198 مىڭ 700 تۇياقتىن 15.86% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قولدا قالغان چىشى چارۋا 109 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 47.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 55 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قولدىن چىقتى، قولدىن چىقىش نىسبىتى 23.5% بولدى؛ 33 مىڭ 900 تۇياق تاۋار چارۋا سېتىلدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 14.3% بولدى. 1985- يىلى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 77 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 136.55% ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى چارۋىچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالى

2 - قىسىم 11 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي چارۋا: تۇياق سانى (10 مىڭ) | ئومۇمىي چارۋا: 1949- يىلدىكىدىن ئاشقىنى% | چوڭ چارۋا: تۇياق سانى (10 مىڭ) | چوڭ چارۋا: 1949- يىلدىكىدىن ئاشقىنى% | ئۇششاق چارۋا: تۇياق سانى (10 مىڭ) | ئۇششاق چارۋا: 1949- يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 11.3 | | 2.13 | | 9.17 | |
| 1955 | 16.82 | 48.85 | 3.24 | 52.11 | 13.58 | 48.09 |
| 1960 | 21.48 | 90 | 2.86 | 34.27 | 18.61 | 102.94 |
| 1962 | 16.22 | 43.54 | 2.18 | 2.35 | 16.04 | 74.92 |
| 1966 | 23.6 | 108.76 | 2.87 | 34.74 | 20.72 | 125.95 |
| 1969 | 18.96 | 67.79 | 2.45 | 15.02 | 16.51 | 80.04 |
| 1976 | 19.87 | 75.75 | 2.68 | 25.82 | 17.18 | 87.35 |
| 1980 | 21.92 | 93.81 | 2.75 | 29.11 | 19.15 | 108.83 |
| 1983 | 23.61 | 109.03 | 2.88 | 35.21 | 20.74 | 126.17 |
| 1985 | 23.01 | 103.62 | 2.86 | 34.27 | 20.15 | 119.73 |

## §2. ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

### 1. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارۋىلار، ئاساسەن، چارۋىدارلار، بايلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى، نامرات چارۋىچىلار چارۋىدارلارغا ياللىنىپ، چارۋىدارلارنىڭ قوي، كاللىرىنى باقاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ چاغدىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇراق تەرتىپكە سالماي، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «تەقسىم قىلماسلىق، كۈرەش قىلماسلىق، سىنىپ ئايرىماسلىق، چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش» ۋە «مالچىلارغىمۇ، چارۋىدارلارغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن مالچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىمۇ ياخشىلاندى، چارۋىدارلارنىڭ ئىدىيىسىمۇ تۇراقلاشتۇرۇلدى. بۇ بىر قاتار فاڭجېن - سىياسەتلەر ئارقىلىق چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى ئۆسۈپ،

چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1953 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋا 138 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن %22.3 ئاشتى.

## 2. چارۋىچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

1954 ـ يىلى نوقۇل چارۋىچىلىق رايونى (دۆڭقوتان) دا ھەرخىل چارۋىچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، ئاساسەن، ئۈچ خىل بولدى، بىرىنچى خىلى، يىللىق گۇرۇپپا، بۇنىڭدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە ھەرخىل ئەمگەك تۈزۈملىرى تۈزۈلدى، ئەمگەك دارامىتى تەقسىماتىدا ئىشنى خاتىرىلەپ ھېسابات قىلىش چارىسى قوللىنىلدى، 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە توققۇز ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 96 ئائىلىلىك چارۋىچى گۇرۇپپىغا كىردى، ئۇلار نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 484 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ 19.83 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئىككىنچى خىلى، پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، بۇنىڭدا چارۋىچىلار ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە ئاددىي تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، تۆل ئېلىش، ئوت ـ چۆپ چېپىش قاتارلىق ئالدىراش مەزگىللەردە ھەمكارلاشتى، 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 19 پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 226 ئائىلىلىك چارۋىچى بۇ گۇرۇپپىغا كىردى، ئۇلار رايوندىكى ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 46.69 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۈچىنچى خىلى، ستىخىيىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، بۇ، مىنگو دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئىختىيارىي بىرلەشكەن تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئاساس قىلىندى، پىلان تۈزۈلمەي، مال بېقىش تۈزۈمى ئورنىتىلماي، كىمنىڭ ئىشى ئالدىراش بولسا، شۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئىشنى خاتىرىلەپ ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلمىدى، 1954 ـ يىلى 12 ستىخىيىلىك گۇرۇپپا قۇرۇلدى، 79 ئائىلىلىك چارۋىچى بۇ گۇرۇپپىغا كىردى، ئۇلار رايوندىكى ئومۇمىي چارۋىچىنىڭ 11.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 3. چارۋىچىلىق كوپىراتىپى

1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا دېھقانچىلىق سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىش بىلەن بىللە، «چارۋىچىلىقنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش پەيدىنپەي يولغا قويۇلدى»، ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئاساسىدا، چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرى قۇرۇلدى. چارۋىچىلىق كوپىراتىپىدا چارۋىچىلىقتىكى ئامما ئىختىيار قىلىش ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە چارۋىنى پايغا سۇندۇرۇپ كوپىراتىپقا قوشۇش، ئۇنى كوپىراتىپ بىر تۇتاش كوللېكتىپ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. چارۋىنى پايغا سۇندۇرۇش ئۇسۇلىدا ئىككى تۇياق ئۆلچەملىك قوي (ئىككى ياشتىن ئاشقان قوي ئۆلچەملىك قوي ھېسابلاندى) بىر پايغا، ئۈچ تۇياق قوزا ئىككى ئۆلچەملىك قوي ھېسابلىنىپ، بىر پايغا سۇندۇرۇلدى، باشقا چارۋىلار بەلگىلىك نىسبەت بويىچە ئۆلچەملىك قويغا سۇندۇرۇلۇپ پايغا قوشۇلدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چارۋىچىلىق رايونى (دۆڭقوتان) دا جەمئىي 12 چارۋىچىلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى، 615 ئائىلىلىك چارۋىچى (2746 كىشى) بۇ كوپىراتىپقا كىردى، ئۇلار ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 19.84 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كوپىراتىپقا 32 مىڭ 300 تۇياق ھەرخىل چارۋا قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 20 مىڭ تۇياق، ئۆچكە 7500 تۇياق، كالا 2800، ئات 830، ئېشەك 1100. چارۋىچىلارنىڭ كوپىراتىپقا قوشقان چارۋىسى كوپىراتىپتىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ 19.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 4. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى

1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەككە چارۋىچىلىق سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىش بىلەن بىللە، چارۋىدارلار ئىگىلىكىمۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى. چارۋىدارلار ئىگىلىكىگە نىسبەتەن، ئاساسلىقى، تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى بېرىش چارىسى قوللىنىلدى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇش ئارقىلىق چارۋىلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ فېرمىغا قوشۇلۇپ، مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆزگەرتىلدى. پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىققا قاراتقان سىياسەتلىرى چارۋىدارلارنىڭ سىياسىي تەمىناتى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلغاچقا، چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىش ئىشى چارۋىدارلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. فېرمىغا قوشۇلغان چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇشتا ھەرخىل چارۋىلارنىڭ يېشى ۋە ئۈنۈمىدىن كىرىدىغان دارامەتكە قاراپ ئىش كۆرۈلدى، مەسىلەن: ئىككى ياشلىق قويغا ئۈنۈمىدىن يىلىغا كىرىدىغان دارامەت سوممىسىغا بازار باھاسى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىچە باھاسى بېكىتىلدى، يەنى ئىككى ياشلىق بىر تۇياق قوينىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ۋە ئۈنۈمىدىن كىرىدىغان دارامەت 8.4 يۈەن، بازار باھاسى سەككىز يۈەن، بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا 16.4 يۈەن، ئوتتۇرىچە سومما 8.2 يۈەن بولسا، باھاسى سەككىز يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. باشقا چارۋىلارنىڭ باھاسى مۇشۇ چارە بويىچە ھېسابلاندى. 1956 ـ يىلى چارۋىچىلىق رايونىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى، 1957 ـ يىلى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى بولغان چوگكۆلدە بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى ئۈچكە يەتتى، 33 ئائىلىلىك (327 كىشى) چارۋىدار فېرمىغا كىردى، ئۇلار ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 4.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ فېرمىغا 27 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق رايونىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

چارۋىچىلىق كوپېراتىپى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئەمگەك دارامىتى تەقسىماتىنى كوپېراتىپ، فېرما باشقۇرۇش كومىتېتلىرى كوپېراتىپ، فېرما نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە چارۋىچىلار ۋە پايچىكلارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشلىدى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكى نامرات چارۋىچىلاردىن تەركىب تاپقان، چارۋىچىلاردا ئەمگەك كۈچى كۆپ، چارۋا ئاز بولغاچقا، ئەمگەك كۈچى بىلەن چارۋىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپ ساندىكى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرخىل دارامەت تەقسىماتى پرىنسىپلىرى، يەنى ئەمگەك كۈچى تۆت ئۈلۈش، چارۋا ئالتە ئۈلۈش بولۇش، ئەمگەك كۈچى بەش ئۈلۈش، چارۋا بەش ئۈلۈش بولۇش، ئەمگەك كۈچى 3.5 ئۈلۈش، چارۋا 6.5 ئۈلۈش بولۇش تۈزۈپ چىقىلدى، قوشۇلغان پاي چارۋىدىن دارامەت تەقسىم قىلىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا 6.5 ئۈلۈشتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئەمگەك كۈچىنىڭ دارامەت تەقسىمات نىسبىتى 3.5 ئۈلۈشتىن تۆۋەن بولماسلىق لازىملىقى بەلگىلىنىپ، تەقسىمات مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. پايچىكلار ئەمگەككە قاتناشسا، پاي بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان قىسمىغا ئېرىشكەندىن سىرت، تېگىشلىك ئەمگەك ھەققى ئالدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ تەقسىماتىدا ھۆكۈمەتكىمۇ، خۇسۇسلارغىمۇ تەڭ

ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ يىللىق كىرىمىگە ئاساسەن، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، تەقسىمات ئىشلەندى، كىرىمنىڭ 25 پىرسەنتى جامائەت فوندى، جامائەت پاراۋانلىق فوندى قىلىندى (بۇ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلدى)، ئون پىرسەنتى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇكاپات پۇلى قىلىندى، 65 پىرسەنتى نىسبەت بويىچە دارامەت تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1961 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن 3 - چارۋىچىلىق فېرمىسى بىرلەشتۇرۇلۇپ، «ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى» دەپ ئاتالدى، بۇ فېرما 1980 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، كېيىن يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى (ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى) بىلەن دۆڭقوتان دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلەشتۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، ئۇ 1980 - يىل 1 - ئايدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى نامى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 5. چارۋىچىلىق رايونى (يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى) دىكى خەلق گۇڭشېسى، چارۋىچىلىق فېرمىسى

1958 - يىلدىكى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا چارۋىچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ، دۆڭقوتان خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى؛ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونىدىكى گۇڭشېلاردىمۇ كەينى - كەينىدىن گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇلدى. چارۋىچىلىق رايونىدىكى خەلق گۇڭشېسىدا چوڭ ئەترەت ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، ئىشنى باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش چارىسى يولغا قويۇلدى. خەلق گۇڭشېسىنىڭ چارۋىسى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» قاتارلىق ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن چارۋىچىلىق گۇڭشېلىرى تۈزگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، چارۋىچىلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقى سۇسلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت قوشۇلۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى. 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 182 مىڭ 200 تۇياققا چۈشۈپ قېلىپ، 1960 - يىلدىكى 214 مىڭ 700 تۇياقتىن 32 مىڭ 500 تۇياق، يەنى 15.13% ئازايدى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىكتە ئەترەتنى ئاساس قىلىش»، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىش، «ئىشنى چارۋىغا قاراپ بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلات يىلمۇيىل ئاشتى، 1966 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 234 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى. 1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چارۋا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.4% لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چارۋىچىلىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1976 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 198 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋا 1966 - يىلدىكىدىن 14.2% ئازايدى.

## 6. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارغا ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، 1981 - يىلى چارۋىچىلىق رايونىدا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (چارۋا پادىسىنى، مەھسۇلاتنى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى، ئەمگەك كۈچىنى، ئىش نومۇرىنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكەنلەردىن تۆلىتىش) مەزمۇن قىلىنغان مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە 493 چارۋا پادىسىدا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1982 - يىلى تەننەرخ ھېساباتى قىلىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش شەكلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 163 مىڭ 700 تۇياق چارۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 554 چارۋا پادىسى (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا پادىسى 91، ئۇششاق چارۋا پادىسى 463) دىن 531 ىدە ھەرخىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ، ئومۇمىي چارۋا پادىسىنىڭ 95.84 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» يولغا قويۇلغان چارۋا پادىسى 153، بۇ چارۋا پادىلىرىدىكى ھەرخىل چارۋا 24 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، ھۆددىگە ئېلىنغان چارۋىنىڭ 16.06 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ «مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش» يولغا قويۇلغان چارۋا پادىسى 365، بۇ چارۋا پادىلىرىدىكى ھەرخىل چارۋا 124 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، ھۆددىگە ئېلىنغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 81.36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1983 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋىلارنى ئومۇميۈزلۈك ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى ئاساسلىق ھۆددىگە ئېلىش شەكلى مۇنداق بولدى: چارۋىلار كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولدى، ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توختام تۈزۈلۈپ، بەلگىلىك ساندىكى چارۋا چارۋىچىلارنىڭ بېقىشىغا ھۆددىگە بېرىلدى، توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مالچىلار يېتىلگەن چارۋىنى ساقلاپ قېلىشقا مەسئۇل بولدى، چىقىم بولغان چارۋىنىڭ ئورنىنى ھۆددىگە ئالغۇچى تۆلەپ تولدۇردى، ئېلىنغان تۆل ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن نىسبەت بويىچە پىرسەنت ئايرىلدى، قېرى ساغلىقلاردىن كوللېكتىپقا 43%، تۇغۇت يېشىدىكى ساغلىقلاردىن كوللېكتىپقا 50%، چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن كوللېكتىپقا 50% ئايرىلدى. چارۋىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش، ئېغىل - قوتانلارنى رېمونت قىلىش، ئوتلاق قۇرۇلۇشى، ئوت - چۆپ زاپىسى توپلاش قاتارلىق ئىشلارغا كېتىدىغان خىراجەتلەر (ھەر تۇياق چوڭ چارۋىغا 0.2 يۈەن، ھەر تۇياق ئۇششاق چارۋىغا 0.1 يۈەن ئاجرىتىلدى) گە پۈتۈنلەي ھۆددىگە ئالغۇچى مەسئۇل بولدى، ئېشىپ قالغىنى ھۆددىگە ئالغۇچىغا قالدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 548 پادا چارۋىدىن 485 ىدە ئومۇميۈزلۈك ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ، ئومۇمىي چارۋا پادىسىنىڭ 88.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتى ئاشقان چارۋا پادىسى 209، بۇ، ھۆددىگە ئېلىنغان چارۋا

پادىسىنىڭ 41.3 پىرسەنتىنى، ئىگىلىدى، 10 مىڭ تۆت تۇياق چارۋا كۆپەيدى؛ 244 چارۋا پادىسىدا مەھسۇلات كېمەيدى، بۇ، %3.50 نى ئىگىلىدى، 10 مىڭ 869 تۇياق چارۋا ئازايدى؛ 68 چارۋا پادىسىدا مەھسۇلات ئاشمىدى ۋە كېمەيمىدى. توختامدىكى مەھسۇلات ئاشسا مۇكاپاتلاش، كېمەيسە جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغان ئائىلىلەر 10 مىڭ 60 تۇياق چارۋا بىلەن مۇكاپاتلاندى، مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن ئائىلىلەر 3700 تۇياق قالدۇرۇق چارۋا، 56 مىڭ 300 يۈەن نەق پۇل تۆلىدى.

1985 - يىلى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، چارۋىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، چارۋىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئىشىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ۋەزىپە ئېغىر ھەم مۇرەككەپ بولغاچقا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق رەھبىري يولداشلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، 30 چارۋىچىلىق ئەترىتى، 27 دېھقانچىلىق ئەترىتى، 43 مەركەزلەشكەن چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا 43 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئۇلار جەمئىي 2500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىپ، كۆپلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى، مۇشۇ ئاساستا، ئالدى بىلەن شىڭپىڭ يېزىسىدا سىناق خىزمىتى ئىشلەندى، سىناق خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى 6 - ئايدا بۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ناھىيە بويىچە يولغا قويۇلدى. دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئەت ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھەرخىل ئەھۋالغا قارىتا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە باھا جەھەتتە چارۋىچىلارغا ئېتىبار بېرىلدى، چارۋىچىلىق رايونىدا باھا دۆلەت تاختاي باھاسىنىڭ 80 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 85 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى، چارۋىلار دەرىجىگە ئايرىلىپ، مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىلدى. ئوششاق چارۋىلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشتە مۇنداق ئۈچ خىل چارە قوللىنىلدى: بىرىنچى، ئېغىرلىقىغا قاراپ باھا بېكىتىلدى، تىرىك ئېغىرلىقىغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە باھاغا سۇندۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، قوشقار، ساغلىقلار يېشىغا قاراپ ئايرىم - ئايرىم دەرىجىگە ئايرىلدى، ئادەتتە، تۆت ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان قويلار 1 - دەرىجىگە، ئىككى ياشلىق قويلار2- دەرىجىگە، سەككىز ياشتىن يۇقىرى قويلار ۋە شۇ يىلقى قوزىلار 3 - دەرىجىگە ئايرىلدى، ئېغىرلىقى بويىچە 1 - دەرىجىلىك قوينىڭ ھەر كىلوگىراممىنىڭ باھاسى 1.3 يۈەن، 2 - دەرىجىلىكنىڭ بىر يۈەن، 3 - دەرىجىلىكنىڭ 0.8 يۈەن بولدى. ئاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنكى نىسبەت بويىچە باھاغا سۇندۇرۇلدى (ئېرىك قوينى دەرىجىگە ئايرىش چارىسى ساغلىقلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى)؛ ئۈچىنچى، تىرىك ئېغىرلىقى بىلەن دەرىجىگە ئايرىلىشى بىرلەشتۈرۈلدى، ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى دەرىجىگە ئايرىش چارىسى بويىچە قويلار دەرىجىگە ئايرىلدى، ئاندىن كېيىن ھەر بىر دەرىجىدىكى قويدىن ئۈچ تۇياقتىن ئون تۇياققىچە تارازىغا سېلىنىپ، ئوتتۇرىچە سان چىقىرىۋېلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىسبەت بويىچە بىر تۇياق قوينىڭ باھاسى سۇندۇرۇپ چىقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ناھىيە بويىچە بىر تۇياق قوي 22 يۈەن، بىر تۇياق ئۆچكە 17 يۈەن، بىر ئات 180 يۈەن، بىر كالا 150 يۈەن، بىر ئېشەك 70 يۈەن بولۇشتەك ئوتتۇرىچە باھا چىقىرىلدى. خىزمەت پۇختا ئىشلەنگەچكە، ناھىيە بويىچە 2589 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى ئۆكۈشلۈق ھالدا چارۋا سېتىۋالدى، بۇ، ئومۇمىي دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 61 پىرسەنتىنى

ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچى 1259 ئائىلىلىك بولۇپ، جەمئىي 1399 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ دېھقان 1330 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بەشتە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان 427 نامرات ئائىلىمۇ ھەقسىز ياكى تۆۋەن باھادا چارۋىغا ئىگە بولدى، بۇ، ئومۇمىي دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 16.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 133 مىڭ 200 تۇياق چارۋا باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. چارۋا سېتىۋالغان دېھقان، چارۋىچىلاردىن 1772 ئائىلە چوڭ چارۋا سېتىۋالدى، بۇ، چارۋا سېتىۋالغان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى (بىر تۇياقتىن ئون تۇياققىچە چارۋا سېتىۋالغان ئائىلە 1734 بولۇپ، چوڭ چارۋا سېتىۋالغان ئائىلىلەرنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى)؛ 1784 ئائىلە ئۇششاق چارۋا سېتىۋالدى، بۇ، چارۋا سېتىۋالغان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 69 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى (ئون تۇياقتىن 50 تۇياققىچە چارۋا سېتىۋالغان ئائىلە 850 بولۇپ، ئۇششاق چارۋا سېتىۋالغان ئائىلىلەرنىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 51 تۇياقتىن 100 تۇياققىچە چارۋا سېتىۋالغان ئائىلە 457 بولۇپ، 25% نى ئىگىلىدى؛ 101 تۇياقتىن 200 تۇياققىچە چارۋا سېتىۋالغان ئائىلە 387 بولۇپ، 22% نى ئىگىلىدى).

چارۋىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش داۋامىدا جەمئىي 10 مىڭ 356 توختام ئىمزالاندى، توختامدا باھاغا سۇندۇرۇلغان پۇلنىڭ مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇلۇش مۆھلىتى ۋە بەلگىلىمە بويىچە كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان ھەرخىل خىراجەتلەر ئېنىق بەلگىلەندى. پۇلنىڭ قايتۇرۇلۇش مۆھلىتى دېھقانچىلىق رايونىدا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە، چارۋىچىلىق رايونىدا بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە بولدى، كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان خىراجەت يېزىلاردا ھەر بىر تۇياق چارۋا ئۈچۈن 1.5 يۈەن، 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 2.7 يۈەن، 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 2.5 يۈەن بولدى. باھاغا سۇندۇرۇلغان چارۋا پۇلىدىن شۇ يىلى 314 مىڭ 800 يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇ، باھاغا سۇندۇرۇلغان ئومۇمىي پۇلنىڭ 14.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 3. ئوتلاق

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئوتلاقلىرى، ئاساسەن، تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ تىنىما تۇزلەڭلىكلىرىگە جايلاشقان، ئاز قىسمى قۇرۇق تاغنىڭ كۆنگەي تەرىپىدىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنىما تۇزلەڭلىككە جايلاشقان.

### 1. ئوتلاق كۆلىمى

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى پەسىللىك ئوتلاق كۆلىمى**

2 - قىسىم 12 - جەدۋەل

| دەرىجىسى / ئوتلات | | 3 - دەرىجىلىك (مو) | 4 - دەرىجىلىك (مو) | 5 - دەرىجىلىك (مو) | يىغىندىسى: سانى (مو) | يىغىندىسى: ئوتلاقتا ئىگىلىگەن كۆلىمى% |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قىشلاق، كۆكلەم | كۆلىمى | | 172422.61 | 104991.81 | 277414.42 | 2.7 |
| | % | | 62.15 | 37.85 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ياپلاق، كۆزلەك | كۆلىمى | 33207.3 | 18568.8 | 59004.9 | 110781 | 1.07 |
| | % | 29.98 | 16.76 | 53.26 | | |
| قىشلاق | كۆلىمى | 241074.54 | 359946.4 | 6335.16 | 607356.1 | 5.9 |
| | % | 39.69 | 39.26 | 1.05 | | |
| كۆزلەك | كۆلىمى | 402657.53 | 1311527.59 | 50629.26 | 1764814.2 | 17.13 |
| | % | 22.82 | 74.31 | 2.87 | | |
| تۆت پەسىللىك ئوتلاق | كۆلىمى | 2087380.36 | 4831206.52 | 625346.28 | 7543933.16 | 73.2 |
| | % | 27.68 | 64.03 | 8.29 | | |
| جەمئىي | كۆلىمى | 2764319.73 | 6693671.98 | 846307.41 | 10304299.12 | 100 |
| | % | 26.82 | 64.95 | 8.22 | | |

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمى 15 مىليون 562 مىڭ 800 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 17.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 10 مىليون 304 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 66.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتلاق تىپى ئاددىي، ئوتلاقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىر خىل، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تەكلىماكان چۆلى — پەس سازلىق تىپى — قاقاس تۇزلەڭلىك — قاقاس تاغلىق تىپىغا ئۆزگەرگەن. 1982 - يىلى ئوتلاقلار تۈرگە ئايرىلدى، ناھىيىدىكى ئوتلاقلار ئۈچ تۈر، توققۇز كەنجى تۈر، 36 ئوتلاق تىپىغا ئايرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە شورتاڭ پەس سازلىق كەنجى تۈرى ئاساس قىلىندى)، بۇ ئوتلاقلاردىن 6 مىليون 32 مىڭ 500 جىڭ ئوت - چۆپ ئالغىلى، ئۇلاردا چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 493 مىڭ تۇياق قوي باققىلى بولىدۇ. ئوتلاقلارنىڭ سۈپىتىنى بەش خىل، سەككىز دەرىجە بويىچە باھالىغاندا، ناھىيە بويىچە تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: 3 - خىلنىڭ 2 - دەرىجىسىدىن 8 - دەرىجىسىگىچە بولغىنىنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 454 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمى بولغان 10 مىليون 304 مىڭ 300 مونىڭ 52.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 4 - خىلنىڭ 4 - دەرىجىسىدىن 8 - دەرىجىسىگىچە بولغىنىنىڭ كۆلىمى 4 مىليون 199 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 40.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 5 - خىلنىڭ 8 - دەرىجىسىنىڭ كۆلىمى 660 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 6.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئوتلاقلاردا چارۋا يېقىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈك 31 ئائىلە، 49 ئۇرۇقداش، 120 نەچچە خىل، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك 22 خىل، لويلا

ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك 18 خىل، دانلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك 18 خىل، باشقا ئۆسۈملۈكلەر 62 خىل. ئوتلاقلارنىڭ تىپى بىر خىل، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان ئوت - چۆپ مىقدارىدا پەرق زور، گورىزونتال زونا خاراكتېرى كۈچلۈك، ئادەتتە، ئېگىز ئوت - چۆپلەر، ئالايلۇق، قومۇش، دانلىق ئوت - چۆپ، ئەمەن ئاساس قىلىنىدۇ، ئوت - چۆپ سۈپىتى تۆۋەن، مال ئانچە يېمەيدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلدىكى دەرىجىلىك ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش كۆلىمى

2 - قىسىم 13 - جەدۋەل

| خىلى | | دەرىجىسى 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | يىغىندىسى: كۆلىمى | يىغىندىسى: پايدىلىنىش كۆلىمى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | 23.1 | 164 | 21 | 150.9 | 146.9 | | 39.5 | 545.4 | 52.9 |
| | چارۋا سىغىمچانلىقى (10 مىڭ تۇياق) | 2.24 | 15 | 2.6 | 6.1 | 4.13 | | 0.2 | | |
| 4 | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | | | 86.1 | 50.2 | 77 | 154.9 | 51.7 | 419.9 | 40.7 |
| | چارۋا سىغىمچانلىقى (10 مىڭ تۇياق) | | | 7.9 | 3.5 | 2.7 | 3.1 | 0.3 | | |
| 5 | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | | | | | | | 66 | 66 | 6.4 |
| | چارۋا سىغىمچانلىقى (10 مىڭ تۇياق) | | | | | | | 0.37 | | |
| جەمئىي | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | 23.1 | 164 | 107.1 | 201.1 | 223.9 | 154.9 | 156.2 | 1030.34 | 100 |
| | پايدىلىنىش كۆلىمى % | 2.2 | 15.9 | 10.3 | 19.5 | 21.7 | 15 | 15.4 | | |

## 2. ئوتلاق تىپى

1) قاقاس تۈزلەڭ ئوتلاق    بۇ، قاقاس كىلىمات شارائىتىدا شەكىللەنگەن ئوتلاق بولۇپ، قۇرۇق تاغ رايونىدىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان كۆنگەي تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، ئىككى دەريا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئۈيەر - بۇيېرىدىمۇ بار، بۇ رايوننىڭ يەر شەكلى تۈز ۋە كەڭ، ئىسسىقلىق مىقدارى تولۇق، ھۆل - يېغىن ئازراق، قۇرغاقلىق دەرىجىسى زور، يېيىنچا ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ تەركىبى بىرخىل، قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئوت - چۆپى شالاڭ، ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق، قۇرغاق ۋە شورلۇقتا ئۆسىدىغان چاتقال، يېرىم چاتقاللارنى ئاساس قىلىدۇ، چارۋا بېقىشتا پايدىلىنىش قىممىتى تۆت پەسىللىك ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. تۇپراق سۈپىتى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، تۈزلەڭ قۇم شېغىللىق قاقاس چارۋا بېقىش مەيدانى ۋە تۈزلەڭ شورلۇق چارۋا بېقىش مەيدانىدىن ئىبارەت ئىككى كەنجى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئوتلاق تىپى جەمئىي بەش بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 83 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلەم 382 مىڭ 700 مو، بۇ، ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى بولغان 10 مىليون 304 مىڭ 300 مو ئوتلاقنىڭ 3.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋا سىغىمچانلىقى جەھەتتە، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، يىلىغا بىر قويغا 153 مو ئوتلاق توغرا كېلىدۇ.

2) قاقاس تاغلىق ئوتلاق    بۇ تىپتىكى ئوتلاق تاغلىق يەر شەكلى شارائىتىدا قاقاس كىلىماتنىڭ يېتەكچى ئامىل بولۇشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن، ھارارەت تۆۋەنرەك، ھۆل - يېغىن مىقدارى تۈزلەڭلىكتىن سەل كۆپرەك، ئەمما دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 200 مېتر ئەتراپىدا بولغانلىقى، تاغلىرى پەس بولۇپ، قاقاس كىلىمات تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يەر ئۈستى قۇملاشقان، شېغىللاشقان، تۇپرىقى قوڭۇر رەڭلىك، يېيىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ، توپا قاتلىمى نېپىز، ئۆسۈملۈكلەر ياغاچ غوللۇق قامغاق، قامىراق، چاكاندا، ياۋا كۆرۈك، قۇمدا ئۆسىدىغان بوز ئوت، ئەمەننى ئاساس قىلىدۇ. سايىنىڭ تېگىدە قويۇق ئۆسكەن توپ - توپ سۆمبۈل بار، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۆسكەن قارايانتاچىلارمۇ بار، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 10% تىن 20% كىچە، ئوت - چۆپ قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە، چاتقاللارنىڭ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە، چىقىدىغان ئوت- چۆپ موبېشىغا 24 كىلوگرامدىن 90 كىلوگرامغىچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كىلوگرامغا يېقىن. ئوتلاقلاردا سۇ كەمچىل، بۇ ئوتلاقلار 4 -، 5 - خىلنىڭ 8 - دەرىجىسىگە مەنسۇپ. بۇ خىل ئوتلاقلار بىر كەنجى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەمئىي توققۇز ئوتلاق تىپى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 417 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلەم 1 مىليون 708 مىڭ 400 مو، بۇ، ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 16.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا بىر قويغا 112 مو ئوتلاق توغرا كېلىدۇ.

3) پەس چىملىق ئوتلاق    مۇنداق ئوتلاق كەلكۈندىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ چېتىدىن ئىككى دەريا ئېقىمىغىچە بولغان كەڭ تۈزلەڭ رايونغا كەڭ كۆلەمدە جايلاشقان، ئۇنىڭ كىلىماتى تىپىك قاقاسلىق كىلىماتىغا مەنسۇپ، يەر ئۈستىدىكى تاتلىق سۇ بىلەن قانچىلىك تەمىنلىنىشى، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، تۇپراقتىكى تۇز تەركىبىنىڭ تىپى ۋە شورلىنىش دەرىجىسىگە قاراپ، شورلۇق رايوندىكى چىملىق توپا،

چىملىقتىكى شور توپا ھەم شور توپا قاتارلىق غەيرىي زونا خاراكتېرلىك توپا مۇناسىپ ھالدا پەيدا بولغان، شورغا تاقابىل تۇرالايدىغان، شورغا چىدامىلىق ئوتتۇرا قۇرغاق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر، يېرىم چاتقال، چاتقاللار پەيدا بولغان. ئوتلاقلارنىڭ كۆپى قاتلام ـ بۆلەكلىك چىملىق تىپىنىڭ كەنجى تۈرىدىن ئىبارەت، ئاساسلىق ئوت ـ چۆپلەردىن قومۇش، لوپنۇر كەندىرى، يۇلغۇن، چۇچۇك بۇيا، يانتاقلار بار. ئوتلاقلار تۇپراق سۈپىتىگە قاراپ تۆت كەنجى تۈرگە ئايرىلغان، جەمئىي 25 ئوتلاق تىپى بار، ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىليون 62 مىڭ 900 مو، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلەم 8 مىليون 179 مىڭ 700 مو، بۇ، ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 87.16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا بىر قويغا 24.4 مو ئوتلاق توغرا كېلىدۇ.

## 3. ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، 1985 ـ يىلدىكى چارۋىچىلىقتىكى ئەمگەك كۈچى 2214، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چارۋىچىلىقتىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 4768.3 مودىن ئوتلاق، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 146.26 دىن قوي توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئوتلاقتا سۇ ئىنتايىن قىس بولغاچقا، ئوتلاقلار ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىپ كەتكەن. ھەر يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئوت ـ چۆپ ئۆسىدىغان چاغدا تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى سوغۇلۇپ كېتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئوتلاقلارنىڭ سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن ئېغىر. 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ ئوتلاقلار ئېچىلىپ، ئېتىز بەرپا قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر ئوتۇنغا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاز كەم 300 مىڭ مو يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك (توغراق، يۇلغۇن) نابۇت قىلىۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋام قىلغان ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، بولۇپمۇ «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن تەكىتلەنگەن مەزگىلدە ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر يىلى ئوتلاق، ئورمانلىقلار ئېچىلىپ تۇردى. 1962 ـ يىلى دۆڭقوتان گۇڭشېسىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 450 مىڭ مو ئىدى، 1975 ـ يىلغا كەلگەندە 320 مىڭ موغا چۈشۈپ قېلىپ، 130 مىڭ مو ئازىيىپ كەتتى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، قىسمەن ئاممىنىڭ چۇچۇك بۇيىنى كەلسە ـ كەلمەس كولىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چۇچۇكبۇيىنىڭ ئۆسۈش شارائىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ياخشى تەدبىرلەر كەم بولغانلىقى، كولاش ئۇسۇلى قول بىلەن كولاشتىن تراكتور ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئاغدۇرۇشقا ئۆتكەنلىكى نەتىجىسىدە، چۇچۇك بۇيىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بۇنى تىزگىنلىگىلى بولمىدى. 1982 ـ يىلدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، بىر نەچچە يىل ئىچىدە 6000 توننىدىن ئارتۇق چۇچۇك بۇيا كولانغان، شۇنىڭ بىلەن چۇچۇك بۇيا مەھسۇلاتى جىددىي ئازىيىپ، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوتلاقلار قۇملىشىپ، ناچارلىشىپ كەتكەن. ناھىيە بويىچە چۇچۇك بۇيا كولاش تۈپەيلىدىن 2 مىليون 70 مىڭ مودىن ئارتۇق ئوتلاق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1960 ـ

يىلدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 13 مىليون 616 مىڭ مو بولۇپ، بۇ ئوتلاقتا، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 937 مىڭ قوي بېقىلغان. 1983 - يىلى ناھىيىدىكى ئوتلاقلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاقتىن 10 مىليون 303 مىڭ 400 مولا قالغان، ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 312 مىڭ600 مو، يەنى %23.32 ئازايغان، يىلىغا %1.06 (144 مىڭ مو) لىك سۈرئەت بىلەن ئازايغان. ئوتلاقلار ئىچىدە ئەسلىدە ئەلا دەرىجىلىك ئوتلاق يوق ئىدى، ياخشى دەرىجىلىك ئوتلاقلارمۇ ئاز راق ئىدى، 1960 - يىلى 4 مىليون 903 مىڭ 300 مو ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوتلاق بار ئىدى، 1983 - يىلغا كەلگەندە بۇنىڭدىن 2 مىليون 756 مىڭ مو ئوتلاق قالدى، 2 مىليون 147 مىڭ مو ئوتلاق ئازايدى؛ ياخشىراق ئوتلاقلار %43.79 ئازايدى. 1983- يىلى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاقلار 1960 - يىلدىكى 4 مىليون 972 مىڭ 300 مودىن 7 مىليون 623 مىڭ موغا يېتىپ، %53 ئاشتى. 1983- يىلى ئوتلاقلارنىڭ چارۋا سىغىمچانلىقى، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 1960 - يىلدىكى 937 مىڭ قويدىن 625 مىڭ 400 قويغا چۈشۈپ قالدى، چارۋا سىغىمچانلىقى، چارۋىنى قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 311 مىڭ 600 قوي، يەنى %45.68 ئازايدى.

## 4 . ئوتلاق قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە چارۋىچىلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ئورۇنلاشقان ۋە چارۋا باققانىدى، ئۇ چاغدا ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلمىغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتلاقتا سىلىنىدىغان سېلىنما پەيدىنپەي كۆپەيتىلدى، بولۇپمۇ 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئوتلاق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. دۆلەت تەرىپىدىن ھەقسىز بېرىلىدىغان ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - چارۋىنى قوغداش ئوبوروت پۇلى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن چەكلىك مەبلەغدىن چوڭراق ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئېغىل - قوتان ياسالدى، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، كەلكۈن باشلىنىپ ئوتلاقلار سۇغىرىلدى، سۈنئىي ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز بازىسى قۇرۇلدى.

1972 - يىلى چارۋىچىلىق رايونىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش تەجرىبىسى — قاشالانغان ئوتلاق كېڭەيتىلدى.

1982 - يىلى چارۋىچىلىقتا ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئوتلاقلار ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. چارۋىلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە بېرىلىش بىلەن بىللە، ئوتلاقلارمۇ ئائىلىلەرگە ئايرىپ بېرىلىپ، چارۋا ۋە ئوتلاقنى قوش ھۆددىگە بېرىش، چارۋا ۋە ئوتلاقنى ئائىلىلەرگە بېرىش يولغا قويۇلدى، ئوتلاقلار دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولدى، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش، ئوتلاق قۇرۇلۇشى، ئوتلاق باشقۇرۇش ھوقۇقى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئوتلاقلار مۇۋاپىق تەقسىم قىلىندى، ئەسلىدىكى چارۋا پادىسى ئۈچۈن پايدىلىنىلغان ئوتلاق ئاساس قىلىنىپ، چارۋىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۆلچەم قىلىنىپ، ئادەتتە، ھەر تۇياق چارۋىغا ئىككى مودىن تۆت موغىچە قىشلاق، 20 مو ئەتراپىدا باشقا ئوتلاق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئوتلاقلاردىكى ئورمان ۋە سۇنى ھۆددىگە ئالغۇچى ۋەكالىتەن باشقۇردى، ھۆددىگە ئالغۇچىلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئوتلاق بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى، ھۆددىگە ئالغۇچىدىن ئوتلاقنى ياخشى باشقۇرۇش، ئوتلاقتىن ياخشى پايدىلىنىش، ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى، چارۋىنى

ھەددىدىن ئارتۇق بېقىپ ئوتلاقنى ناچارلاشتۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. چارۋىچىلىقتا مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە چارۋىنى ھەددىدىن ئارتۇق بېقىش مەسىلىسى خېلى ياخشى ھەل قىلىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئاكتىپلىقى ئۆستۈرۈلدى، بۇ، ئوتلاقلارنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. 1985-يىلى دۆڭقوتان يېزىسىدىكى چارۋىچىلار جاپا - مۇشەققەتتىن قاچماي، كېچە - كۈندۈزلەپ يۇلغۇن ۋە ھەرخىل شاخ - شۇمبىلارنى توشۇپ، 250 مىڭ مو يەردە قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 مىليون 740 مىڭ 300 مو ئوتلاق كەلكۈن بىلەن سۇغۇرۇلدى، 3334 مو يەرگە بېدە تېرىلدى.

## § 4. ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئات، كالا، خېچىر، ئېشەك، قوي - ئۆچكە، چوشقا قاتارلىق ئاساسلىق ئۆي ھايۋانلىرى، توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىق ئۆي قۇشلىرى بار.

### 1. قوي

قوي — لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە چارۋا تۈرى. مىنگو دەۋرىدە بۇ يەردە ساپلا يەرلىك قوي بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قويلارنىڭ نەسلى تاللاپ يېتىشتۈرۈلۈپ ۋە ياخشىلىنىپ، يەرلىك قويلارنىڭ مەھسۇلات بېرىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 107 مىڭ 300 تۇياق قوي قولدا قالدى، بۇ، ناھىيە بويىچە قولدا قالغان چارۋىنىڭ 46.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1) يەرلىك قوي    يەرلىك قوينىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى موڭغۇل قويى ۋە لوپنۇر قويى بولۇپ، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي تىپىغا كىرىدۇ، تەن شەكلى ئوتتۇراھال، كونىستىتۇتسىيىسى ساغلام، ئوزۇقسىز شارائىتقا چىدامىلىقى كۈچلۈك، يىرىك يەم - بوغۇزغا چىداملىق، كۆپ قىسمىنىڭ بېشى قارا، بەدىنى ئاق (56.25% نى ئىگىلەيدۇ)، قالغىنى پۈتۈنلەي ئاق، پۈتۈنلەي قارا ياكى ئالا رەڭلىك. تۇتاش يۇڭى تۇپلاشقان يۇڭ، ئۆلۈك قىلچىق يۇڭ تەركىبى كۆپرەك، ھەر بىر قويدىن ئوتتۇرىچە ئېلىنىدىغان يۇڭ 1.1 كىلوگرام، ئوتتۇرىچە سويۇلۇش نىسبىتى 42.5%. قوشقارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 71.6 سانتىمېتر، ساغلىقلارنىڭ 70.66 سانتىمېتر؛ قوشقارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 43.6 كىلوگرام، ساغلىقلارنىڭ 38.5 كىلوگرام. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رامبۇلىيە قازاق قويى (شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ تەكتى) كەلتۈرۈلدى، كېيىن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك قويلار مىتىسلاشتۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى. ئەمما ئوتلاق شارائىتى ناچار بولغاچقا، نەسلىنى ياخشىلاش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە قولدا قالغان يەرلىك قوي 27 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي قوينىڭ 25.4 پىرسەنتىنى، قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 11.86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆللەيدىغان ساغلىق 13 مىڭ 400 تۇياق.

2) ئەلتېرە قويى  ئەلتېرە — ئەلتېرە، گۆش ئېلىنىدىغان قوي نەسلى، ئەلتېرىنىڭ يۇڭى بۇدۇر، چىڭ، پارقىراق، چىرايلىق، يۇڭىنىڭ رەڭگى تۇم قارا، بۇدۇرىسى ئېنىق، ئەلتېرىنىڭ ھەجمى كەڭ، سۈپىتى ياخشى، ئۇ، جۇۋا تىكىشتە ئالىي دەرىجىلىك خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

1964 - يىلى كۇچادىن ئۈچ تۇياق ساپ قاراكۆل قوشقىرى كەلتۈرۈلۈپ، كىچىك پادىدا مېتىسلاشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، 1 - گېنېراتسىيە مېتىسلاشتۇرۇشتىن كېيىن ھاسىل بولغان ئەۋلاد روشەن ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، قويلارنىڭ تېنى چوڭ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېرىك يەم - بوغۇزغا چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون لوپنۇر ناھىيىسىنى ئەلتېرە قويى ئۆستۈرۈلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بەلگىلىدى. 1966 - يىلدىن كېيىن، يەنە ساپ نەسىللىك قاراكۆل قوشقىرى كەلتۈرۈلۈپ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق مېتىسلاشتۇرۇش سىنىقى كېڭەيتىلدى. 1978-يىلى ناھىيە بويىچە ئەلتېرە قويىنىڭ نەسلى ئاساسەن تولۇق ياخشىلىنىپ بولدى. 1983 - يىلدىكى ئەلتېرە قويى 86 مىڭ 600 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي قويىنىڭ 73.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 1980 - يىلدىكىدىن سەل ئازايدى، ناھىيە بويىچە 3916 ئەلتېرە ئېلىندى. 1985- يىلنىڭ ئاخىرىدا قولدا 80 مىڭ تۇياق ئەلتېرە قويى قالدى، بۇ، قولدا قالغان ئومۇمىي قوينىڭ 74.6 پىرسەنتىنى، ناھىيە بويىچە قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 39.19 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 2. ئۆچكە

ئۆچكە — لوپنۇر ناھىيىسىدە قويدىن قالسىلا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئىككىنچى چارۋا تۈرى.

1) يەرلىك ئۆچكە  ئۆچكىنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ئۆچكە، ئۇنىڭ كونستىتۇتسىيىسى ساغلام، چىڭ، تۆت پۇتى بېجىرىم، كۈچلۈك، تۇيىقى كىچىك ۋە ئىنچىكە، چۇپۇرىنىڭ رەڭگى ئاق رەڭنى ئاساس قىلىدۇ، ئاچ سېرىق، قوڭۇررەڭ، جىگەررەڭ، قارا رەڭدىكىلىرى بار. چۇپۇرى ئۇزۇن ھەم تۇم، تىۋىتى ئىنچىكە، پارقىراقلىقى ياخشى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر تۇياق ئۆچكىدىن 0.455 كىلوگرام چۇپۇر ئېلىنىدۇ. شۇ يىلقى ئوغلاقنىڭ ئوتتۇرىچە سويۇلۇش نىسبىتى %41.57، ھەر تۇياق ئوغلاقتىن ئېلىنىدىغان گۆش 7.5 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. يېتىلگەن ئۆچكىنىڭ ئوتتۇرىچە سويۇلۇش نىسبىتى %36، ھەر تۇياق ئۆچكىدىن ئېلىنىدىغان گۆش 11 كىلوگرامدىن 13.5 كىلوگرامغىچە بولىدۇ. ئۆچكە كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇش، كۆپ گېزەك تۇغۇش، كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، تۆلىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى %80.8 كە يېتىدۇ. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە قولدا 92 مىڭ 700 تۇياق ئۆچكە قالدى، بۇ، ناھىيە بويىچە قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 40.26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چىشى ئۆچكە 45 مىڭ 700 تۇياق.

2) تىۋىتلىق ئۆچكە  1965 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى جىلىن ئۆلكىسىدىن تىۋىتى كۆپ چىقىدىغان تىۋىتلىق ئۆچكە كەلتۈرۈپ، 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئۆچكە نەسلىنى ياخشىلاشنى سىناق قىلدى؛ 1982 - يىلى يەنە 216 تۇياق كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە چىشى ئۆچكە 108 تۇياق.

تىۋىتلىق ئۆچكىنىڭ جۇغى كىچىك، رەڭگى پۈتۈنلەي ئاق، تىۋىتىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى

يۇقىرى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 گرام ئۆپچۆرىسىدە تۇخۇم تۇغۇت ئېلىنىدۇ. يەرلىك ئۆچكە بىلەن مېتىسلاشتۇرۇلغان 1 - ئەۋلاد تۇغۇتلۇق ئۆچكىدە نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈمى روشەن ئىپادىلەندى، مېتىسلاشتۇرۇلغان ھەر تۇياق ئۆچكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 180 گرامدىن 200 گرامغىچە تۇخۇم ئېلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مېتىسلاشتۇرۇلغان تۇغۇتلۇق ئۆچكە 3000 تۇياققا يەتتى.

## 3. كالا

كالا — لوپنۇر ناھىيىسىدە سانى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ، تارىخى ئۇزۇنراق چارۋا. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كالىلار موڭغۇل كالىسىنى ئۇزاق مۇددەت يەرلىك شارائىتقا كۆندۈرۈش ۋە سۈنئىي تاللاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن يەرلىك كالىلاردىن ئىبارەت، كالا قىشتا سوغۇققا، يازدا تومۇز ئىسسىققا ۋە قۇرغاقچىلىققا، يىرىك يەم - بوغۇزغا چىداملىق، كونستىتۇتسىيىسى چىڭ، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك، قاقاس قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياخشى ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ناچارراق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا بەلگىلىك مەھسۇلات بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئېرسىيەتچانلىقى بىرقەدەر مۇقىم. تۈكىنىڭ رەڭگى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، سېرىق، مولۇن رەڭ (ئالىتاغىل) نى ئاساس قىلىدۇ. تەن شەكلى كىچىكرەك، يېتىلگەن يەرلىك كالىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ۋە ئېغىرلىقى: ئىنەكنىڭ ئېگىزلىكى 109 . 17 ± 4 . 89 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى 286 . 52 9 . 285 كىلوگرام، بۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 119 . 17 ± 5 . 53 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى كىلوگرام. كالا سۈتمۇ، گۆشمۇ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ياخشى ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دېھقان، چارۋىچىلار كالىنى كۆپىنچە ھارۋىغا قاتىدۇ. تولۇق بېقىلىش شارائىتىدا، موزايىنى ئېمىتىشتىن سىرت، ھەر بىر ئىنەك كۈنىگە ئىككى - ئۈچ كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. ئوتتۇرىچە سويۇلۇش نىسبىتى %49 . 45، كۆپىيىش نىسبىتى %73 . 68، موزايلارنىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %09 . 96. يەرلىك كالىلار بەلگىلىك سۈت بېرىش، گۆش بېرىش، ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى قول ئۇچىدا بېقىلغان-باشقۇرۇلغانلىقى، سىستېمىلىق تاللاپ يېتىشتۈرۈلمىگەنلىكى ۋە نەسلى ياخشىلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا بېرىدىغان گۆشى ئاز بولۇش، بەدەن ئېغىرلىقى يېنىك بولۇش، كېيىن يېتىلىش قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەر بار ئىدى.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا سىمېنتال كالىسى كەلتۈرۈلۈپ، چوڭكۆل كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بىر مەھەل چوڭكۆل كالىسىنىڭ نامى چىققان بولسىمۇ، كېيىن نەسلىنى ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇلمىغانلىقتىن، سورتى ناچارلىشىپ كەتتى. 60-يىللارنىڭ بېشىدا بېيجىڭ قارا ئالا كالىسى كەلتۈرۈلۈپ، كالا نەسلى ياخشىلاندى، بۇنىڭدا سۈت ئېلىش ئاساس قىلىندى. 1979 - يىلى يەنە ئالاتاۋ، سىمېنتال قاتارلىق ئەلا سورتلار كەلتۈرۈلۈپ، كالىلار مېتىسلاشتۇرۇلۇپ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ جەرياندا گۆشمۇ، سۈتمۇ بېرىدىغان مېتىسلاشتۇرۇلغان كالا يېتىشتۈرۈلدى، مېتىسلاشتۇرۇلغان كالا موزىيىنىڭ بەستى چوڭ، ئۆسۈشى تېز بولدى، سويۇلۇش نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، گۆشمۇ، سۈتمۇ بېرىدىغان مېتىس كالىنىڭ سويۇلۇش نىسبىتى %19 . 41، يەرلىك شارلاي كالىسىنىڭ سويۇلۇش نىسبىتى %71 . 44، سىمېنتال مېتىس موزىيى (ئالتە ئايلىق) نىڭ سويۇلۇش نىسبىتى %39 . 44 بولغان. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە گۆشمۇ، سۈتمۇ بېرىدىغان مېتىس كالا 1532 بولۇپ، ئومۇمىي كالىنىڭ 38 . 11 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 500 كالا بولۇپ، قولدا قالغان ئومۇمىي

چارۋىنىڭ 6.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۆشىمۇ، سۈتىمۇ بېرىدىغان نەسلى ياخشىلانغان كالا 1000 بولۇپ، ئومۇمىي كالىنىڭ 6.89 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ تۆل بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىنەك 4100 بولۇپ، قولدا قالغان كالىنىڭ 28.27 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 4. ئات

ئات — لوپنۇر ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ بېقىلىش تارىخىمۇ ئۇزۇن. ئات، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بېقىلىدۇ ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تەرىپىدىن مىنىلىدۇ، قىسمەن ۋاقىتلاردىلا (ئادەتتە قىش پەسلىدە) ھارۋىغا قېتىلىپ ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ئاتنى بېقىش - باشقۇرۇش ۋە نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەرلىك ئات موڭغۇل ئېتى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، تەن تۈزۈلۈشى كېلىشكەن، كونستىتۇتسىيىسى چىڭ، تۆت پۇتى مەزمۇت، سەزگۈرلۈكى ياخشى، ئەمما سىنى قىسقا، جۈغى كىچىك، بېشى يوغان ۋە ئېغىر، يېرىك يەم - بوغۇزغا، تومۇز ئىسسىققا چىداملىق، قاقاس قۇرغاقلىق كىلىماتىغا ماسلىشالايدۇ، شۇنىڭدەك ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق قان ئازلىق كېسەللىكىگە قارشى تۇرالايدۇ. ئېغىرلىقى 120 كىلوگرام كېلىدۇ، كۈنىگە 75 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ. تۈكىنىڭ رەڭگى، ئاساسەن، تورۇق، قارا رەڭلىك. ئايغىرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 317.43 كىلوگرام، بايتالنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 288.58 كىلوگرام، بايتالنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 78.59%، قۇلۇننىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى 92.07%، كۆپىيىش نىسبىتى 68.51%، بايتال كۆپىنچە ئىككى يىلدا بىر قېتىم قۇلۇنلايدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ئات 5800 بولۇپ، ناھىيە بويىچە قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇلۇنلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بايتال 1700.

## 5. ئېشەك

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئېشەكنىڭ سانى خېلى كۆپ، جۈغى كىچىك، ئەمما كونستىتۇتسىيىسى چىڭ، تەن تۈزۈلۈشى كېلىشكەن، بېشى سەل چوڭ ۋە ئېغىر، سىنى ئۇزۇن، بوينى سەل قىسقا ۋە توم، كۆكرىكى سەل تار، بېلى قىسقا ۋە تەكشى، تۇۋىقى كىچىك ۋە مەزمۇت، تۈكىنىڭ رەڭگى، ئاساسەن، كۆلرەڭ، ئاز ساندا ئاچ قوڭۇر رەڭدىكىلىرىمۇ بار.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئېشەكلەر يېرىك يەم - بوغۇزغا چىداملىق، يەم - بوغۇز سەرپىياتى ئاز، باشقۇرۇش ئاسان؛ ئېشەكتىن پايدىلىنىش يولى كەڭ، جۈغى كىچىك بولغان بىلەن كۈچلۈك، ئاسانلىقچە چارچىمايدۇ؛ كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى يۇقىرى، تەخەينىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى ئادەتتە 94.15%، كۆپىيىش نىسبىتى 68.73% بولىدۇ، مىدە ئېشەك ئىككى يېرىم يېشىدىن تارتىپ ئون ئەتراپىدا تەخەي تۇغىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئېشەك بېقىپ كەلدى، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇلاغ. 1978 - يىلدىن ئاۋۋال ئېشەك، ئاساسەن، قاتناش قورالى بولۇپ كەلگەن ۋە ھارۋىغا قوشۇلۇپ ترانسپورتقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن، بىر ئېشەكنىڭ قىممىتى ئون نەچچە يۈەندىن 20 - 30 يۈەنگىچە بولغانىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئىچكىرىدىكى بەزى ئۆلكە، رايونلاردىن بۇ ناھىيىگە ئېشەك سېتىۋالغىلى كېلىدىغانلار كۆپەيدى، ئېشەك شەندۇڭ، خېبېي، خېنەن، ئەنخۇي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلدى، ھەر يىلى سېتىۋېلىنىش مىقدارى 1000 دىن يۇقىرى بولدى، لوپنۇر

ئېشەكلەرگە ئۆپكە ئۆلكىلىرىدىكى ئامىمىنىڭ ئالغىشىغا ئېرىشىپ، ئېھتىياجنى قامدىيالماي قالدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ئېشەك 8400 بولۇپ، قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 3.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە توغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە مادا ئېشەك 1800 بولۇپ، قولدا قالغان ئېشەكنىڭ 21.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 6. بۇغا

بۇغا — لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئەنئۇارلىق ياۋايى ھايۋان، ئۇ بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك تارقالغان، ئاساسلىقى، كۆنچى، تارىم دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرىنىڭ ئىككى يېقىغا تارقالغان، بۇغا توغراق يوپۇرمىقى، قومۇش قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. 1976- يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 25 مىڭ تۇياق بۇغا بار ئىكەن. كېيىن ئورمانلار ۋەيران قىلىنىپ، كەلسە - كەلمەس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى، بۇغىلار كەلسە - كەلمەس تۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى نەتىجىسىدە، 80 - يىللارغا كەلگەندە، بۇغىلارنىڭ كۆپى چېگرىدىكى ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونىغا قېچىپ بېرىۋالدى، ناھىيە تەۋەسىدە بۇغا يوقاپ كېتەيلا دەپ قالدى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بۇغا بېقىشقا كىرىشتى، خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى گۇڭشې - فېرمىلاردا بۇغا فېرمىلىرى قۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ بۇغا بېقىش كەسپىي ئائىلىلەر بېقىشقا ئۆزگەردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى بۇغا بېقىش كەسپىي ئائىلىسى 27 تۇياق بۇغا باقتى، يىلىغا 25 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى.

## 7. قېچىر

لوپنۇر ناھىيىسىدە قېچىرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ئادەتتە، ئىشقا سېلىش ۋە قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىلىپ كەلدى.

1958 - يىلى شەنشىنىڭ گۇەنجۇڭ دېگەن يېرىدىن بىر قىسىم ئېشەك كەلتۈرۈلۈپ، قېچىر نەسلى ياخشىلاندى، كېيىن ئۇنىڭ شارائىتقا ماسلىششى ناچار بولغاچقا شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 23 قېچىر قالدى.

## 8. چوشقا

لوپنۇر ناھىيىسىدە خەنزۇ ئاھالىسى ئازراق بولغاچقا، چوشقىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چوشقىچىلىق پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى، ئاساسلىقى، خەنزۇلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن گۇڭشې - ئەترەتلەردىكى ئەزالار چوشقا باقتى. كېيىن ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ يېمەكلىكلەر شىركىتى ۋە كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى چوشقا فېرمىسى قۇردى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە چوشقىنىڭ نەسلى قالايمىقانراق، پۈتۈنلەي سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن نەسىل، بۇنىڭ ئىچىدە بېركشىر، يوركشىر، لاندراس چوشقىلىرى، نىڭشياڭ قارا چوشقىسى، جىلىن قارا چوشقىسى ۋە سىچۈەن نېيجياڭ چوشقىسى قاتارلىقلار بار.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مېكىجىنىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 3.143 كىلوگرامغا يېتىدىكەن،

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5 كۆچۈك تۇغىدىكەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.5 كۆچۈك قاتارغا قوشۇلىدىكەن. كۆچۈكنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 10.5 كىلوگرام، بوردالغان چوشقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 109.67 كىلوگرام، يېتىلگەن چوشقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 81.18 كىلوگرام، سويۇلۇش نىسبىتى %70.36. 1985 - يىلى قولدا قالغان چوشقا 1500 بولۇپ، ناھىيە بويىچە قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 0.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 9. توخۇ، ئۆردەك، غاز

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۆي قۇشلىرى توخۇنى ئاساس قىلىدۇ. 70 - يىللاردا كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانىدا توخۇ فېرمىسى قۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى بىردىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى 0.5 تىن توخۇ باقتى. توخۇ نەسلى، ئاساسەن، لېگورن توخۇسى، ئاۋستىرالىيە قارا توخۇسى، چىپار روك توخۇسى، لوچى، لوبا، كېبەي توخۇلىرىدىن ئىبارەت. توخۇنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، مېكيانىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 1.71 كىلوگرام، خورازنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 1.77 كىلوگرام، مېكيانلار يىلىغا 110 دىن 130 غىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى چەترەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك توخۇ (ئۆزى يېتىلگەن، تۇخۇمى ئاز) باقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم قارا سۆڭەكلىك توخۇ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

80 - يىللارنىڭ بېشىدا بازار - يېزىلاردا توخۇ باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى، 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 40 مىڭ توخۇ بېقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە توخۇ باقىدىغان 17 كەسپىي ئائىلىنىڭ باققان توخۇسى 4815 بولۇپ، بېقىلغان ئومۇمىي توخۇنىڭ 12.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئۆردەكنىڭ سانى ئازراق، نەسلى سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل نەسلىدىن ئىبارەت. 1980 - يىلدىن كېيىن، يېزىلارغا ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۆردەك باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى، 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئۆردەك باقىدىغان تۆت كەسپىي ئائىلىدە 546 ئۆردەك بېقىلدى.

غاز، 1980 - يىلدىن بېرى، ئاز ساندىكى ئائىلىلەر غاز بېقىشقا باشلىدى، ئەمما بېقىلغان غاز سانى ناھايىتى ئاز.

## 10. توشقان

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاز ساندىكى ئائىلىلەر توشقان بېقىشقا باشلىدى، توشقان نەسلىدە جۇڭگو ئاق توشقىنى ئاساس قىلىندى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بازىرى ئاھالىلىرى ئۆزلىرى سىرتتىن كەلتۈرگەن ھەرخىل نەسىللىك توشقانلارنى باقتى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى ياپونىيىدىن تېرىسى ۋە گۆشىدىن تەڭ پايدىلىنىلىدىغان 25 جۈپ قالقان قۇلاق توشقان كەلتۈردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تېزرەك بېيىشىغا يول ئېچىش ئۈچۈن، كۆپ خىل ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلدى، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە غەربىي گېرمانىيىدىن 140 جۈپ ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقان كەلتۈردى، بۇ توشقاننىڭ يۇڭى ئاپئاق، شارائىتقا ماسلىشىشى ناچارراق. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە توشقان باقىدىغان كەسپىي ئائىلە

44 كە يەتتى. كېيىن توشقان يۇڭىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كەتكەنلىكتىن، توشقان باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر ئازىيىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بېقىلىدىغان توشقان سانىمۇ زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋىسى

2 - قىسىم 14 - جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ

| يىللار | قوي - ئۆچكە جەمئىي | ئۆچكە | قوي | كالا | ئات | ئېشەك | قېچىر | چوشقا | ئومۇمىي جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1944 | 9.17 | 1.18 | 7.36 | 1.13 | 0.4 | 0.59 | 0.01 | | 11.3 |
| 1950 | 9.44 | 1.82 | 7.62 | 1.21 | 0.41 | 0.63 | 0.01 | | 11.7 |
| 1956 | 13.66 | 3.24 | 10.42 | 1.86 | 0.55 | 0.87 | 0.01 | | 18.1 |
| 1958 | 15.3 | 3.67 | 11.63 | 1.62 | 0.54 | 0.63 | 0.01 | | 18.1 |
| 1960 | 18.59 | 4.7 | 13.89 | 1.58 | 0.61 | 0.67 | 0.01 | 0.02 | 21.48 |
| 1966 | 20.69 | 5.16 | 15.53 | 1.49 | 0.65 | 0.73 | 0.01 | 0.03 | 23.6 |
| 1970 | 18.06 | 5.15 | 12.91 | 1.25 | 0.66 | 0.79 | 0.01 | 0.03 | 20.8 |
| 1976 | 17.07 | 5.33 | 11.74 | 1.13 | 0.6 | 0.95 | 0.01 | 0.11 | 19.87 |
| 1980 | 19 | 6.58 | 12.42 | 1.15 | 0.56 | 1.05 | 0.012 | 0.15 | 21.922 |
| 1981 | 19.43 | 7.61 | 11.82 | 1.2 | 0.54 | 1.03 | 0.001 | 0.13 | 22.331 |
| 1982 | 19.86 | 8.26 | 11.6 | 1.31 | 0.54 | 0.99 | 0.002 | 0.13 | 22.832 |
| 1983 | 20.62 | 8.87 | 11.75 | 1.35 | 0.53 | 0.99 | 0.002 | 0.12 | 23.612 |
| 1984 | 20.75 | 9.53 | 11.22 | 1.35 | 0.53 | 0.91 | 0.002 | 0.15 | 23.692 |
| 1985 | 20 | 9.27 | 10.73 | 1.45 | 0.58 | 0.84 | 0.0023 | 0.15 | 23.01 |

## § 5. چارۋا مەھسۇلاتلىرى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ھەرخىل تاۋار چارۋا، گۆش، سۈت، تېرە، يۇڭدىن سىرت، ئۆچەي، كىگىز، پىيما، يال - قۇيرۇق، ئۆچكە تىۋىتى قاتارلىق بىرنەچچە ئون خىلى بار.

1956 - يىلى 8.47 تونna قوي يۇڭى، 12 مىڭ 900 ھەرخىل تېرە، 9100 ئۆچەي، 616 كىلوگرام يال - قۇيرۇق ئېلىندى. 1964 - يىلى 13.44 تونna قوي يۇڭى، 12 مىڭ 800 ھەرخىل تېرە، 4.747 تونna ئۆچكە تىۋىتى سېتىۋېلىندى، سېتىۋېلىنغان چارۋا

مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 924 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇ ئارقىلىق تاشقى سودا مال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. 1985 - يىلى 32 مىڭ 900 تۇياق تاۋار چارۋا يەتكۈزۈپ بېرىلدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 14.3% بولدى.

## § 6. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرى

مىڭگو دەۋرىدە دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولغاچقا، تەبىئىي ئاپەت ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك كۆرۈلسە، چارۋىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرايتتى. چارۋىنى قىرىلىشتىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىممۇنىتېت، يۇقۇم تەكشۈرۈش، دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش ۋە شاللاپ چىقىرىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەر تەرەپلىمە تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن، ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى ۋە بۇ كېسەللىكلەر داۋالاندى. 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە مال دوختۇرلۇق ئاپپاراتى يوق بولۇپ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ئىككىلا مال دوختۇرى بار ئىدى. كېيىن دۆلەت بىر قىسىم كەسپىي خادىملارنى تەقسىم قىلىپ ئەۋەتتى. لوپنۇر ناھىيىسى يەنە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم مال دوختۇرلىرىنى تەربىيىلىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئالتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە قۇرغان پونكىت بىر، يېزا (فېرما) لار قۇرغان پونكىت بەش؛ مال دوختۇرى - تېخنىك 84 كە يەتتى، ئۇلار ناھىيە، يېزا، كەنت، گۇرۇپپىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك چارۋىچىلىق ئورنىغا تارقىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنت، گۇرۇپپىدىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق بويىچە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تورىنى شەكىللەندۈردى.

80 - يىللاردىن بېرى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارۋىلىرىدىكى يامان خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر — كۆيدۈرگە، ئاقسىل كېسەللىكى، قاراسان كېسەللىكى، كالىدا بولىدىغان بوتولىنۇس موكسىمان باكتېرىيىسى بىلەن زەھەرلىنىش كېسەللىكى، ئالا ئۆپكە كېسەللىكى، قوي ۋاباسى قاتارلىقلار تىزگىنلەندى؛ ئادەملەر ۋە چارۋىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى، 1984 - يىلى باينغولىن ئوبلاستلىق برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قارىغاندا، ئاساسەن تىزگىنلەنگەن؛ قوي - ئىتلاردا بولىدىغان موكسىمان باكتېرىيە كېسەللىكى، قوزىلاردا بولىدىغان تولغاق، چوشقا ۋاباسى، توخۇ خولېراسى، يالغان توخۇ ۋاباسى قاتارلىقلار ھىلىھەم تارقىلىپ يۈرمەكتە؛ ھەرخىل پارازىت قۇرتتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇم رايونى ئۈزلۈكسىز تارايدى. 1985 - يىلى 11 مىليون 698 مىڭ 700 تۇياق (قېتىم) ھەرخىل چارۋىدىكى كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە كېسەللىك داۋالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون 860 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى، 4 مىليون 809 مىڭ 200 تۇياق (قېتىم) چارۋا بەدىنىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى پارازىت قۇرت يوقىتىلدى، 1 مىليون 28 مىڭ 800 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى ھەر خىل كېسەللىك داۋالاپ ساقايتىلدى، 31 مىڭ 500 تۇياق (قېتىم) ھەرخىل چارۋىدىكى يۇقۇم تەكشۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياز، كۈز پەسىللىرىدە دورىلاش تۈزۈمى شەكىللەندى.

## 1. چارۋا، ئۆي قۇشلىرىدىكى كېسەللىكلەر تۈرلىرى

ھەرخىل چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى كېسەللىكلەر، ئاساسەن، دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەردىن ئىبارەت. يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى جەمئىي 32، بۇنىڭ ئىچىدە ئورتاق كېسەللىك تۈرى ئون، كالا، قويلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى ئالتە، ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى ئىككى، چوشقىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى ئۈچ، توخۇدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى ئۈچ، توشقاندا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈرى بىر؛ پارازىت قۇرت تۈرى 43؛ ئادەتتىكى كېسەللىكلەر ئىچكى كېسەللىك، تاشقى كېسەللىك، زەھەرلىنىش كېسەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل.

1) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارۋىلاردا 32 خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالدى، 93 مىڭ 978 تۇياق (قېتىم) چارۋا ئاغرىدى، 49 مىڭ 569 تۇياق چارۋا ئۆلدى، ئۆلگەن چارۋا ئاغرىغان چارۋىنىڭ 53.07 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2685 تۇياق (قېتىم) چارۋا ئاغرىدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1416.3 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

(1) بىرۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى بۇ، ئادەملەردىمۇ، چارۋىلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان، تارقىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولغان ئاستا خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك.

1969 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان يۇقۇم تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، 1111 كالىدىكى يۇقۇم تەكشۈرۈلگەن، مۇسبەت رېئاكسىيىلىك نىسبىتى 84 بولغان؛ 13 مىڭ 820 تۇياق قويدىكى يۇقۇم تەكشۈرۈلگەن، مۇسبەت رېئاكسىيىلىك نىسبىتى 455 تۇياق بولغان؛ 12 مىڭ 290 تۇياق ئۆچكىدىكى يۇقۇم تەكشۈرۈلگەن، مۇسبەت رېئاكسىيىلىك نىسبىتى 222 تۇياق بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئاھالىدىكى بىرۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاھالىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى %26 ئەتراپىدا، دېھقانچىلىق رايونىدىكى ئاھالىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى %10 ئەتراپىدا بولغان؛ چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق خادىمىدىن 29 كىشى تەكشۈرۈلگەن، بۇنىڭدىن 19 كىشى يۇقۇملانغان، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %65.5 بولغان.

1971 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە ئۇدا بىرقانچە يىل ئىممۇنىتېتلاندى، جەمئىي 1 مىليون 222 مىڭ 500 تۇياق (قېتىم) ھەرخىل چارۋا ئىممۇنىتېتلاندى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 94 مىڭ 900 تۇياق (قېتىم) دىن توغرا كەلدى، زىچلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى %85 تىن ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرۇتسېللىيوز كېسەلىكىنىڭ كۆرۈلۈشى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىدى. 1969 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە بولغان يۇقۇم تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، كالىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %15.64، قويدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %7.6، ئۆچكىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %18.06 بولغان؛ 1980 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلىغىچە بولغان يۇقۇم تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، كالىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %3.3 كە، قويدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %3.48 كە، ئۆچكىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %8.66 كە چۈشكەن؛ 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىغىچە باينغولىن ئوبلاستلىق بىرۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدە بىرۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قويدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %1.4 كە، ئۆچكىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %2 كە، كالىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى %2كە چۈشۈپ، تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن

يەتكەن.

**(2) بوتۇلىنۇس تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن زەھەرلىنىش كېسەللىكى** بۇ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بوتۇلىنۇس تاياقچە بېكتېرىيىسى زەھىرىنى قوبۇل قىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پروگرېسسىپ ھەرىكەت نېرۋىسىنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان، كېسەل جەريانى قىسقا بولىدىغان، يۇقىرى دەرىجىدە ئۆلۈشكە ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ئۇ ھەر يىلى سۇ تارتىلغان پەسىلدە تارقىلىدۇ، 5 - ئايدا باشلىنىپ، 10 - ئايدا توختايدۇ، 7 -، 8 - ئايلار كېسەللىك كۆرۈلىدىغان يۇقىرى پەللە ھېسابلىنىدۇ. 1960 - يىلى دۆڭقوتان رايونىدا كېسەللىك پەيدا بولدى ۋە چارۋىدا چىقىم كۆرۈلدى. 1964 - يىلى بۇ كېسەللىك كەڭ دائىرىدە تارقالدى، ئالدى بىلەن دۆڭقوتاندىكى لوخۇلۇق كۆلدە يەتتە كالا پادىسىدا كېسەللىك كۆرۈلدى، كېيىن خۇرجا، ئات قوتان، ئاقسوپى قاتارلىق جايلاردىكى تۆت كالا پادىسىغا كېڭەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى تارقىلىپ تۇردى، ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا، ئىككى فېرما كېسەللىك يىلبويى كۆرۈلىدىغان رايون بولۇپ قالدى. 1981 - يىلى تارىم يېزىسىدا يەتتە كالا ئاغرىپ ئۆلدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 2727 كالا ئاغرىپ، 2427 سى ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى %89.99 كە يەتتى. 1974 - يىلدىن باشلاپ بوتۇلىنۇس تاياقچە باكتېرىيىسى ۋاكسىنىسى ئارقىلىق كالىلار ئەملەندى، 1985 - يىلغا كەلگەندە بۇ كېسەللىك ئاساسەن تىزگىنلەندى.

**(3) كۆيدۈرگە** بۇ، ئادەملەردىمۇ، چارۋىلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئۆتكۈر دەرىجىدىكى سېپتىتسمىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك، كۆپىنچە، ھاۋا تازا ئىسسىيدىغان، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان پەسىلدە پەيدا بولىدۇ. 1938- يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان 39 يىل داۋامىدا بەش قېتىم كېسەللىك پەيدا بولدى، 2028 تۇياق چارۋا ئاغرىپ، 1940 تۇياق چارۋا ئۆلدى. ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلدا تارىم يېزىسىنىڭ ئاقسوپى دېگەن يېرىدە كېسەللىك پەيدا بولدى، 820 تۇياق قوي ئاغرىپ، 750 تۇيىقى ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى %91.46 بولدى، شۇنىڭدەك بۇ كېسەللىك ئىككى ئادەمگە يۇقۇپ، ئىككىلىسى ئۆلدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆيدۈرگىنىڭ 1 - نومۇرلۇق، 2 - نومۇرلۇق ۋاكسىنىلىرى ھەرخىل چارۋىلارغا ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئەملەندى، 1985 - يىلغا كەلگەندە، بۇ كېسەللىك تىزگىنلەندى.

**(4) قويدا بولىدىغان چېچەك كېسەللىكى** بۇ، ھەرخىل چارۋىلاردا بولىدىغان چېچەك كېسەللىكى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىك، بۇ كېسەللىك يەرلىك خاراكتېردە تارقىلىدۇ. قوزىلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى يېتىلگەن قويلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. 1956- يىلى دۆڭقوتان رايونىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا قولدا قالغان 7500 تۇياق قويدىن 540 تۇيىقى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىپ، 52 تۇياق قوي ئۆلدى. 1962 - يىلى بۇ فېرمىدىكى 7200 تۇياق قويدىن 600 تۇيىقى ئاغرىپ، 84 تۇياق قوي ئۆلدى. 1965 - يىلى بۇ فېرمىدىكى 5600 تۇياق قويدىن 450 تۇيىقى ئاغرىپ، 62 تۇياق قوي ئۆلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە بۇ كېسەللىك تىزگىنلەندى.

**(5) چوشقا ۋاباسى** بۇ كېسەللىك يىلنىڭ تۆت پەسلىدە پەيدا بولىدۇ، كۆپىنچە، تارقاق ھالەتتە تارقىلىدۇ. 1975 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە جەمئىي 55 چوشقىدا كېسەللىك پەيدا بولدى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.75 تىن توغرا كەلدى. 1979 - يىلدىن 1985- يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا 209 چوشقىدا كېسەللىك پەيدا بولدى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.86 دىن توغرا كەلدى. كېيىن ھەريىلى پەيدا بولۇپ تۇردى.

**2) پارازىت قۇرت كېسەللىكى** 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان پارازىت قۇرتلارنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە چارۋىلاردىكى پارازىت قۇرتلارنىڭ تۈرى

42 گە يېتىدىكەن. 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەنە توخۇ، توشقانلاردا كوكسىدىئوز كېسىلى پەيدا بولدى، ناھىيە بويىچە پارازىت قۇرت كېسەللىكىنىڭ تۈرى 43 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شورىغۇچى قۇرت تۈرى ئىككى، پروتوز تۈرى بىر، تاسما قۇرت، تاسما قۇرت لىچىنكىسى تۈرى سەككىز، ئۆمۈچۈك ـ ھاشاراتلار تۈرى ئون. تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆمۈچۈك ـ ھاشاراتلارنىڭ تېرە تەشكۈچى كانا قوتۇرى، گاستروفىللوز، قوينىڭ بۇگىلەك لىچىنكىسى، توخۇدا بولىدىغان يۇمشاق سالجىلار، پىت قاتارلىقلار ئارقىلىق تارقىلىشى ئېغىر ئىكەن؛ پروتوز تۈرىدىكى پارازىت قۇرتلار تارقىتىدىغان كالىلاردىكى تېلېرىئوز كېسىلى ۋە توخۇ، توشقانلاردىكى كوكسىدىئوز كېسىلىنىڭ زىيىنى ئېغىر ئىكەن، گېلمىنت قۇرتى ۋە كالىدىكى سىستىتسېركا لىچىنكىسى گەۋدىلىك كۆرۈلىدىكەن؛ چوشقا، توخۇلاردا ئاسكارىد قۇرتى كۆپرەك كۆرۈلىدىكەن؛ چوشقىدىكى سىستىتسېركا لىچىنكىسى 1974 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە كەڭ تارقالغان.

**(1) قوتۇر كېسەللىكى** بۇ، تېرە تەشكۈچى كانا قوتۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارۋىلاردا قوتۇر كېسەللىكى كەڭ تارقالغان، بۇ كېسەللىك چارۋىلارغا ئېغىر زىيان سېلىپ كەلدى. 1955 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قوي، ئۆچكىلەردىكى قوتۇر كېسەللىكىگە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ كېسەللىك جەمئىي 717 مىڭ 982 تۇياق (قېتىم) قوي، ئۆچكىدە كۆرۈلۈپ، 3912 تۇياق قوي، ئۆچكە ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى %55 .6 بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1955 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە جەمئىي قولدا قالغان 947 مىڭ 300 تۇياق قوي، ئۆچكىدىن كېسەللىك كۆرۈلگىنى 174 مىڭ 700 تۇياق (قېتىم)، ئۆلگىنى 1161 تۇياق؛ 60 ـ يىللاردا جەمئىي قولدا قالغان 1 مىليون 821 مىڭ تۇياق قوي، ئۆچكىدىن كېسەللىك كۆرۈلگىنى 300 مىڭ 167 تۇياق (قېتىم)، ئۆلگىنى 1451 تۇياق؛ 70 ـ يىللاردا جەمئىي قولدا قالغان 3 مىليون 340 مىڭ تۇياق قوي، ئۆچكىدىن كېسەللىك كۆرۈلگىنى 201 مىڭ تۇياق (قېتىم)، ئۆلگىنى 999 تۇياق؛ 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي قولدا قالغان 1 مىليون 8900 تۇياق قوي، ئۆچكىدىن كېسەللىك كۆرۈلگىنى 31 مىڭ 900 تۇياق (قېتىم)، ئۆلگىنى 306 تۇياق. قوتۇر كېسەللىكى، ئاساسەن، قوي، ئۆچكە، ئات، كالىلارغا، ئۇنىڭدىن قالسا، چوشقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**(2) چوشقا مېتە قۇرتى كېسەللىكى** بۇ، چوشقا مېتە قۇرتى لىچىنكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ كېسەللىك ئادەملەردىمۇ، چارۋىلاردىمۇ ئوخشاش كۆرۈلىدىغان، ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىك. 1974 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانىدا چوشقا مېتە قۇرتى كېسەللىكى پەيدا بولدى. 1974 ـ يىلى سويۇلغان 120 چوشقىدىن بىرىگە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى؛ 1975 ـ يىلى سويۇلغان 162 چوشقىدىن 13 گە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى. 1976 ـ يىلى سويۇلغان 142 چوشقىدىن 18 گە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى؛ 1977 ـ يىلى سويۇلغان 198 چوشقىدىن 49 ىغا بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى؛ 1978 ـ يىلى سويۇلغان 143 چوشقىدىن 32 سىگە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى؛ 1979 ـ يىلى سويۇلغان 100 چوشقىدىن سەككىزىگە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى؛ 1980 ـ يىلى سويۇلغان 105 چوشقىدىن ئىككىسىگە بۇ كېسەللىك يۇققانلىقى مەلۇم بولدى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن بۇ كېسەللىك بايقالمىدى.

**(3) كالىلارنىڭ تېلېرىئوز كېسەللىكى** 1964 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە سىرتتىن سۈتمۇ، گۆشمۇ بېرىدىغان 41 كالا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ 16 سىدە كېسەللىك كۆرۈلدى، كېسەللىك كۆرۈلۈش نىسبىتى %39 بولدى، 11 كالا ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى %68.75 بولدى.

2 ـ قىسىم 15 ـ جەدۋەل

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەرخىل چارۋىلاردا كۆرۈلگەن كېسەللىكلەر

| يىللار | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر |  |  | پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى |  |  | زەھەرلىنىش كېسەللىكلىرى |  |  | ئىچكى كېسەللىكلەر |  |  | تاشقى كېسەللىكلەر |  |  |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | تۈرى | كېسەللىك كۆرۈلگىنى (تۇياق) | ئۆلگىنى (تۇياق) | تۈرى | كېسەللىك كۆرۈلگىنى (تۇياق) | ئۆلگىنى (تۇياق) | تۈرى | كېسەللىك كۆرۈلگىنى (تۇياق) | ئۆلگىنى (تۇياق) | تۈرى | كېسەللىك كۆرۈلگىنى (تۇياق) | ئۆلگىنى (تۇياق) | تۈرى | كېسەللىك كۆرۈلگىنى (تۇياق) | ئۆلگىنى (تۇياق) |
| 1938 | 1 | 438 | 438 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1942 | 1 | 540 | 540 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1947 | 1 | 60 | 40 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1948 | 1 | 500 | 210 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1950 | 10 | 350 | 2 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1951 | 2 | 415 | 52 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1952 | 1 | 100 | 98 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1953 | 1 | 160 | 2 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1954 | 1 | 450 | 5 |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  |
| 1955 | 1 | 120 | 85 | 1 | 27460 | 247 |  |  |  | 7 | 5285 | 1362 | 4 | 3841 | 268 |
| 1956 | 3 | 1470 | 887 | 1 | 35800 | 290 |  |  |  | 6 | 2213 | 1367 | 5 | 4186 | 327 |
| 1957 |  |  |  | 1 | 36800 | 250 |  |  |  | 7 | 2087 | 1106 | 4 | 4142 | 68 |
| 1958 | 1 | 350 | 85 | 1 | 22950 | 138 |  |  |  | 6 | 1522 | 788 | 4 | 6104 | 374 |
| 1959 | 1 | 1295 | 405 | 1 | 25419 | 114 |  |  |  | 6 | 1706 | 801 | 4 | 9312 | 410 |
| 1960 | 2 | 1340 | 311 | 1 | 26639 | 117 |  |  |  | 6 | 2307 | 768 | 4 | 9673 | 224 |
| 1961 | 3 | 2326 | 341 | 2 | 26520 | 122 |  |  |  | 6 | 3045 | 508 | 4 | 9850 | 488 |
| 1962 | 6 | 13752 | 591 | 2 | 22681 | 106 |  |  |  | 6 | 2787 | 104 | 4 | 9929 | 46 |
| 1963 | 4 | 1251 | 320 | 4 | 27470 | 126 | 4 |  |  | 6 | 3129 | 205 | 4 | 11167 | 175 |
| 1964 | 4 | 1839 | 371 | 2 | 23443 | 105 | 1 | 54 | 21 | 6 | 2603 | 530 | 4 | 13458 | 46 |
| 1965 | 4 | 1208 | 792 | 2 | 51512 |  |  |  |  | 5 | 3166 | 176 | 4 | 20423 | 90 |
| 1966 | 3 | 964 | 642 | 2 | 28946 | 118 |  |  |  | 6 | 4121 | 215 | 4 | 10430 | 46 |
| 1967 | 3 | 1225 | 879 | 2 | 61805 | 252 |  |  |  | 6 | 3481 | 163 | 4 | 17853 | 63 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 84 | 9616 | 4 | 177 | 4559 | 7 | | | | 148 | 300057 | 4 | 574 | 950 | 3 | 1968 |
| 69 | 22872 | 4 | 103 | 3787 | 6 | | | | 154 | 26249 | 4 | 516 | 1726 | 3 | 1969 |
| 91 | 20322 | 4 | 124 | 3632 | 6 | 10 | 18 | 1 | 145 | 26372 | 4 | 516 | 1812 | 3 | 1970 |
| 77 | 21400 | 4 | 111 | 3910 | 7 | 30 | 30 | 1 | 144 | 28213 | 3 | 810 | 2310 | 3 | 1971 |
| 109 | 1968 | 4 | 95 | 5307 | 6 | 50 | 50 | 1 | 142 | 25508 | 3 | 585 | 1865 | 3 | 1972 |
| 128 | 19451 | 4 | 113 | 19600 | 6 | | | | 147 | 24052 | 1 | 417 | 1642 | 2 | 1973 |
| 70 | 18372 | 4 | 89 | 14717 | 6 | | | | 114 | 23101 | 3 | 222 | 1190 | 2 | 1974 |
| 76 | 17544 | 4 | 126 | 5925 | 6 | 3 | 6 | 1 | 150 | 28114 | 2 | 372 | 1830 | 4 | 1975 |
| 75 | 19064 | 4 | 125 | 5551 | 6 | 30 | 61 | 3 | 102 | 20535 | 3 | 726 | 2148 | 10 | 1976 |
| 68 | 20232 | 4 | 111 | 5952 | 6 | | | | 82 | 15385 | 2 | 377 | 194 | 4 | 1977 |
| 83 | 21108 | 4 | 112 | 6765 | 6 | | | | 66 | 14864 | 3 | 1890 | 2026 | 6 | 1978 |
| 80 | 20963 | 4 | 102 | 6688 | 6 | 2873 | 4261 | 1 | 57 | 13731 | 3 | 1604 | 1735 | 4 | 1979 |
| 62 | 21607 | 4 | 131 | 7123 | 6 | 1858 | 4910 | 2 | 51 | 11800 | 4 | 742 | 1101 | 4 | 1980 |
| 68 | 21501 | 4 | 155 | 1889 | 6 | 10 | 10 | 1 | 39 | 19309 | 4 | 755 | 1011 | 8 | 1981 |
| 68 | 19919 | 4 | 125 | 4563 | 5 | | | | 42 | 9792 | 3 | 1049 | 1346 | 6 | 1982 |
| 52 | 24413 | 4 | 113 | 5643 | 6 | 16 | 32 | 1 | 34 | 7393 | 4 | 1327 | 1751 | 6 | 1983 |
| 70 | 17366 | 4 | 131 | 6293 | 6 | 7 | 7 | 1 | 24 | 5727 | 4 | 2522 | 8151 | 9 | 1984 |
| 57 | 18552 | 4 | 101 | 6264 | 6 | 9 | 20 | 1 | 2 | 5342 | 4 | 27779 | 31137 | 9 | 1985 |
| 4012 | 484339 | 125 | 10237 | 155624 | 188 | 4917 | 9459 | 15 | 3605 | 760689 | 79 | 49569 | 93478 | 134 | جەمئىي |

3) ئادەتتىكى كېسەللىكلەر    ئادەتتىكى كېسەللىكلەر تارقاق پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ پەسىل، رايون پەرقى بولمايدۇ. 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 56 خىل ئادەتتىكى كېسەللىك پەيدا بولدى، 649 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋىدا كېسەللىك كۆرۈلدى، 19 مىڭ 200 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

## III باب

# ئورمانچىلىق

تارىم، كۆنچى دەريالىرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ئېقىپ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئورمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىككى دەريا ناھىيە تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، يۇقىرى ئېقىمىدىن كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن لاتقىلاردىن نۇرغۇن تىنمىلار ھاسىل بولغان، دەريا قىنى كەڭ، تارماق ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، چاپان، ئوسمان، ئۆگەن دەريالىرى قاتارلىق ئون نەچچە تارماق ئېقىننىڭ سۈيى بىلەن 1 مىليون مودىن ئارتۇق يەردىكى غوللۇق ئورمان بىلەن چاتقال ئورمىنى سۇغىرىلىدۇ. 1955 - يىلدىن ئىلگىرى، ھەر يىلى 7- ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۇلۇق كەلكۈن ناھىيە تەۋەسىگە كىرىپ، دەريالار تېشىپ كېتىدۇ، تارماق ئېقىنلار ئارقىلىق تەبىئىي ئورمانلار سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلىنىدۇ ھەمدە كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن ئورۇقلاردىن دەريا ساھىلىدا يېڭىدىن يۇمران ئورمانلار بارلىققا كېلىدۇ. تەخمىنەن X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىكى كۆللەر ناھىيە تەۋەسىدىكى يېڭىسۇ - ئارغان ئەتراپىدا تۇرغۇنلىشىپ يېڭىسۇ - ئارغان- لوپنۇر كۆلى شەكىللەنگەن، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ سۈيى ئازىيىپ كېتىپ، دەل- دەرەخلەر قۇرۇپ نابۇت بولۇشقا باشلىغان. پەقەت كونا دەريا قىنى ئەتراپىدىلا مەشھۇر يېشىل كارىدور شەكىللەنگەن.

مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) تارىم دەرياسى ناھىيە تەۋەسىدىكى چوڭ مەھەللە كەنتىدە ئېقىن ئۆزگەرتىپ، دەريا سۈيى دۆڭقوتان ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىغا قۇيۇلۇپ، ئاندىن شەرقتە لوپنۇر سازلىقىغا قۇيۇلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن تىكەنلىك ئەتراپىدىكى جايلار قۇرغاقلىشىپ، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ كەتتى. ئاھالىلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. گەرچە 40 - يىللاردا توغان سېلىنىپ تارىم دەرياسى بۇرۇنقى ئېزىغا قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەريا سۈيى ئازىيىپ كەتكەچكە، تۆۋەن ئېقىمدىكى جايلارنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئامال بولمىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە تەۋەسىدىكى تەبىئىي غوللۇق ۋە چاتقال ئورمان كۆلىمى 3 مىليون 611 مىڭ مو ئىدى، توغراقلىق كۆلىمى كەڭ، زاپىسى كۆپ بولغاچقا، بۇ جاي ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق توغراق ئورمانچىلىق رايونى قىلىپ ئايرىلدى.

1957 - يىلدىن باشلاپ، كىشىلەر ئورمانلارنى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىش ۋە چارۋا بېقىش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنىڭ ئازىيىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئورمان كۆلىمى %1. 40 ئازىيىپ كېتىپ، نەچچە 10 مىڭ مو يەردىكى ئورماننىڭ مەھسۇلاتى ۋە زاپىسى كېمىيىپ كەتتى، ئورمانلار ۋەيران بولدى، دەل - دەرەخلەر قاخشال بولۇپ قالدى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئورمانچىلىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىدى، ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش ۋە پەرۋىش قىلىش كۈچەيتىلدى، ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش قەدىمى تېزلىتىلدى. 1983 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا توغراق ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇردى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 3 مىليون 870 مىڭ 900 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 996 مىڭ 700 مو، چۆل چاتقال ئورمىنى كۆلىمى 992 مىڭ 800 مو، تاغ ئورمىنى كۆلىمى 19 مىڭ 600 مو، تارقاق ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 846 مىڭ مو، سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 15 مىڭ 800 مو. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.32% كە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1985 ـ يىلدىكى تۈرلۈك ئورمان كۆلىمى**

2 ـ قىسىم 16 ـ جەدۋەل

| ئورمانا تۈرى | | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | جەمئىي (10 مىڭ مو) |
|---|---|---|---|
| تەبىئىي ئورمان | توغراق | 99.67 | 385.51 |
| | تاغ ئورمىنى | 1.96 | |
| | تارقاق ئورمان | 184.6 | |
| | غوللۇق ئورمان | 99.28 | |
| سۈنئىي ئورمان | ئىھاتە ئورمىنى | 0.87 | 1.58 |
| | مېۋىلىك دەرەخ | 0.21 | |
| | باشقا دەل ـ دەرەخ | 0.5 | |
| ئومۇمىي كۆلىمى | | 387.09 | 387.09 |

## § 1. ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرى

### 1. مەمۇرىي ئاپپارات

مىنگو دەۋرىدە مەخسۇس ئورمانچىلىق ئاپپاراتى يوق ئىدى، ئورمانچىلىق خىزمىتىگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل ئىدى. بۇ بۆلۈم، ئاساسلىقى، تەبىئىي ئورمان ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدىكى (ئاساسلىقى شىتىپنىڭ ئۆستىڭى بويىدىكى) دەل ـ دەرەخلەرنى باشقۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئورمانچىلىق خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇردى. 1958 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى باشقۇردى. 1967 ـ يىلى ئورمانچىلىق خىزمىتىگە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئورمانچىلىق خىزمىتى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1982 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا،

ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمچىسى، ئورمان مۇھاپىزەت ئەترىتى ۋە كۆچەتخانا تەسىس قىلىندى.

### 2. كەسپىي ئىشلار ئاپپاراتى

1962 - يىلى ناھىيىلىك ئورمان مۇھاپىزەت ئەترىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى.

1963 - يىلى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ پونكىتنىڭ 1985 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى ئون.

1981 -، 1982 - يىللىرى دۆڭقوتان، تارىم، شىڭپىڭ ۋە «ئىتتىپاق» يېزىلىرىدا ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى جەمئىي 12 گە يەتتى.

### 3. كارخانا ئاپپاراتى

1958 - يىلى دۆڭقوتان ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1972- يىلى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيدان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە تۆت ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1985 - يىلىمۇ يەنە ئەشۇ تۆت ئىشچى- خىزمەتچىسى ئۆز پېتى تۇردى.

## § 2. ئورمان بايلىقى

### 1. ئورماننىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

ناھىيىنىڭ كىلىماتى تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتقا كىرگەچكە، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر كىلىماتنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ تۈرلىرىمۇ بىرقەدەر ئاز، ئورمان تۈرى بىرلا خىل ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى يېڭى سورتلار داۋاملىق كەلتۈرۈلۈپ، ئورمان تۈرى كۆپەيتىلدى، سۈنئىي ئورمان خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلدى. ئورمان خىلىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئورمان تۈرىگە ئاساسەن، ناھىيىدىكى ئورماننى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) قۇرۇقتاغنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى تارقاق، كەڭ يوپۇرماقلىق — غوللۇق ئورمان رايونى بۇ رايون لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1200 — 2600 مېتر ئېگىز. دېڭىز يۈزىدىن ھېسابلانغان ئېگىزلىكى ۋە سۇ سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ بۇ يەردىكى ئورماننى يەنە تاغ جىلغىلىرى، تاغ قاپتاللىرىدىكى قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان غوللۇق ئورمان، جىلغا ئېغىزلىرىدىكى قۇرغاق يەرلەردەئۆسىدىغانقارىياغاچ- يۇلغۇنلۇق، دەريا ساھىلىدا ئۆسىدىغان ئوتتۇرا ھاياتلىق خاراكتېرىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلارغا ئايرىلىدۇ. غوللۇق ئورمان كۆلىمى 19 مىڭ 600 موغا، چاتقال ئورمىنى كۆلىمى 272 مىڭ موغا، تارقاق ئورمان كۆلىمى 21 مىڭ موغا يەتتى. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن قارىياغاچ، چوڭ يوپۇرماقلىق تېرەك، جىگدە، يۇلغۇن، ئازغان قاتارلىقلار

بار.

2) كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى قايتا ئۆسكەن توغراق ئورمىنى — سۈنئىي ئورمان رايونى   بۇ رايوننىڭ دائىرىسى كىچىك بولۇپ، لوپنۇر ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئورماننىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، دەرەخ تۈرى بىرقەدەر كۆپ، تەبىئىي ئورمان جەھەتتە قايتا ئۆسكەن توغراق ئورمىنى ۋە يۇلغۇن، چاتقال ئورمىنى ئاساس قىلىنىدۇ. قايتا ئۆسكەن توغراق كۆلىمى 64 مىڭ مو، يۇلغۇن، چاتقال كۆلىمى 120 مىڭ مو كېلىدۇ. سۈنئىي ئورماندىن شىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك، جىگدە قاتارلىق تۈرى ساپ ئورمان ۋە شالغۇت ئورمان بار، يەنە قارىياغاچ، تىكەنلىك ئاكاتسىيە، كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى قاتارلىق دەرەخ سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. ئورمان تۈرى جەھەتتە ئىھاتە ئورمىنى بىلەن ئىقتىسادىي ئورمان ئاساس قىلىنىدۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمى 2292 موغا، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 2155 موغا يېتىدۇ، ئىقتىسادىي ئورمان ئىچىدە، مەلۇم كۆلەمدىكى مېۋىلىك باغ بار، بۇلار، ئاساسلىقى، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ئورمىنىدىن ئىبارەت.

3) تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى چۆل توغرىقى — يۇلغۇن رايونى   بۇ، توغراق ئاساسلىق تارقالغان رايون بولۇپ، توغراقلىق كۆلىمى 992 مىڭ 700 مو كېلىدۇ. بۇ رايونغا توغراق - يۇلغۇن، توغراق- يۇلغۇن - چۈچۈك بۇيا، يۇلغۇن - چۈچۈك بۇيا، توغراق - قوڭغىراق تىكەن قاتارلىق ئورمان تىپلىرى تارقالغان. توغراق مۇھاپىزەت رايونى مۇشۇ ئورمانچىلىق رايونىدا.

بۇ رايونغا يەنە كۆلىمى 600 مىڭ مو كېلىدىغان يۇلغۇن، چاتقال ئورمىنى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرگە بوز تېرەك، جىگدە قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك تارقالغان، چۈچۈك بۇيا، لوپنۇر كەندىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ.

## 2. دەرەخ تۈرلىرى

ناھىيە تەۋەسىدىكى غوللۇق، چاتقال دەرەخ تۈرلىرىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇلار 29 ئائىلە 79 خىل ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە غوللۇق ئورمان 16 ئائىلە، 51 خىل، چاتقال ئورمىنى 13 ئائىلە 27 خىل، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17 - يىلى (1891 - يىلى) دىن ئىلگىرى، غوللۇق ئورمان بىر خىللا ئىدى. گۇاڭشۈ 17 - يىلى (1891 - يىلى) دىن كېيىن ئورمان خىلى كۆپەيدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1979 - يىلدىن كېيىن، باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن دەرەخ خىلى كۆپەيدى. ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىقى توغراق، شىنجاڭ تېرىكى، جىگدە، مىرزا تېرەك قاتارلىق دەرەخ خىللىرى بار.

1) توغراق   توغراق تەبىئىي ئورماننىڭ ئېسىل سورتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇقدىشى تال تېرەك ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئۇ، ناھىيە تەۋەسىدە چۆل - جەزىرىدە تەبىئىي ئۆسىدىغان غوللۇق ئورمان خىلى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يېشى، سۇ تەركىبى، تۇپراققا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇ يەردىكى ئاممىا توغراقنى «غەيرىي يوپۇرماقلىق تېرەك» دەپمۇ ئاتايدۇ. توغراقنىڭ ئاتلىق، ئانىلىق تۈپلىرى پەرقلىق بولىدۇ، ئادەتتە 4 - ئاينىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان 25 كۈن چېچەكلەش مەزگىلى بولىدۇ، ئاتلىق چېچىكى بەش كۈن ئەتراپىدا ئېچىلىپ بولىدۇ، 8 - ئايدا ئۇنىڭ پوتلىسى يېتىلگەندىن كېيىن يېرىلىپ، كۆپلىگەن پاختا توزانلىرىنى چىقىرىدۇ، بۇ پاختا توزانلىرى شامالدا تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ بېرىپ ئۇرۇق

تارقىتىدۇ، توغراق قۇرغاق چۆل تەبىئىي شارائىتقا كۈچلۈك ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، شورغا خېلى بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. يېتىلگەن ۋە قېرى توغراق (35 يىللىقتىن 60 يىللىققىچە ۋە 60 يىللىقتىن 80 يىللىققىچە) نىڭ شورغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، يۇمران توغراقنىڭ ئاجىزراق بولىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە كۆپ جايلاردىكى توغراقلىقنىڭ يەر ئۈستى توپا قاتلىمىدىكى شور تەركىبى 50% تىن (ئۇمۇمىي تۇز مىقدارى) ئارتۇق، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، تۇپراقتىكى ئۇمۇمىي تۇز مىقدارى 0.7% تىن 2% كىچە بولسا، توغراقنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى ئۆسەلەيدۇ. توغراقنىڭ بوران، قۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇنىڭ غايەت زور گورىزونتال يىلتىز سىستېمىسى تورى بار، ئەڭ يىراق بولغاندا 30 ـ 40 مېتىر يىراقلىققا سوزۇلىدۇ، ئۇ، دەرەخ تاجىسىنى شامال تەۋرەتكەندە ناھايىتى زور تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. توغراقچۆل-جەزىرە رايونىدا بوراننىڭ ھۇجۇمىنى پەسەيتىدۇ. توغراقنىڭ تۇپراق سۈپىتىگە روشەن تەلىپى بولمايدۇ، تۇپراق سۈپىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تۇپراق نەم بولسىلا، بوك ـ باراقسان ئۆسۈۋېرىدۇ.

توغراق يېپىقلىق دەرىجىسى چوڭ بولغان ئەھۋالدا ناھايىتى ياخشى غول تارتالايدۇ، توغراقنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق باسقۇچتىكى ئېگىزلىكى ئون — 14 مېترغا، غولىنىڭ دىئامېترى 15 — 30 سانتىمېترغا يېتىدۇ؛ يېتىلگەن باسقۇچتىكى ئېگىزلىكى 14 — 18 مېترغا، غولىنىڭ دىئامېترى 50 — 70 سانتىمېترغا يېتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن، غولىنىڭ دىئامېترى 100 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. توغراق ياغىچى گەرچە بوش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك قاتارلىقلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، توغراق قەدىمدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق ماتېرىيال قاتارىدا ئىشلىتىلىپ كەلدى، چۈنكى ئۇ چىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى كۆۋرۈك ـ سۇڭگۈچنىڭ تەگلىك ماتېرىيالى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياسالغان چاپما قېيىق بىلىق تۇتۇش، دەريادىن ئۆتۈشتە ئاساسلىق ۋاستە قىلىنىدۇ.

توغراق يوپۇرمىقى كالا، قويىنىڭ ياخشى يەم ـ خەشىكى، بولۇپمۇ ئۇنى قوي بەك يەيدۇ، يېشىل يوپۇرماق، قۇرۇق يوپۇرماق (غازاڭ) نى يەم ـ خەشەك ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، چارۋىچىلار توغراقلىقنى قىش كۈنلىرى ئوتلاق قىلىدۇ.

توغراقلىقتىن چىقىدىغان توغرىغى سۈپىتى ئەڭ ياخشى بىئولوگىيىلىك ئىشقار بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىن كۆپ چىقىدۇ، ئۇنى يىغىۋېلىش ئوڭاي، ئۇيغۇر دېھقان، چارۋىچىلار توغرىغىنى يىغىشنى بىر تۈرلۈك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قىلىدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئۇنى يېمەكلىككە ئىشلىتىدۇ.

ناھىيە بويىچە توغراقلىق كۆلىمى 996 مىڭ 700 مو، بۇنىڭ ئىچىدە يۇمران توغراق 16.16% (161 مىڭ 100 مو) نى، ئوتتۇرا ياشلىق توغراق 12.42% (125 مىڭ 800 مو) نى، يېتىلگەن توغراق 35.64% (355 مىڭ 300 مو) نى، قاقشال توغراق 11.12% (110 مىڭ 800 مو) نى، قېرىپ كاردىن چىققان توغراق 24.46% (243 مىڭ 700) نى ئىگىلەيدۇ.

2. ئىنجاڭ تېرىكى يېتىلگەن تېرەكنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ، قۇرغاق قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتتا ئۆسىدىغان يەرلىك سورت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ. ياغىچى بىناكارلىق ئىشلىرىغا، ئۆي جاھازلىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ شۇنداقلا كۆكەرتىش ۋە ماتېرىيال ئورمىنى قىلىشتا ئەڭ ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شەخسلەر ئۇنىڭ سورتىنى كەلتۈرۈشكە باشلىغانىدى. تېرەكنىڭ غولى يىلىغا بىر ـ 1.5 مېتىر، غولىنىڭ دىئامېترى يىلىغا بىر 1.5 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ، كېسەللىك، ھاشارەتلار ئاز زىيان سالىدۇ، شۇڭا يەرلىك ئامما ئۇنى

ياخشى كۆرىدۇ. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئورمانچىلىق تارماقلىرى تېرەك سورتىنى كۆپلەپ كەلتۈرۈپ، كەنت ئەتراپى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يول بويلىرىغا تىكىپ ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلدى. تېرەك شىڭپىڭ، تارىم، «ئىتتىپاق» يېزىلىرىغا، لوپنۇر بازىرىغا كۆپرەك تارقالغان. ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىشتە شىنجاڭ تېرىكى كۆپلەپ تىكىلدى.

3. جىگدە     ناھىيە تەۋەسىدىكى جىگدە نان جىگدە ۋە قاغا جىگدىسى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. جىگدە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەرلىك سورتى ھېسابلىنىدۇ، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى توغراقلىقتا ئازغىنە تەبىئىي جىگدە دەرىخى بار، دېھقانچىلىق رايونىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا تىكىلگەن كۆپلىگەن جىگدە دەرىخىبار. جىگدە ئاساسلىقى، ئېتىز ـ ئېرىق، ۋە ھويلا- ئارام، مېۋىلىك باغ قاتارلىقلارنىڭ ئىھاتە ئورمىنى قىلىنىدۇ.

جىگدە دەرىخىنىڭ بوران، قۇم، شورغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، تېز ئۆسىدۇ، بوراندىن ساقلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشتىكى رولى چوڭ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربى شىمالىدىكى چۆل ۋە يېرىم چۆل رايونلىرىدا جىگدە دەرىخى قۇم، شورنى تىزگىنلەشتە «گۆھەر دەرەخ» دەپ نام ئالغان.

ياخشى شارائىتتا، ئون يىللىق جىگدە دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېترغا، غولىنىڭ دىئامېترى 15 — 17 سانتىمېترغا يېتىدۇ، تۇز تەركىبى %1.5 بولغان شور تۇپراقتىمۇ ئۆسەلەيدۇ، تەخمىنەن 100 يىل ئۆسىدۇ. جىگدە دەرىخىنىڭ ياغىچىمۇ ياخشى، سىزىقلىرى چىرايلىق، ياغىچى قاتتىق بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىــرى ياساشقا ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قىلىشقا بولىدۇ.

جىگدە تاتلىق، يېيىشلىك بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇق مېۋە ھېسابلىنىدۇ. جىگدە چېچىكىدىن ئېىسانتول، پۇراقلىق ماتېرىيال ئالغىلى بولىدۇ.

جىگدە دەرىخىنىڭ چېچىكى، مېۋىسى، شېخى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى قاتارلىقلار دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

4. مىرزا تېرەك     بۇ تېرەك مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) ناھىيىگە كەلتۈرۈلگەن، ئالدى بىلەن شىڭدى، قاراقۇم ۋە چارا قاتارلىق جايلاردا تىكىلگەن، كېيىن ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئىلگىرى مىرزا تېرەك ناھىيە بويىچە ئاساسلىق سۈنئىي ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخ سورتى ھېسابلىنىپ، ئەتراپنى كۆكەرتىش ۋەئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمان بەلبېغى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. شىڭپىڭ يېزىسى (گۇڭشې)2- چوڭ ئەترەت 4 ـ ئەترىتىدە ئەڭ كۆپ تىكىلدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىرزا تېرەككە كېسەللىك، ھاشارەتلارنىڭ سالىدىغان زىيىنى ئېغىرراق بولغاچقا، ئۇنى ئۆستۈرۈش تەدرىجىي ئازايتىلدى، بۇنىڭ ئورنىنى شىنجاڭ تېرىكى ئىگىلىدى.

5. باشقىلار     ناھىيە تەۋەسىدە يەنە كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى، قارىياغاچ، تىكەنلىك ئاكاتسىيە قاتارلىق دەرەخ خىللىرى بار.

## § 3. توغراق

توغراق لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ناھىيىدىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 25.8 پىرسەنتىنى، ياغاچ زاپىسى ناھىيە بويىچە ياغاچ زاپىسىنىڭ 44.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

توغراق تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرىدا نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۇتاش كەتكەن تەبىئىي ئورمان بەلبېغىنى شەكىللەندۇردى. ئۇ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، كىلىماتنى تەڭشەشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇمنىڭ شىمالغا كۆچۈشىنى ئۈنۈملۈك توستى ۋە ئازايتتى، شۇنىڭدەك قۇملۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تۇزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىسسىق قۇرغاق كىلىماتنىڭ سالىدىغان زىيىنىنى ئازايتىدۇ. تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئېقىنىنى تۇراقلاشتۇرۇش، تۇپراقنىڭ يالىنىپ كېتىشىنى ۋە ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە توغراق تۇپراقنىڭ زەي سۈنى چىقىرىۋېتىشكە بىئولوگىيىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، تۇپراقنىڭ زەيلىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

## 1. توغراق ئورمىنىنىڭ ئۆزگىرىشى

بۇرۇنقى زامانلاردا تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ سۇ مەنبەسى يېتەرلىك بولغاچقا، بۇ دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئىپتىدائىي توغراق ئورمىنى مۇشۇ دەريالارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ دۇنياغا مەشھۇر «يېشىل كارىدور» شەكىللەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاساسلىقى سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، «يېشىل كارىدور» نىڭ كۆلىمى تەدرىجىي تارىيىپ كەتتى. لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلگە قەدەر 1 مىليون 600 مىڭ مودىن كۆپرەك ئىپتىدائىي توغراقلىقلا قالدى. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، كېسشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قوغداشقا سەل قارالدى، توغراق ئورمىنىنى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىندى، كەلسە ـ كەلمەس كېسىلدى. 1956 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە توغراق ئورمىنى 200 — 300 مىڭ مو ئازىيىپ كەتتى.

1962 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسى ياغاچ كېسىشنى ئاساس قىلىدىغان توغراق ئورمانچىلىق مەيدانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورمان مۇھاپىزەت ئەترىتى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ئەۋجىگە چىققان ئورماننى بۇزۇش دولقۇنى پەسەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئورماننى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىش، ئورماننى بۇزۇپ مال بېقىش يەنە باش كۆتۈردى. ئورمانلىقتا كەينى ـ كەينىدىن ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى ئىپتىدائىي توغراق ئورمىنى بۇزۇۋېتىلىپ ئېتىز بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئورمان بايلىقى يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن ئازىيىپ كەتتى. تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىملىرىدا سۇ ئامبىرى ياساش ئۇچۇن توغان سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن دەريا سۈيى داۋاملىق ئازىيىپ كەتتى. داشكۆل سۇ ئامبىرىنى ياساش ئۇچۇن دەريا توسۇلۇپ قاپ بېلىدىن ئۈزۈۋېتىلگەچكە، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قالدى، نەتىجىدە توغراقلار قۇرۇپ كەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1955 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە توغراق ئورمىنى 667 مىڭ 800 مو، يەنى 40.1% ئازىيىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئورماننى بۇزۇپ ئېچىلغان بوز يەر 278 مىڭ مو، ئورماننى بۇزۇپ مال بېقىلغان يەر 72 مىڭ 900 مو، ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن ئورمان كۆلىمى 42 مىڭ مو، كەلسە ـ كەلمەس كېسىلگەن ئورمان كۆلىمى 40 مىڭ مو، قۇرۇپ كەتكەن ئورمان كۆلىمى 184 مىڭ مو، كېسىلگەن ئورمان كۆلىمى 42 مىڭ مو، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خوراپ كەتكىنى 9000 مو.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى توغراق ئورمىنىنى باشقۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىشنى كۈچەيتتى، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، يېزا نىزامى، خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈش ئارقىلىق، ھازىر بار بولغان توغراق ئورمىنىنى مۇھاپىزەت قىلدى؛ كەلگۈن باشلاپ كېلىپ ئورمان سۇغىرىش، ھارام شاخلىرىنى چاتاش، پەرۋىش قىلىش، دائىرىلەپ ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، توغراق ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە يېڭىدىن كۆپەيتتى، شۇ ئارقىلىق تولىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

## 2. توغراق ئورمىنىنىڭ تارقىلىشى

ناھىيە بويىچە 1985 - يىلدىكى توغراق ئورمىنى كۆلىمى 996 مىڭ 700 مو (تارقاق ئورمان 550 مىڭ مو)، بۇنىڭ ئىچىدە يۇمران ئورمان 161 مىڭ 100 مو بولۇپ، %16.16 نى؛ ئوتتۇرا ياشلىق ئورمان 125 مىڭ 800مو بولۇپ، %12.42 نى؛ يېتىلگەن ئورمان 355 مىڭ 300 مو بولۇپ، %35.64 نى؛ قاقشال ئورمان 110 مىڭ 800 مو بولۇپ، %11.12 نى؛ قېرىپ كاردىن چىققان ئورمان 243 مىڭ 700 مو بولۇپ، %24.46 نى ئىگىلەيدۇ. ئورماننىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە پەرۋىش قىلىنىش، باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، توغراق ئورمىنىنى تۆت رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قايتا ئۆسكەن توغراق ئورمانچىلىق رايونى    بۇ رايون ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ بەلباغ ھالىتىدە تارقالغان. بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى كۆپرەك بولغاچقا، كۆپ ساندىكىلىرى كېسىۋېتىلگەن. 1982- يىلدىن باشلاپ توغراقلار ھەر يىلى ھارام شاخلىرى چاتىلىپ پەرۋىش قىلىنىدىغان بولدى.

2) تارىم توغراق ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئىسرىتتىن قورۇلانغان ئورمانچىلىق رايونى    1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تارىم توغراق ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى. بۇ رايون ناھىيە بازىرىغا يىراق، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئاز ئۇچرىدى، ئىپتىدائىي مەنزىرىسى بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالدى، بۇ رايوندىكى توغراق ئورمىنى كۆلىمى 360 مىڭ مو كېلىدۇ.

3) تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى توغراق ئورمانچىلىق رايونى    70 - يىللاردا بۇ يەر لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئورماننى بۇزۇپ مال باقىدىغان ھادىسىلەر، ئوت ئاپىتى ئۇقتىلىق يۈز بېرىدىغان رايون ئىدى، قاقشال ئورمان، كۆيگەن ئورمان ئىزنالىرى، ياغاچ كېسىش بازىلىرى مۇشۇ رايونغا كۆپرەك مەركەزلەشكەن. 80 - يىللاردا باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. بۇ رايوندىكى توغراق ئورمىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 245 مىڭ مو كېلىدۇ.

4) تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى توغراق ئورمانچىلىق رايونى    X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ رايوندا دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بۈك - باراقسان ئۆسەتتى. مەنزىرىسى بەك چىرايلىق ئىدى. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان،

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ جىددىي ناچارلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، توغراقلار نابۇت بولدى. بۇ رايوندىكى توغراق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 328 مىڭ مو كېلىدۇ.

## 3. توغراق ئورمىنىنى پەرۋىش قىلىش ۋە باشقۇرۇش

1982 - يىلدىن باشلاپ، ھارام شاخلىرىنى چاتاپ پەرۋىش قىلىش، كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىش ئاساس قىلىنغان توغراق پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 مودىن ئارتۇق يەردىكى توغراق ئورمىنىنىڭ ھارام شاخلىرى چاتالدى، 100 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى توغراق ئورمىنى كەلكۈن سۈيى ئارقىلىق سۇغۇرۇلدى. بۇلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## § 4. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش

لوپنۇر ناھىيىسىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆچەت تىكىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 19 - يىلدىن 24 - يىلغىچە (1893 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە) بولغان ئارىلىقتا باشلانغان. شۇ چاغلاردا كۈمۈش تېرەك كۆچىتى تىكىلەتتى، كېيىن، بارا - بارا سۆگەت، مىرزا تېرەك كۆچەتلىرى تىكىلىدىغان بولدى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىگدى كەنتى، چارا، تىكەنلىك قاتارلىق جايلارغا تارقالغانىدى. شىگپىڭ ئۆستىڭىنىڭ چېپىلىشىغا ئەگىشىپ، سۆگەت سورتلىرى كۆپلەپ كەلتۈرۈلدى، بۇ، ئاساسلىقى، شىگپىڭ ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقى، ئۆستەڭ بويىدىكى تەبىئىي كەنت ۋە ناھىيە بازىرىدىكى كوچىلارنىڭ ئىككى ياقىسىغا تارقالغانىدى. 1952 - يىلى ناھىيىدە ئېگىزلىكى 12 مېتىردىن 18 مېتىرغىچە، غولىنىڭ دىئامېتىرى 0.4 مېتىردىن بىر مېتىرغىچە بولغان سۆگەتتىن 149 مىڭ 600 تۈپتىن كۆپرەك بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىگپىڭ ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ۋە تارماق ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سۆگەت 148 مىڭ تۈپ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1600 تۈپ كۈمۈش تېرەك، 3700 تۈپتىن كۆپرەك مىرزا تېرەك بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ۋە يەر ئىسلاھاتىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1813 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنىدا، شۇ يىلىلا 610 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1958 - يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىلىپ، شۇ يىلىلا 800 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئەترەتلەردە كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، مۇبالىغىچىلىك شامىلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ داغدۇغىسى چوڭ بولدىيۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئانچە كۆپ ئورمان بەرپا قىلىنمىدى، كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى كىچىك، ئۈنۈمى بەك ئاز بولدى. 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە داۋاملاشقان ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، بەزى گۇڭشې، ئەترەتلەردە ئورماننى بۇزۇپ ئېتىز بەرپا قىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. 1963 - يىلدىن كېيىن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېتىز - ئېرىق، يول، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى ئورمان بىلەن

تورلاشتۇرۇلدى، ھەر يىلى 640 مودىن 890 موغىچە يەرگە كۆچەت تىكىلدى. 1966۔ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق ئېغىر كاشىلىغا ئۇچرىدى. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئورمانچىلىقى ئۆزمەيلىگە قويۇۋېتىلدى، ئورمانلار ھەممە يەردە كەلسە-كەلمەس كېسىلدى، ئورمان بەرپا قىلىش كۆلىمى يىلدىن-يىلغا ئازىيىپ كەتتى. پارتىيە11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 1981 - يىل 10 - ئايدا ئورمانچىلىقتا ئۈچنى بېكىتىش (خادىمنى، ۋەزىپىنى، مەھسۇلات قىممىتىنى بېكىتىش) خىزمىتى باشلاندى. 1982 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئورمانچىلىقتا ئۈچنى بېكىتىش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ كۆچەت تىكىش ئاكتىپلىقى تېز ئۆستى. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم مۇتتىزىملاشتى، بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1983 - يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى تارىختا ئەڭ يۇقىرى بولغان يىللاردىكى رېكوردقا يېقىنلاشتى. 1984 - ۋە 1985 - يىللىرى ئورمان بەرپا قىلىش ناھايىتى تېز بولغان يىللار بولدى. دېمەك، 1984 - يىلى 1208 مو يەردە، 1985 - يىلى 1213 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئورمانچىلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىر بار بولغان سۈنئىي ئورمان باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە بېرىلدى، ئورمان بەرپا قىلىش، مۇھاپىزەت قىلىش ئەستايىدىل، پۇختا يولغا قويۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئورمانچىلىق تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىقتا نۇرغۇنلىغان نۇقتىلىق ئائىلە، كەسپىي ئائىلە بارلىققا كېلىپ، ئورمانچىلىقتىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى.

كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، بازار ئاھالىلىرى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. 1950 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ھەر يىلى ئەتىيازدا (بۇ يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىت 3۔ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە) ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە يېزا (بازار) لاردىكى ئورۇنلار مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بىراق كۆلىمى كىچىكرەك بولدى. 1982۔ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇللىرى ھەر يىلى ناھىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، شىڭپىڭ يېزىسى، تارىم يېزىسىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىگە بېرىپ، قايتا ئۆسكەن توغراقنىڭ هارام شاخلىرىنى چاتىدى ھەمدە ئاممىا مەبلەغ يىغىش قىلىپ كۆچەت سېتىۋېلىپ، بىر ھەپتىگىچە مەجبۇرىي كۆچەت تىكتى. 1985 - يىلغىچە 1140 مو يەردىكى قايتا ئۆسكەن توغراق ئورمىنىنىڭ هارام شاخلىرى چاتالدى، 108 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

## 1. كۆچەت يېتىشتۈرۈش

1) دەرەخ ئۇرۇقى يىغىش، قەلەمچە قىلىپ تىكىش     يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆزى دەرەخ ئۇرۇقى يىغىش ۋە ئۆزى كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئۆزى ئورمان بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىق فاڭجېنىغا ئاساسەن، ھەر يىلى دەرەخ ئۇرۇقى يىغىش پەسلىدە، ئاممىا ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە دەرەخ ئۇرۇقىنى كۆپلەپ

يىغىش ۋە قەلەمچە قىلىپ تىكىشنى، دەرەخ ئۇرۇقىدا قارىياغاچ، قاغا جىگدىسى، تىكەنلىك ئاكاتسىيە ئۇرۇقىنى ئاساس قىلىشنى، قەلەمچە قىلىپ تىكىشتە، شىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەتنى ئاساس قىلىشنى چاقىرىق قىلدى. 1988 - يىلى يەنىياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا دەرەخ ئۇرۇقى، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى يىغىپ گەنسۇنىڭ تاغلىق رايونىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە 1643 كىلوگرام دەرەخ ئۇرۇقى يىغىلدى.

2) كۆچەت يېتىشتۈرۈش    50 - يىللاردا كۆچەتنى شەخسلەر يېتىشتۈرەتتى، ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈپ ئۆزلىرى تىكەتتى، سانى ناھايىتى ئاز ئىدى، سىرتقا ساتمايتتى. دەرەخ خىللىرى ئاساسلىقى مىرزا تېرەك، نان جىگدە، ئۈجمە قاتارلىقلار ئىدى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك كۆچەتخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى؛ يېزا ئىگىلىك گۇڭشېلىرى، ئەترەتلىرىدىمۇ كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان بولدى، بۇلار ئاساسلىقى مىرزا تېرەك ۋە قاغا جىگدىسى كۆچىتى يېتىشتۈردى. 1964 - يىلى «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى، ياندۇرقى يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. لېكىن باشقۇرۇش - پەرۋىش قىلىش قوپال، سۇ، ئوغۇت كەمچىل بولغاچقا، كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولدى، كۆچەتخانىدىن چىقىش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەترەتلەر باشقۇرغان كۆچەتخانىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشتىن توختىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كۆچەت يېتىشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى. نۇرغۇن دېھقانلار ئەڭ ياخشى يەر، سۈپەتلىك ئوغۇتنى كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئىشلەتتى.

## 2. ئەتراپقا كۆچەت تىكىش

ئەتراپ (كەنت ئەتراپى، تۇرالغۇ جاي ئەتراپى، يول بويلىرى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى) دىكى بوش يەرلەرگە پىلانلىق ھالدا مەلۇم ئۆلچەم بويىچە كۆچەت تىكىش لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم شەكىللىرىنىڭ بىرى. 1958 - يىلدىن1976-يىلغىچە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە تىكىلگەن دەرەخلەر باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىۋېلىندى ياكى ھەقسىز مۇسادىرە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش جەريانىدا، لوپنۇر ناھىيىسى تۇرالغۇ جاي ئەتراپىغا تىككەن كۆچەتنى «كىم تىككەن بولسا شۇنىڭ بولىدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقاردى، نەتىجىدە يېزىلاردا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلار ۋە ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئالدى - كەينىگە كۆچەت تىكىلىپ كۆكەرتىلدى. 1985 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئەتراپقا تىكىلگەن كۆچەت 640 مىڭ تۈپكە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە 20.15 تۈپتىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 630 مىڭ تۈپ بولۇپ، ئەتراپقا تىكىلگەن ئومۇمىي كۆچەتنىڭ 98 پىرسەنتىنى؛ ئىقتىسادىي ئورمان 10 مىڭ تۈپ بولۇپ، 2% نى ئىگىلىگەن؛ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 6000 كۇب مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە 0.19 كۇب مېتىردىن توغرا كەلگەن.

## 3. تاشيول بويلىرىنى كۆكەرتىش

مىڭگو دەۋرىدىن بۇيان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە، ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان كورلا — چاقىلىق تاشيولىلا بار ئىدى. يول بويىدا دەرەخ يوق ئىدى. ئەينى چاغدا ناھىيە بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر تاشيولمۇ يوق ئىدى. كېيىن ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا بەزى ئاددىي يوللار داۋاملىق ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن يول بويىغا كۆچەت تىكىلمىگەنىدى. 1964 - يىلى «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، ناھىيە - يېزا يوللىرىنىڭ بويلىرىغا ۋە دۆلەت يولىنىڭ كۆچەت تىكىش شارائىتى بار بۆلەكلىرىگە ئاساسلىقى شىنجاڭ تېرىكى، قاغا جىگدىسى تىكىلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكىگە (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 9694 تۈپ كۆچەت تىكىلدى؛ ناھىيە - يېزا، يېزا - كەنتلەرنىڭ غول يوللىرىنىڭ بويلىرىغىمۇ نۇرغۇن كۆچەت تىكىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1984 - يىلدىكى ھەر دەرىجىلىك يوللارنىڭ بويىدا بەرپا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى**

2 - قىسىم 17 - جەدۋەل

| ئورۇن | ئورمان بەلبېغى سانى | ئورمان بەلبېغىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | ئومۇمىي كۆلىمى (مو) | تىكىلگەن كۆچەت سانى (10 مىڭ تۈپ) | ئەمەلىيەتتە ساقلىنىپ قالغان سانى (مو) |
|---|---|---|---|---|---|
| تارىم يېزىسى | 42 | 15800 | 2772 | 5.78 | 142.95 |
| شىڭپىڭ يېزىسى | 50 | 7768 | 1385 | 2.93 | 48.34 |
| دۆڭقوتان يېزىسى | 4 | 2228 | 391 | 0.12 | 10.34 |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى | 7 | 2183 | 38 | 0.10 | 0.26 |
| خۇرجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1 | 17 | 3 | 0.02 | 0.6 |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1 | 416 | 73 | 0.18 | 0.5 |
| كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى | 1 | 256 | 45 | 0.4 | 1 |
| ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 4 | 133 | 23 | 0.18 | 0.47 |
| جەمئىي | 110 | 28801 | 4730 | 9.71 | 214.13 |

## 4. ئورمان بەرپا قىلىش

1) ماتېرىيال ئورمىنى 1964 - يىلدىن ئىلگىرى، بۇ يەردە توغراق ياغىچى مول ئىدى. كېسىشمۇ چەكلەنمەيتتى، باھاسى ئەرزان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماتېرىيال ئورمىنى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى، بۆلەكلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش ئادىتى تېخىمۇ يوق ئىدى. ناھىيە بويىچە بىرەر پارچىمۇ بۆلەكلەر بويىچە بەرپا قىلىنغان ماتېرىيال ئورمىنى يوق ئىدى. 1985 - يىلى تارىم يېزىسىنىڭ قىسمەن كەنتلىرىدە بۆلەكلەر بويىچە ماتېرىيال ئورمىنى بەرپا قىلىش ئاندىن باشلاندى.

2) ئىقتىسادىي ئورمان لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىدىغان ئەنئەنىسى بار (ئاساسلىقى مېۋىلىك دەرەخ). كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە بىرنەچچە تۈپ مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى تىكىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ، كۆپىنچە ئۆرۈك، شاپتۇل، جىگدە، ئۈزۈم كۆچىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ مېۋىسىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدۇ، قىسمەن ھاللىق دېھقانلار شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت باغلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ساتىدۇ. 1951 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 237 موغا، بۇنىڭغا ئاما ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە تىككەن پارچە - پۇرات مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوشقاندا، جەمئىي مېۋىلىك دەرەخ تەخمىنەن 15 مىڭ280 تۈپكە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ئورماننى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

1956 - يىلى ئاقسۇدىن 120 كىلوگرام ئۆرۈقلۇق ياڭاق سېتىۋېلىنىپ، ناھىيىلىك كۆچەتخانىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغاچقا، ئۆرۈقلۇق ياڭاق ئۈنۈپ چىقمىدى، كېيىنكى چاغلاردا ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدا بىرنەچچە تۈپلا ياڭاق دەرىخى كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى. 1964 - يىلى يەنە ئاقسۇدىن 350 كىلوگرام ئۆرۈقلۇق ياڭاق سېتىۋېلىنىپ، يەنە ناھىيىلىك كۆچەتخانىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈنگىدىن تۈزۈككىنە ئۈنۈم كۆرۈلمىدى، تارىم يېزىسىنىڭ قىسمەن كەنتلىرىدە تۇتقان كۆچەت 100 تۈپكىمۇ يەتمىدى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى 40 كىلوگرام ئۆرۈقلۇق پىندىك ياڭاق ۋە بىر قىسىم كۆچەت سېتىۋېلىپ ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، كۆچەتخانا ۋە قىسمەن يېزا - كەنتلەردە كۆچەت يېتىشتۈردى ۋە تىكىپ ئۆستۈردى، بۇلاردىن پەقەت ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مېۋىلىك بېغىدىلا نەچچە ئون تۈپ پىندىك ياڭاق كۆچىتى تۇتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپەيتىشتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 1965 - يىلدىن كېيىن «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دېھقانلارنىڭ بەزى مېۋىلىك دەرەخلىرى كېسىۋېتىلدى، كوللېكتىپنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى ياخشى باشقۇرۇلمىدى، مەسىلەن: شىكىپىڭ گۇڭشېسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى، تارىم گۇڭشېسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى، دۆلەت 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بەرپا قىلغان مېۋىلىك باغلارنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق قىلىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئورمانچىلىقتا ئۈچنى بېكىتىش» يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ

كۆچەتنى تىكىش ئاكتىپلىقى قوزغالدى، نەتىجىدە ئەسلىدىكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ سورتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ يەردە تىكىپ ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ نۇرغۇن ئەلا سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئۆرۈكنىڭ سورتى توققۇز (ئاق كىشمىش ئۆرۈك، چوڭ ئاق ئۆرۈك، مېغىزى ئاچچىق ئاق ئۆرۈك، ئۆرۈقچىسى ئاجرىمايدىغان ئاق ئۆرۈك، سېرىق ياغلىق ئۆرۈك، خۇۋەينى ئۆرۈك، جانان ئۆرۈك، تۆكلۈك خەشەك ئۆرۈك، شاپتۇل ئۆرۈك) غا، شاپتۇل سورتى ئالتە (ئاق شاپتۇل، ئانار شاپتۇل، توغاچ شاپتۇل، ئەششاپتۇل، شىنجاڭنىڭ سېرىق شاپتۇلى، شىنجاڭنىڭ كۆزگى شاپتۇلى) گە، نەشپۈت سورتى تۆت (كورلا نەشپۈتى، ئاق نەشپۈت، سوقىچاق نەشپۈت، تاغ نەشپۈتى) كە، ئالما سورتى ئۈچ («دۆلەت نۇرى»، سېرىق ئالما، كۆك بانان ئالما) كە، ئۈزۈم سورتى ئۈچ (ساي ئۈزۈم «مۇناقى»، بىنەپشە ئۈزۈم ۋە ئاز ساندا كىشمىش ئۈزۈم) كە، ئۈجمە سورتى ئۈچ (چېقىر ئۈجمە، ئاق ئۈجمە، شاتۇت ئۈجمە) كە يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە نان جىگدە، ئەنجۈر، تاتلىق ئانار، ياڭاق، قوم ئالما، ئالۇچا قاتارلىقلار بار.

3) ئىھاتە ئورمىنى      مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئىھاتە ئورمىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تونۇپ يېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىدى. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل تۇتۇلۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئۇزۇنلۇقى 4400 مېتر، كۆلىمى 40 مو كېلىدىغان ئورمان بەلبېغىدىن ئالتىسى بەرپا قىلىندى. ياندۇرقى يىلى ئۈچ ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى ھەمدە 20 مو يەرگە 18 مىڭ 334 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىرزا تېرەك 7374 تۈپ. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش خىزمىتى توختاپ قالدى. 1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىش يېڭىباشتىن باشلاندى. 1985ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە كەڭلىكى 2.6 مېتردىن 12.5 مېترغىچە، ئۇزۇنلۇقى 166.93 كىلومېتر كېلىدىغان ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمان بەلبېغىدىن 306 سى بەرپا قىلىندى. 1604.5 مو يەرگە 1 مىليون 13 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭدىن 768 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تۇتتى. ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.88% كە يەتتى. ئىھاتە ئورمىنى بوران، قۇمنى تىزگىنلەش ۋە سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىسمەن ھاۋا كىلىمات شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1985 ـ يىلدىكى ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى**

2 ـ قىسىم 18 ـ جەدۋەل

| ئورۇن | ئورمان بەلـبېغى سانى | ئورمان بەلـبېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | ئومۇمىي كۆلىمى (مو) | تىكىلگەن تۈپ سانى | ئەمەلىي ساقلىنىپ قالغان مو سانى | ئەمەلىي ساقلىنىپ قالغان تۈپ سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تارىم يېزىسى | 136 | 86767 | 755.48 | 512361 | 742.47 | 386676 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىڭپىلاڭ يېزىسى | 149 | 68267 | 710.42 | 410469 | 569.05 | 321230 |
| دۆڭقوتان يېزىسى | 7 | 4530 | 77.4 | 49453 | 38.9 | 29692 |
| خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | 3 | 1230 | 10.8 | 6660 | 6.84 | 4128 |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1 | 200 | 1.5 | 999 | 1.2 | 799 |
| كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى | 3 | 2870 | 25.9 | 18579 | 21.85 | 15530 |
| ئورۇقچىلىق مەيدانى | 7 | 3070 | 23.07 | 14545 | 16.6 | 10512 |
| جەمئىي | 306 | 166934 | 1604.5 | 1013069 | 1396.91 | 768567 |

## § 5. ئورمان باشقۇرۇش ۋە ئاسراش

لوپنۇر ناھىيىسىدە تەبىئىي توغراق ئورمىنى ئورماننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىنغاچقا، ئورمان باشقۇرۇش ۋە ئاسراش تارىخىمۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىنى تونۇشىدىكى تارىخىي جەريان بولۇپ كەلدى.

### 1. ئورماننىڭ بۇزۇۋېتىلىش ئەھۋالى

1955 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 601 مىڭ 600 مو يەردىكى ئورمان بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش، ئوتۇن كېسىش ۋە كەلسە ـ كەلمەس كېسىش تۈپەيلىدىن بۇزۇۋېتىلدى.

1956 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ناھىيە تەۋەسىدە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ 140 مىڭ مو يەردىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنىنى بۇزۇۋەتتى، لوپنۇر ناھىيىسى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش ۋە گۆشخىلار بوز يەر ئېچىش تۈپەيلىدىن 91 مىڭ مو يەردىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنى بۇزۇۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1956 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن تارىم يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى غول ئۆستەڭگىچە بولغان 1000 مودىن ئارتۇق يەردىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنى پۈتۈنلەي كېسىلىپ تۈگىدى؛ 1958 ـ يىلى كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلىغاندا، يەنە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 15 مىڭ تۈپ نان جىگدە، قاغا جىگدىسى كېسىلىپ كوكس كۆيدۈرۈلدى؛ 1960 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن ـ مەيدانلىرى 3500 كۇب مېتىر ياغاچنى ئارتۇق كەسكەچكە، 210 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

1967 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش 4 ـ تۇەن ـ مەيدانى

# لوپنۇر ناھىيىسىدىكى مېۋە تۈرلىرى ئەھۋالى

2 - قىسىم 19 - جەدۋەل

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى (مو) | مېۋىگە كىرىش ئەھۋالى | | ئالما | | نەشپۈت | | ئۈزۈم | | شاپتۇل | | ئۆرۈك | | ياڭاق مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | كۆلىمى (مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | |
| 1960 | | | | | | | | 20 | 0.50 | | 3.5 | 0.4 | 0.05 | |
| 1962 | 109 | | 3.82 | 10 | 0.01 | | | 20 | 0.50 | 50 | 3 | 20 | 0.3 | 1 |
| 1963 | 345 | | 7.12 | | | | | 24 | 1.80 | 292 | 4.35 | 23 | 0.67 | |
| 1964 | 452 | | 8.15 | | | | | 24 | 2 | 372 | 5 | 55 | 1 | |
| 1965 | 452 | | 0.1 | | | | | 24 | 1 | 372 | 4 | 55 | 1 | |
| 1966 | 452 | | 6 | | | | | 24 | 1 | 375 | 4 | 55 | 2 | |
| 1970 | 917 | | 12.3 | | | | | 15 | 0.2 | 360 | 2.1 | 50 | 0.4 | |
| 1971 | 673 | | 38 | | | | | 10 | 0.03 | 340 | 2.1 | 50 | 0.4 | |
| 1972 | 673 | | 66.1 | | | 0.2 | 0.04 | 20 | 0.3 | 300 | 1.1 | 40 | 0.09 | |
| 1973 | 673 | | 22.4 | | | 0.2 | 0.04 | 3 | 0.001 | 10 | 0.02 | 19 | 0.3 | |
| 1974 | 200 | | 2.1 | | | 0.5 | 0.4 | 30 | 1 | 10 | 0.2 | 19 | 0.2 | |
| 1975 | 384 | 63.4 | 24.23 | 18 | 0.85 | 5.9 | 0.5 | 43 | 1.5 | 120 | 0.5 | 140 | 3.4 | 0.01 |
| 1976 | 402 | | 27.2 | 0.2 | 0.1 | 0.1 | 0.1 | 45 | 2.5 | 200 | 1 | 140 | 1 | |
| 1977 | 673 | | 2 | 0.5 | 0.2 | 0.3 | 0.2 | 50 | 20 | 180 | 0.8 | 140 | 1 | |
| 1978 | 853 | | 18.2 | 370 | 0.3 | 11.5 | 0.2 | 73.5 | 9 | 87 | 3 | 211 | 6 | |
| 1979 | 331 | 262 | 16.5 | 370 | 0.3 | 110 | 0.2 | 101 | 12 | 100 | 3 | 150 | 1 | |
| 1980 | 1176 | 287 | 20.3 | 17 | 0.5 | 708.5 | 0.3 | 125 | 13 | 121 | 3.5 | 205.3 | 4 | |
| 1981 | 1347.3 | 437 | 24.6 | 17 | 0.8 | 829.3 | 2.3 | 175 | 15 | 121 | 3.5 | 205 | 3 | |
| 1982 | 156.2 | 452 | 24.5 | 23 | 0.5 | 929 | 2 | 235 | 17 | 141 | 4 | 225 | 1 | |
| 1983 | 1654 | 482 | 37.52 | 43 | 0.5 | 933 | 2.9 | 236 | 24.5 | 170 | 5.6 | 272 | 4.02 | |
| 1984 | 1735 | 482 | 38.1 | 49 | 0.5 | 363 | 2.9 | 239 | 25 | 177 | 5.7 | 307 | 4 | |
| 1985 | 2126 | 668 | 54.1 | 81 | 0.7 | 1148 | 5.2 | 319 | 37.6 | 203 | 6.1 | 352 | 4.5 | |

ئىزاھات: 1. مېۋىلىك باغنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى يىغىندىسىدىن چوڭ بولغاچقا، پارچە - پۇرات تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخ تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى.
2. ئومۇمىي مېۋە مىقدارى ياڭاقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

26 ـ ليەنى ۋە خىش زاۋۇتىنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئەترىتى، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان كادىرلىرى ۋە ئاھالىلەر، شىڭپىڭ گوڭشېسى 2 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، تارىم گوڭشېسى 2 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئورماننى كېسىپ ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى 21 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنى ئىچىدىكى چوڭ، كىچىك ئورماننى كېسىپ تۈگەتتى. نۇرغۇن توغراقنىڭ يىلتىزلىرىنىمۇ كولاپ ئېلىپ كەتتى؛ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتر، كەڭلىكى بەش كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى يۇلغۇننىڭ يىلتىزلىرىنىمۇ دېگۈدەك كولاپ تۈگەتتى.

1974 ـ يىلى بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغاندا، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدىن شىڭپىڭ گوڭشېسىنىڭ 3 ـ چوڭ ئەترىتى (يەنى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۆگچىكە كەنتى) گىچە ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدىن تارىم گوڭشېسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ چوڭ ئەترەتلىرى (يەنى تارىم يېزىسىنىڭ خادادۆڭ، ئاقچىكە، دەيپىن كەنتى) گىچە بولغان تەبىئىي توغراق ئورمىنى دېگۈدەك كېسىلىپ تۈگىدى. 1985 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، لوپنۇر بازىرىنىڭ سىرتىدىكى ئون كىلومېتر دائىرىدە ئېگىزلىكى 15 مېتر، غولىنىڭ دىئامېتىرى 45 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرغىچە بولغان توغراقلىقتىن 100 تۈپىمۇ قالمىغان.

## 2. ئورمان ئاسراش تەشكىلاتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ئورمان بىلەن سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورماننى باشقۇرۇش، ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى ھەمدە شەكلى ئوخشاش بولمىغان ئورمان ئاسراش تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 1956 ـ يىلى ئورمان ئاسراش، ئورمان بەرپا قىلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ھەرقايسى رايونلاردىمۇ ئورمان ئاسراش، ئورمان بەرپا قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ئورمانچىلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىنىڭ ئورمان ئاسراش ۋە ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى باشقۇردى. 1962 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئورمان مۇھاپىزەت ئەترىتى قۇرۇلدى. 1963 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ ئورمانچىلىق تەشكىلاتلىرى ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش جەھەتتە كۆپ رول ئوينىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئورمان باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە دۆڭقوتان يېزىلىق ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتى، تارىم يېزىلىق ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتى، شىڭپىڭ يېزىلىق ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتى «ئىتتىپاق» يېزىلىق ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتى قۇرۇلدى. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون لوپنۇر ناھىيىسىگە «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

## 3. ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئورمانچىلىقتا «ئۈچنى بېكىتىش» خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا

ئورنىتىلغان ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. «ئۆچنى بېكىتىش» يولغا قويۇلۇپ، ئورمان ھوقۇقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، «دۆلەت بەرپا قىلسا دۆلەت ئىلكىدە بولدى، كۆمۈچى بەرپا قىلسا كۆمۈچى ئىلكىدە بولدى، ئەترەتلەر بەرپا قىلسا ئەترەتلەر ئىلكىدە بولدى، ھەمكارلىشىپ بەرپا قىلىنسا، ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىنىدى، كۆمۈچى ئەزالىرى ئۆيلۈك يېرىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلەرگە كۆچەت تىككەن بولسا، مەڭگۈ كۆمۈچى ئەزالىرىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان بولدى». ئورمان ھوقۇقى ئايدىڭلاشتى، ئورمان باشقۇرۇشمۇ مۇناسىپ ھالدا كۈچەيتىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلى ئاساسەن مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىلدى:

1) كەڭ كۆلەمدىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنى دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ، ئېتىز - ئېرىق ئەتراپىدىكى كىچىك كۆلەمدىكى قايتا ئۆسكەن توغراق ئورمىنى كۆمۈچى ئەزالىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىلدى، كۆپ قىسمى ئاممىغا، ئاز قىسمى دۆلەتكە تەۋە بولىدىغان بولدى.

2) دۆلەت تاشيولى، ناھىيە - يېزا تاشيولى ۋە يېزا - كەنت يوللىرى بويلىرىدىكى ئورمانلارنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش بىلەن ئامما باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل يولغا قويۇلدى. دارامەت دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدى.

3) ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى (شەخس) ھۆددىگە ئېلىش ياكى ئەتراپتىكى ئامما باشقۇرۇش، ئورمان باشقۇرۇش تۈزۈمى بەلگىلەش، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش توختامى ئىمزالاش يولغا قويۇلدى. ئورمان مۇھاپىزەت قىلغۇچىنىڭ ھەققى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدى.

4) يېڭىدىن بەرپا قىلىنىدىغان ئورمان بەلبېغى كىمنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزىدا بولسا، شۇ بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، كېسىشكە دائىر كونكرېت بەلگىلىمىنى ئالاقىدار تارماق بىلەن ئورمانچىلار ئورتاق كېڭىشىپ چىقاردى.

## 4. توغراق ئورمىنىنى پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش

(مۇشۇ بابنىڭ 3 - پاراگرافىدىكى «توغراق»قا قارالسۇن).

## 5. ئورماندىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورماندىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئورماندىكى ئاساسلىق كېسەللىكنىڭ 15 خىل، زىيانداش ھاشاراتنىڭ 57 خىل، كۆشەندىنىڭ 29 خىل ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيىنى ئېغىرراق بولغان كېسەللىك ھال كېسەللىكى، توغراق ئۆزەكى چىرىش كېسەللىكى قاتارلىق ئۈچ خىلدىن ئىبارەت. زىيىنى ئېغىرراق بولغان ھاشاراتتىن باھار قاسىراقلىق قۇرتى، توغراق پىتى، يوپۇرماق كۆك پىتى، تېرەك ئاق كېپىنىكى، تېرەك شېخى پىتى، قارىياغاچ يوپۇرماق ھۆررىكى، قارىياغاچ تومۇزغىسى، جىگدە پىتى، ماي قوڭغۇز، مېلا ھەرىسى، يەر يولۋىسىدىن ئىبارەت 11 خىلى بار. كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، لوپنۇر ناھىيىسىدە كېسەللىك،

ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئاپپاراتى قۇرۇلماي، ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلمىدى.

**1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئورمانلاردا ئاساسلىق كۆرۈلگەن كېسەللىك ئەھۋالى**

2 - قىسىم 20 - جەدۋەل

| كېسەللىك نامى | زىيانغا ئۇچرىغان دەرەخ | تارقىلىش دائىرىسى | زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| ھال كېسەللىكى | توغراق، سۆگەت | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| توغراق ئۆزەكى چىرىش كېسەللىكى | توغراق | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| سۇيۇقلۇق ئېقىش كېسەللىكى | توغراق، قارىياغاچ. | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| چىرىش كېسەللىكى | مىرزا تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئېغىر |
| شىنجاڭ تېرىكىدىكى قوڭۇرداغ كېسەللىكى | شىنجاڭ تېرىكى | يېزىلاردىكى قىسمەن ئورمان بەلبېغىدا | ئوتتۇراھال |
| شىنجاڭ تېرىكىدىكى ئىششىق راك كېسەللىكى | شىنجاڭ تېرىكىنىڭ كۆچەتلىرى | قىسمەن كۆچەتخانىلاردا | يېنىك |
| سۆگەت شاخلىرىدىكى راك كېسەللىكى | سۆگەت | قۇرۇق تاغ رايونىدا | يېنىك |
| يىلتىز چىرىش كېسەللىكى | سۆگەت | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| ئالمىدىكى قوڭۇرداغ كېسەللىكى | ئالما | قىسمەن مېۋىلىك باغلاردا | يېنىك |
| سارغىيىپ كېتىش كېسەللىكى | ئالما، نەشپۈت، تېرەك | قىسمەن يەرلەردە | يېنىك |
| ئالمىدىكى ئاچچىق راك كېسەللىكى | ئالما | قىسمەن مېۋىلىك باغلاردا | يېنىك |
| ئۈزۈمنىڭ پاختىلىشىش راك كېسەللىكى | ئۈزۈم | قىسمەن رايونلاردىكى ھويلا - ئاراملاردا | ئېغىر |

**1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئورمانلاردا ئاساسلىق كۆرۈلگەن ھاشارات زىيىنى**

2 - قىسىم 21 - جەدۋەل

| زىيانداش ھاشارات نامى | زىيانغا ئۇچرىغان دەرەخ | تارقىلىش دائىرىسى | زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| توغراق يىپىشقاق يوپۇرماق قۇرتى | توغراق، سۆگەت | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| باھار موچى قۇرتى | توغراق، تېرەك، جىگدە | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| توغراق ھۆررىكى | توغراق | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاچا قۇيرۇقلۇق قولۋاقسىمان تېرەك كېپىنىكى | مىرزا تېرەك، توغراق | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| يوپۇرماق تومۇزغىسى | تېرەك، سۆگەت، توغراق، ئالما | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| تال تېرەك يوپۇرماق تومۇزغىسى | بوز تېرەك، تېرەك، ئالما | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| تۆپراق يىپىسمان قۇرتى | شىنجاڭ تېرىكىنى قەلەمچە قىلىپ تىككەن شىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە | قىسمەن كۆچەتخانىلاردا | يېنىك |
| ئاق تېرەك ئىنچىكە كېپىنىكى | تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئېغىر |
| يوپۇرماق يۆگەيدىغان تۆكلۈك ئالتۇس كېپىنىكى | مىرزا تېرەك، بېيجىڭ تېرىكى | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئوتتۇراھال |
| سېرىق قاناتلىق پەرۋانە | تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | يېنىك |
| تېرەك يوپكا قانات پەرۋانىسى | تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | يېنىك |
| قاراقاناتلىق كېپىنەك | تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | يېنىك |
| يوپۇرماق ئۆچىنى كېچىك يۆگەيدىغان پەرۋانە | تېرەك، سۆگەت | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| تاق كۆزلۈك پىلە كېپىنىكى | تېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | يېنىك |
| سوزۇك قاناتلىق ئاق تېرەك كېپىنىكى | تېرەك | ناھىيىلىك كۆچەتخانىدا | يېنىك |
| قارىغۇچىرپاشكا | تېرەك، توغراق، نەشپۈت | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| تېرەك بەلباغ پىتى | مىرزاتېرەك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئوتتۇراھال |
| تېرەك شېخى پىتى | شىنجاڭ تېرىكى | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئېغىر |
| قارىياغاچ ھۆررىكى پىتى | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| شاپتۇل، ئۆرۈك پىتى | شاپتۇل، ئۆرۈك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئېغىر |
| قالقانلىق قاسراقلىق تېرەك قۇرتى | مىرزا تېرەك، توغراق | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| قاسراقلىق قۇرت | سۆگەت | قۇرۇق تاغ رايونىدا | ئېغىر |
| تىۋىتلىق قاسراقلىق قۇرت | سۆگەت | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| جىگدە مولى قاسراقلىق قۇرتى | جىگدە، چىلان | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| شارسىمان قاسراقلىق قوڭغۇز | نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك | دېھقانچىلىق رايونلىرىدا | ئېغىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قارىياغاچ يېشىل يوپۇرماق كېپىنىكى | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| قارىياغاچ كېپىنىكى | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| كىچىك قىزىل چېكىتلىك كېپىنەك | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| قارىياغاچ يېشىل يوپۇرماق قوڭغۇزى | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| قارىياغاچ يوپۇرماق تومۇز-قىسى | قارىياغاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| ئاق قاشلىق جىگدە كېپە-نىكى | جىگدە دەرىخى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| جىگدە يوپۇرمىقى قاسراقلىق قۇرتى | جىگدە | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| جىگدە پىتى | جىگدە | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| چىدىرچى تۇكلۇك قۇرت | سۆگەت، جىگدە | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| تىۋىتلىق ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئۆي قوڭغۇزى | تېرەك، سۆگەت، قارىيا-غاچ | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئۈجمە قوڭغۇزى | ئۈجمە | دېھقانچىلىق رايونلى-رىدا | يېنىك |
| چېكىت قاناتلىق مىتىسى-مان ماي قوڭغۇز | دەرەخنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| تارىم ماي قوڭغۇزى | دەرەخنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| چاي رەڭلىك ماي قوڭغۇز | دەرەخنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| موڭغۇلىيە ياغاچ پەرۋانىسى | سۆگەت | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| ئالما مېغىز قۇرۇتى | ئالما، نەشپۈت | ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەردە | ئېغىر |
| كىچىك نەشپۈت ئۇرۇقى قۇرتى | شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، | ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەردە | ئېغىر |
| كۆممىقوناق كېپىنىكى | ئالما | ناھىيىدىكى ئالما دەرەخلىرى | ئوتتۇراھال |
| چېكەتكە تۈرىدىكىلەر | ھەرخىل دەرەخلەر | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| چوڭ قىزىل ئۆمۈچۈك | توغراق، ماندارىن | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| دولانا قىزىل ئۆمۈچۈكى | نەشپۈت | قىسمەن مېۋىلىك دەرەخلەر | يېنىك |
| ياغاچ قارا ھەرىسى | قۇرۇق چىرىگەن ياغاچ | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چېرىتكۈچى كىچىك قۇرت تۇربىدىكىلەر | توغراق، قارىياغاچ، سۆگەت | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| كرىستسمان ئالتۇن قوڭغۇز | ھەرخىل دەرەخلەردە | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| ئالما كرىستسمان ئالتۇن قوڭغۇزى | ئالما، نەشپۈت | قىسمەن مېۋىلىك باغ | يېنىك |
| سېرىق يەر يولۋىسى | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| ئاچا يوللۇق يەر يولۋىسى | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| سىزىقلىق يەر يولۋىسى | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| كىچىك يەر يولۋىسى | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |
| موزايىبېشى | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | ئېغىر |
| قارا چېكەتكە | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | يېنىك |
| يىڭنىسىمان سېرىق قۇرۇت | ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى | ناھىيە بويىچە | ئوتتۇراھال |

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى توغراق بېپىشقاق يوپۇرماق قۇرتىنىڭ ياشاش تارىخى

2 ـ قىسىم 22 ـ جەدۋەل

| ئەۋلادلىرى | قۇرت ھالىتى / ئاي دىكالىرى | 11ـ ئايدىن ياندۇرقى يىلى 3ـ ئايغىچە | 4ـ ئاي | 5ـ ئاي | 6ـ ئاي | 7ـ ئاي | 8ـ ئاي | 9ـ ئاي | 10ـ ئاي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1، 2، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا | 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دىكا |
| قىشلىغان ئەۋلادى | پېتىلگەن لىچىنكا | — | | | | | | | |
| | قورچاق | — | —— | | | | | | |
| | چوڭ قۇرت | | | —— | — | | | | |
| 1ـ ئەۋلاد | تۇخۇم | | | —— | | | | | |
| | لىچىنكا | | | | — | | | | |
| | قورچاق | | | | —— | — | | | |
| | چوڭ قۇرت | | | | | —— | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2 ـ ئەۋلاد | تۇخۇم | | | | | — | — | | |
| | لىچىنكا | | | | | | — | — | |
| | قورچاق | | | | | | — | — | |
| | چولڭ قۇرت | | | | | | | — | — |
| 2 ـ ئەۋلاد (قىشلاشتىن بۇرۇنقى) | تۇخۇم | | | | | | | | — |
| | لىچىنكا | | | | | | | — | — |

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى توغراق يېپىشقاق يوپۇرماق قۇرتىنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2 ـ قىسىم 23 ـ جەدۋەل

| دەرەخ ئېگىزلىكى (مېتىر) | دەرەخ يېشى (يىل) | لىچىنكا سانى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | 1 ـ ئەۋلاد | 2 ـ ئەۋلاد | قىشلىغان ئەۋلاد |
| 2.2 | 4 | 43 | 78 | 132 |
| 1.6 | 3 | 12 | 29 | 96 |
| 1.9 | 4 | 9 | 94 | 91 |
| 1.75 | 3 | 4 | 17 | 66 |
| 1.2 | 2 | 0 | 32 | 21 |

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ھاشاراتلارنىڭ كۈشەندىسى

2 ـ قىسىم 24 ـ جەدۋەل

| كۈشەندە نامى | زىيانداش ھاشارات | كۈشەندە سانى ۋە تارقىلىشى |
|---|---|---|
| قوڭغۇرداغلىق خانقىز | كۆك پىت قاتارلىقلار | كۆپ، ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان |
| كۆپ قاناتلىق خانقىز | كۆك پىت قاتارلىقلار | كۆپ، ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان |
| 11 ـ نومۇرلۇق خانقىز | كۆك پىت قاتارلىقلار | كۆپ، ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان |
| 13 ـ نومۇرلۇق خانقىز | كۆك پىت قاتارلىقلار | كۆپ، ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان |
| چولڭ ئالتۇن كۆز | كۆك پىت قاتارلىقلار | تارقىلىش دائىرىسى كىچىك |
| كىچىك، ئىنچىكە بەللىك ماركام سېسىق قۇرت | كۆك پىت، يوپۇرماق تومۇزغىسى | تارقىلىش دائىرىسى كىچىك |
| چوڭگو ئىنچىكە بەللىك ماركام سېسىق قۇرتى | كۆك پىت، يوپۇرماق تومۇزغىسى | ئاز، قىسمەن رايونلارغا تارقالغان |

| | | |
|---|---|---|
| چۈل ئۈزۈن بەللىك قىزىل سېسىق قۇرت | كۆك پىت قاتارلىقلار | كۆپرەك، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ |
| يىكەن قاناتلىق ياچىۋەك | كۆك پىت، ياغاچ پىتى | كۆپرەك، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ |
| ھاشاراتخور كۆكىيىن | كۆك پىت، ياغاچ پىتى قاتارلىقلار | كۆپ، ئومۇميۈزلۈك تارقالغان |
| ھاشاراتخور چىۋىن | كۆك پىت | كۆپ، ئومۇميۈزلۈك تارقالغان |
| پايدىلىق پەرۋانە | مۈررەكچە كۆك پىت | كۆپ، قىسمەن تارقالغان |
| يىڭناغۇچ تۆرىدىكلەر | كۆپ خىل زىيانداش ھاشارات | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| قوغلىغۇچى چوڭ چۈمۈلىسىمان ئالتۇن كۆز | موزايىپىشى، ماي قوڭغۇز | كۆپرەك، ئومۇميۈزلۈك تارقالغان |
| غوزەكلىك قۇرت | كۆپ خىل زىياندا ش ھاشارات | كۆپ، ئومۇميۈزلۈك تارقالغان |
| كۆك سېسىق قۇرت | يوپۇرماق قوڭغۇزى قاتارلىقلار | كۆپرەك، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| كەڭ قورساقلىق، ئىنچىكە بەللىك چوشقا سېسىق قۇرتى | كۆپ خىل زىياندا ش ھاشارات | كۆپرەك، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| تالالىق يۇتقۇنچاق ماڭدامچى قوڭغۇز | كۆپ خىل تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى لىچىنكا | كۆپ، ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك تارقالغان |
| قۇمساڭ يەردىكى يوللۇق قوڭغۇز | كۆپ خىل ھاشارات | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| گېرمانىيە يوللۇق قوڭغۇزى | كۆپ خىل ھاشارات | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| قورۇقسىمان ماڭدامچى قوڭغۇز | شىلىمشىق قۇرت | كۆپرەك، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| لابدۇرا قوڭغۇزى (ياپونىيە قوڭغۇزى) | كۆپ خىل زىياندا ش ھاشارات | ئاز، قىسمەن تارقالغان |
| ئۆمۈچۈك | كۆپ خىل زىياندا ش ھاشارات | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| شىنجاڭ تېرىكىنىڭ بىخىدىكى سېسىق قۇرت | يوپۇرماق قوڭغۇزى قاتارلىقلار | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| غوزەكسىمان ھەرە | تېرەكنىڭ ئاچا قۇيرۇق قۇرتى، قولۇاقسىمان لىچىنكا | ئوتتۇراھال، قىسمەن تارقالغان |
| پەرۋانە شەكلىدىكى كىچىك ھەرە | پەرۋانە ئائىلىسىدىكى زىياندا ش ھاشاراتلار | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| كىچىك قارا پارازىت ھەرە | تېرەكنىڭ قالقانلىق قاسراقلىق قۇرتى قاتارلىقلار | كۆپ، قىسمەن بايقالدى |
| چوڭ داغلىق يەرلىك ھەرە | چىۋىن تۈرىدىكى زىياندا ش ھاشارات | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |
| چاقىقاق ھەرە (قان شورىغۇچ) | كۆپ خىل زىياندا ش ھاشاراتلار | كۆپ، ناھىيە بويىچە تارقالغان |

# IV باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

## 1 §. تەرەققىيات ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە ئەنئەنىۋى تۆمۈر، ياغاچ، تاش قورال - سايمانلار ئىشلىتىلىپ كەلدى، ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىدا كەتمەن، ئورغاق، بوقۇسىدىن پايدىلىنىلدى، ئۇرۇق قول بىلەن چېچىلدى، توشۇش قوراللىرى تاغار، زەمبىل، ياغاچ چاقلىق هارۋىلاردىن ئىبارەت ئىدى، خامان كالىغا دەسسىتىلىپ تېپىلدى، ئۇن تارتىش ۋە يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئۇلاغ كۈچى ۋە سۇ تۈگمىنىدىن پايدىلىنىلدى، ياغ ئۇلاغ كۈچى ئارقىلىق جۇۋازدا تارتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاغ كۈچى بىلەن هەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا - سايمانلار ۋە ئېنېرگىيە ئارقىلىق هەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا - سايمانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى قورال - سايمانلار يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىللىدى، 50 - يىللاردا مەشغۇلاتنىڭ يېرىمى ئەنئەنىۋى قورال - سايمانلار ئارقىلىق ئىشلەندى.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا قوش چاقلىق، تاق چىشلىق ساپان كېڭەيتىلىشكە باشلىدى، ياغاچ چاقلىق هارۋىنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي رېزىنكە چاقلىق هارۋا ۋە ئات قېتىلىدىغان هارۋا ئىگىللىدى. 60 - يىللاردا بوقۇسا ئانچە ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. 70 - يىللاردىن كېيىن بىر قىسىم چۆپ چېپىش ماشىنىسى كەلتۈرۈلدى، سۇ تۈگمىنى ۋە جۇۋاز ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى، ئەمما ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان قوش چاقلىق، تاق چىشلىق ساپان يەنىلا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى. 80 - يىللاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە هۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپەيدى.

1958 - يىلى تىكەنلىك گوڭشېسى (كېيىن تارىم گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى) تۇنجى بولۇپ «DT — 28» تىپلىق بىر تراكتور سېتىۋالدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، تراكتور ۋە تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 265 ئات كۈچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 221 (ستاندارتسىز تراكتور)، قۇۋۋىتى 10 مىڭ526 ئات كۈچى، كىچىك تراكتور 129، قۇۋۋىتى 1739 ئات كۈچى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ 136، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 390؛ ساپان 138 گە، تىرنا 108 گە، سېيالكا 85, كە، كولتىۋاتسىيە ماشىنىسى 59 غا، كومبايىن يەتتىگە، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى 20 گە، ماتورلۇق دورا پۈركۈگۈچ 12 گە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 77 گە،

دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توختام سولارنى چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىش ئېنېرگىيە ماشىنىسى 152 گە، قۇۋۋىتى 2846 ئات كۈچىگە يەتتى؛ چارۋىچىلىقتىكى چۆپ چېپىش ماشىنىسى يەتتىگە، كىچىك تىپتىكى چۆپ توغراش ماشىنىسى ئۈچكە يەتتى، شۇنىڭدەك توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى بارلىققا كەلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى

2 ـ قىسىم 25 ـ جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (ئات كۈچى) | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور (دانە/ ئات كۈچى) | كىچىك تراكتور (دانە/ ئات كۈچى) | تراكتورغا چېتىلىدىغان سايمان | تراكتورغا چېتىلىدىغان تىرنا | سېپالكا | كۇلتىۋاتسىيە ماشىنىسى | چۆپ چېپىش ماشىنىسى | چۆپ توغراش ماشىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 56 | 2/56 | | | | | | | |
| 1960 | 229 | 7/229 | | 8 | 2 | 11 | | | |
| 1965 | 713 | 19/713 | | 17 | 27 | 11 | | | |
| 1970 | 918 | 34/918 | | 18 | 10 | 14 | 8 | | |
| 1976 | 2800 | 59/2772 | 3/30 | 33 | 23 | 33 | 11 | 1 | |
| 1980 | 2300 | 115/5102 | 17/198 | 36 | 43 | 49 | 27 | 3 | |
| 1981 | 6170 | 135/5900 | 23/276 | 37 | 46 | 54 | 15 | 3 | |
| 1982 | 7004 | 140/6380 | 36/624 | 88 | 46 | 54 | 15 | 7 | |
| 1983 | 8232 | 174/7738 | 43/494 | 88 | 46 | 52 | 16 | 7 | |
| 1984 | 9929 | 196/9078 | 65/851 | 124 | 67 | 69 | 15 | 7 | |
| 1985 | 12265 | 221/10526 | 129/1739 | 138 | 108 | 85 | 59 | 7 | 3 |

## § 2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سەۋىيىسى

### 1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتى

1958 ـ يىلدىن باشلاپ تراكتور سېتىۋېلىنىشقا باشلىدى، شۇ يىلى ئۈلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى بەزى مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلدى. 1959 ـ يىلى 4670 مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدەلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 4.28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1962 ـ يىلى 35 مىڭ مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدەلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 26.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1979 ـ يىلى 89 مىڭ 300 مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدەلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 90.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى 97 مىڭ 900 مو يەر تراكتور بىلەن ھەيدەلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ

93.95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ باشقا ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتلىرىدا ئىگىلىگەن سالمىقى مۇنداق بولدى: سۈرەم سېلىش 90%، يەر تۈزلەش 60%، تىرنىلاش 83%، ئۇرۇق چۈكۈرۈش 82.17%، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش 99.3%، كولتىۋاتسىيە قىلىش 68.72%، چۈنەك ئېلىش 68.72%، ھوسۇل يىغىش 26.09%، دان ئايرىش 91%، چۆپ چېپىش 74%.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى

2 ـ قىسىم 26 ـ جەدۋەل

| يىللار | تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر (10 مىڭ مو) | سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سېپىلگەن يەر (10 مىڭ مو) | ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش نىسبىتى% | يىللار | تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر (10 مىڭ مو) | سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سېپىلگەن يەر (10 مىڭ مو) | ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 3.5 | | 26.52 | 1977 | 9.67 | 8.57 | 86.8 |
| 1963 | 5.85 | | 51.23 | 1978 | 10.6 | 10.09 | 97.61 |
| 1964 | 7.86 | 2.36 | 63.34 | 1979 | 8.93 | 7.5 | 90.66 |
| 1965 | 8.25 | 3.88 | 62.08 | 1980 | 9.22 | 8.65 | 93.6 |
| 1966 | 12.34 | 5.48 | 89.49 | 1981 | 9.04 | 0.87 | 92.43 |
| 1970 | 7.07 | | 53.16 | 1982 | 9.25 | 8.82 | 91.58 |
| 1971 | 8.16 | | 65.38 | 1983 | 9.67 | 9.4 | 93.7 |
| 1973 | 9.83 | 9.5 | 79.21 | 1984 | 10.11 | 8.93 | 97.02 |
| 1976 | 12.1 | 12 | 99.75 | 1985 | 9.79 | 9.05 | 93.95 |

## 2. پىششىقلاپ ئىشلەش مەشغۇلاتى

1961 ـ يىلدىن بېرى، ناھىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى (كەنت، تەبىئىي كەنتلەر) دە شال ئاقلاش، ياغ تارتىش، يەم ـ بوغۇز تەييارلاش، چۆپ توغراش ماشىنىلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ ماشىنىلار قەدىمكى تاش تۈگمەن، سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، ئۇن تارتىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 100% كە يەتتى، توشۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى 43.6% نى ئىگىلىدى، يەم ـ بوغۇز تەييارلاش 100%، شال ئاقلاش 95%، ياغ تارتىش 100%، چىگىت ئايرىش 100% كە يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، ماشىنا ئارقىلىق دورا پۈركۈش، خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوت ـ چۆپ يوقىتىش، ئۇرۇق تاللاش، توپا ئېتىتىرىش، ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى.

## § 3. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى يوق ئىدى، ئوت ـ چۆپ ئورغاق بىلەن ئورۇلاتتى، جادا بىلەن توغرىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى بارلىققا كېلىپ، پەيدىنپەي راۋاجلاندى.

## 1. دومىلىما شەكىللىك چۆپ چېپىش ماشىنىسى

1971 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى دومىلىما شەكىللىك بىر چۆپ چېپىش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى، ئەمەلىي مەشغۇلات ئارقىلىق بۇ ماشىنىنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق رايونىدا دومىلىما شەكىللىك چۆپ چېپىش ماشىنىسى ئۈچكە يەتتى.

## 2. ئايلانما شەكىللىك چۆپ چېپىش ماشىنىسى

1982 - يىلى سىرتتىن مۇنداق ماشىنىدىن تۆتى كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ چۆپ چېپىش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشى بولسىمۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، خىراجىتى يۇقىرى بولغاچقا، كېيىن مۇنداق ماشىنا سېتىۋېلىنمىدى.

## 3. يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى

لوپنۇر ناھىيىسىدە يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش كېيىنرەك باشلاندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدە كەينى - كەينىدىن يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋىچىلار قۇرغان كىچىك تىپتىكى خۇسۇسىي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بارلىققا كەلدى، ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى تالقانلاش ماشىنىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى يىلىغا 1500 توننا ئەتراپىدا يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭدا ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەش ئاساس قىلىندى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى تارىم يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا 109 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇتتا يىلىغا 3000 توننا ئەتراپىدا دانچە يەم - بوغۇز ۋە ئارىلاشما ئۇۋاق يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. مەبلەغ، خام ئەشيا، بازار قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ زاۋۇت 1985 - يىلى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ بىر شەخسكە ھۆددىگە بېرىلدى، باھاغا سۇندۇرۇلغان پۇلى ئون يىلدا قايتۇرۇلىدىغان بولدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 150 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا يەم - بوغۇز ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەندى، بۇ، چارۋىلارنىڭ يەم - بوغۇزغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى.

## 4. كىچىك تىپتىكى چۆپ توغراش ماشىنىسى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئوت - چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئوت - چۆپلەر ئىزچىل تۇردە جادا بىلەن توغرىلىپ كەلگەندى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى ئۈچ چۆپ توغراش ماشىنىسى سېتىۋالدى، بۇ ماشىنىلار خۇرجا، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا ئىشلىتىلدى.

## 5. توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى

1983 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان

يۇلغۇن قىرقىش ماشىنىسىنى سىناپ كۆردى. سىناش ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيىسىدە توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇلغۇن قىرقىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارالدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بۇ يەردە قۇم ـ بوران چوڭراق بولغاچقا، قوي يۈگى تەركىبىدە قۇم كۆپرەك بولىدۇ، بۇ، توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يۇلغۇن قىرقىش ماشىنىسىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## § 4. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى گوڭشې ئىلكىدىكى ئىگىلىك، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. گوڭشې ئىلكىدىكى ئىگىلىك

1958 ـ يىلى تىكەنلىك خەلق گوڭشېسى «DT — 28» تىپلىق تراكتور سېتىۋالغاندىن تارتىپ 1962 ـ يىلى تراكتور پونكىتى قۇرۇلغانغا قەدەر، ئەمەلىيەتتە، گوڭشې ئىلكىدىكى ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، ئاساسەن، تېرىقچىلىقتا ئۆلگە كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلدى. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە گوڭشېلاردىكى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور ئۈن (ستاندارتسىز تراكتور)، قۇۋۋىتى 379 ئات كۈچى، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 36، كومبايىن بىر، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى بىر، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسىپ تۆت.

### 2. دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك

1962 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك باسقۇچى بولۇپ، ناھىيىدىكى تراكتورلار ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇ چاغدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 34 (ستاندارتسىز تراكتور)، قۇۋۋىتى 918 ئات كۈچى، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 50، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى توققۇز، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسىپ توققۇز، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش-سۇغىرىش ئېنېرگىيە ماشىنىسى بىر، قۇۋۋىتى 20 ئات كۈچى، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى 21. دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، ئاساسەن، يەر ھەيدەش، ئورۇق سېلىش، سۆرەم سېلىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، تىرنىلاش، يەر تۈزلەش، چۆنەك ئېلىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا قاتناشتى.

### 3. كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئىگىلىك

1970 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئىگىلىك (كوللېكتىپ ئىگىلىك) باسقۇچى بولدى. 1984 ـ يىلغىچە يېزا، كەنتلەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تراكتور 106، قۇۋۋىتى 8344 ئات كۈچى، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى

272، كومبايىن يەتتە، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى 20، ماتورلۇق دورا پۈركۈش ماشىنىسى 12، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 77، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 29، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرېسسپ 136، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىش ئېنېرگىيە ماشىنىسى 152، قۇۋۋىتى 2846 ئات كۈچى، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلاتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

## 4. يەككە ئىگىلىك

1983 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا كوللېكتىپ ئىلكىدىكى بىر قىسىم دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى ياكى ھۆددىگە بېرىلدى، بېيىغان بەزى دېھقانلار يەككە ھالدا ياكى بىرنەچچە ئائىلە بىرلىشىپ دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتى ۋە توشۇش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1983 ـ يىلى بىرلەشمە ئىگىدارلىقتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىسى ئالتە ئىدى، 1984 ـ يىلى 12 گە يەتتى، 1983 ـ يىلى شەخسلەر ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىسى 25 ئىدى، 1985 ـ يىلى 154 كە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

2 ـ قىسىم 27 ـ جەدۋەل

| تۈرى \ يىللار | | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورنىڭ ئومۇمىي سانى | تراكتور سانى | 105 | 120 | 135 | 139 | 186 | 198 | 221 |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| گۇڭشې ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | 33 | 37 | 34 | 32 | 33 | 25 | 51 |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 31.42 | 30.83 | 25.19 | 23.02 | 17.74 | 12.6 | 23 |
| چوڭ ئەترەت ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | 45 | 48 | 51 | 52 | 56 | 41 | |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 42.87 | 40 | 37.78 | 37.41 | 30.11 | 20.7 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | 10 | 16 | 32 | 38 | 40 | 40 | |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 0.95 | 13.33 | 23.7 | 27.34 | 21.5 | 20.2 | |
| بىرلەشكەن ئائىلىلەر ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | | | | | 6 | 12 | |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | | | | | 3.23 | 6 | |
| شەخسلەر ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | | | | | 25 | 58 | 154 |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | | | | | 13.44 | 29.29 | 69.6 |
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار ئىلكىدىكىسى | تراكتور سانى | 17 | 19 | 18 | 17 | 26 | 22 | 16 |
| | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 16.19 | 15.83 | 13.33 | 12.23 | 13.98 | 11.1 | 7.2 |

## § 5. ئاپپارات، قوشۇن

### 1. ئاپپارات

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پەيدىنپەي قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا گۇڭشېلاردا گۇڭشې دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1973 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەسپى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۆلۈم قارمىقىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىندى. 1979 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق تەربىيىلەش كۇرسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇناسىپ ھالدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار قۇرۇلدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا لوپنۇر ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بويىچە دائىملىق تەربىيىلەش كۇرسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، يېزىلاردا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى، دېھقانچىلىق

ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش پونكىتى قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئاپپاراتلىرى بارلىققا كەلدى.

## 2. قوشۇن

ناھىيە، گۇڭشېلاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خادىمى: 1973 - يىلى94 كىشى، 1975 - يىلى 134 كىشى، 1984 - يىلى 105 كىشى. 1985 - يىلدىكى خادىم 79 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچى 39، تېخنىك 28، يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 39.

# ئۈچىنچى قىسىم

# بوز يەر ئۈزلەشتۈرۈش

# ئۈچىنچى قىسىم

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## I باب

## ئۆتكەن دەۋرلەردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) خەن سۇلالىسى لەشكەر ئەۋەتىپ لوپنۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 64 - يىلى) كۆزدە خەن سۇلالىسى قوشتىن لوپنۇرغا نۇرغۇن ئادەم كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. خەن شۆەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى لوپنۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەرنى ساكارئىول رايونىغا كۆچۈردى، خەن سۇلالىسىنىڭ لوپنۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 11 - يىلى (1885 - يىلى) دۇنال دېگەن موڭغۇل 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ تېكەنلىكنىڭ شەرقىدىكى دۇنال دېگەن يەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈردى. گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىگىبىنقىردا نەيقە - دالالەت مەدارىسى تەسىس قىلىپ، 1200 ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى ۋە تىيەنجىن، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 200 ئائىلىلىك سودىگەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سۇ ئازىيىپ كەتكەچكە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى باشقا جايلارغا كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىڭخەيدىكى خىخۇاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان 8000 دىن ئارتۇق خۇيزۇنى ئىگىبىنقىردىن دۇرالغىچە بولغان ئارىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) قۇرغاقچىلىق بولغاچقا، ئۇلار قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلدى.

# II باب

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

1956 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى تارىمغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ بىپايان قاقاسلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى، ئۇلار ھەرخىل جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تالا - تۈزدە يېتىپ قوپۇپ، «تارىم 1 -» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن «تارىم 9 -» دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە بولغان توققۇز دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى، كېيىن سۇ مەنبەسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ توققۇز دېھقانچىلىق مەيدانى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە قوشۇۋېتىلىپ، بەش تۇەن - مەيدان قىلىندى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال چېتىگە جايلاشقان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1542.35 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 2 مىليون 313 مىڭ 500 موغا توغرا كېلىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 845.10 مېتىردىن 881.19 مېتىرغىچە ئېگىزلىككە جايلاشقان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ جەنۇبى تارىم دەرياسىغا تۇتىشىدۇ، دەريانىڭ جەنۇبى قۇملۇقتىن ئىبارەت، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ شىمالى ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى رايونىدىن ئىبارەت. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى يېرىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىكى چوڭكۆلدىن شەرقىي - جەنۇبىي چېتىدىكى يېڭىسۇغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 180 كىلومېتىر بولۇپ، تار كارىدور شەكلىدە سوزۇلغان.

تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە كىچىكلىكتىن زورايدى، ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆلغايدى، بۇ قوشۇن تەركىبىدە 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان پېشقەدەم 8 - ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ جاي-جايلىرىدىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلار، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، زىيالىيلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى بار، ئۇلار ناچار تەبىئىي شارائىت ۋە سىياسىي بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچ بىلەن چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، قاقاس دالىدا 40 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنىغان

يېڭى بوستانلىقنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ - چېگرىدىكى كادىرلارنى قوغداش ۋە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

1985 - يىلى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك تۈەن - مەيدانى بەش، سۇ باشقۇرۇش ئورنى ئىككى، چوڭ رېمونت زاۋۇتى (هازىر ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنى ئىشلەشكە ئۆزگەرتىلدى) بىر، بۇنىڭدىن باشقا، بىر يۇرۇش ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. بەش تۈەن - مەيداندا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ لىيەندۈيىدىن 74 ى، باشقا مەمۇرىي ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇندىن 46 سى بار. 1983 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 41 مىڭ 808 گە يەتكەن، ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 200 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 39 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىسى 8153 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 50.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا پىلانلانغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 85 مىڭ 800 مو، تېرىلىدىغان يەر 213 مىڭ 500 مو، تېرىلغان يەر 184 مىڭ 200 مو، ئورمان - باغ كۆلىمى 22 مىڭ 300 مو، چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق 147 مىڭ موغا يەتكەن؛ 37 مىليون 502 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىنغان، ئوتتۇرىچە بىرلىك هوسۇلى 513.1 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛ 10 مىليون 412 مىڭ 500 جىڭ پاختا ئېلىنغان، ئوتتۇرىچە بىرلىك هوسۇلى 111.1 جىڭدىن توغرا كەلگەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 201 مىڭ 600 يۈەنگە، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە، ئۈنۈۋېرسال سېتىشتىن ئېلىنغان پايدا 9 مىليون 966 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

1985 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا ھەر خىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ هۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى پائال مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىك رىۋاجلاندۇرۇلۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن تىجارەت تىپىغا راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى (بەش يېزا ئىگىلىك تۈەن - مەيدانى) دا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 61 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 643 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 34.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 29 مىليون 741 مىڭ 500 جىڭ ئاشلىق، 10 مىليون 82 مىڭ 600 جىڭ پاختا، 161 مىڭ 700 جىڭ ياغلىق دان ئېلىندى، 21 مىڭ 400 مو يەردە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 17 مىڭ 400 تۇياقا يەتتى.

## § 1. 31 - تۈەن - مەيدان

### 1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

31 - تۈەن - مەيدان 1958 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تەكتى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى ئىدى، 1963 - يىلى «تارىم 5 -» دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1969 - يىلى

نامى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 31 ـ تۇەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1975 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 31 ـ تۇەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1982 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنىلا يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 31 ـ تۇەن ـ مەيدانى بولدى.

31 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ تۇەن شتابى يېڭىكۆلدە، تۇەن ـ مەيدان تەۋەسىدە بىر تەبىئىي بازار (يېڭىكۆل بازىرى)، 11 تەبىئىي كەنت (كۆۋرۈك، چارا، قاراچاچ، يېڭدۆڭ، يېڭىبېي، شىنجيەن، مالىڭ، جابېي، لۇيۇەن، يېڭىكۆل، پاتقاق كەنتلىرى) بار. تۇەن ـ مەيدان قارىمىقىدا توققۇز دېھقانچىلىق ليەندۈيى، ئىككى چارۋىچىلىق ليەندۈيى ۋە سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ، ماشىنا رېمونت قىلىش، باغۋەنچىلىك، قۇرۇلۇش ليەندۈيلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، سۇ باشقۇرۇش، سودا، پوچتا ـ تېلېگراف، بانكا قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بار.

1982 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە تۇەن ـ مەيدان بويىچە بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 7954 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 7906 بولۇپ، ئاھالىنىڭ 99.35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ خۇيزۇ 44 بولۇپ، 0.55%نى ئىگىلىدى؛ موڭغۇل ئۈچ، ئۇيغۇر بىر، مانجۇ بىر. تۇەن ـ مەيدان بويىچە 1985 ـ يىلدىكى ئاھالە 7745. تۇەن ـ مەيداندىكى ئاھالىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 16.8 ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ.

## 2. تەبىئىي شارائىتى

31 ـ تۇەن ـ مەيدان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تار تىنما تۈزلەڭلىككە، لوپنۇر بازىرىنىڭ 75 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، يەر شەكلى شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، دەريا ئېقىمىنىڭ يۆنۈلۈشى بويىچە يانتۇلۇقى 1/4000 دىن 1/5000 گىچە، دەريا ئېقىمى يۆنۈلۈشىنىڭ توغرىسىغا يانتۇلۇقى 1/1000 دىن 1/5000 گىچە، مەيدان رايونى قۇم دۆۋىلىرى بىلەن قاپلانغان، چارا دەرياسى تۇەن ـ مەيداننى كېسىپ ئۆتىدۇ، يەرلەر دەريا ئېقىمى تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن.

31 ـ تۇەن ـ مەيدان شەرقتە 32 ـ تۇەن ـ مەيدان بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ «تارىم» يېزىسى بىلەن چېگرىداش، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 62 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 28 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 473.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى بولغان 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر (موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 89 مىليون 640 مىڭ مو) نىڭ 0.79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 50 مىڭ 700 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بولغان 308 مىڭ 300 مونىڭ 16.41 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 31 ـ تۇەن ـ مەيدان — كېۋەز، بۇغداي، شال تېرىشنى ئاساس قىلغان ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى.

مەيدان رايونى ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.8°C بولىدۇ، 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.4°C بولىدۇ. قۇياش نۇرى چۈشۈش

ۋاقتى ئۇزۇن، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇياش نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2959 سائەت، 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى %57 تىن %76 كىچە، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 16.2℃. قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇنراق، قىراۋسىز مەزگىل يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 180 كۈندىن 200 كۈنگىچە بولىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرلىرى مۇز قاتىدۇ، ياندۇرقى يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تولۇق يانىدۇ، يىللىق مۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.7 مىللىمېتىر بولىدۇ، يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە قار ئەڭ كۆپ ياغقان يىلى يەتتە سانتىمېتىر قار ياغدى. ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن5ـ ئايغىچە شامال كۆپرەك چىقىدۇ، شامالنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى شەرقىي جەنۇب شامىلى، شەرق شامىلى، شامال تېزلىكى سېكونتىغا 2.3 مېتىر، ئەڭ تېز بولغاندا سېكۇنتىغا 14 مېتىر بولىدۇ، سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران 20 يىل ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.4 قېتىمدىن چىقتى؛ 5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆپرەك چىقىدۇ، 1967 ـ يىلدىن بېرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 14 قېتىمدىن چىقتى.

مەيدان رايونىنىڭ تۇپراق تىپى: سۇغىرىلىدىغان چىملىق توپا كۆلىمى 38 مىڭ 400 مو بولۇپ، %54 نى ئىگىلەيدۇ؛ سۇس شورلاشقان چىملىق توپا كۆلىمى 13 مىڭ 660 مو بولۇپ، %20.9 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇراھال شورلاشقان چىملىق توپا كۆلىمى 13 مىڭ مو بولۇپ، %19.9 نى ئىگىلەيدۇ؛ قاتتىق شورلاشقان چىملىق توپا كۆلىمى 3400 مو بولۇپ، %5.2 نى ئىگىلەيدۇ. قاقاسلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى شورلاشقان توپا تىپىغا مەنسۇپ.

مەيدان رايونىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك چۈچۈك بۇيا، لوپنۇر كەندىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا، بۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

## 3. تەرەققىيات ئەھۋالى

31 ـ تۇەن ـ مەيدان 1958 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بېرى، ئىشلەپچىقىرىشتا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1985 ـ يىلى تۇەن ـ مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 399 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن %223.9 ئاشتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2595.18 يۈەندىن مەھسۇلات قىممىتى توغرا كەلدى، يۇقىرىغا 76 مىڭ يۈەن ھەرخىل باج تاپشۇرۇلدى.

31 ـ تۇەن ـ مەيداننىڭ دېھقانچىلىقى سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىققا مەنسۇپ، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان سۇ تارىم دەرياسى ۋە ئەيسامىر سۇ ئامبىرىدىن كېلىدۇ، مەيداندا 37.95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق ۋە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان سۇ سىڭمەس سۇغىرىش ئېرىقى بار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى %93؛ ئۇزۇنلۇقى 11.400 كىلومېتىر كېلىدىغان تۆت دەرىجىلىك 474 زەيكەش بار، توپا قۇرۇلۇشىدا 2 مىليون 211 مىڭ 400 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، سۇغىرىش ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ۋە زەيكەشلەردە 566 ئىنشائات بار.

31 ـ تۇەن ـ مەيداندا 140 مىڭ مو ئوتلاق بار، ئەمما سۇ مەنبەسى يېتىشمىگەچكە، ئوت-چۆپ تۈرى نوقۇل (كۆپىنچە قومۇش) بولۇپ، ئوت ـ چۆپ مىقدارى تۆۋەن، پايدىلىنىش نىسبىتىمۇ تۆۋەن.

تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەيدان رايونىدا يېڭىكۆل، 4 ـ لىيەن كۆلى، 12 ـ لىيەن

كۆلىدىن ئىبارەت ئۈچ كۆل بار، بۇ ئۈچ كۆلنىڭ سۇ يۈزى 60 مىڭ مو كېلىدۇ. ھەرىيىلى كەلكۈن كەلگەندە بۇ كۆللەرگە تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، دەريا سۈيى تارتىلغاندا كۆل سۈيى تارىم دەرياسىغا قايتىدۇ، بۇ كۆللەر سۈنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تەبىئىي سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. 1962 ـ يىلدىن ئىلگىرى، بۇ ئۈچ كۆلدە جەمئىي 10 مىليون ھەر خىل بېلىجان بېقىلدى، يىلىغا 40 توننىدىن 80 توننىغىچە بېلىق تۇتۇلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، تارىم دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ ئازىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ 1981 ـ يىلدىن بېرى كۆللەردە ساقلىنىدىغان سۇغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇ يۈزى تارىيىپ، سۈنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، تاشلىنىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

31 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى، ئاساسەن، ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: 1959 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە ئاساسىي كۈچ بىنەمگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىشقا قارىتىلغان باسقۇچ بولدى، 1970 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە ئاساسىي كۈچ ئۆلكە يەر ۋە بىنەمگە نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئاشلىق تېرىشقا قارىتىلغان باسقۇچ بولدى، 1980 ـ يىلدىن كېيىن تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچى (يەنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىش مەزگىلى) بولدى. 1985 ـ يىلى تۇەن ـ مەيداندا 7 مىليون 102 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىندى، بۇ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 917 جىڭدىن توغرا كەلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات 1959 ـ يىلدىكىدىن 9.35 ھەسسە، 1976 ـ يىلدىكىدىن 16% ئاشتى؛ 2 مىليون 761 مىڭ جىڭ پاختا ئېلىندى، ئېلىنغان پاختا 1976 ـ يىلدىكىدىن 19.17 ھەسسە ئاشتى. 1985 ـ يىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۇەن ـ مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 18 مىليون 399 مىڭ 600 يۈەننىڭ 53.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئورمانچىلىق جەھەتتە 1974 ـ يىلدىن بۇرۇن سۇۋادان تېرەك ئاساس، قارىياغاچ، سۆگەت قوشۇمچە قىلىنغانىدى، بۇ يەرنىڭ تۇپىسى شورلۇق بولغاچقا، سۇۋادان تېرەكنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كەلمىدى، 1975 ـ يىلدىن كېيىن توغراق، شىنجاڭ تېرىكىنى ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىندى. 1985 ـ يىلى مەيدان بويىچە ساقلىنىپ قالغان باغۋاران كۆلىمى 4000 مو (كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.51 مو، 129 تۈپتىن توغرا كەلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 654 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1.29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ مەيدانىنىڭ مەيدان رايونى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى توغراقلىق رايونغا جايلاشقان، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدا ۋە مەيدان رايونىدا 22 مىڭ 500 مو يەردە توغراق، جىگدە، يۇلغۇن ۋە قاراسۆكسۆك قاتارلىق ياۋا تۈركۈم ئورمانلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋا توغراق ئۆسىدىغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ مو بولۇپ، 80 مىڭ تۈپتىن 100 مىڭ تۈپكىچە توغراق بار. تۇەن ـ مەيدان بويىچە 1504 مو يەردە 14 مېۋىلىك باغ بار، بۇ باغلاردا، ئاساسەن، نەشپۈت، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدۇ. مەيدانىنىڭ دەل ـ دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.11%.

چارۋىچىلىقتا 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ئاساسەن، يەرلىك قوينى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويغا ئۆزگەرتىش ئىشى تۇتۇلدى، ئەمما كىلىمات بىلەن ئوتلاقنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن نەسىل ياخشىلاشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار بولدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، بۇ ئىش پەيدىنپەي بوغا ۋە قوي ئۆستۈرۈشنى نۇقتا قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، چوشقا گۆشى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش تەلەپ قىلىندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا 8045 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 5970 تۇياق.

31 ـ تۇەن ـ مەيداننىڭ سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرىدىن شال ئاقلاش، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، بۇغا بېقىش، كۆن ـ خۇرۇم، ھاراق، جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ۋە تور پاختا ئىشلەش قاتارلىقلار بار. 1985 ـ يىلى سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 604 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، تۇەن ـ مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 46.676 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلى تۇەن ـ مەيداندىكى سېتىش تور ـ نۇقتىسى يەتتىگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 41گە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1958 ـ يىلى مەيدان يېڭى قۇرۇلغاندا، مەيداندا بەش سىنىپلىق بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ، 153 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۇەن ـ مەيداننىڭ مائارىپ ئىشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، تۇەن ـ مەيداندا 24 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 1372، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 89؛ تۇەن ـ مەيداندا ئون باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئوقۇغۇچىسى 1324؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەسلى ۋە بالىلار باغچىسى بار. 1980 ـ يىلدىن كېيىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىدىمۇ بەلگىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

1985 ـ يىلى تۇەن ـ مەيداندا بىر شىپاخانا، 80 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى، ھەرقايسى لىيەندۈيلەردە تىببىي پونكىت بار، تۇەن ـ مەيداندىكى جەمئىي تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە خادىمى 59.

## § 2. 32 ـ تۇەن ـ مەيدان

### 1. تەشكىللىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

32 ـ تۇەن ـ مەيدان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. مەيدان شتابى ئۆلۈغكۆلدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە نەيىقە ـ دالالەت ـ ساخاۋەت ئىدارىسى قۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ۋە 40 ـ يىللىرىدا بۇ يەردە ئۇيغۇر دېھقان، چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان، كېيىن سۇ قىس بولغاچقا، تىرىكچىلىك قىلىشقا ئىلاجىسىز قېلىپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ئاھالە ئولتۇرمىغان. شۇڭا بۇ يەر ئىلگىرى «ئادەمسىز كىچىك كەنت» دەپمۇ ئاتالغان.

1957 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، «تارىم 4 ـ» دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. 1969 ـ يىلى مەيدان نامى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ32ـ تۇەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1975 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەيدان بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 32ـ تۇەن ـ مەيدانى بولدى، 1982 ـ يىلى بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 32 ـ تۇەن ـ مەيدانى بولدى.

32 ـ تۇەن ـ مەيدان تەۋەسىدە بىر تەبىئىي بازار (ئۆلۈغكۆل بازىرى)، 14 تەبىئىي كەنت (جىشى، گۈلباغ، شاگاڭ، خۇاڭگاڭ، ماۋلاخۇ، تاياڭ، يەنخې، چۇشى، تۇزكۆل، سەنجياۋخۇ، سەنۋا، چىلانباغ، پىيشىن، كونا ئۆلۈغكۆل كەنتلىرى) بار. 32 ـ تۇەن ـ مەيداندا لىيەندۈي

تۈزۈلمىسىدىكى 23 ئورۇن بار، شۆنىڭدەك مەكتەپ، دوختۇرخانا، پوچتا - تېلېگراف، بانكا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ۋېرمىكۇتىت كېنى، سودا قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بار.

ئۇلۇغكۆل بازىرىدا 32 - تۇەن - مەيدانىنىڭ شتابى ۋە يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 3 - «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

1982 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، تۇەن - مەيدان بويىچە ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 7720 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 7387 بولۇپ، ئاھالىنىڭ 95.69 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ خۇيزۇ 318 بولۇپ، ئاھالىنىڭ 4.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۇيغۇر 12، موڭغۇل بىر، جۇاڭزۇ بىر، تۇزۇ بىر. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇەن - مەيداندىكى ئومۇمىي ئاھالە 9166، ئاھالىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 25.2 ئادەم توغرا كېلىدۇ.

## 2. تەبىئىي شارائىتى

32 - تۇەن - مەيدان لوپنۇر بازىرىنىڭ 77.5 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. يېرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 855 مېتىردىن 863 مېترغىچە، يەر ئۈستىنىڭ يانتۇلۇقى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 1/4000 دىن 1/5000 گىچە، جەنۇبتىن شىمالغا 1/1000 دىن 1/1500 گىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر شەكلى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 15.3 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 19.2 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 293.76 كۋادرات كىلومېتىر (موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 440 مىڭ 600 مو) بولۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى بولغان 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر (89 مىليون 640 مىڭ مو) نىڭ 0.49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 33 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يەر بار.

32 - تۇەن - مەيدانىنىڭ مەيدان رايونىدا نۇرغۇن كىچىك دۆڭلەر، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن قۇم دۆۋىلىرى، ئويمانلىقلار ۋە قۇرۇق جىلغىلار بار، بۇلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى يەرلەرنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە تارقاق بولۇشىنى، يەر شەكلىنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەيدان رايونىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.8℃ بولىدۇ، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.6℃ بولىدۇ، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا —9.7℃ بولىدۇ. 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان ئوتتۇرىچە كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 16.2℃ تىن 17.4℃ قىچە بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 34.7 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2408 مىللىمېتىر. كۆپ يىلدىن بېرى قۇياش نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2959 سائەت بولۇپ كەلدى، قىراۋسىز مەزگىل 185 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، دەسلەپكى قىراۋ 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۈشىدۇ، قىراۋ ياندۇرقى يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا توختايدۇ، ئادەتتە 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇز قاتىدۇ، ياندۇرقى يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تولۇق يانىدۇ، توپىدىكى توڭنىڭ قېلىنلىقى 69 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. مەيدان قۇرۇلغاندىن كېيىن يېغىلما قار ئەڭ قېلىن بولغان يىلى 1976 - يىلى (يەتتە سانتىمېتىر) بولدى. كۆپىنچە شەرقىي جەنۇب شامىلى، ئۇنىڭدىن قالسا، غەرب شامىلى چىقىدۇ، شامالنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى سېكۇنتىغا 14 مېتىر

بولىدۇ، شامال 7 - ئايدا كۆپ چىقىدۇ، سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران كۆپ يىلدىن بېرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.7 قېتىمدىن چىقتى. مەيدان تەۋەسىنىڭ كىلىماتىدا قىش بىلەن ياز ئۇزۇن، ئەتىياز بىلەن كۈز قىسقا بولىدۇ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆپ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، قىراۋسىز مەزگىل ئۇزۇن، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولىدۇ. 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە قۇم - بوران كۆپ بولىدۇ، كىلىمات ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بەزى يىللىرى ئەتىيازدا سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە چىقىدىغان قۇرغاق ئىسسىق شامال بۇغداي، كۆممىقوناقنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا يېزىلىشىچە، توەن - مەيداننىڭ تۇپرىقىنى تۆت تۇپراق تۈرى، 14 تۇپراق خىلىغا بۆلۈشكە بولىدۇ. سۇغىرىلىدىغان چىملىق توپا كۆلىمى 67 مىڭ 300 مو بولۇپ، پىلانلانغان يەر كۆلىمىنىڭ 51.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (بۇنىڭ كۆپ قىسمى تېرىلغۇ يەر)؛ سۇس شورلاشقان چىملىق توپا كۆلىمى 18 مىڭ 500 مو بولۇپ، 14.1% نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى بوز يەر، يەرلىرى ئېگىز - پەس، توپا سۈپىتى ئېغىرراق، شور تەركىبى يۇقىرىراق؛ قۇملۇق توپا كۆلىمى 23 مىڭ 300 مو بولۇپ، 17.8% نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ، قۇملۇق توپا ياكى ئۇۋاق قۇملۇق توپا بولۇپ، شور تەركىبى يۇقىرى ئەمەس، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلىشى ناچار؛ شور توپا كۆلىمى 20 مىڭ 500 مو بولۇپ، 15.6% نى تەشكىل قىلىدۇ، مۇنداق يەرلەرنىڭ يەر شەكلى پەس ۋە تۈز، سۇ ئورنى يۇقىرى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ناچار بولۇپ، ھازىر ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىش قىيىن.

مەيدان رايونى ئىچىدە 17 مىڭ مو پارچە - پۇرات ئوتلاق بار، ئوت - چۆپلەر ئىچىدە قومۇش ئاساس قىلىنىدۇ، بۇ، ئات، كالا، قوي، بۇغا قاتارلىق ئوتخور ھايۋانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى. مەيدان رايونىدىكى شۈيمۇگۇ كۆلىنىڭ سۇ يۈزى ئون كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا، 1980 - يىلدىن كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كەتكەچكە، كۆلنىڭ سۇ يۈزى پەيدىنپەي تارىيىپ كەتتى، سۇنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، بېلىق بېقىشقا ئەپسىز بولۇپ قالدى. مەيدان رايونىدىكى كۆل - كۆلچەكلەرنىڭ سۇ يۈزى 100 مو ئەتراپىدا بولۇپ، ساقلىنىدىغان سۈيى چوڭقۇر، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ سۇ توەن - مەيدان بويىچە ئەڭ ياخشى بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى ھېسابلىنىدۇ.

مەيدان رايونىدا ۋېرمىكۇلىت كېنى ۋە فوسفور كېنى بار. فوسفور كېنى غەربىي تاغ بۇلاق ۋە ئۆرۈك تاغدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 870 مىڭ توننا، رۇدا تەركىبىدىكى فوسفور پېنتوكسىد مىقدارى 14% تىن 36% كىچە، ئوتتۇرىچە مىقدارى 20%.

## 3. تەرەققىيات ئەھۋالى

32 - توەن - مەيدان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، 1985- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە چېپىلغان سۇغىرىش ئېرىق- ئۆستەڭ ۋە زەيكەشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 458 كىلومېتىرغا يەتتى، 5 مىليون 735 مىڭ كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، سۇغىرىش ئېرىق- ئۆستەڭلىرىنىڭ تىزگىنلەش كۆلىمى 80 مىڭ مودىن كۆپرەككە، زەيكەشنىڭ يۇيۇشلەشتۈرۈلگەن كۆلىمى 38 مىڭ موغا، كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، توما قاتارلىق ئىنشائاتلار 344 كە يەتتى؛ 114 سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى، سالا ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى 32 مىڭ مو بولۇپ، ھەرمو يەرگە ئوتتۇرا

هېساب بىلەن 40.5 يۈەندىن مەبلەغ سېلىندى؛ 59 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالدى، بۇ، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىندى.

تۆەن - مەيداننىڭ 1985 - يىلدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 33 مىڭ 600 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 400 مو، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 600 مو، باشقا زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمى 2600 مو. 5 مىليون 361 مىڭ 900 جىڭ (كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 724 جىڭدىن) ئاشلىق، 2 مىليون 632 مىڭ 700 جىڭ پاختا، 7000 جىڭ ياغلىق دان ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 157 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۆەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 14 مىليون 616 مىڭ يۈەننىڭ 42.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تۆەن - مەيداننىڭ 1985 - يىلدىكى تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 5500 مو، سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 3235 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.43 مودىن توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دەل - دەرەخلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىش كۆلىمى 1608 مو، مېۋىلىك باغ 1044 مو، جەمئىي ئورمان ۋە مېۋىلىك دەرەخ 180 مىڭ 822 تۈپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.42 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. 80 - يىللاردا كېڭەيتىلگەن ۋە يېتىشتۈرۈلگەن يېڭى سورتلاردىن چىلان، ئالما (قىزىل) مېۋىگە كىرىپ، بازاردا سېتىلدى، 1985 - يىلى غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مېۋە - چېۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا قىزىل ئالما 1 - بولدى، تۆەن-مەيداننىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %3.03 كە، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.98 كە يەتتى. 1985 - يىلى ئورمان ۋە مېۋە - چېۋىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 109 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

تۆەن - مەيداننىڭ 1985 - يىلدىكى ئوتلاق كۆلىمى 17 مىڭ مو، قولدا قالغان چارۋىسى 7727 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا 1288، كالا 327، ئات 44، بۇغا 215. مۇشۇ بىر يىلدىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 705 مىڭ 400 يۈەن.

سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىدۇ. 1985 - يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 459 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۆەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 14 مىليون 616 مىڭ يۈەننىڭ 51 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىدا ۋېرمىكۇتىت، فوسفور ئاساس قىلىنىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق ۋە تەننەرخ يۇقىرى بولۇپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، فوسفور ئىشلەپچىقىرىشى 1981 - يىلى توختىتىپ قويۇلدى. 1985 - يىلى 5069 توننا ۋېرمىكۇتىت قېزىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 253 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

تۆەن - مەيدان بويىچە 1985 - يىلدىكى سودا تور - نۇقتىسى 20، ئىشچى - خىزمەتچىسى 37، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

1957 - يىلى مەيدان يېڭى قۇرۇلغاندا مەيدان بويىچە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 251 ئوقۇغۇچى، 13 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە، تۆەن - مەيداندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 11 گە، ئوقۇغۇچىسى 1304 كە يەتتى، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 72 گە

يەتتى؛ تۈەن ـ مەيداندىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1418؛ مەيداندا يەنە بالىلار باغچىسى، يەسلىلەر بار.

مەيدان شتابىدا بىر دوختۇرخانا، دوختۇرخانىدا 55 كىسەل كارىۋىتى بار، ليەندۈيلەردە ساقلىق ساقلاش ئورنى بار. تۈەن ـ مەيداندىكى تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە خادىمى 64، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ بىر.

1987 ـ يىلى تۈەن ـ مەيداندا 300 ۋاتلىق تېلېۋىزىيە چاستوتا ئۆزگەرتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

## § 3. 33 ـ تۈەن ـ مەيدان

### 1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

33 ـ تۈەن ـ مەيدان لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. بۇ مەيدان 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلدى، شۇ چاغدا «تارىم 6 ـ» دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى، 1969 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك2 ـشىسىنىڭ33ـتۈەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1975 ـ يىلى بىڭتۈەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 33 ـ تۈەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1982ـ يىلى بىڭتۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىك 2ـ شىسىنىڭ33ـ تۈەن ـ مەيدانى بولدى.

33 ـ تۈەن ـ مەيدان تەۋەسىدە بىر تەبىئىي بازار (قۇرما ئۆي بازىرى)، ئون تەبىئىي كەنت (جىنشىڭ، بېيگەنتەن، گوشا، ۋۇلى، شىمالىي كوزلەك، يېڭى كوزلەك، جىنلۇ، قوڭغۇردۆڭ، لىيۈەن، قوڭغۇر كەنتلىرى) بار، مەيدان شتابى قۇرما ئۆي بازىرىدا. 33 ـ تۈەن ـ مەيداندا 11 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى، بانكا، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، ماگىزىن، رۇدا قېزىش ليەنى، خىش زاۋۇتى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، قۇرۇلۇش ليەنى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

1982 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە تۈەن ـ مەيداندا ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 6439 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 6417، خۇيزۇ 15، ئۇيغۇر تۆت، موڭغۇل بىر، مياۋزۇ بىر، جۇاڭزۇ بىر. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈەن ـ مەيداندىكى نوپۇس 6336 گە يەتتى.

### 2. تەبىئىي شارائىتى

33 ـ تۈەن ـ مەيدان لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئورنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال چېتىدىكى كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، مەيدان شتابى بىلەن لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە ئارىلىقى 91 كىلومېتىر. تۈەن ـ مەيداننىڭ يېرى كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنىڭ 155 كىلومېتىردىن 178 كىلومېتىرغىچە بولغان بۆلىكىنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان. 33 ـ تۈەن ـ مەيداننىڭ غەرب تەرىپى 32 ـ تۈەن ـ مەيدانىغا، جەنۇب تەرىپى تارىم دەرياسىغا، شىمال تەرىپى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز ـ پەس قۇم دۆۋىلىرى رايونىغا (كۆنچى دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 18 — 20

كىلومېتر كېلىدۇ)، شەرق تەرىپى توڭگۇزلۇق سۇغىرىش رايونىغا تۇتىشىدۇ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 19.3 كىلومېتر، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 25.6 كىلومېتر، كۆلىمى 187.13 كۋادرات كىلومېتر. يەر ئۈستىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 845 مېتىردىن 860 مېتىرغىچە، ئومۇمىي يەر شەكلى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 1/4000 دىن 1/5000 گىچە، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇلۇقى 1/1000دىن1/5000 گىچە. تۆەن - مەيدان تەۋەسىدە شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان كونىچى، تارىم دەريالىرىنىڭ كونا قىنى بار، ئۇ مەيدان رايونىنى ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. تۆەن - مەيداننىڭ تېرىلغۇ يېرى 49 مىڭ مو بولۇپ، تۆەن - مەيدان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 17.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.73 مو يەر توغرا كېلىدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېرىلغۇ يەر 154 مىڭ مو.

ئومۇمىي يەر شەكلىدىن قارىغاندا، تۆەن - مەيداننىڭ جەنۇب تەرىپى قۇملۇق، شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن دۆڭلەر، ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى رايونى قورشاپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدە چوڭ -كىچىك، ئېگىز -پەس قۇم دۆۋىلىرى بار، قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا كىچىك تۈز يەرلەر بار (تولىسى ئۆزلەشتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يەر). تۇپرىقى ئادەتتەقۇمساڭغۇ، سۇيۇقتى يېنىك، ئۈنۈمسىز كېلىدۇ. تۆەن - مەيداننىڭ تۇپرىقىنى چىملىق تۇپراق، توغراقلىق تۇپرىقى، سازلىق تۇپراق، قۇملۇق تۇپراق، شور تۇپراقتىن ئىبارەت بەش ئاساسلىق تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تېرىلغۇ يەرنىڭ تولىسى ئىلگىرى چىملىق تۇپراق ئىدى، ئۇزۇن يىللىق ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىش، پىشۇرۇش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر دائىرىسىدىكى تۇپراق تەدرىجىي ھالدا نەم تۇپراق تۈرىگە ئۆزگەردى.

33 - تۆەن - مەيدان ھاۋارايى پونكىتىنىڭ ماتېرىيالىغا قارىغاندا، 1959 - يىلدىن 1981- يىلغىچە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.8℃، ئوتتۇرىچە يىللىق سېلىشتۇرما پەرق 36.3℃، يىلبويى 10℃ تىن يۇقىرى ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغان ئوتتۇرىچە يىغىندا تېمپېراتۇرا 4218.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 34.7 مىللىمېتر، ئەڭ كۆپ ھۆل- يېغىن مىقدارى 69.9 مىللىمېتر (1974 - يىلى)، كۆپ يىللار داۋامىدىكى سۇنىڭ ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2408.6 مىللىمېتر، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىي نەملىك 50% ئۆپچۆرىسىدە بولغان. قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2959.2 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 180 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، دەسلەپكى قىراۋ ئادەتتە 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا چۈشىدۇ، قىراۋ كۆپىنچە ياندۇرقى يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توختايدۇ. كۆپىنچە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇز قاتىدۇ، ياندۇرقى يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن توڭ يانىدۇ، توڭ قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 68.8 سانتىمېتر بولىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كۈن سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ، بوران كۆپىنچە 4 -، 5 - ئايلاردا چىقىدۇ.

مەيدان رايونىنىڭ كىلىماتى چېكىدىن ئاشقان قۇرغاقلىق تېپىدىكى چۆل كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، ھاۋا قۇرغاق، شامال كۆپ، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى كەسكىن، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ.

### 3. تەرەققىيات ئەھۋالى

33 - تۆەن - مەيدان يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ، 1985 - يىلدىكى سانائەت، يېزا

ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 564 مىڭ 200 يۈەن، پايدا 735 مىڭ 700 يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا ۋە باج 131 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

33 ـ تۈەن ـ مەيدان قۇرۇلغاندىن بىرى ھەرخىل تارىخىي مەزگىللەردىكى تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، 1985 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى مەيدان يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى بىرنەچچە ئون جىڭدىن 210 جىڭغا يەتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈەن ـ مەيدان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەڭشەپ، نوقۇل ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش تىپىدىن تىجارەت تىپىغا راۋاجلاندۇردى، 1985 ـ يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 6 مىليون 407 مىڭ 700 جىڭغا يېتىپ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 1 مىليون 307 مىڭ 700 جىڭ ئاشتى، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 210 جىڭدىن توغرا كەلدى؛ ئېلىنغان پاختا 1 مىليون 961 مىڭ 400 جىڭغا (ساپ پاختا)، بىرلىك ھوسۇلى 130 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات 1980 ـ يىلدىكىدىن 1 مىليون 251 مىڭ 400 جىڭ ئاشتى؛ 51 مىڭ 200 جىڭ ياغلىق دان (چىگىت) ئېلىندى. 1985 ـ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 511 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، تۈەن ـ مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 44.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تۈەن ـ مەيدان بويىچە 1985 ـ يىلدىكى چوڭ ـ كىچىك تراكتور 52 (ئۆلچەملىك تراكتورغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 104)، ھەرخىل يۆرۈشلەشكەن دېھقانچىلىق قورال ـ سايمىنى 281، كومبايىن توققۇز، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل ئون، دىزېل ـ گېنېراتور گۇرۇپپىسى 16.

مەيدان تەۋەسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ بىر قىسمى تەبىئىي توغراق، بىر قىسمى سۈنئىي ئورمان. دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.75%، سۈنئىي ئورماننىڭ ئېتىزلارنى قاپلاش نىسبىتى 5.99%. توغراق چاراغول ئۆستىڭى شىمالىي تارماق ئۆستىڭىنىڭ ئىككى يېقىدىكى قۇرۇق جىلغىلار ۋە سالا ئېتىزلار ئارىسىدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ تەكشى جايىغا تارقالغان، كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىڭ مو، تۈپ سانى تەخمىنەن 2 مىليون 250 مىڭ تۈپ، ياغاچ ماتېرىيال زاپىسى 11 مىڭ 250 كۇب مېتر. توغراق — بۇ تۈەن ـ مەيداننىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى ۋە ماتېرىيال ئورمىنىنى راۋاجلاندۇرۇشىدىكى ئاساسلىق دەرەخ تۈرى، ئىپتىدائىي ياكى قايتا ئۆسكەن توغراقلىق تۈەن ـ مەيداننىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، بىئولوگىيىلىك سۇ چىقىرىۋېتىش، مەيدان رايونىنىڭ كىلىماتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. سۈنئىي يول بىلەن دەل ـ دەرەخ تىكىش 60 ـ يىللاردا باشلاندى، جىگدە، سۆۋادان تېرەك، مىرزا تېرەك قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلدى، بۇ يەرنىڭ تۇپىسى شورلۇق بولغاچقا، بۇ دەرەخلەر باب كەلمەي، تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولدى. 1983 ـ يىلغىچە تۈەن ـ مەيداندا جەمئىي 2251 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تولۇقسىز ئۇمران ئورمان)، 1 مىليون 239 مىڭ 129 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، تىكىلگەن كۆچەت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 196 تۈپتىن توغرا كەلدى. 1985 ـ يىلغىچە تۈەن ـ مەيداندا جەمئىي 3967 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، سۈنئىي يول بىلەن بەرپا قىلىنغان ئورمان ئىچىدە مېۋىلىك باغ 712 مو، بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈت كۆلىمى 420.7 مو بولۇپ، 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا،

ئالما، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. 1985 - يىلى 151 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

تۆەن - مەيداندا شىمالىي غول ئۆستەڭ، جەنۇبىي غول ئۆستەڭ بار، شىمالىي غول ئۆستەڭگە چارا سۇ ئامبىرىدىن سۇ باشلىنىدۇ، جەنۇبىي غول ئۆستەڭگە بىۋاسىتە تارىم دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدۇ. 1985 - يىلى 97.41 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ چېپىلدى، 77.81 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول زەيكەش، تارماق زەيكەش چېپىلدى، 196.73 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئوق ئېرىق، سۇغىرىش ئېرىقى چېپىلدى، ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزۇلغان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 57.33 كىلومېتىر، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 348 مىڭ 684 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى. ھەرخىل سۇ ئىنشائاتىدىن498ى ياسالدى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 870 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

تۆەن - مەيداننىڭ چارۋىچىلىقى، ئاساسەن، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەيداننىڭ چارۋا بېقىشقا بولىدىغان ئوتلاقلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ، بىرى — مەيدان سىرتىدىكى ئوتلاق، توڭگۇزلۇق، داشكۆل سۇ ئامبىرى ۋە ھاشىمنىڭ يېرى ئەتراپىدا تەخمىنەن 150 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇ ئوتلاقلاردا ئوتخور ئۆي ھايۋانلىرى يايلاقتا كۆچۈرۈلگەندە بېقىلىدۇ، ئوت - چۆپ تۈرىدە قومۇش ئاساس قىلىنىدۇ، ئوت - چۆپ سۈپىتى ناچار، 80 - يىللاردا سۇ مەنبەسى قىس بولغاچقا، ئوت - چۆپ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى؛ يەنە بىرى— مەيدان ئىچىدىكى ئوتلاق ۋە زىرائەت ئېگىزى، لېكىن ئوتلاقنى سۇغىرىدىغان سۇ بولمىغاچقا، ئوت - چۆپ سۈپىتى ناچار، مىقدارى ئاز. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆەن - مەيداندا 6890 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 4788، چوشقا 1198، بۇغا 361، باشقىلار 544، 2671 تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى.

تۆەن - مەيداندا بىر تاشپاختا كېنى بار، بۇ كان 1971 - يىلى قۇرۇلدى، دەسلەپتە ئىشلەپچىقىرىش قول مەشغۇلاتى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، 1974 - يىلى يېرىم ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى مەھسۇلاتى 1300 توننىغا يېتىپ، 177 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش، چىگىت ئايرىش ۋە جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەش قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپلەر بار. 1985 - يىلى سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 975 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، تۆەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 54.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 850 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى، يۇقىرىغا 48 مىڭ 300 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

1958 - يىلى مەيدان يېڭى قۇرۇلغاندا مەيداندا تۆت سىنىپى، 28 ئوقۇغۇچىسى بولغان بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ، ئون تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، يەتتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ بارلىققا كەلدى، ئوقۇغۇچى 735 كە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچىسى 587 گە يەتتى. تۆەن - مەيداندا جەمئىي 123 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار. تۆەن - مەيداندا يەنە يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرى بار. مەيدان شتابىدا كىنوخانا، كۇتۇپخانا، بىر دوختۇرخانا (65 كېسەل كارىۋىتى) بار، لىيەندۇيلەردە ساقلىق ساقلاش ئورنى بار. تۆەن - مەيدان بويىچە 1985 - يىلدىكى تىببىي

داۋالاش ـ سەھىيە خادىمى 83، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ ئالتە.

## § 4. 34 ـ تۇەن ـ مەيدان

### 1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

34 ـ تۇەن ـ مەيداننىڭ تەكتى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ «تارىم 1 ـ» دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغانىدى، مەيدان قۇرۇلغاندا مەيدان رايونى لوپنۇر ناھىيىسى بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىدا ئىدى. 1960 ـ يىل 2 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، بۇ مەيدان لوپنۇر ناھىيىسى تىكەنلىك گۇڭشېسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى، دېھقانچىلىق مەيدانى تىكەنلىككە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنمۇ «تارىم 1 ـ» دېھقانچىلىق مەيدانى دېگەن نامنى قوللاندى. 1969 ـ يىلى نامى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 34 ـ تۇەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، 1975 ـ يىلى بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ تۇەن ـ مەيدان بايىنغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 34 ـ تۇەن ـ مەيدانى بولدى، 1982 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 34 ـ تۇەن ـ مەيدانى بولدى.

34 ـ تۇەن ـ مەيدان تەۋەسىدە بىر تەبىئىي بازار (تىكەنلىك بازىرى)، 13 تەبىئىي كەنت (گۇچېڭشى، گەنبېي، جېنشى، گۇچېڭ، بېيمېن، باۋگۇڭ، تيەنجىن، گەننەن، يۈلۇ، جېنبېي، كۇدۇڭ، لىيۇەن، جۇنميەن كەنتلىرى) بار. مەيدان شتابى تىكەنلىك بازىرىدا. تۇەن ـ مەيدان قارىمىقىدا 15 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى ۋە مەكتەپ، دوختۇرخانا، سودا، پوچتا ـ تېلېگراف، بانكا، قۇرۇلۇش، كىنوخانا قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بار.

1982 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە تۇەن ـ مەيدان بويىچە بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 2452 ئائىلە، 8543 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 8522، خۇيزۇ 16، ئۇيغۇر ئىككى، مانجۇ بىر، تۇجيازۇ ئىككى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇەن ـ مەيداندىكى نوپۇس 9733 كە يەتتى.

### 2. تەبىئىي شارائىتى

34 ـ تۇەن ـ مەيدان لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز سىزىق بويىچە ئارىلىقى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ، مەيدان ئورنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال چېتىگە، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ئارىلىقىدىكى سايلىقتا كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يەر ئۈستىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 842 مېتىردىن 846 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 294.7 كۋادرات كىلومېتىر، موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 442 مىڭ 100 موغا توغرا كېلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 40 مىڭ 300 مو بولۇپ، مەيدان رايونى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 9.12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەيدان رايونى ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك قۇم دۆۋىلىرى ۋە بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن دۆڭلەر، ئويمانلىقلار ھەر تەرەپكە يېيىلغان، يەرلىرى پارچە ـ پۇرات ۋە ئېگىز ـ پەس.

مەيدان رايونىنىڭ تۇپرىقى، ئاساسەن، چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپراق، توغراقلىق

تۇپرىقى، شورتۇپراق ۋە قۇملۇق تۇپراقتىن ئىبارەت بەش تۇپراق تۈرىگە تەۋە، ئۇزۇن يىل ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىش، پىشۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ تولىسى نەم تۇپراق تۈرىگە مەنسۇپ بولدى، تېرىقچىلىق قاتلىمىدىكى تۇپراق سۇپىتىنىڭ تولىسى قۇمساڭ تۇپراق ۋە يېنىك تۇپراق بولۇپ، بوش، ئاسان پارچىلىنىدۇ، توسالغۇ ئاز، بوشلۇق كۆپ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشى ۋە سۇنى سۈمۈرۈشى ياخشى، ئەمما ئومۇمىي ئەھۋالى شۇكى، تۇپرىقى ئۈنۈمسىز، تۇپراق تەركىبىدە فوسفور ۋە ئازوت كەمچىل، زەيىنى چىقىرىۋېتىشكە ئەپسىز، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرىراق، شور تەركىبى كۆپرەك، تۇپراق قۇرۇلمىسى ناچار، PH قىممىتى يۇقىرىراق.

تۆەن ـ مەيدانىنىڭ نۇر چۈشۈش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3118.7 سائەت؛ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.7℃، يىللىق 10℃≥لۇق يىغىندا تېمپېراتۇرا 4167.7℃، تېمپېراتۇرىدىكى كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرق 16.2℃ تىن يۇقىرى؛ يىللىق قىراۋسىز مەزگىل 187 كۈن، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 33.6 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2671.4 مىللىمېتىر؛ 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا بوران كۆپرەك چىقىدۇ، 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆپرەك چىقىدۇ (كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قېتىم سانى 13، ئەڭ كۆپ چىققان يىلى 19 قېتىمغا يېتىدۇ)، سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 قېتىم چىقىدۇ (ئەڭ كۆپ چىققان يىلى 39 قېتىمغا يېتىدۇ).

ئوتلاقلىرى قۇمۇشنى ئاساس قىلغان شالاڭ ـ قاقاس يېپىنچا ئوتلاقلاردىن ئىبارەت. ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن، ئاساسلىقى، بۆغا، چۈچۈك بۇيا ۋە كەڭرەك تارقالغان لوپنۇر كەندىرى بار.

### 3. تەرەققىيات ئەھۋالى

34 ـ تۆەن ـ مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىقىدا ئاشلىق، كېۋەز ئاساس قىلىنىدۇ، كېۋەز (قۇرۇقلۇق كېۋىزى) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. 1985 ـ يىلى تۆەن ـ مەيداندا ئېلىنغان ئاشلىق 5 مىليون 747 مىڭ 300 جىڭغا يېتىپ، 1966 ـ يىلدىكىدىن %178 ئاشتى، بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 300 جىڭغا، شالىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 711 جىڭغا يەتتى؛ 2 مىليون 174 مىڭ 300 جىڭ پاختا (ساپ پاختا) ئېلىندى، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 89.24 جىڭغا يەتتى؛ 103 مىڭ 500 جىڭ ياغلىق دان ئېلىندى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 945 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، تۆەن ـ مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 14 مىليون 726 مىڭ 700 يۈەننىڭ 40.37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تۆەن ـ مەيداندا يەتتە يېزا ئىگىلىك ليەندۈيى، 254 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى، 213 ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىچىدە ھەرخىل تراكتور 35 (زەنجىر تاپانلىق تراكتور 13، چاقلىق تراكتور 22، ئۆلچەملىك تراكتورغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 66.4 تراكتور)، كومبايىن بەش، گېنېراتور ئون، قول تراكتورى 11، ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمىنى 150، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە 16.47 ئۆلچەملىك تراكتور توغرا كېلىدۇ، يىللىق ئومۇمىي ئىش مىقدارى 483 مىڭ 400 ئۆلچەملىك مو.

تۆەن ـ مەيداندىكى دەل ـ دەرەخ تۈرى توققۇز بولۇپ، توغراق ۋە شىنجاڭ تېرىكى ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى 5476 مو، تۈپ سانى 1 مىليون 53 مىڭ تۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا

ئۆسكەن تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 851 مو، تۈپ سانى 32 مىڭ 900 تۈپ، تۇەن - مەيداننىڭ ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئاساسلىق ئۈستۈنلۈكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە توغراق ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىپ قالغان سۈنئىي ئورمان، باغ كۆلىمى جەمئىي 17 مىڭ 685 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 11 مىڭ 609 مو، مېۋىلىك باغ 2488 مو، كۆچەتخانا 150 مو. تۇەن -مەيداندا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپبىلەن2.03 مو سۈنئىي ئورمان، 190 تۈپ دەل - دەرەخ توغرا كېلىدۇ، دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.24%. مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە نەشپۈت ئاساس قىلىنىدۇ، ھەرمو يەردىن 430 كىلوگرام نەشپۈت ئېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر بار، يىلىغا 500 مىڭ كىلوگرام ھەرخىل مېۋە - چېۋە ئېلىنىدۇ.

34 - تۇەن - مەيدان، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، جەمئىي 3.61 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ ۋە تارماق ئۆستەڭ، 1.95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول زەيكەش ۋە تارماق زەيكەش چېپىلدى، 8.113 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، جەمئىي 669 مىڭ 500 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، 267 ھەر خىل سۇ ئىنشائاتى ياسالدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا 10 مىڭ 342 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 7837 تۇياق، چوشقا 1045، بۇغا 716، باشقا چارۋا 744. مۇشۇ بىر يىلدا 650 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 59 مىڭ 500 كىلوگرام ھەرخىل گۆش ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 775 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 72.5 پىرسەنتىنى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

34 - تۇەن - مەيداننىڭ سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرىدىن ئاشلىق، پاختا، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى بار. 1983 - يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى (يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ خام ئەشيا قىممىتى شۇنىڭ ئىچىدە) 6 مىليون 143 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 485 مىڭ 600 يۈەن پايدا ئېلىندى. 1985 - يىلى تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تۇەن - مەيدان بويىچە 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سودا - سېتىق تور - نۇقتىسى توققۇز، ئىشچى - خىزمەتچىسى 24، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1958 - يىلى مەيدان قۇرۇلغان چاغدا بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ، 25 تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ بارلىققا كەلدى، ئوقۇغۇچى 1400 گە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11 گە، سىنىپى 61 گە، ئوقۇغۇچىسى 1499 غا يەتتى؛ يەسلى، بالىلار باغچىلىرىمۇ قۇرۇلدى. تۇەن - مەيدان بويىچە جەمئىي 195 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار.

1960 - يىلى تۇەن شتابىدا ساقلىق ساقلاش ئەترىتى قۇرۇلدى، لىيەندۈيلەرگە ساقلىق

ساقلاش خادىمى سەپلەپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى تۈەن ساقلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ نامى34ـ تۈەن ـ مەيدان دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ليەندۈيلەردە تىببىي پونكىت قۇرۇلدى. 1985ـ يىلى تۈەن ـ مەيدان دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەل كارىۋىتى 60 قا يەتتى، تۈەن ـ مەيدان بويىچە 75 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ بىر.

## 5 §. 35 ـ تۈەن ـ مەيدان

### 1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

35 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭ تەكتى ئۈششاقتال دېھقانچىلىق مەيدانى، بۇ مەيدان 1956 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلدى، 1957 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۈششاقتالدىن ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ، نامى «تارىم 2 ـ» دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى، 1969 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 35 ـ تۈەن ـ مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەيدان باينغولىن ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 35 ـ تۈەن ـ مەيدانى بولدى، 1982 ـ يىلى بىڭتۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ 35 ـ تۈەن ـ مەيدانى بولدى.

35 ـ تۈەن ـ مەيدان تەۋەسىدە بىر تەبىئىي بازار (قارامچى) ، 13 تەبىئىي كەنت (يۇگىئەن، يۇگفېڭ، ماۋلىن، بەيىۋن، يۇخۇ، شۇاڭفېڭ، شايۈەن، لۇڭگاڭ، ناشىڭۈەن، ئويماق، ۋۇتۇڭ، مىيۈەن، شىنخۇا كەنتلىرى) بار، تەبىئىي كەنتلەر ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيلىرى تۇرۇشلۇق جايلار ھېسابلىنىدۇ. تۈەن شتابى قارامچى بازىرىغا جايلاشقان، تۈەن ـ مەيدانىنىڭ قارمىقىدا 15 دېھقانچىلىق ليەندۈيى، تۆت قوشۇمچە كەسىپ ليەندۈيى، ئىككى ئاساسىي قۇرۇلۇش ليەندۈيى، بىر ئورمانچىلىق ليەندۈيى، بىر چارۋىچىلىق ليەندۈيـــى بار، بۇلاردىن باشقا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كىنوخانا، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، ماگىزىن، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، بانكا قاتارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بار.

تۈەن بويىچە 1981 ـ يىلدىكى ئومۇمىي ئاھالە 7320، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچى 3120. 1985 ـ يىلى بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئومۇمىي ئاھالە 8828، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 8686، ئۇيغۇر يەتتە، خۇيزۇ 126، موڭغۇل ئۈچ، تۇزۇ ئالتە.

### 2. تەبىئىي شارائىتى

35 ـ تۈەن ـ مەيدان لوپنۇر ناھىيىسى بازىرىنىڭ 171 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 14.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 293.46 كۋادرات كىــــلومېتىر، موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 440 مىڭ 200 موغا توغرا كېلىدۇ، تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 39 مىڭ 900 مو بولۇپ، تۈەن ـ مەيدان بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 9.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، زىرائەت تېرىلغان يەر كۆلىمى 39 مىڭ 700 مو.

35 ـ تۈەن ـ مەيدان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا، لوپنۇر كۆلىگە يېقىن جايلاشقان، بۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «يېشىل كارىدور» نىڭ شەرقىي چېتىدىكى كىچىك چاسا بوستانلىق بولۇپ، يېرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 844 مېتىردىن 850

مېترغىچە كېلىدۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە جەنۇبىدىن لاشىن دەرياسى (كۆنچى دەرياسىنىڭ تارمىقى) ئايلىنىپ ئېقىپ، ئارغان ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا قىنى ئەگرى سىزىق ياساپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ، يەر شارائىتى كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا قىنىنى سۇ بۆلگۈچ قىلىپ، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە پەسىيىپ بارىدۇ، ئادەتتە يەر ئۈستىنىڭ يانتۇلۇقى 1/200 دىن 1/2000 گىچە بولىدۇ.

35 - تۇەن - مەيدان قۇملۇقنىڭ كۈچلۈك پار كۆتۈرۈلۈشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، ھاۋا قۇرغاق، شامال كۆپ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىغىندا تېمپېراتۇرا خېلى يۇقىرى، تېمپېراتۇرىدىكى ئۆزگىرىش كەسكىن، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.7℃، يىللىق ≥10℃ لۇق ئوتتۇرىچە يىغىندا تېمپېراتۇرا 4167.7℃، ئايلىق ئوتتۇرىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرا 27℃، ئايلىق ئوتتۇرىچە تۆۋەن تېمپېراتۇرا -15.6℃، چېكىدىن ئاشقان يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.2℃ بولۇپ، 1977 - يىلى كۆرۈلدى. 1957 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان 24 يىل ئىچىدە يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.6 مىللىمېتىر، ئەڭ يۇقىرى ھۆل-يېغىن مىقدارى 100.6 مىللىمېتىر بولدى، ھۆل - يېغىن كۆپىنچە 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە مەركەزلەشكەن. سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2571 مىللىمېتىر، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 3118.7 سائەت. دەسلەپكى قىراۋ ئادەتتە 10 - ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرىدا چۈشىدۇ، قىراۋ كۆپىنچە ياندۇرقى يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توختايدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 180 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆپىنچە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇز قاتىدۇ، كېلەر يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن كېيىن تولۇق يانىدۇ. سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كۈن چىقىدۇ، بوران، ئاساسەن، 4 -، 5 - ئايلاردا چىقىدۇ، شامال يۆنىلىشى كۆپىنچە شەرق شامىلى، ئۇنىڭدىن قالسا شەرقىي شىمال شامىلىدىن ئىبارەت.

تۇپرىقى، ئاساسەن، قۇملۇق تۇپراق، تورفلىق تۇپراق ۋە چىملىق تۇپراقتىن ئىبارەت، تۇپراقتا بەلگىلىك شور تەركىبى بار، قۇم تەركىبى كۆپ، سۇنى سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك. مەيدان قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپ يىل تېرىقچىلىق قىلىنىش داۋامىدا تۇپراقنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەرنىڭ تۇپراق قاتلىمىدىكى شور خېلى ئازايدى. 1982-يىلى‌تۇەن- مەيداننىڭ تېرىلغۇ يېرى ئىچىدە شور زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلگەن تۇپراق كۆلىمى 52.8% نى، شور ئاجىزلاشتۇرۇلغان تۇپراق كۆلىمى 22.7% نى ئىگىلىدى، كۈچلۈك دەرىجىدە شورلاشقان تۇپراق 6.1% نىلا ئىگىلىدى.

## 3. تەرەققىيات ئەھۋالى

مەيدان يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە بۇغداي تېرىش ئاساس قىلىنغانىدى، كېيىن قوناق، كۆممىقوناق، خاسىڭ قاتارلىق زىرائەتلەر سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى، ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن قوناق، كۆممىقوناق، خاسىڭلار تېرىلمايدىغان بولدى. 1970 - يىلى 29 - تۇەن - مەيداندىن شال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، شال تېرىلىشقا باشلىدى. 1977 - يىلدىن كېيىن كېۋەز تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. شال، كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۆسكەنلىكتىن،

مەھسۇلاتى خېلى تېز ئاشتى. 1985 - يىلى تۈەن - مەيداندا ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 5 مىليون 612 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 31% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 2 مىليون 193 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1957 - يىلى مەيدان يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدىكىدىن 2.34 ھەسسە ئاشتى، شال 3 مىليون 316 مىڭ 900 جىڭ بولۇپ؛ 1970 - يىلدىكىدىن 20.18% ئاشتى؛ ئېلىنغان ئومۇمىي پاختا 2 مىليون 369 مىڭ 600 جىڭغا (ساپ پاختا)، بىرلىك ھوسۇلى 103.45 جىڭغا يەتتى. 1985 - يىلى تۈەن - مەيداننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 923 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 13 مىليون 220 مىڭ 600 يۈەننىڭ 52.36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى تۈەن - مەيداندىكى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور ۋە قول تراكتورىدىن 56 سى، ھەرخىل يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق قورال - سايمىنىدىن 281 ى، كومبايىندىن ئالتىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 12 سى، ھەرخىل تىپتىكى دىزېل - گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن 14 ى بار بولدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 390 كىلوۋاتقا يەتتى.

مەيدان رايونىدا لاشىن دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدا تۇتاش كەتكەن تەبىئىي توغراقلىق بار، سۇنئىي ئۆستۈرۈلگەن دەل - دەرەخلەردىن شىنجاڭ تېرىكى، سۆگەت، قارىياغاچ، جىگدە قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە نەشپۈت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ئاز مىقداردا ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار. مەيدان يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە كورلا ۋە لوپنۇر ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىن جىگدە، قارىياغاچ ئۇرۇقلىرى ۋە تېرەك، سۆگەت قەلەمچىلىرى ئېلىپ كېلىنىپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، سۇنئىي ئورمان ۋە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىنىدى. 1973 - يىلدىن كېيىن كورلا نەشپۈتى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىنىشقا باشلىدى، 1977 -، 1978 - يىللىرى تۈەن - مەيداندا جەمئىي 1590 مو يەرگە نەشپۈت كۆچىتى قويۇلدى، لېكىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن كۆچەتلەر ئاز تۇتتى. 1982 - يىلدىن كېيىن ئالدى بىلەن ئورمانچىلىقتا ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى راۋاجلاندۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماتېرىيال ئورمىنى ۋە يېقىلغۇ ئورمىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئۆلكە، بىنەم يەرلەر ئالماشتۇرۇپ تېرىلىدىغان رايوندا توغراق ئاساس قىلىنىدى، بىنەم رايوندا شىنجاڭ تېرىكى ۋە سۇۋادان تېرەك ئاساس قىلىنىدى، مۇۋاپىق تۈردە جىگدە تىكىلدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تۈەن - مەيداندا جەمئىي 4697 مو يەردە ئورمان - باغ ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 3587 مو، مېۋىلىك باغ 700 مو. تۈەن - مەيداندا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.6 مو دەل - دەرەخ كۆلىمى، 78 تۈپ دەل - دەرەخ توغرا كېلىدۇ. ئاساسلىق مېۋە بولغان نەشپۈتنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 383 كىلوگرامغا، تۈەن - مەيداننىڭ دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8% كە يەتتى.

تۈەن - مەيداننىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۈيى پۈتۈنلەي داشكۆل سۇ ئامبىرىدىن 35 - تۈەن - مەيداننىڭ دېھقانچىلىقتا ... باشلىنىدۇ، غول ئۆستەڭنىڭ لايىھەدىكى سۇ باشلاش مىقدارى سېكۇنتىغا 7.5 كۇب مېتىر، ئەمەلىي سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 5.5 كۇب مېتىر. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تۈەن - مەيداندا جەمئىي 111.76 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ ۋە تارماق ئۆستەڭ، 31 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول زەيكەش ۋە تارماق زەيكەش چېپىلدى، ھەرخىل سۇ ئىنشائاتىدىن 140 ى ياسالدى.

تۈەن - مەيداندا مەخسۇس چارۋىچىلىق لىيەندۈيى يوق. تۈەن - مەيداندىكى ئىشچى -

خىزمەتچىلەر چارۋا بېقىشتا چوشقىنى مەركەز، ئات، كالا، قوي، بۇغا، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق ئۆي هايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇەن - مەيداندا جەمئىي 9743 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا 1377 (قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋىنىڭ 14.13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى)، بۇغا 326 (يىلىغا 398 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىنىدى)، مۇشۇ بىر يىلدا 135 توننا هەرخىل گۆش ئېلىنىدى. 1985 - يىلى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 791 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6.5 پىرسەنتىنى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 11.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

مەيدان قۇرۇلغاندىن تارتىپ 70 - يىللارغىچە تۇەن - مەيداندا ئاددىي هالدىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ، تور - پاختا ئىشلەش، كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپلەرلا بار ئىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەيدانىدا كۆپ خىل ئىگىلىك قانات يايدۇرۇلدى، 1979 - يىلى چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 297 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، تۇەن - مەيدان بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 51.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يۇقىرىغا 320 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج تاپشۇرۇلدى.

تۇەن شتابىدا ماگىزىن بار، ليەندۈيلەردە ۋەكالەتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. 1985 - يىلى تۇەن - مەيداندىكى سېتىش تور - نۇقتىسى سەككىزگە يەتتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 840 مىڭ يۈەن، ئېلىنغان پايدا 65 مىڭ يۈەن بولدى.

تۇەن - مەيدان بويىچە 1985 - يىلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 11، سىنىپى 56، ئوقۇغۇچىسى 889؛ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ 15، ئوقۇغۇچىسى 1013؛ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 270. تۇەن - مەيداندىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 171، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 21. تۇەن شتابىدا بىر دوختۇرخانا بار، كېسەل كارىۋىتى 50، تېببىي داۋالاش - سەھىيە خادىمى 63، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ سەككىز، ليەندۈيلەردە تېببىي پونكىت بار. تۇەن شتابىدا يەنە كىنوخانا، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى بار.

# ئونىنچى قىسىم

# سۇ چىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى

# تۆتىنچى قىسىم

# سۇچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى

## I باب

## سۇچىلىق

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى، ئورمانچىلىقى، چارۋىچىلىقى ۋە ناھىيە بازىرى مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17 - يىلى (1891 - يىلى) بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن شىنىغا ئۈستىگە (ھازىرقى شىڭپىڭ ئۈستىگە) چېپىلىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى باشلانغان. گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1894 - يىلى) چىڭخەيدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىققا سېلىش ئۈچۈن دۆڭقوتاندىن يىڭچىكە دەرياسىغىچە 17 ئۈستەڭ چېپىلغان، تارىم دەرياسىغا توسما ياسالغان، بۇلارغا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىنغان. ئېچىلغان يەرلەرنى قۇمۇش، شور بېسىپ كەتكەنلىكتىن، ھوسۇلى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) تارىم دەرياسى ئېقىن ئۆزگەرتكەنلىكتىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونلارغا سۇ كەلمەي قاراچاش، دۆڭقوتان، ئاقسوپى، تىكەنلىكتىكى دېھقان، چارۋىچىلار يۇرتىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شىڭپىڭ ئۈستىڭىنىڭ سۈيى تۇراقلىق بولۇپ، بىرقانچە قېتىم كېڭەيتىلگەن ۋە ئۆزارتىلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1949 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە سۇغىرىلىدىغان يەر 34 مىڭ 500 مو ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنى تارىم توسمىسىنى ياساپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللەپ، چارا ۋە تىكەنلىك رايونلىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى قايتا يۈكسەلدۈردى، يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان دېھقان، چارۋىچىلار قايتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر تېز كېڭەيدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يۇخۇي - مىرسالى غول

ئۆستىڭى، قارچۇغا ئۆستىڭى چېپىلدى. 60 - يىللاردا سۇ قۇرۇلۇشى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇغىرىش، زەيكەش قۇرۇلۇشلىرى يۇرۇشلەشكەن 30 مىڭ مو سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى، ئاقسۇپى ئۆستىڭى، تارىم جەنۇبىي غول ئۆستىڭى، قارچۇغا ئۆستىڭى چېپىلدى، ئاقسۇپى سۇ ئامبىرى ياسالدى. 70 - يىللىرى تارىم سۇ ئامبىرى، «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى، قارچۇغا سۇ ئامبىرى ياسالدى. 21 ناسوس ئىستانسىسى (38 سۇ پومپىسى ئورنىتىلدى) قۇرۇلدى، 125 بورۇۋاي قۇدۇق قېزىلدى. 80 - يىللاردا ئاپتونوم رايون ھەر ساھەدىكى كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ، كۆنچى، تارىم دەريالىرىنى تىزگىنلەشنى پىلانلىغاندا، لوپنۇر ناھىيىسىمۇ سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزدى. بۇ پىلان چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىشتا يېتەكچى رول ئوينىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 845 كىلومېتىر (سۇ سىڭمەيدىغىنى 58 كىلومېتىر) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غول ئۆستەڭ 215 كىلومېتىر (سۇ سىڭمەيدىغىنى 38 كىلومېتىر)، تارماق ئۆستەڭ 86 كىلومېتىر (سۇ سىڭمەيدىغىنى 20 كىلومېتىر)، ئوق ئېرىق 167 كىلومېتىر، سۇغىرىش ئېرىقى 377 كىلومېتىر؛ ئېرىق - ئۆستەڭ بېشىدىكى يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات 206؛ زەيكەش 194.1 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە غول زەيكەش 28.5 كىلومېتىر، تارماق زەيكەش 36 كىلومېتىر، ئوق زەيكەش 45 كىلومېتىر، ئېتىز بېشىدىكى زەيكەش 86.4 كىلومېتىر؛ تۇراقلىق ناسوس ئىستانسىسى 24، ئۇ ئىستانسىلارغا ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1440 كىلوۋات كېلىدىغان ناسوستىن 42 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماشىنىلاشقان قۇدۇق 117 (يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى ئاران 40، ئېلېكتر كۈچى بىلەن يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى 39 بولۇپ، قۇۋۋىتى 242 كىلوۋات، ئېنېرگىيە بىلەن يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى بىر بولۇپ، قۇۋۋىتى 18 كىلوۋات). 1980 - يىلى 161 مىليون 820 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن 102 مىڭ 200 مو يەر سۇغىرىلغان بولسا، 1985 - يىلى 135 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن 103 مىڭ 700 مو يەر سۇغىرىلدى، ھەر مو يەرگە كەتكەن سۇ 1582 كۇب مېتىردىن 1350 كۇب مېتىرغا چۈشتى.

## § 1. سۇ بايلىقى

### 1. يەر ئۈستى سۈيى

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قۇرغاق تاغنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە بۇلاق بولۇپ، يىلىغا 12 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇ چىقىدۇ. ئاساسلىق يەر ئۈستى سۈيى باشقا جايلاردىن كېلىدۇ، تارىم دەرياسى غەربتە بۈگۈر ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم تۇسمىسى ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيىسىگە كىرىدۇ. كۆنچى دەرياسى شىمالدا كورلا شەھىرىنىڭ پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيىسىگە كىرىدۇ.

1) تارىم دەرياسى    50 - يىللاردا تارىم دەرياسىدىن لوپنۇر ناھىيىسىگە يىلدا 3 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر، 60 - يىللاردا 3 مىليارد 330 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كەلگەنىدى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىمۇ ئېشىپ باردى. 70 - يىللاردا لوپنۇر ناھىيىسىگە يىلدا كەلگەن سۇ ئازىيىپ 2 مىليارد 720 مىليون كۇب مېتىرغا، 80 - يىللاردا تېخىمۇ ئازىيىپ،

2 مىليارد 590 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. چاراغا يىلدا كېلىدىغان سۇمۇ ئازىيىپ باردى، 50 - يىللاردا يىلدا 1 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىر سۇ كەلگەن بولسا، 80 - يىللاردا ئاران 405 مىليون كۇب مېتىر سۇ كېلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، يېشىل كارىدورنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خەۋپ ئاستىدا قالدى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان رايونىدا تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈنى بىلەن ھەر يىلى 100 مىڭ مودىن ئارتۇق ئوتلاق ۋە بوز يەر سۇغىرىلىدۇ. قارچۇغا، تارىم سۇ ئامبارلىرىغا تارىم دەرياسىنىڭ 34 مىليون كۇب مېتىر كەلكۈن سۈيى قاچىلىنىدۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى لوپنۇرغا ھەر يىلى ئاساسەن كەلكۈن مەزگىلىدە يېتىپ كېلىدۇ، بەزىدە دەريا تېشىپ، نۇرغۇن چوڭ - كىچىك كۆللەر ھاسىل بولىدۇ، ھەر يىلى 2 مىلياردتىن 2 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغىچە بولغان سۇ تارىم توسمىسىدىن چاراغىچە بولغان 299 كىلومېتىر (ئارىلىقتا) خوراپ كېتىدۇ.

2) كۆنچى دەرياسى   لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈيى ئاساسەن كۆنچى دەرياسىدىن كېلىدۇ. 70 - يىللاردا شىڭپىڭ ۋە تارىم ئۆستەڭلىرى ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىدىن يىلدا دېھقانچىلىق ئۈچۈن 145 مىليون كۇب مېتىر، چارۋىچىلىق ئۈچۈن 55 — 70 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاپ كېلىنىدى. ئاقسوپى، «ئىتتىپاق» سۇ ئامبارلىرىغا كۆنچى دەرياسىدىن يىلدا 11 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاپ كېلىنىپ قاچىلىنىۋېلىنىدى. كۆنچى دەرياسىدىن يىلدا باشلاپ كېلىنگەن سۇ جەمئىي 200 — 210 مىليون كۇب مېتىر بولدى. 80 - يىللاردا ناھىيىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا چوڭ - كىچىك ناسوس ئىستانسىسىدىن 24 ى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىستانسىلار ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىنىڭ قايغان سۈيى چىقىرىۋېلىنىدىغان بولدى. ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولغان سۇغىرىش مەزگىلىدە، كۆنچى دەرياسىدا توختام سۇدىن باشقا سۇ قالمايدۇ، ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ياندۇرقى يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە سۇ تۇتۇلمايدىغان مەزگىلدە قويۇپ بېرىلگەن سۇ كېلىدۇ، قويۇپ بېرىلگەن سۇنىڭ يىللىق مىقدارى 252 — 280 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ 75 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدىكى چارا ۋە داشكۆل سۇ ئامبارلىرىغا قويۇلىدۇ.

## 2. يەر ئاستى سۈيى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تەبىئىي تولۇقلىنىش مىقدارى 448 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاتلىق سۇ 228 مىليون كۇب مېتىر، يېرىم تۇزلۇق سۇ 220 مىليون كۇب مېتىر. تاتلىق يەر ئاستى سۈيى كۆنچى، تارىم دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا ۋە تارىم دەرياسىنىڭ كونا قىنىغا، ھازىرقى كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئەتراپىغا ۋە قۇرۇق تاغ رايونىنىڭ ئايرىم جايلىرىغا تارقالغان. يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق چىقىرىلىش مىقدارى ئاران 98 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەخمىنەن ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شىڭپىڭ سۇغىرىش رايونىدىن يىلىغا 15 مىليون كۇب مېتىر، تارىم سۇغىرىش رايونىدىن 9 مىليون كۇب مېتىر، تارىم دەرياسى بىلەن چارانىڭ جەنۇبىغىچە بولغان ئارىلىقتىن 26 مىليون كۇب مېتىر تاتلىق سۇ چىقىدۇ، بۇ يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى، ھەر لىتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئۈچ گىرامدىن تۆۋەن. دەريا ۋە سۇغىرىش رايونىدىن

يىراق بوزلاڭدىن چىقىدىغان ھەر لىتىر يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئۈچ گىرامدىن ئالتە گىرامغىچە ياكى ئالتە گىرامدىن يۇقىرى بولۇپ، بىۋاستە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

## § 2. سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرى

### 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8 - يىلى (1882 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى خېلى مۇقىم بولدى، چىڭ ھۆكۈمىتى سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. گۇاڭشۈ 17 - يىلى (1891 - يىلى) شىنىغا ئۆستىڭى (ھازىرقى شىڭپىڭ ئۆستىڭىنىڭ كورلىدىن شىنىغا كەتكىچە بولغان بۆلىكى) چېپىلدى ۋە بۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇ باشلاپ كېلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىندى. گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) قاراشەھەر بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى جياڭ يۈپۇ چىڭخەيدىكى خۇيزۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنىنىڭ ليۇسىپۇ باشچىلىقىدىكى قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆڭقوتاندىن يىڭچىكە دەرياسىغىچە ئۆستەڭ چاپقۇزدى ھەمدە «40 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئۆگەن ئۆستىڭى، يەتتە چاقىرىملىق جاڭگال ئۆستىڭىنى چاپقۇزدى. توسما ياساتتى، كۆۋرۈك سالغۇزدى» («گۇاڭشۈ دەۋرانى. شەرقىي قەسىر خاتىرىلىرى» 4 - جىلد، 153 - بەت). گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901- يىل) قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى ليۇجيادې شىنىغا ئۆستىڭىنى يەنە 25 كىلومېتىر ئۇزارتىپ، قاراقۇم رايونىغا سۇ باشلىدى. گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) يېڭىسۇ كەنتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار پۇل يىغىش قىلىپ، ئاختاما ئۆستىڭىنى چاپتى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) دىن ئىلگىرى ناھىيە تەۋەسىدە لىكىل، تىيىسكۆل، چارا، يېڭىكۆل، ئۇلۇقكۆل، ئارىلىش، چاپقۇن، دۆلال، ئويمانكۆل، چىمەنلىك، داخىلودا، قاراچۇما، شىڭپىڭ، سۇجىك، چارامان، ئاقيول قاتارلىق 18 غول ئۆستەڭ چېپىلغان، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 489 چاقىرىم بولۇپ، ئۇنىڭغا 40 چاقىرىملىق بىر تارماق ئۆستەڭنى قوشقاندا، غول ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 536 چاقىرىمغا يەتكەن. شىڭپىڭ ئۆستىڭىگە كۆنچى دەرياسىدىن سۇ باشلانغاندىن باشقا، قالغان ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدىن سۇ باشلانغان، ئۇلار ئارقىلىق 8600 مو يەر سۇغىرىلغان. ئۇلار ئىچىدە ئاقيول ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.6 چاقىرىم بولۇپ، ئۆگەن دەرياسىدىن سۇ باشلانغان، ئۇنىڭ سۈيى بارىدىغان يەر قۇمۇشلۇق بولغاچقا، ئۆستەڭ چېپىلىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقىچە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان.

تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدىن ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاشتا، ئالدى بىلەن توسما ياساشقا، سۇ باشلاپ بولۇنغاندىن كېيىن توسمىنى بۇزۋېتىشكە توغرا كەلگەچكە، كۆپلەپ كۈچ ۋە ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۆستەڭگە باشلانغان سۇ تۇراقسىز بولغاچقا، دېھقانچىلىق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولاتتى. كېيىن دەريا تېشىپ، ئېقىنى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، باشلاپ كېلىدىغان سۇ قالماي، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى دېھقانلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، ئېرىق - ئۆستەڭلەرمۇ تاشلىنىپ قالغان.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرى

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى خەن يۇشۇ دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ شىڭپىڭ ئۆستىڭىنى يەنە چاپقۇزۇپ، ئۆستەڭنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىگىچە ئۇزارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 83 كىلومېتىرغا يەتتى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ شىشۇ دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شىڭپىڭ ئۆستىڭىنىڭ لاي - لاتقىلىرىنى ۋە ئۆستەڭ ئىچىدىكى ئوت - چۆپلەرنى تازىلىتىپ، ئۆستەڭنى راۋانلاشتۇردى. قىشتا يەنە شىڭپىڭ ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى باغلاتقۇزۇۋېتىپ، رېمونت قىلىشقا قولايلىق شارائىت ياراتتى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) ئەتىيازدا ئۆستەڭ بىر - ئىككى گەز چوڭقۇرلىتىلدى شۇنداقلا ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىغا تېرەك، سۆگەت تىكىلىپ، ئۆستەڭ قېشى مۇستەھكەملەندى، شۇنىڭ بىلەن شىڭپىڭ ئۆستىڭى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئۆستەڭ بولۇپ قالدى. مىنگونىڭ 21 - يىلى (1933 - يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىدىن ئۈچنى تۈزدى، 2 - ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى (1940- يىلدىن 1942 - يىلغىچە) دە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قاراقۇم ئۆستىڭى كېڭەيتىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 10 - ئايدا نى چاۋ يازغان «شىنجاڭدىكى سۇ ئىنشائاتلىرى» دېگەن ماتېرىيالدا مۇنداق دېيىلگەن: «لوپنۇر ناھىيىسىدە كۆنچى دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭلەردىن شىڭپىڭ، ئاقسۇپى، كوخۇاڭ ئۆستەڭلىرى بار، تارىم دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭلەردىن چوڭكۆل، تېكىلىك، قۇز، يېڭىكۆل، كوخۇاڭ ئۆستەڭلىرى بار. ھەر ئىككىلا دەريادىن سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭدىن تېچاراۋى ئۆستىڭى بار. يۇقىرىقى توققۇز ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 454 چاقىرىم كېلىدۇ». ئۆستەڭلەرنىڭ سانى ۋە ئۇزۇنلۇقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكىدىن ئاز ۋە قىسقا بولسىمۇ، بىرقانچە يىل تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بولۇپمۇ شىڭپىڭ ئۆستىڭى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ 38 مىڭ موغا يەتتى.

## 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرى

مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) تارىم دەرياسى ئېقىن ئۆزگەرتىپ كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى قۇرغاقلىشىپ كەتكەن ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 1952 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جىڭ يىجاڭ، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈئامىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1488 دېھقان -چارۋىچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، لاي، قۇمۇش، دەرەخ شاخلىرىدىن تارىم توسمىسىنى ياساتتى. توسما ياساشقا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت، 140 مىڭ 600 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، 240 مىڭ كۇب مېتىر توپا توشۇلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى ئابدۇرۇسۇل تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. توسما پۈتكەندىن كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئەسلىگە كېلىپ، چارا ۋە تىكەنلىك رايونلىرىغا جان كىردى، يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان دېھقان - چارۋىچىلار قايتىپ كەلدى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 99 مىڭ 800 موغا يەتتى. 1956- يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى ئېچىپ، سۇ ئىنشائاتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللاندى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا لوپنۇر ناھىيىسىدە بەش غول ئۆستەڭ (ئىشلەپچىقىرىش-

قۇرۇلۇش بېكىتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭكىنى ئۆز، ئىچىگە ئالمايدۇ) چېپىلدى.

1) تارىم غول ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ تارىم يېزىسىدا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ لايىھەدىكى سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى 12 كۇب مېتىر. بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1956 ـ يىلى باشلىنىپ، 1958. يىلى پۈتتى، ئۇنىڭ بىلەن 60 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

2) يۇخوي ـ مىرسالى غول ئۆستىڭى بۇ غول ئۆستەڭ دۆڭقوتان يېزىسىدا بولۇپ، 1959 ـ يىلى چېپىلغان. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر بولۇپ، ئوسمان دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ، لايىھەدىكى سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى 13 كۇب مېتىر، ئەمەلىيەتتە سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى ئاران ئىككى كۇب مېتىر، بۇ ئۆستەڭ 1960 ـ يىلى پۈتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 40 مىڭ مو ئوتلاق سۇغىرىلىدۇ.

3) قارچۇغا غول ئۆستىڭى بۇ غول ئۆستەڭ دۆڭقوتان يېزىسىدا بولۇپ، 1964. يىلى چېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ، لايىھەدىكى سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى ئۈچ كۇب مېتىر، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 8000 مو يەر سۇغىرىلىدۇ.

4) ئاقسوپى غول ئۆستىڭى بۇ غول ئۆستەڭ ئاقسوپى يېزىسىدا بولۇپ، 1965. يىلى چېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر بولۇپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ، لايىھەدىكى سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى ئىككى كۇب مېتىر، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 7000 مو يەر سۇغىرىلىدۇ.

5) تارىم جەنۇبىي غول ئۆستىڭى بۇ غول ئۆستەڭ تارىم يېزىسىدا بولۇپ، 1969. يىلى چېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر بولۇپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ. لايىھەدىكى سېكۇنتلۇق سۇ باشلاش مىقدارى بەش كۇب مېتىر، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 12 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ.

70 ـ يىللاردا غول ئۆستەڭلەرگە تاش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق مەزمۇت تومۇ ۋە چۇشۇرگە قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن ئىنشائاتلار ياسالدى. 80 ـ يىللاردا غول ئۆستەڭلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە سۇ سىڭىپ، سىرغىپ كېتىدىغان قىسىملىرىغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ، ئۆستەڭلەرنىڭ پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئۆستۈرۈلدى، شىڭپىڭ غول ئۆستىڭىنىڭلا 22 كىلومېتىر قىسمىغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ، سېكۇنتىغا باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى يەتتە كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىرسالى غول ئۆستىڭى چېپىلدى، قارچۇغا غول ئۆستىڭى ئۇزارتىلدى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئالتە غول ئۆستەڭ (ئۇزۇنلۇقى 215 كىلومېتىر، سۇ سىڭمەس قىسمى 38 كىلومېتىر)، ئۈچ مەزمۇت تومۇ، 11 چۇشۇرگە بولۇپ، يىلىغا 191 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنىپ، 313 مىڭ مو يەر سۇغىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 104 مىڭ 200 مو، ئوتلاق 180 مىڭ مو، باغ 15 مىڭ مو.

## § 3. سۇ ساقلاش ئىنشائاتلىرى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە سۇ ساقلاش ئىنشائاتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2- شىسى ناھىيە تەۋەسىدە تارىم ئويمانلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشكەندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈنىنى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ قىشلىق بىكار سۈيىنى يىغىپ پايدىلىنىش باشلاندى. 1958 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى داشكۆل، چارا سۇ ئامبارلىرىنى ياساپ، 31 -، 32 -، 33 -، 34 -، 35 - تۇەن - مەيدانلارنىڭ سۇغىرىشقا كېرەكلىك سۈيىنى ھەل قىلدى. 60 - يىللاردا لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاقسوپى سۇ ئامبىرى، 70 - يىللاردا تارىم، «ئىتتىپاق»، قارچۇغا سۇ ئامبارلىرى ياسالدى، بۇ تۆت سۇ ئامبىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، داۋاملىق رېمونت قىلىنىپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، سۇ ساقلاش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۆت سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 45 مىليون 210 مىڭ كۇب مېترغا، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمى 32 مىليون 850 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى.

## 1. ئاقسوپى سۇ ئامبىرى

ئاقسوپى سۇ ئامبىرى تارىم يېزىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاقسوپى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 23 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ ئامبارنىڭ توسمىسى توپا توسما بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ قىشلىق بىكار سۈيى قاچىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 5 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتر، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمچانلىقى 3 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتر بولۇپ، 10 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1963 - يىلى باشلىنىپ، 1964 - يىلى پۈتتى، دۆلەت 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

## 2. تارىم سۇ ئامبىرى

تارىم سۇ ئامبىرى تارىم يېزىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى خادادۆڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 18 كىلومېتر كېلىدۇ. توسمىسى توپا توسما، ئاساسىي توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 مېتر، ئەڭ چوڭ توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتر. ئۇسمان دەرياسىنىڭ كەلكۈنى قاچىلىنىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى16 مىليون كۇب مېتر، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمچانلىقى 12 مىليون كۇب مېتر بولۇپ، 14 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 1970 - يىل 5 - ئايدا باشلىنىپ، 1973 - يىلى پۈتتى، ئۇنىڭغا جەمئىي 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 100 مىڭ يۈەن، گۇڭشې، ئەترەتلەر چىقارغىنى 100 مىڭ يۈەن.

## 3. قارچۇغا سۇ ئامبىرى

قارچۇغا سۇ ئامبىرى دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قارچۇغا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 110 كىلومېتر كېلىدۇ، توسمىسى توپا توسما، ئاساسلىق توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.7 كىلومېتر، ئەڭ چوڭ توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 5.5 مېتر، قوشۇمچە توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.35 كىلومېتر، بۇ ئامبارغا تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈنى قاچىلىنىدۇ. ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 18 مىليون كۇب مېتر، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمچانلىقى 14 مىليون 750 مىڭ كۇب مېتر بولۇپ، 29 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى 1972 - يىلى باشلىنىپ، 1973 - يىلى پۈتتى، ئۇنىڭغا جەمئىي 171 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ

سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 100 مىڭ يۈەن، گوڭشې، ئەترەتلەر چىقارغىنى 71 مىڭ 250 يۈەن.

### 4. «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى

«ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنىغا كەتتىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ، توسمىسى توپا توسما، ئاساسلىق توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.75 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭ توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، قوشۇمچە توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 كىلومېتىر. بۇ سۇ ئامبىرىغا شىڭپىڭ غول ئۆستەڭى ئارقىلىق كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىپ قاچىلىنىدۇ. ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 5 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىغىمچانلىقى 2 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر، يىلدا ئىككى قېتىم سۇ قاچىلىنىدۇ، 20 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا جەمئىي 618 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 525 مىڭ يۈەن، گوڭشې، ئەترەتلەر چىقارغىنى 93 مىڭ 600 يۈەن.

### قوشۇمچە
### ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىغا قاراشلىق سۇ ئامبارلىرى

**داشكۆل سۇ ئامبىرى** داشكۆل سۇ ئامبىرى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، تىكەنلىكنىڭ 20 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئوبلاست بويىچە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئامبارنى 1958- يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ياسىغان، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 228 مىليون كۇب مېتىر. ئۇنىڭغا 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنۇملۇك سۇغىرىش كۆلىمى 115 مىڭ موغا يېتىدۇ.

**چارا سۇ ئامبىرى** چارا سۇ ئامبىرى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، چارا يېزىسىنىڭ بەش كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 1958 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە ياسىغان. ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 115 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1989 - يىلى كېڭەيتىلىپ، سىغىمچانلىقى 210 مىليون كۇب مېتىرغا، ئۇنۇملۇك سۇغىرىش كۆلىمى 170 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى.

## § 4. ناسوس بىلەن سۇ چىقىرىش ئىنشائاتلىرى

كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تۇپراقنىڭ سۈپىتى ياخشى، شور ئاز بولۇپ، كېۋەز تېرىشقا باب كېلىدۇ. بۇ يەرنى ئۈزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىسى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قايغان سۇدىن پايدىلىنىلىدىغان سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1973 - يىلدىن 1975 - يىلغا قەدەر دۆلەت 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ قايغان سۈيىنى چىقىرىشقا توك يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتتى، 1974 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە ئۈچ ناسوس ئىستانسىسى قۇرۇپ،

تۆت سۇ ناسوسى ئورناتتى، ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتى 117 كىلوۋات، سېكۇنتلۇق سۇ چىقىرىش مىقدارى 0.565 كۇب مېتىر. چىقىرىلغان سۇ بىۋاستە يەر سۇغىرىشقا ئىشلىتىلدى، سۇ يەتكۈزۈش ئارىلىقى قىسقا، پايدىلىنىش نىسبىتى زور بولغاچقا، شال ۋە كېۋەز تېرىقچىلىقىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولدى. 1980 - يىلى ناسوس پونكىتى 21 گە، ناسوس 38 گە، قۇۋۋىتى 1220 كىلوۋاتقا، سېكۇنتلۇق سۇ چىقىرىش مىقدارى 7.3 كۇب مېتىرغا يەتتى. كۆنچى دەرياسىنىڭ قايغان سۈيىنىڭ مىقدارى چەكلىك بولغاچقا، ناسوس پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ناسوس پونكىتى 24 كە، ناسوس 42 گە، قۇۋۋىتى 1440 كىلوۋاتقا، سېكۇنتلۇق سۇ چىقىرىش مىقدارى 7.355 كۇب مېتىرغا يەتتى؛ ناسوس ئىستانسىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇغىرىش جىددىي بولۇپ، دەريادا چىقارغۇدەك سۇ قالمىغاندا، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن سۇ باشلاپ كېلىنىپ، سۇ چىقىرىپ سۇغىرىشنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدىغان بولدى. سۇ چىقىرىپ سۇغىرىشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، ناسوس ئىستانسىسى قۇرۇش چەكلەنمىدى.

لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1985 - يىلدىكى ناسوس ئىستانسىلىرى

4 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| ئورنى | ئېلېكترماتور (كىلو-ۋات/دانە) | سۇ چىقىرىش مىقدارى (كۇبمېتىر/سېكۇنت) | قۇرۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 47/2 | 0.21 | 1976 - يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى | 30/1 | 0.220 | 1976 - يىل |
| كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى | 40/1 | 0.135 | 1976 - يىل |
| ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 70/2 | 0.32 | 1979 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 40/1 | 0.22 | 1978 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 66/2 | 0.134 | 1978 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | 60/2 | 0.41 | 1980 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | 44/2 | 0.239 | 1980 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى تۇڭچېكە كەنتى | 70/2 | 0.41 | 1977 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى تۇڭچېكە كەنتى | 52/2 | 0.30 | 1978 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى تۇڭچېكە كەنتى | 52/2 | 0.30 | 1978 - يىل |
| شىڭپىڭ يېزىسى 3 - چوڭ ئەترەت 3 - ئەترەت | 40/1 | 0.22 | 1980 - يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى | 40/2 | 0.193 | 1979 - يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى 3 - كەنتى | 100/3 | 0.66 | 1977 - يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى 3 - كەنتى | 22/1 | 0.087 | 1978 - يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى 1 - كەنتى | 52/1 | 0.255 | 1979 - يىل |

| | | | |
|---|---|---|---|
| «ئىتتىپاق» يېزىسى 1 ـ كەنتى | 60/2 | 0.355 | 1978 ـ يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى 1 ـ كەنتى | 30/1 | 0.087 | 1978 ـ يىل |
| تارىم يېزىسى 3 ـ كەنتى | 105/2 | 0.57 | 1978 ـ يىل |
| تارىم يېزىسى 3 ـ كەنتى | 80/2 | 0.440 | 1978 ـ يىل |
| تارىم يېزىسى 7 ـ كەنتى | 80/2 | 0.44 | 1981 ـ يىل |
| تارىم يېزىسى 2 ـ كەنتى | 80/2 | 0.44 | 1981 ـ يىل |
| تارىم يېزىسى 6 ـ كەنتى | 80/2 | 0.44 | 1984 ـ يىل |
| «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى يېڭى ئېچىلغان يەر | 60/2 | 0.270 | 1984 ـ يىل |
| جەمئىي | 1440/42 | 7.355 | |

## § 5. قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىش ئىنشائاتلىرى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى ناچار، مىنېراللىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، يىللىق چىقىرىلىش مىقدارى ئاران 98 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ.

1976 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە توققۇز قۇدۇق قېزىلدى، ئەمما ئۇرۇشلەشتۇرۇلمىدى ۋە ئىشلىتىلمىدى. 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ قۇدۇق قېزىش مەبلىغى چۈشۈرۈپ بەردى، لوپنۇر ناھىيىسى تەبىئىي شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي، قۇدۇق قېزىش ئەترىتى تەشكىللەپ، قارىغۇلارچە كۆپلەپ قۇدۇق قېزىشقا كىرىشتى. 1979 ـ يىلىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 125 قۇدۇق قېزىلىپ، 121 ى ئۇرۇشلەشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە توك كۈچى بىلەن ئۇرۇشلەشتۇرۇلگەن قۇدۇق 73 (585 كىلوۋاتلىق)، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 24 (200 كىلوۋاتلىق). 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قۇدۇق 130 غا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. چىقىدىغان سۇ ئاز، سۇ چىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش ياخشى بولمىغاچقا، ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ماشىنىلارنىڭ بۇزۇلۇپ ۋە يېتىپ كېتىشى ئېغىر بولدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇدۇقتىن 117 سى قالدى، ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۇرۇشلەشكەن ساق قۇدۇقتىن 40 ىلا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكتر كۈچى بىلەن ئۇرۇشلەشتۇرۇلگەن قۇدۇق 39 (242 كىلوۋاتلىق)، ئادەملەر ۋە ھايۋانلار سۇ ئىچىدىغان قۇدۇق يەتتە، سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇدۇق 32؛ ماشىنىلاشقان قۇدۇق بىر (18 كىلوۋاتلىق)، بۇنىڭ سۈيىنى چارۋىچىلىق رايونى ئىشلەتتى. 1985 ـ يىلى 63 قۇدۇق كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى، قۇدۇقلار بورۋاي بىلەن قېزىلغاچقا، 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان بولدى.

## § 6. سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى

چىلىك سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ئېچىلغان يەر ئاز ئىدى، تېرىقچىلىق ئاساسەن دەريا بويلىرىدا قىلىناتتى، سالا ئېتىز، ئېتىزلار ئارىسىدا سۇغىرىش ئېرىقلىرى يوق ئىدى. ئېتىزلار غول ئۆستەڭ ياكى تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى بىلەن بىۋاستە باستۇرۇپ سۇغىرىلاتتى، سۇ نەگىچە بارالىسا، شۇ يەرگىچە تېرىقچىلىق قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تارىم1- مەيدانى بوز يەر ئاچقاندا، ئېتىزلار ئارىسىغا تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، سۇغىرىش ئېرىقى چاپتى ھەم يورۇشلەشكەن ئىنشائاتلارنى ياسىدى. تارىم 1 - مەيدانى 1959 - يىلى گوڭشې بىلەن يەر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، دېھقانلار چوڭ سالا ئېتىزدا تېرىقچىلىك قىلىشقا ماسلىشالمىدى؛ ئېتىزلار ئارىسىدىكى سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە ئىنشائاتلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ كەتتى. 1963 - يىلى سۇ ئىنشائاتى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇش قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېتىزلار ئارىسىغا يورۇشلەشكەن سۇغىرىش ئىنشائاتى ياساش باشلاندى. كېيىن بۇ قۇرۇلۇش كۆپ يىل توختاپ قالدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەنە باشلاندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە (يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 845 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەيدىغىنى 58 كىلومېتىر) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غول ئۆستەڭ 215 كىلومېتىر (سۇ سىڭمەيدىغىنى 38 كىلومېتىر)، تارماق ئۆستەڭ 86 كىلومېتىر (سۇ سىڭمەيدىغىنى 20 كىلومېتىر)، ئوق ئېرىق 167 كىلومېتىر، سۇغىرىش ئېرىقى 377 كىلومېتىر. ئېرىق - ئۆستەڭ بېشىدىكى يورۇشلەشكەن ئىنشائات 206 گە يەتتى. تېرىلغۇ يەرلەردە، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى يورۇشلەشكەن ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى %60 ئەتراپىغا يەتتى.

## § 7. زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى

چىلىك سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە زەيكەش بولمىغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئۆرلەپ، تۇپراقنىڭ شورلىششى ئۆزلۈكسىز ئېغىرلىشىپ كېتىپ، كۆپلىگەن يەر تاشلىنىپ قالغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدە بوز يەر ئېچىشقا باشلىغان تارىم 1 - مەيدانى زەيكەش چېپىپ، سۇچىقىرىۋېتىش-سۇغىرىش سىستېمىسى مۇكەممەل سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلدى. 1959 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئادەم كۈچى بىلەن زەيكەش چېپىلىپ، زەينى چىقىرىپ تۇپراقنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1959 - يىل 11 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى يەر تەڭشىگەندە، تارىم 1 - مەيدانىنىڭ يېرى لوپنۇر دېھقانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق بولغاچقا، دېھقانلار چوڭ سالا ئېتىزلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا ماسلىشالماي قالدى، زەيكەشلەر باشقۇرۇشسىز

قىلىپ، كۆپ قىسمى تىنىپ كەتتى، تۇپراق ناچارلىشىپ، ھوسۇلى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلغاندا زەيكەشلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 30 مىڭ مو يەردىكى غول، تارماق، ئوق زەيكەش ۋە ئېتىز بېشىدىكى زەيكەشلەر يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. بىراق كېيىن زەيكەش قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلمىدى ۋە قوغدالمىدى. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى قېزىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ زەيكەش چېپىشقا كىرىشىپ، يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 100 كىلومېتىر زەيكەش چاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە غول زەيكەش 30 كىلومېتىر، تارماق زەيكەش 20 كىلومېتىر، ئوق زەيكەش 20 كىلومېتىر، ئېتىز بېشىدىكى زەيكەش 30 كىلومېتىر. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە زەيكەش 194.1 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غول زەيكەش 28.5 كىلومېتىر، تارماق زەيكەش 36 كىلومېتىر، ئوق زەيكەش 45 كىلومېتىر، ئېتىز بېشىدىكى زەيكەش 84.6 كىلومېتىر، زەي چىقىرىش كۆلىمى 30 مىڭ مو، يىللىق زەي چىقىرىش مىقدارى 5 مىليون كۇب مېتىر.

## § 8. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىنشائاتلىرى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاساسەن تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدىن مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ دۆڭقوتان رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 60 ـ يىللارغا كەلگەندە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىرغا يەتتى، ئۇ ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ 1200 كۇب مېتىر/سېكونتلۇق كەلكۈنىنى توسقىلى بولاتتى. كېيىن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى داۋاملىق ياسىلىپ تۇردى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 36 كىلومېتىرغا يەتتى، ئۇ 8000 مو تېرىلغۇ يەر، 5000 ئاھالىنى قوغدايدۇ.

## § 9. باشقۇرۇش، خىراجەت

### 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇ ئىنشائاتلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتا مىراب تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. مىراب ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، 1 ـ دەرىجىلىك مىراب لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ توسما ياساش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛ 2 ـ دەرىجىلىك مىراب ئۆزگىچە تەۋە رايون (ئەينى ۋاقىتتىكى تىكەنلىك، دۆڭقوتان، قاراقۇم، چوڭكۆل قاتارلىق رايونلار) نىڭ سۇ ئىشلىرىغا، سۇ ئىنشائاتىغا ماتېرىيال ۋە ئەمگەك چىقىرىشنى سۈيلەشكە مەسئۇل ئىدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك مىراب (كەنت مىرابى «كۆكبېشى» دەپمۇ ئاتىلاتتى) شۇ كەنتنىڭ سۈيىنى تەقسىم قىلىش، پۇل يىغىشقا مەسئۇل ئىدى. 1 ـ دەرىجىلىك مىرابنى ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى، ئىش ھەققىنى ھۆكۈمەت بېرەتتى. 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مىرابلارنى يەرلىك ئاھالە سۇ باشقۇرۇشتا تەجرىبىلىك ۋە ئابرويلۇق كىشىلەردىن سايلايتتى. مىرابلارنىڭ يېرىنى يەرلىك ئاھالە تېرىشىپ بېرەتتى.

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، لوپنۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك مىراب ئەمەلدىن قالدى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە، ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس ئادەم قويۇلدى، يېزا، كەنتلەردە سۇ ئىشلىرىنى يەنىلا مىراب باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 4 - ئايدا، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئىلگىرىكى سۇ ئىشلىرى كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى سۇ ئىشلىرى كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. غوپۇر ياقۇپ مۇدىرلىققا سايلاندى، بۇ كومىتېت ناھىيىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. كەنتلەردە بەش - يەتتە كىشىلىك سۇ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. 1951 - يىلى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى كومىتېتى ئۆزگەرتىپ سايلاندى، كومىتېت 15 كىشىدىن تەركىب تاپتى، مۇسا تۆمۈر مۇدىر، ئوسمان مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ بېشىدا سۇ ئىشلىرى كەسپىگە دائىر ئىشلار كۈنسايىن كۆپەيگەنلىكتىن، كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇش باشلاندى.

**1) مەمۇرىي ئاپپارات** 1959 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە سۇ ئىشلىرى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى. بۇ بۆلۈمچىدە مەمۇرىي شتاتتىن ئۈچى، كەسپىي شتاتتىن ئالتىسى بار ئىدى. 1964 - يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ سۇ خىزمىتىگە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك قىلدى. 1973 - يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تۆت مەمۇرىي شتات، ئالتە كەسپىي شتات بېرىلدى. 1975 - يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1980 - يىلى سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى ئىدارە ئىشچى - خىزمەتچىسى 32 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر بىر، ياردەمچى ئىنژېنېر بىر، تېخنىك ئۈچ. سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىگە بىر باشلىق، ئىككى مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى. ئىدارە قارىمىقىدا پىلانلاش ئەترىتى، قۇدۇق قېزىش ئەترىتى، بېلىق تۇتۇش ئەترىتى، سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى بار.

**2) سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتى** 60 - يىللاردا سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىگە بىۋاستە قاراشلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن ئۈچى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىدە سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى قۇرۇلۇپ، ئۈچ سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى.

**(1) شىخېيىڭ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى** بۇ پونكىت 1961 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىخېيىڭ يېزىسى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 2 - تۇەنى ئارقا سەپ باشقارمىسىغا سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشكە، سۇغىرىش ئىشلىرىغا ھەم شىخېيىڭ غول ئۆستىڭى، «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئىنشائاتلارنى رېمونت قىلىشقا، 40 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر، 3000 مو ئورمان، 3500 مو ئوتلاقنى سۇغىرىشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى بۇ پونكىتتا ئۈچ كادىر، ئالتە ئىشچى بار بولدى.

(2) تارىم يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى    بۇ پونكىت 1961 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تارىم، «ئىتتىپاق» يېزىلىرىدا سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشكە، سۇغىرىش ئىشلىرىغا ھەم تارىم غول ئۆستەڭگى، تارىم سۇ ئامبىرى، ئاقسوپى سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئىنشائاتلارنى رېمونت قىلىشقا، 60 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى بۇ پونكىتتا توققۇز ئىشچى - خىزمەتچى، 11 ۋاقىتلىق ئىشچى بار بولدى.

(3) دۆڭقوتان يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى    بۇ پونكىت 1966 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۆڭقوتان يېزىسىدا سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشكە، تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقلارنى سۇغىرىشقا، تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈننى توسىدىغان توسما ياساشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، مىرسالى ئۆستىڭى، قارچۇغا جەنۇبىي ۋە شىمالىي غول ئۆستەڭلىرى، قارچۇغا سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئىنشائاتلارنى رېمونت قىلىشقا، 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى بۇ پونكىتتا ئىككى ئىشچى - خىزمەتچى، 16 ۋاقىتلىق ئىشچى بار بولدى.

3) ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا ئوخشاش بولمىغان مەزگىل ۋە ۋەزىپىلەرگە قاراپ، ھەرخىل ۋاقىتلىق رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى، ئالايلۇق، 1952 - يىلى تارىم توسمىسى قوماندانلىق شتابى، 60 - يىللاردا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى، «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇش قوماندانلىق شتابى، كەلكۈندىن ۋە قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى، «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى قوماندانلىق شتابى، سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى قاتارلىق ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى قۇردى. بۇ ئاپپاراتلار سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

## 2. ئىنشائاتلارنى باشقۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىسىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىڭپىڭ ئۆستىڭى چېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پۇقرالار ئۆزى باشقۇردى. ئۆستەڭنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش ۋە لاي - لاتقىلارنى ئادالاشقا ناھىيىنىڭ ئامبال - ھاكىملىرى ھەيدەكچىلىك قىلدى. دۆڭقوتاندىن يىڭچىكە دەرياسىغىچە 17 ئۆستەڭ چېپىلغان بولسىمۇ، باشقۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئاستا - ئاستا كاردىن چىقتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىنشائاتلار ياسالدى، بىراق ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، باشقۇرۇشقا سەل قارالدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى ياكى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىلا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋاقىتلىق رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولدى. 1961 - يىلىدىن كېيىن شىڭپىڭ، تارىم، دۆڭقوتان يېزىلىرىدا كەينى - كەينىدىن سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلار باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى ئۆستەڭ، توما، سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئىنشائاتلارنى قوغداشتا مەخسۇس ئادەم قويدى. ھەر يىلى يۇقىرى ئورۇنلاشتۇرغان رېمونت قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ، نەپ ئالمىدىغان ئورۇنلارنى ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى تازىلاشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا تەشكىللەپ تۇردى.

## 3. سۇ باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىملىرىدا

ئېچىلغان يەر ئاز بولۇپ، سۇ كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان بولغاچقا، لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىدىغان سۇ كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېچىلغان يەرمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. سۇغىرىش توغرا كەلگەندە مىرابلار قانچىلىك سۇ كېرەك بولسا، شۇنچىلىك باغلاپ بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان يەر كۆپەيدى، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى يېتىشمەي قالدى، تارىم دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ بەك ئازىيىپ كەتتى. 1957 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى، بۇ باشقارما كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشقۇرۇپ، قالايمىقان ئىشلىتىشكە يول قويمىدى. 1962 - يىلى ئوبلاستلىق سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسى كۆنچى دەرياسى سۈيىنىڭ توققۇز پىرسەنتىنى شىڭپىڭ ئۆستىڭىگە بۆلۈپ بەردى، 1965 - يىلى %9.4 كە كۆپەيتتى. تارىم غول ئۆستىڭىگە كۆنچى دەرياسىدىن باشلىنىدىغان سۇنىمۇ ئوبلاستلىق سۇ باشقۇرۇش باشقارمىسى بۆلۈپ بېرىدىغان بولدى. بۆلۈپ بېرىلگەن سۇنى ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى شىڭپىڭ، تارىم سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى سۇ مىقدارىنى ئۆلچەپ تۇرىدۇ ھەم سۇغىرىش كۆلىمى ۋە زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ، ئوق ئېرىقلارنى تەقسىملەپ بېرىدۇ، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ سۇ باشقۇرغۇچىلىرى ئېتىزلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. دۆڭقوتان يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ھەر يىلى تارىم دەرياسىغا توسما ياساپ كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ ئوتلاق ۋە بوز يەرلەرنى سۇغىرىدۇ. 60 - ۋە 70 - يىللاردا ياسالغان جەمئىي 45 مىليون 210 مىڭ كۇب مېتر سۇ قاچىلىنىدىغان تۆت سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش رايوندىكى سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى مەخسۇس ئادەم قويۇپ باشقۇرىدۇ. 70 - ۋە 80 - يىللاردا كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلغان 24 ناسوس ئىستانسىسىنى كەنت ۋە ئەترەتلەر باشقۇردى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە سۇ چىقىرىپ يەر سۇغىرىدۇ. 1980 - يىلى 161 مىليون 820 مىڭ كۇب مېتر سۇ بىلەن 102 مىڭ 200 مو يەر سۇغىرىلدى، ھەر مو يەرنى سۇغىرىشقا 1582 كۇب مېتر سۇ كەتتى. 1985 - يىلى 135 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتر سۇ بىلەن 104 مىڭ 200 مو يەر سۇغىرىلدى، ھەر مو يەرنى سۇغىرىشقا كەتكەن سۇ 1300 كۇب مېترغا چۈشتى.

## 4. سۇ ھەققى ئېلىش

مىنگو دەۋرىدە ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك ئەمگەك كۈچى سېلىق سېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دېھقانلار سۇ ھەققىنى، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىش، مىرابقا ئاشلىق بېرىش ياكى مىرابنىڭ يېرىنى تېرىپ بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن تۆلەيتتى. 1961 - يىلى ھەر مو يەرنىڭ سۇ ھەققى ئۈچۈن بىر جىڭ بۇغداي ئېلىنىپ، سۇ باشقۇرغۇچىنىڭ ئىش ھەققى ۋە سۇ ئىنشائاتىنىڭ رېمونت ھەققى قىلىنىدىغان بولدى. 1971 - يىلى ھەرمو يەرگە ئىككى جىڭ بۇغداي تاپشۇرۇلىدىغان بولدى، سۇ ھەققى تۆۋەن بولۇپ قالغاچقا، ئۇ چىقىمغا يەتمىدى. 1984 - يىلى دېھقانچىلىق رايونىدا ھەر مو يەرگە 1.5 يۈەندىن سۇ ھەققى ئېلىنىدىغان بولدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۇ ھەققى چارۋا سانىغا قاراپ ھەر تۇياق چارۋا ئۈچۈن 30 پۇڭدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىنىڭ ھەر تۇياق چارۋىسى ئۈچۈن 40 پۇڭدىن ھەق ئېلىنىدىغان بولدى. موغا ۋە تۇياققا قاراپ سۇ ھەققىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى سۇنى پىلانلىق، تېجەپ ئىشلىتىشكە پايدىسىز بولدى، سۇ ھەققى يەنىلا تۆۋەن بولۇپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى. 1985 - يىلى

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سۇ باشقۇرۇش تارمىقى موغا قاراپ ھەق ئېلىشنى ئىشلىتىلگەن سۇ (كۇب مېتىر) غا قاراپ ھەق ئېلىشقا ئۆزگەرتتى.

## 5. سۇ ئىنشائاتىغا مەبلەغ سېلىش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىڭ ھۆكۈمىتى مەبلەغ چىقىرىپ، شىڭپىڭ غول ئۆستىڭى ھەم دۆڭقوتاندىن يىڭچىكىچە بولغان ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى 260 مىليون كونا خەلق پۇلى (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 26 مىڭ يۈەن) قەرز بېرىپ، تارىم توسمىسىنى ياساتتى. كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى قەرز بېرىشنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. 1956 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتىغا ھەر يىلى كۆپ مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ تۇردى. 1966 - يىلدىن كېيىن سۇ ئىنشائاتى خىراجىتىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئۆلچىنىشى ۋە لايىھىسىنى ناھىيە ۋە ئاپتونوم ئوبلاست تەستىقلايدىغان، ئاندىن ئىش باشلىنىدىغان بولدى. دۆلەت سالغان مەبلەغ سېمونت، ياغاچ، پولات ماتېرىياللىرى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا كېرەكلىك ماي سېتىۋېلىشقىلا ئىشلىتىلدى، يەرلىك ماتېرىياللار ۋە ئەمگەك ھەققىنى خەلق ئاممىسى ئۆزى تەييارلىدى، ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ ئىش قىلىش تەلەپ قىلىندى. 1982 - يىلدىن كېيىن، دۆلەت سۇ ئىنشائاتىغا مەبلەغ سېلىشتا توختاملىق ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، لوپنۇر ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى كىچىك سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان يېزىلار بىلەن توختام ئىمزالىدى، پۇل بېرىشتە «ئاۋۋال قەرز بېرىش، كېيىن تولۇقلاش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مالىيە ئىدارىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ماتېرىيال سېتىۋېلىشقا سۇ ئىنشائاتىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ 30 — 50 پىرسەنتىنى قەرز بەردى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇشقا كەتكەن ئومۇمىي پۇلنىڭ 90 پىرسەنتىنى بەردى، قۇرۇلۇش ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بىر يىلغىچە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىسە، ئاندىن قالغان 10% پۇلنى بەردى.

**1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دۆلەت لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلەغ**

4 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| يىللار | چىقىم (يۈەن) | يىللار | چىقىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1952 | 26000 | 1971 | 36922 |
| 1956 | 1446 | 1972 | 173728 |
| 1957 | 10000 | 1973 | 85700 |
| 1958 | 13600 | 1974 | 74100 |
| 1960 | 10000 | 1975 | 130000 |
| 1961 | 14379 | 1976 | 142500 |
| 1962 | 35000 | 1977 | 257600 |
| 1963 | 143293 | 1978 | 594300 |
| 1964 | 46765 | 1979 | 428200 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1965 | 57017 | 1980 | 598300 |
| 1966 | 48727 | 1981 | 299100 |
| 1967 | 53000 | 1982 | 226500 |
| 1968 | 55161 | 1983 | 450000 |
| 1969 | 963 | 1984 | 465442 |
| 1970 | 11000 | 1985 | 391000 |

# II باب

# سۇ مەھسۇلاتلىرى

لوپنۇر ناھىيىسى كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىغا جايلاشقانلىقى، يېرى تۈز، دەريالار ئەگرى - بۈگرى، بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ قىنى تۇراقسىز، ئېقىنى ئۆزگىرىشچان، تارماقلىرى كۆپ بولغانلىقى، كۆل ۋە سازلىقلار ناھايىتى جىق بولغانلىقى، كەلكۈن مەزگىلىدە دەريا سۈيى ئەتراپقا يامراپ، نۇرغۇن تەبىئىي كۆللەر ھاسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، لوپنۇردا تاتلىق سۇ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە كۆل، تارماق ئېقىن، دەريا قىنى بولۇپ ئۈنۈملۈك سۇ يۈزى 320 مىڭ مودىن ئاشىدىكەن.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بېلىقچىلىق تارىخى خېلى ئۇزۇن، «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»دا «گۇاڭشۇ 15 - يىلى. . . . . لوپنۇرلۇقلار بېلىق تۇتۇپ يەپلا كۈن كەچۈرىدۇ، تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ، كەپىلەردە ياشايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) دىن ئىلگىرى يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا بېلىقچىلىقنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دېھقان- چارۋىچىلار ئۆزلىرى كەندىردىن توقىغان ۋە ياسىغان تور، ئارا، چاپما قولۋاق قاتارلىقلار بىلەن بېلىق تۇتۇپ، كۆپىنچىسىنى ئۆزلىرى ئوزۇق قىلىپ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېلىق تۇتىدىغانلار تەدرىجىي كۆپەيدى، بولۇپمۇ 60 - يىللارغا كەلگەندە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار خېلى ياخشى بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شەكىللەنمىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى بېلىق تۇتۇش ئەترىتى قۇردى ۋە سۇ ئامبارلىرىغا بېلىقچان سالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېلىقچىلىق بىر كەسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى، بېلىق تەدرىجىي كۆپىيىپ باردى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كەسپىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۇتۇلغان بېلىق يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 60 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بېلىققا بولغان ئېھتىياجمۇ ئېشىپ باردى، بۇ بېلىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 80 - يىللارغا كەلگەندە جەمئىيەتنىڭ بېلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن،

تەبىئىي كۆپىيىش تەدرىجىي ھالدا بېقىش بىلەن تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئۆستۈرۈلدى.

## § 1. سۇ يۈزى

### 1. سۇ يۈزى كۆلىمى

1983 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆل، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى 320 نەچچە مىڭ مو (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدىكى سۇ يۈزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا يېتىدۇ. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق سۇ يۈزى 107 مىڭ 500 مو بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 51 مىڭ 500 مو، پايدىلىنىلغان سۇ يۈزى 12 مىڭ 500 مو بولۇپ، بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزىنىڭ 31.24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1985 - يىلدىكى بېلىق بېقىلغان سۇ يۈزى**

4 - قىسىم 3 - جەدۋەل

| سۇ يۈزىنىڭ تۈرى | سۇ يۈزى (10 مىڭ مو) | بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى (10 مىڭ مو) | پايدىلىنىلغان سۇ يۈزى (10 مىڭ مو) |
|---|---|---|---|
| سۇ ئامبىرى | 4.6 | 1.25 | 0.75 |
| تەبىئىي كۆللەر | 4.35 | 3 | 0.41 |
| كۆنچى دەرياسى | 1.8 | 1.8 | 0.09 |
| جەمئىي | 10.75 | 5.15 | 1.25 |

### 2. بېلىقچىلىق رايونلىرى

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بېلىقچىلىق رايونلىرىنى تەبىئىي شارائىتقا قاراپ كۆنچى دەرياسى بېلىقچىلىق رايونى، تەبىئىي كۆللەر بېلىقچىلىق رايونى، سۇ ئامبارلىرى بېلىقچىلىق رايونى دەپ ئۈچ چوڭ بېلىقچىلىق رايونىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) كۆنچى دەرياسى بېلىقچىلىق رايونى كۆنچى دەرياسى پۇخۇي توسمىسىدىن تارىم يېزىسىنىڭ ئاقسۇپى كەنتىگىچە 574 كىلومېتىر ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتىدۇ، دەريا سۈيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىنېراللىش دەرىجىسى 1.77 گىرام/لېتىرغا يېتىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە تارام جايلىرىدا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى قويۇق ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندا ئوتلايدىغان چارۋىلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ماياق ۋە تېزەكلىرى سۇغا چۈشۈپ، دەريا سۈيىنى خېلىلا قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ. دەريادا يەنە لەيلىگۈچى ئۆسۈملۈكلەر، جانىۋارلار بار، شۇڭا بۇ رايون بېلىق كۆلچىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندىكى سۇ يۈزى 18 مىڭ مو، بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 18 مىڭ مو، پايدىلىنىلغان سۇ يۈزى 900 مو.

ئاقسۇپى كەنتىنىڭ تۆۋىنىدىن ئىسسىداشى، روزىباغاچ قاتارلىق جايلارغىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ - كىچىك كۆلدىن 12 سى بولۇپ، كۆلىمى 4580 موغا يېتىدۇ. بۇ كۆللەرگە قويۇلىدىغان

سۇ تارىم دەرياسىدىن كېلىدۇ. كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى قويۇق ئۆسىدۇ، كۆپلىگەن چارۋا بېقىلىدۇ، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ يەرمۇ بېلىق بېقىلىدىغان ياخشى جاي.

2) تەبىئىي كۆل بېلىقچىلىق رايونى    تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمى (ناھىيە تەۋەسىگە كىرگەندىن تارتىپ چاراغچە) نىڭ ئىككى قىرغىقىدا چوڭ كۆلدىن 25 ي بولۇپ، كۆلىمى 43 مىڭ 500 موغا، بېلىق بېقىشقا بولىدىغان كۆلىمى 30 مىڭ موغا، پايدىلىنىلغان كۆلىمى 4100 موغا يېتىدۇ. بۇ يەردە سۇ ئوت - چۆپلىرى قويۇق ئۆسىدۇ، بۇ يەر ناھىيىنىڭ مۇھىم ئوتلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا بېقىلىدۇ، چارۋىلارنىڭ ماياق - تېزەكلىرى سۇغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، سۇدا يەم كۆپ، بۇ بېلىق يايرايدىغان ياخشى جاي.

### كۆنچى دەرياسى بېلىقچىلىق رايونى ۋە ئاقسۇپى رايونىدىكى كۆللەر

4 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| كۆل نامى | كۆلىمى (مو) | كۆل نامى | كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|
| ئارا بەرگەن كۆلى | 500 | ئېشەك ئۆلدى كۆلى | 200 |
| قونچىغان كۆلى | 1000 | ئازۇمەت كۆلى | 100 |
| ئىمىنداشى كۆلى | 500 | ھىدايباي كۆلى | 40 |
| قاراتېتىر كۆلى | 300 | ئاچچىق كۆلى | 60 |
| مۇرادىل كۆلى | 300 | قىرچىن كۆلى | 80 |
| دىلپار كۆلى | 500 | | |
| كىرەللىك كۆلى | 1000 | جەمئىي | 4580 |

### لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كۆللەر

4 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| كۆل نامى | كۆلىمى (مو) | كۆل نامى | كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|
| ئاق مەھەللە كۆلى | 500 | قۇر كۆلى | 100 |
| شار بۇلاق كۆلى | 500 | تۇيۇل كۆلى | 200 |
| يۇتلاق كۆلى | 200 | سىدى كۆلى | 500 |
| ئاپياز كۆلى | 1000 | زىلچى كۆلى | 500 |
| ئاچىغ كۆلى | 200 | قاسىمباي كۆلى | 600 |
| چاقا كۆلى | 200 | شوركۆل | 300 |
| توقاي كۆلى | 1000 | ياقا كۆل | 400 |
| قايلاش كۆلى | 150 | ئاچىغ دەريا كۆلى | 1000 |
| ئاۋار كۆلى | 1000 | بېتىر كۆلى | 1500 |
| مىسىك كۆلى | 300 | يانابېتىر كۆلى | 600 |
| توخولا كۆلى | 200 | قاماق كۆلى | 300 |
| لايسۇلۇق كۆل | 300 | مارال كۆلى | 200 |
| زىدى كۆلى | 500 | جەمئىي | 12550 |

3) سۇ ئامبىرى بېلىقچىلىق رايونى

ناھىيە تەۋەسىدە ناھىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ۋە كىچىك سۇ ئامبىرىدىن تۆتى (بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، ئەڭ چوڭ سۇ يۈزى 46 مىڭ 500 موغا، بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 12 مىڭ 500 موغا، پايدىلىنىلغان سۇ يۈزى 7500 موغا يېتىدۇ. بۇ سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىر قىسمى دەريا توسۇپ ياسالغان بولۇپ، سۇ يۈزى چوڭ، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى (يېكەن، قومۇش) ۋە لەيلىگۈچى جانۋارلار خېلى كۆپ، سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا چارۋا بېقىلغاچقا، سۇ قۇۋۋەتلىك بولۇپ، بېلىق بېقىش شارائىتى ياخشى.

لوپنۇر ناھىيىسىگە قاراشلىق سۇ ئامبارلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى بېلىق بېقىلىدىغان كۆلىمى

4 - قىسىم 6 - جەدۋەل

| سۇ ئامبىرى | سىغىمچانلىقى (10 مىڭ كوب مېتىر) | ئەڭ چوڭ سۇ يۈزى (مو) | بېقىلغان بېلىق سۇ يۈزى (مو) | ئامبار تىپى |
|---|---|---|---|---|
| «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرى | 540 | 6000 | 1000 | كىچىك |
| ئاقسوپى سۇ ئامبىرى | 581 | 7000 | 2500 | كىچىك |
| تارىم سۇ ئامبىرى | 1600 | 15000 | 5000 | ئوتتۇرا |
| قارچۇغا سۇ ئامبىرى | 1800 | 18500 | 4000 | ئوتتۇرا |
| جەمئىي | 4521 | 46500 | 12500 | |

## § 2. سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى

### 1. بېلىق

ناھىيە تەۋەسىدىكى بېلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى كارىپ بېلىقسىمانلار ئەترىتى كارپلار ئائىلىسىگە تەۋە. مىڭگو دەۋرىدە تارىم ياپلاق تۇمشۇق بېلىقى (يوغانباش بېلىق) ۋە يېرتىق قورساق بېلىق (ئۇچلۇق تۇمشۇق بېلىق) دىن ئىبارەت ئىككى خىللا يەرلىك بېلىق بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى بېلىق خىللىرى تەدرىجىي كەلتۈرۈلدى، 60 - يىللاردا تاپان بېلىق، كارىپ بېلىقى كەلتۈرۈلدى. 70 - يىللاردىن باشلاپ زاغرا بېلىق، لاققا بېلىق، يوغانباش بېلىق، لېش بېلىق، بايقال ئاقبالداق بېلىقى، بويلۇق ئاقبالداق بېلىق، شەرق يېسا بېلىقى، قىزىل ئوكۇن بېلىق قاتارلىق ئون نەچچە خىل بېلىق كەلتۈرۈلدى. ياپلاق تۇمشۇق بېلىق، يېرتىق قورساق بېلىق قاتارلىق يەرلىك بېلىقلار تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن1980- يىلىغا قەدەر ئازىيىپ كەتتى.

### 2. ئۆسۈملۈكلەر، جانلىقلار

ناھىيە تەۋەسىدىكى دەريا، سۇ ئامبارلىرى ۋە كۆللەردە لەيلىگۈچى جانلىقلار، سۇ

ئۆسۈملۈكلىرى، سۇ ھايۋانلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

1) سۇدا تىك ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر    قومۇش، يېكەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) قومۇش    يىلىغا تەخمىنەن 3000 توننىدىن ئارتۇق قومۇش چىقىدۇ. 50 - يىللاردا ئاز بىر قىسمى قورۇلۇشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كۆپىنچىسى ئۆزى ئۆسۈپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتەتتى. 60 - يىللاردىن كېيىن لوپنۇر ناھىيىسى ئۆزى ئىشلەتكەندىن سىرت، باشقا جايلارغىمۇ يۆتكەپ بېرىدىغان بولدى. 1981 - يىلى 1360 توننا قومۇش سىرتقا يۆتكەلدى.

(2) يېكەن    ئۈنىڭدىن بورا، قاپ ۋە يەلپۈگۈچ توقۇغىلى، يىلتىزىنى يېگىلى بولىدۇ، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن قاتناشقا ئوخشاش شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ئۆزى ئۆسۈپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتىدۇ.

2) يەم بايلىقى

(1) لەيلىگۈچى ئۆسۈملۈكلەر    بۇ خىل ئۆسۈملۈك جەمئىي 50 ئۇرۇقداش بولۇپ، كۆك يوسۇن ئۇرۇقدىشى 11، قاسراقلىق يوسۇن ئۇرۇقدىشى ئۈچ، سېرىق يوسۇن ئۇرۇقدىشى ئۈچ، قىزىل يوسۇن ئۇرۇقدىشى ئىككى، يېشىل يوسۇن ئۇرۇقدىشى 12، يالىڭاچ يوسۇن ئۇرۇقدىشى ئۈچ، كرېمنىيلىق يوسۇن ئۇرۇقدىشى 16.

(2) لەيلىگۈچى ھايۋانلار    بۇ خىل ھايۋان جەمئىي 30 ئۇرۇقداش بولۇپ، شاخچە مۇڭگۈزسىمانلار ئۇرۇقدىشى 12، پالاق پۇتلۇقلار ئۇرۇقدىشى ئۈچ، ھالقىسىمان قۇرت ئۇرۇقدىشى سەككىز، ئاددىي ھايۋانلار ئۇرۇقدىشى يەتتە.

(3) سۇ ئاستى ھايۋانلىرى    بۇ خىل ھايۋان جەمئىي ئۈچ ئۇرۇقداش بولۇپ، يۇمشاق تەنلىكلەردىن لوپنۇر قۇلۇلىسىمان سۇ قۇرتلىرى، پاشا لىچىنكىسى قاتارلىقلار بار. سۇدا ياشايدىغان ئاز تۈكلۈكلەردىن سۇ سازىڭى بار.

(3) لەيلىگۈچى جانلىقلارنىڭ مىقدارى    لەيلىگۈچى ئۆسۈملۈكلەردىن بىر لېتر سۇدا 653 مىڭ 865 تال، لەيلىگۈچى ھايۋانلاردىن 3818ى بار.

## § 3. بېلىقچىلىق

### 1. بېلىق

70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى بېلىق تۇتۇش ئەترىتى قۇردى. ئۇلار سۇ ئامبارلىرىغا بېلىقچان سېلىپ سۈنئىي ئۇسۇلدا بېلىق بېقىشقا باشلىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مايلىق گۆش تۈرىدىن توخۇ، ئۆردەك، تۇخۇم، بېلىققا ئۆزگەردى، كۆپلىگەن دېھقان - چارۋىچىلار بېلىق بېقىش كەسپىي ئائىلىسىگە ئايلاندى، ئۇلار كۆللەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، بېلىقچان سېلىپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا باقتى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى بېلىقچان سېلىنىش ئەھۋالى**

4 ـ قىسىم 7 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ

| يىللار | سېلىنغان ئومۇمىي بېلىقچان | تۈرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | كارىپ بېلىقى | زاغرا بېلىق | لاقا بېلىق |
| 1969 | 20 | 2 | 6 | 12 |
| 1978 | 30 | 3 | 9 | 18 |
| 1984 | 10 | 1 | 3 | 6 |
| 1985 | 170 | 34 | 102 | 34 |

## 2. ئىپار چاشقان

ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇدا بېلىق بېقىلىغاندىن سىرت، ئىپار چاشقانمۇ بېقىلىدۇ. 1958 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تاشقى سودا ئىدارىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چوڭكۆل رايونىدا ئىپار چاشقان بېقىش مەيدانى قۇرۇپ، جەمئىي 7063 ئىپار چاشقان كىرگۈزدى، بۇنىڭغا دۆلەت 28 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدە 1985 ـ يىلى ئىپار چاشقان تېرىسى سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

4 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل

| يىللار | سېتىۋېلىنغان تېرە (پارچە) | يىللار | سېتىۋېلىنغان تېرە (پارچە) |
|---|---|---|---|
| 1962 | 3214 | 1974 | 4928 |
| 1963 | 30213 | 1975 | 4649 |
| 1964 | 73475 | 1976 | 4465 |
| 1965 | 48631 | 1977 | 4415 |
| 1966 | 11131 | 1978 | 1484 |
| 1967 | 15505 | 1979 | 1200 |
| 1968 | 20478 | 1980 | 3000 |
| 1969 | 15380 | 1981 | 4000 |
| 1970 | 8682 | 1982 | 5481 |
| 1971 | 13624 | 1983 | 574 |
| 1972 | 12159 | 1984 | 7 |
| 1973 | 9939 | 1985 | 75 |

# § 4. بېلىق تۇتۇش

## 1. تۇتۇش مىقدارى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بېلىق بايلىقى ناھايىتى مول، بېلىق تۇتۇش تارىخى ئۇزۇن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ زامانىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىلا، شۇ يەردىكى خەلق بېلىقنى

ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى قىلاتتى. بىراق XX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن ئىلگىرى ياۋا كەندىر (لوپنۇر كەندىرى) دىن توقۇلغان تور، ئارا ۋە چاپما قولۋاق بىلەن بېلىق تۇتۇلاتتى، بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى قالاق بولغانلىقتىن، تۇتۇلغان بېلىق مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەنخۇي ۋە جياڭسۇ ئۆلكىلىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىگە بىرقەدەر ئىلغار بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى ۋە بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنى ئېلىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، تۇتۇلغان بېلىق مىقدارى ئاشتى. 1977 - يىلى بېلىقچىلىق بىر خىل كەسىپكە ئايلانغاندىن كېيىن، تۇتۇلغان بېلىق مىقدارى ئېشىپ باردى. 1983 - يىلى بېلىق بېقىش كەسپىي ئائىلىلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى، شۇ يىلى 25 گوڭشې ئەزاسى 5000 مودىن ئارتۇق سۇ يۈزىنى ھۆددىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق يېڭى باسقۇچقا كىردى.

1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بېلىقلارنى كۆپىنچە شەخسلەر تۇتۇپ ساتتى، كوللېكتىپنىڭ بېلىق تۇتۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشى ناھايىتى ئاز بولدى، دۆلەتنىڭ بېلىق تۇتۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشى تېخىمۇ ئاز بولدى. ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يىللىق تەبىئىي تۇتۇلغان بېلىق مىقدارى ئون توننىدىن 50 توننىغىچە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق بېقىش كەسپىي ئائىلىلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ تۇتقىنى %80، دۆلەت (سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى) نىڭ تۇتقىنى %20 بولغان. 1977 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان سەككىز يىلدا دۆلەت جەمئىي 123 توننا بېلىق تۇتتى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 60 توننا بېلىق تۇتۇلدى، بۇ 1950 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ.

### لوپنۇر ناھىيىسىدە بېلىق تۇتۇلۇش ئەھۋالى

4 - قىسىم 9 - جەدۋەل

| يىللار | جەمئىي (توننا) | تۇتۇلۇش مىقدارى (توننا) | |
|---|---|---|---|
| | | تەبىئىي بېلىق | سۈنئىي بېقىلغان بېلىق |
| 1950 — 1966 | 30 — 40 | 30 — 40 | |
| 1967 | 10 | 10 | |
| 1968 | 10 | 10 | |
| 1969 | 10 | 10 | |
| 1970 | 10 | 10 | |
| 1971 | 20 | 20 | |
| 1972 | 20 | 20 | |
| 1973 | 25 | 25 | |
| 1974 | 30 | 30 | |
| 1975 | 30 | 30 | |
| 1976 | 30 | 30 | |
| 1977 | 38 | 35 | 3 |
| 1978 | 39 | 35 | 4 |
| 1979 | 45 | 40 | 5 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1980 | 52 | 45 | 7 |
| 1981 | 55 | 45 | 10 |
| 1982 | 55 | 45 | 10 |
| 1983 | 70 | 50 | 20 |
| 1984 | 61 | 56 | 25 |
| 1985 | 60 | 21 | 39 |

## 2. بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى

چىڭ سۇلالىسى مىنگو دەۋرلىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى ناھايىتى ئاددىي ھەم قالاق بولۇپ، بېلىق ئاساسەن، لوپنۇر كەندىرىدىن توقۇلغان تور، ئارا، چاپما قولۋاق قاتارلىقلار بىلەن تۇتۇلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئاسما تور، تارتما تور، توسما تور، ئۈچ قات تور قاتارلىق بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى بارلىققا كەلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1985 ـ يىلدىكى بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى**

4 ـ قىسىم 10 ـ جەدۋەل

| نامى | سانى | | ئۆلچىمى | |
|---|---|---|---|---|
| | پارچە | مېتىر | تۆشۈكچىسى | ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال |
| ئاسما تور | 40 | 40000 | 12ـ10 سانتىمېتىر | نىلون يىپ كوللىنىدلىق يىپ |
| تارتما تور | 200 | 600 | 8 ـ 11 سانتىمېتىر | پولۋىنىلىق سۇلياۋ يىپ |
| توسما تور | 15 | 1000 | 6 ـ 10 سانتىمېتىر | كوللىنىدلىق يىپ |
| ئۈچ قات تور | 7 | 2000 | تاشقى تور دىئامېتىرى 15 سانتىمېتىر | پولۋىنىلىق سۇلياۋ يىپ |
| | | | ئىچكى تور دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر | نىلون يىپ |
| | | | تاشقى تور دىئامېتىرى 15 سانتىمېتىر | پولۋىنىلىق سۇلياۋ يىپ |

# بەشی پێنجەم

# سانائەت؛ شەهەر - پێزا قۆرزۆلۆشی

# بەشىنچى قىسىم

# سانائەت، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## I باب

## سانائەت

### § 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

«لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە ئىككى ياغاچچى، ئۈچ تۆمۈرچى بولغان.

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە پەقەتبەزىبىر قول سانائەتلا بار ئىدى. مىنگونىڭ 38- يىلى(1949 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە 12 جۇۋازخانا، 12 جۇۋازچى، 11 كىگىزچىلىك دۇكىنى، 46 كىگىزچى، ئۈچ تىككۈچىلىك دۇكىنى، 17 تىككۈچى، بەش ياغاچچىلىق دۇكىنى، 13 ياغاچچى، تۆت تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، 12 تۆمۈرچى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەرلىك سانائەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، قول سانائەتچىلەرنى تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، شاگىرتلارنى پائال تۈردە ياخشى يېتەكلەشكە ئىلھاملاندۇردى. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. 1956 - يىلى تىككۈچىلىك كوپېراتىپى، كۆن- خۇرۇم كوپېراتىپى، ياغاچ سايمانلار گۇرۇپپىسى، تۆمۈر سايمانلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى، ئاشلىق- ياغ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 634كە يەتتى. بۇ زاۋۇتلار «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى ئاستىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكى، خام ئەشيا- ماتېرىيال كەمچىل، تېخنىكا قالاق، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىگە توغرا كەلگەنلىكى.سەۋەبلىك بەزى زاۋۇتلار تاقىلىپ قالدى، پەقەت قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپىغا قاراشلىق بىر نەچچە كوللېكتىپ سانائەتلا

قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قېلىپ قالغان بىرنەچچە زاۋۇتمۇ باشقۇرۇش قالايمىقان، مەھسۇلات سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش ياكى يېرىم توختىتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەۋقە ئۆز يېرىنىڭ بايلىق مەنبەسى ۋە نەق سانائەت ئاساسىغا قويۇلۇپ، ئارتۇقچىلىقلار جارى قىلدۇرۇلۇپ، كەمچىلىكلەر تۈگىتىلىپ، مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك چۆچۈك بويا قىيامى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلار ياخشى باشقۇرۇلدى، ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى تاقىلىپ شىكەر زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت ئىلگىرى - كېيىن 555 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيىلىك چۆچۈك بويا قىيامى زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ قۇردى. كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئاساس خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەزمۇننى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش يولىدا مېڭىپ، كارخانىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسىدىن ئالتىسى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا تۆت، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئىككى، بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 640 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ناھىيىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بار بولۇپ، ئۇ، قول سانائەتچىلەر، سودا ساھەسىدىكى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە تەدرىجىي ھالدا سانائەت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بەرپا قىلىندى. 1950 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1956 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ سانائەت - قاتناش خىزمىتىنى باشقۇردى. 1961 - يىل 8 - ئايدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن‌قالدۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناش - ماشىنا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا سانائەت - قاتناش - ماشىنا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ سانائەت، قاتناش خىزمىتى پىلان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سانائەتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، سانائەت - قاتناش خىزمىتى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى سانائەت - قاتناش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1973 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن سانائەت - قاتناش خىزمىتى ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى.

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەرلىك سانائىتىنىڭ 1968 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى

5 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى | | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى | | يەككە ئىگىلىكتىكى سانائەت كارخانىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئىگىلىش نىسبىتى % | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئىگىلىش نىسبىتى % | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئىگىلىش نىسبىتى % |
| 1968 | 47.44 | 37.94 | 79.97 | 9.5 | 20.03 | | |
| 1969 | 46.64 | 37.94 | 81.35 | 8.7 | 18.66 | | |
| 1970 | 46.59 | 40.49 | 86.90 | 6.1 | 13.1 | | |
| 1971 | 93.06 | 83.33 | 89.54 | 9.73 | 10.46 | | |
| 1972 | 89.61 | 82.91 | 92.52 | 6.7 | 7.47 | | |
| 1973 | 64.99 | 57.89 | 89.07 | 7.1 | 10.93 | | |
| 1974 | 84.81 | 78.03 | 92 | 6.78 | 8 | | |
| 1975 | 89.60 | 79.89 | 89.16 | 9.71 | 10.83 | | |
| 1976 | 98.54 | 65.95 | 87.22 | 12.59 | 12.77 | | |
| 1977 | 124.06 | 104.42 | 84.16 | 19.64 | 15.84 | | |
| 1978 | 135.22 | 103.5 | 76.54 | 31.72 | 23.46 | | |
| 1979 | 142.01 | 102.8 | 72.39 | 39.21 | 27.61 | | |
| 1980 | 146.86 | 115.59 | 78.71 | 31.27 | 21.29 | | |
| 1981 | 224.62 | 189.81 | 84.50 | 34.81 | 15.59 | | |
| 1982 | 352.26 | 309.80 | 87.95 | 42.18 | 11.96 | 0.28 | 0.08 |
| 1983 | 429.53 | 379.71 | 88.40 | 49.68 | 11.56 | 0.14 | 0.04 |
| 1984 | 473.64 | 227.63 | 48.06 | 209.27 | 44.18 | 36.74 | 7.76 |
| 1985 | 664.02 | 293.20 | 44.16 | 348.06 | 52.41 | 22.76 | 3.43 |

## 2 §. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت

### 1. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە پەقەت ئازساندىكى يەككە قول سانائەتچىلەرلار بار ئىدى، ئۇلار تاقا، ئورغاق، كەتمەن، پالتا-سوقاتتى، كىگىز، پىما ئېتەتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914- يىلى) ناھىيە بويىچە يەتتە جۇۋازخانا، تۆت سۇ تۈگمىنى، ئۈچ تۆمۈرچى، ئالتە ياغاچچى، 11 كىگىزچى، پىمىچى ۋە كىگىز پايپاق ئەتكۈچى بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە 12 جۇۋازخانا (خادىمى 12)، ئون سۇ تۈگمىنى (خادىمى ئون)، 11 كىگىز، پىما

ۋە كىگىز پايپاق ئېتىش دۇكىنى (خادىمى 46)، ئۆچ تىككۈچىلىك دۇكىنى (خادىمى17)، بەش ياغاچچىخانا (خادىمى 13)، تۆت تۆمۈرچىخانا (خادىمى 12) بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەككە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال مەدەت بەردى. 1956 ـ يىلى يەككە قول سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىپ بىرلەشمە ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا قويۇلغاندا، جۇۋازخانا سەككىز (خادىمى سەككىز) گە، تۆمۈرچىخانا تۆت (تۆنىكچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، خادىمى سەككىز) گە، ياغاچچىخانا يەتتە (خادىمى20) گە، كىگىزچى، پىمىچى ۋە كىگىز پايپاق ئېتىش دۇكىنى 20 (خادىمى 20) گە، تىككۈچىلىك دۇكىنى يەتتە (خادىمى يەتتە) گە يەتتى. 1956 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە يەككە سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتكە كىردى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن يەككە قول سانائەت يەنە بارلىققا كەلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يەككە قول سانائەتچى 111 گە، خادىمى 222گە، جۈملىدىن ياغاچچى توققۇز (خادىمى 20) غا، تۆمۈرچى ئۈچ (خادىمى ئالتە) گە يەتكەن.

## 2. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائىتى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتكەندە بارلىققا كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەككە قول سانائىتى، ئاساسەن، ناھىيە بازىرى ۋە تىكەنلىك قاتارلىق جايلارغا جايلاشقانىدى، ئاساسەن، ئورغاق، كەتمەن، تۆمۈرئارا، مەش، مەشنىڭ كارنىيى، چېلەك، پىما، جۇۋا، كىگىز پايپاق، كىيىم-كېچەك قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. دۆلەت ئۇلارغا پائال مەدەت بەرگەچكە، يەككە قول سانائەت خېلى كۆپ تەرەققىي قىلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل قول سانائەتچى 1950 ـ يىلدىكى 35 تىن 66گە كۆپەيدى.

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىدا لوپنۇر ناھىيىلىك قول سانائەت كوللېكتىپ تەشكىلاتى — كۆن ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە تىككۈچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 31 قول سانائەتچى، 32 خادىم كوپېراتىپقا كىردى؛ يەنە تۆمۈر، ياغاچ سايمان ياساش گۇرۇپپىسىدىن ئۈچى بولۇپ، ئۇلارغا 35 ئائىلە، 36 خادىم قاتناشتى. ناھىيە بازىرىدا ئۈچ ئائىلىلىك مىسكەر كوپېراتىپ (گۇرۇپپا) قا كىرمىدى. كوپېراتىپ (گۇرۇپپا) لارنىڭ شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 205 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. بولۇپمۇ شۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئامما ياخشى كۆرىدىغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دوپپا، خۇرۇم ئاياغ كىيىم، خۇرۇم چاپان، كىگىز، پىما، كىگىز پايپاق قاتارلىقلار خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىش ھەققىمۇ كۆپەيدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 51.29 يۈەنگە يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن %6.33 كۆپەيدى.

1963 ـ يىلى قول سانائەت كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) ئالتىگە يەتتى. بىر يىلدا 12 مىڭ 957 دانە قول سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 3869. مۇشۇ بىر يىلدا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 515 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 799 مىڭ

يۈەنىنىڭ 64.45 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. شۇ يىلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تىككۈچىلىك، كىگىزچىلىك، تامچىلىق - ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق قاتارلىق ئالتە كوپېراتىپ (گۇرۇپپا) تەسىس قىلىندى. 1966 - يىلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 92 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت زور دەرىجىدە نابۇت قىلىندى. 1970 - يىلى يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئاران 61 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولغان 1966 - يىلدىكى 92 مىڭ 400 يۈەندىنمۇ 33.98% تۆۋەن بولدى.

1976 - يىلى چەت، ياقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك توكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاش ئاساسىدا دۆڭقوتان ئېلېكتر ئىستانسىسى، تارىم يېزىسى ئاقسۇيى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت يەنە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتە پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش يولىغا قويۇلدى.

1984 - يىلى ئەسلىدىكى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاساسىدا لوپنۇر ناھىيىلىك2- يېنىك سانائەت ئىدارىسى (قىسقارتىلىپ 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى ئاساسلىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى، ئاساسلىقى، تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، كىگىزچىلىك قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى مەركەزلەشتۈرۈلدى ھەمدە سۈرەتچىلىك، ساتىراشلىق، ئاشخانا ئېچىش، رېمونتچىلىق قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. 2 - يېنىك سانائەت سىستېمىسىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە پۈتۈنلەي قول مەشغۇلاتىنى ئاساس قىلغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى. 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش يېتىشىپ ماڭالمىغاچقا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، سۈپىتى تۆۋەن، سېتىلىش يوللىرى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلاتلار ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قالدى. 1985 - يىلى 2 - يېنىك سانائەت سىستېمىسىدا پەقەت قاڭالتىر پىششىقلاپ ئىشلەش، تىككۈچىلىك، ياغاچ سايمان ياساش كوپېراتىپىلا قالدى، بۇ كوپېراتىپلاردا 36 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 171 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 5000 يۈەنگە يەتتى.

1) تىككۈچىلىك كوپېراتىپى بۇ كوپېراتىپ 1956 - يىلى يەتتە ئائىلىلىك يەككە تىككۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلغان بولۇپ، كىچىك كوپېراتىپ تۈزۈلمىسىدىكى ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدۇ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. كوپېراتىپقا كىرگەندە ھەر بىر ئادەم 45 يۈەن پاي تاپشۇرغان، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەنىدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 71 مىڭ

يۈەنگە يەتتى.

2) تۆمۈر سايمان كوپېراتىپى بۇ كوپېراتىپ 1956 - يىلى سەككىز يەككە تۆمۈرچىدىن تەشكىللەنگەن، سايمان ياساش جابدۇقلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن (ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سايمان ياساش جابدۇقلىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ كوپېراتىپقا كىرىشتە پاي سوممىسى قىلىنغان). 1958 - يىلى كەڭ كۆلەملىك پولات تاۋلاش ھەرىكىتى جەريانىدا بۇ كوپېراتىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۆمۈرچىلەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1961 - يىلى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۆمۈر سايمان كوپېراتىپى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ يەنىلا قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپىغا تەۋە بولدى. 1980 - يىلى مەھسۇلات سۈپىتى ۋە سېتىش يولى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارقىتىۋېتىلدى، قاڭالتىر پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىدىن تۆت كىشىلا قالدى. 1985 - يىلى قاڭالتىر پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت

1958 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھىيىگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت بەرپا قىلىنىشقا باشلىدى، شۇ يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىدىن ئۈچى قۇرۇلدى (بۇلار يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئۇن - ياغ تارتىش، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدىن ئىبارەت). 1960 - يىلى ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1961- يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش، ئۆي - ئىمارەت تاملىرىنى رېمونت قىلىش ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى تەسىس قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ سېخلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، تېخنىكىسى قالاق ئىدى، كۆپىنچە ئىشلار قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق قىلىناتتى، بۇ سېخلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش قاتارلىقلار بىلەنلا شۇغۇللىناتتى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن ئۈچى بار بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 398 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ كارخانىلار ئوبلاست چۈشۈرگەن 280 مىڭ يۈەن پىلانىنى %142 ئورۇندىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كارخانا باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە - تۈزۈملەر بىكار قىلىندى، ئىشچىلار بىر مەزگىل «ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ ئىنقىلاب قىلدى»، نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى قالايمىقانلاشتى، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، يېرىم توختىتىش ھالىتىدە تۇردى. 1969 - يىلى يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 379 مىڭ 400 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1971 - يىلى ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1976 - يىلى ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى باش ئەگىم ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى ناھىيىگە يەتكۈزۈلگەچكە، ناھىيىدە توك ھاسىل قىلىش توختىتىلدى.

1977 - يىلدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، تۈرلۈك مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي

يىغىنىدىن كېيىن، زاۋۇتلاردا كارخانىلارنى تەڭشەش خىزمىتى ئىشلىنىپ، كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىلىپ، «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1979- يىلى ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى ئىشتىن توختىتىلدى، ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، دېمەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى يېڭى بۇرۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى بەشكە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 201 گە، چوڭ - كىچىك ئۈسكۈنىسى 64 كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 194 مىڭ يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 792 مىڭ 200 يۈەنگە، پايدىسى 300 مىڭ 800 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 88 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 1. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى تونۇشتۇرۇش

1) يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى    1958 - يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، پېچىنە قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. 1961 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن بولۇپ، ئەسلىدىكى سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ بىر سېخى قىلىندى. 1962 - يىلى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1970 - يىل 5 - ئايدا ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى. ئۇ ئاساسەن جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ، دۇفۇ، پېچىنە قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى، ئىشلەپچىقىرىشتا پۈتۈنلەي قول مەشغۇلاتى ئاساس قىلىندى. بۇ زاۋۇت 1971 - يىلى ئىككى توننا جياڭيۇ، 1976- يىلى 890 توننا جياڭيۇ ۋە ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى. ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى يىلمۇ يىل زىيان تارتقاچقا، 1979 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ خادىملىرىدىن قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇ سودا ئىدارىسى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى. 1985 - يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئالتە، زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىڭ 300 يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان بېجى 1200 يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 26 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، زاۋۇت 8960 يۈەن زىيان تارتتى.

2) ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى    1960 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەندى، ياندۇرقى يىلى 7 - ئايدا ئىستانسا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئىستانسا ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ شىمالىغا قۇرۇلدى. ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 40 ئات كۈچىگە ئىگە دىزېل ماتورىدىن بىرى، 85 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بىرى بولۇپ، يىلىغا 31 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىناتتى. توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسىدىن ئۈچى بولۇپ، بىر لىنىيە ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن شىمالغا سوزۇلۇپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا (ئۇزۇنلۇقى 0.9664 كىلومېتر)، يەنە بىر لىنىيە غەربكە سوزۇلۇپ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە (ئۇزۇنلۇقى 0.9218 كىلومېتر)، يەنە بىر لىنىيە شەرققە سوزۇلۇپ مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا (ھازىرقى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ ئورنى، ئۇزۇنلۇقى 0.4816 كىلومېتر) باراتتى،

بۇلارغا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى. ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە مۇقىم ۋاقىتتا توك ھاسىل قىلىنىدىغان بولغاچقا، پەقەت ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان توك، شۇنداقلا كىنوخانا، رادىئو ئۆزېلى ئىشلىتىدىغان توك بىلەنلا تەمىنلىنەتتى. ئىدارە - ئورگانلاردىن لامپۇچكىنىڭ ۋات سانى بويىچە ھەق ئېلىناتتى، 25 ۋاتلىق لامپۇچكا ئۈچۈن ھەر ئايدا 1.5 يۈەن، 40 ۋاتلىق لامپۇچكا ئۈچۈن ھەر ئايدا ئىككى يۈەن، 60 ۋاتلىق لامپۇچكا ئۈچۈن ھەر ئايدا 2.6 يۈەن ئېلىناتتى.

1974 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى، توك ھاسىل قىلىش ۋاقتى ئۇزارتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئورۇنلار توك بىلەن تەمىنلەنگەندىن باشقا، يەنە ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قاتارلىق سانائەت ئورۇنلىرى توك بىلەن تەمىنلەندى. 1976 - يىل 9 - ئايدا باشئەگىم ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى ناھىيىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا دىزېل ماتور ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش توختىتىلدى.

3) ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى، چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى 1971 - يىلى ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى قۇرۇلدى، 1976 - يىلىغا كەلگەندە بۇ زاۋۇت رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1978 - يىلى ئۈچ يىلدا سېتىۋېلىنغان قىزىلچا 788 توننىغا يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بويىچە كېرەكلىك بولغان 9000 توننا قىزىلچىنىڭ 8.76 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، جەمئىي 34.7 توننا ئاق شېكەر، 30.5 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى. خام ئەشيا يېتىشمەسلىك، شېكەرنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش ۋە ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىشتۈپەيلىدىن، بۇ زاۋۇت 1980 - يىلى چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1980 - يىل 10 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە چۈچۈكبۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، يىل ئاخىرىغىچە 10.7 توننا چۈچۈك بۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1981 - يىلى چۈچۈك بۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلىش بىلەن بىللە زاۋۇت ئۆزى قىيام چىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى لايىھەلەپ ۋە قۇراشتۇرۇپ، 6 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يىل ئاخىرىغىچە 68 توننا چۈچۈك بۇيا مەلھىمى، 116.7 توننا چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقاردى.

لوپنۇر ناھىيىلىك چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مەملىكەت بويىچە 2 - بولدى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان زاۋۇت بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1983 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «چۈچۈك بۇيا قىيامىنىڭ سۈپىتى ياخشى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

چۈچۈك بۇيا قىيامى مەخسۇس ئېكسپورت ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان مەھسۇلات. 1982- يىلى چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى ئۈرۈمچى، شىئەن، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مەخسۇس خادىم ئۇيۇشتۇردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1983- يىلى 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۈسكۈنىلەر يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئەسلىدىكى 200 توننىدىن 300 توننىدىن كۆپرەككە يەتتى.

1985 - يىلى زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلگەن چاغدىكى 48 دىن 125 كە، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 310 تونناغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 679 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 284 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 85 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

چۆچۈك بۆيا قىيامى زاۋۇتى 1980 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن باشلاپ 1985 - يىلغىچە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئۈسكۈنە يېڭىلاش ئۈچۈن 940 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ۋە مالىيە مەبلىغى ئىشلىتىلدى، ئالتە يىلدىن بۇيان يارىتىلغان پايدا 1 مىليون 182 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەتكە 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ بېرىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك چۆچۈك بۆيا قىيامى زاۋۇتىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى**

5 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| يىللار | مەھسۇلات: مەھسۇلات نامى | مەھسۇلات: مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | باج (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | چۆچۈك بۆيا مەلھىمى | 10.7 | | | | |
| 1981 | چۆچۈك بۆيا مەلھىمى | 68 | | | | 7567 |
| | چۆچۈك بۆيا قىيامى | 116.7 | 74 | 7.2 | 2.7 | |
| 1982 | چۆچۈك بۆيا قىيامى | 185 | 162 | 15.4 | 7.8 | 13795 |
| 1983 | چۆچۈك بۆيا قىيامى | 200.7 | 117.7 | 15.8 | 5.6 | 8801 |
| 1984 | چۆچۈك بۆيا قىيامى | 283 | 158.6 | 19.4 | 76.4 | 12591 |
| 1985 | چۆچۈك بۆيا قىيامى | 310 | 167.9 | 28.4 | 8.5 | 13438 |

4) يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى 1970 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم خادىملىرى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدىن كەلگەن بولۇپ، 76 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ زاۋۇت يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلغاندىن باشقا، يەنە بەزى كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1974 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش سېخى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش سېخى قۇرۇلۇپ، ئوت ئورۇش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، كىچىك پىرىسسىپ، ئات ھارۋىسى تەگلىكى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. 1978 - يىلى سىمېنا - گۈرۈپپىلار بويىچە ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى سىمېنا - گۈرۈپپىلار بويىچە ھېسابات قىلىش ئاساسىدا تۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1985ـ يىلى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازارلاردا يەككە ئىگىلىكتىكى قول سانائىتى مەھسۇلاتلىرى كۆپەيگەنلىكى، باھاسى تۆۋەنرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تازا گۈللىنىپ كېتەلمىدى. 1985 ـ يىلى زاۋۇت بويىچە 24 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى۔ خىزمەتچى يەتتە. زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 79 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىسى 2700 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 2400 يۈەنگە، ئۆزىدە بار تۇراقسىز مەبلىغى 82 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك بېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىنىڭ 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى**

5 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | تەننەرخ (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | تۇراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | تۇراقلىق مۈلۈك (10 مىڭ يۈەن) | باج (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 12.41 | 15.56 | −4.24 | 9.96 | 2.33 | 0.37 | 2068 |
| 1979 | 26.91 | 24.8 | 2.42 | 9.96 | 2.23 | 2.6 | 4806 |
| 1980 | 17.17 | 19.36 | −2.19 | 9.96 | 2.1 | 0.52 | 3588 |
| 1981 | 11.32 | 12.08 | −0.09 | 9.39 | 0.92 | 0.34 | 2760 |
| 1982 | 12.30 | 13.33 | −0.25 | 9.77 | 1 | 0.523 | 3308 |
| 1983 | 14.24 | 13.86 | 0.16 | 8.68 | 0.95 | 0.52 | 3475 |
| 1984 | 9.92 | | 0.27 | 8.68 | 0.92 | 0.458 | 2481 |
| 1985 | 7.95 | | 0.27 | 8.25 | 0.42 | 0.24 | 2652 |

5) ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى    بۇ زاۋۇت 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن، كالتسىي فوسفات، ئاممونىي چىرىندى كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىدۇ. فوسفور رۇدىسى، يىمىرىلگەن كۆمۈر قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىدۇ، بۇلار 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىگدى تېغىدىن قېزىلىپ، ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، توشۇپ كېلىنىش لىنىيىسى ئۇزۇن، مەھسۇلات تەننەرخى يۇقىرى، سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، سېتىلىش يوللىرى ناچار. 1977 ـ يىلى 170 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 38 مىڭ 400 يۈەن زىيان كۆرۈلدى. زاۋۇت قۇرۇلغان 1976 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە ئۇدا زىيان كۆرۈلدى. 1979 ـ يىلى بۇ زاۋۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# § 4. كارخانا باشقۇرۇش

## 1. ئۇسكۇنە، تېخنىكا، سۈپەت باشقۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، قول مەشغۇلاتىدىن ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقىچە ئۇسكۇنىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئۇسكۇنە ئىشلىتىش ۋە ئاسراش تۈزۈمى ئارقا - ئارقىدىن ئورنىتىلىپ، ئۇسكۇنە باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇسكۇنىلەرنىڭ مۇكەممەل بولۇش ۋە ئىشلىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ناھىيىلىك چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتىنىڭ پارقازىنىنى رېمونت قىلىش ۋە ئىشلىتىشكە مەخسۇس ئادەم قويۇلدى، ناھىيىدىكى ھەر قايسى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پارقازان ئىشچىلىرى ناھىيىلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشۈشكە رۇخسەت قىلىندى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىزچىل تۈردە ئۇستا - شاگىرت تۈزۈمىنى قوللىنىپ كەلدى، تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، تەجرىبىسى مول ئۇستىلار ياش ئىشچىلارغا تېخنىكا ئۆگەتتى. زاۋۇتلارنىڭ سېخلىرىدا تېخنىكىغا مەسئۇل سېخ مۇدىرى قويۇلدى، زاۋۇت شتابىدا تېخنىكا ئىشخانىسى (بۆلۈمچىسى) تەسىس قىلىندى، كەسپىي تېخنىكا خادىملار زاۋۇتنىڭ تېخنىكا خىزمىتىنى باشقۇردى ۋە تېخنىكا - ئۇسكۇنە شۇنداقلا تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1978 - يىلدىن ئىلگىرى «داش قازاننىڭ تامقى» دىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىشتا ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىندى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سەل قارالدى، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈلدى، نەتىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئىنتايىن ناچار بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كارخانىلار مەھسۇلات قىممىتى، پايدا قاتارلىقلارغا دائىر تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى، بۇ، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى، كارخانىنىڭ روناق تېپىشى ياكى خارابلىشىشىنىڭ ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلىنىشىنى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ۋە ئېكسپورتتا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئىزچىل تۈردە 100% بولدى.

## 2. ئەمگەك باشقۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرىدا ئىش بېشىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى خېلى يۇقىرى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا سەككىز سائەتلىك ۋاقىت ھېسابلىنىدىغان ئىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەمگەك ئىنتىزامى بوشاپ كەتكەچكە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى. 1978 - يىلدىن كېيىن كارخانىلار تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نەتىجىدە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 3 . ئىش ھەققى باشقۇرۇش

1956 - يىلدىن كېيىن يەككە سانائەت كوللېكتىپ سانائەتكە ئۆزگەرتىلدى، خادىملارنى يۆتكەش ۋە ئەمگەك - ئىش ھەققىنى ناھىيىلىك ئەمگەك تارمىقى بىر تۇتاش باشقۇردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەردى، كادىرلارغا نىسبەتەن تۇراقلىق ئىش ھەققى ئىجرا قىلىندى، ئىشچىلارغا نىسبەتەن مەيلى ۋاقىت ھېسابلاش ياكى ئىش بېشىغا قاراش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسۇن سەككىز دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا ۋاقىتقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئىش ھەققى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى. كوللېكتىپ كارخانىلاردا يەنىلا ئىش بېشىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدا ھۆددىگەرلىك ئاساس قىلىندى، سىخ ياكى سېمېنا - گورۇپپىلاردا توختامدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ياكى نورمىدىن ئاشقان قىسمى ئىش ھەققى سۈپىتىدە تەقسىم قىلىندى. چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتىدا يەنىلا سەككىز دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ھەمدە مۇكاپات قوشۇلدى. زاۋۇتلار ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمىنى بېكىتتى.

## 4 . ئىقتىساد، مالىيە ۋە تەمىنلەش، سېتىشنى باشقۇرۇش

1956 - يىلدىن كېيىن پاي قوشۇش ئارقىلىق مەبلەغ سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى (گورۇپپىلىرى) پۈتۈنلەي يەككە قول سانائەتچىلەردىن تەركىب تاپتى، ئۇلار پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى، ئىش بېشىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش، ئەمگىكىگە قاراپ ھەق ئېلىش، ئۆزى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى سېتىشنى يولغا قويدى.

1978 - يىلدىن كېيىن كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتە، تەدرىجىي ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، پىلان، ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق، مۇكاپات - جازا قاتارلىق چوڭ ئىشلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلار نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. 1982 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدا «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولۇش، كوللېكتىپ ھۆددىگە ئېلىش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانا جانلىنىشقا باشلىدى. تۈرلۈك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئومۇمىيخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت جەھەتتە زىياننى مالىيىدىن تولۇقلاپ بېرىش چارىسى كارخانا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. زاۋۇت باشلىقى ياكى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى تەسىس قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى بىر تۇتاش پىلانلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

زاۋۇتلاردا بوغالتىر، كاسسىر، ستاتىستىكا، تەمىنلەش - سېتىش، ساقلاش قاتارلىقلارغا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خادىم قويۇلۇپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئۈزلۈكسىز

مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا زاۋۇت شتابى دەرىجىلىك ھېسابات يولغا قويۇلدى. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىككى دەرىجىلىك ھېسابات يولغا قويۇلۇپ، شۇ كوپېراتىپ (گۇرۇپپا) نىڭ خىراجەت، ئىش ھەققى، مەھسۇلات تەننەرخى قاتارلىقلار بىر تۇتاش پىلان بويىچە ھېسابات قىلىندى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىشى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خادىملار ۋە ئاپپاراتلار باشقۇردى، ئادەتتە تەمىنلەش بىلەن سېتىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە، ھەم مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم ۋە ئاپپارات بار بولدى.

خام ئەشيانى ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان تەييار مەھسۇلاتلارنى ساقلاشقا مەخسۇس ساقلىغۇچى مەسئۇل قىلىندى، ماتېرىيال ئېلىش - قايتۇرۇش تۈزۈمى ۋە ماددىي ئەشيانىڭ سانى، باھاسى، ھېساباتى جەھەتتە كارتا تۇرغۇزۇلدى.

## § 5. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

### 1. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىدا ئاران 68 ئادەم بار ئىدى، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1977 - يىلغا كەلگەندە ئىشچى - خىزمەتچى 428 گە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىدا 317 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 201، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 116. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى ئىچىدە تېخنىكا خادىمى ئالتە (ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن تۆت ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

### 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلغاندا، پىلان تارمىقى چۈشۈرگەن پىلان كۆرسەتكۈچى بولۇشى كېرەك، ئۇلارنى ناھىيىلىك ئەمگەك تارمىقى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1985 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا رەسمىي ئىشچى، توختاملىق ئىشچى، پىلان ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ئىشچىلار بار بولدى، كوللېكتىپ سانائەت قوشۇنى كۆپىنچە بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن تەركىب تاپتى.

### 3. مەدەنىيەت، تېخنىكا تەربىيىسى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن ياش ئىشچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولالمىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تولۇقلاش كۇرسىنى ئاچتى، بۇ، ياش ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى

ئۆستۈرۈشتە، تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە خېلى ياخشى ئۈنۈم بەردى.

## II باب

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## § 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدا بىناكارلىق ئاساس قىلىنىدۇ. 1985 - يىلى بىناكارلىق كىرىمى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 93.14 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەكتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بېلىق تۇتۇش، ترانسپورت، يىغىمچىلىق، ئوۋچىلىق، تېرە - يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر بار. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دەۋرىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت «بەش كەسىپنى بىرلەشتۈرۈش» ۋە «قوشۇمچە كەسىپ ئارقىلىق دېھقانچىلىقنى قامداش» سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بازار - يېزا خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قارىلىپ كېسىپ تاشلاندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى (ئەينى ۋاقىتتا گۇڭشې - ئەترەت كارخانىسى دەپ ئاتالغان) ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1978 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېزا - بازار (گۇڭشې - ئەترەت) كارخانىلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆز تەرتىپى ئىچىدە گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلدى، بۇ بۆلۈم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى بىلەن بىللە ئىش بېجىردى. 1979 - يىلى گۇڭشېلاردا گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئالدى بىلەن تارىم گۇڭشېسىدا مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1984 - يىلى گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمىنىڭ نامى يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىگە بەش كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر. شۇ يىلى ئىدارىگە قاراشلىق بىر كارخانا — يېزا - بازار كارخانىلىرى تەمىنلەش - سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى، شىركەتتە ئۈچ ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى. بۇ باسقۇچتا ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە خىش پىشۇرۇش قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپىمۇ

ئارقا - ئارقىدىن تەرەققىي قىلدى.

بازار - يېزا نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىق - ياغقا بولغان ئېھتىياج كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. 60 - يىللاردا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈن - ياغ زاۋۇتىدا تارتىلغان ئۈن - ياغ بىلەن پەقەت بازار نوپۇسىغا كېرەكلىك تاۋار ئۈن - ياغ ۋە ئاز بىر قىسىم گۆشىي - ئەترەتلەرنىڭ ئۈن - ياغ تېگىشىش ئېھتىياجىنىلا قاندۇرغىلى بولاتتى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار يەنىلا سۇ تۈگمىنىدە تارتىلغان كېپەكلىك ئۈننى ئىستېمال قىلاتتى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گۆشىي - ئەترەتلەردە دىزېل ماتور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدىغان كىچىك پولات تۈگمەنلىك كىچىك ئۈن زاۋۇتى ۋە كىچىك ياغ زاۋۇتى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى، ئۈن - ياغ تارتىش كەسپى ناھىيە بويىچە بازار-يېزىلارغا تارقالدى. ئۇ، گۆشىي - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئىتتىپاق»، شىئېڭ يېزىلىرىدىكى خىش پىشۇرۇش خۇمدىنىنىڭ مەسئۇللىرىغا «كاپىتالىزمنىڭ ئىسىنى چىقاردى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئۇلار تەنقىدلەندى، زەربە يېدى، بۇنىڭ بىلەن خۇمدان ئىشتىن توختىدى. 1975-يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە گۆشىي - ئەترەت كارخانىلىرىدىن ئاران ھەرقايسى گۆشىيلاردىكى ئۈن - ياغ تارتىش كارخانىلىرى ۋە ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى كىچىك بىناكارلىق قوشۇنىلا قالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا - بازار كارخانىسى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك كۆپەيدى، تۈرلەر كۆپەيدى، كۆلىمى زورايدى، مەھسۇلات خىلى ۋە مىقدارى ئاشتى، سۈپىتىمۇ ئۆستى، تىجارەت دائىرىسى كېڭەيدى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، سۇلياۋ ياسالما، كىيىم - كېچەك تىكىش، بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ترانسپورت، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش قاتارلىقلار بار بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازار بىناكارلىق قوشۇنى يالغۇز ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا قۇرۇلۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكىرىدىكى كۆپلىگەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىمۇ قۇرۇلۇش قىلدى. 1980 - يىلى دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يۆلەش ئۈچۈن 24 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. نەتىجىدە ناھىيە بويىچە يېزا-بازار كارخانىسى 16 گە، خادىمى 241 گە يەتتى. مەھسۇلاتى نەچچە ئون خىلغا يەتتى. شۇ يىلى يېزىلاردىكى خەلق گۆشىيلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 197 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 442 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى خەلق گۆشىيلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي 'كىرىمىنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يۇقىرىغا 4000 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، ساپ پايدا 63 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىغا 46 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى.

پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتى ۋە مۇكەممەللەشتى، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بۇ، گۆشىي ئەزالىرىنىڭ كارخانا قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى،

بۇنىڭ بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمىنىڭ خەلق گۆشتىشلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى بارغانسېرى زورايدى، گۆشتىشى ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستى، يەككە، بىرلەشمە كارخانىلاردىكى ئادەم كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى گۆشتىشى، بازار، ئەترەتلەر ئۆزلىرى قۇرۇشتىن گۆشتىشى، ئەترەتلەر بىرلىشىپ قۇرۇشقا، يەككە ئائىلىلەر قۇرۇشتىن بىرلەشمە ئائىلىلەر مەبلەغ توپلاپ بىرلىشىپ قۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى، كەسىپ قۇرۇلمىسى جەھەتتە بىر خىل بولۇشتىن كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى. يېزا - بازار كارخانىلىرى قوشۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش جەھەتتىمۇ تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى، خەلق ئارىسىدىكى ماھىر ئۇستىلارغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان مەيدان بار بولدى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە يېڭى يول تېپىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 57گە، خادىمى 1644 كە يەتتى، ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 546 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن 134.81% ئاشتى، بۇ، خەلق گۆشتىسىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمى بولغان 7 مىليون 615 مىڭ 600 يۈەننىڭ 85.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1985 - يىلى يېزا - بازار كارخانىسى 74كە (بۇنىڭ بىرى بىرلەشمە كارخانا، بىرى شېرىك كارخانا)، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 164 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 17 مىليون 1000 يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي كىرىم 1983 - يىلدىكىدىن 159.7% ئاشتى؛ خادىمى 2173 كە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 35.5% كۆپەيدى؛ يۇقىرىغا 800 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. بۇ، شۇ يىلى دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن سالغان 220 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ 3.63 ھەسسىسىگە تەڭ؛ ساپ پايدا 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ، 1983 - يىلدىكىنىڭ 4.33 ھەسسىسىگە تەڭ؛ تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ قىممىتى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بازارلارنى تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارغىمۇ سېتىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

5 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | كارخانا سانى | كارخانىدىكى ئادەم | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | باج (10 مىڭ يۈەن) | ئىبتىز - ئىبرىق قۇرۇلۇشى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتىلگىنى (10 مىڭ يۈەن) | يېزىلاردىكى ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % | 1980 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى: ئۈچ دەرىجىلىك كىرىم | 1980 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى: يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 16 | 241 | | 8.85 | | | 519.72 | 44.2 | 8 | | |
| 1981 | 19 | 197 | 24.16 | 6.73 | | | 600.70 | 36.31 | 6 | 0.15 | |
| 1982 | 29 | 927 | 53.7 | 53.33 | 30.64 | 25 | 864.17 | 488.7 | 71 | 0.66 | 10 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 57 | 1644 | 62.27 | 68.55 | 36.7 | 39.39 | 761.56 | 654.63 | 85.9 | 0.46 | 13.8 |
| 1984 | 49 | 2308 | 921.80 | 79.07 | 47.50 | 37.5 | 1204 | 921.69 | 76.55 | 1.31 | 19.85 |
| 1985 | 74 | 2230 | 2016.4 | 296.93 | 149.08 | 183.71 | 2477 | 1700.1 | 68.6 | 3.76 | 37.46 |

### لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى

5 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|
| | | | يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ | كەنت باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ |
| سۇ يېغى | توننا | 5 | 3 | 2 |
| ئارتىلغان ئۇن | 10 مىڭ جىڭ | 375 | 152 | 223 |
| پۈتكەن ئۆي كۆلىمى | كۋادرات مېتىر | 90000 | | |
| ياپىلاق تاش | كۇب مېتىر | 3000 | | 3000 |
| كۆن - خۇرۇم | كۋادرات مېتىر | 4200 | | 4200 |
| ۋېرمىكۇلىت | توننا | 2491 | 2491 | |
| كىيىم - كېچەك | قۇر | 2780 | 2780 | |
| قوغۇن قېقى | توننا | 20 | 20 | |
| سۇلياۋ ياسالما | توننا | 5 | | 5 |
| سېمونت قۇيۇلما | توننا | 3500 | | 3500 |
| خىش | 10 مىڭ دانە | 920 | 620 | 300 |
| ھاك | توننا | 100 | 100 | |

## §2. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تۈرى

### 1. بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

1963 - يىلى ناھىيىلىك سۇچىلىق ئەترىتى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇپ، سىرت ئورۇنلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىنى ھۆددە ئالدى، شۇنىڭ بىلە بىللە خىش پىشۇرۇشقا باشلىدى. 70 - يىللاردا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى گۇڭشېلىرىدا بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولدى. 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە خۇسۇسىي، بىرلەشمە، ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى «چېنتۈيڭ» بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1983 - يىلغا

كەلگەندە ناھىيە بويىچە گۇڭشې، ئەترەتلەردىكى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى 33 كە، خادىمى 1446 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچى 511. شۇ يىلى پۈتۈش باھاسى ئاز كەم 9 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 56 مىڭ 897 كۋادرات مېترغا يېتىدىغان قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىندى.

1983 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى بويىچە يېزا باشقۇرغان خىش زاۋۇتى ئىككىگە، بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان خىش 3 مىليون 700 مىڭ دانىگە يەتتى، ئومۇمىي كىرىمى 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى بولغان 6 مىليون 546 مىڭ 300 يۈەنىنىڭ 5.04 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ھاك زاۋۇتىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىر يىلدا 270 توننا ھاك، 5000 كۇب مېتىر ياپىلاق تاش ئىشلەپچىقاردى، ئومۇمىي كىرىمى 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 3.81 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بىر سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 10 مىڭ دانە سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 4.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى بىرلىشىش، تەڭشەش ئارقىلىق يېزا باشقۇرغان بىناكارلىق ئەترىتىدىن ئالتىسى قالدى، خادىمى 2010 غا يەتتى، بۇ كارخانىلار پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 90 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 355 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى بولغان 20 مىليون 164 مىڭ يۈەنىنىڭ 81.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ يېزا باشقۇرغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى تۆت بولۇپ، خادىمى 154 كە يەتتى، بۇ كارخانىلار 3500 توننا سېمونت قۇيۇلما، 9 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 150 توننا ھاك، بەش توننا سۇلياۋدىن ياسالغان بىناكارلىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 514 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 2. ئۇن - ياغ تارتىش كەسپى

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا يېزا - كەنتلەردىكى خوسۇسلار قۇرغان تۈگمەن، جۇۋاز گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قىلىندى، بۇ تۈرلەردە ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساس قىلىندى، 70 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە دىزېل ماتور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنغان كىچىك مېخانىك تۈگمەن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئەترەتلەرگە تارقالدى، بۇلار گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 80 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىنى شەخسلەر ھۆددە ئالدى، كۆلىمى زور، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى تەرەققىي قىلىپ تارقاق، كىچىك زاۋۇتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. 1983 - يىلغا كەلگەندە يېزا - بازارلاردىكى ئۇن-ياغ زاۋۇتى 14 كە، خادىمى 56 گە يەتتى، بۇ زاۋۇتلار ئۇن - ياغ تارتىش، شال ئاقلاش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە تۈگمەن 39 غا، شال ئاقلاش ماشىنىسى 14كە، ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى توققۇزغا، ياغ تارتىش ماشىنىسى 14كە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 270 مىڭ جىڭ ئۇن، 54 مىڭ جىڭ ياغ تارتىلدى، ئومۇمىي كىرىم 102 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلاردا ئۇن - ياغ زاۋۇتىدىن توققۇزى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا باشقۇرغىنى تۆت، كەنت باشقۇرغىنى بەش؛ خادىمى 122، بۇنىڭ

ئىچىدە يېزا باشقۇرغىنىنىڭ 112، كەنت باشقۇرغىنىنىڭ ئون؛ 3مىليون 750 مىڭ جىڭ ئۇن تارتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 230 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا باشقۇرغىنىنىڭ 162 مىڭ 100 يۈەن، كەنت باشقۇرغىنىنىڭ 68 مىڭ 500 يۈەن.

## 3. باشقا كەسىپلەر

1985 - يىل 2 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتىت قېزىش شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى پاي تۈزۈمىدىكى بىرلەشمە كارخانا بولۇپ، شۇ يىلى 5000 توننا ۋېرمىكۇتىت ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پايدا 28 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېقىندىن تارىم ۋېرمىكۇتىت كېنى قۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئىشىنى باشلىدى.

1985 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك «كۆنچى» كىيىم - كېچەك زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇت دۆلەتنىڭ قەرز پۇل بېرىشى ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ توپلىشى بىلەن پۈتكۈزۈلدى، شۇ يىلى 4000 قۇر كىيىم - كېچەك تىكىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ساپ پايدىسى 500 يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ قىممىتى 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1984 - يىل 5 - ئايدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى لوپنۇر «شىخخوا» سۇلياۋ زاۋۇتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 30 توننا قايتا ئىشلەنگەن سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى كېرەكسىز سۇلياۋ يوپۇقتىن پايدىلىنىلىپ 20 خىل ئۆلچەمدىكى توك سىمى قېپى، سۇ تۇرۇبىسى، ياغ قاچىسى، دۇگىلەك ياغاچ، تەگلىك تاختا، كىر يۇيۇش تاختىيى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 0.74 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ساپ پايدىسى 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يېزا باشقۇرغان بىر بوغا فېرمىسى، ئىككى باغۋەنچىلىك مەيدانى بار.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1985 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى**

5 - قىسىم 6 - جەدۋەل

| تۈرلەر | كارخانا سانى | | | | خادىملار سانى | | | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يېزا باشقۇرغان كارخانا | كەنت باشقۇرغان كارخانا | دېھقانلار بىرلەشمە كارخانىسى | جەمئىي | يېزا باشقۇرغان كارخانا | كەنت باشقۇرغان كارخانا | دېھقانلار بىرلەشمە كارخانىسى | جەمئىي | يېزا باشقۇرغان كارخانا | كەنت باشقۇرغان كارخانا | دېھقانلار بىرلەشمە كارخانىسى |
| قازمىچىلىق | 2 | 2 | | | 50 | 50 | | | 30 | 30 | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىناكارلىق ماتېرىياللىرى | 4 | 4 | 6 | | 154 | 154 | | | 51.4 | 51.4 | | |
| يېمەكلىك پىششىقلاش | 9 | 4 | 5 | | 122 | 112 | 10 | | 23.06 | 16.21 | 7.85 | |
| تىككۈچىلىك | 1 | 1 | | | 55 | 55 | | | 11 | 11 | | |
| بىناكارلىق | 6 | 6 | | | 2010 | | 1272 | | 1635.5 | | 1635.5 | |
| باقمىچىلىق باغۋەنچىلىك | 3 | 3 | | | 11 | 11 | | | 110 | 110 | | |
| خىمىيە سانائىتى | 1 | | | 1 | 48 | | | 48 | 15 | | | 15 |

## § 3. ئاساسلىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1. بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى

1983 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىلىك بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى قۇردى. ناھىيىلىك بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى ناھىيە بويىچە گۇڭشې - ئەترەتلەردىكى ئالتە بىناكارلىق ئەترىتى ئاساسىدىكى («ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن بىناكارلىق كۈچلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدى) ناھىيە باشقۇرغان يېزا - بازار كارخانىلىرى شىركىتىدىن تەشكىل قىلىنغان. ناھىيە بويىچە گۇڭشې - ئەترەت بىناكارلىق ئەترىتىدىن 38 ى بار، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملار ئەڭ كۆپ بولغاندا 2259 غا يەتتى. «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى بىناكارلىق ئەترەتلىرىنىڭ مەبلىغى كۆپ، تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك، ھۆددە ئالغان قۇرۇلۇش تۈرى ئەڭ كۆپ. 1985 - يىلى ئۇلار ئورۇندىغان ۋەزىپە پۈتۈن شىركەت ۋەزىپىسىنىڭ 95.66 پىرسەنتىنى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملار شىركەتتىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ 80.27 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىم 17 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر بىر، ياردەمچى ئىنژېنېر ئۈچ، شىركەت قارمىقىدا 24 قۇرۇلۇش ئەترىتى بار، تۈرلۈك قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىم 2010 غا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىش دائىرىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ناھىيە سىرتىغىچە، شىمالدا ئۈرۈمچىگىچە، جەنۇبتا چاقىلىققىچە، غەربتە مارالبېشىغىچە، شەرقتە تۇرپانغىچە جەمئىي بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 20 ناھىيىگە كېڭەيدى. 1983 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 398 مىڭ 500 يۈەنگە، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا قىلغان ياردەم سوممىسى 367 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 873 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىلى بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى جەمئىي 85 تۈر بويىچە بىناكارلىق توختامى ئىمزالىدى، توختامدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 119 مىڭ كۋادرات مېترغا، پۈتۈش باھاسى 19 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 97 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش تۆت، كۆلىمى 17 مىڭ 20 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكۈل قۇرۇلۇش

كۆلىمىنىڭ 17.46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ياخشى قۇرۇلۇش ئالتە، كۆلىمى 8500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 8.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ لاياقەتلىك قۇرۇلۇش 73، كۆلىمى 71 مىڭ 630 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 73.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ لاياقەتسىز قۇرۇلۇش ئىككى، كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 6 مىليون 974 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى 3 مىليون 264 مىڭ 800 يۈەن، ئۆزىدە بار تۇراقسىز مەبلىغى 3 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ھەر خىل قۇرۇلۇش ماشىنىسى 337، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 3224.8 ئات كۈچىگە تەڭ، ئومۇمىي خادىملار بويىچە ھەر بىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان ئات كۈچى 2.54، ھەربىر ئادەمنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى 1303.77 يۈەن، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 8137 يۈەن.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 355 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 105.2% ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 817 مىڭ 225 يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىنىڭ 2.05 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلگەن پۇل 654 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 78% ئاشتى؛ ساپ كىرىم 1 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىنىڭ 1.99 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىش جەھەتتە ئىلگىرىكى پەقەت ئاھالىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشتىن خېلى زور سانائەت قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددە ئېلىشقا تەرەققىي قىلدى.

بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىناكارلىق تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىناكارلىق تېخنىكا قوشۇنىنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، قىسقىغىنا ئىككى يىلدا تەربىيىلەش ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مۇئەييەن مەلۇمات ئاساسى بار 35 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچىدىكى جايلار ۋە ئىچكىرىدىكى چاڭشا شەھىرى، جياڭشى ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرى، شىئەن شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرخىل قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق، شىركەتتىكى تۈرلۈك خادىملارنىڭ تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

**ناھىيىلىك بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتىنىڭ 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان كىرىم ئەھۋالى**

5 - قىسىم 7 - جەدۋەل  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى | يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج | يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى | ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلگەن پۇل | كوللېكتىپ جۇغلانما | ساپ كىرىم |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 797 | 39.85 | 15.94 | 36.7 | 10.07 | 87.30 |
| 1984 | 1482.6 | 47.5 | 19 | 38.3 | 32.8 | 119.13 |
| 1985 | 1635.5 | 81.725 | 32.71 | 65.42 | 15 | 174 |

ناھىيىلىك بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتىنىڭ 1984 - ۋە 1985 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

5 - قىسىم 8 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: مۇقىم ئادەم | ئورۇندالغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن\ ئادەم) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (10 مىڭ كۋادرات مېتىر): قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم | قۇرۇلۇش كۆلىمى (10 مىڭ كۋادرات مېتىر): پۈتكەن كۆلەم | ئومۇمىي پايدا سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | قۇرۇلۇش سۈپىتى: تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغىنى | قۇرۇلۇش سۈپىتى: سۈپەتلىكتىن يۇقىرىلىرى | قۇرۇلۇش سۈپىتى: لاياقەتلىك بولغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 1705 | 1505 | 1482.6 | 8696 | 14.2 | 13.14 | 119.13 | 63 | 20 | 41 |
| 1985 | 2010 | 1802 | 1635.5 | 8136 | 11.9 | 975 | 174 | 75 | 10 | 63 |

### 2. ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتىت شىركىتى

لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە ۋېرمىكۇتىت زاپىسى مول، ئېنىقلانغان زاپىسى مەملىكەت بويىچە ۋېرمىكۇتىت زاپىسىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1985 - يىل 2 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتىت قېزىش چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى پاي بىرلەشمە شىركىتى)، ناھىيىلىك كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە «ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ كۆكچۆن، دۆڭخەيزى، كۆكچەن كەنتلىرى بىردىن پاي قوشتى، جەمئىي 10 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ توپلاندى. كان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مەبلەغ كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار بولسىمۇ، جىڭلى جاڭ خۇڭشى 36 كانچىنى باشلامچىلىق قىلىپ، قاتتىق قارغا قارىماي، ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چاغانبۇلاق كان رايونىغا بېرىپ، ئاددىيغىنا ئاشخانا ۋە ياتاق چېدىرى تىكىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلار ئىككى قولىغا ۋە پولات لوم، جوتۇ، سىم ئۆتكەمە قاتارلىق سايمانلارغا تايىنىپ ۋېرمىكۇتىت قازدى، 1 - تۈركۈم مەھسۇلات 1985 - يىل 5 - ئايدا ئاپتوموبىل بىلەن سىرتقا يۆتكەلدى. ئۇلار كان قۇرغاچ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1985 - يىلى 5000 توننا ۋېرمىكۇتىت ئىشلەپچىقىرىپ، 2540 توننا ۋېرمىكۇتىت سېتىپ مەھسۇلات قىممىتىنى 300 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 28 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

بىر يىل جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق، ۋېرمىكۇتىت كېنى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، مەھسۇلاتى خەلقئارا بازارغا كىردى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40' تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىم بەش. ۋېرمىكۇتىت كېنىدا مەھسۇلاتقا قاراپ ئىش ھەققى بېكىتىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشتىن ئىبارەت تەقسىمات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

### 3. ناھىيىلىك «كۆنچى» كىيىم - كېچەك زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1985 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى لوپنۇر بازىرى باشقۇرىدۇ. زاۋۇت مەبلىغى دۆلەت قەرز پۇل بېرىش ۋە شەخسلەر ئىئانە توپلاشتىن كەلدى، شۇ يىلى دۆلەت 60 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى.

ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئاساسەن جەمئىيەتتىن ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىندى، بازار-يېزا دەپ چەك قويۇلماي ئەلالىلىرى تاللاپ ئىشلىتىلدى. جەمئىيەتتىن ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان خادىملار زاۋۇتقا كەلگەندە 500 يۈەندىن زاۋۇتقا كىرىش پېيى تاپشۇردى، بازاردا ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلار 150 يۈەن تاپشۇردى (ئۈچ يىلدىن كېيىن تاپشۇرغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ). شىنجاڭ يېنىك سانائەت كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنىدىن ئىككى نەپەر ئۇستا تەكلىپ قىلىنىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەرس ئۆتتۈلدى، ئۇستىلار ئىش ئورنىدا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، يەنە بەش نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئىلغار زاۋۇتلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، يەنە زاۋۇتتىكى %80 تىن ئارتۇق ئىشچى شىنجاڭ كىيىم - كېچەك زاۋۇتىغا ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن باسقۇچتا تىكىلگەن سارجا كىيىم - كېچەك كورلىدا كۆرگەزمە قىلىپ سېتىلغاندا، خېرىدارلارنىڭ ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كېيىن كىيىم - كېچەك بازىرىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىچكى جايلارنىڭ يېڭى پاسوندىكى ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرى بازارنى ئىگىلىدى، «كۆنچى» كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى بىرلا خىل بولغاچقا، سارجا كىيىم - كېچەكنىڭ بازىرى كاساتلاشتى، زاۋۇت بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە شىنجاڭ كىيىم-كېچەك زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، مەھسۇلات خىلىنى ئون نەچچىگە يەتكۈزدى.

1985 - يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 45 كە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى (چولاش ماشىنىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 37 گە، يىلىغا تىكىلگەن كىيىم - كېچەك 4000 قۇرغا، مەھسۇلات قىممىتى 110 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 500 يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج 4500 يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كىيىم تىكىش جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن يېرىم ئاپتوماتلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 4. ناھىيىلىك «شىخخۇا» سۇلياۋ زاۋۇتى

1984 - يىل 5 - ئايدا «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى دېھقان لىخۇەيچىڭ ئۆزى 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىپ، ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىن 30 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ سۇلياۋ زاۋۇتى قۇرغانىدى. 1984 - يىل5-ئايدا زاۋۇت قۇرۇش ئىشى تۇر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، ئىككى يېرىم ئاي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۈچ يېرىم ئايدا 30 توننا قايتا ئىشلەنگەن سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كېيىن يەنە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن 60 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىنىپ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلىپ، يېڭى ئۈسكۈنىلەر كۆپەيتىلىپ، كونا سۇلياۋ يوپۇقتىن پايدىلىنىپ توك سىمى قېپى، سۇ تۇرۇبىسى، ياغ قاچىسى، دۈگىلەك ياغاچ، تەگلىك تاختا، كىر يۇيۇش تاختىسى قاتارلىق 20 خىل ئۆلچەمدىكى ئاز كەم ئون خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلاتلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە - شەھەرلەر ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيە - شەھەرلەردە سېتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھسۇلات قىممىتى 150 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زاۋۇت ئۇدا ئىككى قېتىم بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئىلغار كارخانا، لىخۇەيچىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1985 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 480 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 100 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنىڭ كۆلىمى 500 كۋادرات مېترغا، ئامبار كۆلىمى 200 كۋادرات مېترغا يەتتى. زاۋۇت بويىچە بەش تېخنىكا خادىمى، يەتتە باشقۇرغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇم ۋە تېخنىكۇم

ئوقۇغۇچىسى ئۈچ)، 36 ئىشچى، جەمئىي 84 ئادەم بار.

## III باب

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قاراقۇمدا شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلدى، ئەينى چاغدا ناھىيە مەھكىمىسىلا بولۇپ، بازار يوق ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە ئورگىنى ماۋلىنيۈەنگە كۆچۈرۈلدى. گۇاڭشۇ 27 - يىلى (1901 - يىلى) ئامبال ليۇگوجى ناھىيە يامۇلىنىڭ ئالدىغا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى «قىيمىر» دېگىنى ئېچىپ، بۇ يەرگە كېلىپ - كەتكۈچىلەرنى ياتاق بىلەن تەمىنلىدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ناھىيە مەھكىمىسى ماۋلىنيۈەندىن يەنە كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىغا كۆچۈرۈلدى. بۇ بىر باسقۇچتا ناھىيە ئورگىنىنىڭ ئەتراپىغا ئارقا - ئارقىدىن بەزى ئاددىي ئۆيلەر سېلىندى. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىنىپ، ناھىيە بازىرى دەسلەپكى شەكىلگە ئىگە قىلىندى. ئاغزاكىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكىنىڭ 15 مىڭ سەر تەڭگە ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن ئامبال ليۇگۇاڭچېن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پىلان بويىچە ئىش باشلاپ، ئالدى بىلەن، ناھىيىلىك يامۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئارقا كوچا («دەريا بويى» كوچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىنگونىڭ 35 - يىلى «مەدەنىيەت» كوچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن) ياساتتى، كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 570 مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە تۆت كىچىك كوچا ياساتتى (بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم 120 مېتىر، 110 مېتىر، 90 مېتىر، 50 مېتىر)، بۇلارنىڭ ھەممىسى توپا يول. سودا ئىشلىرى، ئاساسەن، «دەريا بويى» كوچىسىغا مەركەزلەشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تۈرلۈك ئىشلار خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھەممە ساھەدىكى ئىشلارنى قايتىدىن باشلاشقا توغرا كەلگەچكە، مەبلەغ يېتىشمەي ناھىيە بازىرى ئىزچىل تۈردە پىلانلانمىدى. 1958 - يىلى كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتكەن قىسمى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، شەرقىي كوچا غەربكە ئۇزارتىلدى.

1964 - يىلى ناھىيە بازىرى بىر قېتىم رەسمىي پىلانلاندى، ناھىيە بازىرىدا T شەكىللىك كوچا شەكىللەندى ھەمدە كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى كونا بۆلىكىگە شېغىل ياتقۇزۇلدى. 1977 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى كوچىلارغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى.

1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ يېقىن ۋە يىراق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزدى ھەمدە ئۇنى تەدرىجىي يولغا قويدى.

## § 1. بازار قۇرۇلۇشى

### 1. بازار رايونىدىكى كوچىلار

مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ناھىيە بازىرىدا ئىككى كوچا، تۆت تار كوچا بار

ئىدى.

ئالدى كوچا بۇ كوچا، شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى توپا كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 840 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (ناھىيىلىك يامۇل، ناھىيىلىك مەھكىمە) كوچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىدى.

ئارقا كوچا («دەريا بويى» كوچىسى، كېيىن «مەدەنىيەت» كوچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن) بۇ كوچا، شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى توپا كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 570 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر ئىدى.

ئالدى كوچا ۋە ئارقا كوچىدا تۆت تار كوچا (ھەممىسى توپا كوچا) تۇتىشىپ كەتكەنىدى، ھەممىسى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە ئىدى.

1 - تاركوچا ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر.
2 - تاركوچا ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر.
3 - تار كوچا ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر.
4 - تار كوچا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي بولغان 1 - رايون 1 - يېزىنىڭ بازار كەنتىدە 1958 - يىلى لوپنۇر بازىرى قۇرۇلدى. 1965-يىلى بازار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 - يىلى ئارقا كوچا ۋە ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان تۆت تار كوچا كۆكەرتىش رايونى قىلىپ پىلانلاندى. 1977 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 2.245 كىلومېتىر كوچىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بازىرى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاندى. بارلىق ئەگرى كوچىلار تۈزلەندى، تار كوچىلار كېڭەيتىلدى، كوچا نامى بېكىتىلدى. 1984-يىلى لوپنۇر بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى توپا كوچىلار كېڭەيتىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.340 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، لوپنۇر بازىرىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8.171 كىلومېتىر كېلىدىغان توققۇز كوچا (ئاسفالت ياتقۇزۇلغان كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.4737 كىلومېتىر)؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1.8346 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتە تار كوچا (ئاسفالت كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.5546 كىلومېتىر) بار بولدى.

**لوپنۇر بازىرى بويىچە 1985 - يىلدىكى كوچا ۋە تار كوچىلارنىڭ نامى**

5 - قىسىم 9 - جەدۋەل

| كوچا، تاركوچا نامى | يۆنىلىشى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كوچا يۈزىنىڭ ھالىتى |
|---|---|---|---|
| «ئازادلىق» كوچىسى | جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدە | 1817 | 70 پىرسەنتى ئاسفالت كوچا، 30 پىرسەنتى توپا كوچا |
| «تىنچلىق» كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 745.20 | ئاسفالت كوچا |
| «شىڭپىڭ» كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 763 | ئاسفالت كوچا |
| «كۆنچى» كوچىسى | جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدە | 1391.70 | ئاسفالت كوچا |
| «ئىتتىپاق» كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 1483 | 40 پىرسەنتى ئاسفالت كوچا، 60 پىرسەنتى توپا كوچا |
| «قۇرۇلۇش» كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 512.60 | توپا كوچا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| «دوستلۇق» كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 708.60 | ئاسفالت كوچا |
| «خەلق» كوچىسى | جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدە | 250 | توپا كوچا |
| «نۇرلۇق» كوچا | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 500 | توپا كوچا |
| چۇچۇك بۇيا قىيامى زاۋۇتى تار كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 554.60 | ئاسفالت كوچا |
| «ساغلاملىق» تار كوچىسى | جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدە | 300 | توپا كوچا |
| «بەخت» تار كوچىسى | جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدىن شەرق - غەرب يۆنىلىشىگە بۇرۇلىدۇ | 340 | توپا كوچا |
| «دۆڭلىن» تار كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 350 | توپا كوچا |
| «شىلىن» تار كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 180 | توپا كوچا |
| «دېموكراتىيە» تار كوچىسى | شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە | 110 | توپا كوچا |

## 2. بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

1958 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر سۇ ئىچىشتە يازدا شىڭپىلىڭ ئۆستىڭى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىشلەتسە، قىشتا مۇز سۈيى ياكى كۆنچى دەرياسىدىن هارۋا بىلەن توشۇپ كېلىنگەن سۇنى ئىشلىتەتتى. 1958 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇنجى يەرلىك قۇدۇق (تېيىز قۇدۇق) قېزىلدى، بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، كېيىن كادىرلار ئاشخانىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، خەلق بانكىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ تېيىز قۇدۇق قېزىشقا باشلىدى. تاكى 1970 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر يازدا دەريا، ئۆستەڭ، قۇدۇق سۈيىدىن تەڭ پايدىلانسا، قىشتا كۆپ قىسمى قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلاندى. 1971 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۇچاستىكىسى، ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى (چۇچۇك بۇيا قىيامى زاۋۇتىنىڭ تەكتى) سۇ مۇنارى ياساپ، بۇ ئىككى ئورۇننى سۇ بىلەن تەمىنلىدى. 1983 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا ماشىنىلاشقان قۇدۇق (چوڭقۇر قۇدۇق) قېزىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى %93 ئاھالە چوڭقۇر قۇدۇق سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى. 1978 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا تۇنجى بولۇپ مۇنارسىز تۇرۇبا سۈيى ئۈسكۈنىسى ئورناتتى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى، بۇنى ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى ناھىيە بازىرىدا كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇنارسىز تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش رايونىدىن يەتتىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى لوپنۇر بازىرىدىكى ئاھالىلەر، ئاساسەن، مۇنارسىز تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى.

## 3. بازار بىناكارلىقى

1) ئاممىۋى بىناكارلىق لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئورگىنى مىنگونىڭ 2 - يىلى

(1913- يىلى) كۆنچى دەرياسى بويىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ناھىيە مەھكىمىسى سېلىنغاندىن باشقا، ناھىيە مەھكىمىسىنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمىغا بىرنەچچە ئاممىۋى ئىمارەت يەنى «چىڭخۇاڭ» ئىبادەتخانىسى، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى سېلىنىدى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللاردا يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، ساقچى ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئامبىرى، ھەربىي گازارما، كېڭەش، گومىنداڭنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك پىرقىسى، كۇلۇب، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئامبولاتورىيە قاتارلىقلار سېلىنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا سانائەت، سودا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىمارەتلىرى سېلىنىدى. 1952 - يىلدىن1965- يىلغىچە بولغان 14 يىلدا ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 382.97 كۋادرات مېترغا يەتتى. 89.3% ئۆي - ئىمارەت كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىدى، خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي - ئىمارەت ئومۇمىي ئۆي - ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 10.67 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. 1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە سودا ئىدارىسىنىڭ ماگىزىنى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتى، شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ماگىزىنى، شېكەر زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى ۋە لوپنۇر يول ئاسراش ئۇچاستىكىسىنىڭ ئومۇم ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلىرى قاتارلىقلار سېلىنىدى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىدى. 1976 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى ئۆي - ئىمارەتلىرى تېز كۆپەيدى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 57 مىڭ 288.05 كۋادرات مېتر ئۆي سېلىنىدى، بۇ، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدا بار بولغان 134 مىڭ 125 كۋادرات مېتر ئۆي كۆلىمىنىڭ 42.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بىنا، خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازاردا ئومۇمىي كۆلىمى 9174.19 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئون بىنا؛ ئومۇمىي كۆلىمى 116 مىڭ 260 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئۆي (خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىقى 25 مىڭ 626 كۋادرات مېتر بولۇپ، 22.08%نى؛ خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 2831 كۋادرات مېتر بولۇپ، 24.3% نى؛ كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 62 مىڭ 137 كۋادرات مېتر بولۇپ، 53.53% نى ئىگىلەيدۇ) بار بولدى.

**1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر بازىرىدا سېلىنغان ئاممىۋى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كۆلىمى**

5 - قىسىم 10 - جەدۋەل

| يىللار | سېلىنغان مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | كېسەك-ياغاچ | خىش-ياغاچ | خىش-سېمونت | خىش-سېمونت (بىنا) |
| 1980 | 90.55 | 14737.61 | 6703.79 | 4666.95 | 2521.1 | 645.77 |
| 1981 | 28.98 | 5283.96 | 1363.36 | 2222.21 | 1698.38 | |
| 1982 | 32.95 | 3941.98 | 740.56 | 935.5 | 1363.04 | 902.88 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 59.74 | 4666.83 | 1879.37 | 1123.59 | 306.13 | 1357.74 |
| 1984 | 125.94 | 12672.68 | 5082.15 | 255 | 1327.25 | 5963.23 |
| 1985 | 171.09 | 99797.19 | 62137 | 2831 | 25626 | 9174.19 |
| جەمئىي | 509.25 | 57288.05 | 16380.87 | 11614.55 | 11248.77 | 18043.86 |

**لوپنۇر بازىرىدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە سېلىنغان ئاممىۋى ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ كۆلىمى**

5 - قىسىم 11 - جەدۋەل بىرلىكى: كۋادرات مېتىر

| نامى / يىللار | سانائەت | سودا | مائارىپ | سەھىيە | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە | ئامبار | ئورگان | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 592.71 | 4736.16 | 50683 | 70.88 | 651.6 | 4091.11 | 2874.04 | 1670.28 |
| 1981 | 627.1 | 2172.37 | 1466.31 | | | 1018.67 | | |
| 1982 | 101.3 | 1582.63 | | 494.05 | 270.8 | 728.42 | 288.2 | 476.58 |
| 1983 | 312.6 | 2089.26 | 818.9 | 371.03 | 305.63 | 1621.07 | 926.99 | 975.4 |
| 1984 | 364.69 | 1879.01 | 255 | 511.68 | 788.11 | 2959.68 | 5646.11 | 223.4 |
| 1985 | 517.46 | 2063.33 | 2589.06 | 3227.11 | 664.65 | 755.49 | 2434.97 | 1023.88 |

2) ئاھالىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي - ئىمارەت مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئورگىنى كۆنچى دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈلگەندە، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئائىلىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. بىر نەچچە ئېغىزلا ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيى بار ئىدى. ئاغزاكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا 50 نەچچە ئائىلىلىكنىڭ كېسەك ئۆيلا بولغان، كېيىن بۇ يەرگە ئاھالىلەر ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كەلگەن. 1949 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا بۇ يەردىكى ئائىلە 1406 گە يەتتى، لېكىن ئۆيلەر بىر تۇتاش پىلانلانمىغان، ھەممىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بولۇپ، ئېگىز - پەس سېلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى نوپۇس كۈنسايىن كۆپەيدى. 1965 - يىلى 8884.74 كۋادرات مېترلىق ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيى يېڭىدىن سېلىندى. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1980 - يىلدىن كېيىن كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى پۈتۈنلەي خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئالتە يىلدا 23 مىڭ 119 كۋادرات مېترلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيى سېلىندى (خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىقى 14 مىڭ 897.52 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش

كۆلىمىنىڭ 64.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) . 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.81 كۋادرات مېتىردىن ئولتۇراق ئۆي توغرا كەلدى.

3) ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى، جامائەت سالغان ئىمارەتلەر جامائەت ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى، جامائەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، خۇسۇسلار ئۆي سېلىشتا چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى، ئاھالىلەر سالغان ئىمارەتلەرنى ئاھالىلەر ئىشلىتەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا مۇشۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى.

1953 - يىلدىكى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق ئۆيلەر تىزىملاندى، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئائىلىگە قاراپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئۆيلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى شۇ ئورۇن ئۆزى رېمونت قىلدى، ھېچقانداق ھەق ئېلىنمىدى (ئۆي ئىجارىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . 1955 - يىلدىن كېيىن دۆلەت ئىلكىدىكى ئۆيلەرگە قارىتا ئۆي ئارقىلىق ئۆينى قامداش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ئومۇمەن پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرى دۆلەت مۈلكىگە تەۋە قىلىنىپ مالىيە تارمىقى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى (ئۆز ئىدارىسى ئارقىلىق) ، بىردەك مالىيە تارمىقى بېكىتكەن ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىندى، لېكىن ھەق ئىنتايىن ئاز ئېلىندى. 1984 - يىلى شەھەر يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىككى كادىر ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇشقا قويۇلدى، لېكىن يەنىلا ئىلگىرىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى داۋاملاشتۇرۇلدى.

## 4. بازارنى كۆكەرتىش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىدىغان دەل - دەرەخ ئىنتايىن ئاز ئىدى، گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ تېرىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ناھىيە بازىرىدا پەقەت كورلا — چاقىلىق تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپى (ھازىرقى «ئازادلىق» كوچىسى) دە بىر نەچچە تۈپ دوغاق سۆگەت بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورمان بەلبېغى ياسىدى، «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپى مۇھىم نۇقتا قىلىندى، لېكىن سۇ كەمچىل، باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم بولمىغاچقا، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. 1964 - يىلى ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىش ئىشى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاندى، «ئازادلىق» كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قېرى دوغاق سۆگەتلەر چىقىرىۋېتىلىپ، ئېرىق ۋە ئورمان بەلبېغى ياسىلىپ، سۆۋادان تېرەك ۋە ياسىن دەرىخى سېلىندى. «تىنچلىق» كوچىسى ۋە كورلا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى بۆلىكى كۆچەت تىكىلىدىغان نۇقتىلىق رايون قىلىنىپ، 7676 تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، كۆكەرتىلگەن كۆلەم كېڭەيتىلدى. ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دەل - دەرەخلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كۆكەرتىش خىزمىتى يەنە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇلدى، بولۇپمۇ 1979 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا ئىرادە باغلىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، لوپنۇر بازىرىدىكى ئورمان بەلبېغى 126 موغا، تىكىلگەن كۆچەت

56 مىڭ تۈپكە، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 53 مىڭ 589 تۈپكە يەتتى، كۆپلىگەن ئورگانلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا، ھويلىسىغا ۋە ئاھالىلەرنىڭ ھويلىسىغا گۈل - گىياھ تېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا تېرەك - سۆگەتلەر رەت - رەت سوزۇلغان، گۈل - گىياھ ۋە ئوت-چۆپلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن مەنزىرە شەكىللەندى.

### 5. بازارنى توك بىلەن تەمىنلەش

1960 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەندى. 1961 - يىل 7 - ئايدا ئىستانسا پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى گېنېراتورى جەھەتتە 40 ئات كۈچىگە ئىگە بىر دىزېل‌ماتور، 85 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتور بار بولۇپ، يىلىغا 31 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلاتتى، توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسىدىن ئۈچى بار ئىدى، 1 - لىنىيە ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ شىمالغا سوزۇلۇپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا باراتتى (ئۇزۇنلۇقى 966 .4 مېتر)، 2- لىنىيە غەربكە سوزۇلۇپ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە باراتتى(ئۇزۇنلۇقى 921.8 مېتر)، 3 - لىنىيە شەرققە سوزۇلۇپ مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا باراتتى(يەنى ھازىرقى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ ئورنى، ئۇزۇنلۇقى 481.6 مېتر)، بۇلارغا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى.

توك مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، ھەر كۈنى كەچتە بەلگىلەنگەن تۆت سائەت ۋاقىتتىلا توك تارقىتىلاتتى، بۇ توك بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ھەم بازار ئاھالىلىرى تەمىنلىنەتتى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1974 - يىلى يۇقىرىنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىلىپ، باش ئەگىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى يەتكۈزۈلدى، لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ مىڭشەننىڭ باشلىقلىقىدا يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بىر يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، 1975 - يىل 10 - ئاينىڭ 1- كۈنى تۇنجى قېتىملىق توك يەتكۈزۈش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا لوپنۇر توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىنى قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ، ياندۇرقى يىلى توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى پۈتتۈرۈلدى، بازار رايونىغا شۇ يىلى 2.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئون كىلوۋاتلىق/400 ۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، 9 - ئايدا ناھىيە بازىرى توك بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭغا 824 مىڭ 302.43 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## § 2. يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى

### 1. يېزا - كەنت بىناكارلىقى

مىنگو دەۋرىدە يېزا بىناكارلىقى جەھەتتە بىرىنچىدىن پىلانلانمايتتى، ئىككىنچىدىن باشقۇرىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇڭا ھوقۇقلۇق ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر يەرنى زورلۇق بىلەن كۆپلەپ ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىۋالاتتى ۋە باغ بەرپا قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا بىناكارلىقى پىلانلىق ھالدا قانات يايدۇرۇلدى، يېزا (گوڭشې) ئورگىنى تۇرۇشلۇق جايلاردا كوچىلار پىلانلىنىشقا باشلىدى. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا - كەنتلەردە «بەشتە

ياخشى» قۇرۇلۇشى (ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئېرىق-ئۆستەڭ، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشنى پىلانلىدى، يېزىلاردا يەر پىلانلاش ئەترىتى قۇردى، بۇ ئەترەت گۆڭشېمۇ گۆڭشې بويۇرۇپ يەرلەرنى ئۆلچەپ چېرتيوژ سىزىپ يەر پىلانلىدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا - كەنت بىناكارلىقىنىڭ كۆپ قىسمى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1) ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەتلەر    مىنگو دەۋرىدە ئۈچ رايون (يېزا) تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمارەت ناھايىتى ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايون، يېزىلاردا ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر سېلىنىشقا باشلىدى، تولۇقلاپ سېلىش، كېڭەيتىش ۋە يېڭىدىن سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئىدارە - ئورگان، كەسپىي تارماقلار ئىشلىتىدىغان ئۆيلەر سېلىندى، بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىندى. 1958 - يىلى خەلق گۆڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۆڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشخانا سېلىندى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈرلۈك ئىشلار گۈللەندى، گۆڭشې (يېزا) ئورگىنى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ئىمارەتلەر يېڭى تۈس ئالدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پىلان بويىچە تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت ئورنى، بانكىنىڭ تىجارەت ئورنى، ئاشخانا، ئاشپۇزۇل، ساتىراشخانا، شۇنىڭدەك ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر سېلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا كىچىك بازارغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

2) ئاھالىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەتلەر    مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا مال تەبىئەتكە تايىنىپ بېقىلاتتى، قەيەردە سۇ ۋە ئوت-چۆپ بولسا شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئاساسەن ئۆي - قوتان يوق ئىدى. قىشتا كۆپ ساندىكى چارۋىچى ياغاچتىن ۋە قومۇشتىن ياسالغان لاپاس ئۆيلەردە تۇراتتى؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقانلار ياغاچ بىلەن يېپىلغان ئۆي، قومۇش ئۈستىگە لاي سۇۋاپ ياسالغان ئۆيلەردە تۇراتتى، كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر ئەينى چاغدىكى ياخشى ئۆي ھېسابلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يېڭى ئۆيلەر سېلىندى. 1950-يىلدىن 1965 - يىلغىچە شىڭپىڭ گۆڭشېسىنىڭ داشى، تۆگىچكە كەنتلىرى، تارىم گۆڭشېسىنىڭ ئاقسۇپى كەنتى، دۆڭقوتان گۆڭشېسىنىڭ مىرسالى كەنتىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يېزىلاردىكى ئۆيلەر ئۈچ ھەسسە كۆپەيگەن، لېكىن چەت، يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار يەنىلا ئەنئەنىۋى ياغاچ ئۈستىگە لاي سۇۋاپ ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇرغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېزىلاردا ئۆي سېلىش ئاستىلاپ قالدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلدى، دېھقان، چارۋىچىلار تەدرىجىي بېيىدى، نەتىجىدە يېزا - كەنتلەردە يېڭى ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 310 ئائىلىلىك چارۋىچى يېڭى ئۆي سالدى، بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 21 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچتىن سېلىنغان چېدىر شەكىللىك ئۆيلەر، بىر قىسمى خىش- ياغاچ ياكى خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلاردا سېلىنغان ئاھالىلەر ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 564 مىڭ 360 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا - مەيدان(فېرما)لاردا 1985 - يىلى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالى

5 - قىسىم 12 - جەدۋەل

| يېزا (مەيدان، فېرما) | يېڭىدىن ئۆي سالغان ئائىلە | كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق (كۋادرات مېتىر) | خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق (كۋادرات مېتىر) | خىش - سېمونت قۇرۇلمىلىق (كۋادرات مېتىر) | جەمئىي (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوزۇقچىلىق مەيدانى | 18 | 1620 | 180 | | 1800 |
| شىڭپىڭ يېزىسى | 40 | 4920 | 900 | 100 | 5902 |
| «ئىتتىپاق» يېزىسى | 60 | 3853.13 | 704.35 | 140.97 | 4698.45 |
| تارىم يېزىسى | 138 | 6025.64 | 186.36 | | 6212 |
| دۆڭقوتان يېزىسى | 9 | 650 | | | 650 |
| خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | 21 | 1260 | | | 1260 |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 24 | 1411 | | | 1411 |
| جەمئىي | 310 | 18119.77 | 1970.7 | 240.97 | 21933.45 |

## 2. يېزا - كەنت يوللىرى

1963 - يىلدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا كەنت بىلەن كەنت ئارىلىقىدىكى چىغىر يوللار بار ئىدى، بۇ يوللار ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرى ئىدى، شامال چىقسا چاڭ - توزان بېسىپ كېتەتتى، يامغۇر ياغسا پاتقاق بولۇپ كېتەتتى. 1963 - يىلى يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى (ياخشى يول، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى) يولغا قويۇلۇپ، يوللار ياسىلىشقا باشلىدى، گۆڭشې - ئەترەتلەر توپا يوللارنى ياسىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھىيە بازىرىدا دۆڭقوتانغا بارىدىغان تاشيول ياسالدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، گۆڭشې بىلەن گۆڭشې، ئەترەت بىلەن ئەترەت ئارىلىقىدا توپا يول ۋە شېغىل يول ياسىلىپ، خېلى مۇكەممەل بولغان يېزا، چارۋىچىلىق رايونى قاتناش تورى تەدرىجىي شەكىللەندى. 1985 - يىلغا كەلگەندە يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 216 كىلومېترغا يەتتى، بۇ يوللارنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىردىن ئون مېتىرغىچە كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتر بولۇپ، ئومۇمىي يېزا يولىنىڭ 23.42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ يوللاردا 53 چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچ بار.

## 1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يوللارغا سېلىنغان كۆۋرۈك - سۇڭگۈچلەر

5 - قىسىم 13 - جەدۋەل

| يېزىلار | يېزا - كەنت يولىنىڭ نامى | باشلانغان ئورۇن نامى | ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | يول يۈزى | كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| شىڭپىڭ يېزىسى (ئۇزۇقچىلىق مەيدانى) | شىنىغا كەنتى يولى | شىڭپىڭ ئۈستىگە سېلىنغان جەنۇبىي شىنىغا كۆۋرۈكىدىن شىنىغا كەنتىگىچە | 4 | 8 | توپا يول | 1 |
| | قاراقۇم كەنتى يولى | كورلا - چاقىلىق تاشيولىدىن قاراقۇم كەنتىگىچە | 2 | 8 | توپا يول | 2 |
| | قاراقۇم باغ كەنتى يولى | كورلا - چاقىلىق تاشيولىدىن باغ كەنتىگىچە | 2 | 8 | توپا يول | |
| | تۆگىچىكە كەنتى يولى | شىڭپىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن تۆگىچىكە كەنتىگىچە | 5 | 8 | شېغىل يول | 2 |
| | ئاقسۇپى كەنتى يولى | لوپنۇر بازىرىدىن ئاقسۇپى كەنتىگىچە | 28 | 4 | توپا يول | 5 |
| | يامانخوۋا كەنتى يولى | لوپنۇر بازىرىدىن يامانخوۋا كەنتىگىچە | | | | |
| تارىم يېزىسى | خادادۆڭ كەنتى شىمالىي يولى | لوپنۇر بازىرىدىن خادادۆڭ كەنتىگىچە | 12 | 8 | شېغىل يول | 2 |
| | خادادۆڭ كەنتى جەنۇبىي يولى | تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن خادادۆڭگىچە | 15 | 8 | شېغىل يول | 6 |
| | قوۋانكۆل كەنتى يولى | تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قوۋانكۆل كەنتىگىچە | 8 | 8 | توپا يول | 4 |
| | بېشىك ئاستى كەنتى يولى | تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بېشىك كەنتىگىچە | 5 | 8 | توپا يول | 3 |
| دۆڭقوتان يېزىسى | دۆڭقوتان يېزىسى يولى | لوپنۇر بازىرىدىن دۆڭقوتان يېزىلىق ھۆكۈمەتكىچە | 32 | 8 | شېغىل يول | 10 |
| | قارچۇغا كەنتى يولى | دۆڭقوتان يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قارچۇغا كەنتىگىچە | 90 | 4 | توپا يول | 10 |
| | مىرسالى كەنتى يولى | دۆڭقوتان يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن مىرسالى كەنتىگىچە | 3 | 4 | توپا يول | 2 |
| ئىتتىپاق يېزىسى | كۆكپەن كەنتى | «ئىتتىپاق» يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كۆكپەن كەنتىگىچە | 3 | 8 | شېغىل يول | 2 |
| جەمئىي | 14 | | 216 | 8.4 | توپا يول (142 كىلومېتىر) شېغىل يول (74 كىلومېتىر) | 53 |

## 3. يېزا، كەنتلەرنى كۆكەرتىش

ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا جايلاشقان كەنتلەر ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە ھەممىسى توغراقلىق رايوندىكى دەريا ساھىلىغا جايلاشقانىدى، مۇھىتى گۈزەل ئىدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئوتۇنغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كەنت ئەتراپىدىكى ئورمان ئېغىر دەرىجىدە كېسىلدى. مىنگو دەۋرىدە تىكەنلىك بازىرىدا بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخ تىكىلگەندىن باشقا، كۆپلىگەن كەنتلەردە بىر تۈپمۇ دەرەخ يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا ئولتۇراق جايلارنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت تىكىلىشكە باشلىدى. 1964 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، ئەترەتلەر پائال تۈردە كەنت مۇھاپىزەت ئورمىنى بەرپا قىلدى ھەمدە يېڭىدىن پىلانلانغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورمىنى بەرپا قىلدى، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىدىكى بوش جايلارغا تېرەك، سۆگەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى سالدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن «سول» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە شەكىلۋازلىق ئەۋج ئېلىپ، «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى جەريانىدا ھەممىنى بىردەك قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، زور كۆلەمدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر كېسىۋېتىلدى، ئەكسىچە يېڭىدىن ئىنتايىن ئاز دەرەخ تىكىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ ئورمان، باغۋەنچىلىك سىياسىتى تەڭشىلىپ، ھەر ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىغا ئىككى پۇڭ ئەتراپىدا باغ يېرى قوشۇپ بېرىلدى ھەمدە دېھقانلار بىكار يەرگە كۆچەت تىكىشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى، كىم تىكسە شۇ باشقۇردى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۆچەت تىكىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە كۆپ ساندىكى كەنتلەر يېشىللىققا پۈركەندى.

## 4. يېزا، كەنتلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاما ئىزچىل تۈردە كۆنچى دەرياسى، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى، كۆل سۈيىنى، يەرلىك قۇدۇق سۈيىنى ۋە مۇز سۈيىنى ئىچىپ كەلگەنىدى، دەريا، ئۆستەڭگە يىراقراق كەنتتىكىلەر كۆلگە سۇ قاچىلىۋېلىپ ھايۋانلار بىلەن بىللە ئىچەتتى، تازىلىقى ئىنتايىن ناچار ئىدى. 1985 ـ يىلى يېزىلاردا تۇرۇبا سۈيىنى ئومۇملاشتۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىشقا باشلىدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارىم يېزىسىنىڭ تارىم كەنتى، چوڭكۆل كەنتى ۋە شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۆگچىكە كەنتى، قاراقۇم كەنتىدىكى ئاھالىلەر مۇنارسىز تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشكە باشلىدى، بۇ، ناھىيىنىڭ كەنتلىرىدىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 14.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 5. يېزا، كەنتلەرنى توك بىلەن تەمىنلەش

1976 ـ يىلى باش ئەگىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى لوپنۇر ناھىيە بازىرى، شىڭپىڭ گۇڭشېسى، «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى ۋە تارىم گۇڭشېسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىغا يەتكۈزۈلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا، 13 كەنت كومىتېتىغا باش ئەگىم ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى يەتكۈزۈلدى، %85 دېھقان، چارۋىچى يورۇتۇش

ئۆچۈن توك ئىشلەتتى.

1976 - يىل 5 - ئايدا چەت - يىراق جايغا جايلاشقان دۆڭقوتان گۈڭشېسىنىڭ دىزېل ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن گۈڭشې ئورگىنى تۇرۇشلۇق مىرسالى چوڭ ئەترىتى ۋە گۈڭشېغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار توك ئىشلىتىدىغان بولدى. 6 - ئايدا تارىم يېزىسى ئاقسۇپى كەنتىنىڭ دىزېل ئېلېكتر گېنېراتورى پۈتۈن كەنتنى توك بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. 1978 - ۋە 1979 - يىللىرى دۆڭقوتان گۈڭشېسىنىڭ قارچۇغا چوڭ ئەترىتى، خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدىمۇ دىزېل ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

## § 3. بىناكارلىق

### 1. قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇش

1959 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بىناكارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، جەمئىي بىناكارلىق ئىشچىسى 100 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغاچچى، تۆمۈرچى، تامچى قاتارلىقلار بار. قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا ئۇلار ئىككى ئىش ئۆچاستكىسىغا بۆلۈپ باشقۇرۇلدى، ياغاچچى، تۆمۈرچىلەر مۇستەقىل مەشغۇلات گۇرۇپپىسى بولۇپ قۇرۇلدى، ھەر بىر تامچى 2.7 ئىشچى تەقسىماتى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ باردى.

قۇرۇلۇش ھۆددە ئالغاندا «ئا» تەرەپ بىلەن «ب» تەرەپ توختام ئىمزالىدى، ئۇنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەستىقلىدى. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە خادىم تەشكىللەشكە «ب» تەرەپ مەسئۇل بولۇپ، قۇرۇلۇشنى سان - سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئۆز قەرەلىدە ئىشلىتىشكە تاپشۇردى. قۇرۇلۇش خىراجىتى دۆلەت بەلگىلىگەن قۇرۇلۇش قىلىش نورما ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى.

ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە شىركەت، ئىش ئۆچاستكىسى ۋە گۇرۇپپىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش قوللىنىلدى، شىركەت مالىيىسى ۋە ئىش ئۆچاستكىسى خاتىرىسىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە بويىچە ھېسابات قىلىندى. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىنغاندا شىركەت («ب» تەرەپ) بىلەن «ئا» تەرەپ تۈزگەن كېلىشىمنامە ۋە توختام ئىش ئۆچاستكىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئىش ئۆچاستكىسى توختامدىكى تەلەپ بويىچە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلدى. قۇرۇلۇش پۈتكەندە شىركەت مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ھەمكارلىشىپ ۋە «ئا» تەرەپ بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قۇرۇلۇش خىراجىتىنى كونكرېت تاپشۇرۇش ۋاقتى جەھەتتە، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ئومۇمىي خىراجەتنىڭ 60 پىرسەنتى تاپشۇرۇلدى، قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قوپۇرۇلغاندا ئومۇمىي خىراجەتنىڭ 30 پىرسەنتى تاپشۇرۇلدى، قۇرۇلۇش پۈتكەندە ئىككى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولسا قۇرۇلۇش خىراجىتى تولۇق تاپشۇرۇلدى.

1980 - يىلدىن كېيىن «چوڭ ھۆددىگەرلىك» شەكلى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىشتىن ئىبارەت قۇرۇلۇش قىلىش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، بارلىق ماتېرىيال ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئىشچىغا شىركەت مەسئۇل بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىش ۋاقتى قىسقاردى، خىراجەت سەرپىياتى تۆۋەنلىدى.

## 2. بىناكارلىق قوشۇنى

مىنگو دەۋرىدە ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەخسۇس بىناكارلىق قوشۇنى يوق ئىدى، ئۆي - ئىمارەت سالغاندا ھۆددىگەر ئۇ يەر - بۇ يەردىن ياغاچچى، تامچى، تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ قۇرۇلۇش قىلاتتى.

1) ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى — ياغاچ - تاش كوپېراتىپى 1959-يىلى ناھىيە بازىرىدىكى كىبەكچى، ياغاچچى، تامچى، تۆمۈرچى ۋە ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر قىسىم ئۇستىلار تەشكىللىنىپ ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش قىسقارتىلىپ بىناكارلىق شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كۆپ ساندىكى ئىشچىلار ئىخچاملىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، قېلىپ قالغان بىر قىسىم تېخنىك ئىشچىلاردىن لوپنۇر ناھىيىلىك ياغاچ - تاش كوپېراتىپى قۇرۇلدى، كوپېراتىپنىڭ 18 ئىشچىسى بار بولدى. 1964- يىلى ياغاچ - تاش كوپېراتىپى بىلەن سۇچىلىق ئەترىتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1966 - يىلىياغاچ - تاش كوپېراتىپى بىلەن سۇچىلىق ئەترىتى ئايرىۋېتىلىپ، لوپنۇر ناھىيىلىكياغاچ- تاش كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1970 - يىل 7 - ئايدا ئىنتايىن «سول» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ياغاچ - تاش كوپېراتىپى يەنە تارقىتىۋېتىلدى، ئىشچىلىرى پۈتۈنلەي يېزىغا چۈشۈرۈلدى.

2) ناھىيىلىك 1 - بىناكارلىق شىركىتى 1977 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن)، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن سەككىز ئۇستا، توققۇز شاگىرت تاللىنىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تېخنىكا تايانچى قىلىندى، 40 نەچچە كىشىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، بۇ ئەترەت بازار قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسىم تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 3 - يىلىدىن باشلاپ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ئاشخانا، مېھمانخانا، سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى، مېتال بۇيۇملار ماگىزىنى، رېمونتخانا، توڭلىتىش ئامبىرى قاتارلىق ئون نەچچە مۇلازىمەت كەسپىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوبۇل قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، نەتىجىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى يەنىمۇ زورايدى. 1980 - يىلى ئەترەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 100 دىن ئېشىپ، ئەترەت قۇرۇلغان چاغدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 700 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىككى ئاپتوموبىلى، ئىككى لاي ئېتىش ماشىنىسى بار بولدى، باشقا يۇرۇشلەشكەن بىناكارلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى، پەقەت ئىشخانىلارنىلا سېلىشتىن چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىشقا تەرەققىي قىلدى، بۇ ئەترەت ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق بەش چوڭ ئورگاننىڭ تۆت قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسىنى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىناسىنى، قۇراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ بىناسىنى، كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ بىناسىنى، ئۇن زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىنى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى شۇنىڭدەك باشقا ئورۇنلارنىڭ كىچىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى سالدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى لوپنۇر ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى يەنە نامى لوپنۇر ناھىيىلىك

1 - بىناكارلىق شىركىتى دەپ ئاتالدى، شىركەت قارىمىقىدا ئىككى قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، 72 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، ھازىر بۇ شىركەت تەشكىلىي ئاپپاراتى مۇكەممەل، تېخنىكا كۈچى خېلى كۈچلۈك شىركەت بولۇپ، بازار - يېزا قۇرۇلۇشىدا تايانچلىق رول ئوينىماقتا.

3) بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى 1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، گۇڭشېلاردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنى مەركەزلىك باشقۇرۇش مەقسىتىدە بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى قۇردى. ئۇ، يېزا - بازار كارخانىسىغا تەۋە بولدى. شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 38 قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتى، 2000 نەچچە قۇرۇلۇش ئىشچىسى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچى خادىم 17، ئىنژېنېر بىر، ياردەمچى ئىنژېنېر ئۈچ. 1985 - يىلغا كەلگەندە بىرلەشمە بىناكارلىق شىركىتى 24 قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتىگە تەڭشەلدى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئىشچى 2010 غا يەتتى. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 825 مىڭ يۈەنگە، قىلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 400 نەچچە مىڭ كۋادرات مېترغا، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى 670 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ جۇغلانما 578 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# ئالتىنچى قىسىم

# پوچتا - تېلېگراف، قاتناش

# ئالتىنچى قىسىم

# پوچتا - تېلېگراف، قاتناش

## I باب

## پوچتا - تېلېگراف

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بۇ يەردە تۇر ياسىلىپ ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋاللار يەتكۈزۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ھۆكۈمەت يوللىرىنىڭ بويلىرىغا ھەربىي رابات تەسىس قىلىنىپ ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئىشلار ۋە يازما ماتېرىياللار يەتكۈزۈلگەن. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) ھەربىي رابات ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋاللار ۋە يازما ماتېرىياللار مۇشۇ ئۆتەڭ ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1889 - يىلى) ناھىيە تەۋەسىدە سەككىز ئۆتەڭ بار ئىدى. چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ناھىيە بازىرىدا سودىگەرلەر قوشۇمچە بېجىرىدىغان پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلغان. مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيە بازىرى بىلەن تىكەنلىكتە بىردىن خۇسۇسلار پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلدى، خەت-چەكلەر كورلا ياكى يەنجىدىن چاقىلىقتا پوچتا يوللانمىسى توشۇيدىغان ئات ئەترىتى ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودىگەرلەر باشقۇرىدىغان بىرلا پوچتا ۋەكالەتخانىسى بار ئىدى، بۇ ۋەكالەتخانا پەقەت خەت - چەك توشۇش، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ۋە پوچتا ماركىسىنى ۋەكالىتەن سېتىش كەسپىنى بېجىرەتتى.

### § 1. پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتلىرى

1954 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئەينى چاغدا ئىدارە ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى «دەريا بويى» كوچىسى («بەدەنىيەت كوچىسى») دا ئىدى. بۇ ئىدارە كورلا ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف تەپتىش ئىش

بېجىرىش ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى. 1956 - يىلى ئىدارە ھازىرقى «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىغا يۆتكەلدى. 1958 - يىلى تىكەنلىك، دۆڭقوتان، تارىم 4 - مەيدانى (ھازىرقى 32 - تۇەن - مەيدان) لاردا ئۈچ تارماق ئىدارە، تارىم 1 - مەيدانى (ھازىرقى تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي)، تارىم2 - مەيدانى(ھازىرقى35- تۇەن - مەيدان)، تارىم 3 - مەيدانى (ھازىرقى 34 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 8 - لىيەنى)، تارىم 5 - مەيدانى (ھازىرقى 31 - تۇەن - مەيدان)، تارىم 6 - مەيدانى(ھازىرقى33-تۇەن -مەيدان)، تارىم8- مەيدانى، تارىم 9 - مەيدانى (ھازىرقى دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ 30 كىلومېتر شەرقىدە) دا سەككىزپوچتا- تېلېگراف ئورنى تەسىس قىلىندى، بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا- تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باشقۇرۇش ئورنىدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئورنىدىن ئايرىم ھالدا ئۈلۈقكۆل پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ، كورلا ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف تەپتىش ئىش بېجىرىش ئورنىغا قارىدى، ئۈلۈقكۆل پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارىم 1 - مەيدانىدىن 9 - مەيدانغىچە بولغان سەككىز تارماق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە ئورنىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1962- يىل 10 - ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ قارارى ئارقىلىق تارىم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى باشقۇرۇش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۈلۈقكۆلپوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ نامى ئۈلۈقكۆلپوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىسى دەپ ئاتالدى، بۇ ئىدارە لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ھازىرقى «ئازادلىق» كوچىسى بىلەن «ئىتتىپاق» كوچىسى كېسىشكەن جاينىڭ غەربىگە يۆتكەلدى، ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. 1968 - يىلى ئۈلۈقكۆل رايونىدا پوچتا - تېلېگراف يۆكلىمە دولقۇن ئاپپاراتى پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف يولىدا ئاۋاز كۈچەيتىش ئۈچۈن تەسىس قىلىندى.

1969 - يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پوچتا - تېلېگراف ئايرىلىپ لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە تېلېگراف ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، پوچتا ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە، تېلېگراف ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. 1970 - يىل 11 - ئايدا پوچتا بىلەن تېلېگراف بىرلەشتۈرۈلۈپ لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قىلىندى، ئۇ، ھازىرغىچە ئاپتونوم ئوبلاستلىق پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىغا تەۋە بولۇپ كەلمەكتە.

1985 - يىلى ئىدارىغا قاراشلىق ئاپپاراتلاردىن ئۈلۈقكۆل، تىكەنلىك، تارىم يېزىلىق پوچتا- تېلېگراف تارماق ئىدارىلىرى ۋە دۆڭقوتان يېزىلىق، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى، 31 -، 33 -، 35 - تۇەن - مەيدان پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى بار بولدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 71 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 16، ياردەمچى ئىنژېنېر بىر.

## § 2. پوچتا

### 1. يوللانما يەتكۈزۈش مۇئەسسەسىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيىنىڭ پوچتا ترانسپورتىدا يەنىلا ئات،

ئېشەك قاتناش ـ ترانسپورت قورالى قىلىندى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن يوللانما يەتكۈزىدىغان ئاتلىق سىپىنا تەسىس قىلىندى. 1956 ـ يىلى بىر ۋېلسىپىت سەپلىنىپ مەخسۇس ناھىيە بازىرىدا يوللانما يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1961 ـ يىلى يېزا پوچتالىيونلىرى يوللانما يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان سەككىز ۋېلسىپىت سەپلەندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پوچتا يوللىرىدا ئاقسوپـــى، دۆڭقوتان رايونلىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار ئاتلىق سىپىنا تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەندىن باشقا، قالغان يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىلىرىدا ۋېلسىپىت ئىشلىتىلدى. 1972 ـ يىلى تىكەنلىك پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسى يوللانما يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر موتسىكلىت سەپلىدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى يېزىلارغا يوللانما يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر موتسىكلىت كۆپەيتتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىكى يوللانما يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋېلسىپىت 16 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا پوچتالىيونلىرى ئىشلىتىدىغىنى 14.

ناھىيە بويىچە جەمئىي 25 خەت ساندۇقى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىسى 21.

## 2. گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش

مىنگو دەۋرىدە گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ئىشىنى ناھىيە بازىرى ۋە تىكەنلىكتىكى پوچتا ۋەكالەتخانىسى بېجىرەتتى، ئەينى چاغدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» ھەم ژۇرناللار ئاز مىقداردا تارقىتىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىشقا يەنىلا ئىككى پوچتا ۋەكالەتخانىسى مەسئۇل بولدى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا بىلەن تارقىتىش بىرلەشتۈرۈلدى، گېزىت ـ ژۇرناللارنى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى زاكاز قوبۇل قىلىپ يەتكۈزۈپ بەردى، شۇ يىلى ھەرخىل گېزىت ـ ژۇرنالدىن 62 مىڭ 168 نۇسخا تارقىتىلدى. گېزىتلەر، ئاساسەن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» ، خەنزۇچە «خەلق گېزىتى» ۋە ئاز مىقداردا «نۇر گېزىتى» دىن ئىبارەت ئىدى. كېيىن تارقىتىلىش مىقدارى يىلمۇيىل كۆپەيدى. 1965 ـ يىلى جەمئىي 576 مىڭ 408 نۇسخا گېزىت، 63 مىڭ 283 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى، تارقىتىلغان گېزىت1954ـ يىلدىكىدىن 763.15% كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە گېزىتلەرنىڭ خىلى ئازىيىپ كەتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەرخىل گېزىتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كۆپ مىقداردا تارقىتــــىلدى، شەخسلەرنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن مۇشتىرى بولۇشى تەشەببۇس قىلىندى. ناھىيىدىكى پوچتا تارماقلىرى ھەر يىلى 10 ـ ئايدا كېلەر يىللىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش مۇددەرىجىسىنى ئورۇنلارغا تارقىتىپ مۇشتىرى قوبۇل قىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تارقىتىلغان گېزىت 1 مىليون 361 مىڭ 326 پارچىغا يېتىپ، 1965 ـ يىلدىكىدىن 136.17% ئاشتى، تارقىتىلغان ژۇرنال 297 مىڭ 615 نۇسخىغا يېتىپ، 1965 ـ يىلدىكىدىن 4.7 ھەسسە كۆپەيدى. جەمئىي 185 خىل گېزىت تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» 636 نۇسخا، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» 339 نۇسخا، جەمئىي 1107 خىل ژۇرنال تارقىتىلدى، ئەڭ كۆپ تارقىتىلغىنى «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق» ژۇرنىلى بولۇپ، جەمئىي

7308 نۇسخا تارقىتىلدى.

## 3. مەخپىي خەۋەرلىشىش

1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە مەخپىي خەۋەرلىشىش ئىشىنى ناھىيىلىك پارتكوم مەخسۇس ئادەم قويۇپ ئۆزى بىجىرگەنىدى، بىر نەپەر مەخسۇس مەخپىي خىزمەت خادىمى بار ئىدى، ئىككى ئات سەپلەنگەنىدى، خىزمەتچى خادىملار ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي خەت - چەكلىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى.

1957 - يىلدىن كېيىن مەخپىي خەۋەرلىشىشنى بىجىرىش ئىشى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئىدارىدە مەخسۇس مەخپىي خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە بىر مەخپىي خىزمەتچى خادىم بار بولدى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تۇەن - مەيدانلىرىدا قوشۇمچە مەخپىي خەت - چەك يەتكۈزگۈچىدىن بەشى بار بولدى.

## 4. خەت - چەك، پوسۇلكا

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرى ۋە تىكەنلىكتىكى پوچتا ۋەكالەتخانىلىرى پەقەت خەت - چەك، گېزىت - ژۇرناللارنى يەتكۈزۈش ۋە تاپشۇرۇۋېلىش ئىشىغا ھەمدە قاراشەھەر ياكى كورلا پوچتا ئىدارىلىرى تاپشۇرۇپ بەرگەن مەلۇم ساندىكى پوچتا ماركىسىنى سېتىشقا مەسئۇل ئىدى.

1954 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 3014 پارچە خەت - چەك، 32 پوسۇلكا، 252 پارچە پېرېۋوت چېكى سىرتقا چىقىرىلدى، 4219 پارچە خەت - چەك كىرگۈزۈلدى. نوپۇسنىڭ يىلمۇيىل كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئالماشتۇرۇش مىقدارىمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. 1965 - يىلى سىرتقا چىقىرىلغان خەت - چەك 359 مىڭ 816 پارچىغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن 119 ھەسسە، سىرتقا چىقىرىلغان پېرېۋوت چېكى 24 مىڭ 112 پارچىغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن 194.68 ھەسسە كۆپەيدى، سىرتقا چىقىرىلغان پوسۇلكا 4821 گە، كىرگۈزۈلگەن پوسۇلكا 7038 گە يەتتى. 1985 - يىلى سىرتقا چىقىرىلغان خەت - چەك 343 مىڭ 932 پارچە بولۇپ، 1965 - يىلدىكىدىن %4.41 ئازىيىپ كەتتى (ئازىيىپ كېتىشتىكى سەۋەب شۇكى، شاڭخەيدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار 1983-يىلدىن باشلاپ شاڭخەيگە قايتىپ كەتتى)، بۇ، 1954 - يىلدىكىنىڭ 113 ھەسسىسىگە تەڭ؛ سىرتقا چىقىرىلغان پوسۇلكا 6360 قا يېتىپ، 1965 - يىلدىكىنىڭ 32 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ سىرتقا چىقىرىلغان پېرېۋوت چېكى 40 مىڭ 471 پارچىغا يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن %67.85 كۆپەيدى؛ كىرگۈزۈلگەن خەت - چەك 481 مىڭ 62 پارچىغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىنىڭ 114 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، 1965 - يىلدىكىدىن %19.37 كۆپەيدى.

1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى پەقەت ئادەتتىكى خەت - چەك، زاكاز خەت - چەك، پېرېۋوتنى نەقلەشتۈرۈش، پوسۇلكا قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1957 - يىلى پوچتا پۇل ئامانىتىدىن باشقا بارلىق پوچتا كەسپى ۋە تېلېگرامما كەسپىنى يولغا قويدى، يەنى پوچتا كەسپى ئاددىي خەت - چەك، تېلېگرامما پېرېۋوتى، ئاددىي پېرېۋوت، زاكاز خەت، ئالاھىدە زاكاز خەت، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان خەت - چەك، پوچتا ھۆججىتى، ئايروپىلان بىلىتى، پوسۇلكا، باسما بۇيۇم ۋە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1957 - يىلى پوچتا كەسپى بويىچە قىلىنغان كىرىم 19 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

1965 - يىلغا كەلگەندە پوچتا كەسپى بويىچە قىلىنغان كىرىم 54 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگەئەگىشىپ، پوچتا كەسپىي مىقدارىمۇ يىلدىن-يىلغا ئاشتى. 1985 - يىلى پوچتا كەسپى بويىچە قىلىنغان كىرىم 102 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن 87.7% ئاشتى، بۇ، 1977 - يىلدىكىنىڭ 1.63 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

6 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | خەت - چەك (10 مىڭ پارچە) | | | ئايروپىلان بېلەتى (دانە) | | پوسۇلكا (دانە) | | | پېرېۋوت چېكى (پارچە) | | گېزىت (10 مىڭ نۇسخا) | | ژۇرنال (10 مىڭ) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تىرانزىت | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تىرانزىت | چىقىرىلغىنى | كىرگۈزۈلگىنى | كىرگۈزۈلگىنى | تىرانزىت | كىرگۈزۈلگىنى | تىرانزىت |
| 1954 | 0.3 | 0.42 | 0 | | | 32 | 83 | | 252 | 19 | 0.17 | 3.2 | 1.23 | 0.03 |
| 1956 | 4.85 | 9.21 | 7.74 | | | 177 | 318 | 21 | 4185 | 198 | 0.9 | 5.02 | 1.56 | 0.67 |
| 1958 | 11.98 | 17.06 | 14.16 | 1082 | 1547 | 596 | 1251 | 917 | 5951 | 337 | 1.4 | 3.5 | 6.5 | 5.29 |
| 1960 | 41.53 | 50.25 | 18.1 | 3942 | 5952 | 3617 | 6221 | 5039 | 14760 | 1121 | 59.8 | 3.2 | 5.7 | 4.56 |
| 1965 | 35.98 | 4029 | 28.1 | 2784 | 4148 | 4821 | 7038 | 5230 | 24112 | 23846 | 57.61 | 13.82 | 6.32 | 5.06 |
| 1970 | 42.08 | 46.7 | 33.63 | 556 | 1118 | 8007 | 11450 | 10530 | 36654 | 7748 | 122.3 | 28.2 | 0.89 | 0.7 |
| 1980 | 33.5 | 37.5 | 26.7 | 731 | 2397 | 5118 | 9535 | 7561 | 33771 | 5295 | 142.5 | 35.3 | 12.9 | 10.4 |
| 1981 | 31.2 | 37.7 | 26.5 | 761 | 2493 | 5077 | 9189 | 7703 | 35099 | 6668 | 112.5 | 28.2 | 16.2 | 12.9 |
| 1982 | 32.9 | 40.4 | 29.1 | 557 | 2334 | 5013 | 8973 | 11510 | 34021 | 6906 | 106.9 | 26.2 | 18.2 | 14.5 |
| 1983 | 29.3 | 36.1 | 26.2 | 477 | 2003 | 5334 | 9761 | 8152 | 37729 | 6923 | 111.52 | 28.2 | 20.7 | 16.8 |
| 1984 | 31.7 | 39.3 | 28.5 | 472 | 2215 | 6020 | 11269 | 9336 | 38813 | 5307 | 126.77 | 33.84 | 27.9 | 22.3 |
| 1985 | 34.4 | 48.1 | 29.9 | 325 | 2306 | 6360 | 13900 | 10859 | 40471 | 7730 | 136.1 | 36.7 | 29.7 | 24.1 |

## 5. پوچتا يولى

1954 - يىلدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىدە يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى ئېچىلمىغانىدى. 1954 - يىلى ناھىيە بازىرىدا پوچتا يولى ئېچىلدى، بىر پوچتالىيون ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولدى ھەمدە پىيادە يوللانما يەتكۈزدى. 1957 - يىلى تارىم، دۆڭقوتان، شىكپىلىڭ قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق يېزا، كەنتلىرىگە بارىدىغان پوچتا يولى ئېچىلدى، ناھىيە بازىرىدىكى پوچتالىيونغا ۋېلسىپىت سەپلەپ بېرىلگەندىن باشقا، يېزا، كەنتلەرنىڭ پوچتا يولىدا يوللانما ئاتلىق يەتكۈزۈلدى، ناھىيە بويىچە پوچتالىيون 15 كە يەتتى، نەتىجىدە ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى مەركەز قىلىنغان پوچتا يولى تورى شەكىللەندى، ھەر بىر پوچتا يولى ۋە يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسىدا ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ ئون كۈندە، ھەپتىدە بىر قېتىم ۋە ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا، كەنت پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 664 كىلومېتىرغا

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا يولى 36 كىلومېتىر، يېزىلارغا يوللانما يەتكۈزۈش لىنىيىسى 628 تاق كىلومېتىر.

1961 ـ يىلدىن كېيىن چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى (دۆڭقوتان، ئاقسوپى) غا ئاتلىق يوللانما يەتكۈزۈلگەندىن باشقا، كۆپ قىسىم جايلارغا ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان بولدى، ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 11 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 325 كىلومېتىرغا يەتتى.

ئاساسىي قاتلام تارماق ئىدارە، پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ لىيەندۇيلىرى، گۇڭشېلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى بىرلىك قىلىپ يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى تەسىس قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىنىڭ يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى 72، پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 72 كىلومېتىر؛ دۆڭقوتان گۇڭشېسى پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىنىڭ ئۈچ يوللانما يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 117 كىلومېتىر؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن ـ مەيدانلىرىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارە، پونكىتلىرىدىكى پوچتالىيونلار يوللانما يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولدى، ئۇلار پۈتۈنلەي ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزدى.

ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن دۆڭقوتان گۇڭشېسى پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىغىچە ئاتلىق پوچتا يوللانمىسى يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر بولۇپ، ھەپتىدە ئىككى قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ، ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر بولۇپ، ھەپتىدە ئىككى قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ؛ ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن قاراقۇمغىچە بولغان، ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر بولۇپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ؛ ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئاقسوپىغىچە بولغان، ئاتلىق يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىر بولۇپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرى يوللانما يەتكۈزۈش بويىچە ئىككى رايونغا ئايرىلدى، بازار رايونى ۋە «ئىتتىپاق»، شىڭپىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە يوللانما يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 1 ـ رايوننىڭ مۇساپىسى 18 كىلومېتىر بولۇپ، 137 يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى بار؛ 2 ـ رايوننىڭ مۇساپىسى 1.5 كىلومېتىر بولۇپ، 34 يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى بار. جەمئىي مۇساپە 19.5 كىلومېتىر، يوللانما يەتكۈزۈش نۇقتىسى 171 بولۇپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ.

ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن تارماق ئىدارە، پونكىتلارغا بارىدىغان يوللانما يەتكۈزۈش لىنىيىسى 17 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 628 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە موتسىكلىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدىغان لىنىيە ئىككى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 104 كىلومېتىر، ئاتلىق يوللانما يەتكۈزۈلۈدىغان پوچتا يولى بىر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، قالغان يوللارنىڭ ھەممىسىدە ۋېلسىپىت بىلەن يوللانما يەتكۈزۈلىدۇ.

## 6. پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش

لوپنۇر ناھىيىسى كورلىغا 52 كىلومېتىر، ئۈرۈمچىگە 532 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىنگو

دەۋرىدە پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇشقا كورلا ياكى قاراشەھەر مەسئۇل بولاتتى، پوچتا يوللانمىسى ئات ئارقىلىق ئايدا بىر قېتىم توشۇلاتتى، يوللانما لوپنۇر ئارقىلىق چەرچەنگە توشۇلاتتى. ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان پوچتا يوللانمىسى يېرىم ئايدا لوپنۇرغا يېتىپ كېلەتتى، كورلىدىن كېلىدىغان پوچتا يوللانمىسى ئىككى كۈندە يېتىپ كېلەتتى.

1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە پوچتا يوللانمىسى يەنىلا ئات ئارقىلىق توشۇلدى. 1956ـ ۋە 1957 ـ يىللىرى كورلىدىن لوپنۇرغا بارىدىغان ئاپتوبۇستا توشۇلىدىغان بولدى. 1958ـ يىلدىن كېيىن پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرى ئۆزلىرى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇيدىغان بولدى، لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە ئۇلۇغكۆل، تىكەنلىك تارماق ئىدارىلىرىنىڭ يوللانمىلىرى كورلىدىن چەرچەن، چاقىلىققا بارىدىغان پوچتا نۆۋەتچى ئاپتوموبىلى ئارقىلىق توشۇلدى. 1980ـ يىلدىن كېيىن قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا پويىز قاتنىدى، بۇنىڭ بىلەن پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋاقتى قىسقاردى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن يوللانما 3 ـ كۈنى لوپنۇرغا يېتىپ كەلدى، كورلىدىن ئەۋەتىلگەن يوللانما 2 ـ كۈنى يېتىپ كەلدى، بېيجىڭ، شاڭخەي شەھەرلىرىدىن ئەۋەتىلگەن يوللانما 7 ـ كۈنى يېتىپ كەلدى.

1980 ـ يىلدىن بۇيان، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى كۈچەيتىلدى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتى، نەتىجىدە يوللانما يەتكۈزۈش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، يوللانمىلارنى خاتا يەتكۈزۈپ قويۇش، يوللانمىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدەك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئازايدى.

## § 3. تېلېگراف

### 1. تېلېفون

1) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 1965 ـ يىلى ئالدى بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىدىن كورلىغىچە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، بوشلۇققا بىر تال يالىڭاچ تېلېفون سىمى تارتىلدى، شۇ يىلى كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان تېلېفون كەسپىي مىقدارى 214 پارچىغا يەتتى. 1965 ـ يىلى تىكەنلىككە بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ سىم لىنىيىسى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن كورلا ئارقىلىق تىكەنلىك تارماق ئىدارىسىگە يەتكۈزۈلدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تىكەنلىك ۋە ئۇلۇغكۆلگە ئىككى تال بىۋاستە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى تارتتى. 1974 ـ يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىشتىكى جىددىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۈچ يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق ئاخىرقى ئۈچ ئاپپاراتىدىن بىرى ئورنىتىلدى.

1968 ـ يىلى ئۇلۇغكۆلدە يۈكلىمە دولقۇنلۇق كوممۇتاتور پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىتنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك غول لىنىيىسىدە ئاۋاز كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولدى، بۇ پونكىتقا 12 يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق ئاۋاز كۈچەيتىش ئاپپاراتىدىن ئۈچى ئورنىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئاپپارات دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك غول لىنىيىسىگە ئورنىتىلدى). 1985 ـ يىلى ئادەم باشقۇرمايدىغان ئاۋاز كۈچەيتىش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى ئورنىتىلدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى كورلىغا بارىدىغان ئىككى

تال ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى تارتتى، بۇنىڭ بىر تېلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە تېلېگرامما يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلدى؛ ئۈلۈقكۆل بىلەن تىكەنلىككە بارىدىغان بىر تال ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى تارتتى؛ كورلىغا بارىدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى مەخسۇس سىمىدىن بىر تال تارتتى. 1985 ـ يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى بەش تالغا، بىر يىللىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىي مىقدارى 33 مىڭ 371 پارچىغا يەتتى.

2) شەھەر ـ بازار تېلېفونى    1957 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلارغا تېلېفون ئورنىتىش باشلاندى، شۇ يىلى ماگنىتلىق تاق تېلېفون ئاپپاراتىدىن 21 ى، ئىدارە ئىچىگە 50 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن بىرى ئورنىتىلدى، ئەمەلىيەتتە 26 توچكا ئىگىلەندى.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى 100 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن بىرنى ئورناتتى، ئەمەلىيەتتە 76 توچكا ئىگىلەندى، بازار ئىچى تاق تېلېفون ئاپپاراتى 110 غا يەتتى. شەھەر تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتىرغا، ئۆي ئىچى تېلېفون كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.8 كىلومېتىرغا يەتتى.

3) يېزا تېلېفونى    1958 ـ يىلى يېزا تېلېفونى ئورنىتىلىشقا باشلىدى. 1959 ـ يىلى ئورنىتىش ئىشى تاماملىنىپ، تېلېفونلار ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىگە بوشلۇققا تارتىلغان يالىڭاچ سىم ئىشلىتىلدى، تېلېفون سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 92 ستولبا / كىلومېتىرغا يەتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون ئورنىتىلدى. 1960 ـ يىلى يېزا تېلېفونى كەسپىي مىقدارى 5154 پارچىغا يەتتى.

1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە تارىم گۇڭشېسى پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىغا 20 توچكىلىق، دۆڭقوتان گۇڭشېسى پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىغا 30 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن بىردىن ئورنىتىلدى. 1960 ـ يىلى ئۈلۈقكۆل پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسى بىلەن تىكەنلىك پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسىگە 50 توچكىلىق كوممۇتاتوردىن بىردىن ئورنىتىلدى. يېزا تېلېفونى كوممۇتاتور ئىستانسىسى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ كوممۇتاتور ئىستانسىسى ئارقىلىق ناھىيە ئىچىدىكى ئابۇنچىلارنى تۇتاشتۇردى.

1985 ـ يىلى يېزا تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 264 ستولبا/كىلومېتىرغا، يالىڭاچ سىمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 233 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى. يېزا تېلېفون تورىدا ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن تۆتى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 140 توچكا، جەمئىي 43 تېلېفون ئورنىتىلدى (بەش ئابۇنچىلار كوممۇتاتورى ئۇلاندى)، ناھىيە بويىچە تۆت يېزا، 15 مەمۇرىي كەنت، بەش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن ـ مەيدانىنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون يەتكۈزۈلدى، يىللىق تېلېفون كەسپىي مىقدارى 104 مىڭ 943 پارچىغا يېتىپ، 1960 ـ يىلدىكىدىن 203.3% ئاشتى، كەسپىي كىرىم 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. تېلېگرامما

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى سىمسىز تېلېگرامما كەسپىنى يولغا قويدى، ئىدارىدە «55» تىپلىق 15 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگرامما بېرىش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، كورلا بىلەن تىكەنلىككىچە تېلېگرامما بېرىش باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا كەسپىي مىقدارى ئازراق بولۇپ، ئاران 996 نۇسخا تېلېگرامما بېجىرىلدى. 1960 ـ يىلى تىكەنلىككە بارىدىغان سىمسىز تېلېگرامما يولى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان

تېلېگراممىا كەسپى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى يەنە ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئۈلۈقكۆلگە تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان تېلېگرامما كەسپى يولغا قويۇلدى. 1978 - يىلى «55» تىپلىق تېلېگراممىاخەت بېسىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى سەپلەندى (بىرى زاپاس قويۇلدى) . ناھىيە بازىرىدىن كورلىغىچە بىر تېلېگرامما يولى ئېچىلدى. 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە تېلېگرامما كەسپى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 34 مىڭ 92 نۇسخا تېلېگرامما بېجىرىلدى. 1983 - يىلى «81» تىپلىق 15 ۋاتلىق سىمسىز تېلېگرامما بېرىش ئاپپاراتىدىن بىرى كۆپەيتىلدى. 1985- يىلى تۆت تېلېگرامما يولى ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىككىسى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن كورلىغا (بىرى تېلېگراف يولى، بىرى رادىئو تېلېگراف يولى) ، ئىككىسى ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئۈلۈقكۆل ۋە تىكەنلىككە بارىدۇ (تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان تېلېگرامما) . 1985 - يىلى يوللانغان تېلېگرامما 30 مىڭ 877 نۇسخىغا، قوبۇل قىلىنغان تېلېگرامما 19 مىڭ 445 نۇسخىغا، ترانزىت قىلىنغىنى 39 مىڭ 970 نۇسخىغا، تېلېگراممىدىن قىلىنغان كىرىم 42 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشىنىڭ سۈپىتى**

6 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| تۈرى | بىرلىكى | پىلان | ئەمەلىيەتتە |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئورالما پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ كېچىكىش ۋە خاتا ئايرىلىش نىسبىتى | ‰ | 0.11 | 0 |
| ئومۇمىي ئورالما پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى | ‰ | 0.03 | 0 |
| تالون چىقىرىپ بېرىلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ كېچىكىش ۋە خاتا ئايرىلىش نىسبىتى | ‰ | 0.93 | 0.63 |
| تالون چىقىرىپ بېرىلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى | ‰ | 0.02 | 0 |
| زاكاز قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ كېچىكىش ۋە خاتا ئايرىلىش نىسبىتى | ‰ | 1 | 0.34 |
| مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ كېچىكىش ۋە خاتا ئايرىلىش نىسبىتى | ‰ | 0.079 | 0 |
| مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى ۋە يوقۇپ كېتىپ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى | ‰ | 0.019 | 0 |
| پوچتا خەۋەرلىشىشى جەھەتتىكى ھادىسە | قېتىم | 0 | 0 |
| تېلېگراممىنىڭ يەتكۈزۈلۈش جەريانىدا چەكلىمىگە ئۇچراش نىسبىتى | % | 2.2 | 0.47 |
| تېلېگرامما مۇلازىمىتى جەھەتتىكى خاتالىق نىسبىتى | % | 0.009 | 0 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆزۈن يوللۇق تېلېفوننىڭ لىنىيىدە چەكلىمىگە ئۇچراش نىسبىتى | % | 12 | 1.77 |
| ئۆزۈن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئۈنۈملۈك ئۇلىنىش نىسبىتى | % | 86 | 90.43 |
| يېزا تېلېفونىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇلىنىش نىسبىتى | % | 94 | 99.3 |

## § 4. باشقۇرۇش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچراپ، خەۋەرلىشىش سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەركەزنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىدى، ئىدارىنىڭ 674 ماددىلىق قائىدە ـ تۈزۈمى، 365 ماددىلىق ھەرخىل ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، بەش خىل 40 ماددىلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ھەرخىل باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن تارماق ئىدارە، ئورۇن، سېنا ـ گۇرۇپپا ۋە ئىش ئورنىدىكى ھەر بىر ئىشچى- خىزمەتچى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت جەھەتتىكى تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن بىۋاستە چېتىلدى، ئىشچانلار مۇكاپاتلاندى، ھورۇنلار جازالاندى، «داش قازاننىڭ تامىقى» نى يېيىش ئادىتى بۇزۇپ تاشلاندى، تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈگىتىلدى، شۇ ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغالدى. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر ئىدارىگە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

1985 ـ يىلى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىدە پوچتا ـ تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھېسابات قىلىش (2 ـ دەرىجىلىك ھېسابات) نى نۇقتىدا سىناق قىلدى، بۇ، شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇشۇ خىل ھېسابات سىناق قىلىنغان تۇنجى كارخانا ھېسابلىنىدۇ. 2 ـ دەرىجىلىك ھېساباتتا كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى تارماق ئىدارە، ئورۇن ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگىچە بىۋاستە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، سېنا ـ گۇرۇپپا، تارماق ئىدارە ۋە ئورۇنلار پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى نوقۇل ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت تىپىغا ئۆزگەرتىلدى، مەھسۇلاتنى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىرىشىپ تۇتۇلدى. پۈتۈن ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدارە باشلىقى ئاساس قىلىنغان بىر تۇتاش ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى شەخس ۋە كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت

ئۆيغۇسىنى كۆچەيتىپ، كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

### لوپنۇر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان كىرىم - چىقىمى

6 - قىسىم 3 - جەدۋەل　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | كەسپىي كىرىمى: جەمئىي | كەسپىي كىرىمى: پوچتا | كەسپىي كىرىمى: تېلېگراف | كەسپىي كىرىمى: يېزا تېلېفونى | كەسپىي چىقىمى | باج | تىجارەتكە تولۇقلاپ بېرىلگەن ساپ مەبلەغ (+ −) | كىرىم - چىقىمنىڭ پەرق سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 0.485 | 0.47 | 0.015 | | 0.15 | 0.0013 | -0.006 | -0.01 |
| 1955 | 1.41 | 1.13 | 0.28 | | 1.68 | 0.02 | | -0.29 |
| 1956 | 1.21 | 0.93 | 0.28 | | 1.69 | 0.03 | -0.015 | -0.49 |
| 1957 | 2.54 | 1.91 | 0.63 | | 2.44 | 0.07 | -0.03 | -0.06 |
| 1958 | 4.09 | 2.61 | 1.48 | | 2.88 | 0.11 | -0.06 | -0.17 |
| 1959 | 6.68 | 3.77 | 1.84 | 1.07 | 6.46 | 0.18 | -3.16 | -0.08 |
| 1960 | 9.39 | 5.19 | 4.20 | | 7.07 | 0.25 | -0.56 | -1.09 |
| 1961 | 9.09 | 5.69 | 2.24 | 1.16 | 7.63 | 0.25 | -0.06 | 0.65 |
| 1962 | 6.89 | 3.24 | 2.43 | 1.22 | 5.74 | 0.19 | 0.19 | 0.19 |
| 1963 | 7.10 | 3.86 | 2.11 | 1.13 | 4.85 | 0.19 | 0.11 | 2.26 |
| 1964 | 8.04 | 4.77 | 2.16 | 1.11 | 5.66 | 0.22 | 0.22 | 2.28 |
| 1965 | 8.57 | 5.45 | 2.07 | 1.05 | 5.86 | 0.23 | 0.14 | 0.27 |
| 1966 | 8.27 | 5.61 | 1.70 | 0.96 | 5.76 | 0.21 | 0.14 | 2.44 |
| 1967 | 10.49 | 2.34 | 7.35 | 0.80 | 5.60 | 0.26 | 0.10 | 4.78 |
| 1968 | 8.54 | 6.12 | 1.67 | 0.75 | 5.43 | 0.24 | 0.07 | 3 |
| 1969 | 8.37 | 6.13 | 1.71 | 0.53 | 7.05 | 0.21 | 0.08 | 1.18 |
| 1970 | 8.54 | 6.80 | 1.74 | | 6.54 | 0.21 | 0.05 | 1.87 |
| 1971 | 8.94 | 6.29 | 2.65 | | 8.92 | 0.21 | 0.05 | -0.13 |
| 1972 | 7.72 | 5.88 | 1.84 | | 9.14 | 0.19 | 0.21 | -1.54 |
| 1973 | 7.42 | 6.02 | 1.40 | | 9.98 | 0.23 | 0.05 | -2.25 |
| 1974 | 8.31 | 5.77 | 2.54 | | 8.24 | 0.24 | -0.11 | -0.13 |
| 1975 | 10.44 | 7.28 | 3.16 | | 8.91 | 0.31 | 0.11 | 1.34 |
| 1976 | 10.43 | 6.84 | 3.59 | | 9.26 | 0.31 | 0.08 | 0.95 |
| 1977 | 10.52 | 6.52 | 3.25 | 0.75 | 11.43 | 0.31 | 0.01 | -1.21 |
| 1978 | 11.14 | 6.77 | 3.18 | 1.19 | 10.02 | 0.33 | 0.02 | 0.83 |
| 1979 | 12.15 | 7.16 | 4.31 | 0.68 | 11.48 | 0.36 | 1.30 | 1.62 |
| 1981 | 13.31 | 8.28 | 4.01 | 1.02 | 10.38 | 0.39 | 0.07 | 2.60 |
| 1982 | 13.13 | 8.22 | 3.95 | 0.96 | 11.31 | 0.39 | 1.07 | 2.50 |
| 1983 | 16.14 | 9.21 | 5.86 | 1.07 | 12.29 | 0.48 | -0.09 | 3.24 |
| 1984 | 19.95 | 10.42 | 8.13 | 1.40 | 14.58 | 0.59 | -0.12 | 4.64 |
| 1985 | 23.64 | 10.23 | 11.72 | 1.69 | 18.33 | 0.74 | -0.56 | 3.99 |

# II باب

# قاتناش

قەدىمكى دەۋردە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتەتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە، ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ مال باقىدىغان چارۋىچىلار دەريا بويلىرى ۋە ئوتلاق، قويۇق ئورمانلىقلاردا گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللارنى ھاسىل قىلغانىدى، لېكىن قۇم ـ بوراننىڭ كۆپلۈكى ۋە تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ دائىم ئېقىن ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن، يوللارمۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى، مۇقىم ئورنى يوق ئىدى.

## § 1. يول

### 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆتەڭ ـ يوللار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) ھۆكۈمەت تەرەپ ئەسلىدىكى بىر قىسىم يېزا يوللىرىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى جايلىرىنى تۈزلەپ ھۆكۈمەت يولى ياسىدى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 چاقىرىم كېلەتتى، بۇ يولنى ياساشتا ئويمان يەرلەر كۆتۈرۈلۈپ، قۇم يەرلەرگە يۇلغۇن ۋە دەرەخ شاخلىرى بېسىلىپ، سۇ چىقىپ كەتكەن يارلارغا توغراقتىن (نەچچەتال ياكى نەچچە ئون تال) كىچىك كۆۋرۈك ياسالدى، دەريا ـ ئېقىنلارغا چاپما قولۋاق (چوڭلىرىغا ئوننەچچە ئادەم سىغىدۇ) سېلىندى، بەش چاقىرىم ياكى ئون چاقىرىم ئارىلىقتا يۆنىلىشنى كۆرسىتىدىغان يول بەلگىسى سېلىنىپ، كارۋانلار ياكى ئاتلىق يولۇچىلارنىڭ يولدىن ئېزىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يول بويىغا رابات تەسىس قىلىندى، راباتلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئاخبارات ۋە يازما ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) يول بويىدىكى راباتلار ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى. گۇاڭشۈ 17 ـ يىلى (1891 ـ يىلى) تاۋمۇ گەنسۇ ـ شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندا، سىرتتىن 1400 دىن كۆپرەك ئائىلىنى ئېلىپ كېلىپ چارا، يېڭىكۆل، ئۈلۈكۆل، كۆزلەك، خاشدۆڭ، تىكەنلىك قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى، نەتىجىدە بۇ يەردە تەدرىجىي ھالدا مۇقىم كەنتلەر شەكىللەندى. دورالنىڭ شىمالىغا ئاھالىلەر كەلتۈرۈلۈپ بوز يەر ئېچىلدى، بۇ، سودىگەرلەرنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشى دەپ ئاتالدى (مەسىلەن، ھازىرقى تيەنجىن كەنتى خارابىلىكى). مۇقىم كەنت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھارۋا ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆتۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە يولۇچىلارنى ياتاق ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەش ئۆچۈن ئۆتەڭلەر تەدرىجىي كۆپەيدى ۋە مۇكەممەللەشتى. گۇاڭشۈ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي سەككىز ئۆتەڭ بار بولدى. گۇاڭشۈ30ـ

يىلى (1904 - يىلى) ئۆتەڭ ۋە يوللار يەنجى چوڭ يولى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، شىنپىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە يەنىلا قىيىر، يىڭىچكە دەرياسى، چارا، يېڭىكۆل، ئۇلۇقكۆل، كۆزلەك، خاشدۆڭ، دورال ئۆتىڭىدىن ئىبارەت سەككىز ئۆتەڭ بار بولدى.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى يوللار

1) ئاددىي تاشيول مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق يول ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، كورلا - چەرچەن تاشيولى (ئەينى چاغدا يەنجى - چەرچەن تاشيولى دەپ ئاتىلاتتى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت ئۆتەڭ - يولى ئاساسىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) قاراشەھەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەر 9000 خەلق ئىشچىسى چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر ناھىيىسى چىقارغىنى 1000 كىشى. ئۇلار كورلىدىن تىكەنلىككىچە بولغان ئاددىي تاشيولنى ياسىدى، بۇ يول ياندۇرقى يىلى پۈتتى. يول ياساشقا قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشقان ساتتار ۋە غوپۇر ياقۇپنىڭ ئەسلىشىچە، ئەينى چاغدا ياسالغان كورلا - چەرچەن تاشيولىنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتر بولۇپ، يول يەردىن 0.7 مېتردىن 1.7 مېترغىچە كۆتۈرۈلگەن. يول ياسالغاندا ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى ئىش رايونى يەنى قاراقۇم ئىش رايونى بىلەن تىكەنلىك ئىش رايونى قۇرۇلغان، ئۇلار قاراشەھەر تاشيول ئۇچاستكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىغان.

2. يېزا يولى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسى ئەزەلدىن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى، چارۋىچىلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ مال باقاتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چىغىر يوللارلا بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۋاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) گەنسۇ - شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۋاڭداۋ يېڭىكۆلدە نەيچە - دالالەت ئىدارىسى قۇردى. گۋاڭشۇ 18 - يىلى (1892- يىلى) ئەتىيازدا دۆرال پىچان شەھىرىنى قۇردى. چىڭ ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ مۇشۇ رايوندا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. گۋاڭشۇ 22 - يىلى (1896 - يىلى) بۇ جايدىكى ئادەم 19 مىڭدىن ئاشتى، كۆپ جايلاردا كەنت قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا بىرقەدەر چوڭ كەنتتىن 24 ى بار ئىدى، كىشىلەرنىڭ بېرىش - كېلىشى، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن تارماق يول (يېزا يولى) لار ياسالدى. ئەينى ۋاقىتتا چوڭراق يولدىن تۆۋەندىكى ئۈچ يول بار ئىدى:

(1) خاشدۆڭدىن گەنساۋخۇغا بارىدىغان يول، بۇ يول ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ تۇرپاننىڭ تارماق يولىغا تۇتىشاتتى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 490 چاقىرىم ئىدى.

(2) چارا ئۆتىڭىدىن چىقىپ قاغاكۆل ئارقىلىق كۇچاغا تۇتىشىدىغان يول، ئۇزۇنلۇقى 560 چاقىرىم ئىدى.

(3) خاشدۆڭدىن تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بارىدىغان يول، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 چاقىرىم ئىدى.

1950 - يىلغا كەلگەندە بۇ يېزا يوللىرى دەريالارنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشى، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن قىسمەن ساقلىنىپ قالدى، كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتتى. لېكىن تىكەنلىك، دۆڭقوتان رايونلىرى ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا كۆپلىگەن يېڭى يېزا يوللىرى شەكىللەندى. 1950 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، يېزا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 174 كىلومېترغا يەتكەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 94 مېتر كېلىدىغان چوڭ - كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكتىن 32 سى ياسالغان.

## 3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يوللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى تاشيول ۋە يېزا يوللىرى رېمونت قىلىنغاندىن باشقا، خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش چارىسى قوللىنىلىپ، يېڭىدىن كۆپلىگەن يېزا يوللىرى ئېچىلدى. بولۇپمۇ 1963 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار - يېزا يوللىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

### 1) دۆلەت يولى

**(1) غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى (218 - لىنىيە)** ناھىيە تەۋەسىدىكى غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى مىنگو دەۋرىدە كورلا - چەرچەن تاشيولى دەپ ئاتىلاتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1982 - يىلغىچە كورلا - چاقىلىق تاشيولى دەپ ئاتالدى، 1983 - يىلى غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى (218 - لىنىيە) دەپ ئۆزگەرتىلدى.

غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى غۇلجا شەھىرىدىن باشلىنىپ چاقىلىق ناھىيىسىگە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1074 كىلومېتىر، يولنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بۆلىكى شىمالدا شىنىغا كەنتىنىڭ شىمالىدىكى 650 - نومۇرلۇق قوزۇقتىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبتا چارداىغا يېقىن جايدىكى 909 - نومۇرلۇق قوزۇقچە بارىدۇ، يولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 259 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ، ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتكەن بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول. 1957 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كۆنچى دەرياسى كۆۋرۈكى (يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى سالغان ياغاچ كۆۋرۈك) پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، غۇلجا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەگرى - بۈگرى قىسمى 34 كىلومېتىر ئۈدۈللاندى (كۆنچى دەرياسى كۆۋرۈكىدىن چوڭكۆلگىچە). 1965 - يىلى لوپنۇر ناھىيە بازىرىنى پىلانلاش ۋاقتىدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، زاۋۇتلار قاتارلىق تارماقلار 684 - نومۇرلۇق قوزۇقتىن 686 - نومۇرلۇق قوزۇققىچە بولغان ئارىلىقتىكى 2.5 كىلومېتىر تاشيولنى 387 مېتىر غەربكە يۆتكىدى. 1965 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى چوڭ رېمونت قىلىندى، يولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ ئەگرى - بۈگرى جايلىرى تۈزلەندى، يول كېڭەيتىلىپ، ئۇلى كۆتۈرۈلدى ۋە شېغىل ياتقۇزۇلدى. يولنىڭ ئەگرى - بۈگرى جايلىرى تۈزلەنگەن شىنىغىنىڭ شەرقىدىكى شىنىغا كەنتىدىن «قىزىل بايراق» ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغىچە بولغان قىسمى 2.7 كىلومېتىر غەربكە يۆتكەلدى، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 13.4 كىلومېتىر كېلىدىغان قىسمى (660 - نومۇرلۇق قوزۇقنىڭ ئالدىدىكى 200 مېتىرلىق جايدىن 646 - نومۇرلۇق قوزۇققىچە بولغان قىسمى) غا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى ۋە يول ئۇلى پۇختىلاندى. 1974 - يىلى لوپنۇر يول ئاسراش ئۆچاستكىسى ئۆزى ئاسراشقا مەسئۇل بولغان يول بۆلىكىدە تۇنجى قارارلىق يولنى ئاسفالىتلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلاپ، بۇ خىزمەتنى 1979 - يىلى تاماملىدى، بۇنىڭ بىلەن لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاسفالىت يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 51 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭغا 1 مىليون 961 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بۆلىكىنىڭ ئاسفالىت ياتقۇزۇلغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 51 كىلومېتىرغا، شېغىل ياتقۇزۇلغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 208 كىلومېتىرغا، خىش ياتقۇزۇلغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىرغا، كۆۋرۈك 28 (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 484.92 مېتىر) گە، سۇڭگۈچ 84 (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 736.22 مېتىر) كە يەتتى، 20

يول ئاسراش داۋەنى تەسىس قىلىندى، يول ئاسراش ئىشچىسى 162 گە يەتتى.

(2) دۆلەت مۇداپىئە تاشيولى 60 - يىللاردا ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بىر دۆلەت مۇداپىئە تاشيولى ياسالدى، بۇ يولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر بولۇپ، ئاسفالىت ياتقۇزۇلغان.

2) ناھىيە - يېزا يولى مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلارنى توپا يوللارلا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش مەزگىلىدە، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۇرۇلۇپ بىر قىسىم يوللار ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېگىز - پەس چىغىر يوللاردىن ئىبارەت ئىدى. 1963 - يىلى يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى پائالىيىتى جەريانىدا لوپنۇر ناھىيە بازىرى (ئەينى ۋاقىتتا بازار تەسىس قىلىنمىغان) مەركەز قىلىنغان ناھىيە بىلەن يېزا، يېزا بىلەن يېزا، يېزا بىلەن كەنت ئارىلىقىدا يوللار ياسالدى، بۇ يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 216 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش يول بىرقەدەر چوڭ يول ھېسابلىنىدۇ.

(1) لوپنۇر بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ كۆنچى، تۆگىچىكە كەنتلىرى ئارقىلىق تارىم يېزىسىنىڭ ئاقسۇپى كەنتىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر بولۇپ، توپا يول.

(2) لوپنۇر بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن باشلىنىپ، «ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ كۆكچۆەن، شىخەيزى، دۆڭخەيزى كەنتلىرى ئارقىلىق كۆكچەن كەنتىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر بولۇپ، شېغىل يول.

(3) لوپنۇر بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن باشلىنىپ، كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى، تارىم يېزىسىنىڭ ئاقچېكە، خادادۆڭ كەنتلىرى ئارقىلىق ديەنفىن كەنتىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر بولۇپ، شېغىل يول.

(4) تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي تارىم كەنتىدىن باشلىنىپ، ئويمانكۆل كەنتى، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى، دۆڭقوتان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ئارقىلىق قارچۇغا كەنتىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 122 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل يول 32 كىلومېتىر، بۇ يولنى ئاسراشقا 14 ئىشچى مەسئۇل بولغان.

(5) لوپنۇر بازىرىنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتى ئارقىلىق ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى تۇرۇشلۇق جاي يامانخوۋاغا بارىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە كىلومېتىر.

## § 2. كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ

### 1. شىنغا كۆۋرۈكى، شىنغا چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكى، شىڭپىڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكى

1) شىنغا كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك شىنغا كەنتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 27 - يىلى (1901 - يىلى) سېلىنغان، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 مېتىر، كۆۋرۈك بىر تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئاستى قىسمىغا ئىككى قىرغاقتا يۆلەپ ياغاچ قوزۇق قېقىلغان، ئۈستى قىسمىغا چاسلانغان ياغاچ ياتقۇزۇلغان.

2) شىنغا چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك شىنغا كەنتىنىڭ بەش

كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) سېلىنغان، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 مېتىر، كۆۋرۈك بىر تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئاستى قىسمىغا ئىككى قىرغاقتا يۆلەپ ياغاچ قوزۇق قېقىلغان، ئۈستىگە چاسلانغان ياغاچ ياتقۇزۇلغان.

3) شىڭپىڭ ئۈستىڭى كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر، كۆۋرۈك ئىككى تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئاستى قىسمىغا ئۈچ رەت قوزۇق قېقىلغان، ئۈستىگە چاسلانغان ياغاچ ياتقۇزۇلغان.

## 2. كۆنچى دەرياسى كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆنچى دەرياسىغا سېلىنغان، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى سالغان. بۇ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى 1956 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى باشلىنىپ، 1957 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۈتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47.6 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ياغاچ قوزۇق قېقىلغان، ئۈستىگە چاسلانغان ياغاچ ياتقۇزۇلغان.

1967 - يىلى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ 40 مېتىر غەربىگە 47.6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سېمونت كۆۋرۈك سېلىندى. ئەسلىدىكى ياغاچ كۆۋرۈك 1969 - يىلى چۇۋۇۋېتىلدى.

## 3. باشقا كۆۋرۈك - سۇغۇچلەر

1963 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا، كەنت يولى ياساش ۋە ئۆستەڭلەرنى تۈزەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆپلىگەن كۆۋرۈك ۋە سۇغۇچ ياسالدى.

1969 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن غۇلجا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى غول قىسمىغا 112 كۆۋرۈك - سۇغۇچ ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 38 كۆۋرۈك پۈتۈنلەي پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكتىن ئىبارەت.

غۇلجا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى سۇغۇچلەرنىڭ نامى

6 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| سۇغۇچ نامى ياكى قوزۇق نومۇرى | تۆشۈك سانى | جان دىئامېتىرى (مېتىر) | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە ياغزىسى | لايىھىلىگۈچى ئورۇن | قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن | سېلىنغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 651K+950 | 1 | 1 | 7.55 | يۇمىلاق بېتون سۇغۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969 - يىلى |
| 652K+180 | 1 | 1 | 8 | يۇمىلاق بېتون سۇغۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969 - يىلى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 666K+100 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 676K+100 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 676K+200 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 676K+700 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 677K+250 | 1 | 1.50 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 677K+800 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 678K+150 | 1 | 1 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 683K+548 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 685K+150 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 685K+750 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 686K+700 | 1 | 0.75 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 687K+700 | 1 | 1 | 8 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 687K+860 | 1 | 1 | 9.30 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |
| 688K+595 | 1 | 0.75 | 10.50 | يۇمىلاق بې-تون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969-يىلى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 693K+630 | 1 | 1.50 | 10.50 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 695K+509 | 1 | 0.75 | 8.25 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 697K+61 | 1 | 0.50 | 8.15 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 697K+116 | 1 | 0.75 | 8.23 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 698K+611 | 1 | 1 | 7.98 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 699KK+896 | 1 | 1.50 | 8.08 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 700K+329 | 1 | 1 | 10.74 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 700K+952 | 1 | 1.50 | 9.13 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 704K+600 | 1 | 1.50 | 9.15 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 707KK+580 | 1 | 2 | 8.02 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 725K+578 | 1 | 0.75 | 10.50 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 744K+536 | 1 | 0.75 | 10.35 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 744K+986 | 1 | 0.75 | 11.20 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |
| 746KK+260 | 1 | 0.75 | 10.50 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۇچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969-يىلى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 746KK+720 | 1 | 0.75 | 12.5 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 747K+067.5 | 1 | 1 | 12.50 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 748K+410 | 1 | 0.75 | 13.50 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 752KK+700 | 1 | 1 | 7.99 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 755K+000 | 1 | 1 | 9 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 757K+015 | 1 | 1 | 8.15 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 760K+265 | 1 | 0.50 | 8.15 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 762K+558 | 1 | 1 | 9.20 | يۇمىلاق بېتون سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 765K+950 | 1 | 1 | 8.05 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 768K+584 | 1 | 1 | 8.04 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 769K+707.5 | 1 | 1 | 8.05 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969 -يىلى |
| 772K+385.5 | 1 | 1 | 8.03 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 774K+973 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |
| 781K+143 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختىلىق سۇڭگۈچ | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۇەنى | 1969- يىلى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8.01 | 3 | 1 | 782K+143.4 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 786K+337 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1.50 | 1 | 788+664 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 3 | 1 | 789K+425 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 3 | 1 | 791K+875 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1.50 | 1 | 792K+855 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 794K+023 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 794K+489 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1.50 | 1 | 795K+107 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 796K+727.5 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 3 | 1 | 797K+446 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 799K+528 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 8 | 1 | 1 | 800K+618 |
| 1969-يىلى | يېزائىگىلىك 2-شى بىناكارلىق 2 - ئۆمىنى | ئاپتونوم رايون-لۇق تاشيول لا-يىھىلەش يۆرتى | بېتون تاختى-لىق سوڭگۈچ | 9.02 | 1.50 | 1 | 801K+396.6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 802KK+052 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 802KK+715 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 803K+700 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 805K+298.5 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 805K+829 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 806K+432 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 807K+547 | 1 | 1 | 9.10 | يۇمىلاق بې- تون سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 814K+910.95 | 1 | 3 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 843K+549.5 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 844K+340 | 1 | 3 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 848K+340 | 1 | 1 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 849K+269 | 1 | 1 | 8.15 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 849K+486.5 | 1 | 1.50 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 849K+695 | 1 | 2 | 13 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | يېزائىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 849K+950 | 1 | 1.50 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 850K+695 | 1 | 1.50 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 852+832.5 | 1 | 1.50 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 858K+500 | 1 | 1.50 | 14.3 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 859K+431.5 | 1 | 2 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 859K+640 | 1 | 0.75 | 13.35 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 860K+714 | 1 | 2 | 8 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 860K+840 | 1 | 1 | 10.3 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 861K+375 | 1 | 1 | 9.27 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 861K+701 | 1 | 0.75 | 8.03 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 873K+380 | 1 | 3 | 8.10 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |
| 902K+000 | 1 | 1.50 | 10.30 | بېتون تاختى- لىق سۈڭگۈچ | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھىلەش يۈرتى | يېزا ئىگىلىك 2- شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى | 1969- يىلى |

## غۇلجا - چاقىلىق تاشيولىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمىغا سېلىنغان كۆۋرۈكلەر

6 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| كۆۋرۈك نامى | تۆشۈك سانى\ تۆشۈك دىئامېتىرى | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | لايىھەلىگەن ئورۇن | پۈتكەن ۋاقىت | لىنىيە ۋە قوزۇق نامى | قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قوش تۈۋرۈكلۈك بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/5 | 6 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 652K+400 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| بېتون پەشتاقلىق، بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/5 | 9.3 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 660K+400 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش پەشتاقلىق بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 4.6 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 679K+600 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 4.57 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 687K+649 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| بېتون پەشتاقلىق، بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/5 | 9.3 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 684K+600 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش I شەكىللىك لىملىق بېتون كۆۋرۈك (مىكرو ئېغىر تاختا) | 4/44 | 47.6 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 686K+300 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| I شەكىللىك لىملىق مىكرو ئەگمە تاختا كۆۋرۈك | 4/44 | 47.55 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 686K+326 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش پەشتاقلىق بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 4.6 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 687K+530 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك بېتون تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 13 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 689K+425 | پېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۆەنى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قوش تۆۋرۈك- لۈك بېتون تاخ- تا كۆۋرۈك | 2/3.25 | 12.52 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 695K+673 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| I شەكىللىك مىكرو ئېغىر تاختىلىق قوش تۆۋرۈكلۈك كۆۋرۈك | 3/7.5 | 28.02 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 708K+121.5 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| I شەكىللىك مىكرو ئېغىر تاختىلىق قوش تۆۋرۈكلۈك كۆۋرۈك | 3/7.5 | 27.96 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 711K+611 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| I شەكىللىك مىكرو ئېغىر تاختىلىق قوش تۆۋرۈكلۈك كۆۋرۈك | 3/7.5 | 27.93 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 713K+178.5 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك بېتون تاخ- تا كۆۋرۈك | 2/6 | 13.2 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 714K+826.5 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| I شەكىللىك لىملىق مىكرو ئېغىر تاختىلىق قوش تۆۋرۈك- لۈك كۆۋرۈك | 3/7.50 | 27.93 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 723K+073 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك تاختا كۆۋ- رۈك | 3/5 | 16.80 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 734K+984 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك تاختا كۆۋ- رۈك | 2/5 | 11.8 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 750K+356 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك تاختا كۆۋ- رۈك | 1/4 | 4.65 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 751K+596 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك تاختا كۆۋ- رۈك | 4/5 | 22.38 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 754K+223.5 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |
| قوش تۆۋرۈك- لۈك تاختا كۆۋ- رۈك | 2/5 | 11.18 | ئاپتونوم رايون- لۇق تاشيول لا- يىھەلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 812K+108 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىنا- كارلىق 2 - تۆەنى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 4.6 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 816K+202 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 1/5 | 5.58 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 817K+970.4 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 2/5 | 11.20 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 827K+383.5 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 4/5 | 22.40 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 839K+019 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| يېنىك پەشتاقلىق تاختا كۆۋرۈك | 1/3 | 8.50 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 854K+258 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| يېنىك پەشتاقلىق تاختا كۆۋرۈك | 2/3 | 11 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 858K+103 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 1/4 | 5.56 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 875K+550 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |
| قوش تۈۋرۈكلۈك تاختا كۆۋرۈك | 1/5 | 22.33 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول لايىھىلەش يۇرتى | 1969 - يىلى | 883K+040 | يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق 2 - تۈەنى |

## § 3. قاتناش قوراللىرى

### 1. ئۇلاغ هارۋىسى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ناهىيە تەۋەسىدە ئات، قېچىر، ئېشەك، كالا ۋە ياغاچ هارۋا قاتارلىقلار قاتناش قورالى قىلىناتتى، ياغاچ هارۋىغا ئىككى كالىنى قېتىپ، 2500 جىڭدىن ئارتۇق يۈكنى توشۇغىلى بولاتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) غا كەلگەندە شىڭپىڭ ئۆستىڭى ئۇزارتىلىپ، ناهىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بوز يەر ئېچىلىپ تېرىلغان زىرائەتلەردىن ئېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق داننى سىرتقا توشۇشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتتىن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كەلدى، نەتىجىدە ياغاچ هارۋا ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتقا

ماس كەلمەي قالدى، شۇنىڭ بىلەن 2 ـ ئەۋلاد قاتناش قورالى — تۆمۈرھارۋا (قاقما ھارۋا) بارلىققا كەلدى (بۇ ھارۋا ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، توغانغا پارچە تۆمۈر مىخلىنىدۇ، كۆدىسىگە چويۈن قازان قېقىلىدۇ، بۇ خىل ھارۋا گەرچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن 3000 جىڭدىن ئارتۇق يۈك باسقىلى بولىدۇ). يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا ئىلگىرىكى ترانسپورت قوراللىرى ئىشلىتىلدى. 1959 ـ يىلغا كەلگەندە ھارۋىلارغا شارىك ئورنىتىش ئومۇملاشتۇرۇلدى، قىسمەن گۆڭشې ـ ئەترەتلەر رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدىن يەتتىنى سېتىۋالدى، 1981 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە بۇ خىل ھارۋا بۇ خىل ھارۋا كېيىن يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 415 كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ترانسپورتتا ئاساسەن رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا تايىنىدىغان بولدى. 1982 ـ يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا تەدرىجىي ئازايدى. 1985 ـ يىلى رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدىن 320 سى قالدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە گۆڭشې ئەزالىرى كىچىك رېزىنكە چاقلىق ھارۋا سېتىۋېلىشقا باشلىدى (بۇنىڭغا ئاساسەن ئېشەك قېتىلىدۇ). 1964 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كىچىك رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدىن 44 ى بار ئىدى، 1985 ـ يىلى بۇ خىل ھارۋا 3002 گە يەتتى.

## 2. ئاپتوموبىل

لوپنۇر ناھىيىسى 1960 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاپتوموبىل سېتىۋالدى، 1976 ـ يىلغا كەلگەندە چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىل 27 گە يەتتى، بۇلار پۈتۈنلەي دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولدى. 1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىنتايىن گۈللەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى، شۇنىڭدەك كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ھەرخىل يۈك ئاپتوموبىللىرىنى سېتىۋالدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىل 197 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكىسى 48، يەككە ئائىلىنىڭ ئاپتوبۇسى بىر.

## 3. تراكتور

1959 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى لوپنۇرغا چاقلىق تراكتوردىن ئىككىنى بەردى، كېيىن تراكتور يىلمۇ يىل كۆپەيدى، 1966 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى چاقلىق تراكتور سەككىزگە يەتتى. 1972 ـ يىلى قول تراكتورىدىن تۆتى سېتىۋېلىندى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى تراكتور 17 گە يەتتى. 1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى چاقلىق تراكتور 96 گە يەتتى. يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى تراكتورلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانلارنىڭ تراكتور سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دېھقانلار سېتىۋالغان تراكتورلار ئىچىدە كىچىك تراكتور كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭلاشقا كىچىك تراكتور 1972 ـ يىلدىكى تۆتتىن 1985 ـ يىلى 129 غا يەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چاقلىق تراكتور، تويا ئىتتىرىش ماشىنىسى 221 گە، قول تراكتورى (تۆت چاقلىق كىچىك تراكتورمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 129 غا يەتتى، بۇ تراكتورلار ئومۇمەن كوللېكتىپ ھۆددە ئېلىنغان

ياكى ئۇلارغا شەخسلەر ئىگىدارلىق قىلىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتىغا قوشۇمچە ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدۇ.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان قاتناش قوراللىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات**

6 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | تۆمۈر هارۋا (قاقما هارۋا) | رېزىنكە چاقلىق هارۋا | كىچىك رېزىنكە چاقلىق هارۋا | چاقلىق تراكتور (ئارىلاش) | قول تراكتورى | ئاپتوموبىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 107 | | | | | |
| 1951 | 141 | | | | | |
| 1952 | 164 | | | | | |
| 1953 | 278 | | | | | |
| 1954 | 362 | | | | | |
| 1955 | 412 | | | | | |
| 1956 | 450 | | | | | |
| 1957 | 450 | | | | | |
| 1958 | 430 | 18 | | | | |
| 1959 | 417 | 87 | 89 | 2 | | |
| 1960 | 23 | 11 | | 3 | | 3 |
| 1961 | 23 | 15 | | 3 | | 3 |
| 1962 | 23 | 37 | | 4 | | 4 |
| 1963 | 20 | 57 | | 4 | | 4 |
| 1964 | 20 | 58 | 44 | 4 | | 4 |
| 1965 | 18 | 150 | 44 | 8 | | 8 |
| 1966 | | 182 | 79 | 8 | | 8 |
| 1967 | | 199 | 79 | 8 | | 8 |
| 1968 | | 199 | 79 | 8 | | 8 |
| 1969 | | 199 | 79 | 8 | | 8 |
| 1970 | | 219 | 238 | 9 | | 9 |
| 1971 | | 275 | 428 | 21 | | 21 |
| 1972 | | 295 | 888 | 17 | 4 | 17 |
| 1973 | | 330 | 942 | 31 | 2 | 31 |
| 1974 | | 336 | 1254 | 25 | 3 | 25 |
| 1975 | | 350 | 1450 | 27 | 7 | 27 |
| 1976 | | 417 | 1440 | 27 | 3 | 27 |
| 1977 | | 363 | 2279 | 34 | 6 | 34 |
| 1978 | | 369 | 2520 | 21 | 5 | 21 |
| 1979 | | 413 | 2235 | 67 | 12 | 67 |
| 1980 | | 405 | 2360 | 76 | 17 | 76 |
| 1981 | | 415 | 2885 | 97 | 23 | 97 |
| 1982 | | 375 | 3000 | 115 | 20 | 96 |
| 1983 | | 370 | 2991 | 136 | 55 | 136 |
| 1984 | | 363 | 3020 | 192 | 65 | 192 |
| 1985 | | 320 | 3002 | 221 | 129 | 197 |

# § 4. ترانسپورت

مىنگو دەۋرىدە مەھكىمىگە توشۇلىدىغان ئاشلىق ۋە ئوت - سامان پۈتۈنلەي خەلق ئارىسىدىكى هارۋا - ئاتلارنى ۋە هاشارچىلارنى يىغىش ئارقىلىق توشۇلاتتى، مەخسۇس ترانسپورت تەشكىلاتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ترانسپورت ئاپپاراتى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. 1978 - يىلى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى قۇرۇلۇپ قىسمەن يولۇچى ۋە يۈك توشۇشنى ئۈستىگە ئالدى.

## 1. ئۇلاغ ترانسپورتى

1957 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى بازار - يېزا ۋە يىراق - يېقىنغا بارىدىغان يولۇچىلارنى يەككە ترانسپورت ئائىلىلىرى توشۇيتتى. 1958 - يىلى ناھىيە، گوڭشېدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ترانسپورت تەشكىلاتى قۇرۇلدى، قىسقا يوللۇق ئۇلاغ ترانسپورتىدا، ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كالا، ئات هارۋىلىرى ئىشلىتىلدى، بۇ خىل ئەھۋال تاكى1979- يىلغىچە داۋاملاشتى، 1979 - يىلى ئۇلارنىڭ ئورنىنى تراكتور ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور ئالدى.

## 2. ئاپتوموبىل ترانسپورتى

1) يولۇچى ترانسپورتى    ناھىيە تەۋەسىدە ئاپتوموبىل ئارقىلىق يولۇچى توشۇش1956- يىل 4 - ئايدا باشلاندى. بۇ چاغدا ئاپتوموبىل كورلا مەركىزىي ترانسپورت بېكىتىدىن يولغا سېلىندى، ھەپتىدە ئىككى قېتىم قاتنىدى، ئاپتوموبىل كورلىدىن بىۋاسىتە لوپنۇر ناھىيە بازىرىغا كەلدى، كېيىن ھەپتىدە ئۈچ قېتىم قاتنايدىغان بولدى (دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە). 1980 - يىلدىن كېيىن كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە قاتنايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ بەش تۈەن - مەيدانىغا قەرەللىك نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى.

1985 - يىلى كۈنىگە كورلىدىن لوپنۇر بازىرىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاپتوبۇستىن ئىككىسى، يەككە ئىگىلىكتىكى ئاپتوبۇستىن بىرى قاتنايدىغان بولدى، يېرىم يولدا ئىككى بېكەت (شىنىغا بېكىتى، قاراقۇم بېكىتى) تەسىس قىلىندى، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە يولغا سېلىنغان ئاپتوبۇس ئوندىن ئاشتى؛ كورلىدىن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 35 - تۈەن - مەيدانىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس ئىككى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك 2 - شى يولغا سالىدىغىنى بىر)، ناھىيە تەۋەسىدىكى شىنىغا، قاراقۇم كەنتلىرى، لوپنۇر بازىرى، چوڭكۆل، چارا، 31-، 32-، 33 - تۈەن - مەيدانلار، داشكۆل، غەربىي غول ئۆستەڭ كۆۋرۈكى، 34 -، 35 - تۈەن - مەيدانلاردا ئاپتوبۇس توختاش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى؛ كورلىدىن يېزا ئىگىلىك 2 - شى32- تۈەن - مەيدانىغا بىر ئاپتوبۇس يولغا سېلىندى، يولدا سەككىز ئاپتوبۇس توختاش نۇقتىسى بار؛ لوپنۇر بازىرىدىن دۆڭقوتان يېزىسىغا كۈنىگە قەرەللىك ھالدا بىر قېتىم بىر ئاپتوبۇس قاتنىدى، يولدىكى تارىم كەنتى، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە دۆڭقوتان يېزىسىدا ئۈچ ئاپتوبۇس توختاش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

1985 - يىللىق يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون600مىڭ ئادەم /

كىلومېترغا، توشۇلغان يولۇچى 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى.

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1986 - يىللىق ئاپتوبۇس ترانسپورت جەدۋىلى

6 - قىسىم 7 - جەدۋەل

| ترانسپورت مۇساپىسىنىڭ باش - ئاخىرى | بارىدىغان بېكەت | مۇساپە (كىلومېتر) | بېلەت باھاسى (يۈەن) | ترانسپورت مۇساپىسىنىڭ باش - ئاخىرى | بارىدىغان بېكەت | مۇساپە (كىلومېتر) | بېلەت باھاسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لوپنۇر ناھىيىسى (بازىرى) دىن كورلا شەھىرىگىچە | قاراقۇم كەنتى | 8 | 0.2 | لوپنۇر ناھىيىسى (بازىرى) دىن 35 - تۇەن- مەيدانىغىچە | تارىم كەنتى | 5 | 0.2 |
| | | | | | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 27.8 | 1 |
| | شىنىڭغا («قىزىل بايراق» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 27.9 | 0.8 | | چارا | 68 | 2 |
| | | | | | 31 - تۇەن - مەيدان | 88.9 | 2.4 |
| | كورلا شەھىرى | 52 | 1.4 | | 32 - تۇەن - مەيدان | 99 | 2.7 |
| لوپنۇر ناھىيىسى (بازىرى) دىن خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسىغىچە | تارىم يېزىسى | 5 | | | 33 - تۇەن - مەيدان | 109.7 | 2.9 |
| | | | | | غەربىي غول ئۆستەڭ كۆۋرۈكى | 120 | 3.6 |
| | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 27.8 | | | داشكۆل | 140 | 3.8 |
| | دۆڭقوتان يېزىسى | 31.7 | | | 34 - تۇەن - مەيدان | 162 | 4.3 |
| | خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | 33.2 | | | 35 - تۇەن - مەيدان | 171:9 | 4.6 |

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1956 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە تاشىۋلدا يولۇچى، يۈك توشۇش ئەھۋالى

6 - قىسىم 8 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | يولۇچى مىقدارى (10 مىڭ ئادەم قېتىم) | يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ ئادەم/كىلومېتر) | يۈك مىقدارى (10 مىڭ توننا) | يۈك ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ توننا / كىلومېتر) |
|---|---|---|---|---|
| 1956 | 0.31 | 17.16 | | |
| 1957 | 0.62 | 34.10 | | |
| 1958 | 0.83 | 45.76 | | |
| 1959 | 0.70 | 38.61 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1960 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1961 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1962 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1963 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1964 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1965 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1966 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1967 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1968 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1969 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1970 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1971 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1972 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1973 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1974 | 0.78 | 42.90 | | |
| 1975 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1976 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1977 | 1.04 | 57.20 | | |
| 1978 | 1.82 | 100.10 | | |
| 1979 | 1.82 | 100.10 | | |
| 1980 | 2 | 110.11 | | |
| 1981 | 3.64 | 100.20 | | |
| 1982 | 3064 | 100.20 | 17 | 13.6 |
| 1983 | 5.46 | 300.30 | 2.14 | 171.2 |
| 1984 | 7.28 | 400.40 | 3.6 | 310 |
| 1985 | 8 | 460 | 5.4 | 420 |

2. يۈك ترانسپورتى 1958 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يۈكىنى كورلا ترانسپورت شىركىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ترانسپورت شىركىتى ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئاپتوموبىللار توشۇدى، بۇ يۈكنىڭ كۆپىنچىسى ئاشلىق، تۈرلۈك ماللار، تېرە - يۇڭ ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت ئىدى. 1978-يىلى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى قۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى ئاپتوموبىللار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، يۈك ترانسپورتىدا، ئاساسەن، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونىغا تايىنىپ، يەككە ئاپتوموبىل بويىچە ھېسابات قىلىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى كېمەيتسە جازالاشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە توشۇلغان يۈك مىقدارى 54 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى

4 مىليون 200 مىڭ توننا/كىلومېترغا يەتتى.

## § 5. قاتناش باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىپ قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1950 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە يەنىلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇپ قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1956 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1961 - يىل 8 - ئايدا سانائەت - قاتناش - ماشىنىسازلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1962 - يىلى بۇ بۆلۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قاتناش ئىشلىرىنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى باشقۇرىدىغان بولدى. 1967 - يىلى ئۇنىڭغا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1984 - يىلى بۇ بۆلۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قاتناش ئىشلىرى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 1. تاشيول باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ھۆكۈمەت يولى ياسالغاندىن كېيىن مەخسۇس ئادەم قويۇپ باشقۇرۇلغانىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ئىككى يول ئاسراش ئىش رايونى قۇرۇلدى، ئىش رايونى قارمىقىدا يول ئاسراش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) تىكەنلىك يول ئاسراش ئورنى تەسىس قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدىكى كورلا — چاقىلىق تاشيولىنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى كورلا يول ئاسراش ئۈچاستىكىسى ئۈستىگە ئالدى، بەش يول ئاسراش داۋبەنى تەسىس قىلىندى. 1974 - يىلى تاشيول ئاسراش ۋەزىپىسى لوپنۇر يول ئاسراش ئۈچاستىكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يول ئەھۋالىغا ئاساسەن 20 يول ئاسراش داۋبەنى تەسىس قىلىندى.

لوپنۇر يول ئاسراش ئۈچاستىكىسى 1973 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغانىدى. 1985 - يىلدىن كېيىن كادىر 19 غا، رەسمىي ئىشچى 216 گە، ۋاقىتلىق ئىشچى 34 كە يەتتى.

1980 - يىلى يېزا، ناھىيە دەرىجىلىك تاشيوللارنى ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇ، تارىم يېزىسىدىن دۆڭقوتان يېزىسىغا بارىدىغان يولنى ئاسراشقا مەسئۇل بولدى. بۇ، ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قارايدىغان، كەسپىي شتاتتىكى ئورۇن. باشقا يېزا، كەنت يوللىرىنى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى شۇ جايدىكى ئاممىنى تەشكىللەپ رېمونت قىلدۇ ۋە ئاسرايدۇ.

### 2. ترانسپورت باشقۇرۇش

1978 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ يۈكىنى، ئاساسەن، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ترانسپورت تارمىقى توشۇيدىغان بولغاچقا، لوپنۇر ناھىيىسىدە مەخسۇس باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغانىدى. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن ترانسپورت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلدى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاپتوموبىل يىلمۇيىل كۆپەيدى. ئاپتوموبىل ۋە تراكتور ترانسپورتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، يۈك توشۇشتا چوقۇم ترانسپورت پونكىتى ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇش تالونى كەستى، كىرا

ھەققىنى ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتى بىرتۇتاش ھېسابلىدى ھەمدە يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، تولۇقلاپ يىغىش كەسپىنى كۆپەيتتى، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىقتەك ھادىسىلەرگە قارىتا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ جازا بەردى. 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ نامى لوپنۇر ناھىيىلىك تاشيولدا يۈك توشۇش بازارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى (قىسقارتىلىپ يۈك باشقۇرۇش پونكىتى دېيىلىدۇ) غا ئۆزگەرتىلدى. يۈك باشقۇرۇش پونكىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى يۈك توشۇش باھاسى**

6 ـ قىسىم 9 ـ جەدۋەل

| توشۇش مۇساپىسى (كىلومېتىر) | ھېسابلاش بىرلىكى | يۈك توشۇش باھاسى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| | | پۈتۈن ماشىنا | پارچە ـ پۈرات | |
| 1 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 1.10 | | 1 ـ دەرىجىلىك يۈك ئۆلچەم قىلىنىپ، 2 ـ دەرىجىلىك يۈككە %10، 3 ـ دەرىجىلىك يۈككە % 20 باھا قوشۇلىدى. ئۈزۈن، ئېغىر، خەتەرلىك، قىممەتلىك، ئالاھىدە يېڭى، تىرىك يۈك جەھەتتە ئالاھىدە يۈك توشۇش باھاسى ئىجرا قىلىنىدى. ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئالاھىدە يۈكلەرنى توشۇش باھاسى ئادەتتە ئاساسىي توشۇش |
| 2 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.85 | | |
| 3 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.68 | | |
| 4 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.60 | | |
| 5 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.54 | | |
| 6 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.515 | | |
| 7 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.495 | | |
| 8 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.48 | | |
| 9 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.47 | | |
| 10 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.46 | | |
| 11 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.45 | | |
| 12 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.44 | | |
| 13 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.43 | | |
| 14 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.42 | | |
| 15 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.41 | | |
| 16 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.40 | | |
| 17 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.39 | | |
| 18 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.38 | | |
| 19 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.37 | | |
| 20 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.36 | | |
| 21 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.35 | | |
| 22 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.34 | | |
| 23 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.328 | | |
| 24 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.316 | | |
| 25 | يۈەن/تونىنا كىلومېتىر | 0.304 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 26 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.293 | پارچە ـ پۇرات توشۇلغان يۈك بىر تونىندىن ئاشمىسا كىرا ھەققى ئادەتتە پۈتۈن ئاپتوموبىل بويىچە توشۇلغان يۈك كىرا ھەققىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەيدى | باھاسىدىن 30% ـ 50% كىچە يۇقىرى بولدى. ئايرىم يۈكلەرنىڭ 100% تىن ئېشىپ كەتمەيدى |
| 27 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.283 | | |
| 28 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.274 | | |
| 29 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.265 | | |
| 30 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.258 | | |
| 31 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.251 | | |
| 32 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.244 | | |
| 33 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.239 | | |
| 34 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.234 | | |
| 35 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.229 | | |
| 36 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.224 | | |
| 37 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.219 | | |
| 38 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.214 | | |
| 39 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.209 | | |
| 40 | يۈەن/توننا كىلومېتىر | 0.204 | | |

## 3. قاتناشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاپتوموبىللارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا كورلا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇل بولدى، كورلا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتى ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن تەكشۈرىدۇ، ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى سىناپ تەكشۈرىدۇ. قاتناش ھادىسىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن يول ھەققى ئېلىش قاتارلىقلارغىمۇ كورلا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇل بولىدۇ.

### قوشۇمچە
### قاتناش ھادىسىسى

1) 1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت ئىككىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە تارىم يېزىسىنىڭ «زېل — 50580 — 27» تىپلىق چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى كۆنچى كۆۋرۈكىگە ئالتە مېتىر كېلىدىغان يەرگە كەلگەندە كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا ئۇرۇلۇپ، كۆۋرۈك رىشاتكىسىنىڭ 5.02 مېتىر قىسمىنى بۇزۇۋېتىپ، ئاپتوموبىل دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. ئاپتوموبىلدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى، شوپۇر سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى.

2) 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 17 دە تارىم يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كېنىشكىسىز ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى جاڭ چىڭيۈن «ئازاد — 52085 — 27» تىپلىق چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ «ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ دۆڭخەيزى كەنتىگە كۆچەت ئېلىپ كېتىۋېتىپ، دۆڭخەيزى كەنتىگە كەلگەندە، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا، ئاپتوموبىلنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ كېلىۋاتقاندا يول ياقىسىدىكى ترانسفورماتور ئاستىدىن يۆگۈرۈپ چىققان مېڭ ياگاڭغا ئۇدۇل كېلىپ قالىدۇ، ئۇ، شوپۇرلۇق تېخنىكىسى ناچار بولغاچقا، ئاپتوموبىلنى تورمۇزلىيالماي مېڭ ياگاڭ (يەتتە ياش) نى بېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

يەتتىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق ـ ياغ

# يەتتىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق - باغ

## I باب

## سودا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە، لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە سودا شەكلىدە ئاساسلىقى مالغا مال ئالماشتۇرۇلاتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆندىلىك بۇيۇملارغا، ئالايلۇق، كالا، ئات، قوي ۋە باشقا ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ تېرە، يۇڭلىرى رەخت، تاۋار - دۇردۇن ھەمدە باشقا كۆندىلىك بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇلاتتى. بەزى چار بازارچىلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى (ئاساسلىقى چارۋىچىلىق رايونلىرى) غا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ مەھسۇلاتلارنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ پۇلغا ئالماشتۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇردا مۇقىم مال سېتىش ئورنى يوق ئىدى، ئاساسلىقى ئاقما تىجارەت قىلىناتتى، بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان سودا يوق ئىدى، پەقەت ئون نەچچە خۇسۇسىي سودىگەرلا بار ئىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى، نوپۇسنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىشى بىلەن، ئەسلىدىكى مالغا مال ئالماشتۇرۇشتەك شەكىل ئېھتىياجنى ھەرگىزمۇ قاندۇرالماي قالدى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) يېڭىدىن ئامباللىققا تەيىنلەنگەن لياۋجېنخۇڭ شۇ يەرلىك چار بازارچى ئاداغا پۇل ئۆتنە بېرىپ، ئۇنى ناھىيە بازىرىدا دۇكان ئاچقۇزدى، شۇندىن كېيىن بەزى دېھقان، چارۋىچىلارمۇ كوچىلاردا يايما ئېچىشقا باشلىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا بىر كىچىك سودا كوچىسى شەكىللەندى. 1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە يايمىچىدىن ئۇنى، جەمئىي ئون ئادەمى (يېرىم دېھقان، يېرىم سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بار ئىدى، كاپىتالىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا (يېڭى پۇل) 1700 يۈەن ئىدى.

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قارىتا قوغداش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، يەككە سودىگەرلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى،

تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى، بازارلارنىڭ گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىشى باشقا يۇرتلۇق سودىگەرلەرنى لوپنۇرغا كېلىپ سودا قىلىشقا جەلپ قىلدى. دەسلەپتە ئۈچ خەنزۇ بۇ يەرگە كېلىپ كىچىك دۇكان ئاچتى، كېيىن يەنە بىرنەچچە سېتىقچى ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتمۇ سودا كەسپىنى يولغا قويۇشقا پائال تەييارلىق قىلىپ، 1950 - يىلى ئالدى بىلەن ناھىيىلىك سودا تارماق شىركىتىنى قۇردى، شىركەت قارىمىقىدا تۈرلۈك ماللار، رەخت، يېمەكلىكلەر ماگىزىنى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ كۆلىمى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، تور - نۇقتىلار ئازلىقتىن كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلەندى.

1952 - يىل 4 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش ۋە كېرەكسىز ماددىي ئەشيالارنى يىغىۋېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ئارقىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار - يېزا ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى بارغانسېرى ئېشىپ باردى، يەنە تىكەنلىك، دۆڭگۈتان، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق» تىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي قاتلام تەمىنات سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا، تىجارەت دائىرىسى ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا بىۋاسىتە قاراشلىق چاي - چارۋا، پاختا - چىگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسپىي شىركەت تەدرىجىي قۇرۇلدى. چاي - چارۋا شىركىتى 1956 - يىلى قۇرۇلغان ئەڭ دەسلەپكى كەسپىي شىركەت.

1976 - يىلى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، دۆلەت پىلانلىق تەقسىملەپ بەرگەن ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى، پولات ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە بارا - بارا بازار سودىسى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، ناھىيە ئىچىدە خادىملار تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى، قاتناش قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بازار سودىسى بەزىدە داۋاملىشىپ، بەزىدە توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، بازار سودىسى توختاپ قالدى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى سودا بازارلىرى تېز گۈللەندى، سودا پۇتۇشۇش سوممىسى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ باردى، 1985 - يىلى بازار سودىسى بويىچە پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليون 48 مىڭ 500 يۈەنگە، يەككە تىجارەتچى 560 قا يەتتى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 13 مىليون 477 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) سودىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇرغاندى. 1950 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1958 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك

سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1962 - يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1973- يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

**1955 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى**

7 - قىسىم 1 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە: سودا | يېمەك - ئىچمەك كەسپى | سانائەت تارماقلىرى | باشقا كەسپلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 241.95 | 227.56 | 8.18 | 4.33 | 1.88 |
| 1956 | 146.5 | 130 | 7.7 | 8.5 | 0.3 |
| 1957 | 158.4 | 139 | 12 | 6.8 | 0.6 |
| 1958 | 296.3 | 286.5 | 5.5 | 2.9 | 1.4 |
| 1959 | 204.7 | 187.7 | 4.2 | 5 | 7.8 |
| 1960 | 226.18 | 208 | 11.2 | 4.5 | 2.48 |
| 1961 | 201 | 185.6 | 10.2 | 4.29 | 0.91 |
| 1962 | 195.2 | 160 | 13.8 | 1.4 | 20 |
| 1963 | 151.8 | 141 | 7.78 | 1.28 | 1.8 |
| 1964 | 163.9 | 151.76 | 7.69 | 4 | 0.45 |
| 1965 | 195.52 | 178.9 | 8.34 | 6.3 | 1.98 |
| 1967 | 238.28 | 219.05 | 10.93 | 5.64 | 1.2 |
| 1970 | 242.45 | 220.1 | 7.5 | 10.35 | 4.5 |
| 1971 | 272.8 | 255.6 | 9.3 | 2.4 | 5.5 |
| 1972 | 286.3 | 263.3 | 9.6 | 11.2 | 2.2 |
| 1973 | 287.3 | 278.2 | 6.7 | 1.2 | 1.2 |
| 1974 | 304.6 | 293.2 | 7.7 | 2 | 1.7 |
| 1975 | 337 | 325.6 | 8 | 2.2 | 1.2 |
| 1976 | 379.4 | 351 | 8.8 | 18.8 | 0.8 |
| 1977 | 390.1 | 376.4 | 10.4 | 12.3 | 1.4 |
| 1978 | 482 | 454 | 12.8 | 14.1 | 1.1 |
| 1979 | 549.1 | 519.1 | 14.4 | 13.2 | 2.4 |
| 1980 | 640.4 | 580 | 18.7 | 9.8 | 31.9 |
| 1981 | 656.8 | 587.5 | 25.1 | 6.6 | 37.6 |
| 1982 | 718.2 | 627.6 | 19.9 | 13 | 69.4 |
| 1983 | 865 | 759.9 | 21.5 | 4 | 79.6 |
| 1984 | 1175.8 | 820.2 | 250.9 | 6.3 | 98.4 |
| 1985 | 1347.7 | 1102.7 | 75.2 | 56.4 | 113.4 |

# 1 §. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1950 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك سودا شىركىتى قۇرۇلدى، 1952 - يىلى شىنجاڭ سودا شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، 1953 - يىلى كورلا تارماق شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ماگىزىنىغا ئۆزگەرتىلدى، 1954 - يىلى غەربىي شىمال سودا شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، 1955 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك شىركىتى دەپ ئاتالدى، 1958 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك شىركەت ئاساسىدا لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 11 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەمىنات سودا كوپېراتىپى تەمىنات - سودا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي ئۈچ تەمىنات - سودا باش بۆلۈمى، 12 تەمىنات - سودا تارماق بۆلۈمى، ئىككى كۆچمە گورۇپپا بار بولدى.

1962 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1962 - يىل 6 - ئايدا سودا ئىدارىسى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى، ئەسلىدىكى سودا سىستېمىسىدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ تۆرلۈك ماللار، يېمەكلىك، تاشقى سودىدىن ئىبارەت ئۈچ جىڭلىبۇ شەكىللەندى. 1973 - يىل 6 - ئايدا سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا تۆرلۈك ماللار، يېمەكلىك، پاختا - چىگە - يەرلىك مەھسۇلات، تاشقى سودا شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت شىركەت قۇرۇلدى. كېيىن تاشقى سودا ۋە پاختا - چىگە - يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى يەنە ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984-يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلدى، سودا ئىدارىسى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي تارمىقى بولدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بويىچە تۆرلۈك ماللار، يېمەكلىك، شېكەر، تاماكا - ھاراق، نېفىت شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت كەسپىي شىركەت بار بولدى. 1985 - يىلى يېمەكلىك شىركىتى يەنە يېمەكلىك شىركىتى ۋە شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتىگە بۆلۈندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، پايدا دۆلەتكە تاپشۇرۇلدى، زىيان سوممىسى دۆلەت مالىيىسىدىن تولۇقلاندى. ھەر قايسى كەسپىي شىركەتلەر مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، بىردەك مۇستەقىل ھېسابات قىلدى.

1985 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ جىڭلىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك ۋە ئىجارىگە بېرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تىجارىتىنى قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك 17 ماگىزىن، ئوقتىنىڭ 12 سىنىڭ تىجارىتى قويۇۋېتىلدى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى ئىككى، ئىجارىگە بېرىلگىنى ئون)، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

## 2. پىلانلىق تەمىنلەش

سودا سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي شىركەتلەر بازارلارغا

رەھبەرلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ سودا ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە مال باھاسى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، تاۋارلارنى تۈرگە، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ھوقۇق چېكى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، كوپېراتىپ سودىسى جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى پرىنسىپىغا ئاساسەن، بەزى تاۋارلارغا قارىتا پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويىدى.

1958 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، پاختا رەختكە قارىتا پىلانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، بېلەتكە قاراپ نورمىلىق تەمىنلەندى. 1984 - يىلدىن باشلاپ پاختا رەخت بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى، قايتا رەخت بېلىتى تارقىتىلمىدى.

1960 - يىلدىن باشلاپ، خەلق ئىگىلىكىدە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق كۆرۈلدى، سودا تارماقلىرى «تەكشۈرۈش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشتە يەنىلا «بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، جىددىي ئېھتىياجلىقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، ئادەتتىكىلەرنىڭمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردى. قوشۇمچە يېمەكلىك جەھەتتە ئالدى بىلەن زاۋۇت، كان رايونلىرىنى تەمىنلىدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە ئالدى بىلەن يېزىلارنى تەمىنلىدى. پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە «كۆپ بولسا تولۇق تەمىنلەش؛ ئاز بولسا پىلانلىق تەمىنلەش؛ كەم بولسا تەقسىملەپ تەمىنلەش» تىن ئىبارەت تەمىنلەش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، پىلانلىق تەقسىملەپ، نورمىلىق تەمىنلىدى؛ ماددىي ئەشيالارنى پىلانلىق سېتىۋېلىشتا، ناھىيە بويىچە بىر تۇتاش كىنىشكا (مال سېتىۋېلىش كىنىشكىسى) گە ئاساسەن تەمىنلىدى. 1977 - يىلى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك مال سېتىۋېلىش كىنىشكىلىرى بىكار قىلىندى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 1963 - يىلدىن 1985 - يىل 5 - ئايغىچە گۆش (ئاساسلىقى قوي - كالا گۆشى) بىلەن بېلەتكە ئاساسەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، بازار ئاھالىلىرىگە مالىيىدىن گۆش قوشۇمچە ياردىمى بېرىلدى (ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 1.5 يۈەن)، ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە ئىدارىسى ئايرىم 2.5 يۈەن تارقىتىپ بەردى.

1984 - يىلى پاختا بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، پاختىنى يەنىلا پاختا - چىگە شىركىتى بىر تۇتاش سېتىۋالدى، باشقا ئىدارە، تارماقلار ياكى شەخسلەرنىڭ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

ئۇندىن باشقا، 60 - يىللاردا تاماكا، شېكەر، سەرەڭگە قاتارلىق تاۋارلار بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

## تەرەققىيات ۋە تىجارەت

1955 - يىلى سودا شىركىتى قۇرۇلغاندا ئاران 18 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، تۇراقلىق مەبلىغى 8033 يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 277 مىڭ 200 يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلىغى 10 مىڭ 708 يۈەنگە، يىللىق سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 484 مىڭ 323 يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 370 مىڭ 260 يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ يىللىق ئوبوروت خىراجىتى 88 مىڭ 467 يۈەنگە، يىللىق پايدا ئومۇمىي سوممىسى 52 مىڭ 800 يۈەنگە يېتەتتى.

1985 - يىلى سودا ئىدارىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 118 گە، تۇراقلىق مەبلىغى 1 مىليون 31 مىڭ 400 يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 1 مىليون 799 مىڭ 200 يۈەنگە، ئۆزىدە

بار بولغان تۇراقسىز مەبلىغى 799 مىڭ 400 يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 126 مىڭ 800 يۈەنگە، يىللىق سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 794 مىڭ 500 يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ يىللىق ئوبوروت خىراجىتى 246 مىڭ 400 يۈەنگە، يىللىق پايدا ئومۇمىي سوممىسى 50 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى (سودا شىركىتى) نىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى

7 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| مىقدارى / يىللار / تۈرى | 1955 | 1957 | 1960 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى (ئادەم) | 18 | 45 | 103 | 120 | 128 | 118 |
| تۇراقلىق مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | 0.8 | 3.02 | 13.89 | 15.17 | 84.34 | 103.14 |
| تۇراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | 27.72 | 56.46 | 108.1 | 146 | 171.96 | 179,92 |
| ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | 1.07 | 15.5 | 4.5 | 56.88 | 66,73 | 79.94 |
| بانكىدىن ئالغان قەرز (10 مىڭ يۈەن) | 0.3 | 3.2 | 117.28 | 66.97 | 69.76 | 64.57 |
| سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | 37.02 | 121.1 | 169.6 | 198.7 | 306.67 | 312.6 |
| سېتىش ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | 48.43 | 95.74 | 227.3 | 284.48 | 324.26 | 379.45 |
| سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھا پەرقى سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | 11.41 | 25.36 | 57.7 | 85.78 | 17.59 | 66.85 |
| تاۋار ئوبوروت خىراجىتى (10 مىڭ يۈەن) | 8.84 | 9.84 | 25.6 | 17.9 | 20.41 | 24.6 |
| پايدا سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | 5.28 | 6.66 | 8.8 | 17.44 | 8.07 | 5.07 |

## 4. كەسپىي شىركەتلەر

1) تۆرلۈك ماللار شىركىتى بۇ شىركەت 1958 ـ يىلى تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۆرلۈك ماللار جىڭلىبۇسى ئىدى. 1962 ـ يىلى سودا ئىدارىسى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنىلا تۆرلۈك ماللار جىڭلىبۇسى دەپ ئاتالدى. 1973 ـ يىلى تۆرلۈك ماللار جىڭلىبۇسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۆرلۈك ماللار

شىركىتى قۇرۇلدى.

2) يېمەكلىكلەر شىركىتى   بۇ شىركەت، 1960 - يىلى سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يېمەكلىكلەر جىڭلىبۇسى ئىدى، ئۇنىڭغا گۆش يېمەكلىكلىرى، يېمەكلىكلەر دۇكىنى قارايتتى. 1973 - يىلى يېمەكلىكلەر جىڭلىبۇسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېمەكلىكلەر شىركىتى قۇرۇلدى.

3) نېفىت شىركىتى   بۇ شىركەت 1978 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك نېفىت توپ تارقىتىش پونكىتى شەكىللەندى، 1985 - يىلى سېتىش سوممىسى 939 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

4) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى   بۇ شىركەت 1964 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سەپلىمىسى، ماشىنا گەۋدىسى ۋە ئاساسىي ماشىنا سەپلىمىسى، قازان، سۇچىلىقتا سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىمىلىرى قاتارلىق تەخمىنەن 1200 خىل سەپلىمە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1976 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئايرىپ چىقىلىپ، لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، ئالتە كىچىك ماشىنا (شال ئاقلاش، ئۈن تارتىش، ئۆۋىتىش، ئوت ئوتاش، ياغ تارتىش، دان ئايرىش ماشىنىسى) تىجارىتى كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلى نامى لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

### ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

7 - قىسىم 3 - جەدۋەل

| تۈرى / مىقدارى / يىللار | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|
| چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور (دانە) | | 7 | 9 | 15 | 15 |
| قول تراكتورى (دانە) | | 1 | | 4 | 24 |
| تراكتورغا سۆرتىلىدىغان ساپان (دانە) | | 2 | 5 | 1 | 7 |
| تراكتورغا سۆرتىلىدىغان تىرنا (دانە) | | | 8 | 4 | 7 (دانە) |
| تراكتورغا سۆرتىلىدىغان سىيالكا (دانە) | | 3 | 2 | | 4 |
| پرېتسېپ (دانە) | | | 9 | 13 | 34 |
| كىچىك پرېتسېپ (دانە) | | | | | 14 |
| شال ئاقلاش ماشىنىسى (دانە) | | | 3 | | 4 |
| ئۈن تارتىش ماشىنىسى (دانە) | | | 5 | 4 | 2 |
| ياغ تارتىش ماشىنىسى (دانە) | | | 1 | 3 | 6 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| دىزېل ماتور (دانە) | | 12 | 23 | 1 | 3 |
| رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا (دانە) | 92 | 36 | 18 | 9 | 254 |
| قول هارۋىسى (دانە) | 118 | 166 | 140 | 162 | 130 |
| يېرىم ماشىنىلاشقان دېهقانچىلىق سايمانلىرى | 103 | 22 | 33 | 16 | 12 |
| تراكتور سەپلىمىلىرى (1000 يۈەن) | 1.54 | 15.54 | 65.09 | 105.75 | 147.33 |
| چارۋىچىلىق (دانە) | | | | 2 | |
| ئېلېكتروماتور (دانە) | | | 8 | 4 | |

5) ماددىي ئەشيا شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ تەكتى 1976 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان لوپنۇر ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئىدى. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ماددىي ئەشيا شىركىتى دۆلەت پىلانلىق تەقسىملەپ بەرگەن ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل، ئۇ، رەڭلىك مېتال ماتېرىياللىرى جۈملىدىن ھەرخىل ئادەتتىكى پولات ماتېرىيال ۋە سۈپەتلىك پولات ماتېرىياللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلېكترماتور، ترانسفورماتور، قازان، قورال ـ سايمان، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدىن سۇلياۋ، كاۋچۇكتىن ياسالغان مەھسۇلاتلار، ئويغۇچى ناترىي قاتارلىقلار؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن سېمونت، ئەينەك، ماي قەغەز، ئاسفالت قاتارلىقلار بار. ماددىي ئەشيا شىركىتى يەنە كېرەكسىز مېتال ماتېرىياللىرىنى يىغىۋالىدۇ.

ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى كەسپىي جەھەتتە بىر دەرىجىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ ھەم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىلان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، بۆلۈم دەرىجىلىك شتاتتىكى ئورۇن. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، مۇئاۋىن رايون دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ تىجارەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بىرقەدەر كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مال مەنبەسى قىس بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمىدى، ئالايلۇق، پولات ماتېرىيال، سېمونت قاتارلىقلار ناھايىتى قىس ماددىي ئەشيا بولۇپ قالدى، رەھبەرلىك كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشى، تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى تىجارەتنىڭ دىگەندەك ياخشى بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1984ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ ئەھۋالىدا روشەن ياخشىلىنىش بولدى. 1985 ـ يىلى سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 364 مىڭ 700 يۈەنگە، پايدا 42 مىڭ 170 يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 11 ئاپتوموبىل، 131.2 توننا پولات ماتېرىيال، 1000 توننا سېمونت، 1.8 توننا ئويغۇچى ناترىي سېتىلدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئالتىگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 25 مىڭ 800 يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ 55 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 2. خۇسۇسىي سودا

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) ئامبال لياۋ جېنخۇڭ ئاۋانىس مەبلەغ سېلىپ ناھىيە بازىرىدا دۇكان ئاچقاندىن كېيىن، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، ئۇلار، ئاساسلىقى، رەخت، مىلىچ مال قاتارلىق تاۋارلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. تاۋارلارنىڭ يىللىق كىرگۈزۈلۈش مىقدارى مۇنداق بولدى: ئاق رەخت ۋە رەڭلىك سىدام رەخت 300 توپ، چاي 32 مىڭ تاختا، چاقماق قەنت (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن) 90 مىڭ بولاق، سەرەڭگە 5700 بولاق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمپورت قىلىنغان بېنزىن (نېفىت)، چەكمەن، يىپەك توقۇلما، يۇڭ رەخت ۋە خوتەن گىلىمى قاتارلىقلار بار. گومىنداڭ پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىللەردە، ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ كەتكەچكە، نۇرغۇن دۇكانلار تاقىلىپ قالدى. 1949 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا خۇسۇسىي سودىگەردىن بىرنەچچىسىلا قالغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى پارتىيىنىڭ سودا - سانائەت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغاچقا، خۇسۇسىي سودا ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1952 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، يېزا - بازارلاردىكى ئۇششاق تىجارەتچى 45 كە، خادىمى 53 كە، مەبلىغى 80 مىڭ 483 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى) گە يەتتى. 1954 - يىلى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قارىتا پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش ۋە سېتىۋېلىش سىياسىتى قوللىنىلىپ، قانۇنغا رىئايە قىلمىدىغان سودا - سانائەتچى توپ - پارچە سېتىش باھا پەرقى ۋە باج يىغىش جەھەتتە تەرتىپكە سېلىندى، يوللۇق تىجارەت يۆلەندى، قانۇنسىز سودا - سانائەتچىلەرگە تەنقىدىي تەربىيە بېرىلدى. 1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى، ھەمكارلىشىش يولى ئارقىلىق، تۆرلۈك ماللار ھەمكارلىق دۇكىنىدىن بىرى، يېزا كۆچمە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن بىرى، ھەمكارلىق ئاشخانىسىدىن بىرى، ھەمكارلىق ناۋايخانىسىدىن بىرى، ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش دۇكىنىدىن بىرى، ساتىراشخانا ھەمكارلىق دۇكىنىدىن بىرى تەشكىللەندى. يۇقىرىدىكى ئالتە دۇكان - گۇرۇپپىغا 24 ئائىلە قاتناشتى، خادىمى 29 غا، پاي پۇلى 9045 يۈەنگە يەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى خۇسۇسىي ئۇششاق تىجارەتچى جەمئىي 29 بولۇپ، تەشكىللەنگەن 24 ئۇششاق تىجارەتچىدىن باشقا يەنە بەش تىجارەتچى داۋاملىق يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، پارتىيىنىڭ خۇسۇسىي سودا - سانائەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى «سول» چىللىق خاھىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن خۇسۇسىي سودا - سانائەتچى سودىنى تاشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1961 - يىلدىكى «يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىش» جەريانىدا يەنە ئەسلىدە بار بولغان بىرنەچچە ھەمكارلىق دۇكىنى بازار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا چۈشۈرۈۋېتىلىپ، «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش» دەپ ئاتالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بارلىق خۇسۇسىي تىجارەت بىكار قىلىندى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، ئىقتىسادىي سىياسەتلەر تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىنىپ، «سول»

چىللىق خاتالىقى تۈزىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يەككە سودا سوتسىيالىستىك سودىنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىنىپ، تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1980 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەككە قول ھۈنەرۋەن ۋە ئۇششاق تىجارەتچى توققۇزغا، خادىمى 11 گە يەتكەنىدى، 1981 - يىلى 74 كە، خادىمى 123 كە، 1982 - يىلى 90 گە، خادىمى 141 گە يەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يەككە تىجارەتچىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، بازارلار تەدرىجىي ئاۋاتلاشتى، يېمەك - ئىچمەك، رەخت، ئىلىنچ مال، بېلىق، قۇش تۈرىدىكى تاۋارلارنى ئېلىپ ساتىدىغانلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. يەككە سودىنىڭ تەرەققىياتى يەنە ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. 1984 - يىلى يەككە سودىگەر 313 كە، خادىمى 470 كە يەتكەنىدى، 1985 - يىلى يەككە سودىگەر 560 قا، خادىمى 784 كە يەتتى، ھەمكارلىق تىجارەت تەشكىلاتى 1982 - يىلدىكى ئىككىدىن 1984 - يىلى 13 كە، 1985 - يىلى 17 گە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بىر مۇقىم يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى شەكىللەندى، تۈرلۈك تاۋارلاردىن نېمە دېسە شۇ بار بولدى، دائىم باشقا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ، يەككە سودىگەرلەر كۆچۈپ يۈرۈپ مال سېتىپ تۇرغاچقا، بازار ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا بويىچە سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 156 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكەن.

### لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە خۇسۇسىي تىجارەت (يەككە)، كوللېكتىپ پاي تىجارىتى سودىسىغا دائىر ئەھۋال

7 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | خۇسۇسىي تىجارەت (يەككە) | | | كوللېكتىپ پاي ھەمكارلىق تىجارىتى | | | يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە سانى | خادىمى | مەبلەغ (يۈەن) | مىقدارى (دانە) | خادىمى | مەبلەغ (يۈەن) | |
| 1950 | 11 | 12 | 2000 | | | | |
| 1951 | 34 | 39 | 5020 | | | | |
| 1952 | 45 | 53 | 8048 | | | | |
| 1953 | 51 | 62 | 9700 | | | | |
| 1956 | 5 | 6 | 4390 | 6 | 29 | 9046 | 2 |
| 1980 | 9 | 11 | | 6 | | | 5 |
| 1981 | 74 | 123 | | 2 | | | |
| 1982 | 90 | 141 | | 2 | | | |
| 1983 | 114 | 153 | 2 | | | | |
| 1984 | 313 | 470 | | 13 | | | |
| 1985 | 560 | 784 | | 17 | | | |

## § 3. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1952 - يىل 3 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958- يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئايلاندى. 1962 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973 - يىل 6 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يەنە بىر مەزگىل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1976 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1984 - يىلى نامى لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى دەپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يەنىلا چوڭ كوللېكتىپ خاراكتېرىدا بولۇپ كەلدى.

ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى، پاختا - چىگە شىركىتى، چاي - چارۋا شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسپىي شىركەت قۇرۇلدى، يېزىلاردىكى گۇڭشې (يېزا) دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايلاردا تارىم، دۆڭقوتان، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق» تىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، يېزا، كەنت (كەنت، تەبىئىي كەنت) لەردە تارماق سېتىش دۇكىنى ياكى سېتىۋېلىش - سېتىش گۇرۇپپىسى، كۆچمە گۇرۇپپا، ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش ۋە سېتىش دۇكىنى قۇرۇلدى.

### 2. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى — كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدە، ئۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدۇ. پايدىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇشتا ناھىيىلىك كوپېراتىپ بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. مۇدىرىيەت ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئاپپارات ھېسابلىنىدۇ، مۇدىرىيەتنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان مۇدىرىيەت ئەزالىرى ئىچىدىن سايلىنىدۇ.

1952 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1955 - يىل 2 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1957 - يىل 6 - ئايدا 2 - قېتىملىق كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، كوپېراتىپ نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى ماقۇللاندى، مۇدىرىيەت ئەزالىرى ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتى ئەزالىرى تولۇقلاندى، تەشكىلات نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ مەزگىلدە زور بىر تۈركۈم كوپېراتىپ ئەزالىرى قوبۇل قىلىندى، كۆپ مىقداردىكى پاي پۇلى يىغىلىپ، ئىككى قېتىم پاي پۇلى پايدىسى تەقسىم قىلىندى. تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ تاۋار ئوبوروت پىلانى، مالىيە پىلانى ۋە بۇ پىلانلارنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيىغا يازما دوكلات يوللاندى ھەمدە ئۇ قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ماددىي ئەشيا تەقسىماتى جەھەتتە، ئالدى بىلەن، كوپېراتىپ

ئەزالىرىغا ئېتىبار بەردى، بەزى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىدا كوپىراتىپ ئەزالىرىغا ئېتىبار بېرىلىپ، كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ كوپىراتىپقا كىرىش، پاي قوشۇش ئاكتىپلىقى قوزغالدى.

1958 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى قايتا ئېچىلمىدى، كوپىراتىپ نىزامنامىسى بىكار قىلىندى، كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي پۇلىغا قايتا پايدا تەقسىم قىلىنمىدى، مۇدىرىيەت ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشى، ئامما نازارەت قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى سودا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سودىغا ئايلاندى، رەھبىرىي كادىرلارنى سايلاش تۈزۈمى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سودىسىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋى بولۇش، باشقۇرۇش جەھەتتە دېموكراتىك بولۇش، تىجارەت جەھەتتە جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى قايتا مەۋجۇت بولمىدى.

1962 ـ يىلى تەمىنات سودا ـ كوپىراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گەرچە تەشكىلىي ئاپپارات جەھەتتە تەمىنات سودا كوپىراتىپىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان، كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلغان، كوپىراتىپ نىزامنامىسى تۈزۈلگەن، مۇدىرىيەت ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ھېسابات جەھەتتە يەنىلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ مالىيە تۈزۈمى قوللىنىلدى، پايدا دۆلەتكە تاپشۇرۇلدى، زىيان سوممىسى مالىيەدىن تولۇقلاندى؛ تەشكىلىي جەھەتتە كوپىراتىپ ئەزالىرى كۆپەيتىلمىدى، پاي پۇلى قوبۇل قىلىنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم كوپىراتىپ ئەزالىرى پاينى قايتۇرۇۋالدى، بارلىق پاي پۇلىغا پايدا ۋە ئۆسۈم ئايرىلمىدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدا تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەسلىدە پايغا قاتناشقان كوپىراتىپ ئەزالىرى ئېنىقلاندى ھەمدە كوپىراتىپقا يېڭىدىن ئەزا ۋە پاي قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. 1984 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمدىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىگە ئۆزگەردى.

## 3. ئىگىلىك باشقۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپ سىستېمىسىدا كەسپىي رەسمىيەت جەھەتتە «دىتلاپ سېتىش، ئاجرىتىلغان مالغا قاراپ باھا ھېسابلاش، ماددىي نەرسە بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. مالىيە ھېساباتىدىكى پايدا قىسمى جەھەتتە، 1958 ـ يىلدىن ئىلگىرى، تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى قالدۇق پايدا قىسمى كوپىراتىپ نىزامنامىسىدا بەلگىلەنگەن پايدا تەقسىملەش لايىھىسى بويىچە تەقسىملىنەتتى. 1955 ـ يىلى ناھىيىلىك كوپىراتىپنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى پايدا تەقسىملەش لايىھىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پايدا قىسمىدا پاي پۇلى %14 نى، جامائەت فوندى %60 نى، قۇرۇلۇش فوندى %10 نى، مائارىپ فوندى %10 نى، جامائەت پاراۋانلىقى مۇكاپات فوندى %6 نى ئىگىلىدى. 1959 ـ يىلدىن1980ـ يىلغىچە پايدا سوممىسىنى مالىيىگە تاپشۇرۇش، زىيان سوممىسىنى دۆلەت تولۇقلاپ بېرىش يولغا قويۇلدى. 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا %53نى، قالدۇرۇلغان پايدا %47نى ئىگىلىدى. 1984 ـ يىلى پايدا باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قايتا يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇلمىدى.

1955 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 1 ـ قېتىملىق كوپېراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئاچقاندا، بارلىق تۇراقسىز مەبلىغى 88 مىڭ 747 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ 6615 يۈەن، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي پۇلى 12 مىڭ 132 يۈەن، ئارىيەت ئېلىنغان پۇل 70 مىڭ يۈەن ئىدى. 1985 ـ يىلى تۇراقسىز مەبلىغى 2 مىليون 555 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پاي پۇلى 35 مىڭ يۈەن، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ 634 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 1 مىليون 886 مىڭ يۈەن.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 156 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 388 مىڭ يۈەنگە، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 516 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا ئومۇمىي سوممىسى 194 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا 1660 كۋادرات مېتىر تىجارەت بۆلۈمى، 8620 كۋادرات مېتىر ئامبار بار بولدى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مەبلەغ ئەھۋالى**

7 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | تۇراقلىق مەبلەغ | بارلىق تۇراقسىز مەبلەغ | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ | پاي پۇلى | ئارىيەت ئېلىنغان پۇل |
| 1955 | | 88747 | 6615 | 12132 | 70000 |
| 1970 | 180000 | 1459000 | 493000 | 24000 | 942000 |
| 1980 | 349000 | 1002000 | 512000 | 18000 | 472000 |
| 1985 | 1196000 | 2555000 | 634000 | 35000 | 1886000 |

**لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

7 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | سېتىش ئومۇمىي سوممىسى | سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھا پەرقى | تاۋار ئوبوروت خىراجىتى | پايدا ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 1087000 | 1779898 | 215768 | 116916 | 75234 |
| 1970 | 2096139 | 2840000 | 367000 | 215000 | 91000 |
| 1980 | 1980417 | 2278000 | 351000 | 209000 | 103000 |
| 1985 | 6156000 | 6388000 | 828000 | 516000 | 194000 |

## لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئەزالىرىنىڭ پاي قوشۇش ئەھۋالى

7 ـ قىسىم 7 ـ جەدۋەل

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | پاي قوشقان ئەزالار (ئادەم) | پاي قوشقان پۇل سوممىسى (يۈەن) | ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار: پاي قوشقان ئەزالار (ئادەم) | ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار: پاي قوشقان پۇل سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1952 | 300 | 2724 | | |
| 1955 | 1313 | 12132 | 1313 | 12132 |
| 1957 | 2112 | 13359 | 2112 | 13359 |
| 1980 | 1305 | 17121 | 1305 | 17121 |
| 1985 | 3982 | 35000 | 2982 | 28000 |

## لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ ئاساسلىق تاۋارلارنى سېتىش ئەھۋالى

7 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل

| مىقدارى / يىللار / تاۋار نامى | بىرلىكى | 1957 | 1965 | 1970 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پاختا رەخت | مېتر | 145423 | 122469 | 192157 | 134064 | 67107 |
| ئارىلاشما رەخت | مېتر | | | | 3690 | 16304 |
| خىمىيۋى تالالىق رەخت | مېتر | | | | 6189 | 8552 |
| يۇڭ توقۇلما | مېتر | | | 1792 | | 2631 |
| تاۋار ـ دۇردۇن | مېتر | | 18080 | 20204 | 17406 | 16293 |
| پاختا | دەن | 1872 | 619 | 461 | 177 | 440 |
| رېزىنكە ئاياغ كىيىم | جۈپ | 177 | | 7742 | 4412 | 7554 |
| خورۇم ئاياغ كىيىم | جۈپ | 54 | 7584 | 3310 | | 2875 |
| كالا، قوي گۆشى | كىلوگرام | | | 129356 | | 8040 |
| ئاش تۇزى | كىلوگرام | 2395 | | 19288 | 2000 | |
| چاي | كىلوگرام | 12579 | 5694 | 25453 | 13869 | 19841 |
| ھاراق | كىلوگرام | 3072 | 1950 | 3657 | 22760 | 21001 |
| شېكەر | كىلوگرام | 2164 | 7440 | 36561 | 31915 | 23358 |
| پاپىرۇس | بولاق | 9000 | 126 | 14233 | 6545 | 4960 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋېلسىپىت | دانە | | | 77 | 220 | 251 |
| كىيىم تىكىش ماشىنىسى | دانە | | | 119 | 108 | 130 |
| رادىئولۇق ئۈنئالغۇ | دانە | | | | | 83 |
| تېلېۋىزور | دانە | | | | | 114 |
| موخوركا | كىلوگرام | | | | 2144 | 1477 |
| سەرەڭگە | ساندۇق | 235 | 251 | 1142 | 488 | 31436 |
| نېفىت | كىلوگرام | 2634 | 19770 | 34726 | 8576 | 5306 |
| قەغەز | لىك | 136 | 2300 | 4205 | | |

لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى

7 - قىسىم 9 - جەدۋەل

| يىللار / مىقدارى / تاۋار تۈرى | بىرلىكى | 1957 | 1965 | 1970 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پاختا | دەن | 1803 | 1389 | 772 | 1770 | 14608 |
| لوپنۇر كەندىرى | دەن | 573 | 226 | 54 | 1242 | |
| چۈچۈك بۇيا | تونا | | | 789848 | 156062 | |
| قومۇش | تونا | 1800 | | 21 | 243 | |
| يەرلىك تۇز | تونا | 6987 | | | | 2115 |
| تاماكا | كىلوگرام | 19 | | 5038 | 1344 | 1456 |
| كېرەكسىز مىس | كىلوگرام | 6 | 690 | 238 | 362 | 2 |
| كېرەكسىز پولات - تۆمۈر | كىلوگرام | 105 | | 31974 | 7083 | 1776 |
| ئارىلاشما ئوستىخان | تونا | | 12000 | 19001 | 3351 | 420 |
| قوي | تۇياق | | | 9964 | 1020 | 13680 |
| قوي يۇڭى | تونا | 98 | | | | 139306 |
| چۆپۈر | تونا | | | | | 19228 |
| تىۋىت | كىلوگرام | | | | | 9831 |
| ئۈچەي | تال | | | | | 12313 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قوي تېرىسى | پارچە | | | | | 22012 |
| ئۆچكە تېرىسى | پارچە | | | | | 1246 |
| كالا تېرىسى | پارچە | | | | | 1537 |
| كالا | | | | | | 1321 |

## 4. ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تۆت ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تىكەنلىك (تارىم) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆڭقوتان تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 1956ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەھەر ئەتراپى (كېيىن شىڭپىڭغا ئۆزگەرتىلدى) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 1977ـ يىلى 2 ـ ئايدا «ئىتتىپاق» تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، «ئىتتىپاق» تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپلار ئاچقان ئۇنىۋېرسال دۇكانلارنى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئاچقان سودا سارىيى باشقۇردى.

ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار گۇڭشې (يېزا) لىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا دۇكان، ئامبار تەسىس قىلىندى، ھەرقايسى چوڭ ئەترەت (كەنت) لەردە تارماق سېتىش دۇكىنى، سېتىۋېلىش ـ سېتىش گۇرۇپپىسى، ۋەكالىتەن سېتىش دۇكىنى، كۆچمە گۇرۇپپا قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئوبوروت تورى شەكىللەندى.

ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى مەمۇرىي جەھەتتە ناھىيىلىك كوپېراتىپنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى، كەسپىي جەھەتتەناھىيىلىك كوپېراتىپنىڭ پىلانلىق رەھبەرلىكىدە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇپ تىجارەت قىلدى، مۇستەقىل ھېسابات قىلدى، پەقەت ناھىيىلىك كوپېراتىپقا تەڭشەش فوندى ۋە پاي پۇلىنىلا تاپشۇردى، پايدا تاپشۇرمىدى.

1985 ـ يىلى تۆت ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا جەمئىي 59 ئىشچى ـ خىزمەتچى، 21 تارماق سېتىش ماگىزىنى، يەتتە ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش ـ سېتىش دۇكىنى بار بولدى، ئۇلار 24 چوڭ ئەترەت (كەنت)، 108 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (تەبىئىي كەنت) دىكى 26 مىڭ 332 ئادەم ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. 1985 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىكى 59 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە سەككىز پارتىيە ئەزاسى، ئىككى ئىتتىپاق ئەزاسى، 41 رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى، 18 توختاملىق ئىشچى بار بولدى، كوپېراتىپنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 146 مىڭ يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلىغى 242 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 141 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 722 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا، پەقەت ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىنى مۇھىم مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

## 5. كەسپىي شىركەتلەر

لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قارمىقىدىكى كەسپىي شىركەتلەرتەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان مۇلازىمەت دائىرىسىگە ئىگە ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بولۇپ، ھەرقايسى شىركەتلەر كەسپىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇپ تىجارەت قىلىدۇ، مالىيە جەھەتتە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدۇ. ھەر يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا تاپشۇرىدىغان سېتىش سوممىسىنىڭ %1 لىك مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىدىن باشقا مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى شىركەت ئۆزى تەقسىم قىلىدۇ؛ مەمۇرىي، تەشكىلىي، كادىرلار ئىشلىرى جەھەتتە ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، كەسپىي جەھەتتە ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ھەرقايسى شىركەتلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مۇلازىمىتىدە ئۆزئارا ماسلاشتى، تىجارەت دائىرىسى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلمىدى.

1) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى    يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى بىرقەدەر كېيىنرەك قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن. 1965 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 108 مىڭ 500 يۈەن، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىڭ 100 يۈەن بولدى. 1966 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جىگىلبۆسى قۇرۇلدى. 1976 ـ يىلى ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە، 1984 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1970 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جىگىلبۆسىدا ئالتە ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر ئۈچ ئىدى، ئوبوروت مەبلىغى 11 مىڭ 900 يۈەن، ئۆزىدە بار بولغان ئوبوروتسىز مەبلىغى 29 مىڭ 500 يۈەن ئىدى. 1975 ـ يىلى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 305 مىڭ 900 يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 406 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى؛ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھا پەرقى سوممىسى 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى سوممىسى 15 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1984 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تىجارەت ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1985 ـ يىلى تىجارەت پايدىسى 10 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، يىللاردىن بۇيانقى زىيان تارتىش ھالىتى ئۆزگەردى.

1985 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ كۆلىمى 1867.02 كۋادرات مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئامبار 508 كۋادرات مېتىر، تىجارەت بۆلۈمى 236.7 كۋادرات مېتىر) غا، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى سەككىز (مەمۇرىي كادىر بەش) گە، ئوبوروت مەبلىغى 78 مىڭ 900 يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان ئوبوروتسىز مەبلىغى 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1965 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى 185 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 6330 كىلوگرام دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلەنگەنىدى. 1985 ـ يىلى خىمىيىۋى ئوغۇت 1022 تونىغا يەتتى، دېھقانچىلىق دورىسىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئېشىپ باردى، باشقا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشتى. 1985 ـ يىلى سېتىش ئومۇمىي

قىممىتى 973 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى**

7 ـ قىسىم 10 ـ جەدۋەل

| مىقدارى / يىللار / تاۋار تۈرى | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | 6 | 6 | 7 | 7 | 8 |
| تۇراقلىق مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | 1.19 | 6.11 | 6.78 | 7.89 |
| ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | 2.7 | 2.95 | 6.45 | 11.24 | 7.09 |
| بانكىدىن ئالغان قەرزپۇل (10 مىڭ يۈەن) | 5.5 | 5.37 | 7.28 | 0.52 | |
| سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | 10.85 | 12.21 | 30.59 | 44.64 | 83.33 |
| سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | 11.81 | 12.85 | 40.64 | 45.6 | 97.37 |
| سېتىۋېلىش سېتىش باھا پەرقى (10 مىڭ يۈەن) | 0.96 | 0.64 | 10.05 | 0.96 | 14.04 |
| تاۋار ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 0.99 | 1.09 | 1.54 | 1.55 | 2.71 |
| پايدا ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | -0.99 | -2.33 | -0.28 | 0 | 1.02 |

2) چاي ـ چارۋا شىركىتى     چاي ـ چارۋا شىركىتى، ئاساسلىقى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سىرتقا سېتىش ۋە چاي سېتىۋېلىش، چاي بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بىر تاشقى سودا تارمىقىدىن ئىبارەت.

1956 ـ يىل 3 ـ ئايدا كورلا چارۋا مەھسۇلاتلىرى تارماق شىركىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك سېتىۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى. 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدا سېتىۋېلىش ئورنى بىلەن ناھىيىلىك سودا تارماق شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارىدە تاشقى سودا تاۋارلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى سېتىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1960 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇ بۆلۈمچە تاشقى سودا جىڭخۇبۇسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى

تىجارىتى قىلىدىغان كەسپىي خادىم ۋە ئاپپاراتلار ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1966 - يىلى تاشقى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خادىمى ۋە ئاپپاراتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، تاشقى سودا جىڭلىبۇسى قۇرۇلدى. 1973 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، تاشقى سودا جىڭلىبۇسى پاختا - چىگە يەرلىك مەھسۇلات جىڭلىبۇسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1975- يىل 7 - ئايدا تاشقى سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىل 9 - ئايدا تاشقى سودا ئىدارىسى چاي - چارۋا شىركىتى دەپ ئاتالدى، ئۇ، كەسپىي جەھەتتە لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات- سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى قۇرۇلغاندا پەقەت يەتتىلا ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت ئورنى قىلدى. 1959- يىل10- ئايدا ئاندىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى پاختا زاۋۇتىنىڭ شىمالىدا ئومۇمىي كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى، ئامبار سالدى. 1960 - يىل 9 - ئايدا تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلغاندا ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 18 مىڭ 586 يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلىغى 14 مىڭ 650 يۈەنگە، سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 347 مىڭ 800 يۈەنگە، پايدا 965 يۈەنگە يەتتى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چاي - چارۋا شىركىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 15 كە، تۇراقلىق مەبلىغى 336 مىڭ 900 يۈەنگە، ئۆزىدە بار بولغان تۇراقسىز مەبلىغى 50 مىڭ يۈەنگە، سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 135 مىڭ 600 يۈەنگە، پايدا 60 مىڭ 201 يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ كۆلىمى 3162 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

لوپنۇر ناھىيىلىك تاشقى سودا تارمىقى ئۆز ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، 1958 - يىلى ئىپار چاشقان بېقىش كەسپىنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا دۆلەتنىڭ 28 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن 264 دانە سورتلۇق ئىپار چاشقان كىرگۈزۈلۈپ، دەريا ۋادىسى، كۆللەردە ئۇنىۋېرسال باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلدى. 1960 - يىلغا كەلگەندە جەمئىي 1063 دانە سورتلۇق ئىپار چاشقان كىرگۈزۈلدى. 1960 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىپار چاشقان تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ نەق مەيداندىكى تەكشۈرۈش مۆلچەرىگە قارىغاندا، لوپنۇردىكى ئىپار چاشقان 100 مىڭ دانىگە يەتكەن. 1962 - يىلدىن 1965 - يىل 10 - ئايغىچە سىناق تەرىقىسىدە جەمئىي 128 مىڭ 800 دانە ئىپار چاشقان تۇتۇلدى، سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى 266 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 1965 - يىل 10 - ئايدا ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى لوپنۇر ناھىيىسىدە مەملىكەتلىك ئىپار چاشقان بېقىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى لى جيېمىن خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى.

لوپنۇر ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە بولۇپ، مول چارۋا مەھسۇلاتلىرى بايلىقىغا ئىگە. ناھىيىلىك تاشقى سودا تارمىقى بۇ خىل بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چارۋامەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ سېتىۋالدى، سورتلار يىلدىن- يىلغا كۆپەيدى، سېتىۋېلىش مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. مەھسۇلات سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 1956 - يىلدىكى 229 مىڭ 576 يۈەندىن 1965 - يىلى 439 مىڭ 516 يۈەنگە يېتىپ، %91.4 ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاشقى سودا تىجارىتى ئېغىر دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى تاشقى سودىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى، تاشقى سودا بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ خىللىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، ئېكسپورت مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1980 - يىلى ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ خىلى ئونغا، سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 122 مىڭ 500 يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 889 مىڭ 600 يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 114 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. 1985- يىلى تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 759 مىڭ 500 يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 898 مىڭ يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا 60 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك چاي - چارۋا شىركىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىجارەت ئەھۋالى**

7 - قىسىم 11 - جەدۋەل

| مىقدارى / يىللار / تاۋار تۈرى | 1957 | 1965 | 1975 | 1980 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىشچى - خىزمەتچى سانى | 15 | 20 | 17 | 28 | 15 |
| ئوراقلىق مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | | 0.55 | 8.55 | 33.69 |
| ئوراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | | | 13.72 | 20.49 |
| ئۆزىدە بار بولغان ئوراقسىز مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | | 3 | 6 | 5 |
| بانكىدىن ئالغان قەرز پۇل (10 مىڭ يۈەن) | | | 1.74 | .2 | 7 |
| سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | | | 44.2 | 159.33 | 75.95 |
| سېتىش ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | | | 54.8 | 188.9 | 89.8 |
| سېتىۋېلىش - سېتىش سوما پەرقى (10 مىڭ يۈەن) | | | 10.6 | 29.57 | 13.85 |
| تاۋار ئوبوروت خىراجىتى (10 مىڭ يۈەن) | | | 4.39 | 17.18 | 7.3 |
| پايدا ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | | | 3.74 | 11.43 | 6.02 |
| سېتىۋېلىنغان قوي يۇڭى (تونا) | 111 | 167.9 | 110.7 | 181 | 135.6 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سېتىۋېلىنغان چۆپۆر (توننا) | 0.24 | 8.94 | 102.6 | 10.8 | 18.1 |
| سېتىۋېلىنغان ئۆچكە تىۋىتى (توننا) | 1.94 | 5.98 | 6.29 | 7.18 | 9.37 |
| سېتىۋېلىنغان ئېپار چاشقان تېرىسى (10 مىڭ پارچە) | | 4.86 | 0.46 | | |
| سېتىۋېلىنغان قوي تېرىسى (10 مىڭ پارچە) | 1.5 | 0.59 | 1.07 | 1.49 | 1.83 |
| سېتىۋېلىنغان ئۆچكە تېرىسى (10 مىڭ پارچە) | 0.2 | 0.22 | 1.02 | 1.13 | 1.15 |

3. پاختا - چىگە شىركىتى لوپنۇر ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى پاختا، لوپنۇر كەندىرىنى سېتىۋېلىش ۋە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەھسۇلاتىنى دۆلەت پىلانى بويىچە يۆتكەيدۇ.

1954 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە يىغىۋېلىش كەسپىنى يولغا قويدى. ئەينى چاغدا ناھىيە تەۋەسىدە چەتئەل كېۋەزىنىڭ يېڭى سورتلىرى كەلتۈرۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋېلىش بۆلۈمچىسىدىن مەخسۇس كەسپىي كادىر ئاجرىتىپ پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. 1956 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1957 - يىلى پاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇنى سېتىۋېلىش بۆلۈمچىسى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1958 - يىلى سودا ئىدارىسى پاختا كەسپىي تىجارەت بۆلۈمى — پاختا - يەرلىك مەھسۇلاتلار جىڭلىبۇسى تەسىس قىلدى. 1976 - يىلى پاختا - چىگە شىركىتى قۇرۇلدى، 1982 - يىلى پاختا - چىگە شىركىتى ناھىيە بازىرىدا پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى قۇردى.

1956 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئارىيەتكە ئېلىپ كېلىنگەن، ئات ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بىرلا چىگىت ئايرىش ماشىنىسى بار ئىدى، ئەينى چاغدا پاختىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىنىش مىقدارى 100 نەچچە دەنگىلا يېتەتتى. 1957 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا ئامبىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى قۇرۇپ، بىردانە 60 ياپراقلىق ھەرە چىشلىق پاختا چىقىرىش ماشىنىسى، ئىككى دانە قوش سىملىق تايلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئۈچ تېخنىك خادىمنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. شۇ يىلى سېتىۋېلىنغان پاختا 1803 دەنگە، لوپنۇر كەندىرى 573 دەنگە يەتتى.

1985 - يىلى سېتىۋېلىنغان پاختا 14 مىڭ 608 دەنگە، پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى 14 مىڭ 608 دەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 229 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدا 95 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پاختا - چىگە شىركىتى بازار - يېزىلارنىڭ پاختا بازىرىنى تۇتاشتۇرۇش، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاشقى سودىنى كېڭەيتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان پاختا سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

7 - قىسىم 12 - جەدۋەل

بىرلىكى: دەن

| يىللار | سېتىۋېلىش مىقدارى | يىللار | سېتىۋېلىش مىقدارى | يىللار | سېتىۋېلىش مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 134 | 1966 | 1586 | 1977 | 675 |
| 1955 | 198 | 1967 | 223 | 1978 | 1152 |
| 1956 | 700 | 1968 | 1785 | 1979 | 672 |
| 1957 | 1803 | 1969 | 690 | 1980 | 1770 |
| 1959 | 3157 | 1970 | 772 | 1981 | 3275 |
| 1961 | 197 | 1972 | 622 | 1983 | 6298 |
| 1962 | 560 | 1973 | 965 | 1984 | 12268 |
| 1963 | 677 | 1974 | 1134 | 1985 | 14608 |
| 1965 | 1448 | 1976 | 741 | | |

# II باب

# ئاشلىق - ياغ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ناھىيە بازىرىدا يەر بېجى ئۈچۈن يىغىلغان ئاشلىقنى ساقلايدىغان ئاشلىق ئامبىرى تەسىس قىلىنغانىدى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، دىنىي ساھەدىكى «زاكات» ئۈچۈن ئالغان ئاشلىقمۇ ناھىيە ئاشلىق ئامبىرىدا ساقلاندى، ئامباردىكى ئاشلىق، ئاساسلىقى، ھەربىيلەر ئوزۇق - تۈلۈكى، يۇقىرىغا يۆتكەش ئاشلىقى ھەم ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى (خىزمەتچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى كىنىشكىگە ئاساسەن نورمىلىق سېتىۋېلىنىدى) ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى ئاشلىق ئامبىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1951 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك سودا شىركىتى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە سېتىش ئورنى قۇردى. 1953 - يىل 3 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق بۆلۈمى قۇردى، ئۇ، ناھىيىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1956 - يىل 12 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1953 - يىل 8 - ئايدا دۆڭقوتان رايونىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى. 1954 - يىلى تىكەنلىك رايونىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ھەم ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 12 - ئايدا ئەسلىدىكى تىكەنلىك گۆڭشېسى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم 1- مەيدانى بىلەن ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تىكەنلىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ نامى تارىم گۆڭشېسى ئاشلىق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

# §1. غەللە - پاراق يىغىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاشلىق - باغ سېتىشتا خۇسۇسىي سودا ئاساس قىلىندى. ئاشلىق - باغ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1954 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق بۆلۈمى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋالدى، شۇ يىلقى يېڭى ئاشلىق بازارغا كىرگەندە ئېشىندى ئاشلىق ۋە ياغلىق داننى كۆپلەپ سېتىۋالدى، ئەسلىدە 1 مىليون 320 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانلانغانىدى، 1955 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئەمەلىيەتتە 3 مىليون 10 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى؛ 300 مىڭ جىڭ ياغلىق دان سېتىۋېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 342 مىڭ جىڭ سېتىۋېلىندى.

1955 - يىلى سېتىۋېلىش خىزمىتىدە «كۆپ بولسا كۆپ سېتىۋېلىش، ئاز بولسا ئاز سېتىۋېلىش، بولمىسا سېتىۋالماسلىق» سىياسىتى ئىجرا قىلىنىپ، 1954 - يىلدىكى ئېشىنچا ئاشلىق، ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇقلۇقنى ئايرىماستىن بىراقلا سېتىۋېلىشتەك ئۇسۇل تۈزىتىلدى. شۇ يىلى 1 مىليون 900 مىڭ جىڭ ئېشىنچا ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 409 مىڭ جىڭ سېتىۋېلىندى، بۇ پىلاننىڭ 74.18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىقنى تەقسىملەش دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئائىلىنى ئاساس قىلىش، گۇڭشېنى بىرلىك قىلىش، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق- كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» چارىسىنى يولغا قويدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى 13 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدا ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇزدىن ئىبارەت «ئۈچنى قالدۇرۇش» ئۆلچىمى بېكىتىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە، 1957 - يىلى بۇ خىزمەت باشلانغاندىن تارتىپ 1974 - يىلغىچە ئۇدا قالدۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ھېسابلاپ ئېشىنچا ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1975 - يىلدىن باشلاپ سېتىۋېلىنىدىغان تۈپ ساننى بېكىتىش، ئارتۇق سېتىۋېلىنغىنىغا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش چارىسى يولغا قويۇلدى، سېتىۋېلىنىدىغان تۈپ سان بەش يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى. لوپنۇر ناھىيىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 3 مىليون جىڭ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 2 مىليون 200 مىڭ جىڭ، قارائاشلىق 800 مىڭ جىڭ، بۇنىڭدىن باشقا ئارتۇق سېتىۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاشلىق 400 مىڭ جىڭ، ئومۇمىي سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى 3 مىليون 400 مىڭ جىڭ؛ ياغلىق دان سېتىۋېلىش تۈپ سانى 230 مىڭ جىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە چىگىت 100 مىڭ جىڭ. 1975- يىلى ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 13 مىليون 522 مىڭ 300 جىڭغا يەتتى، يېزىلاردىكى ئۈچنى قالدۇرۇش بويىچە قالدۇرۇلغىنى 11 مىليون 5900 جىڭ، ئېشىنچا ئاشلىق 2 مىليون 517 مىڭ 300 جىڭ، بېكىتىلگەن سېتىۋېلىش تۈپ سانىدىن كەم قالغىنى 1 مىليون 482 مىڭ 600 جىڭ، ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى 833 مىڭ 200 جىڭ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغىنى 2 مىليون 943 مىڭ 300 جىڭ، جەمئىي سېتىۋېلىنغىنى 3 مىليون 947 مىڭ جىڭ، تۈپ ساندىن ئاشۇرۇلغىنى 947 مىڭ جىڭ، ئاشۇرۇلغان ئېشىنچا ئاشلىق 1 مىليون 429 مىڭ 700 جىڭ؛ ئېلىنغان ئومۇمىي ياغلىق دان 8 مىليون 404 مىڭ 500 جىڭ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغىنى

37 مىڭ 400 جىڭ، جەمئىي سېتىۋېلىنغىنى 153 مىڭ 100 جىڭ بولۇپ، بېكىتىلگەن سېتىۋېلىش تۈپ سانىنىڭ پەقەت 66.5 پىرسەنتىلا ئورۇندالدى.

تۈپ سان چارىسى 1984 - يىلغىچە يولغا قويۇلدى. كېيىن ئۇ مۇقىم نىسبەت چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، يەنى 7 : 3 مۇقىم نىسبەت بويىچە 30 پىرسەنتى مۇقىم باھا بويىچە سېتىۋېلىندى، 70 پىرسەنتى باھا قوشۇپ سېتىۋېلىندى، باھا قوشۇش دەرىجىسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ 60 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. 1985 - يىلى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشتا توختام ئىچىدىكىسىگە يەنىلا 7 : 3 بويىچە باھا قوشۇلدى، توختام سىرتىدىكىسى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىندى، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش باھاسى باھا قوشۇش باھاسىدىن تەخمىنەن 10% ئەتراپىدا يۇقىرى - تۆۋەن قىلىنىپ بازارغا چىقىرىلدى، ئۇنى ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 25 مىليون 703 مىڭ 300 جىڭغا يەتتى، يېزىلاردا ئۈچنى قالدۇرۇش بويىچە 15 مىليون 364 مىڭ جىڭ ئاشلىق قالدۇرۇلدى، ئېشىنچا ئاشلىق 10 مىليون 339 مىڭ 200 جىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغىنى 4 مىليون 952 مىڭ جىڭ، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى 23 مىڭ 300 جىڭ، جەمئىي سېتىۋېلىنغىنى 4 مىليون 975 مىڭ 200 جىڭ بولدى.

**1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى 10 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەرگەن دېھقان ئائىلىسى**

بىرلىكى: جىڭ

7 - قىسىم 13 - جەدۋەل

| ئىسىم فامىلىسى | ئورنى | سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى |
|---|---|---|
| ساۋۇر مەڭلىك | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 45000 |
| مەھەممەت ئىبراھىم | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 29526 |
| ئەمەت ئىبراھىم | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 25500 |
| سىدىق مەخمۇت | شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | 22048 |
| روزى مەڭلىك | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 20031 |
| ئىلاخۇن ئايىم | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 20000 |
| ئابلىتىپ تۇردى | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | 20000 |
| قاسىم تايىر | شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | 20000 |
| جاۋجيابىن | شىڭپىڭ يېزىسى قارقۇم كەنتى | ·20000 |
| ۋۇچېڭشۇن | تارىم يېزىسى | 56000 |

**1949 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش (بىر تۇتاش) ئەھۋالى**

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

7 - قىسىم 14 - جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق | ياغلىقدان | يىللار | ئاشلىق | ياغلىقدان |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 16.70 | | 1968 | 308.72 | 2.93 |
| 1950 | 25.46 | | 1969 | 244.73 | 2.31 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 6.95 | 433 | 1970 | | 33.05 | 1951 |
| 5.78 | 417.70 | 1971 | | 67.62 | 1952 |
| 13.72 | 230.09 | 1972 | | 128.8 | 1953 |
| 5.11 | 202.20 | 1973 | 34.2 | 301 | 1954 |
| 4.12 | 294.21 | 1974 | 22.60 | 140.9 | 1955 |
| 15.31 | 394.7 | 1975 | 51.48 | 179 | 1956 |
| 2.78 | 365.8 | 1976 | 73.4 | 308.96 | 1957 |
| 2.06 | 273.35 | 1977 | 17.22 | 352.54 | 1958 |
| 2.04 | 329.06 | 1978 | 29.88 | 374.12 | 1959 |
| 3.46 | 339.62 | 1979 | 26.74 | 403.13 | 1960 |
| 2.38 | 400.87 | 1980 | 5.79 | | 1961 |
| 3.16 | 417.96 | 1981 | 10.32 | 204.2 | 1962 |
| 3.16 | 417.76 | 1982 | 6.95 | 150.45 | 1963 |
| 7 | 532 | 1983 | 7.03 | 156.05 | 1964 |
| 11 | 600 | 1984 | 15.15 | 414.67 | 1965 |
| 38.24 | 497.52 | 1985 | 51.35 | 625.26 | 1966 |
| | | | 5.11 | 351.18 | 1967 |

## § 2. ئاشلىق سېتىش

### 1. بازار ئاھالىسىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش

مىنگو دەۋرىدە، شەخسلەر ئاشلىق تىجارىتى قىلاتتى، ئاھالىلەر ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى ئاشلىق سودىگەرلىرىدىن ياكى تۈگمەندىن سېتىۋالاتتى. مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ياكى پىششىقلاپ ئىشلەش قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلىتىشى دائىم كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئەگەر ئاپەت بولۇپ قالسا تېخىمۇ قىيىنچىلىقتا قالاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاھالىلەر ئاشلىقنى يەنىلا بازاردىن سېتىۋالاتتى. 1953 - يىلى ناھىيە بازىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۈن - ياغ دۇكىنى تەسىس قىلىندى. 1957 - يىلدىن ئىلگىرى ئاشلىق يەنىلا پىلان بويىچە سېتىۋېلىنىپ، كەڭ تەمىنلەندى، لېكىن بازاردا ئېلىپ سېتىشقا يول قويۇلمىدى، چوقۇم ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالدى، مىقدارى چەكلەنمىدى. 1957 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ تەمىنلەش تىزگىنلىنىشكە باشلىدى، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، «ئادەمگە نورما بېكىتىش، ئائىلىگە كىنىشكا بېرىش، بازار - يېزا خەلقىنىڭ ھەممىسى نورمىلىق ئوزۇقلىنىش» چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق نورما ئۆلچىمى مۇنداق بېكىتىلدى: ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار («ئا» دەرىجىلىكلەرنىڭ 40 جىڭ،

«ب» دەرىجىلىكلەرنىڭ 35 جىڭ، «س» دەرىجىلىكلەرنىڭ 33 جىڭ)، يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار («ئا» دەرىجىلىكلەرنىڭ 35.5 جىڭ، «ب» دەرىجىلىكلەرنىڭ 33.5 جىڭ، «س» دەرىجىلىكلەرنىڭ 31.2 جىڭ) دەپ ئايرىدى، ئورگان، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەم باشقا ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 29 — 31 جىڭ بولدى، ئۆسمۈرلەر (بىر ياشتىن بەش ياشقىچە 9.1 جىڭ، ئالتە ياشتىن ئون ياشقىچە 17.93 جىڭ، 11 ياشتىن يۇقىرىلار 20 جىڭدىن 27 جىڭغىچە بولدى).

لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى

7 - قىسىم 15 - جەدۋەل

بىرلىكى: 100 جىڭ

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | جەمئىي | ئوزۇقلۇق ئاشلىق | يېمەك-ئىچمەك كەسپى | كەسپىي ئورۇن | يەم-بوغۇز | ئۇرۇقلۇق |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 20050 | 7786 | 1612 | 2485 | 2323 | 5844 |
| 1958 | 14513 | 7400 | | | 1213 | 5900 |
| 1959 | 20260 | 12472 | 1159 | 3226 | 2243 | 1160 |
| 1960 | 11885 | 5205 | 602 | 1568 | 590 | 3920 |
| 1962 | 12718 | 3211 | 510 | 1 | 133 | |
| 1965 | 25415 | 9868 | 869 | 370 | 1545 | |
| 1970 | 14767 | 13429 | 569 | | 769 | |
| 1975 | 20726 | 17337 | 1319 | | 2070 | |
| 1985 | 44773 | 42307 | 443 | 309 | 1714 | |

ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىدە، 1957 - يىلدىكى ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم تەڭشەش بولدى.

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بولغان قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، تەمىنلەش مىقدارى بىر ئاز تۆۋەنلىدى. 1962 - يىلى ھەربىر ئادەمگە ھەركۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەڭ يۇقىرى نورما بىر جىڭ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 0.62 جىڭ توغرا كەلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن يەنە ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.5 كىلوگرام نورما بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنىلا ئادەم بېشىغا نورما بېكىتىلىپ باھا ھېسابلاپ سېتىلدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق ئىدارىسى كېلىشىم باھادىكى ئۇن - ياغ دۇكانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۇن - ياغنى بازاردا كېلىشىم باھادا كەڭ ساتتى، مىقدارىغا چەكلىمە قويمىدى.

## 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1955 - يىلدىن باشلاپ «ئاشلىق كەم بولسا تەمىنلەش، كۆپ كەم بولسا كۆپ تەمىنلەش، ئاز كەم بولسا ئاز تەمىنلەش، كەم بولمىسا تەمىنلىمەسلىك» بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى نورمىلىق تەمىنلىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى

دېھقانلارغا كېرەكلىك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ «ئۆچنى قالدۇش» ئاشلىقى ئىچىدىن ھەل قىلىپ بېرىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى

7 - قىسىم 16 - جەدۋەل

بىرلىكى: 100جىڭ

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | ئۆزۈق - تۈلۈك | يېمەك - ئىچمەك كەسپى | كەسپ | يەم - بوغۇز | ئۇرۇقلۇق | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 2929 | 769 | 117 | 1033 | 5655 | 10503 |
| 1958 | 2185 | | | | 2989 | 5174 |
| 1959 | 5162 | 364 | 728 | 451 | 4987 | 11692 |
| 1960 | 1079 | 26 | 224 | 171 | 2590 | 4090 |
| 1962 | 10425 | | | | 2235 | 12660 |
| 1965 | 11732 | | | 1289 | 813 | 13834 |
| 1970 | 8500 | | | 89 | 438 | 9027 |
| 1975 | 17426 | | | 1512 | 2493 | 21431 |
| 1985 | 14932 | 443 | | 994 | 25 | 16394 |

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1975 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق - باغ سېتىش ئەھۋالى

7 - قىسىم 17 - جەدۋەل

بىرلىكى: 100 جىڭ

| يىللار | ئاشلىق | باغ | يىللار | ئاشلىق | باغ | يىللار | ئاشلىق | باغ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 140 | | 1963 | 20911 | 112 | 1975 | 67852 | 363 |
| 1952 | | | 1964 | 26160 | 83 | 1976 | 82370 | 429 |
| 1953 | 2981 | | 1965 | 26507 | 110 | 1977 | 93089 | 334 |
| 1954 | 16087 | | 1966 | 18048 | 185 | 1978 | 83600 | 204 |
| 1955 | 20257 | | 1967 | 30114 | 193 | 1979 | 76200 | 370 |
| 1956 | 28316 | | 1968 | 23200 | 183 | 1980 | 76146 | 890 |
| 1957 | 28398 | 791 | 1969 | 25326 | 196 | 1981 | 82700 | 800 |
| 1958 | 19311 | 475 | 1970 | 24136 | 156 | 1982 | 81000 | 900 |
| 1959 | 30792 | 386 | 1971 | 30102 | 261 | 1983 | 78200 | 2000 |
| 1960 | 19312 | 206 | 1972 | 50947 | 242 | 1984 | 81540 | 1450 |
| 1961 | 23835 | 93 | 1973 | 30634 | 264 | 1985 | 72588 | 761 |
| 1962 | 21523 | 92 | 1974 | 15726 | 145 | | | |

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە يۈتكەش ئەھۋالى

7 - قىسىم 18 - جەدۋەل

بىرلىكى: 100 جىڭ

| مىقدارى / تۈرى / يىللار | ئاشلىق سېتىۋېلىش | ئاشلىق سېتىش | ئاشلىق چىقىرىش | ئاشلىق كىرگۈزۈش |
|---|---|---|---|---|
| 1957 | 30896 | 28398 | 2792 | 2058 |
| 1958 | 35254 | 19311 | 9480 | 1736 |
| 1959 | 37412 | 30792 | 3414 | 1918 |
| 1960 | 40313 | 19312 | 3005 | 2913 |
| 1962 | 7042 | 21523 | | 12713 |
| 1965 | 416167 | 26507 | 1952 | 10037 |
| 1970 | 43300 | 24136 | 3540 | |
| 1975 | 39470 | 67852 | | 41500 |
| 1980 | 40087 | 76146 | 3725 | 55533 |
| 1985 | 49572 | 72588 | | 3802 |

## § 3. ئۇن - ياغ تارتىش

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۇن XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە، ئاساسلىقى، سۇ تۈگمىنى، ماتورلۇق تۈگمەن، يارغۇنچاقتا تارتىلاتتى؛ ياغ جۇۋازدا تارتىلاتتى. 1958 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 24 تاش سۇ تۈگمىنى بار بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى بازار ئاھالىسى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئۇنىنى تارتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1959 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاقسۇيى كەنتىدە بىر سۇ تۈگمىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ، ئالتە تاش تۈگمەن قۇراشتۇردى، بۇ تۈگمەن 1960 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۈنىگە 5000 جىڭ ئۇن تارتىلدى. 1961 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشقا كىرىشىپ، ئۇنى 1962 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈردى، تۆت تاش تۈگمەن قۇراشتۇرۇلۇپ، دىزېل ماتور بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، كۈنىگە 7000 جىڭ ئۇن تارتىلدى.

1963 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ، «125» تىپلىق پولات تۈگمەندىن ئىككىنى، «65» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن ئۈچنى، ئەلگەش ماشىنىسىدىن بىرنى، تاش تۈگمەن (ئاپتوماتىك ئۆگۈت يەتكۈزۈپ بېرىدىغان) دىن ئۈچنى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلۈك دىزېل ماتوردىن بىرنى قۇراشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن كۈنىگە قارا ئاشلىق ئۇنىدىن 12 مىڭ جىڭ تارتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئامما ئۆزلىرى تارتقان ئۇننى (85 لىك ئۇن) يەيدىغان بولدى.

1968 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ئاشلىق ئىدارىسى خەلق گوڭشىلىرىغا ھەمكارلىشىپ، كىچىك تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنى قۇردى، كىچىك پولات تۈگمەن تاش تۈگمەننىڭ ئورنىنى ئالدى، دىزېل ماتور سۇ كۈچى، ئۇلاغ كۈچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. «95» تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى جۇۋازنىڭ ئورنىنى ئالدى، بازار - يېزىلاردا ئۇن - ياغ تارتىشتا پۈتۈنلەي ماشىنىلىشىش ئەمەلگە ئېشىپ، كېپەكلىك ئۇن يېيىشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1975 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن - ياغ زاۋۇتى ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، «125» تىپلىق پولات تۈگمەندىن بەشنى، «65» تىپلىق پولات تۈگمەندىن ئۈچنى قۇراشتۇرۇپ، كۈنىگە 10 مىڭ جىڭ ئۇن، 8000 جىڭ قوناق ئۇنى تارتتى.

1985 - يىلى پۈتۈنلەي ئاپتوماتلاشقان (ئۈچ قەۋەتلىك) ئۇن زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## قوشۇمچە ۋەقەلەر

1) 1973 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇن - ياغ زاۋۇتىغا ئوت كېتىپ، 362 كۋادرات مېتىرلىق سېخ، 87.5 كۋادرات مېتىرلىق ماشىنا بۆلۈمى، «125» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، «65» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن ئۈچى، ئىلغاش ماشىنىسىدىن بىرى، ئۆگۈت ئاپتوماتىك يەتكۈزۈلىدىغان قۇرۇلمىسى بار ئۈچ تاش تۈگمەن، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلۈك دىزېل ماتوردىن بىرى كۆيۈپ كەتتى، زىيىنىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 44 مىڭ 523.94 يۈەنگە يەتتى؛ زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق 110 مىڭ جىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە تەييار مەھسۇلات 50 مىڭ جىڭ) غا، قىممىتى 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتكەن ماددىي ئەشيالارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 82 مىڭ 523.94 يۈەنگە يەتتى.

2) 1975 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «7 - ماي» گۇرۇپپىسىدىكى بىرنەچچە ئائىلىلىك بىر كونا دۇكاننى چېقىۋاتقاندا، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىنمىغانلىقتىن، تام ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قوغدىغۇچى توختى نىيازنى تام بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇندىن باشقا ئىككى ئادەم ئېغىر (بۇنىڭ ئىچىدە بىرى مېيىپ بولۇپ قالدى)، ئۈچ ئادەم يېنىك يارىلاندى.

3) 1977 - يىل 8 - ئايدا ئۇن - ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئىلھام مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، يەتكۈزۈش تاسمىسىغا يۆگىلىپ قېلىپ، ماشىنا ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى.

# سەككىزىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

# سەككىزىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

## I باب

## مالىيە، باج

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ناھىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان 50 يىل ئارىلىقىدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە مالىيە ماھىيەتتە «خەلقتىن ئېلىنىپ، ھۆكۈمەتكە سەرپ قىلىناتتى». فېئودال ئەمەلدارلار، مىللىتارىست تەپرىقىچى كۈچلەر ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئېرىشكەنلىرىنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىگە سەرپ قىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى، ئاساسەن، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقتىن كېلەتتى؛ مالىيە چىقىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىغا، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىناتتى، ئەمما، مائارىپ، سودا - سانائەت، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىنتايىن ئاز چىقىم قىلىناتتى. ناھىيە مىقياسىدىن ئالساق، مالىيە كىرىمى ئاساسەن مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدىغان بولغاچقا، كىرىم ھامان چىقىمدىن ئارتۇق بولاتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش، مائارىپ، سودا - سانائەت ئۈچۈن ئادەتتە، 9000 سەردىن ئارتۇق كۈمۈش چىقىم قىلىناتتى، ئەمما يەر بېجىدىن باشقا، سودا - سانائەت بېجى ۋە چارۋىچىلىق بېجىدىن ئادەتتە13مىڭ سەر ئەتراپىدا كۈمۈش كىرىم بولاتتى. مىنگونىڭ 33 -يىلى(1944 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە مەمۇرىي خىراجەت، مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن تەخمىنەن 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىندى (ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ خىراجىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، ئەمما مالىيىدە، يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان 1500 دادەن ئاشلىقتىن سىرت، تۇياق بېجى ئۈچۈن 3611 تۇياق قوي يىغىلدى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 18 مىليون 60 مىڭيۈەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا نەچچە 100 مىڭ يۈەن سودا-

سانائەت بېجىنى قوشقاندا ئومۇمىي كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىن كېيىن، پۇل ھەددىدىن ئارتۇق پاخاللىشىپ كەتكەنلىكتىن، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە ئىشلىتىش» تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مالىيە تەدرىجىي بارلىققا كەلدى ۋە مۇكەممەللەشتى، بۇ مالىيە تولۇق خەلقچىللىق ۋە قۇرۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن تاشقىرى، قالغان بىرنەچچە بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى چىقىمى ئادەتتە ئۇخشاش مەزگىلدىكى مالىيە چىقىمىنىڭ 30 ـ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 62.66% كە يەتتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مۇنداق ئەھۋال زادى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ناھىيە مىقياسىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرى خىراجىتى قاتارلىق چىقىملار كۆپەيگەنلىكتىن، ھەر بىر بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى چىقىم دائىم دېگۈدەك كىرىمدىن ئېشىپ كەتتى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە كىرىم چىقىمىنىڭ 69.6 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ 2 ـ بەش يىللىق پىلان (1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە كىرىم چىقىمىنىڭ 86.7 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە) دە كىرىم چىقىمىنىڭ 70 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ 3 ـ بەش يىللىق پىلان (1966 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە كىرىم چىقىمىنىڭ 78.5 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە) كىرىم چىقىمىنىڭ 34.45 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ 5 ـ بەش يىللىق پىلان (1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە كىرىم چىقىمىنىڭ 33.6 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ 6 ـ بەش يىللىق پىلان (1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە) مەزگىلىدە كىرىم چىقىمىنىڭ 25.4 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. ھەر بىر مەزگىلدە چىقىمنىڭ كىرىم قاپلىيالمىغان قىسمى، تامامەن دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىدىغان ئۆزلۈك مۇددەتلىك قوشۇمچە ياردىمى ۋە مەدەتى ئارقىلىق تولۇقلاندى.

## § 1. مالىيە كىرىمى

### 1. يەر بېجى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە يەر بېجى مو بېشىغا قاراپ ئېلىناتتى، يەنى 1 ـ دەرىجىلىك يەردىن ئۈچ شىڭ، 2 ـ دەرىجىلىك يەردىن ئىككى شىڭ، 3 ـ دەرىجىلىك يەردىن بىر شىڭ ئاشلىق ئېلىناتتى. ئېلىنغان بىر دانە غەللە ـ پاراق ئاشلىققا، خوراش قىسمى ئۈچۈن ئىككى كۈرە بەش شىڭ ئاشلىق، خوراش سېلىقى ئۈچۈن بىر مىسقال بەش پۇڭ كۈمۈش قوشۇپ ئېلىناتتى. بىر مو 1 ـ دەرىجىلىك يەردىن ئۈچ جىڭ، 2 ـ دەرىجىلىك يەردىن ئىككى جىڭ، 3 ـ دەرىجىلىك يەردىن بىر جىڭ ئوت ـ سامان ئېلىناتتى؛ ھەر 100 جىڭ ئوت ـ سامان سېلىقىغا يەنە 50 جىڭ ئوت ، سامان خوراش سېلىقى قوشۇپ ئېلىناتتى. 100 جىڭ ئوت ـ سامان سېلىقىغا باج ۋە خوراش قىسمى ئۈچۈن جەمئىي بەش مىسقال كۈمۈش ئېلىناتتى. غەللە ـ پاراق ئاشلىقنىڭ يەتتە ئۈلۈشىگە بۇغداي، ئۈچ ئۈلۈشىگە

كۆممىقوناق ئېلىناتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە لوپنۇردا يەر بېجى ئۈچۈن 318.39 دادەن پاراق ئاشلىق، بەشتىن ئىككى ئۈلۈش بويىچە 79.6 دادەن خوراش ئاشلىقى، بەشتىن بىر ئۈلۈش بويىچە 47.76 سەر خوراش كۆمۈشى ئېلىنغان. «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما» دا خاتىرىلىنىشىچە، مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) لوپنۇردا 37 مىڭ 242 جىڭ ئوت - سامان سېلىقى، 124.7 سەر ئوت - سامان كۆمۈشى ئېلىنغان. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 9 - ئايدا شيې‌بىڭ لوپنۇرغا كېلىپ، باج يىغىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916- يىلى) لوپنۇردىكى پىششىق يەر 20 مىڭ مو بولۇپ، 475 دادەندىن ئارتۇق غەللە - پاراق ۋە بەشتىن ئىككى ئۈلۈش بويىچە خوراش ئاشلىقى ئېلىنغان. ئەينى چاغدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر بېجى ئۆلچىمى، غەللە پاراق 380 دادەن، بەشتىن ئىككى ئۈلۈش بويىچە خوراش ئاشلىقى 85 دادەن، بەشتىن بىر ئۈلۈش بويىچە خوراش ھەققى 57 سەر كۆمۈش بولغان. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916 - يىلى) قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىنىغا كەنتى لوپنۇر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭ يەر بېجىنىمۇ لوپنۇر ناھىيىسى ئالغان. شىنىغا كەنتىنىڭ يىللىق تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى 61.61 دادەن، بەشتىن ئىككى ئۈلۈش بويىچە خوراش ئاشلىقى 15.4 دادەن، بەشتىن بىر ئۈلۈش بويىچە خوراش ھەققى 9.24 سەر كۆمۈش ئىدى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاساسەن، مىنگونىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە يالغۇزبېگىشىن، جىن شۇرېنلار يولغا قويغان يەر بېجى تۈزۈمى قوللىنىلىپ، ھەر مو يەردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراقنىڭ يەرنىڭ دەرىجىسى بويىچە بەلگىلەنگەن ئۆلچىمى ئۆزگەرتىلمەي، بەشتىن ئىككى ئۈلۈش بويىچە ئېلىنىدىغان خوراش ئاشلىقى بىلەن بەشتىن بىر ئۈلۈش بويىچە ئېلىنىدىغان خوراش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇ، ھەر بىر دادەن خوراش ئاشلىقى ئۈچۈن ئالتە ئۈلۈش رەسمىي غەللە- پاراق ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. بىر دادەن غەللە - پاراق ئاشلىق ئالغان يەردىن، 100 جىڭ ئوت- چۆپ سېلىقى ئېلىش ئۆلچىمىنىڭ يېرىمى كېمەيتىپ ئېلىندى. ئېلىنغان غەللە - پاراقنىڭ يەتتە ئۈلۈشىگە بۇغداي، ئۈچ ئۈلۈشىگە كۆممىقوناق ئېلىندى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935- يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە جەمئىي 809.33 دادەن يەر بېجى ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پىششىق يەردىن ئېلىنغان يەر بېجى 477.65 دادەن؛ جەمئىي غەللە - پاراق ئاشلىقى 298.53 دادەن، قوشۇپ ئېلىنغان خوراش ئاشلىقى 179.12 دادەن؛ بۇنىڭدىن باشقىسى بوز يەرلەردىن ئېلىنغان يەر بېجى ۋە ئالدىنقى يىلى قېلىپ قالغان قەرزدىن ئىبارەت. 23 مىڭ 882 جىڭ ئوت -چۆپ سېلىقى ئېلىندى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) شېڭ‌شىسەي يەر بېجىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر بىر مو 1 - دەرىجىلىك يەردىن بىر كۈرە (چارەك)، 2 - دەرىجىلىك يەردىن ئالتە شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەردىن تۆت شىڭ غەللە - پاراق ئالىدىغان، باشقا نەرسە قوشمايدىغان، ئوت - سامان ئالمايدىغان بولدى. شۇ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىن 1746 دادەن غەللە - پاراق ئېلىندى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شېڭ شىسەي تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «يەر بېجى نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا، ھەر بىر مو 1 - دەرىجىلىك يەردىن تۆت شىڭ، 2- دەرىجىلىك يەردىن ئۈچ شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەردىن ئىككى شىڭ غەللە - پاراق ئېلىش بەلگىلەندى. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەر بېجى

ھېسابلاشتا ھۆكۈمەت كۇرسى ئۆلچەم قىلىناتتى، بۇ قېتىم بازار كۇرسىغا ئۆزگەرتىلدى. بىر بازار كۇرسى ئۈچ ھۆكۈمەت كۇرسىغا تەڭ كېلەتتى، تۆت بازار شىڭى ھۆكۈمەت كۇرسى بويىچە بىر كۇرە ئىككى شىڭغا توغرا كېلەتتى، بۇنىڭ بىلەن يەر بېجى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 27 مىڭ 424 مو پىششىق يەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك يەر 3528 مو، 2 ـ دەرىجىلىك يەر 10 مىڭ 329 مو، 3 ـ دەرىجىلىك يەر 13 مىڭ 567 مو بولۇپ، 33. 722 دادەن غەللە ـ پاراق ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى. شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە 1500 دادەن يەر بېجى ئېلىندى. بوز يەرلەردىن ئېلىنىدىغان يەر بېجى غەللە ـ پاراقنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. بوز يەرلەردىن مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمى يەر بېجى ئۈچۈن يىغىۋېلىندى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يەنىلا شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن «يەر بېجى نىزامنامىسى» بويىچە يەر بېجى ئالدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىرىيىللىق يەر بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) يەر بېجىنىڭ يېرىمى كېمەيتىپ ئېلىندى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 355 دادەن يەر بېجى ئېلىندى.

## 2. دېھقانچىلىق بېجى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر بېجى دېھقانچىلىق بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دېھقانچىلىق بېجىنى ئومۇمىي سومما پروگرېسسىپلىك باج نىسبىتى بويىچە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، باج تۈزۈمى نىسبەتلىك باج تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1961 ـ يىلدىن كېيىن «بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» ياكى «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» تىن ئىبارەت باجنى ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

«شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1950 ـ يىللىق دېھقانچىلىق بېجىنى ئېلىش ۋاقىتلىق نىزامنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: دېھقانچىلىق بېجى ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ پروگرېسسىپىسى بويىچە ئېلىنىدۇ. دېھقانچىلىق كىرىمى يەردىن ئېلىنىدىغان نورمال يىللىق مەھسۇلات بۇغدايغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1950 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سوممىلىق پروگرېسسىپلىك باج نىسبىتى 40 دەرىجىگە بۆلۈندى. ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بويىچە ھەر بىر ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمى 151 جىڭدىن 190 جىڭغىچە بولۇپ، باج نىسبىتى %3 قىلىندى. ئوتتۇرىچە كىرىمى 150 جىڭدىن تۆۋەن بولغانلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى. ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بويىچە ئوتتۇرىچە كىرىمى 3411 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ باج نىسبىتى %42 قىلىندى؛ يەرلىك ئورۇنلار %15 قوشۇمچە باج ئالدى.

1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئەمەلىيەتتە 532.7 دادەن (287 مىڭ 922 جىڭ) دېھقانچىلىق بېجى ئېلىندى.

1951 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، دەرىجىسى، ھەر بىر دەرىجىنىڭ كىرىمى ۋە باج نىسبىتى قاتارلىقلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن

پروگرېسسىپلىق باج ئېلىش تۈزۈمى ئۆزگەرمىدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئەمەلىي ئېلىنغان دېھقانچىلىق بېجى 786 مىڭ 757 جىڭ (قوشۇمچىسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ) غا يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 1.73 ھەسسە كۆپەيدى.

1956 - يىلى يۇقىرى ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشكەندىن كېيىن نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭنىڭ 1956 - يىلى يۇقىرى ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدىن دېھقانچىلىق بېجىنى ھېسابلاپ ئېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كورلا ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى 9% تىن 10% كىچە بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ 1950 - يىللىق دېھقانچىلىق بېجى ئەھۋالى

8 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| باج دەرىجىسى | ئائىلە بويىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق دېھقانچىلىق كىرىمى (جىڭ) | باج نىسبىتى% | باج دەرىجىسى | ئائىلە بويىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق دېھقانچىلىق كىرىمى (جىڭ) | باج نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|---|
| | 150 جىڭدىن تۆۋەن | كەچۈرۈم قىلىندى | 21 | 1310 — 1231 | 23 |
| 1 | 190 — 151 | 3 | 22 | 1390 — 1311 | 24 |
| 2 | 230 — 191 | 4 | 23 | 1490 — 1391 | 25 |
| 3 | 270 — 231 | 5 | 24 | 1590 — 1491 | 26 |
| 4 | 310 — 271 | 6 | 25 | 1690 — 1591 | 27 |
| 5 | 350 — 311 | 7 | 26 | 1790 — 1691 | 28 |
| 6 | 390 — 351 | 8 | 27 | 1890 — 1791 | 29 |
| 7 | 430 — 391 | 9 | 28 | 1990 — 1891 | 30 |
| 8 | 470 — 431 | 10 | 29 | 2110 — 1991 | 31 |
| 9 | 510 — 471 | 11 | 30 | 2230 — 2111 | 32 |
| 10 | 550 — 511 | 12 | 31 | 2350 — 2231 | 33 |
| 11 | 610 — 551 | 13 | 32 | 2470 — 2351 | 34 |
| 12 | 670 — 611 | 14 | 33 | 2590 — 2471 | 35 |
| 13 | 730 — 671 | 15 | 34 | 2710 — 2591 | 36 |
| 14 | 790 — 731 | 16 | 35 | 2850 — 2711 | 37 |
| 15 | 850 — 791 | 17 | 36 | 2990 — 2851 | 38 |
| 16 | 910 — 581 | 18 | 37 | 3130 — 2991 | 39 |
| 17 | 990 — 911 | 19 | 38 | 3270 — 3131 | 40 |
| 18 | 1070 — 991 | 20 | 39 | 3410 — 3271 | 41 |
| 19 | 1150 — 1071 | 21 | 40 | 3411 دىن يۇقىرى | 42 |
| 20 | 1230 — 1151 | 22 | | | |

ناھىيىلەرنىڭ باج نىسبىتى ۋىلايەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا يوللاپ، تەستىقلىتىلىدۇ. يۇقىرى ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ باج نىسبىتىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ۋەزىيىتىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە سىلىقنى تەكشۈرۈشتۇرۇش پرىنسىپى

ئاساسىدا بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىرلىك قىلىنىپ، ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ، يەككە دېھقانلاردىن ئائىلە بىرلىك قىلىنىپ ئېلىنىدۇ.

1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 87 مىڭ 915 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، نورمال يىللىق مەھسۇلاتى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 8 مىليون 441 مىڭ 117 جىڭغا يېتىپ، 1 مىليون269 مىڭ 373 جىڭ باج ئېلىندى. باج نىسبىتى، يەنى ئەمەلىي ئېلىنغان باج نورمال يىللاردىكى مەھسۇلاتنىڭ 14.66 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى. 1960ـ يىلى 1 مىليون 706 مىڭ 475 جىڭ باج ـ پاراق ئېلىندى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ، تەڭشەلگەن دېھقانچىلىق بېجى ئاساسىدا «بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتى ئىجرا قىلىندى، شۇ يىلى 507 مىڭ 209 جىڭ باج ـ پاراق ئېلىندى.

1971 ـ يىلى دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش تۈزۈمى يەنە «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1970 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەر يىلى 750 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق بېجى ئېلىندى. 1975 ـ يىلدىن باشلاپ1985ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجى ئادەتتە 150 — 180 جىڭ ئەتراپىدا مۇقىم بولدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1951 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تاپشۇرغان دېھقانچىلىق بېجى**

8 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق (جىڭ) | سوممىسى (يۈەن) | يىللار | ئاشلىق (جىڭ) | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 622051 | 120055.84 | 1968 | 789639 | 100600 |
| 1952 | 508531 | 45737.28 | 1969 | 1039548 | 144021.76 |
| 1953 | 562134 | 52778.76 | 1970 | 770000 | 103950 |
| 1954 | 1156988 | | 1971 | 794305 | 107231.18 |
| 1955 | 786757 | | 1972 | 739000 | 99765 |
| 1956 | 1269373 | 92352 | 1973 | 753800 | 98000 |
| 1957 | 1198058 | 89880.85 | 1974 | 691111 | 93299.99 |
| 1958 | 1676768 | 125068.67 | 1975 | 1525800 | 212712 |
| 1959 | 1553703 | 123710.10 | 1976 | 1577000 | 212965 |
| 1960 | 1706475 | 136152.78 | 1978 | 1766534 | 238487 |
| 1961 | 1590592 | 126950.16 | 1979 | 1745624 | 286282.33 |
| 1962 | 507209 | 61870 | 1980 | 1757792 | 288263.15 |
| 1963 | 572556 | 69851.83 | 1981 | 1757792 | 288263.15 |
| 1964 | 733619 | 87469.92 | 1982 | 1758900 | 288730.69 |
| 1965 | 748970 | 87085 | 1983 | 1804582 | 260422.89 |
| 1966 | 830464 | 96500 | 1984 | 1772813 | 290741.33 |
| 1967 | 707221 | 90100 | 1985 | 1735630 | 277626 |

## 3. چارۋىچىلىق بېجى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چارۋا بېجى ئېلىناتتى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «چارۋا باھاسىنىڭ ھەر بىر سەرىدىن ئۈچ پۇڭ كۈمۈش ھېسابىدا چارۋا بېجى ئېلىناتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋىلار سېتىلسىمۇ، سېتىلمىسىمۇ باج

قويۇلاتتى. بۇنداق سېتىلمىغان چارۋىلارغا باج قويۇش، كېيىن بىرخىل باج ئېلىش شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ياڭ زېڭشىن: «ھۆكۈمەت قويلارغا ئالىدىغان باج ئەسلىدە ئوتلاق بېجى دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە چارۋا بېجى دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) قوي بېجى ئېلىش چارىسى تارقىتىلىپ، ھەر بىر قويغا بىر يىلدا ئىككى پۇڭ كۈمۈش باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) يەنە كالا، ئات، تۆگە بېجى ئېلىش نىزامنامىسى تارقىتىلىپ، بىر تۆگىگە بىر يىلدا ئىككى مىسقال كۈمۈش، بىر ئاتقا بىر يىلدا بىر مىسقال بەش پۇڭ كۈمۈش، بىر كالىغا بىر يىلدا بىر مىسقال ئىككى پۇڭ باج ئېلىش بەلگىلەندى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە پەقەت قوي بېجىلا ئېلىندى، كالا، ئات، تۆگە بېجى ئېلىنمىدى.

مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە 3045 سەر كۈمۈش قوي بېجى ئېلىندى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە چارۋىچىلىق بېجى رەتكە سېلىنىپ، چوڭ ۋە ئۇششاق چارۋىلارنىڭ ھەممىسىدىنلا ئوخشاش %3 بويىچە باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) دىن باشلاپ، چوڭ چارۋا (كالا، ئات، تۆگە، ئېشەك، قېچىر) لاردىن %3 بويىچە باج ئېلىندى، ئۇششاق چارۋىلار (قوي، ئۆچكە) دىن %5 بويىچە باج ئېلىنىدىغان بولدى. ياش چارۋىلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىندى. چارۋا بېجى ئۈچۈن ماددىي نەرسە ئېلىش ئاساس قىلىندى، زۆرۈر بولغاندا پۇلغا سۇندۇرۇپ ئېلىندى. باج ئېلىشقا تېگىشلىك چارۋىلارنىڭ باھاسى، شۇ جاينىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي باھاسىغا ئاساسەن بېكىتىلدى. چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىدىغان مەزگىلدە، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتلاقلاردا بېقىلغانلىكى چارۋىلاردىن ئۆز ناھىيىسىنىڭ ۋە باشقا ناھىيىلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى باج ئىشلىرى ئورگانلىرى چارۋا بېجى ئالدى.

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) قاراشەھەر يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇگۇاڭخەن شۇ يىلى ناھىيە بويىچە چارۋا بېجى ئۈچۈن 4500 دىن كۆپ قوي ئېلىنغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن 3559 قوي، 52 ئۆچكە، جەمئىي 3611 مال ئېلىندى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە كۆپلىگەن چارۋا توڭلاپ ئۆلدى، شى ياۋجۇنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، جەمئىي 25 مىڭ 788 تۇياق چوڭ ۋە ئۇششاق چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدىن مىنگونىڭ 34 ـ يىللىق (1945 ـ يىللىق) چارۋىچىلىق بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەستىقلانمىغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) چارۋىچىلىق بېجىغا ئىككى ئات، 3 مىليون 903 مىڭ 550 يۈەن پۇل ئېلىندى.

گومىنداڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، دەسلەپتە چارۋىچىلىق بېجى شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن نىزام بويىچە ئېلىندى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) چارۋىچىلىق بېجى بىر يىل كەچۈرۈم قىلىندى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) چوڭ چارۋىلاردىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى %3 تىن %1.5 كە، ئۇششاق چارۋىلاردىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى %5 تىن %2.5 كېمەيتىلدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئېلىشقا تېگىشلىك چارۋىچىلىق بېجى 6000 تەڭگىدىن ئاشتى، 1567 قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق بېجى يولغا قويۇلدى، دەسلەپتە ئومۇمىي سومىلىق پروگرېسسىپلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1958 - يىلدىن كېيىن، ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي تۈرلەرگە ئوخشىمايدىغان نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1962 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە چارۋىچىلىق بېجى ئۇزاق مەزگىل ئۆزگەرمەي مۇقىم بولدى. 1985 - يىلدىن كېيىن بىر بىكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

1950 - يىلى چارۋىچىلىق بېجى ئومۇمىي سومىلىق پروگرېسسىپلىك باج دەرىجىسى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدىغان بولدى. چوڭ چارۋا بەش دەرىجىگە ئايرىلدى، ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بويىچە، ئىككىدىن ئارتۇق چوڭ چارۋا بېقىلغان بولسا، 20 تۇياقتا يەتمىسە، باج نىسبىتى %1؛ ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بويىچە، 200 دىن ئارتۇق چارۋا بېقىلغان بولسا، باج نىسبىتى %5 قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇششاق چارۋا سەككىز دەرىجىگە ئايرىلدى، ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بويىچە، بېقىلغان چارۋا ئوندىن يۇقىرى، ئەللىككە يەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ باج نىسبىتى %1؛ ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بويىچە بېقىلغان چارۋا 5000 دىن ئارتۇق بولسا، ئۇنىڭ باج نىسبىتى %8 بولدى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن 2380 قوي، 204 ئۆچكە، 55 كالا، توققۇز ئات ئېلىندى. بۇ، 2802 قويغا سۇندۇرۇلدى.

1954 - يىلى چارۋىچىلىق بېجىنىڭ نىسبىتىدە خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ «1954 - يىللىق چارۋىچىلىق بېجى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: خۇسۇسىي چارۋىنىڭ پروگرېسسىپلىك باج نىسبىتى سەككىز دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بويىچە، بىردىن 50 كىچە چارۋىنىڭ باج نىسبىتى %1؛ ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بويىچە 2000 دىن ئارتۇق چارۋىنىڭ باج نىسبىتى %8 بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ چارۋىسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باج نىسبىتى %1؛ چارۋىچىلىق (دېھقانچىلىق) ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ چارۋىلىرىنىڭ باج نىسبىتى %1.5 بولىدۇ. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجىنىڭ سوممىسى 74 مىڭ 569 يۈەنگە يەتتى، بۇ، 2729 قويغا سۇندۇرۇلدى.

1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «1958 - يىللىق چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىش خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تا: «چارۋىچىلىقنىڭ سېلىق نىسبىتى يېزا ئىگىلىكى، سودا - سانائەت كەسىپلىرىنىڭ سېلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، بەكلا تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا چارۋىچىلىق بېجىنىڭ باج نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1958 - يىلى كورلا ۋىلايىتىدە ئوخشىمايدىغان ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە باج نىسبىتى يەككە چارۋىچىلارنىڭ %2.52، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ %2.7، خەلق گۇڭشېسىنىڭ %2.41، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ %1.24 بولدى.

1958 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن 6481 قوي ئېلىندى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 111 مىڭ 306 يۈەن بولىدۇ. بۇنى 1954 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قوي 1.37 ھەسسە، پۇلى %49.27 كۆپەيدى. 1959 - يىلى چارۋىچىلىق بېجى ئۈچۈن 7622 قوي ئېلىندى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 128 مىڭ 797 يۈەن بولىدۇ، بۇنى 1958 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قوي %17.6، پۇلى %15.7 كۆپەيدى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1964ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجى 4000 تۇياق قوي ئۆپچۆرىسىدە بولدى.

1980 ـ يىلى چارۋىچىلىق بېجى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان چارۋا سانىغا قاراپ ئېلىنغان مال ـ مۈلۈك بېجى چارۋىچىلىق كىرىمىگە قاراپ ئېلىنىدىغان پايدا بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. باجغا ئېلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى جەھەتتە، ئىلگىرى ماددىي نەرسە ئالىدىغان ئۇسۇل پۇل ۋە ماددىي نەرسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. يېڭى چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىشتا يەنىلا بىر بېكىتىپ، بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى، كىرىم كۆپەيسىمۇ، باج كۆپەيتىلمىدى.

1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق بېجى 2200 قوي ئەتراپىدا مۇقىم تۇردى. 1985 ـ يىلى 2337 قوي باج ئېلىنىپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 51.5% تۆۋەنلىدى. بۇ، چارۋىچىلىق بېجى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1960 ـ يىلدىكى 8692 تۇياق قويدىن 6355 تۇياق ئازايدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئېلىنغان چارۋىچىلىق بېجى**

8 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | تۇياق (قوي) | سوممىسى (يۈەن) | يىللار | تۇياق (قوي) | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 4538 | 47637.90 | 1969 | 5112 | 77600 |
| 1953 | 6263 | 78298 | 1970 | 5223 | 79284 |
| 1954 | 2729 | 74569 | 1971 | 4217 | 64013 |
| 1955 | 4442 | 96384.56 | 1972 | 4394 | 71250 |
| 1956 | 4706 | 71450.39 | 1973 | 4480 | 68000 |
| 1957 | 4875 | 75806.25 | 1974 | 3833 | 64117.67 |
| 1958 | 6481 | 111306.62 | 1975 | 3928 | 65685.29 |
| 1959 | 7622 | 128979.03 | 1976 | 4017 | 67284.75 |
| 1960 | 8692 | 145124.04 | 1977 | 4013 | 67108.81 |
| 1961 | 7411 | 119302.12 | 1978 | 3976 | 66630.39 |
| 1962 | 5221 | 79259 | 1979 | 4112 | 68876 |
| 1963 | 3607 | 54753 | 1980 | 4156 | 69405.20 |
| 1964 | 4104 | 62300.81 | 1981 | 2246 | 33692 |
| 1965 | 4793 | 72758 | 1982 | 2168 | 32516 |
| 1966 | 5000 | 75900 | 1983 | 2168 | 32516 |
| 1967 | 5000 | 75900 | 1984 | 2168 | 32516 |
| 1968 | 5000 | 75900 | 1985 | 2337 | 35058 |

## 4. سودا ـ سانائەت بېجى

1) مىنگو دەۋرىدىكى سودا ـ سانائەت بېجى    مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇردا سودا ـ سانائەت بېجى ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئېلىنىدى، ئۇ چاغدا، سەككىز خىل باج يولغا قويۇلغانىدى.

چارۋا بېجى    چارۋا سودىسىدا 4% نىسبەتتە ساتقۇچىدىن باج ئېلىنىدى.

**يەر خېتى بېجى** ئاۋۋال يەر خېتىنى ساتقۇچىدىن 9%، رەنىگە قويغۇچىدىن 6% باج ئېلىنغانىدى. مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) دىن كېيىن، ساتقۇچىدىن 6%، رەنىگە قويغۇچىدىن 3% باج ئېلىنىدىغان بولدى.

**ياغ بېجى** ھەر يۈز جىڭ ياغ ئۈچۈن ئىككى مىسقال ئىككى پۇڭ كۈمۈش باج ئېلىنىدى.

**تۆگمەن بېجى** ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، بىر تاش تۆگمەندىن كۈمۈش باج ئېلىنىدى، 1 ـ دەرىجىلىك تۆگمەندىن بىرسەر بەش مىسقال، 2 ـ دەرىجىلىك تۆگمەندىن بىر سەر، 3 ـ دەرىجىلىك تۆگمەندىن بەش مىسقال كۈمۈش باج ئېلىنىدى.

**جۇۋاز بېجى** بىر جۇۋازدىن ئىككى سەر تۆت مىسقال كۈمۈش ئېلىنىدى.

**تۇز بېجى** يەر بېجىغا چېتىپ، بىر دادەن غەللە ـ پاراقىا تۆت مىسقال كۈمۈش تۇز بېجى قوشۇپ ئېلىنىدى.

**كۆرە ـ تارازا سېلىقى** بازاردا سېتىلغان ئاشلىقتىن 3% باج ئېلىنىدى.

**بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج** مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى) ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «شىنجاڭنىڭ بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باجغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش نىزامنامىسى» نى تۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى ئومۇمىي سېلىق بىلەن «ئىككىدە بەش» سودا سېلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج قىلىپ بەلگىلىدى. بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج باھانى ئاساس قىلىدىغان باج بولماستىن، بەلكى باج ئېلىنىدىغان تاۋارنىڭ ئېغىرلىقى، سانى، ئۇزۇنلۇقى قاتارلىقلارنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇقىم باج سوممىسى بويىچە ئېلىنىدىغان، مىقدارنى ئاساس قىلىدىغان بىرخىل باجدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىردەن (240 جىڭ) تېرىدىن باج ئالغاندا، 1 ـ دەرىجىلىك (قۇندۇز، سۇغۇر) تېرىگە 100 سەر، 2 ـ دەرىجىلىك (تۈلكە تېرىسى، ئەتىيازلىق كالا تېرىسى، قىشلىق قوي تېرىسى قاتارلىقلار) تېرىگە 26.7 سەر، 3 ـ دەرىجىلىك (بۆرە، بۇغا، ئىت تېرىلىرى، كۆرپە، كالا پاتىقى قاتارلىقلار) تېرىگە 8.6 سەر، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك (ئات، كالا، ئېشەك تېرىسى، قېرى قوي تېرىسى قاتارلىقلار) تېرىگە 3.44 سەر باج ئېلىنىدى.

يۇقىرىقى باجلار ئۈچۈن ھەر يىلى تەخمىنەن 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەك يىغىلغىنى بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج بىلەن چارۋا بېجى بولۇپ، بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج تەخمىنەن 6000 سەر ئەتراپىدا، چارۋا بېجى 3000 سەردىن كۆپرەك، تۇز بېجى 152 سەر، قالغانلىرى ناھايىتى ئاز يىغىلدى.

مىنگونىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، يەنى شېڭشىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە، سودا ـ سانائەت بېجى مۇنۇ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىنىدى: 1 ـ باسقۇچتا ئاساسەن ئىستېمال بېجى (باج نىسبىتى 5%)، چارۋا بېجى (باج نىسبىتى 4%)، كۆرە ـ تارازا بېجى (باج نىسبىتى 3%)، قان بېجى (باج نىسبىتى 4%)، يەر خېتى بېجى (ساتقۇچىدىن 9%، رەنىگە قويغۇچىدىن 6%) قاتارلىقلار ئېلىنىدى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە 816 مىڭ657 سەر ئىستېمال بېجى، 99 مىڭ 486 سەر چارۋا بېجى، 12 مىڭ 675 سەر كۆرە ـ تارازا بېجى، 12 مىڭ سەر قان بېجى، 56 مىڭ 750 سەر جەرىمانە، جەمئىي 997 مىڭ 568 سەر باج يىغىلدى. 2 ـ باسقۇچتا، شېڭ شىسەي باجنىڭ تۈرى ۋە نىسبىتىنى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. ئەينى چاغدا لوپنۇردا مۇنداق باج تۈرلىرى يولغا قويۇلغانىدى: 1) ئاشلىق بازىرى بېجى، باج نىسبىتى 2.5%) ئۆي سېلىقى، سارايلارنى ئىجارىگە بېرىش بېجى، باج نىسبىتى 20%؛ ئولتۇراق ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىش بېجى، باج

نىسبىتى 10%؛ ئۆزى ئىشلەتكەن ئۆيلەردىن دەرىجە بويىچە باج ئېلىنىدى. 3) چارۋا بېجى، باج نىسبىتى 4.4%. 4) ماركا بېجى، مال تارقىتىش تالونى، تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى، دەپتەر ھۆججىتى، كادىرلار ئىشى ئىسپاتى شۇنىڭدەك ئالاھىدە بۇيۇملارغا ماركا چاپلىناتتى. مەسىلەن: بىر يۈەندىن ئون يۈەنگىچە قىممەتتىكى مال تارقىتىش تالونىغا ئىككى پۇڭلۇق، ئون يۈەندىن 50 يۈەنگىچە بولسا ئالتە پۇڭلۇق، 50 يۈەندىن يۇقىرى بولسا بىر مو ئىككى پۇڭلۇق ماركا چاپلاندى. 5) تىجارەت كىنىشكىسى بېجى، پەسىل بويىچە 2% باج ئېلىنىدى. 6) تىجارەت بېجى، تىجارەت كىرىمى ئۆلچەم قىلىنىپ، باج نىسبىتى 3%، تىجارەت دەسمايىسى سوممىسى ئۆلچەم قىلىنىپ، باج نىسبىتى 6% بويىچە باج ئېلىنىدۇ. 7) نومۇر تاختىسىنى ئىشلىتىش بېجى، ئۇلاغ ھارۋىلىرىدىن بەلگىلەنگەن نورما بويىچە نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىنىدى. 8) پوسۇلكا بېجى، باج نىسبىتى 5%. 9) قان بېجى، مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قان بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) «قان بېجى نىزامنامىسى» تارقىتىلىپ، باج نىسبىتى 2% قىلىپ بەلگىلەندى، كېيىن 6% كە ئۆستۈرۈلدى. 10) ئورمان بېجى، خۇسۇسىي ئورمانلاردىن 5%، ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى ئورمانلاردىن 50% باج ئېلىنىدى. 11) يەر خېتى بېجى، ساتقۇچىدىن 15%، رەنىگە قويغۇچىدىن 10% باج ئېلىنىدى. 12) زىياپەت سېلىقى، باج نىسبىتى 20%.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) شېڭ شىسەي ئالدىنقى يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باج سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە 62 مىڭ 711.40 يۈەن ئاشلىق بازىرى بېجى، 6300.30 يۈەن ئۆي سېلىقى، 253 مىڭ 859.70 يۈەن چارۋىچىلىق بېجى، 700 يۈەن ئورمان بېجى، 38 مىڭ 447.06 يۈەن ماركا بېجى، 12 مىڭ 424.32 يۈەن تىجارەت كىنىشكىسى بېجى، 1359 يۈەن نومۇر تاختىسى بېجى، 235 مىڭ 91.21 يۈەن تىجارەت بېجى، 19 مىڭ 506.40 يۈەن قان بېجى، 1245 يۈەن زىياپەت سېلىقى، 980 يۈەن تۇز بېجى، 25 مىڭ 592.88 يۈەن جەرىمانە پۇلى، جەمئىي 658 مىڭ 217.27 يۈەن باج يىغىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەر خېتى بېجىدىن 11 مىڭ 695 يۈەن كىرىم قىلىنىدى.

مىنگونىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، يەنى گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، سودا - سانائەت بېجىنىڭ باج تۈرى، باج نىسبىتى شېڭ شىسەينىڭ باج سىياسىتى ئاساسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەلدى. 1) يەر خېتى بېجى، يەر باھاسى بېجى، ئۆي سېلىقى، زىياپەت سېلىقى، ماركا بېجى، نومۇر تاختىسىنى ئىشلىتىش بېجىدىن ئىبارەت باج تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باج نىسبىتى ئۆزگەرمىدى. 2) باج تۈرى، باج نىسبىتى تەڭشەلگەنلەردىن، تىجارەت بېجىنىڭ تىجارەت كىرىمىنى ئۆلچەم قىلىدىغانلارنىڭ باج نىسبىتى 1.5% كە، تىجارەت دەسمايىسى سوممىسىنى ئۆلچەم قىلىدىغانلارنىڭ باج نىسبىتى 3% كە كېمەيتىلدى؛ تىجارەت كىنىشكىسى بېجىنىڭ باج نىسبىتى 5% كە؛ چارۋا بېجىنىڭ 2%كە؛ قان بېجىنىڭ نىسبىتى 5%كە كېمەيتىلدى؛ ئورمان بېجىدىن، خۇسۇسىي ئورماننىڭ باج نىسبىتى 12% كە، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورماننىڭ باج نىسبىتى 80% كە؛ ھاراق، تاماكا ئالاھىدە بېجىدىن تاماكا بېجى 80% كە، ھاراق بېجى 60% كە كۆپەيتىلدى. 3) مىراس بېجى، ئاشلىق بازىرى بېجى، پوسۇلكا بېجى، كۆڭۈل ئېچىش سېلىقى قاتارلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (9 - ئايدىكى سان كەم)

ناھىيە بويىچە 5 مىليارد 67 مىليون 740 مىڭ 39 يۈەن سودا - سانائەت بېجى ئېلىنىدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 1 - ئايدا 3 مىليارد 231 مىليون 293 مىڭ يۈەن سودا - سانائەت بېجى يىغىلىپ، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 1 - ئايدا يىغىلغان 127 مىڭ 830 يۈەندىن 25 مىڭ 277 ھەسسە كۆپەيدى. ئەمما مۇنداق كۆپىيىش پۇل پاخاللىقنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، باجنىڭ كۆپىيىشى بىر خىل ساختا كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 2 - پەسىلدە تەڭگە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە 78.24 يۈەن تىجارەت كىنىشكىسى بېجى، 164 يۈەن تىجارەت بېجى، 74.65 يۈەن چارۋا بېجى، 2.32 يۈەن قان بېجى، 0.01 يۈەن نومۇر تاختىسىنى ئىشلىتىش بېجى، 0.02 يۈەن ماركا بېجى، 0.01 يۈەن يەر خېتى بېجى، 8.45 يۈەن باشقا باج، 0.60 يۈەن جەرىمانە بولۇپ، جەمئىي 328.3 يۈەن باج يىغىلدى.

**2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سودا - سانائەت بېجى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 - يىلغىچە سودا - سانائەت بېجى يىغىشتا ئۈچ باسقۇچ بېسىپ ئۆتتى: 1 - باسقۇچ، 1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بىرلىكمە باج تۈزۈمى مەزگىلى بولدى؛ 2 - باسقۇچ، 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ھەم قوشۇۋېتىش مەزگىلى بولدى؛ 3 - باسقۇچ، 1984 - يىلدىن كېيىن باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى.

**(1) بىرلىكمە باج تۈزۈمى مەزگىلى** 1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان مەزگىل بىرلىكمە باج تۈزۈمى مەزگىلى بولۇپ، ئاساسلىق باج تۈرلىرى مال بېجى، تاۋار ئوبوروت بېجى ۋە سودا - سانائەت بېجى ئىچىدىكى تىجارەت بېجىدىن ئىبارەت بولدى.

**مال بېجى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مال بېجىنىڭ 1136 خىل تۈرى بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي 358 خىلغا تەڭشەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن 36 خىل 174 تۈرگە ئۆزگەرتىلدى. 1956 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە غاڭزا تاماكىسى، كۆك تاماكا بېجى (باج نىسبىتى %40)، سولۇر شېكىرى (باج نىسبىتى %25)، سۇ مەھسۇلاتلىرى (باج نىسبىتى %5)، سۇ يېغى (باج نىسبىتى %12)، ئاشلىق بېجى (باج نىسبىتى %4) دىن ئىبارەت مال باجلىرى ئېلىنىدى. 1950 - يىلى 2925 يۈەن مال بېجى، 1957 - يىلى 13 مىڭ 869 يۈەن مال بېجى ئېلىنىدى، 1957 - يىلدىكىسى 1950 - يىلدىكىدىن 3.74 ھەسسە كۆپەيدى. 1958 - يىلى مال بېجى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجىغا قوشۇۋېتىلدى.

**سودا - سانائەت تىجارىتى بېجى** تىجارەت بېجى ساھەلەر بويىچە ئوخشىمايدىغان باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدى. تىجارەت ئومۇمىي كىرىم سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ باج نىسبىتى %1.3؛ تىجارەت ئومۇمىي پايدا سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ باج نىسبىتى %1.5 تىن %6 كىچە؛ شىرىنكانە پايدىسى بويىچە ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ باج نىسبىتى %6 تىن %15 كىچە بولدى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە 28 سودا - سانائەتچى بار ئىدى. 1956 - يىلى سودا - سانائەتچى 103 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى بەش، كوپېراتىپقا تەۋەسى ئون، خۇسۇسىي سودىگەر 88. 1950 - يىلى 3005 يۈەن سودا - سانائەت بېجى ئېلىنىدى، 1957 - يىلى 141 مىڭ 36 يۈەن باج ئېلىنىدى، 1957 - يىلدىكى باج 1950 - يىلدىكىدىن 46 ھەسسە كۆپەيدى. 1958 - يىلى سودا - سانائەت تىجارىتى بېجى، سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجىغا قوشۇۋېتىلدى.

**تاۋار ئوبوروت بېجى** 1953 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ بۇ خىل باج ئېلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭدا تاۋارلاردىن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىستېمال قىلىنىشقىچە بىرلا قېتىم باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ باج مال بېجى، تىجارەت بېجى

قوشۇمچىسى، ماركا بېجى ۋە پاختا يىپىنى بىر تۇتاش سېتىش بېجى قاتارلىقلار بىرلەشتۇرۇلۇپ، بارلىققا كەلتۇرۇلدى. «تاۋار ئوبوروتى بېجىنى سىناق قىلىپ يولغا قويۇش چارىسى» دا 22 باج تۈرى، 58 تاۋار تۈرى، 22 باج نىسبىتى كۆرسىتىلدى. 1956 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۇن تارتىش (باج نىسبىتى 5%)، تۇرلۇك ياۋايى ھايۋان تېرىسى (باج نىسبىتى 20%)، تۇرلۇك تېۋىت، يۇڭ (باج نىسبىتى 10%)، ئەن ياغاچ (باج نىسبىتى 10%) تىن تاۋار ئوبوروتى بېجى ئېلىندى. 1953 - يىلى ناھىيە بويىچە 2699 يۈەن، 1957 - يىلى 21 مىڭ 559 يۈەن تاۋار ئوبوروتى بېجى ئېلىندى. 1957 - يىلدىكى باج 1953 - يىلدىكى باجدىن يەتتە ھەسسە كۆپەيدى. 1958- يىلى تاۋار ئوبوروتى بېجى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجىگە قوشۇۋېتىلدى.

1957 - يىلى مال بېجى، سودا - سانائەت تىجارىتى بېجى ۋە تاۋار ئوبوروتى بېجىنى قوشقاندا ناھىيە بويىچە جەمئىي 176 مىڭ 464 يۈەن باج ئېلىندى، بۇ، شۇ يىللىق سودا - سانائەت بېجى كىرىمىنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئېلىنغان سودا - سانائەت بېجى

8 - قىسىم 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| باج تۈرى / يىللار | جەمئىي سودا - سانائەت بېجى | تاۋار ئوبوروتى بېجى | مال بېجى | سودا - سانائەت تىجارىتى بېجى | ماركا بېجى | ئۆسۈم، تاپاۋەت بېجى | سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى | پاختا يىپىنى بىر تۇتاش سېتىش بېجى | قۇرۇلۇش بېجى | تۈز بېجى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 6787 | | 2925 | 3005 | 857 | | | | | |
| 1951 | 21684 | | 5748 | 9050 | 1400 | | | 5486 | | |
| 1952 | 17924 | | 5617 | 11306 | 1001 | | | | | |
| 1953 | 28609 | 2699 | 4136 | 21508 | 244 | 22 | | | | |
| 1954 | 51620 | 3301 | 11960 | 35870 | 396 | 93 | | | | |
| 1955 | 72947 | 11967 | 14080 | 45723 | 967 | 210 | | | | |
| 1956 | 104752 | 17217 | 11217 | 73430 | 2487 | 301 | | | | |
| 1957 | 179819 | 21559 | 13869 | 141036 | 2628 | 727 | | | | |

**(2) باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش مەزگىلى** 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئاز كېيىنكى مەزگىل باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش مەزگىلى بولدى. بۇ چاغدىكى ئاساسلىق باج تۈرلىرى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى ۋە سودا - سانائەت بېجىدىن ئىبارەت بولدى.

**سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى** 1958 - يىلى ئەسلىدىكى مال بېجى، تاۋار ئوبوروتى بېجى، تىجارەت بېجى، ماركا بېجى قاتارلىق باجلار بىرلەشتۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى

قىلىندى. «سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى نىزامى (لايىھە)» دە بەلگىلەنگەن باج تۈرى 263، باج نىسبىتى 141 خىل بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن باج نىسبىتى %1.5، ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى %69 بولدى.

سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى چوڭ جەھەتتىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە سودا، قاتناش، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېلىنىدىغان سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بۆلىكى موخۇركا (باج نىسبىتى %40)، ئاق ھاراق (باج نىسبىتى %60)، ھاراق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار (باج نىسبىتى %20)، سولۇر شېكىرى (باج نىسبىتى %27)، ئاشلىق (باج نىسبىتى %4)، بۇغداي ئۇنى (باج نىسبىتى %5)، سۇ يېغى (باج نىسبىتى %8)، ماتا (باج نىسبىتى %12)، يۇڭ بويۇملار (باج نىسبىتى %12)، تۇرلۇك تىۋىت، يۇڭ (باج نىسبىتى %10)، تېرە (باج نىسبىتى %20)، خىش - كاھىش (باج نىسبىتى %11)، ئەن ياغاچ (باج نىسبىتى %10) ۋە باشقا سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (باج نىسبىتى %5) نى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ سودا، قاتناش، مۇلازىمەت ۋە ۋاقىتلىق ئىشلار بۆلىكى پارچە سېتىش سودىسى (باج نىسبىتى %3)، قاتناش ترانسپورت (باج نىسبىتى %2.5)، مۇلازىمەت ساھەسى (باج نىسبىتى %3، %5، %7)، ۋاقىتلىق سودا (باج نىسبىتى %10) نى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە 165 مىڭ 989 يۈەن سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى يىغىلدى. 1972 - يىلى 300 مىڭ 76 يۈەن باج يىغىلدى، 1972 - يىلدىكىسى 1958 - يىلدىكىدىن %80.8 ئاشتى. 1972 - يىلى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكى سودا - سانائەت بېجى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 99.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**سودا - سانائەت بېجى** سودا - سانائەت بېجى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى، شەھەر ئۆي - زېمىن بېجى، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى، تۇز بېجى، قان بېجىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل باج تۈرى. بۇلار قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن پەقەت سودا - سانائەت بېجى (تۇز بېجى ۋاقىتىنچە ئەسلىدىكى چارە بويىچە ئېلىنىدى) لا ئېلىنىدى، كوللېكتىپ كارخانىلاردىن پەقەت سودا - سانائەت بېجى بىلەن تاپاۋەت بېجىلا ئېلىنىدى، شەخسلەر ۋە چەت ئەل مۇھاجىرلىرىدىن داۋاملىق شەھەر ئۆي - زېمىن بېجى، قاتناش ۋاسىتىلىرى نومۇر تاختىسى بېجى ۋە قان بېجى ئېلىنىدى. «سودا - سانائەت بېجى نىزامى (لايىھە)» دە بەلگىلەنگەن باج تۈرى 44، باج نىسبىتى 82 بولدى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سودا - سانائەت بېجى 1973 - يىل 1 - ئايدا ئېلىنىشقا باشلىدى. لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېلىنىدىغان سودا - سانائەت بېجى ئىچىدە ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى (باج نىسبىتى %15)، خىمىيىۋى ئوغۇت (باج نىسبىتى %5)، ياغاچ كېسىش سانائىتى (باج نىسبىتى %10)، خۇرۇم، تېرە، يۇڭ سانائىتى (باج نىسبىتى %15 ياكى %5)، ھاراق ۋە ئاق ھاراق (باج نىسبىتى %60)، يەم - بوغۇز، ھاراق ئىشلەش (باج نىسبىتى %40)، ھاراق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار (باج نىسبىتى %15)، يۇڭ، تىۋىت (باج نىسبىتى %10)، 1 - دەرىجىلىك كۆك تاماكا (باج نىسبىتى %40)، پارچە سېتىش سودىسى (باج نىسبىتى %3)، مۇلازىمەت ساھەسى (باج نىسبىتى %5 ياكى %3)، قاتناش - ترانسپورت (باج نىسبىتى %3)، ۋاقىتلىق تىجارەت (باج نىسبىتى %10) لەر بار. 1973 - يىلى ناھىيە بويىچە 371 مىڭ 500 يۈەن سودا - سانائەت بېجى يىغىلدى. 1983 - يىلى 717 مىڭ 758 يۈەن باج يىغىلىپ، 1973 - يىلدىكىدىن %93 كۆپەيدى. 1983 - يىلى سودا - سانائەت بېجى كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكى سودا - سانائەت بېجى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 93.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## لوپنۇر ناھىيىسىدە 1958 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە ئېلىنغان سودا ـ سانائەت بېجى

8 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل   بىرلىكى: يۈەن

| باج تۈرى / يىللار | جەمئىي سودا ـ سانائەت بېجى | سودا ـ سانائەت بىر تۇتاش بېجى | ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى | سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى |
|---|---|---|---|---|
| 1958 | 229528 | 165989 | | 63539 |
| 1959 | 252441 | 246476 | 528 | 5437 |
| 1960 | 314901 | 313093 | | 1808 |
| 1961 | 194491 | 190560 | | 3931 |
| 1962 | 227608 | 217742 | | 9866 |
| 1963 | 294974 | 282346 | | 12628 |
| 1964 | 299904 | 282950 | | 16954 |
| 1965 | 313072 | 290606 | | 12466 |
| 1966 | 319414 | | | |
| 1967 | 281510 | 266219 | | 15291 |
| 1968 | 247901 | 233736 | | 14165 |
| 1969 | 221477 | 209699 | | 11778 |
| 1970 | 249739 | 242650 | | 7089 |
| 1971 | 313611 | 306215 | | 7396 |
| 1972 | 301321 | 300076 | | 1245 |

## لوپنۇر ناھىيىسىدە 1973 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ئېلىنغان سودا ـ سانائەت باجلىرى ۋە تۇز بېجى

8 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل   بىرلىكى: يۈەن

| باج تۈرى / يىللار | ھەرقايسى سودا ـ سانائەت بېجى (جەمئىي) | سودا ـ سانائەت بېجى | سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | قۇرۇلۇش بېجى | تۇز بېجى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 386204 | 371500 | 7000 | | 100 |
| 1974 | 430736 | 427834 | 2902 | | |
| 1975 | 455655 | 453487 | 2168 | | |
| 1976 | 498814 | 461269 | 36373 | | 1172 |
| 1977 | 502581 | 467857 | 33328 | | 1396 |
| 1978 | 579275 | 536597 | 10833 | | 1845 |
| 1979 | 522370 | 484997 | 36267 | | 1106 |
| 1980 | 552759 | 494997 | 36267 | | 10106 |
| 1981 | 623973 | 588259 | 35714 | | |
| 1982 | 683142 | 641715 | 17095 | | 24332 |
| 1983 | 767320 | 717758 | 41454 | | 8108 |

(3) باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش مەزگىلى   1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى غۇلغۇلا قىلىنىشقا باشلىدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، تاكى 1985 - يىلغىچە باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىندى.

**مەھسۇلات بېجى**   مەھسۇلات بېجى سودا - سانائەت بېجىدىن ئايرىپ چىقىلغان باج، ئۇ ئەسلىدىكى سودا - سانائەت بېجىنىڭ كەسىپلەر بويىچە تەسىس قىلىنغان كۆپ قىسىم باج تۈرلىرىنى كونكرېت مەھسۇلات ۋە مەھسۇلات تۈرلىرى بويىچە تەسىس قىلىنغان باجغا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەھسۇلات بېجى نىزامى (لايىھە)» دە سانائەت مەھسۇلاتلىرى 24 تۈرگە، 260 باج تۈرىگە ئايرىلغان، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى بىر تۈر قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇن باج تۈرى، 349 باج نىسبىتىگە ئايرىلغان. لوپنۇر ناھىيىسىدە 1984 - يىلدىن تارتىپ مەھسۇلات بېجى ئېلىنىشقا باشلىدى. 1985 - يىلدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىدە موخوركا (باج نىسبىتى %35)، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئاق ھاراق (باج نىسبىتى %50)، باشقا ئىچىملىك، يېمەكلىكلەر (باج نىسبىتى %5)، خۇرۇم، تېرە، يۇڭ بۇيۇملار (باج نىسبىتى %5، %10 ياكى %12)، كىيىم-كېچەك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم تۈرلىرى (باج نىسبىتى %5)، سۇ يېغى (باج نىسبىتى %8)، باشقا يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى (باج نىسبىتى %5)، ئېلېكتر قۇۋۋىتى (باج نىسبىتى %10)، سېمونت ياسالمىلار باج نىسبىتى %5، خىش، كاھىش باج نىسبىتى %10، باشقا ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى (باج نىسبىتى %5)، سۇ مەھسۇلاتلىرى (باج نىسبىتى %5)، ئەن ياغاچ (باج نىسبىتى %10)، يۇڭ، تىۋىت (باج نىسبىتى %10) دىن ئىبارەت مەھسۇلات بېجى ئېلىندى. 1984 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە 57 مىڭ 829 يۈەن مەھسۇلات بېجى يىغىلدى، 1985 - يىلى يىغىلغان مەھسۇلات بېجى 1984 - يىلدىكىدىن 5.7 ھەسسە كۆپەيدى. 1985 - يىلى مەھسۇلات بېجى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغانلىقى، كۆپ قىسىم مەھسۇلات بېجى سودا - سانائەت بېجىدىن ئايرىپ چىقىلمىغانلىقى ئۈچۈن، قىسقا مەزگىللىك ئۆتكۈنچى دەۋر ئۆزىراپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

**تىجارەت بېجى**   بۇ، سودا - سانائەت بېجى ئىچىدىكى سودا، قاتناش - ترانسپورت، جامائەت ئىشلىرى، مۇلازىمەت كەسىپى ۋە ۋاقىتلىق تىجارەت قاتارلىق باج تۈرلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، مۇستەقىل بەرپا قىلىنغان بىر يېڭى باج تۈرىدىن ئىبارەت. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىجارەت بېجى نىزامى (لايىھە)» دە 11 باج تۈرى، 26 باج نىسبىتى بەلگىلەنگەن، لېكىن ۋاقىتلىق تىجارەت بېجىنىڭ نىسبىتى %5 تىن %10 كىچە بولغاندىن تاشقىرى، ئەمەلىيەتتە، %3، %5، %10، %15 تىن ئىبارەت تۆت خىللا باج نىسبىتى بار بولدى. 1984 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە تىجارەت بېجى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىدە پارچە سېتىش سودىسى (باج نىسبىتى %3)، باشقا ترانسپورت (باج نىسبىتى %3)، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا (باج نىسبىتى %5)، قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش (باج نىسبىتى %3)، پوچتا - تېلېگراف (باج نىسبىتى %3)، كۆڭۈل ئېچىش كەسىپى (باج نىسبىتى %3)، مېھمانخانا، يېمەك - ئىچمەك (باج نىسبىتى %5)، سانائەت خاراكتېرلىك پىششىقلاش (باج نىسبىتى %5)، ۋاقىتلىق تىجارەت (باج نىسبىتى %5 تىن %10 كىچە) دىن ئىبارەت تىجارەت باجلىرى يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە 185 مىڭ 589 يۈەن تىجارەت

بېجى ئېلىنىدى، 1985 - يىلى 569 مىڭ 933 يۈەن تىجارەت بېجى ئېلىنىپ، 1984 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇلدى.

قوشۇلما قىممەت بېجى قوشۇلما قىممەت بېجى دېگىنىمىز، كارخانا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئاشۇرغان قىممەت — قوشۇلغان قىممەت سوممىسى باج بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنغان بىر خىل باجدىن ئىبارەت. 1984 - يىل 9 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى نىزامى (لايىھە)» دا ئىككى تۈر بويىچە 12 خىل باج تۈرى، 13 باج نىسبىتى بەلگىلەنگەن. 1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە قوشۇلما قىممەت بېجىدىن 2561 يۈەن كىرىم قىلىندى.

1985 - يىلى مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى ۋە قوشۇلما قىممەت بېجىدىن جەمئىي 960 مىڭ 889 يۈەن باج يىغىلدى، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكى سودا - سانائەت بېجى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 1984 -، 1985 - يىللىرى ئېلىنغان سودا - سانائەت باجلىرى

8 - قىسىم 7 - جەدۋەل

| باج تۈرى / يىللار | جەمئىي سودا - سانائەت بېجى | مەھسۇلات بېجى | قوشۇلما قىممەت بېجى | سودا - سانائەت تىجارەت بېجى | سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى | قۇرۇلۇش بېجى | تۇز بېجى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 894794 | 57829 | | 185589 | 37016 | 32224 | 5909 |
| 1985 | 1039019 | 388395 | 2561 | 569933 | 11153 | 29765 | 3972 |

(4) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يەرلىك باجلار يەرلىك باج قان بېجى، چارۋا سودىسى بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى، قاتناش قوراللىرى نومۇر تاختىسى بېجى، بازار سودىسى بېجى ۋە شەھەر مۇھاپىزەتنى قۇرۇلۇشى بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى كىرىملەر خام چوت تۈزۈلمىسى بويىچە ئايرىلىپ، يەرلىك خامچوتقا تەۋە قىلىنغاچقا، يەرلىك باج دەپ ئاتالغان. لوپنۇر ناھىيىسىدە يەرلىك باجنىڭ سودا - سانائەت باجلىرى ئىچىدىكى سالمىقى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1950 - يىلى يەرلىك باجلار سودا - سانائەت بېجىنىڭ 6.50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 1972 - يىلى يەرلىك باج كىرىمى 46 مىڭ 87يۈەنگە يەتتى، دېمەك بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يەرلىك باج كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل بولدى، لېكىن ئۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكى سودا - سانائەت باجلىرىنىڭ 13 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. 1985 - يىلى يەرلىك باجلارنىڭ سودا - سانائەت باجلىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 3.2% كە چۈشۈپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، لوپنۇر ناھىيىسىدە يەرلىك باجلاردىن قان بېجى بىلەن چارۋا سودىسى بېجى ئەڭ ئۇزاق مەزگىل ئېلىنىدى، ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ ئەڭ كۆپ بولدى. 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە قان بېجى بىلەن چارۋا سودىسى بېجى (1952 - يىلدىن ئىلگىرى سودا بېجى دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ يەرلىك باج ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1974 - يىلى ئەڭ تۆۋەن (83%) بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلى 100% (1950 - يىلى، 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە، 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە، 1982 - يىلدىن 1983- يىلغىچە 100%

بولدى) كە يەتتى. 1985 ـ يىلى شەھەر مۇھاپىزىتى قۇرۇلۇشى بېجى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قان بېجى بىلەن چارۋا سودىسى بېجى %46.6 كە چۈشتى.

(5) قوشۇمچە كىرىم قوشۇمچە كىرىم باج ئورگانلىرى يىغىدىغان، لېكىن سودا ـ سانائەت باجلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان باجنى كۆرسىتىدۇ. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى (جەمئىي 153 مىڭ 916 يۈەن يىغىلدى)، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە، قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى (جەمئىي 132 مىڭ 585 يۈەن يىغىلدى)، چۇچۇكبۇيا قوشۇمچە خىراجىتى (جەمئىي 128 مىڭ 136 يۈەن يىغىلدى) دىن ئىبارەت قوشۇمچە كىرىم يىغىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدە 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئېلىنغان يەرلىك باج**

8 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل　　　　بىرلىكى: يۈەن

| باج تۈرى / يىللار | جەمئىي يەرلىك باج | قان بېجى | چارۋا سودىسى بېجى | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى | قاتناش قوراللىرىنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى | بازار سودىسى بېجى | شەھەر مۇھاپىزىتى قۇرۇلۇش بېجى | ھەربىيە، تولۇقلاپ ئېلىنغان باج | سودا ـ سانائەت باجلىرى (ئومۇمىي جەمئىي) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 6956 | 924 | 6032 | | | | | | 13743 |
| 1951 | 13788 | 1137 | 11005 | | | | | 1646 | 35472 |
| 1952 | 8555 | 1527 | 6907 | | | | | 121 | 26479 |
| 1953 | 12944 | 2962 | 9982 | | | | | | 41553 |
| 1954 | 13080 | 6640 | 6440 | | | | | | 4700 |
| 1955 | 17453 | 10704 | 6749 | | | | | | 90400 |
| 1956 | 24878 | 19387 | 5426 | 65 | | | | | 129630 |
| 1957 | 24989 | 18868 | 6124 | | | | | | 204808 |
| 1958 | 40252 | 30251 | 10001 | | | | | | 269780 |
| 1959 | 31194 | 23559 | 7635 | | | | | | 283635 |
| 1960 | 18517 | 14234 | 3575 | 708 | | | | | 333418 |
| 1961 | 30697 | 25253 | 3851 | 1593 | | | | | 225188 |
| 1962 | 21747 | 28287 | 2943 | 983 | 452 | 82 | | | 260355 |
| 1963 | 39698 | 29129 | 4648 | 584 | 2186 | 3151 | | | 334672 |
| 1964 | 37010 | 31999 | 3970 | 862 | 68 | 111 | | | 336914 |
| 1965 | 39321 | 27704 | 6815 | 700 | | 4102 | | | 352393 |
| 1966 | | | | | | | | | 319414 |
| 1967 | 38050 | | | | | | | | 319560 |
| 1968 | 43926 | | | | | | | | 291827 |
| 1969 | 35935 | 35809 | 126 | | | | | | 257412 |
| 1970 | 31127 | 29804 | 671 | | | 652 | | | 280866 |
| 1971 | 33120 | 32401 | 626 | | | 93 | | | 346731 |
| 1972 | 46087 | 45567 | 520 | | | | | | 347408 |
| 1973 | 31800 | 30900 | 500 | | | 400 | | | 418004 |
| 1974 | 27868 | 22357 | 768 | | 4505 | 238 | | | 458604 |
| 1975 | 27410 | 26776 | 446 | | | 188 | | | 483065 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 525652 | 340 | | 573 | | | 994 | 24931 | 26838 | 1976 |
| 538218 | 948 | | 222 | | | 2981 | 31486 | 35637 | 1977 |
| 617512 | | | 387 | | | 481 | 37369 | 38237 | 1978 |
| 559633 | | | 833 | | | 618 | 35812 | 37263 | 1979 |
| 587203 | | | 708 | | | 927 | 32809 | 34444 | 1980 |
| 627880 | 155 | | 9 | | | 331 | 3412 | 3907 | 1981 |
| 686065 | 2 | | | | | 40 | 2881 | 2923 | 1982 |
| 774807 | | | | | | 5318 | 2169 | 7487 | 1983 |
| 904928 | | | | | | 4483 | 5651 | 10134 | 1984 |
| 1073802 | 560 | 17969 | 31 | | | 6356 | 9867 | 34783 | 1985 |

## 5. كارخانا كىرىمى

كارخانا كىرىمى، ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرغان پايدا ۋە باشقا كارخانا كىرىمىدىن ئىبارەت. مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە كارخانا كىرىمى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانائەت، قاتناش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سودا قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەدرىجىي بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1957 ـ يىلدىن باشلاپ، لوپنۇر ناھىيىسىدە كارخانىلار يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان كىرىم بار بولدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ سانى بەك ئاز بولۇپ، ئاران 500 يۈەنلا ئىدى. بۇ، شۇ يىللىق 372 مىڭ 600 يۈەن مالىيە كىرىمىنىڭ 0.13 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1958 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە) كارخانا كىرىمى 446 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە كىرىمى بولغان 3 مىليون 189 مىڭ 400 يۈەننىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلىدە (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە)، كارخانىلار 900 يۈەن زىيان تارتتى. 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1966 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە) كارخانا كىرىمى 84 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە كىرىمى بولغان 2 مىليون 449 مىڭ 800 يۈەننىڭ 3.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە) كارخانىلار 52 مىڭ 600 يۈەن زىيان تارتتى. 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە) كارخانا كىرىمى 5300 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە كىرىمى بولغان 4 مىليون 393 مىڭ 300 يۈەننىڭ 0.12 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە) كارخانا كىرىمى 266 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە كىرىمى بولغان 6 مىليون 124 مىڭ يۈەننىڭ 4.34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 6. باشقا كىرىم

باشقا كىرىم دېگىنىمىز تۈرلۈك باج كىرىملىرى ۋە كارخانا كىرىمىدىن باشقا بىرخىل ئارىلاشما كىرىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئومۇمىي مۈلۈك كىرىمى، قائىدە ـ تۈزۈم ھەققى كىرىمى، جەرىمانە، مۇسادىرە ۋە قايتۇرۇۋېلىنغان ھارام پۇل، ھارام ماللاردىن كىرگەن كىرىم، شۇنىڭدەك باشقا پارچە ـ پۇرات كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىمى

8 - قىسىم 9 - جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | جەمئىي | تۈرلۈك باج كىرىمى: سودا - سانائەت بېجى | تۈرلۈك باج كىرىمى: دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بېجى | كارخانا كىرىمى | باشقا كىرىم |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 7.52 | 1.37 | 6.15 | | |
| 1951 | 3.55 | | | | |
| 1952 | 11.98 | 2.65 | 9.33 | | |
| 1953 | 7.94 | 4.35 | 2.70 | | 0.59 |
| 1954 | 21.03 | 6.47 | 5.26 | | 6.30 |
| 1955 | 19.98 | 9.04 | 10.19 | | 0.75 |
| 1956 | 27 | 12.96 | 11.90 | | 2.14 |
| 1957 | 37.26 | 20.48 | 14.91 | 0.05 | 1.82 |
| 1958 | 61.64 | 27.03 | 26.76 | 0.28 | 7.57 |
| 1959 | 62.82 | 28.31 | 25.27 | 4.84 | 4.40 |
| 1960 | 101.19 | 33.34 | 29.25 | 32.14 | 6.46 |
| 1961 | 50.11 | 22.52 | 15.74 | 6.57 | 5.28 |
| 1962 | 43.18 | 25.84 | 14.34 | 0.83 | 2.17 |
| 1963 | 50.82 | 33.47 | 13.80 | -0.07 | 3.62 |
| 1964 | 53.33 | 34.80 | 15.69 | 0.28 | 2.56 |
| 1965 | 52.10 | 35.24 | 14.95 | -0.30 | 2.20 |
| 1966 | 54.02 | 31.94 | 17.24 | 2.63 | 2.21 |
| 1967 | 51.43 | 31.97 | 16.60 | 2.13 | 0.73 |
| 1968 | 48.84 | 39.18 | 17.65 | 1.89 | 0.12 |
| 1969 | 43.60 | 25.74 | 16.68 | 0.31 | 0.87 |
| 1970 | 47.09 | 28.09 | 15.90 | 1.45 | 1.65 |
| 1971 | 53.88 | 34.67 | 17.09 | -1.80 | 3.92 |
| 1972 | 45.93 | 34.74 | 17.10 | -5.99 | 0.08 |
| 1973 | 71.18 | 41.80 | 16.60 | 12.35 | 0.46 |
| 1974 | 53.17 | 45.85 | 15.74 | -8.88 | 0.46 |
| 1975 | 81.41 | 48.30 | 27.84 | -0.94 | 6.81 |
| 1976 | 74.28 | 52.56 | 28.46 | -7.63 | 0.89 |
| 1977 | 73.14 | 53.68 | 15.42 | -0.84 | 4.88 |
| 1978 | 99.54 | 61.75 | 30.51 | 6.10 | 1.18 |
| 1979 | 100.12 | 55.96 | 35.52 | 5.96 | 2.68 |
| 1980 | 92.25 | 58.73 | 35.77 | -4.12 | 1.87 |
| 1981 | 102.74 | 62.78 | 32.20 | 2.81 | 4.95 |
| 1982 | 103.61 | 6.86 | 32.12 | 0.75 | 2.14 |
| 1983 | 123.62 | 77.48 | 29.29 | 9.77 | 3.14 |
| 1984 | 133.32 | 90.49 | 32.35 | 5.30 | 5.18 |
| 1985 | 149.11 | 107.38 | 31.27 | 7.98 | 2.48 |

## § 2. مالىيە چىقىمى

### 1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى

1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چىقىم    چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى لوپنۇر رايونىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇب بولدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ياڭ زېڭشىن «ئىستىقپار ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» دا مۇنداق دېگەنىدى: «ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ھەرقايسى باش مۇپەتتىشلەر بوز يەر ئېچىپ، سەرگەردانلارنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىغان. مەسىلەن: لوپنۇردا نەچچە ئون مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنىپ، بوز يەر ئېچىلىپ، خېخۇاڭدا بويسۇندۇرۇلغان خۇيزۇلار ئېلىپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا بىر ئائىلىمۇ قالماي كېتىپ قالغان. بۇنىڭدىن بوز يەر ئېچىشنىڭ ناھايىتى مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ». «ئۆز جايىدىن پۇل توپلاش لوپنۇردا ئاسان ئەمەس، لوپنۇر بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنى تەكشۈرگەندە (چاقىلىق ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىلغان) مەلۇم بولۇشىچە، ھۆكۈمەت ئىلگىرى نەچچە 10 مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، بوز يەر ئاچقان بولسىمۇ، قىلچە ئۈنۈمى بولمىغان».

2) مىنگو دەۋرىدىكى چىقىم    مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئورگىنى قاراقۇمدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، 3470 سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنىپ، يېڭىدىن مەھكىمە يامۇلى سېلىنغان، بۇ چىقىم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) دىكى خام چوتىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ، مىنگو دەۋرىدىكى لوپنۇر ناھىيىسى سەرپ قىلغان ئەڭ كۆپ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى ھېسابلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) تەسىس قىلىنغان ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى مىنگو دەۋرىدىكى تۈنجى كەسپىي ئىشلار خىراجىتى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدا بىر خىزمەتچى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 24 سەر، يىللىق ئىش ھەققى 288 سەر كۈمۈش ئىدى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پارچە - پۇرات چىقىمى ئايدا سەككىز سەر، يىلدا 96 سەر بولاتتى. ھەر يىلى 384 سەر كەسپىي خىراجەت چىقىم قىلىناتتى.

قاتناش خىراجىتى 2 - ئورۇندا تۇراتتى. كۆنچى دەرياسىغا ئىككى كېمە، پىچان دەرياسىغا بىر كېمە سېلىنغانىدى، ھەر بىر كېمىگە تۆتتىن، جەمئىي 12 كېمىچى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا ئىككى سەردىن جەمئىي 24 سەر كۈمۈش بېرىلەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا ھەر ئايدا ئۈچ سەر بەش مىسقال رېمونت خىراجىتى بېرىلەتتى. بىر يىلدا جەمئىي 330 سەر كۈمۈش سەرپ قىلىناتتى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىنگونىڭ 37 - يىلدىكى تەخمىن ھېسابىدا لوپنۇر ناھىيىسىدە بىر نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىش پىلانلانىدى، بۇ تەخمىن ھېسابتا: لوپنۇردىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئۆزگىرىپ، شىمالغا ئاقىدىغان بولغاچقا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى قۇرۇپ كېتىپ، دۆڭقوتاندىن تىكەنلىككىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەچچە يۈز چاقىرىم سۇ مەنبەسىگە

تەسىر يەتتى. بۇ پۇقرالار ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا، توسما ياساپ، سۇ باشلاپ، ئەسلىدىكى سۇغىرىش كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر دېيىلدى. پىلاندا توپشەھەردە دەريانى توسۇپ بىر توسما ياساش ۋە ئىككى سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىش، بۇنى مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948-يىلى) 7 - ئايدا پۈتكۈزۈش بەلگىلەندى. خام چوت خىراجىتى 1 مىليارد يۈەن ھېسابلاندى. ئەمما بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى ئاندىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، تارىم دەرياسىغا توسما ياساپ بۇ ۋەزىپىنى تاماملىدى.

3) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چىقىملار  ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ناھىيە دەرىجىلىك سانائەت، قاتناش، يېزا ئىگىلىكى، سودا قاتارلىق خەلق ئىگىلىكى ۋە شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش خاراكتېرىدىكى چىقىمدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى، ئۆراقسىز مەبلەغنى، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش چىقىمىنى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، ھاۋارايى ۋە سانائەت، قاتناش، سودا تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى شۇنىڭدەك شەھەر مۇھاپىزىتى خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنىڭ سەرپ قىلىنغان سانى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى مۇنداق بولدى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى 188 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى بولغان 1 مىليون 627 مىڭ يۈەننىڭ 11.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى 1 مىليون 637 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى بولغان 3 مىليون 686 مىڭ يۈەننىڭ 44.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلىدە (1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە) چىقىم 797 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىم 2 مىليون 224 مىڭ يۈەننىڭ 35.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1966 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە) چىقىم 968 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىم 3 مىليون 119 مىڭ يۈەننىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1971 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە) چىقىم 5 مىليون 627 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىم 8 مىليون 867 مىڭ يۈەننىڭ 63.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە) چىقىم 5 مىليون 946 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىم 15 مىليون 726 مىڭ يۈەننىڭ 37.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) چىقىم 7 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىم 24 مىليون 98 مىڭ يۈەننىڭ 32.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 40.9 ھەسسە ئاشتى. 1985 - يىلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 1 مىليون 806 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكى 13 مىڭ يۈەندىن 138 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا 17.9% تىن كۆپەيدى.

## 2. مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە كەسپىي چىقىمى

1) مىنگو دەۋرىدىكى چىقىم    مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر خەنزۇ مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارغا يىلدا 859.2 سەر مائارىپ خىراجىتى چىقىم قىلىنغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 708 سەر، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما خىراجەت 151.2 سەر كۆمۈش ئىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بىر (ئايلىق ئىش ھەققى ئون سەر كۆمۈش)، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بىر (ئايلىق ئىش ھەققى سەككىز سەر كۆمۈش)، مەكتەپ قارا خىزمەتچىسى بىر (ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچ سەر كۆمۈش) ئىدى؛ خەنزۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىر (ئايلىق ئىش ھەققى ئون سەر كۆمۈش)، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بىر (ئايلىق ئىش ھەققى سەككىز سەر كۆمۈش). ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما خىراجەت مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئايلىق قەلەم، سىياھ، قەغىزى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈش بىر سەر، ئوتۇن پۇلى 2.4 سەر، جەمئىي 3.4 سەر. ھەر بىر سىنىپنىڭ ئايدا بور سېتىۋېلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان كۆمۈش ئۈچ مىسقال، ئىككى سىنىپنىڭ جەمئىي ئالتە مىسقال؛ ساماۋەر بىر بولۇپ، ئايدا چاي قاينىتىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۆمۈش بىر سەر، ئوتۇن ئۈچۈن كېتىدىغان كۆمۈش 2.4 سەر، جەمئىي 3.4 سەر؛ بىر يىلدا ئىسسىنىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۆمۈش 19.2 سەر، ئەتىياز، قىش پەسىللىرىدىكى تۆت ئايدا ھەر بىر سىنىپقا بىر مەش قويۇلغان بولۇپ، ئايدا ئوتۇن ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان كۆمۈش 2.4 سەر. خەنزۇ مەكتەپتە قائىدىگە ئاساسەن ئايدا ئىككى سەر ئارىلاشما خىراجەت چىقىم قىلىنىدى. قىش، ئەتىيازدىكى تۆت ئايدا بىر مەش قويۇلدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن ئېيىغا 140 مىڭ 820 سەر، يىلىغا 1 مىليون 600 مىڭ سەر كۆمۈش چىقىم قىلىنىدى. «شىنجاڭنىڭ مىنگونىڭ 33 - يىلدىكى مالىيە تەخمىن چوتى» دا لوپنۇرغا 68 مىڭ 868 يۈەن خەلق مائارىپى قوشۇمچە ياردەم پۇلى چىقىم قىلىنغانلىقى يېزىلغان.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) قاراشەھەر مەمۇرىي رايونىدىكى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە خەلق مەكتەپلىرىنىڭ خىراجەت چىقىمى تەخمىن چوتى 1 مىليون 478 مىڭ 376 يۈەن بولۇپ، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە كىشى بېشىغا تەخمىنەن %8 ئەتراپىدا توغرا كەلدى، لېكىن شۇ يىلى پۇل پاخاللىشىپ كەتكەچكە، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىراجەت ئالدىنقى يېرىم يىلدىكىدىن 4.5 ھەسسە ئېشىپ كەتتى، يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار پەقەت پايدىلىنىش قىممىتىگىلا ئىگە.

سەھىيە خىراجىتى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى چېچەك چېكىش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، بىر ھۆكۈمەت دوختۇرى سەپلەندى، ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 40 سەر، يىللىق چىقىمى 480 سەر كۆمۈش بولدى.

2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چىقىم    مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرى خىراجىتى مەدەنىيەت، ئاسار ئەتىقە، مائارىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئارخىپ، يەر تەۋرەش، رادىئو، تېلېۋىزىيە،

پىلانلىق تۇغۇت، پەن - تېخنىكا قاتارلىقلارغا دائىر كەسپىي خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى چىقىمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق بولدى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 287 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 17.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 568 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 15.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلىدە چىقىم 401 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 18.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 684 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 21.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 1 مىليون 413 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 15.93 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 2 مىليون 505 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 15.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 7 مىليون 207 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 29.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 24 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. 1985 - يىلى مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 36 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1953 - يىلدىكى 39 مىڭ 900 يۈەندىن 50 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا %13 تىن ئېشىپ باردى.

## 3. نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىمى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خام چوتتىكى چىقىمغا خەيرى - ساخاۋەت خىراجىتى كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ كونكرېت ئىشلىتىلىش ئورنى كۆنچى دەرياسى بىلەن پىچان دەرياسىغا كېمە سېلىش خىراجىتى ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى چېچەك چېكىش ئىدارىسىنىڭ خىراجىتىدىن ئىبارەت ئىدى. يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك خىراجەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە سەھىيە كەسپىي خىراجىتى دەپ خاتىرىلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى نەپىقە كەسپىي خىراجىتى، دەم ئېلىشقا چىقىش خىراجىتى، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى، تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ھەرقايسى مەزگىللەردە نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى مۇنداق بولدى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 16 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 0.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 156 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 4.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلىدە، چىقىم 219 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 9.84 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 54 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 1.73 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 137 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 1.54 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 235 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي

چىقىمىنىڭ 1.49 پىرسەنتىنى ئىگىللىدى؛ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 545 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 2.26 پىرسەنتىنى ئىگىللىدى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 33 ھەسسە ئاشتى.

1985 - يىلى نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى 138 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1954 - يىلدىكى 4300 يۈەندىن 31 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا 11.85% تىن ئېشىپ باردى.

## 4. مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى

1) مىنگو دەۋرى   مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، لوپنۇر 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بىر ئامبال (ئايلىق ئىش ھەققى300سەر)، بىر بۆلۈم باشلىقى، (ئايلىق ئىش ھەققى 14 سەر)، ئىككى بۆلۈم ئەزاسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئون سەر)، تۆت ياللانما خادىم(ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئالتەسەر)، دەرۋازىۋەن، چۆرە - غولام، ئات باقار، جەسەت تەكشۈرگۈچى(قاتىللىقدېلولىرىدا)، مۆھۈرچى، ئامبارچى، يايى بولۇپ، جەمئىي 40 ئادەم (ھەربىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئىككى سەر)، ئىككى تەرجىمان (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى توققۇز مىسقال)، ئۈچ تەپتىش (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 5.4 سەر)، 27 چارلىغۇچى ئەسكەر (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 2.4 سەر)، ئۈچ چاكار (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق تاماق پۇلى ئۈچ سەر) بار ئىدى. ھەر يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا قوي بېجى يىغىدىغان چاغدا تۆت باجگىر ۋە ھەيدەكچى ئەسكەر تەسىس قىلىناتتى (ھەر بىر باجگىرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 15 سەر، ئەسكەرنىڭ بەش سەر)، ھەر يىلى بىر غەللە - پاراق يىغقۇچى باجگىر تەسىس قىلىنىپ، يەتتە ئاي ئىشلىتىلەتتى (ئايلىق ئىش ھەققى 15 سەر)، بىر تۈرمە باشلىقى (ئايلىق ئىش ھەققى 40 سەر)، بىر ياللانما خىزمەتچى (ئايلىق ئىش ھەققى ئالتە سەر)، ئالتە گۇندىپاي (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 2.4 سەر) بار ئىدى. يۇقىرىقى 100 ئادەمنىڭ مائاشى ۋە ئىش ھەققى ئۈچۈن 8027.8 سەر كۈمۈش سەرپ بولاتتى. ھەر يىلى 56.38 سەر (ئامبالنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن چاغدىكى يول راسخوتى بۇنىڭ سىرتىدا) ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما خىراجەت چىقىم قىلىناتتى. ھەر يىلى ئىش ھەققى، ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما خىراجەت ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن جەمئىي 8084.18 سەر كۈمۈش چىقىم قىلىناتتى.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ناھىيەبويىچە ھەر ئايدا 290 مىڭ 580 سەر، بىر يىلدا 3 مىليون 487 مىڭ سەر كۈمۈش چىقىم بولدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) لوپنۇر يەنىلا 3 - دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ تۇرۇۋەردى. شتات بويىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 68 ئادەم بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. ناھىيىدە بىر ھاكىم (ئايلىق ئىش ھەققى 340 يۈەن)، بىر مۇئاۋىن ھاكىم (ئايلىق ئىش ھەققى 240 يۈەن)، بىر كاتىپ (ئايلىق ئىش ھەققى 200 يۈەن)، تۆت بۆلۈم باشلىقى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 200 يۈەن)، بىر سوراقچى (ئايلىق ئىش ھەققى 180 يۈەن)، ئىككى مائارىپ مۇپەتتىشى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 160 يۈەن)، بىر دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تېخنىكى، بىر چارۋىچىلىق تېخنىكى، ئۈچ مۇختارىيەت يېتەكچىسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 160 يۈەن)، بىر مال دوختۇرلۇق تېخنىكى ۋە بىر ئامبار مۇدىرى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق

ئىش ھەققى 180 يۈەن)، تۆت 1 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 140 يۈەن)، ئالتە 2 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 130 يۈەن)، ئىككى 3 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 110 يۈەن)، تۆت ئىش بېجىرگۈچى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 90 يۈەن)، تۆت ياللانما خىزمەتچى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 50 يۈەن)، بىر ساقچى باشلىقى (ئايلىق ئىش ھەققى 110 يۈەن)، 12 مەمۇرىي ئىشلار ساقچىسى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 60 يۈەن)، بىر تەكشۈرگۈچى (ئايلىق ئىش ھەققى 90 يۈەن)، بىرگۇندىپايلار باشلىقى (ئايلىق ئىش ھەققى 120 يۈەن)، ئۈچ گۇندىپاي (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 60 يۈەن)، بىر ستاتىستىكچى (ئايلىق ئىش ھەققى 140 يۈەن)، ئىككى ئاتباقار (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 80 يۈەن)، بەش قارا خىزمەتچى (ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 60 يۈەن)، بىر ئاشپەز (ئايلىق ئىش ھەققى 60 يۈەن)، بىر سەھىيە خادىمى (ئايلىق ئىش ھەققى 110 يۈەن) بولۇپ جەمئىي 68 ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 7550 يۈەن كېتەتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا، ئادەتتە ئەمەلىي بار ئادەم شتاتىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىگىلا يېتەتتى. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىنگونىڭ 33 - يىللىق مالىيە تەخمىن چوتى» دا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى 68 مىڭ 868 يۈەن دەپ كۆرسىتىلگەن.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) پۇل ھەددىدىن تاشقىرى پاخاللىشىپ كەتكەچكە، شۇ يىلى مال باھاسى 900 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دىن كېيىن، ئۆسۈش سۈرئىتى تېخىمۇ شىددەتلىك بولدى.

2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى مەمۇرىي چىقىم، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇمچە ياردەم چىقىمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرىنىڭ چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ھەر قايسى مەزگىللەردە مەمۇرىي باشقۇرۇش چىقىمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى مالىيە چىقىمىدىكى نىسبىتى مۇنداق بولدى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەمۇرىي چىقىم 1 مىليون 128 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 3 . 69 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 1 مىليون 47 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 28 . 4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلىدە، چىقىم 689 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 30 . 98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 1 مىليون 13 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 32 . 47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 1 مىليون 627 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 18 . 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 2 مىليون 208 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چىقىم 3 مىليون 777 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 15 . 67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 1-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن34 . 2 ھەسسە كۆپەيدى. 1985 - يىلى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى 1 مىليون 256 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1953 - يىلدىكى 211 مىڭ يۈەندىن 9 . 4 ھەسسە ئېشىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.74% تىن ئېشىپ باردى.

## 5. باشقا چىقىم

باشقا چىقىم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى، نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىدىن باشقا چىقىملارنى كۆرسىتىدۇ. 1956 ـ يىلى 200 يۈەن چىقىم بولغانىدى. 1985 ـ يىلى 550 مىڭ 800 يۈەن چىقىم قىلىنىپ، 1956 ـ يىلدىكىدىن 2753 ھەسسە كۆپەيدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

8 ـ قىسىم 10 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي جەمئىي | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى: كىچىك جەمئىي | يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن ياردەم | سانائەت | ئاساسىي قۇرۇلۇش | باشقىلار | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى: كىچىك جەمئىي | سەھىيە | مەدەنىيەت ـ مائارىپ | تەنتەربىيە، رادىئو | ئىقتىسادىي پاراۋانلىق خىراجىتى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | باشقا چىقىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 25 | | | | | | 3.9 | 0.9 | 3 | | | 21.1 | |
| 1954 | 26.6 | | | | | | 4.5 | 1 | 3.5 | | 0.43 | 21.7 | |
| 1955 | 25.7 | 1.3 | 1.3 | | | | 5.3 | 2.2 | 3.1 | | 0.3 | 18.8 | |
| 1956 | 40.9 | 9.4 | 3.2 | 6.2 | | | 6.8 | 1.3 | 5.2 | 0.3 | 0.5 | 24.2 | 0.02 |
| 1957 | 44.5 | 8.1 | 3.8 | | 4.3 | | 8.2 | 1.5 | 6.5 | 0.2 | 0.4 | 27 | 0.08 |
| 1958 | 67.4 | 30 | 4.3 | 15.3 | 10.4 | | 8.7 | 2 | 5.5 | 1.2 | 0.3 | 28.3 | 0.1 |
| 1959 | 64.7 | 30.7 | 16.6 | | 14.1 | | 10.3 | 1.6 | 7.3 | 1.4 | 0.09 | 2.34 | 0.08 |
| 1960 | 107.1 | 64.7 | 27.6 | | 37.1 | | 13.3 | 2.8 | 9.4 | 1.1 | 0.2 | 26.9 | 0.2 |
| 1961 | 68.5 | 27.9 | 27.9 | | | | 13.6 | 3.9 | 8.8 | 0.9 | 1.3 | 25.6 | 0.1 |
| 1962 | 60.9 | 10.4 | 10.4 | | | | 10.9 | 3 | 6.9 | 1 | 13.8 | 21.6 | 4.2 |
| 1963 | 83.4 | 38.6 | 38.6 | | | | 11.9 | 3.1 | 7.4 | 1.4 | 6.1 | 21.7 | 5.1 |
| 1964 | 64.8 | 16.5 | 16.5 | | | | 10.4 | 3.1 | 6.4 | 0.9 | 9 | 24.3 | 4.6 |
| 1965 | 74.2 | 24.6 | 24.6 | | | | 17.8 | 6.7 | 8.4 | 2.7 | 6.8 | 22.9 | 2.1 |
| 1966 | 58.4 | 12.3 | 12.3 | | | | 15.8 | 4.4 | 9.9 | 1.5 | 1 | 22.8 | 6.5 |
| 1967 | 69.5 | 23.3 | 23.3 | | | | 13.3 | 4.9 | 10.2 | 1.2 | 1.4 | 22 | 5.6 |
| 1968 | 56.9 | 21.6 | 15.7 | | 5.9 | | 12.8 | 4.2 | 6.9 | 1.7 | 1.2 | 18.1 | 3.2 |
| 1969 | 48.7 | 11.8 | 10.6 | | 1.2 | | 14.2 | 4.2 | 7.3 | 2.7 | 0.8 | 17.8 | .3.9 |
| 1970 | 78.4 | 27.8 | 12.9 | | 14.9 | | 12.3 | 3.3 | 6.6 | 2.4 | 1 | 20.6 | 16.7 |
| 1971 | 126.4 | 82 | 10.9 | 5.9 | 50.7 | 14.5 | 15.5 | 4.3 | 9.1 | 2.1 | 0.3 | 27.1 | 1.5 |
| 1972 | 166.8 | 111.3 | 21.3 | 9.5 | 72.4 | 8.1 | 24.6 | 6.9 | 13.5 | 4.2 | 3 | 26.4 | 1.5 |
| 1973 | 170.3 | 91.3 | 27.9 | 10.2 | 48.6 | 4.6 | 33.4 | 9.2 | 17.6 | 6.6 | 2.6 | 37.2 | 5.8 |
| 1974 | 175.4 | 107 | 39 | 8.3 | | | 32.9 | | | | 2.9 | 38 | |
| 1975 | 247.8 | 171.1 | 75.6 | 2 | 84.9 | 8.6 | 34.9 | 8.6 | 21.8 | 4.5 | 4.9 | 34 | 2.9 |
| 1976 | 219.3 | 109 | 58.7 | 5.1 | 45.2 | | 42.3 | 10.9 | 26 | 5.4 | 3.5 | 36.3 | 28.2 |
| 1977 | 240.2 | 93.3 | 68.9 | 1 | 23.4 | | 42.6 | 10.8 | 27.6 | 4.2 | 4.2 | 38.2 | 61.9 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 39.5 | 37.8 | 6 | 1.9 | 30.3 | 11.1 | 43.3 | | 33.3 | 0.9 | 115 | 149.2 | 275.8 | 1978 |
| 24.2 | 48 | 4.6 | 4.7 | 42.1 | 12.1 | 58.9 | | 33.3 | 2.4 | 78.8 | 114.5 | 250.2 | 1979 |
| 29.4 | 60.5 | 5.2 | 3.9 | 43.4 | 16.1 | 63.4 | | 15.6 | 111.8 | 1.2 | 128.6 | 587.1 | 1980 |
| 68.6 | 78.3 | 8.4 | | | 82.7 | 82.7 | | 1.2 | 115.9 | 0.2 | 117.3 | 355.1 | 1981 |
| 11.5 | 61.2 | 7.9 | 17 | 60.2 | 21.4 | 98.6 | 23.9 | 13.1 | 104.1 | 1.9 | 143 | 322.2 | 1982 |
| 84 | 14.2 | 12.9 | 17.6 | 86.7 | 34.8 | 139.1 | 100.5 | 20 | 2.3 | 63.3 | 186.1 | 566.1 | 1983 |
| 121.1 | 98.4 | 11.5 | 46.8 | 123 | 26.9 | 196.7 | 28.1 | 61 | 3.4 | 67.5 | 160 | 587.7 | 1984 |
| 55.1 | 125.6 | 13.8 | | | | 203.6 | | | | | 180.6 | 578.7 | 1985 |

# § 3. ئاپپاراتلار

## 1. مالىيە ئاپپاراتى

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنمۇ تاكى 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغىچە بۇ بۆلۈم ئۆزگەرتىلمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىلى مالىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1961 - يىلى مالىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1967 - يىلى مالىيە بۆلۈمىنىڭ كەسپىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قوشۇمچە بېجىردى.

1972 - يىلى مالىيە، پۇل مۇئامىلە، باج ئىشلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك مالىيە-باج بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1978 - يىلى مالىيە - باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1981- يىلى مالىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى مالىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 2. باج ئاپپاراتى

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبە باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 7 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبە باج ئىدارىسى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 3 - ئايدا لوپنۇر باج يىغىش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە قارىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئايدا باج يىغىش ئىدارىسى ناھىيىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باج بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1959- يىلى مالىيە بىلەن باج بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بولدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1972 - يىلى مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى. 1974 - يىلى مالىيە، باج پۇل مۇئامىلىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، مالىيە، باج بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1978 - يىلى مالىيە، باج ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1981 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

# II باب

# پۇل مۇئامىلە

## § 1. ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى يوق ئىدى. ھۆكۈمەت پۇلىنى ئامانەت قويۇش، ئېلىش كەسپىنى مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قاراشەھەر شۆبە بانكىسى بېجىردى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) قاراشەھەر شۆبە بانكىنىڭ كورلا ئىش بېجىرىش ئورنى بېجىردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە تەدرىجىي ھالدا كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

### 1. خەلق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى

1953 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كورلا ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. 1954 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى (تۆۋەندە ناھىيىلىك خەلق بانكىسى دېيىلىدۇ). 1985 - يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق بانكىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، سىرتقا نىسبەتەن كەسپىي ئىشلارنى بېجىرمەي، ئۇنى پۈتۈنلەي ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

### 2. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى

1964 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى دەپ ئاتىلىدۇ) شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 3. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى

1980 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسى دېيىلىدۇ).

### 4. سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى

1985 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى دېيىلىدۇ)، خەلق

بانكىسىنىڭ كەسپىنى قوشۇمچە بېجىردى.

## 5. لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى

يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 1954 - يىلدىكى ھەمكارلىشىش - كوپېراتىپلىشىش پائالىيىتى داۋامىدا، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، دېھقانلار ئاممىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللەنگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى. ئۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە تۆت ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىكار تۇرۇپ قالغان، تارقاق مەبلەغلەرنى توپلاپ، ئارتۇق، كەم مەبلەغلەرنى تەڭشەپ، جازانىخورلۇققا زەربە بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا كېرەكلىك مەبلىغىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادقا مەدەت بېرىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، دۆلەت ياردەم بېرىشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنى ۋە «قەرز ئالغاننى قايتۇرۇش، كىم قەرز ئالسا، شۇ قايتۇرۇش، قەرەلى توشقاندا قايتۇرۇش، ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىش» سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، قەرز بېرىشتە «قەرز بېرىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش، قەرز بەرگەندە قايتا تەكشۈرۈش، قەرز بەرگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش» ۋە ئاممىنى ئالقىشلاش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى يېڭى قۇرۇلغاندا، ئامانەت - قەرز كەسپىدە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەبلەغ ئوبوروتى جەھەتتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا نۇقتىلىق ياردەم بەردى، ئەمما ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكتىن، ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ قەرز بېرىپ، قوللىشىغا تاياندى. 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن، قەرز قالدۇقى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولدى. 1956 - يىلى ھەرقايسى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قولىدىكى پاي 3601 گە، پاي سوممىسى 9004.73 يۈەنگە يەتتى. 1959 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، گۇڭشې ئامانەت - قەرز بۆلۈمى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 10 - ئايدا يەنە ئايرىۋېتىلدى، تىجارەت ئورنى يەنە خەلق بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى تەسىس قىلىنغان گۇڭشېلاردا ئايرىم ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەسىس قىلىنماي، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىملىرى تىجارەت ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى. ئايرىم ھېساب ئۆتتۈلدى، مەمۇرىي جەھەتتە گۇڭشې نازارەت قىلدى. 1963 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ناھىيە بويىچە ئونغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئىككى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ قاپلاش كۆلىمى (چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك) 15 كە يەتتى. 1973 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى يەنە بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىندى، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، لوپنۇر ناھىيىسىدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 12 گە يەتتى. 1978- يىلى گۇڭشې بىرلىك قىلىنغان ھالدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەڭشىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدە تۆت ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ساقلاپ قېلىندى، ئۇلارنىڭ 11 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى تۆت ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ قولىدىكى پاي 5465 كە، پاي پۇلى 21 مىڭ 861 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى جەمئىي 791 پاي، 3959 يۈەن پاي پۇلى قالدى.

## قىسمەن يىللاردىكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا پاي قوشۇش ئەھۋالى

8 ـ قىسىم 11 ـ جەدۋەل

| يىللار | پاي پۇلى (يۈەن) | پاي سانى | يىللار | پاي پۇلى (يۈەن) | پاي سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 9004.73 | 3601 | 1962 | 809 | 202 |
| 1957 | 920 | 368 | 1972 | 2900 | 725 |
| 1959 | 1036 | 414 | 1983 | | |
| 1960 | 150 | 60 | 1984 | 21861 | 5465 |
| 1961 | 297 | 119 | 1985 | 3959 | 791 |

## يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى

8 ـ قىسىم 12 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 101.3 | 170.7 | 127.3 | 170.8 | 195 |
| گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئامانەت پۇلى | 56.8 | 105 | 33.6 | 65.4 | 53.4 |
| گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى | 3.8 | 6.6 | 12.8 | 10.4 | 6.3 |
| گوڭشې ئەزالىرىنىڭ قەرەلسىز پۇل ئامانىتى | 14 | 17.6 | 21.7 | 28.9 | 34.8 |
| گوڭشې ئەزالىرىنىڭ قەرەللىك پۇل ئامانىتى | 19.6 | 36.9 | 54.9 | 62.8 | 90.8 |
| باشقا پۇل ئامانىتى | 7.1 | 4.6 | 4.3 | 3.3 | 3.7 |
| ئۆزىدىكى مەبلىغى | 3.6 | 3.7 | 3.9 | 8.7 | 12 |
| باشقا مەبلەغ كىرىمى | 4.7 | 4.8 | 4.3 | 4.6 | 9.6 |
| خەلق بانكىسىدىن قەرز ئالغان پۇل | 0.8 | | | 2.5 | 3.6 |
| قالدۇق | | | 8.1 | 12.4 | 22.9 |
| جەمئىي قەرز پۇل | 7.4 | 10.4 | 13.3 | 130.4 | 139.9 |
| كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 4.8 | 6.6 | 6.2 | 50.1 | 21.9 |
| گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 0.6 | 0.8 | 0.9 | 6.8 | 5.8 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى | 2 | 0.8 | 3.1 | 61.8 | 72.8 |
| گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇلى | | 2.2 | 3.1 | 21.7 | 17.5 |
| باشقا مەبلەغلەردىن ئىشلىتىلگىنى | 5.3 | 5.1 | 3.4 | 3.8 | 10.9 |
| بانكىغا يۆتكەپ ئامانەت قويۇلغان پۇل | 97.1 | 163.5 | 121.4 | 48.2 | 98.8 |

## § 2. ئوبوروت قىلىنغان پۇللار

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئاساسەن، تەڭگە، يارماق ۋە توڭپۇر ئوبوروت قىلىنغانىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بازاردا پەقەت تەڭگە ۋە توڭپۇرلا ئوبوروت قىلىندى. مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى پۇل ئىدارىسى بېسىپ تارقاتقان ئۆلكە پۇلى ئوبوروت قىلىنىدىغان قانۇنلۇق پۇل قىلىندى، لېكىن بازاردا يەنىلا تەڭگە، ئامېرىكا دوللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇلى تەڭلا ئوبوروت قىلىندى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سەر بىرلىك قىلىنغان كونا پۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يۈەن بىرلىك قىلىنغان يېڭى پۇلنى تارقاتتى، 2000 سەر كونا پۇلغا بىر يۈەن يېڭى پۇل تېگىشىپ بېرىلدى. مىنگونىڭ32-يىلى (1943 ـيىلى) فابى ۋە گوۋنجىن پۇلى لوپنۇرغا كىردى. فابى يېڭى پۇلغا 1:5 نىسبەتتە ئالماشتۇرۇلدى. فابى، گوۋنجىن پۇللىرىنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ كەتكەچكە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئالتۇن دوللار تارقىتىپ، 1:300000 ۋە 1:150000 نىسبەتتە فابى ۋە گوۋنجىن پۇللىرىنى يىغىۋالدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا مەركىزىي بانكا تارقاتقان ئالتۇن دوللار لوپنۇر ناھىيىسىگە كىردى. ئالتۇن دوللارنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ كېتىپ، كىرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) يەنە كۈمۈش دوللار ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى جاكارلاپ، تەڭگىنى بىرلىك قىلىپ، 600 مىليارد يۈەن يېڭى پۇلنى تەڭگىگە سۇندۇرۇشنى، 500 مىليون يۈەن ئالتۇن دوللارنى بىر تەڭگىگە ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېڭى كۈمۈش دوللىرى تاكى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت لوپنۇر ناھىيىسىدە خەلق پۇلىنى تارقاتتى(1948 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى تارقاتقان خەلق پۇلى)، كورلا تارماق بانكىسى ئادەم ئەۋەتىپ، لوپنۇردا تەڭگە ۋە كۈمۈش دوللارنى تېگىشىپ، يىغىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلق پۇلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئوبوروت قىلىنىدىغان بىردىنبىر پۇل بولۇپ قالدى. ئۇ چاغدا خەلق پۇلىنىڭ پۇل بىرلىكى 10 مىڭ يۈەن، 5000 يۈەن، 3000 يۈەن،

2000 يۈەن، 1000 يۈەن، 500 يۈەن، 200 يۈەن، 100 يۈەندىن ئىبارەت سەككىزخىل بولدى.

1952 - يىلى 6 - ئايدا كورلا ناھىيىلىك تارماق بانكا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تەڭگىنى پۇلغا ئالماشتۇردى. ھەر سەر ئالتۇن 966 مىڭ 300 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە، بىر سەر كۈمۈش 7300 يۈەنگە، «ئا» خىلدىكى (باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن) تەڭگىنىڭ بىرى 6200 يۈەنگە، «ب» خىلدىكى تەڭگىنىڭ بىرى 6000 يۈەنگە تېگىشىلدى.

1955 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى بۇيرۇققا بىنائەن يېڭى خەلق پۇلىنى تارقاتتى، كونا خەلق پۇلىنى يېڭى پۇلغا تېگىشىپ يىغىۋالدى. 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلىغا بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلى تېگىشىلدى. يېڭى خەلق پۇلىنىڭ بىرلىكى بەش يۈەن، ئۈچ يۈەن، ئىككى يۈەن، بىر يۈەن، بەش مو، ئىككى مو، بىر مو، بەش پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بىر پۇڭدىن ئىبارەت ئون خىل بولدى.

1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى بۇيرۇققا بىنائەن ئون يۈەنلىك خەلق پۇلىنى ۋە پۇڭلۇق مېتال پۇلنى تارقاتتى.

1964 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋالدى.

1980 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەت تارقاتقان بىر مولۇق، ئىككى مولۇق، بەش يۈەنلىك، بىر يۈەنلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل مېتال پۇل لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاز مىقداردا ئوبوروت قىلىندى.

## § 3. پۇل كىرىم - چىقىمى

1953 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە تىجارەت ئورنى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە پۇل باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

1957 - يىلى دۆلەت نەق پۇل باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلدى، نەق پۇل باشقۇرغۇچى ئورۇنلار بانكىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. ئىش ھەققى فوندى قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلدى. ناھىيىلىك تارماق بانكا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ مالىيە خادىملىرى بىلەن ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى دۆلەتنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، يەنە ئىدارىلەرگە دائىم ئادەم ئەۋەتىپ، قالدۇق نەق پۇل چەك نورمىسىنى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ پۇل كىرىم - چىقىم مىقدارى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ۋە خەزىنىلەشتۈرۈلۈشى نورمال ئىزغا چۈشتى. 1965 - يىلى بانكا پۇل ئامانىتى، پۇل تارقىتىش كەسپى تەرەققىي قىلىپ، ناھىيە بويىچە پۇل ئامانىتى قالدۇقى 530 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىلغان پۇل قالدۇقى 1 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پۇل باشقۇرۇش توسقۇنلۇققا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى تەدرىجىي نورماللاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەق پۇل كىرىمى 15 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966 - يىلدىكىدىن 14 مىليون 370 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 12.5 ھەسسە ئاشتى. نەق پۇل چىقىم سوممىسى 18 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966 - يىلدىكىدىن 17 مىليون 770 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 15.9 ھەسسە ئاشتى.

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تۈرلۈك پۇل ئامانىتى ئەھۋالى

8 ـ قىسىم 13 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | كارخانا ئامانىتى | يەرلىك خەزىنە ئامانىتى | ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئامانىتى | ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانىتى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 8.9 | 1.3 | 6.9 | | 17.1 |
| 1955 | 1.8 | | 5.2 | | 7 |
| 1956 | 26.9 | 60.8 | 7.3 | | 95 |
| 1957 | 40.5 | 2.2 | 5.4 | | 48.1 |
| 1958 | 7.7 | 19.9 | 9.5 | | 37.1 |
| 1959 | 6.9 | 4.6 | 3.1 | | 19 |
| 1960 | 19.4 | 11.3 | 26.4 | | 57.1 |
| 1961 | 10.3 | 5 | 7.5 | 1.2 | 24.5 |
| 1962 | 10.6 | 9.3 | 5.3 | 0.6 | 26.3 |
| 1963 | 17.2 | 13.3 | 4.9 | 3.9 | 39.3 |
| 1964 | 12.6 | 21.6 | 5.4 | 0.2 | 39.8 |
| 1965 | 17.7 | 29.5 | 5.7 | 0.1 | 53 |
| 1966 | 9.4 | 27.5 | 8.6 | 1.3 | 47.3 |
| 1967 | 17.5 | 35.7 | 7.8 | 2.4 | 63.4 |
| 1968 | 18.5 | 38.1 | 6.2 | 6.3 | 69.1 |
| 1969 | 18.3 | 49.8 | 11.6 | 6.2 | 85.9 |
| 1970 | 16.3 | 46.4 | 10.1 | 5.5 | 78.3 |
| 1971 | 16.5 | 74.9 | 9.1 | | 100.5 |
| 1972 | 18.2 | 46.6 | 10.5 | 3.5 | 78.6 |
| 1973 | 26.1 | 8.6 | 11 | 3.2 | 39 |
| 1974 | 25.3 | 68.8 | 13.9 | 3.7 | 111.7 |
| 1975 | 59.3 | 29.2 | 35.6 | 17 | 141.1 |
| 1976 | 98.7 | 57.7 | 54.7 | 10 | 231.1 |
| 1977 | 76.6 | 82.1 | 64.4 | 8.2 | 231.2 |
| 1978 | 82.8 | 116.6 | 59.2 | 6.1 | 264.7 |
| 1979 | 108.4 | 117.2 | 8.6 | 2.4 | 236.6 |
| 1980 | 71.9 | 106.7 | 10.6 | 2.3 | 191.5 |
| 1981 | 88.9 | 37.9 | 15.4 | 0.1 | 142.3 |
| 1982 | 89.4 | 45.7 | 20.9 | 7.5 | 163.5 |
| 1983 | 98.2 | 84.8 | 20.3 | 2 | 205.3 |
| 1984 | 111.6 | 83 | 37.9 | 0.4 | 232.9 |
| 1985 | 128.8 | 42.9 | 19.3 | | 191 |

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە پۇل تارقىتىش، پۇلنى خەزىنىلەشتۇرۇش ئەھۋالى

8 ـ قىسىم 14 ـ جەدۋەل  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | تارقىتىلغان سانى | خەزىنىلەشتۇرۇلگەن سانى | تارقىتىش (-) بىلەن خەزىنىلەشتۇرۇش (+) نىڭ پەرقى |
|---|---|---|---|
| 1954 | 63 | 60 | - 3 |
| 1955 | 108 | 103 | - 5 |
| 1956 | 371 | 363 | - 8 |
| 1957 | 729 | 733 | + 4 |
| 1958 | 1073 | 1065 | - 8 |
| 1959 | 1102 | 1089 | - 13 |
| 1960 | 908 | 902 | - 6 |
| 1961 | 669 | 687 | + 18 |
| 1962 | 473 | 477 | + 4 |
| 1963 | 699 | 684 | - 15 |
| 1964 | 1016 | 1035 | + 19 |
| 1965 | 182 | 177 | - 5 |
| 1966 | 112 | 115 | + 3 |
| 1967 | 381 | 405 | + 24 |
| 1968 | 300 | 405 | + 105 |
| 1969 | 269 | 273 | + 4 |
| 1970 | 249 | 254 | + 5 |
| 1971 | 273 | 272 | - 1 |
| 1972 | 294 | 291 | - 3 |
| 1973 | 1142 | 1033 | - 109 |
| 1974 | 3926 | 3854 | - 72 |
| 1975 | 1988 | 1784 | - 204 |
| 1976 | 1698 | 1488 | - 210 |
| 1977 | 404 | 394 | - 10 |
| 1978 | 456 | 437 | - 19 |
| 1979 | 559 | 531 | - 28 |
| 1980 | 733 | 621 | - 112 |
| 1981 | 879 | 763 | - 116 |
| 1982 | 1038 | 829 | - 209 |
| 1983 | 1396 | 1119 | - 277 |
| 1984 | 1734 | 1365 | - 369 |
| 1985 | 1889 | 1552 | - 337 |

# § 4. قەرز پۇل

## 1. سودا - سانائەت قەرز پۇلى

1953 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئامانەت - قەرز كەسپى يېجىرىلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ 1 - بەش يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى باشلاندى، ئامانەت - قەرز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودىسى ۋە قول سانائەتچىلەرگە قارىتىلىپ، «پەرق چارىسى ئىجرا قىلىنىپ، مەبلەغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىنىپ، تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىندى». 1956 - يىلى «مالىيە پەرقى» تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «قالدۇق قەرز پۇل» دىن ئىبارەت يېڭى چارە قوللىنىلدى. 1957 - يىلى سودا - سانائەت قەرز پۇلىدا مال سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىش، مال كىرگۈزۈشكە مەدەت بېرىش، يەرلىك مال مەنبەسىنى تەشكىللەشكە مەدەت بېرىش، تاۋار زاپىسىنى كۆپەيتىش؛ دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قوللاش، «چەكلەش، پايدىلىنىش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى تەدرىجىي ئازايتىپ، ئۇلارنى شېرىكلىشىپ، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش يولىغا سېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا بېرىلىدىغان قەرز پۇل بىلەن تولۇق تەمىنلەش فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت قەرز پۇلى سوممىسى 1 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 49% ئاشتى. قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ھەددىدىن ئارتۇق تېز بولۇپ كەتكەچكە، دەسلەپتە مەبلەغنىڭ ئوبوروتى تازا ياخشى بولمىدى.

1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك بانكا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن قەرز پۇل تۈزۈمىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش سىياسىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، ناھىيىلىك تارماق بانكا پۈتۈن ناھىيىنىڭ قەرز پۇلىنى باشقۇردى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا قەرز پۇللىرىنىڭ ئۆسۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش، پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە ئېلىشنى ئىجرا قىلدى. ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ ئەمەلىي قالدۇقى توپ سان قىلىنىپ، قەرز پۇلى ئامانەت قويغىنىدىن كۆپ بولغانلارغا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بانكا بىر قېتىمدىلا پەرقلىق سوممىنى يېتەرلىك تولۇقلاپ بەردى، ئامانەت پۇلى قەرز پۇلىدىن كۆپ بولغانلار بىر قېتىمدىلا يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ تۈگەتتى. سودا - سانائەت كرېدىت خىزمىتى بوش قويۇۋېتىلىپ، باشقۇرۇش بوشاپ كەتتى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا - سانائەت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليون 846 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 70.4% كە كۆپەيدى. 1962 - يىلى مالىيە مەبلىغى ۋە كرېدىت مەبلىغىنىڭ چېكى چىڭىتىلىپ، سودا - سانائەت قەرز پۇلىدا ئالتىنى قىلماسلىق (قەرز پۇلغا ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلماسلىق، كارخانىنىڭ زىيىنىنى قەرز پۇل بىلەن تولۇقلىماسلىق، قەرز پۇل بىلەن ئىش ھەققى تارقاتماسلىق، پايدا تاپشۇرماسلىق، قەرز پۇلنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق چىقىمىغا ۋە تۆت خىل خىراجەتكە ئىشلەتمەسلىك)، نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، راسچوت تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، دۆلەت ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكىتلەندى. «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، ناھىيە بويىچە سودا - سانائەت كەسپىي قەرز پۇلى 1962 - يىلدىكى 1 مىليون 480 مىڭ يۈەندىن 1965 - يىلى 1 مىليون 300 مىڭ

يۈەنگە تۆۋەنلىدى.

1966 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت بەلگىلىگەن سودا ـ سانائەت كرېدىت سىياسىتى بىلەن ئورغۇن ئۇنۇملۇك تۈزۈملەر «باشقۇرۇش، قىسىش، بېسىش» دەپ قارالدى، نەتىجىدە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سودا ـ سانائەت، تەمىنات سودا قەرز پۇلى 1 مىليون 515 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1965 ـ يىلدىكىدىن 215 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى.

1979 ـ يىلى بانكا خىزمىتىدىكى تۈرلۈك تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، رەتلەش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى ھەم كرېدىت كىرىم ـ چىقىمىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. سودا قەرز پۇلى بېرىشتە پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ يۆلەش ۋە «سېتىلىشىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەش، سېتىلىشىغا قاراپ سېتىۋېلىشنى بەلگىلەش، سېتىلىشىغا قاراپ پۇلنى بەلگىلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كرېدىتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئامانەت ـ قەرز مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەرلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئوبوروتىغا پائال مەدەت بېرىلىپ، يەرلىك ئىقتىساد جانلاندۇرۇلدى. سانائەت قەرز پۇلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قوللاش، مەھسۇلات قىممىتى يۇقىرى، پايدا ـ باج نىسبىتى كۆپ بولغان چۈچۈكبۇيا قىيامى زاۋۇتى، «كۆنچى» كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قوللاشقا قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسەت كەڭ قويۇۋېتىلىپ، كوللېكتىپ سودا، يەككە سودا ۋە يەككە قول سانائەتچىلەرگە قەرز بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 970 مىڭ يۈەن سانائەت قەرز پۇلى، 1 مىليون 943 مىڭ يۈەن سودا قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە سودا ـ سانائەت قەرز پۇل تارقىتىش ئەھۋالى**

8 ـ قىسىم 15 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | سانائەت قەرز پۇلى | سودا قەرز پۇلى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1954 | | 7.3 | 7.3 |
| 1955 | | 42 | 42 |
| 1956 | 0.1 | 50.7 | 50.8 |
| 1957 | | 108.3 | 108.3 |
| 1958 | | 184.6 | 184.6 |
| 1959 | | 155.9 | 155.9 |
| 1960 | 4.7 | 140.2 | 144.9 |
| 1961 | | 155.7 | 155.7 |
| 1962 | | 148 | 148 |
| 1963 | | 120.7 | 120.7 |
| 1964 | | 108.4 | 108.4 |
| 1965 | | 130 | 130 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1966 | | 151.5 | 151.5 |
| 1967 | | 138 | 138 |
| 1968 | | 62.7 | 62.7 |
| 1969 | | 109.2 | 109.2 |
| 1970 | | 139.7 | 139.7 |
| 1971 | 3.2 | 176.6 | 179.8 |
| 1972 | 2.3 | 119 | 121.3 |
| 1973 | 6.2 | 202.8 | 209 |
| 1974 | 9.6 | 135.8 | 145.4 |
| 1975 | 9.4 | 208.7 | 218.1 |
| 1976 | 8.1 | 316.2 | 324.3 |
| 1977 | 7.5 | 98.4 | 105.9 |
| 1978 | 5.4 | 82 | 87.4 |
| 1979 | 8.8 | 81.8 | 90.6 |
| 1980 | 9 | 165.5 | 174.5 |
| 1981 | 27.1 | 140.3 | 167.4 |
| 1982 | 30 | 192.2 | 222.2 |
| 1983 | 41.1 | 183.4 | 224.5 |
| 1984 | 68.2 | 196.2 | 264.4 |
| 1985 | 97 | 194.3 | 291.3 |

## 2. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش، قەرز بېرىش

1978 - يىلى گوۋيۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىغا مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىشنى قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ئەينى چاغدا، ناھىيىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانىلىرى بولمىغاچقا، پۇل ئاجرىتىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش ئىشىمۇ يوق ئىدى. 1980 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى، خام چوت ۋە مالىيىنى باشقۇرۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش، ھېسابات قىلىش ۋە پۇل تارقىتىشنى بېجىردى. كارخانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، پىلانلىق باشقۇرۇش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش، ماددىي ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىش، قەرەللىك قايتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھاۋالە شىركىتىگە ۋەكالەتەن ناھىيىلىك چوڭچوڭبويا قىيامى زاۋۇتى بىلەن خىش زاۋۇتىغا 1985 - يىلغىچە جەمئىي 1 مىليون 96 مىڭ يۈەن ھەرخىل قەرز پۇل بېرىپ، 356 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالدى.

**لوپنۇر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پۇل ئاجرىتىش ئەھۋالى**

8 - قىسىم 16 - جەدۋەل

| يىللار | خامچوت ئومۇمىي سانى | سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | خامچوت ئىچىدىكىسى | خامچوت سىرتىدىكىسى |
| 1982 — 1981 | 3 | 6 | 6 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 45 | | 45 | 1 | 1983 — 1982 |
| | 3 | 3 | 1 | 1984 — 1983 |
| | 62 | 62 | 2 | 1985 — 1984 |

## 3. يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

يېزا ئىگىلىك كرېدىتى كەسپى 1954 - يىلى باشلاندى، شۇ چاغدا بۇ كەسپنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بېجىرەتتى. 1964 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك كرېدىتى كەسپىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك كرېدىتى كەسپىنى خەلق بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەبلىغى بۆلۈمچىسى بېجىردى. 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك كرېدىتى كەسپىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى.

1954 - يىلى يېزا ئىگىلىك كرېدىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى قوللاشقا قارىتىلدى. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا «ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قەرز بېرىش، قانچىلىك لازىم بولسا، شۇنچىلىك قەرز بېرىش، ۋاقتىدا قايتۇرۇش» چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش ئاساس قىلىنىپ، پاختا، ياغلىقدان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق قەرز بېرىلدى ھەم چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مەھسۇلاتنى ھەمكارلىشىپ ئاشۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىكىگە 73 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىققا 17 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى.

1955 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنىدا، كورلا ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى بېكىتكەن يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا قەرز بېرىش ۋاقىتلىق چارىسىگە ئاساسەن، شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا 15 مىڭ يۈەن پۇل قەرز بېرىلدى.

1958 - يىلى 2 - بەش يىللىق پىلان باشلانغاندا يېزا ئىگىلىك كرېدىتى جەھەتتە خەلق گۇڭشېسىغا مەدەت بېرىش نىشان قىلىنىپ، زور كۈچ بىلەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ھارۋىلاشتۇرۇش، ئېلېكترلەشتۈرۈش ۋە سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش، ئوغۇت توپلاش، ئوغۇت ياساش پائالىيىتىگە مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلى 50 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1961 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى داۋاملىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ياردەم بېرىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ، «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس، دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشىنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك خىراجىتى ۋە كىچىك ماشىنىلارنى ئاساس قىلىپ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقاتتى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆزلۈكلۈق ئاشلىقى ئۈچۈن بېرىدىغان قەرز پۇلنى تەستىقلانغان، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تارقاتتى، جەمئىي 40 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، شۇ يىلى 30 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ھېسابتا قالغان نامرات دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى بىلەن قوي ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇلنى كەچۈرۈم قىلدى. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ

كېتىپ، كۆپ قەرز بېرىپ، ئاز يىغىۋېلىش ياكى قەرز بېرىپ، قايتۇرۇۋالماسلىق خاھىشى كېلىپ چىقتى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 29 مىڭ يۈەن ئىدى. 1977 ـ يىلى 419 مىڭ يۈەنگە يەتتى (13.4 ھەسسە كۆپەيدى). 1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، يۇقىرىقى خاھىش تۈزىتىلدى.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى كۆپەيدى، يەنى قەرز پۇل ئەسلىدىكى 106 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بېرىلىشتىن، ناھىيە بويىچە ھەممە دېھقانغا بېرىلىدىغان بولدى. قەرز پۇل بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەرگە مەدەت بېرىشكە يۆتكەلدى. بىر يىلدا 526 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىي 1 مىليون 595 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىكى 101 كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلىگە تارقىتىلغىنى 939 مىڭ يۈەن.

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزىلارغا قەرز پۇل تارقىتىش ئەھۋالى

8 ـ قىسىم 17 ـ جەدۋەل  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / سومما / تۈرى | 1981 | | | 1982 | | | 1983 | | | 1984 | | | 1985 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تارقىتىلغىنى | قايتۇرۇلغىنى | قالدۇق | تارقىتىلغىنى | قايتۇرۇلغىنى | قالدۇق | تارقىتىلغىنى | قايتۇرۇلغىنى | قالدۇق | تارقىتىلغىنى | قايتۇرۇلغىنى | قالدۇق | تارقىتىلغىنى | قايتۇرۇلغىنى | قالدۇق |
| جەمئىي | 25.7 | 29.2 | 90.2 | 52.6 | 53.6 | 89.2 | 66.9 | 57.9 | 98.2 | 57.2 | 22.7 | 132.7 | 159.5 | 126 | 166.2 |
| گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 8.7 | 11.1 | 47.2 | 18.4 | 20.2 | 45.4 | 11.8 | 13.2 | 44 | 6.6 | 5.1 | 45.5 | 0.4 | 2.3 | 43.6 |
| گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى | 5 | 5.7 | 27.7 | 17.9 | 14.3 | 31.3 | 14.8 | 12.7 | 33.4 | 0.4 | 5.6 | 28.2 | 0.7 | 9.7 | 19.2 |
| گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلى | | 0.4 | 14.4 | | 2.0 | 12.4 | | 2.6 | 9.8 | | 1.7 | 8.1 | | 1.1 | 7 |
| ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل | 12 | 12 | 0.9 | 16.3 | 17.1 | 0.1 | 11.5 | 11.5 | 0.1 | 4.5 | 2 | 2.6 | 21.1 | 20.5 | 3.2 |
| كوللېكتىپنىڭ باشقا كەسىپلەر ئۈچۈن ئالغان قەرزى | | | | | | | | | | | | | 11.5 | | 11.5 |
| گۇڭشې ئەزالىرى ئالغان قەرز پۇل | | | | | | 5.6 | 2.4 | 3.2 | 1.4 | 3.4 | 1.2 | 1.7 | 1.8 | 1.1 | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇددىتىگەر ئامىللەرنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى | | | | | | 22.6 | 15.5 | 7.1 | 34.3 | 3.9 | 37.5 | 41.7 | 38.8 | 40.4 | |
| مۇددىتىگەر ئامىللەرنىڭ ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇلى | | | | | | 0 | | 0.2 | | 0.2 | | 0.4 | | 0.4 | |
| مۇددىتىگەر ئامىللەرنىڭ چارۋىچىلىققا ئالغان قەرز پۇلى | | | | | | 0.2 | | 0.2 | 1.1 | 0.3 | 1 | 0.2 | 0.4 | 0.8 | |
| مۇددىتىگەر ئامىللەرنىڭ بېلىقچىلىققا ئالغان قەرز پۇلى | | | | | | 0.2 | | 0.2 | | | 0.2 | 0.2 | 0.4 | 0.4 | |
| مۇددىتىگەر ئامىللەرنىڭ باشقا كەسىپلەر ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇلى | | | | | | | | | | 8.9 | 0.5 | 7.4 | 51.4 | 21.2 | 38.6 |

## § 5. خەلق پۇل ئامانىتى

1953 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى كورلا تارماق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تىجارەت ئورنى قۇرۇلۇپ خەلق پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە ئېتىبار بېرىش پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ بىرلىك سوممىسى بەش يۈەن، 15 يۈەن ۋە 20 يۈەندىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى، ئۆسۈمگە ئېتىبار بېرىلدى، يىل ئاخىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل 939 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يەتتى.

1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى نورمال ئىزغا سېلىندى. 1955 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە قەرەلسىز ئامانەت، قەرەللىك ئامانەت، پارچە قويۇپ توپ ئېلىش ئامانىتى، دەسمايىنى ئامانەت قويۇپ، ئۆسۈمىنى ئالىدىغان خەلق پۇل ئامانىتى، سوممىسى بېكىتىلگەن خەلق پۇل ئامانىتى، دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىش خەلق پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت يەتتە خىل پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىش پۇل ئامانىتى بىر ئايلىقتىن قىسقا، بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە، تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىلدى، ئۆسۈمى 4.5‰ دىن 15‰ كىچە بولدى، ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە 6‰ ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى، يەنە ئالتە ئاي ئېشىپ كەتكەنلەرگە 4.5‰ ئۆسۈم قوشۇپ ھېسابلاندى. بۇنداق خەلق پۇل ئامانىتى شۇ يىلى توختىتىلدى.

1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەرەلسىز پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى 5.53% تۆۋەنلىتىلىپ، ئۆسۈم

نىسبىتى 1.8%؛ قەرەللىك پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى 55% تۆۋەنلىتىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتى 4‰ قىلىندى، ئۈچ ئايلىق ۋە توققۇز ئايلىق قەرەللىك پۇل ئامانىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ دەسمايىنى قويۇپ ئۆسۈمىنى ئالىدىغان پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى 55% ۋە پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى 48.2% تۆۋەنلىتىلدى.

1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈشى يەنە بىر قېتىم تۆۋەنلىتىلدى ھەم ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى 100 مىڭدىن بىر، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 200 يۈەن؛ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى 100 مىڭدىن 20، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 20 يۈەن؛ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 100 مىڭدىن 200، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى تۆت يۈەن؛ 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 100 مىڭدىن 2000، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى بىر يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى.

1963 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى بويىچە قويۇلغان پۇلمۇ قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 394 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، خەلق پۇل ئامانىتىگە يامان تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ 1968 - يىلى «18 - فېۋرال ئۇقتۇرۇشى» ئىجرا قىلىنىپ، «ئون خىل ئادەم» نىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلى توڭلىتىپ قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق پۇل ئامانىتى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا خېلى زور تەسىر يەتتى ھەم خاتا ھالدا پۇل ئامانىتى ئۆسۈمى ئېكسپىلاتاتسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىلىپ، «ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش» پرىنسىپى بىكار قىلىنىپ، خەلق پۇل ئامانىتى ئىشلىرى كاشىلىغا ۋە بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق پۇل ئامانىتى سوممىسى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1979- يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، جەمئىيەتتىكى بىكار تۇرغان، تارقاق مەبلەغنى ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆسۈم نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، خەلق پۇل ئامانىتىگە تۈرتكە بولۇندى، بۇنىڭ بىلەن پۇل ئامانەت سوممىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. سىياسەت كەڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تۆت قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، كىرىمى كۆپەيدى. يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن بانكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەدرىجىي ھالدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش يولىغا سېلىندى. مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خىزمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، ئىدارىلەردە خەلق پۇل ئامانىتى ۋەكالەتچىسى قويۇلدى. بانكا خىزمەتچىلىرى يەنە كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئامانەت توپلىدى، نەتىجىدە خەلق پۇل ئامانىتى سوممىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە خەلق پۇل ئامانىتى سوممىسى قالدۇقى 6 مىليون 628 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلارنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى 2 مىليون 614 مىڭ يۈەن، خەلق پۇل ئامانىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 107 يۈەندىن توغرا كەلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان خەلق پۇل ئامانىتى ئەھۋالى**

8 ـ قىسىم 18 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ناھىيە بازىرى | يېزا | جەمئىي | يىللار | ناھىيە بازىرى | يېزا | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 9.4 | | 9.4 | 1970 | 47.3 | 8.6 | 56.2 |
| 1954 | 3.4 | 0.2 | 3.6 | 1971 | 49.7 | 7.1 | 56.8 |
| 1955 | 4.3 | 0.6 | 7.9 | 1972 | 52.2 | 11.7 | 63.9 |
| 1956 | 28.5 | | 28.5 | 1973 | 61.2 | 19.6 | 80.8 |
| 1957 | 37.5 | | 37.5 | 1974 | 85.8 | 18.2 | 104 |
| 1958 | 15.94 | | 15.94 | 1975 | 81 | 19.2 | 100.2 |
| 1959 | 16.9 | 13.1 | 30 | 1976 | 121.3 | 18.2 | 139.5 |
| 1960 | 20.1 | 13.4 | 33.5 | 1977 | 82.1 | 17.3 | 99.5 |
| 1961 | 18.3 | 10.5 | 28.8 | 1978 | 917 | 352.6 | 444.3 |
| 1962 | 17.8 | 10.2 | 28 | 1979 | 101.2 | 386.3 | 487.5 |
| 1963 | 16.1 | 3.8 | 19.9 | 1980 | 130.3 | | 130.3 |
| 1964 | 19.4 | 5.9 | 25.3 | 1981 | 167.8 | 126.8 | 294.6 |
| 1965 | 28.6 | 10.8 | 39.4 | 1982 | 213.8 | 201.9 | 415.7 |
| 1966 | 35.6 | 26.5 | 62.1 | 1983 | 257.7 | 177.2 | 434.9 |
| 1967 | 50 | 18.9 | 68.9 | 1984 | 334.8 | 200.9 | 535.7 |
| 1968 | 44 | 19 | 63 | 1985 | 401.4 | 261.4 | 662.8 |
| 1969 | 45.2 | 15.1 | 60.3 | | | | |

## § 6. زايىوم

### 1. ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلىدىغان جۇڭگو خەلق غالىبىيەت زايىومى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلىدىغان خەلق غالىبىيەت زايىومىنى تارقاتتى، بۇ زايىوم ئۈن، سۇ يېغى، ئاق رەخت ۋە كۆمۈر (ئوتۇن) قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغاچقا، ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلىدىغان زايىوم دەپ ئاتالدى. زايىومنىڭ يىللىق ئۆسۈمى بەش لى بولۇپ، بەش يىلغا بۆلۈپ چەك تارتىش ئۇسۇلى بىلەن دەسمايىسى قايتۇرۇلدى.

### 2. دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايىومى

دۆلىتىمىزنى سانائەتنى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز 1954 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايىومى

تارقاتتى، ئۇنىڭ يىللىق ئۆسۈمى تۆت لى بولدى. 1955 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۆسۈمى بېرىلدى ۋە چەك تارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دەسمايىسى قايتۇرۇلۇشقا باشلاپ، سەككىز يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلدى. بۇ زايوم جەمئىي بەش يىل تارقىتىلدى، كېيىنكى تۆت يىلنىڭ دەسمايىسى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش يىل چەكلىمىسى ئون يىل بولدى. لوپنۇر ناھىيىسىدە 1956 - يىلى 12 مىڭ 800 يۈەنلىك، 1957 - يىلى 13 مىڭ يۈەنلىك، 1958 - يىلى 17 مىڭ 100 يۈەنلىك زايوم تارقىتىلدى.

### 3. دۆلەت خەزىنە چېكى

دۆلىتىمىز 1981 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى خەزىنە چېكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلارغا سېتىلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ، شەخسلەرگە تارقىتىلدى. چەكنىڭ بىرلىكى بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل، يىللىق ئۆسۈمى سەككىز لى بولدى. ناھىيىمىزدىكى كادىر، ئىشچى، دېھقان، چارۋىچىلار ئۇنى قىزغىن سېتىۋالدى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 712 مىڭ 950 يۈەنلىك خەزىنە چېكى سېتىۋېلىندى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 525 مىڭ 300 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 476 مىڭ 200 يۈەن تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار سېتىۋالغىنى 377 مىڭ 800 يۈەن. 1984 - يىلى 374 مىڭ 300 يۈەن خەزىنە چېكى تارقىتىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 383 مىڭ 200 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر سېتىۋالغىنى 377 مىڭ 800 يۈەن. 1985 - يىلى 710 مىڭ 200 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 712 مىڭ 900 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر سېتىۋالغىنى 707 مىڭ 900 يۈەن.

## § 7. سۇغۇرتا

1982 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ پىلان - كرېدىت تارماقلىرى سۇغۇرتا كەسپىنى ۋەكالىتەن بېجىردى. 1985 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق سۇغۇرتا شىركىتى لوپنۇر ناھىيىسىدە 11 -، 12 - ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇردى.

ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاران مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى بېجىرگەنىدى، كېيىن كەسىپ دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى، شەخسلەرنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى (تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، ئۆيئالغۇ قاتارلىقلار)، كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 1 مىليون 109 مىڭ 600 يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3854 يۈەنگە؛ سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 84 كە، سۇغۇرتا سوممىسى 1 مىليون 226 مىڭ 500 يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىڭ 988 يۈەنگە؛ كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم 38 گە، سۇغۇرتا سوممىسى 108 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 548 يۈەنگە يەتتى.

8 ـ قىسىم 19 ـ جەدۋەل

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان سۇغۇرتا كەسپى ئەھۋالى**

| تۈرى / يىللار | سۇغۇرتا تۈرى | سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئەھۋالى: سانى | سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئەھۋالى: سۇغۇرتا سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئەھۋالى: سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى (10 مىڭيۈەن) | تۆلەم تۆلەش ئەھۋالى: سانى | تۆلەم تۆلەش ئەھۋالى: تۆلەم سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | كارخانا مۈلكى | | 459.76 | 0.79 | | |
| | ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى | 11 | 19.65 | 0.31 | | |
| 1983 | كارخانا مۈلكى | | 500.92 | 0.52 | | |
| | ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى | 30 | 29.46 | 0.85 | | |
| | كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى | 52 ئادەم | 19.08 | 0.09 | | |
| 1984 | كارخانا مۈلكى | | 148.34 | 0.38 | | |
| | ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى | 64 | 62.77 | 1.43 | 2 | 0.1 |
| | كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى | 48 ئادەم | 14.40 | 0.08 | | |
| 1985 | كارخانا مۈلكى | | 110.96 | 0.3854 | | |
| | ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى | 84 | 122.65 | 1.7988 | 7 | 9.2 |
| | كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى | 38 ئادەم | 10.80 | 0.0548 | | |
| | ئائىلە مۈلكى | 3 ئائىلە | 0.30 | | | |

# توققۇزىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

# توققۇزىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## I باب

## پىلان باشقۇرۇش

### § 1. ئاپپاراتلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ناھىيىلىك مالىيە-سودا-ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1954 - يىلى ناھىيىلىك پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە ھەمدە ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش، جەملەش ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1962 - يىلى پىلان بۆلۈمى، 1973- يىلى پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى، 1979 - يىلى پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.

### § 2. ۋەزىپىسى ۋە فۇنكسىيىسى

#### 1. پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ھەم ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، يۇقىرى چۈشۈرگەن پىلان ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## 2. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈشنى ئۇيۇشتۇرۇش

دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يىللىق ۋە بەش يىللىق پىلانلىرى تۈزۈلدى. ناھىيىلىك رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش پىلانىنى ۋە 1986 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بۇ ئىشنى پىلانغا ئاساسەن تەدرىجىي تەشكىللەپ يولغا قويدى.

## 3. ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش

ناھىيە بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ۋە مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىدىكى ئادەم، مالىيە ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقى، بولۇپمۇ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج ۋە مالىيە خامچوت كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭلۇڭلۇقى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 4. تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

خامچوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش ھەمدە ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغنى سېلىش، يىللىق مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ۋە تۈرلەر ئومۇمىي كۆلىمىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلدى. شۇنداقلا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە مۇھىم تۈرلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش مۇمكىنچىلىكىنى دەلىللەش ھەمدە لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇش قاتارلىق ھالقىلارنى پىلانلاش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلۇپ، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى توغرا يېتەكلىنىپ، مەبلەغ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

## 5. ئىجتىمائىي ئىستېمال فوندىنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

ئىستېمال قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، ئىستېمال كۆلىمى تىزگىنلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلار بىر قىسىم ئىستېمال فوندىنى ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى قىلىشقا يېتەكلىنىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زاپاس كۈچى كۈچەيتىلدى.

## 6. ئۆچۈر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

ئۆچۈر توپلاش، ساقلاش، رەتلەش؛ ئېلان قىلىش ۋە ھەزىم قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، دائىرە ۋە سىستېما بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆچۈر تورى بەرپا قىلىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەدبىر بەلگىلەش ۋە پىلان تۈزۈش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

## 7. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ياخشىلاش

كارخانىلار رايون، تارماق،ھالقىغان ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ۋە توغرا لىنىيىلىك

ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال تەشكىللەندى ۋە يېتەكلەندى. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى ۋە سىياسىتى مۇھاكىمە قىلىنىپ ۋە تۈزۈپ چىقىلىپ، كارخانىلارغا كۆرۈك بولۇپ بېرىپ، كەسىپلەشكەن ھەمكارلىق سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى.

### 8. ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پىلان باشقۇرۇشمۇ تەدرىجىي ھالدا مىكرولۇق باشقۇرۇشتىن ماكرولۇق باشقۇرۇشقا، قوماندانلىق قىلىش شەكلىدىن مۇلازىمەت قىلىش شەكلىگە ئۆزگەردى.

# II باب

# ستاتىستىكا باشقۇرۇش

## 1 §. ئاپپاراتلار

1954 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بىر خىزمەتچى خادىمى بولغان پىلان ـ ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. كېيىن خىزمەتچى خادىمى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 1962 ـ يىلى سەككىزگە يەتتى. 1962 ـ يىلى ئىككى خىزمەتچى خادىمى بولغان ئايرىم ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1973 ـ يىلى پىلان ـ ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1979 ـ يىلى پىلان كومىتېتى (ستاتىستىكا، مال باھاسى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا توققۇز شتاتقا ئىگە ستاتىستىكا ئىدارىسى قۇرۇلدى. خىزمەتچى خادىمى ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىزگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە يېزىلاردىكى يېزا ـ كەنتلەرگە مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ستاتىستىكا خادىمى قويۇلۇپ ناھىيىنىڭ ستاتىستىكا تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ستاتىستىكا خادىمى 20گە يەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى مەسئۇل ستاتىستىكىچى، ئىككىسى ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكىچى، تۆتى ستاتىستىكىچى.

## 2 §. ستاتىستىكا كەسپى

ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئون كۈنلۈك، ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق ۋە قەرەلسىز مەلۇمات جەدۋەللىرى ئىشلىنىپ، ناھىيە بويىچە يىلدا 500 نەچچە مىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇمات ئىشلىنىپ تۇردى.

## 1. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا

ئۇ ئاساسەن يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش كۆلىمى، ھوسۇل ئېلىنغان كۆلىمى، ھوسۇل توغرىسىدىكى ستاتىستىكا ۋە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشى، يېزىلاردا توك ئىشلىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ستاتىستىكىغا ئوخشاش يېزا ئىگىلىك ستاتىستىكىسى دائىرىسىگە كىرىدىغان ستاتىستىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

## 2. سانائەت توغرىسىدىكى ستاتىستىكا

ئۇ ئاساسەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ساپ مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى، ئاساسىي تېخنىكا - ئىقتىساد كۆرسەتكۈچلىرى، مۇھىم مەھسۇلاتلارنىڭ بىرلىك تەننەرخى ۋە مۇھىم مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1987 - يىلى سانائەتتىن ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆزىتىلدى ۋە ئىگىلەندى. 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ناھىيىدىكى تەلەپتە بەلگىلەنگەن سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش دائىرىسى پىلان، ستاتىستىكا، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، ئەمگەك، ماددىي ئەشيا ۋە مالىيە قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سانائەتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، قۇرۇلمىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى، تېخنىكا ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىگىلەندى.

## 3. ئەمگەك كۈچى ئىش ھەققى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا

ئۇ ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەزگىل ئاخىرىدىكى سانى، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

## 4. سودا توغرىسىدىكى ستاتىستىكا

ئۇ ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى سودا تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىشى، سېتىشى، ساقلىشى، ئومۇمىي قىممىتى ۋە تاۋار مىقدارى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلارنى، ئىستېمال سەۋىيىسى، تاۋار سېتىۋېلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ستاتىستىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماددىي ئەشيا توغرىسىدىكى ستاتىستىكا، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ توغرىسىدىكى ستاتىستىكا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا قاتارلىق سەككىز چوڭ كەسپىي ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## 5. نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈش

لوپنۇر ناھىيىسى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىگە

قاتناشتۇرۇلدى. 1990 ـ يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 76 مىڭ 196 ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، بۇ ۋەزىپە بەلگىلىمە بويىچە ئورۇندالدى. يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈشتە، ئاپتونوم رايون 1985 ـ يىلدىن باشلاپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق 25 ئائىلىــگە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. بۇ ئائىلىلەر تۆت يېزا، بىر بازارغا تارقالغان. ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ۋە جەملەش، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى ھەر يىلى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك ئورۇندىدى.

## § 3. ستاتىستىكا ۋاستىلىرى

1975 ـ يىلدىن بۇرۇن، چوت ئاساس، ھېسابلاش سىزغۇچى قوشۇمچە قىلىنغاتتى. كېيىن قول بىلەن چۆرۈلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسىدىن ئىككىسى سەپلەندى. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ كومپيۇتېر ئىشلىتىلدى. 1979 ـ يىلى فاكسىمىللىق ئاپپاراتتىن بىرى سەپلەندى، 1988 ـ يىلى ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن «M240» تىپلىق مىكرو كومپيۇتېر سەپلەندى. 1989 ـ يىلدىن باشلاپ يىللىق ۋە ئايلىق مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى كومپيۇتېر بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھېساباتى، يېزىلار بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ۋە چارۋىچىلىق ستاتىستىكىسى، سانائەت ئايلىق، پەسىللىك مەلۇماتلىرى، ئەمگەك كۈچى ئىش ھەققى يىللىق مەلۇماتى، سودا يىللىق مەلۇماتى، ئومۇملاشتۇرۇلغان ئايلىق مەلۇمات، كۆپ يىللىق مەلۇمات ھەم يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھېساباتى قاتارلىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى كومپيۇتېر بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

# III باب

# مال باھاسىنى باشقۇرۇش

## § 1. ئاپپاراتلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مال باھاسىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سودا، سانائەت بۆلۈمى باشقۇرۇپ تۇردى. 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا بىر مۇدىرى، ئىككى ئىش بېجىرگۈچىسى بولغان مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدا مال باھاسى كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1967 ـ يىلى مال باھاسى خىزمىتىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت باشقۇردى. 1973 ـ يىلغا كەلگەندە مال باھاسىنى پىلان ـ ستاتىستىكا بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. پىلان ـ ستاتىستىكا بۆلۈمى 1979 ـ يىلى پىلان كومىــــتېتىــــغا

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مال باھاسى خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس بىر ئادەم قويۇلدى. 1981- يىلى مەخسۇس ئادەم ئىككىگە كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك مال باھاسىنى تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم ئۈچكە كۆپەيتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك مال باھاسى ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئىككى شتات بېرىلدى. ئىدارە باشلىقلىقىنى پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۆتىدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك مال باھاسى پونكىتىغا كەسپىي شتاتتىن يەنە ئىككىسى قوشۇپ بېرىلدى. 1987 - يىلى مال باھاسى ئىدارىسىگە بىر مەخسۇس باشلىق قويۇلدى. 1990 - يىلى مال باھاسى ئىدارىسىگە بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى. ئۇ، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدارە، شىركەت، تەمىنات - سودا سىستېمىلىرىغىمۇ مۇناسىپ ھالدا مال باھاسىنى مەخسۇس (قوشۇمچە) باشقۇرىدىغان خادىملار قويۇلدى. 1990 - يىلى ناھىيە مال باھاسىنى مەخسۇس (قوشۇمچە) باشقۇرىدىغان خادىم 15 كە يەتتى.

## § 2. باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كۆپلىگەن تاۋارلارنىڭ باھاسىنى دۆلەت باشقۇردى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن بېكىتىپ بەردى. 1958 - يىلى مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئىسلاھ قىلىنىپ، يەرلىكنىڭ مال باھاسىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى كېڭەيتىلدى، لوپنۇر ناھىيىسى «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە، دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك 1-، 2 - خىل تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققىنى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن باھا بويىچە بەلگىلىدى، 3 - خىل تاۋارنىڭ باھاسىنى كېڭىشىپ بېكىتىشنى يولغا قويدى، خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق 18 خىل تاۋارنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ناھىيە كۆكتات قاتارلىق ئاز بىر قىسىم تاۋارلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق بولدى. باشقا تاۋارلارغا قەتئىي دۆلەت بەلگىلىگەن باھا ئىجرا قىلىندى ھەم قەرەللىك بازارلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىشكە باشلىدى. 1979 - يىلدىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ناھىيىدە ئاشلىق، ياغلىق دان ۋە قوي، كالا، چوشقا گۆشى، تۇخۇم، سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى؛ كۆكتات باھاسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلدى؛ خىمىيۋى تالالىق توقۇلمىلار، سائەت، سولياۋ بۇيۇملار، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش باھاسى چۈشۈرۈلدى؛ پاختا رەخت، تاماكا، ھاراقلارنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى. 1981 - يىل 11 - ئايدا تېرىلېن - پاختا ئارىلاش توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، ساپ پاختا رەختنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، 1 - تۈركۈمدە ئالتە تۈرگە كىرىدىغان 160 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى.

1986 - يىلغا قەدەر جەمئىي 1248 خىل تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا لوپنۇر ناھىيىسى مال باھاسىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن ناھىيە بويىچە

تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تىجارەت خاراكتېرلىكمۇلازىمەت ھەققىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ باشقۇردى. باھا باشقۇرۇشتا دۆلەت باھاسى، دۆلەت يېتەكچى باھاسى ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەلگەن باھادىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل يولغا قويۇلدى. تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەسپىي مەسئۇل تارماقلىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ باھا توغرىسىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى.

## § 3. مال باھاسىنى تەكشۈرۈش

1984 ـ يىلى مال باھاسىنى تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مال باھاسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مال باھاسى تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان ئايرىم ئورۇن، شەخسلەرگە تېگىشلىك ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى.

1985 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە مال باھاسىغا دائىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان دېلودىن 79ى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان ئادەتتىكى قىلمىش 67، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان ئادەتتىكى دېلو يەتتە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان مۇھىم، چوڭ دېلو بەش بولۇپ، ئىقتىسادىي جازاغا دائىر ئومۇمىي سومما 222 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. دېلو سادىر بولۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1985 ـ يىلى ئىككى دېلو سادىر بولغان بولسا، 1990 ـ يىلى سادىر بولغان دېلو 42گە يېتىپ، شىددەت بىلەن كۆپەيدى. مۇھىم، چوڭ دېلولار ئادەتتە1987ـ يىلدىن كېيىن كۆرۈلدى. جەرىمانە ۋە مۇسادىرە سوممىسى 1989 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 118 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، 1990 ـ يىلى 7200 يۈەنگە چۈشتى.

# IV باب

# سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## § 1. ئاپپاراتلار

1950 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1973 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت 1976 ـ يىلى سودا ئىدارىسىگە تەۋە قىلىندى، 1979 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۈلۈقكۆل بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، دۆڭقوتان،

بازاردىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋەكالەت ئورگىنى — سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى ۋە ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرىغا كېسىم قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى خۇسۇسىي سودا-سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى قانۇنلۇق تىجارەتنى قوغداپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەپ، دۆلەت سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىپ، دۆلەت پىلانىنى قوغداپ، ئاكتىپ رول ئوينىدى.

## § 2. بازار باشقۇرۇش

### 1. قەرەللىك بازار سودىسى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز بولغاچقا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1950 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە قەرەللىك سودا بازىرى بەزىدە داۋاملىشىپ، بەزىدە توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇردى. بازارغا كىرگەن ماللارنىڭ تۈرى، سانى ئاز بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، خاتا سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش»، «ھايانكەشلىك»كە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىلىپ، نورمال بازار سودىسى نامۇۋاپىق چەكلەندى ۋە توختىتىلدى. 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى قەرەللىك بازارلاردا ئۇنىۋېرسال سودا كۈندىن-كۈنگە گۈللەندى. 1980 - يىلدىن كېيىن، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «باشقۇرىمەن دەپ تونجۇقتۇرۇپ قويماسلىق، جانلاندۇرىمەن دەپ قالايمىقان قىلىۋەتمەسلىك» پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، يېزا - بازارلاردىكى قەرەللىك بازار سودىسىنى تېز راۋاجلاندۇردى. ناھىيە بازىرىدا ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر كېلىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭدا كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، گۆش، ئاشلىق - ياغ، ئۆي ھايۋانلىرى، قول ھۈنەرۋەنلىك بۇيۇملىرى، ئۇششاق تاۋارلار سودىسى بولۇپ تۇردى. 1985- يىلى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بازار تېخىمۇ جانلىنىپ ۋە ئاۋاتلىشىپ، بازارغا كىرىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرى نەچچە يۈزگە يەتتى. 1985- يىلى بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن ئومۇمىي سومما 1 مىليون 48 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن 5.74% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلىك بۇيۇملىرى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 209 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلدىكىدىن 144.44% ئاشتى؛ كالا، قوي گۆشىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 244 مىڭ 575 جىڭغا يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 220.05% ئاشتى.

1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بازار باشقۇرۇش داۋامىدا، قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان 31 دېلو ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئۇلاردىن 18ى تەربىيە بېرىش، ئۈچى مۇسادىرە قىلىش، توققۇزى جەرىمانە قويۇش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. بىرى ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مۇسادىرە سوممىسى 7966.40 يۈەنگە، جەرىمانە سوممىسى 5336.87 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان توققۇز دېلو ئېنىقلىنىپ، 1976.40 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

## 2. كارخانىلارنى تىزىملاش

لوپنۇر ناھىيىسىدە سودا - سانائەتچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تىزىملاش ۋە ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى 1950 - يىلىلا ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانىدى. 1956 - يىلى جەمئىي 44 سودا - سانائەتچىگە كىنىشكا بېرىلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 44. 1965 - يىلى يەككە سودا - سانائەتچى 19غا، خادىمى 45كە يەتتى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش، ئۇلارغا كىنىشكا بېرىش خىزمىتى توختاپ قالدى.

1980 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش، كىنىشكا بېرىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق 44 سودا - سانائەتچىگە تىجارەت كىنىشكىسى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 29، يەككە سودا - سانائەتچى 15 (سودىگەر بەش، يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىسى يەتتە، قول ھۈنەرۋەن ئۈچ). كېيىن يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە جەمئىي 560 قا، خادىمى 784كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىلەر 88، خادىمى 117، يېزىدىكىلەر 472، خادىمى 667. كەسىپ بويىچە بۆلگەندە، ئۇششاق سانائەتچى ۋە قول ھۈنەرۋەن 135، خادىمى 229، قاتناش - ترانسپورت تىجارەتچىسى 20، خادىمى 29، سودىگەر 249، خادىمى 293، يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىسى 47، خادىمى 80، مۇلازىمەتچى 31، خادىمى 39، رېمونتچى 33، خادىمى 44، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغۇچى 17، خادىمى 191.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىسى 95كە، شۆبە ئاپپاراتى 87گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 36، شۆبە ئاپپارات 46، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى سەككىز، شۆبە ئاپپاراتى 16.

## § 3. توختام باشقۇرۇش

1981 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇرۇش كەسپىنى قانات يايدۇردى. مەخسۇس ئادەم قويۇپ، تەكشۈرۈپ، دەلىللەش، توختام ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش ۋە كېسىم قىلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1982 - يىلى ناھىيىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ھەرخىل ئىقتىسادىي توختامدىن جەمئىي 33نى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 82 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1985 - يىلى ھەرخىل ئىقتىسادىي توختامدىن 23نى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى. ئۇلارنىڭ سوممىسى 2 مىليون 769 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %71.9كە يەتتى.

1985 - يىلى ئېلىم - سېتىم توختىمى ماجىراسىدىن بىرى بىر تەرەپ قىلىنىپ، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى قوغدالدى.

# V باب

# ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، دېھقان، چارۋىچىلار سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن چاي، رەخت، سەرەڭگە قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئاساسەن يۇڭ، تېرە قاتارلىقلارغا تېگىشەتتى، ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئادەتتە مېتىر سىستېمىسىدىكى بىرلىكلەردىن مېتىر، گەز قوللىنىلاتتى. مىقدار ئۆلچەشتە دەن (دادەن 400 جىڭ، دەن 100 جىڭ)، كۈرە (چوڭ كۈرە 40 جىڭ، كىچىك كۈرە 20 جىڭ)، شىڭ (بىر شىڭ تۆت جىڭ) داۋاملىق قوللىنىلدى. دېھقان، چارۋىچىلار ناھىيە بازىرىدا ئىشلىتىۋاتقان كۈرە، دەن، شىڭلارنى ئاساس قىلىپ، ئۆلچەم ئەسۋابىنى ئۆزلىرى تاختايدىن ياسىۋالغاندىن سىرت يەنە چارەكلىك تارازىلارنى (بىر چارەك تەخمىنەن 16 جىڭ) ياساپ ئىشلەتتى. ناھىيە تەۋەسىدە ناھىيە بازىرىدىكى سېتىقچىلار دۆلەت بەلگىلىگەن ياغاچ چوكىلىق جىڭ (16 سەر بىر جىڭ) نى سېتىۋالاتتى. دېھقان، چارۋىچىلار ئىشلىتىدىغان جىڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ناھىيە بازىرىدىكى سېتىقچىلارنىڭ جىڭىنى دوراپ ئۆزلىرى ياسىۋالاتتى. ئالما، ئۆرۈك، جىگدە ياغىچى جىڭ چوكىسى قىلىناتتى. چوكىغا تۇيۇپ بەلگە چىقىرىلاتتى. تاش، ھالقا تۆمۈر جىڭ تېشى قىلىناتتى. ئۇ چاغدا، ئۆلچەمنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە بۇرۇنقى ئۆلچەم ئەسۋابلىرى داۋاملىق ئىشلىتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دەن، كۈرە، شىڭ، چارەكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. لېكىن ئۆلچەم ئەسۋابلىرى بىر ئاز قالايمىقان ئىشلىتىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلچەمگە لايىق كەلمەيتتى.

1979 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پونكىت ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ھەم گىر، ئۇستەل گىرى، ياغاچ چوكىلىق جىڭ، يەرگىرى قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈش، ئاددىي رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1985 - يىلى دۆلەت «ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم قانۇنى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم پونكىتى بۇ قانۇنغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار ئىشلىتىۋاتقان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى نازارەت قىلدى ۋە قەرەللىك تەكشۈردى. ئامما ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆلچەمگە لايىق بولمىغان ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى يىغىۋېلىپ يوقاتتى. بۇندىن باشقا يەنە نازارەت قىلىدىغان ۋە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىدىغان مەخسۇس خادىمدىن تۆتنى يېتىشتۈردى، ئۇلار ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەم جىڭلاپ بېرىپ ئاممىنى قاقتىدىغان قانۇنسىز سېتىقچىلارغا تەنقىدىي تەربىيە بەردى ۋە ئۇلارنى جازالىدى، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى.

ئونىنچى قىسىم

# سىياسىي پارتىيە؛ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

# ئونىنچى قىسىم

# سىياسىي پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

## I باب

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

### §1. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، شۇ يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شى 17 - تۇەنى ئەۋەتكەن مۇئاۋىن سىياسىي رەھبەر ۋاڭ ماۋجيې قاتارلىق بەش كومپارتىيە ئەزاسى لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان سابىق گومىنداڭ ياشلار ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى 75 - تۇەنىنىڭ 2- يىڭى (ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتكە قايتقان 2 -يىڭ دەپ ئاتالغان) نى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېڭىباشتىن تەشكىل قىلدى. 12 - ئايدا 6 - شى پارتكومىنىڭ قارارى بىلەن، ۋاڭ ماۋجيې قاتارلىق بەش پارتىيە ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، ۋاڭ ماۋجيې شۇجىلىققا تەيىنلەندى، پارتىيە ياچېيكىسىغا ياچېيكا ئەزاسى قويۇلمىدى. مانا بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى ئىدى.

1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قاراشەھەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە 2 - جۈن 6 - شى پارتكومى لى جيېمىن باشچىلىقىدىكى سەككىز كىشىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى لوپنۇر ناھىيىسىگە ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ تۆتى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى، ئۇلار قىسىم پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشتى.

1950 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار 2 - جۈن 6 - شى 18 - تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ياڭ خۇەنشىڭنى شۇجىلىققا (قوشۇمچە)، جاڭ يىجىڭنى مۇئاۋىن شۇجىلىققا

تەيىنلەندى. ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھىيە دائىرىسىدە گومىنداڭنىڭ باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى بىتچىت قىلىش كۆرۈشى باشلاندى ھەمدە 1 ـ، 2 ـ رايونلۇق مەھكىمە ۋە رايونلۇق كومىتېت قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ24 ـ كۈنىدىن كېيىن، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئارقا. ئارقىدىن بىر تۈركۈم كادىر ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ سەككىزى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئون ئۇيغۇر كاندىدات كومپارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ رايون 1 ـ يېزىنىڭ بازار كەنتىدىن تۆت كىشى (سىدىق خۇدا بەردى، شاۋۇدۇن باۋۇدۇن، نىياز تېپىلدى، توختىخان ئاپپاق) بار ئىدى.

1950 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدا 1 ـ قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىڭ يىجىڭ خىزمەت كومىتېتىغا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى ھەمدە قارا شەھەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ كومىتېت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپتى، جىڭ يىجىڭ شۇجى، جاڭ فۇيۈ (مۇئاۋىن ھاكىم)، يۈجېنكۈن (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) كومىتېت ئەزاسى بولدى.

1950 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئۈچ رايونلۇق كومىتېت، ئىككى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، پارتىيە ئەزاسى 26گە يەتتى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە يوقسۇلنىڭ يولىيۇرۇقىغا ئاساسەن، يېزىلاردىن ئېگى يوقىرى، ئىدىيىسى ياخشى، خىزمەتتە ئاكتىپ بولغان كەمبەغەل، يالانما دېھقان (چارۋىچى) لار ئارىسىدىكى ئاكتىپلاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، بىرىنىڭ شەرتى توشسا، شۇ بىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىندى. 1952 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېزىلاردا بىرلەشمە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1952 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 47گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر پارتىيە ئەزاسى 18 بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 39.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پارتىيە ياچېيكىسىمۇ تۆتكە يەتتى.

1954 ـ يىلدىن كېيىن كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى ۋە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ھەر قايسى يېزىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1957 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا پارتىيە باش ياچېيكىلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتكومى تۆتكە، پارتىيە باش ياچېيكىسى بىرگە، پارتىيە ياچېيكىسى 19غا، پارتىيە ئەزاسى 237گە يەتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەممە يېزىدا پارتىيە ياچېيكىسى، ھەممە كەنتتە پارتگورۇپپىلار قۇرۇلدى. ناھىيىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە پارتىيە ئەزالىرى بارلىققا كەلدى، پارتىيە ئاممىۋى خىزمەت سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 118گە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 109 غا، سانائەت سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى تۆتكە، باشقا ساھەدىكى پارتىيە ئەزاسى ئالتىگە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 127گە يېتىپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 53.58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە پارتىيىگە يەنە بىر تۈركۈم ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1964 - يىلى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەركىتىدە مەركەزنىڭ «پارتىيە پائال تۈردە يۇقىرى ئۆلچەم، ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» توغرىسىدىكى يولىيورۇقىغا ئاساسەن، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 485كە، ئاساسىي قاتلام پارتكومى ئۈچكە، باش ياچېيكا بىرگە، پارتىيە ياچېيكىسى 33كە يەتتى. يېزىلاردىكى ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى؛ ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىن ئومۇمەن رايون بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئورۇنلار (پارتكومنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دا پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى. شارائىتى يار بەرمىگەن مۇستەقىل بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ بىرلەشمە پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائالىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، ھەر دەرىجىلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت (گۇرۇپپا)» لار پارتىيە، ھۆكۈمەتكە «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش»نى يولغا قويدى ۋە ئۇنى پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ئۈچ ئاساسىي قاتلام پارتكومى، 21 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. پارتىيە ئەزاسى 611 گە يەتتى.

1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە «ئاكتىپ، ئېھتىياتچان بولۇش» فاڭجېنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1977 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 819غا يەتتى. بىراق زىيالىيلار، ياشلار ئارىسىدا پارتىيە ئەزاسى ئاز ئىدى، 1980 - يىلى زىيالىيلاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتكومى ئونغا، پارتىيە ياچېيكىسى 79غا، پارتىيە ئەزاسى 990غا يەتتى. زىيالىي پارتىيە ئەزاسى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ساۋاتسىز پارتىيە ئەزاسى 1976 - يىلدىكى %28تىن 1985 - يىلى %20كە چۈشتى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى**

10 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: رەسمىي پارتىيە ئەزاسى | كاندىدات پارتىيە ئەزاسى | ئۇيغۇر | خەنزۇ | باشقا مىللەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 26 | 16 | 10 | 10 | 16 | |
| 1951 | 39 | 29 | 10 | 20 | 19 | |
| 1952 | 47 | 41 | 6 | 26 | 21 | |
| 1953 | 59 | 45 | 14 | 37 | 22 | |
| 1954 | 64 | 49 | 15 | 45 | 19 | |
| 1955 | 121 | 97 | 24 | 79 | 42 | |
| 1956 | 185 | 159 | 26 | 103 | 82 | |
| 1957 | 237 | 211 | 26 | 127 | 110 | |
| 1958 | 257 | 233 | 24 | 149 | 108 | |
| 1959 | 317 | 237 | 80 | 222 | 95 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 472 | 407 | 65 | 282 | 190 | |
| 1961 | 538 | 503 | 35 | 290 | 248 | |
| 1962 | 538 | 503 | 35 | 290 | 248 | |
| 1963 | 487 | 487 | | 300 | 187 | |
| 1964 | 487 | 487 | | 300 | 187 | |
| 1965 | 479 | 472 | 7 | 307 | 172 | |
| 1966 | 485 | 480 | 5 | 313 | 172 | |
| 1970 | 511 | 511 | | 313 | 198 | |
| 1971 | 559 | 559 | | 344 | 215 | |
| 1972 | 585 | 585 | | 353 | 232 | |
| 1973 | 611 | 611 | | 381 | 230 | |
| 1974 | 652 | 652 | | 422 | 230 | |
| 1975 | 696 | 696 | | 422 | 230 | |
| 1976 | 744 | 744 | | 451 | 293 | |
| 1977 | 819 | 819 | | 498 | 321 | |
| 1978 | 828 | 828 | | 505 | 323 | |
| 1979 | 843 | 843 | | 516 | 326 | 1 |
| 1980 | 907 | 877 | 3 | 546 | 360 | 1 |
| 1981 | 929 | 875 | 54 | 587 | 341 | 1 |
| 1982 | 925 | 893 | 32 | 593 | 331 | 1 |
| 1983 | 938 | 890 | 58 | 610 | 327 | 1 |
| 1984 | 938 | 921 | 17 | 615 | 321 | 2 |
| 1985 | 990 | 932 | 58 | 654 | 334 | 2 |

ئەسكەرتىش: 1967 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە بولغان ماتېرىيال كەم.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تارقىلىش ئەھۋالى**

10 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| يىللار / تۈرى | | جەمئىي | سانائەت | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، ھاۋارايى | سودا، تەمىنات - سودا | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە | پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات | بىناكارلىق، چارلاش | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | سانى | 26 | 1 | 13 | | | | 12 | | |
| | % | 100 | 0.38 | 50 | | | | 46.2 | | |
| 1954 | سانى | 64 | 1 | 11 | | | 3 | 49 | | |
| | % | 100 | 1.6 | 17.2 | | | 4.68 | 76.52 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | سانى | 237 | 4 | 109 | | | | 118 | | 6 |
| | % | 100 | 1.7 | 46.4 | | | | 49.4 | | 2.5 |
| 1960 | سانى | 472 | 18 | 280 | 40 | 14 | 7 | 111 | | 2 |
| | % | 100 | 3.83 | 59.5 | 8.5 | | | | | |
| 1965 | سانى | 479 | 33 | 254 | 33 | 4 | 9 | 142 | | 4 |
| | % | 100 | 6.9 | 53.4 | 6.9 | 0.84 | 1.88 | 29.6 | | 0.84 |
| 1976 | سانى | 744 | 41 | 450 | 62 | 38 | | 153 | | |
| | % | 100 | 5.51 | 60.48 | 8.33 | 5.12 | | 20.56 | | |
| 1978 | سانى | 828 | 42 | 476 | 70 | 24 | | 213 | 3 | |
| | % | 100 | 5.07 | 57.49 | 8.45 | 2.9 | | 25.73 | 0.36 | |
| 1985 | سانى | 990 | 23 | 526 | 78 | 67 | 15 | 262 | 7 | 12 |
| | % | 100 | 2.32 | 53.12 | 7.93 | 6.76 | 1.52 | 26.45 | 0.7 | 1.2 |

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى

10 - قىسىم 3 - جەدۋەل

| يىللار | تۈرى | 1937 — 1945.8 | 1945.9 — 1949.9 | 1949.10 — 1966.4 | 1966.5 — 1976.10 | 1976 — يىلدىن كېيىن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | سانى | 5 | 6 | 15 | | |
| | ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 10 | | |
| 1954 | سانى | 5 | 18 | 41 | | |
| | ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 18 | | |
| 1957 | سانى | 6 | 32 | 199 | | |
| | ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 150 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | سانى | 6 | 28 | 438 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 305 | | |
| 1965 | سانى | 6 | 36 | 437 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 331 | | |
| 1976 | سانى | 4 | 41 | 449 | 250 | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | 2 | 351 | 177 | |
| 1978 | سانى | 3 | 34 | 442 | 293 | 56 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 323 | 214 | 43 |
| 1984 | سانى | 3 | 26 | 381 | 243 | 285 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 296 | 172 | 207 |
| 1985 | سانى | 3 | 29 | 361 | 239 | 358 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 273 | 168 | 256 |

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى

10 ـ قىسىم 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | تۈرى | ئالىي مەكتەپ | تېخنىكۇم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتسىزلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | سانى | | | | 1 | 10 | 15 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | | | | 10 |
| 1954 | سانى | | | 2 | 13 | 32 | 17 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 1 | 12 | 12 | 16 |
| 1957 | سانى | | | 3 | 28 | 131 | 75 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 2 | 24 | 121 | 74 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | سانى | 1 | | 8 | 7 | 225 | 159 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 79 | 73 | 190 | 158 |
| 1965 | سانى | 1 | | 13 | 87 | 181 | 197 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 2 | 29 | 123 | 196 |
| 1976 | سانى | 5 | | 31 | 126 | 196 | 386 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 1 | 9 | 29 | 139 | 385 | |
| 1978 | سانى | 15 | | 61 | 264 | 258 | 230 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 3 | | 41 | 149 | 163 | 224 |
| 1984 | سانى | 25 | 48 | 69 | 302 | 243 | 251 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 12 | 31 | 40 | 212 | 152 | 228 |
| 1985 | سانى | 40 | 102 | 73 | 306 | 262 | 207 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 19 | 65 | 42 | 213 | 171 | 187 |

## § 2. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى

1950 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى كاتىبات ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1952 ـ يىل 1 ـ ئايدا بىرلىكسەپ بۆلۈمى، 1954 ـ يىلى يېزا خىزمىتى بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1953 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، 1956 ـ يىلغا كەلگەندە رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، مالىيە ـ سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1957 ـ يىلى سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1962 ـ يىلى كاتىبات ئىشخانىسى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1965 ـ يىلى مالىيە ـ سودا سىياسىي بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1961 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا دائىمىي كومىتېت ۋە شۇجىچۇ تەسىس قىلىندى، 1962 ـ يىل 9 ـ ئايدا شۇجىچۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1966 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم زەربىگە ئۇچراپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ

قالدى. 1969 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1973 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكومدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى (بۇ بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمىگە قارايدۇ)، سىياسىي قانۇن كومىتېتى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» ئىشخانىسى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمى، ئارخىپ بۆلۈمى (ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا قارايدۇ)، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، ئورگان پارتكومى تەسىس قىلىندى.

## § 3. قۇرۇلتايلار

### 1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1956 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئېچىلىپ، بەش كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 47 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل36، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 11. قۇرۇلتايدا جاڭ فۇيۈ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. چېن فېڭسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1956 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بولغان 12 يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پىلانى» ماقۇللاندى.

ۋەكىللەر ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھەمكارلىق، ئاشلىق خىزمىتى، مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە خىزمەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى. قۇرۇلتايدا 11 ئەزادىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا جاڭ فۇيۈ شۇجىلىققا، چېن فېڭسى 1 - مۇئاۋىن شۇجىلىققا، لۇجيەنشۇن 2 - مۇئاۋىن شۇجىلىققا، مامۇت نىياز 3 - مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

### 2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1961 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئېچىلىپ، 12 كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 150 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 125 (ئۇيغۇر 92، خەنزۇ 33، ئايال 17)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 25.

قۇرۇلتايدا چېن فېڭسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ

خىزمىتىدىن دوكلاتى» بەردى. ئەمەت تۇردى «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1962 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى توغرىسىدا تەكلىپ دوكلاتى» بەردى. ۋەكىللەر بۇ ئىككى دوكلاتنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتتە ئاشلىقنى تۈزتقا قىلىشنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتقا سەل قارىغانلىقى، كوممۇنىزىمغا ئۆتۈشكە ئالدىراپ، مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى چىقارغانلىقى، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويغانلىقى؛ تەشۋىقات خىزمىتى ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانلىقى؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىغا سەل قارىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى.

قۇرۇلتايدا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۈچ قىزىل بايراق (باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسى) نى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئىرىشىپ چوڭراق نىسبەتتە ئاشۇرۇپ، «بىرىنچىدىن نامرات، ئىككىنچىدىن ئاق بولۇش» تەك قىياپەتنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قۇرۇلتايدا 12 يولداشتىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك 2- نۆۋەتلىك رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، شۇجىچۇنىڭ 1 - شۇجىسى، كاندىدات شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. چېن فېڭسى، مامۇت نىياز، مەھەممەت ئەيسا، ۋەنسىلۇ، ئەمەت تۇردى، ليۇچۈەنبىن قاتارلىقلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

چېن فېڭسى شۇجىچۇنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا، مامۇت نىياز، مەھەممەت ئەيسالار شۇجىچۇنىڭ كاندىدات شۇجىلىقىغا سايلاندى.

## 3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1964 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئېچىلىپ، يەتتە كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 90 ۋەكىل قاتناشتى (ئۇيغۇر56، خەنزۇ 34، ئايال 17)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 22.

چېن فېڭسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى، يۇقىرى دولقۇنىنى كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى، ئەمەتخان تۆلەندى «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا، لى جيېمىن «1964- يىللىق خىزمەتلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى» دېگەن تېمىدا، سۈي رېنلۇ «پارتىيىنىڭ رېۋىزىيە خىزمىتى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

ۋەكىللەر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، خىزمەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تەنقىد قىلدى. قۇرۇلتاي «بەشتە ياخشى مۇسابىقە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرەيلى» دەپ قارار چىقاردى.

قۇرۇلتايدا 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر تولۇقلاپ سايلاپ چىقىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار سايلاپ چىقىلدى. چېن فېڭسى، ۋاڭ ۋېنتەن، مەھەممەت ئەيسا، ئەمەتخان تۆلەندى، لى جيېمىن، ۋەن سىلۇ، سۈي رېنلۇلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

چېن فېڭسى شۇجىلىققا، ۋاڭ ۋېنتەن، مەھەممەت ئەيسا مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

## 4. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1973 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 123 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 105 (ئۇيغۇر 72، خەنزۇ 33، ئايال 16)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 18.

قۇرۇلتايدا توختى رەخمەت «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، لۇشيەن كۈرىشىنى تۇتقا قىلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى بويلاپ باتۇرلارچە ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

قۇرۇلتايدا 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار سايلاپ چىقىلدى. يۈجېنكۈن، ليۇمىڭشەن، شۈزۇڭشىن، ئۆتتۈق نىياز، ئەمەتخان تۆلەندى، لى جيېمىنلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا؛ يۈجېنكۈن شۇجىلىققا؛ ليۇمىڭشەن، شۈزۇڭشىن، ئۆتتۈق نىيازلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

## 5. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 5 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن، 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئېچىلىپ، ئالتە كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا 127 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 109 (ئۇيغۇر 71، خەنزۇ 36، خۇيزۇ ئىككى، ئايال 13)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 18.

قۇرۇلتايدا ئۆتتۈق نىياز «پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاسارەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. دوكلاتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى (1973 - يىل 4 - ئايدا ئېچىلغان) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتا نەزەرىيىسى ۋە خاتا ئەمەلىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇردى، ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردىكى يېتەكچى ئىدىيىسى خاتا بولدى»، دەپ كۆرسىتىلدى. دوكلاتتا پارتىيە 4 - قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان خىزمەتلەردىكى

تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئەستايىدىل يەكۈنلەندى، پۈتۈن ناھىيىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدىكى خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، لوپنۇر ناھىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، لوپنۇرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دائىر ستراتېگىيىلىك نىشان، قەدەم باسقۇچ، مۇھىم نۇقتا ۋە مۇھىم تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمەت دوكلاتى بەردى.

قۇرۇلتايدا 16 ئەزا ۋە ئۈچ كاندىدات ئەزادىن تەركىب تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 17 رەسمىي ۋەكىل ۋە ئىككى كاندىدات ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇشۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، شۇجى ۋە مۇئاۋىن شۇجىلار سايلاپ چىقىلدى، ئۆتكۈر نىياز، ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمۇللا، تۇردى تالىش، لوجىڭدۇڭ، مەھەممەت كېرىم، ياڭ جيەنرۇڭلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، ئۆتكۈر نىياز شۇجىلىققا، ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمۇللىلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

هەر نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىرى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى

10 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل

| ئىسىم-فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جىن يىجياڭ | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1950.8—1954.7 |
| جاڭ فۇيۈ | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1956.7—1954.7 |
| چېن فېڭسى | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى شائخې ناھىيىسى | 1958.11—1955.7 |
| چېن فېڭسى | شۇجى (مۇۋەققەت) | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى شائخې ناھىيىسى | 1958.10—1956.6 |
| مامۇت نىياز | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | 1963.12—1956.5 |
| لۇجيەنشۈن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيىسى | 1959.4—1956.5 |
| جاڭ جىنشى | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1961.12—1958.11 |
| لى بىن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېييۈەن ناھىيىسى | 1961.3—1958.11 |
| مەھەممەت ئەيسا | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | 1969.11—1959.5 |
| ۋەن سىلۇ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | جياڭسۇ ئۆلكىسى شېياڭ ناھىيىسى | 1961.12—1960.7 |
| چېن فېڭسى | 1 ـ شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى شائخې ناھىيىسى | 1969—1961.12 |
| جاۋلىشىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى شائخې ناھىيىسى | 1964.1—1962.2 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ ۋېنتەن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى | 1965.12—1962.9 |
| جاڭ گېنماۋ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي ئۆلكىسى چېنشيەن ناھىيىسى | 1969.11—1965.12 |
| يۈجېنكۈن | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1979.9—1973.4 |
| ليۇمىڭشەن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى ۋېينەن ناھىيىسى | 1979.9—1973.4 |
| شۈژۈڭشىن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | سەنشى ئۆلكىسى لىنشەن ناھىيىسى | 1976.5—1973.4 |
| ئۆتۈق نىياز | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | 1980.3—1973.4 |
| ياڭ زوجۇ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېييۈن ناھىيىسى | 1985.3—1979.4 |
| قادىر بارات | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | 1984.5—1979.4 |
| ئۆتۈق نىياز | شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | 1980.3 |
| ياڭ شيەنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1981.5—1980.4 |
| ئابلىتىپ ئاقمۇللا | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسى | —1984.5 |
| ياڭ مىڭچۈەن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | جياڭسۇ ئۆلكىسى تەيشىڭ ناھىيىسى | —1985.5 |

## § 4. تەشۋىقات - تەربىيە

### 1. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى

1950 - يىلى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە ئومۇمەن پارتىيە ئىچىدە ئۆگىنىش، تەربىيە بېرىش، سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ تەربىيە ئېلىش ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە مەكتەپلىرىگە تەربىيىلەشكە، ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى، ئۆگىنىشتە ئومۇمەن ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە دائىر كىلاسسىك ئەسەرلەر، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە تارىخى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىندى، تەربىيىلىنىش دائىرىسى %100كە يەتتى. 1950- يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى 12 كىشى (قېتىم) مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە، 12 كىشى (قېتىم) ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە، 57 كىشى (قېتىم)

ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىگە بىرىپ ئوقىدى.

1956 - يىلى ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى، 1967 - يىلغا كەلگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ مەكتەپ ئوقۇش توختاتتى. پارتىيە مەكتىپى1976- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيۇشتۇرۇلغان 61 قارار ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسى (تەربىيىلەش سىنىپى) ئېچىپ، 3600 كىشى (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. پارتىيە مەكتىپىدە ئاساسەن ناھىيە، گوڭشې (يېزا)، چوڭ ئەترەت (كەنت) دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار تەربىيىلەندى.

## 2. تەشۋىقات خىزمىتى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە، ئاساسەن، ناھىيە، رايون، (يېزا، گوڭشې) لاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى مەسئۇل بولدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىدا تەشۋىقات خىزمىتىگە تەشۋىقات ھەيئىتى مەسئۇل بولدى. پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدە پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما ئوبيېكت قىلىندى.

پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى، ئاساسەن، ھەرخىل يىغىن، ئۆگىنىش كۇرسى، سىملىق رادىئو، گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزور، كىنو، كىتاب، قارا تاختا گېزىتى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ھەر قايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بەلگىلەپ بەرگەن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاساسلىقى، پارتىيە قۇرۇش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، باندىتلارنى تازىلاش، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار سىياسەتلەر ئۆگىنىلگەن ۋە تەشۋىق قىلىنغانىدى.

1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئالىي كوپېراتىپ خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ ۋاقىتتا ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەن ۋە خەلق گوڭشېسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا ۋە ئۈچچىلارغا، ئۈچچىلىق خاھىشلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئالاقىدار سىياسەتلەر نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى.

1960 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» ئۆگىنىلدى؛ ئومۇمىي دائىرىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلىگەندە «يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» («23ماددا») نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى.

1966 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى تەشۋىق قىلىشقا دائىر ھۆججەتلەر، ماتېرىياللار، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز»، «يۈگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» دىگەن ئەسەرلىرى ئۆگىنىلدى.

1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچەئاساسلىقى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشقا دائىر تەشۋىقات-تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىر قاتار مىزان»، «دۆلىتىمىز

قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» ئۆگىنىلدى.

1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئەڭ كۆپ ئېچىلدى، بۇ مەزگىلدە 16 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 963 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى، كۇرسلاردا پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ماتېرىياللار، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى.

## § 5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش

1953 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت كاتىبات ئىشخانىسىلا تەسىس قىلىنغانىدى، 1956 - يىلى رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار قويۇلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، رېۋىزىيە كومىتېتى خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يەنى 1979 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمان بولىدىغان بولدى.

1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بىر پارتىيە ئەزاسىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

1958 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە سولچىللىقنىڭ تەسىرىدە، بىر قاتار مەسىلىلەردە پارتىيە ئەزالىرى نامۇۋاپىق تەنقىد قىلىندى، بىراق مەسىلە بايقالغاندىن كېيىن، دەرھال تۈزىتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەنى 1979 - يىل 9 - ئايدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نورمال خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىللە، دائىملىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى.

1981 - يىلدىن كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش، ئىشچى ۋە كادىر قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1982 - يىلى ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى چىڭ تۇتتى. 1983 - يىلى كادىرلارنىڭ شەخسىي ئۆي سېلىشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى. رايون (ئىدارە) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆي سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئومۇمنىڭ پۇلىنى قەرز ئېلىش ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى. 1985 - يىلى پارتىيىۋىيلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. 1981- يىلدىن 1985 - يىلغىچە خاتالىق ئۆتكۈزگەن 27 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىچىدە چارە كۆردى.

## § 6. بىرلىكسەپ خىزمىتى

### 1. زىيالىيلار خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك پارتكوم كونا جەمئىيەتتىن قالغان زىيالىيلارغا ئىتتىپاقلىشىش، پايدىلىنىش، ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ ۋاقىتتىكى زىيالىيلار (ئەينى ۋاقىتتىكى زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخنىكۆمنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى) مائارىپ ساھەسىدە كۆپرەك ئىدى، ناھىيىلىك پارتكوم يازلىق، قىشلىق تەتىلدە ئۇلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئۇلارغا سىياسىي جەھەتتە قىزغىن ياردەم بەردى، كەسپىي جەھەتتە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. خىزمەتتە ئىشەندى، %70 زىيالىينىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قالدى، ئۇن پىرسەنتتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈردى. 1957 ـ يىلدىن كېيىن «سول» چىل خاتالىقنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قىسىم زىيالىيلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئاقلاندى، كېيىنكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى ھەمدە زىيالىيلار ئارىسىدىن پارتىيىگە پائال تۇردە ئەزا قوبۇل قىلىندى.

### 2. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر خىزمىتى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ئومۇميۈزلۈك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، دۆلەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكى يولىغا قويۇلغاندا، لوپنۇر ناھىيىسى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، ھەركىمنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ، بەزىلىرىنى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، تىككۈچىلىك كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا قويدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئەسلىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر زەربە يېدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خىزمىتى جەريانىدا، ئەسلىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرگە دائىر سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنلەرنىڭ شەھەر نوپۇسى، ئاشلىق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئاقلاندى، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئىش ھەققى تولۇقلاپ بېرىلدى.

### 3. دىنىي زاتلار خىزمىتى

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم سەككىز قېتىم ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. بۇ مۇھىم يىغىنغا دىنىي ساھەدىكى

يۇقىرى قاتلام زاتلاردىن مەلۇم ساندا ۋەكىل قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سەھىيە، قاتناش قاتارلىق خىزمەتلىرى بىرلىكتە مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، ھەرخىل قارار چىقىرىلىپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1954 ـ يىلدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە توققۇز قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ھەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئىچىدە دىنىي زاتلار مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىدى. 1984 ـ يىلى 9 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 134 ۋەكىلى ئىچىدە دىنىي زات ئالتە بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 4.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئاساسلىقى ئىسلام دىنىدىكى كەسپىي دىندارلار بولۇپ، ئۇلار ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە مەسچىتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، دىنىي زاتلارغا ۋە ئاممىغا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسى بېرىپ، دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارنى خاتىرجەم قىلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى يەنە دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارنى ئاپتونوم رايونغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە، ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارغا سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ تۇردى.

## 4. مۇھاجىرلار خىزمىتى

1985 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، لوپنۇر ناھىيىسىدە مۇھاجىر ئائىلىسى 41، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بار ئائىلە 32 ئىكەن. 1981 ـ يىلدىن كېيىن مۇھاجىرلار ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا «باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، ئۇلارغا ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق خادىملارنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ تۇردى. بىرلىكسەپ بۆلۈمى يەنە كۆپ قېتىم مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىللىرىنى ھەرساھە زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بارلارنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى كۆپەيدى، 27 كىشى (قېتىم) چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاشقا چىقتى، مۇھاجىرلار ۋە تەيۋەن، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن 12 ئائىلە، 47 كىشى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلدى.

## 5. ئوڭچىلار مەسىلىسىنى تۈزىتىش

1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتە لوپنۇر ناھىيىسىدىمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكىگە ئوخشاشلا، كۈرەش كېڭەيتىلدى، بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر خاتا ھالدا «ئوڭچى» ۋە «يەرلىك مىللەتچى» قىلىپ قويۇلدى. 1978 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا

ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكومدا ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گورۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى دەپ ئايرىلغان 13 كىشىنىڭ مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، تامامەن خاتا بولۇپ قالغانلىرىنىڭ تولۇق تۈزىتىلدى ھەم سىياسەتكە ئاساسەن، ھەممىسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېشى چوڭىيىپ قالغان، تېنى ئاجىز، ئىشلەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرى پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىقىرىلدى.

# II باب

# گومىنداڭ

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە تەشكىلاتى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گومىنداڭ كورلا ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ تەشۋىقات ۋە تەشكىلات كادىرى ئابدۇرېھىم ئەيسا بۇيرۇققا بىنائەن لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ، پارتىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيە بويىچە 23 كىشى گومىنداڭغا ئەزا بولدى ھەمدە 1 - رايوندا گومىنداڭنىڭ رايونلۇق پىرقىسى، 2 - رايوندا شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى ھەم كورلا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە رەسمىي قۇرۇلدى. ناھىيە ھاكىمى شى يۈجۇ قوشۇمچە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باش شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 1 -، 2 -، 3 - رايونلاردا ئۈچ رايونلۇق پىرقە ۋە ئالتە شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى.

1 - رايون: رايونلۇق پىرقىگە ئوسمانجان سۇلايمان شۇجى بولدى، رايونلۇق پىرقە قارىمىقىدا ئىككى شۆبە رايونلۇق پىرقە تەسىس قىلىندى. 1 - شۆبە رايونلۇق پىرقە ناھىيە بازىرىدىكى ئىككى مەكتەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ليۇجېنجى شۇجى بولدى؛ 2 - شۆبە رايونلۇق پىرقە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج ئىدارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۆبە رايونلۇق پىرقىگە ليۇ فامىلىلىك بىر كىشى شۇجى بولدى (ئىسمى نامەلۇم).

2 - رايون: رايونلۇق پىرقىگە مەھەممەت تۇردى (تىكەنلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى) شۇجى بولدى، رايونلۇق پىرقە قارىمىقىدا ئۈچ شۆبە رايونلۇق پىرقە تەسىس قىلىندى. 1 - شۆبە رايونلۇق پىرقىگە مامۇت ئابلا (تىكەنلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مالىيە بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى) شۇجى بولدى. 2 - شۆبە رايونلۇق پىرقىگە ياڭ فامىلىلىك بىركىشى (تىكەنلىك پەيچۇسوسىنىڭ باشلىقى) شۇجى بولدى. 3 - شۆبە رايونلۇق پىرقىگە يۇسۇپ سابىت (كۆزلەك يېزا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى) شۇجى بولدى.

3 - رايون: رايونلۇق پىرقىگە ھېيت تۇردى (خەنزۇچە ئىسمى ئەي شۆۋېن،

دۇڭقوتان مەكتىپىنىڭ مۇدىرى) شۇجى بولدى ھەمدە شۆبە رايونلۇق پىرقىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.
مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا قۇربان ھاجى گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ مۇۋەققەت باش شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ليۇجىنشەن باش شۇجى بولدى، مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا بېيدىفۇ (ئەسلى ئىسمى غۇلامىدىن) باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ26ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ۋەزىپە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە گومىنداڭ ئەزاسى 120 ئۈچچۆرىسىدە بولدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پىرقە ۋە بارلىق رايونلۇق پىرقە، شۆبە رايونلۇق پىرقىلەر ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

# III باب

# ئامموۋى تەشكىلاتلار

## § 1. ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1980 ـ يىل 5 ـ ئايغا كەلگەندە ئاندىن لوپنۇر ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1982 ـ يىل 5 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ تاكى 1985 ـ يىلغا قەدەر ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ باقمىدى، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كومىتېتى ۋە دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنمىدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم تەيىنلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا 1 ـ قېتىم نىيفۇلىن مۇئاۋىن رەئىس، 2 ـ قېتىم رېن پېيۋېن رەئىس بولدى.
ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتى. ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كارخانىنى، كەسپىي ئىشلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا تەشكىللىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاشقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى قوغداشقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا كۆڭۈل بولدى، ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە ئاپالىيەتلىرى ۋە «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇش

پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

لوپنۇر ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

10 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتلىرىنىڭ سانى | پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ سانى | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | |
| 1982 | 23 | 1249 | 553 | 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان سان سىستېمىلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، 1985 ـ يىلدىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. |
| 1983 | 25 | 1410 | 588 | |
| 1984 | 25 | 1397 | 617 | |
| 1985 | 28 | 1162 | 539 | |

## § 2. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەشكىلاتلىرى

### 1. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

1) تەشكىلىي تەرەققىياتى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ياشلار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. 1952 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە 67 كىشى ئىتتىپاق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، سەككىز ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى (قىسقارتىپ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى دېيىلىدۇ) سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، 1957 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈچكە، ياچېيكا 56گە، ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسى 988 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى 736) گە يەتتى. 1973 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈچكە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 17گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 94كە، ئىتتىپاق ئەزاسى 1279 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1079) غا يەتتى. 1985 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈچكە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 25 كە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى

143كە، ئىتتىپاق ئەزاسى 1848 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1226) گە يەتتى.

لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى
10 ـ قىسىم 7 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى | ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى | ئىتتىپاق ياچېيكىسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | 8 | 67 | 67 |
| 1954 | 3 | | 23 | 232 | 232 |
| 1957 | 3 | | 56 | 988 | 736 |
| 1973 | 3 | 17 | 94 | 1279 | 1079 |
| 1981 | 4 | 20 | 138 | 1492 | 1129 |
| 1984 | 4 | 23 | 139 | 1713 | 1169 |
| 1985 | 3 | 25 | 143 | 1848 | 1226 |

2. ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1955 ـ يىلدىن 1983ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە يەتتە قېتىم ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

1 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ قۇرۇلتاي 1955 ـ يىل12ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 34 ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 29)، بىر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا يېزىلاردا ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىندى، پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەققىدىكى يولىيورۇقى يەتكۈزۈلدى، بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا چېن يەنجىي ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

2 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى بۇ قۇرۇلتاي 1957 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ5ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 45 ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 37)، تۆت ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ۋەكىللەر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ناھىيىنىڭ ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەكۈنلىدى، ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتايدا ۋاڭ يۈەنخۇي ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

3 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى بۇقۇرۇلتاي 1962 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 115 ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 98)، سەككىز ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئوبلاستلىق ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا ليۇچىن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

4 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى    بۇ قۇرۇلتاي 1964 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 85 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 61)، يەتتە ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ۋەكىللەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەت خۇلاسىسىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، 4 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتايدا ليۇچېن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

5 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى    بۇ قۇرۇلتاي 1973 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 99 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 66)، 19 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

6 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى    بۇ قۇرۇلتاي 1979 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 105 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 80)، ئون ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يۈجېنكۇنىڭ دوكلاتىنى ۋە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتايدا نىياز ئابلا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

7 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق ئەزالىرى قۇرۇلتىيى    بۇ قۇرۇلتاي 1983 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 98 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 68)، ئون ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ۋەكىللەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى ياشلار ئارىسىدا يېڭى ئۆزۈن سەپەر زەربىدارلىرىدىن بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، 7 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتايدا مەھەممەت ئەمەت ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، چېن فاڭجۇن مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

### كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىغا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى بولغانلار

10 ـ قىسىم 8 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| چېن، يەنجيې | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | گەنسۇ چىڭياڭدىن | 1954.7 ـ 1956.9 |
| قۇربان مۇسا | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ كورلىدىن | 1956 ـ 1957.7 |
| ۋاڭ يۈەنخۇي | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | گەنسۇ ۋۇشەندىن | 1957.3 ـ 1959.2 |
| ليۇچېن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي باۋدىڭدىن | 1959.1 ـ 1966.3 |
| قادىر نۇردى | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1964.8 ـ 1965 |
| جاڭ شىڭيۈەن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | جىياڭسۇ ۋۇجىياڭدىن | 1966.8 ـ 1971 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| نىياز ئابلا | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1983.1 ـ 1977.1 |
| مەھەممەت ئەمەت | شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1984.11ـ1983.3 |
| چېن فاڭجۇن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي ۋۇجياۋدىن | 1985.7 ـ 1983.3 |
| رىھىم ماموت | مۇئاۋىن شۇجى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1984.9 |

## 2. جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتى

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۇتۇن‌ناھىيىدىكى سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپتە جۇڭگو ئۆسمۈر-باللار ئەترىتى قۇرۇلدى، سەككىز چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى ۋە 257 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو ئۆسمۈر ـ باللار ئەترىتى پىئونېرلار ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى سەككىز چوڭ ئەترەت، 692 پىئونېر بار ئىدى. 1966 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە چوڭ ئەترەت 18 گە؛ پىئونېر 1002گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، پىئونېرلارنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1978 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 24 چوڭ ئەترەت قۇرۇلدى، 2736 كىشى پىئونېرلىققا قوبۇل قىلىندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ ئەترەت 26گە، پىئونېر 3958 گە يەتتى.

## § 3. ئاياللار بىرلەشمىسى

1950 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى گۈلسۈمخان مەنسۇر، توختىخان ئاقمولла، بەختىخان خۇدابەردى، يۈشيۈفېن، زەينەپخان، قۇربانخان تىلەك قاتارلىق ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. گۈلسۈمخان مەنسۇر تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا مۇدىر بولدى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا تۆت مەخسۇس كادىر قويۇلدى. ناھىيىدىكى ئىككى رايوندا ئاياللار بىرلەشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى ھەم ھەر بىرىگە بىردىن مەخسۇس كادىر قويۇلدى.

1954 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە لوپنۇر ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە قۇرۇلتايغا 53 ۋەكىل (1 ـ رايون ۋە ناھىيىلىك ئورگانلاردىن 27 كىشى، 2 ـ رايوندىن 17 كىشى، 3 ـ رايوندىن توققۇز كىشى) سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋەكىل 49 بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 92.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قۇرۇلتايغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ فۇيۈ يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ئۈچ تۈرلۈك قارار ماقۇللاندى: 1) يېزا ـ ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى پائال تەشۋىق قىلىش، ئاياللارنى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا تەشكىللەش؛ 2) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1954-يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، يىل

ئاخىرىدىكى تەقسىماتنى ياخشى ئىشلەش؛ 3) بوۋاقلارنى ئاسراشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، يېزا يەسلىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاياللارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىش ۋە خىزمەت قىلىشتىكى غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش. قۇرۇلتايدا 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، بەختىخان خۇدابەردى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1957 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، لوپنۇر ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1957 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 63 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بەش ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. قۇرۇلتايدا قۇربانخان تىلەك ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1963 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 58 ۋەكىل قاتناشتى، بەش ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. قۇرۇلتاي پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنى «ئۈچ قىزىل بايراق»نى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پائال ئاتلىنىشقا چاقىردى. قۇرۇلتايدا 11 كىشى ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە كىشى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. تۇرسۇنخان بارات ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1973 - يىلى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 91 ۋەكىل قاتناشتى، يەتتە ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۈچ تۈرلۈك قارار ماقۇللىدى. 1) ئەستايىدىللىق بىلەن كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىپ، لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش - ئىستىل تۈزىتىش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىش؛ 2) پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاڭنى ئۆستۈرۈش؛ 3) ئاياللارنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. قۇرۇلتايدا 17 كىشى ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، تۇرسۇنخان بارات يەنە بىر قېتىم ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 76 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە ئاياللار ئارىسىدا «3 - مارت» قىزىل بايراقدارلىرىدىن بولۇش، «بەشتە ياخشى» ئائىلە قۇرۇش، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

قارار ماقۇللىدى. قۇرۇلتايدا 11 كىشى 5 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، زەينەپخان قۇربان ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، شىن گۇييۇن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

لوپنۇر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلار

10 ـ قىسىم 9 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| گۈلسۇمخان مەنسۇر | شىنجاڭ لوپنۇردىن | تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1951 ـ 1954 |
| بەختىخان خۇدابەردى | شىنجاڭ لوپنۇردىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1954.4 ـ 1957.6 |
| قۇربانخان تىلەك | شىنجاڭ لوپنۇردىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1957.6 ـ 1957.7 |
| ماۋاخان ھېيت | شىنجاڭ كورلىدىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1957.8 ـ 1961 |
| تۇرسۇنخان بارات | شىنجاڭ لوپنۇردىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1963.7 ـ 1982.6 |
| ۋاڭ شيۇرۇڭ | شەندۇڭ لىنيىدىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1980.3 ـ 1983.5 |
| شىن گۇييۇن | خېيلۇڭجياڭ شاڭجىدىن | مۇئاۋىن مۇدىر | 1983.5 ـ 1985.5 |
| زەينەپخان قۇربان | شىنجاڭ كورلىدىن | مۇدىر | 1983.5 |

## § 4. دېھقان، چارۋىچىلار تەشكىلاتلىرى

### 1. دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنى 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە تەبىئىي كەنت بىرلىك قىلىنىپ، 21 دېھقان؛ (چارۋىچى) لار ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ دېھقانلار ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. جەمئىيەت ئەزاسى 4947گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ رايوندا توققۇز جەمئىيەت بار بولۇپ، ئەزاسى 2083كە يەتتى؛ 2- رايوندا يەتتە جەمئىيەت بار بولۇپ، ئەزاسى 1864كە يەتتى. 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 1 ـ قېتىملىق دېھقان، (چارۋىچى) لار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 47 دېھقان (چارۋىچى) لار ۋەكىلى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 15 كىشى ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا، جاڭ فۇيۈ جەمئىيەت مۇدىرلىقىغا، ئەمەتخان تۆلەندى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. ناھىيىلىك دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئۈچ قېتىم

دېھقان، (چارۋىچى) لار قورۇلتىيى ئېچىلدى. 1958 - يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقان، (چارۋىچى) لار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

### 2. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

«سىنىپىي قوشۇننى قايتىدىن تەشكىللەش» شوئارى ئاستىدا، 1965 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا 1 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (ئەمگەكچى چارۋىچى) لار قورۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە 60 رەسمىي ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل دېھقان 57 (ئەمگەكچى چارۋىچى 14)، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ئۈچ، ئۇيغۇر 55 (ئومۇمىي ۋەكىلنىڭ 91.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، سىرتتىن قاتنىشىدىغان يەتتە ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. قورۇلتايدا مۇئاۋىن ھاكىم لى جىيمىن «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات» بەردى. ۋەكىللەر «يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» (يەنى 23 ماددا) نى ئەستايىدىل ئۆگەندى. پەرقلىق سان بويىچە سايلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (ئەمگەكچى چارۋىچى) لار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ۋە بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقتى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ۋاڭ ۋېنتەن، ئەمەتخان تۆلەندى، خەلچەمخان، قوۋان كەپە، مەھەممەت تەلەت، بۇللاتايىر، قاسىم قوشۇق، ۋەن سىلۇ، قادىر ئابلا، ھاپىز بارات، مەتمىننىدىن ئىبارەت 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ۋاڭ ۋېنتەن رەئىسلىككە، ئەمەتخان تۆلەندى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ناھىيە بويىچە ئۈچ گوڭشې، ئىككى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (ئەمگەكچى چارۋىچى) لار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەتمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1973 - يىلى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىراق بۇ جەمئىيەت چوڭراق پائالىيەت ئېلىپ بارمىدى. 1984 - يىلى ئاپپاراتلارنى تەڭشەشتە ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.

## § 5. سودا - سانائەتچىلەر تەشكىلاتلىرى

### 1. ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندى. سودا ساھەسىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، قاسىم ئىمىننى تۇنجى نۆۋەتلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)، 2 - رايوننىڭ تىكەنلىكتە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. ھامۇت ھاپىز ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە تەۋەسىدە ئاھالە ئاز ھەم تارقاق ئولتۇراقلاشقان، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەت مالىمان، سودا ئىشلىرى بەك ئاز بولغاچقا، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئېتى ئۇلۇق، سۈپىتى قۇرۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

### 2. ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1951 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، سىدىق خۇدابەردى بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى، لېكىن سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بارمىدى ۋە كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا غايىپ بولدى.

## § 6. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

1962 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەن خىزمىتىگە دائىر ھۆججەتلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات خىزمەت ۋەزىيىتى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئالاقىدار تېخنىكىلىق تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىنغا يېزا، مەيدانلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، تىببىي دورىگەرلىك، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ كەسپىي خادىملىرى قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى، مامۇت نىياز تۇنجى رەئىسلىككە، جى يۇشېڭ، ياڭ زوجۇ، تۇرسۇنخان (قوشۇمچە) مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جەمئىيەت مەخسۇس كەسپىي خىزمەتچىلەر قويۇلمىغانلىقتىن كونكرېت خىزمەت ئىشلىمىدى ھەم شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورگانلارنى ئىخچاملىغاندا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.

1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 64 ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25)، بەش ۋەكىل ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. قۇرۇلتايغا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لياڭ دۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلىتىپ ئاقموللا «جاسارەت بىلەن ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا 32 كىشى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا، 16 كىشى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا؛ ئابلىتىپ ئاقموللا پەخرىي رەئىسلىككە، لياڭدۇ رەئىسلىككە، راخمان جامال، ئەخمەت ئىيسا، لياۋ رۇجيەنلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يېزا، بازار، مەيدانلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىدىن ئونى (شىنپىڭ يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، تارىم يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، دۆڭقوتان يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، ئورۇقچىلىق مەيدانى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، خۇرجا چارۋىچىلىق فېرمىسى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، لوپنۇر بازارلىق

پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، توشقانچىلىق جەمئىيىتى) قۇرۇلدى. 374 كىشى جەمئىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 288 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ناھىيە بويىچە 11 ئىلمىي جەمئىيەت (دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، فىزىكا - خىمىيە جەمئىيىتى، چوت ئىلمىي جەمئىيىتى، مېتېرولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىك جەمئىيىتى، بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى) قۇرۇلدى. 316 كىشى بۇ جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 92 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەشۋىقات جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

ئىلىم ئالماشتۇرۇش جەھەتتە: 1) ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ 2) بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە مالىكۇلا ئىرسىيەتشۇناسلىقى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ 3) داۋالاش ۋە مۇھىت ئاسراش ئىلمىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. 4) دېھقانچىلىق، مېتېرولوگىيە ئىلمىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى، دېھقانچىلىق مېتېرولوگىيىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ زىرائەت تېرىش بويىچە لېكسىيە سىنىپىنى ئاچتى. 5) خەنزۇ تىل - يېزىقى ۋە ئۇيغۇرتىل - يېزىقى كەچكۇرسى ئاچتى. 6) ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ۋە كۆزىتىش تېخنىكىسى بويىچە لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە: 1) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ 2) پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 1190 پارچە ماتېرىيال تارقاتتى. 3) پەن - تېخنىكا فىلىملىرىنى قويدى، قۇرت - قوڭغۇز ئەۋرىشكىلىرىنى يىغدى.

## § 7. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) تىكەنلىك يېزىسىدا لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى ۋە شۇ يەرلىك يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلاردىن بەكرى قارى ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، بىر كىشى كاتىپلىققا قويۇلدى، بىر كىشى مەدەنىيەت - مائارىپقا مەسئۇل قىلىندى. شۇ يىلى 8 - ئايدا قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇرمەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، لوپنۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كېرىم رېھىمنى ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا، مەھەممەت ئېلىنى مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، تىكەنلىك يېزىسىدىكى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دەرىجىسىنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تىكەنلىك شۆبە ئۇيۇشمىسىغا تۆۋەنلەتتى. لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى ۋەمەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) يەنە تەپتىش كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، تۇرسۇن تەپتىش كومىتېتىنىڭ تۇنجى رەئىسلىكىگە، جىنادىن

مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. شۇ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى رەئىسلىككە، مۇئاۋىن باشلىقى مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئۆزگەرتىلدى.

لوپنۇر ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ياقۇپ (ھازىر لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ئىساقنىڭ ئەسلىمە ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە چارۋا ماللىرىنىڭ قولىدا قالغان سانىغا قاراپ سېلىق سېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىنغان، ئۇنىڭ كونكرېت چارىسى مۇنداق بولغان؛ قوي: 40 قويى بارلار بىر قوي چىقارغان، 80 قويى بارلار ئىككى قوي چىقارغان، قويى 100گە يەتكەنلەر يەنە بىرنى چىقارغان، قويى 200گە يەتكەنلەر يەنە ئىككىنى قوشۇپ چىقارغان؛ ئات: ئېتى 15 تىن 100گىچە بولغانلار بىر ئات چىقارغان. ئېتى 100دىن كۆپ بولغانلار ھەر ئارتۇق 100 ئات ئۈچۈن يەنە بىردىن ئات چىقارغان؛ كالا: 20 دىن 100گىچە كالىسى بارلار بىر كالا چىقارغان، 100دىن ئارتۇق كالىسى بارلار ھەر ئارتۇق 50 تۇياق كالا ئۈچۈن يەنە بىردىن كالا چىقارغان؛ دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىغان كۆممىقوناق، بۇغداي، شال، ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن %10لىك نىسبەت بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا سېلىق تاپشۇرغان.

لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ھەمدە بەزى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، مەسىلەن: دارىلئېيتام قۇرۇش، بالا - چاقىسى يوق ياشانغانلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بولغان.

## § 8. ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى

1950 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە «دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش» باش ئۇيۇشمىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى. 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش بويىچە نامايىش ئۇيۇشتۇردى. 5000دىن ئارتۇق كىشى ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ باكتېرىيە قورallىرىنى ئىشلىتىشىگە قارشى تۇردى. 1951 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش شۆبە ئۇيۇشمىسى جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۆبە ئۇيۇشما 25 ئەزادىن تەركىب تاپتى. جاڭ فۇيۈ ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

پۈتۈن ناھىيىدىكى خەلق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ «ئايروپىلان، زەمبىرەك ئىئانە قىلىش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش

توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا) 337 مىليون يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە ناھىيە بويىچە 127 قېتىم ھەرخىل ئاممىۋى يىغىن، تۆت قېتىم دەرت تۆكۈش يىغىنى ئېچىلدى، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار ئارمىيىسىگە 97 پارچە ھال سوراش خېتى يېزىلدى.

## § 9. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارمىقى

1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، جاڭ فۇيۈ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، جىڭ يىجىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، يەنە ئون كىشى كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. تارماق جەمئىيەت كېڭەش ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا مۇستەقىل گۇرۇپپىلارنى ياكى سىستېما بويىچە گۇرۇپپىلارنى قۇرۇشقا، يېزىلاردا مەمۇرىي كەنت بويىچە گۇرۇپپىلارنى قۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 6974 كىشى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. بۇ پۈتۈن ناھىيە نوپۇسىنىڭ 57 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1958 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقانلىقتىن، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارمىقى تارقىلىپ كەتتى.

## ئون بىرىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

# ئون بىرىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## I باب

## خەلق قۇرۇلتىيى

1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. 1954 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە بۇ يىغىن كەينى ـ كەينىدىن سەككىز نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلىشتىن ئىلگىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى مەلۇم دەرىجىدە ھوقۇقلۇق ئورگانىنىڭ رولىنى ئوينىدى.

1954 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلدى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ قۇرۇلتاي جەمئىي توققۇز نۆۋەت («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا ھېساب) چاقىرىلدى. 1954 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ئالتە نۆۋەت خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتى، ئەقچوتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى ھەمدە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنىنى «مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك» ئاساسىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىگىلىدى.

1981 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1985 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىل جەريانىدا، خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئىككى نۆۋەت چاقىرىلدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1981 ـ يىلدىكى ناھىيە، يېزا (بازار) لاردىكى بىۋاسىتە سايلام ۋە 1984 ـ يىلدىكى سايلامغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە باشقا تارماقلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى 13 قېتىم ئاڭلاپ

ۋە قاراپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە مۇناسىپ قارار ۋە بەلگىلىمە چىقاردى، 16 قېتىم تەكشۈرۈش ئۆيۈشتۈرۈپ، تەكشۈرۈلگەن توققۇز ئورۇننىڭ پىكىر - تەلەپلىرىدىن جەمئىي 127 نى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلدى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ 89 تەكلىپىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى 137 خىزمەتچى خادىمنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ئاممىدىن كەلگەن 367 پارچە خەت- چەك ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 278 ئادەم (قېتىم)نى قوبۇل قىلدى.

## § 1. ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

### 1. لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 84 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 61 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 72.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خۇيزۇ ئۈچ (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3.37 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خەنزۇ 15 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 17.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، باشقا ۋەكىللەر بەش، ئايال ۋەكىل 13 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 15.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، (1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى؛ (2) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش مەسىلىسى؛ (3) جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش مەسىلىسى؛ (4) سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى، سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى، تازىلىق ھەيئىتىنى سايلاپ چىقىش مەسىلىلىرى قاراپ چىقىلدى.

ھاكىم جىڭ يىجىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىندا 32 ۋەكىل جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش مەسىلىسى، ئىجارە ھەققىنى، ئۆسۈمنى كېمەيتىش مەسىلىسى، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى مەسىلىسى، ئاياللار مەسىلىسى، تازىلىق مەسىلىسى، باغ-جيا تۇزۇمىنى يوقىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. يىغىندا، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان يەتتە مەسىلە توغرىسىدا مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى، جىڭ يىجىڭ مۇدىر، لى جيېمىن، شاۋۇدۇن باۋۇدۇنلار مۇئاۋىن مۇدىر بولغان سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى، ۋاڭ گوزو، يى دېڧۇلار رەھبەرلىكىدىكى تازىلىق ھەيئىتى، غوپۇر ياقۇپ رەھبەرلىكىدىكى سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى قۇرۇلدى.

### 2. لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا چاقىرىلدى، يىغىن يەتتە كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا 150 ۋەكىل قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 129 ۋەكىل

قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 114، خۇيزۇ ئۈچ، خەنزۇ 12، ئايال ۋەكىل 19.

يىغىندا ھاكىم غوپۇر ياقۇپ سەككىز ئايلىق ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. جاڭ فۇيۈ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات بەردى، جىڭ يىجىڭ كۆزلۈك غەللە - پاراق ئېلىش ۋەزىپىسىنى يەتكۈزدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، شۇ يىلدىكى كۆزلۈك غەللە - پاراق ئېلىشنى مەركەز قىلىپ، كېيىنكى يېرىم يىلدىكى تورلۇك قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىگە بىرلەشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىش، كۆزلۈك غەللە - پاراق ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ھەققىدە ھەر تەرەپلىمە قارار چىقاردى.

يىغىندا غوپۇر ياقۇپ، جاڭ فۇيۈ قاتارلىق 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

## 3. لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 96 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 93 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 96.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 15 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 15.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، 1950 - يىلدىكى كۆزلۈك غەللە - پاراق ئېلىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە تەكشۈرۈلدى، 1951 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەسكەر ئېلىش ۋە ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇش خىزمىتى يەتكۈزۈلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

يىغىندا جىڭ يىجىڭ يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، جاڭ فۇيۈ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن خۇلاسە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

يىغىندا 15 كىشى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، جىڭ يىجىڭ، جاڭ فۇيۈ، يۇجېنكۇن، غوپۇر ياقۇپ، مۇسا تۆمۈردىن ئىبارەت بەش كىشى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، جىڭ يىجىڭ رەئىسلىككە، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

يىغىندا يەنە 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. جىڭ يىجىڭ مۇدىرلىققا، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

## 4. لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1951 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 88 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 74 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 84 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 17 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 19.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، 1951 - يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى خۇلاسىلەندى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى

تۇرۇش نىزامى» ئۆگىنىلدى؛ 1951 - يىلدىكى كۈزلۈك ئاشلىق - پاراق ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇق يەتكۈزۈلدى؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تارماق (شۆبە) ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ۋە «ئايروپىلان، زەمبىرەك ئىئانە قىلىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ خەلق سوت كوللېگىيىسىنى تەشكىللەش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ يېزىلاردىكى قورال - ياراغلارنى يىغىۋېلىش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى.

جىلىڭ يىجىلىڭ يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، يىغىندا جاڭ فۇيۈ «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1951 - يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى خۇلاسىلەش ۋە 1951- يىلدىكى كۈزلۈك غەللە- پاراق ئېلىش ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈش» ھەققىدە دوكلات بەردى.

يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىسىدا مۇناسىۋەتلىك قارارلار چىقىرىلدى.

## 5. لوپنۇر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 102 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 87 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 85.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 20 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 19.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، 4 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى ۋە تەكشۈرۈلدى؛ 1952 - يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ شەھەر - يېزىلاردا «ئۆچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق جەمئىيىتى قۇرۇلدى؛ ناھىيىلىك خەلق كوپېراتىپى تەشكىللەندى؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاڭ فۇيۈ يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، جىلىڭ يىجىلىڭ «4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى» ھەققىدە دوكلات بەردى، جاڭ فۇيۈ «1952 - يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغاش ھەققىدە» ۋە «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى» توغرىسىدا دوكلات بەردى. ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۈچ دوكلاتقا بىردەك قوشۇلدى ھەمدە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا قارار چىقاردى؛ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى قاراشەھەر ۋىلايىتى لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى، جاڭ فۇيۈنى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، جىلىڭ يىجىڭنى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، ئون كىشىنى مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلىدى، 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك كوپېراتىپقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، جىلىڭ يىجىلىڭ تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

## 6. لوپنۇر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1952 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 95 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 93 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 97.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 18 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 18.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى، 1952 - يىللىق دېھقانچىلىق بېجىنى مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىش سىياسىتى يەتكۈزۈلدى.

جىڭ يىجىڭ يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. جاڭ فۇيۈ «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1952 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى»، جىڭ يىجىڭ «يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى ھەققىدە دوكلات» بەردى، يىغىندا يەنە 47 ۋەكىل پىكىر بايان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ھۆكۈمىتى 1 - رايون 1 - يېزىدىكى يامانخوۋا كەنتى (يەنى ھازىرقى ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى) نى يەرئىسلاھاتىنى سىناق قىلىدىغان كەنت قىلىپ بەلگىلىدى.

## 7. لوپنۇر ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1953 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 74 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 63 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 85.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 14 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا، ئاساسلىقى، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ «ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ 1953 - يىلدىكى فاڭجېن، ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا» دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك قارارلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى. ئوسمان ياقۇپ ھاكىملىققا، جاڭ فۇيۈ، ئەمەت تۇردى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

## 8. لوپنۇر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1953 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 81 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 63 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 77.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 13 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈنىڭ «ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى» ھەققىدىكى دوكلاتى ۋە ھاكىم ئوسمان ياقۇپ بەرگەن «ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك خەلق

ھۆكۈمىتى بىرلەشمە كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ئومۇمىي سايلام خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا» دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى.

ۋەكىللەر 7 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدىن بۇيانقى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشنى بىردەك ھىمايە قىلدى.

## § 2. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

### 1. لوپنۇر ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. قۇرۇلتايغا ناھىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىن بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان جەمئىي 56 ۋەكىل سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 52 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 92.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خۇيزۇ بىر، قازاق بىر، خەنزۇ ئىككى، ئايال ۋەكىل سەككىز (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 14.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

قۇرۇلتايدا، ئاساسلىقى، دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىكى نەتىجىلەر ۋە كەمچىلىكلەر تەكشۈرۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى؛ 1954 ـ يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ماقۇللاندى؛ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەن ۋە باش ۋەزىپە ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى؛ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاندى.

جاڭ فۇيۈ قۇرۇلتايدا ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ھاكىم ئوسمان ياقۇپ «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى ۋە 1954 ـ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جىلڭ يىجىڭ «ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەن ۋە ۋەزىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرى ۋە 1954 ـ يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە سۇچىلىق خىزمىتى جەھەتتە مۇناسىپ قارارلار چىقىرىلدى.

قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ساۋاتسىز بولغاچقا، نامزاتلار ئالدىغا قويۇلغان چىنىگە كۆممىقوناق تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن 13 ھۆكۈمەت ئەزاسى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ئۈچ ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. ئوسمان ياقۇپ لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، جاڭ فۇيۈ مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ گوجىنتىڭ (كورلا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)، ئىبراھىم، ئوسمان ياقۇپلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلاندى.

لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى 1954 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا ئەسلى 56 ۋەكىل قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، بىراق 11 ۋەكىل كېسەل بولۇپ قالغاچقا ۋە سىرتقا كەتكەچكە يىغىنغا قاتنىشالمىدى، يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى. مۇئاۋىن ھاكىم ئەمەت

تۇردى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدىن بۇيانقى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ فۇيۈ 1954- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى سېتىش - سېتىۋېلىش خىزمىتى ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە چىقاردى، كېيىنكى يېرىم يىللىق سېتىۋېلىش، غەللە - پاراق ئېلىش، يېزا ئىگىلىك قاتارلىقلارغا دائىر خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ ھاكىم ئوسمان ياقۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بىيۇروسىنىڭ 2 - قېتىملىق چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 55 ۋەكىل قاتناشتى (كېسەل سەۋەبلىك ۋە ئىشى چىقىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن 14 ۋەكىل يىغىنغا قاتنىشالمىدى). يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ فۇيۈ «ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا، ھاكىم ئوسمان ياقۇپ «1955 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىن ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى 2 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىشنى مەركەز قىلغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش؛ 1955 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياغلىق زىرائەت، قارا ئاشلىق ۋە كېۋەز قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش؛ بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا يازلىق ئوت - چۆپ ئوتاشنى ياخشى ئىشلەش؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆتكەن يىلى ئوتلاقلارنى تەڭشەشتە قېلىپ قالغان مەسىلىلەرنى داۋاملىق بىر تەرەپ قىلىش؛ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 80 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىش ۋە 50 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈرۈش، كىچىك سۇ ئىنشائاتلىرىنى داۋاملىق ياساش، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، چۆنەكلەپ سۇغىرىشنى كېڭەيتىشنى نۇقتىلىق سىناق قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا ئەسلى 55 ۋەكىل قاتناشماقچى ئىدى، 15 ۋەكىل كېسەل بولۇپ قالغاچقا ۋە سىرتقا كەتكەچكە يىغىنغا قاتنىشالمىدى، يىغىنغا 40 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا 3 - قېتىملىق يىغىندىن بۇيانقى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 4 - پەسىلدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش مەسىلىسىگە دائىر سۆزلىگەن سۆزى ھەمدە پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى سىنىپىي سىياسىتى يەتكۈزۈلدى؛ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلاپ سايلاندى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سايلاندى.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى 1956 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 43 ۋەكىل قاتناشتى (كېسەل سەۋەبىدىن 13 كىشى قاتنىشالمىدى). يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ

خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 1956 ـ يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ھەر قايسى رايون، يېزىلاردىن كەلگەن ھەر قاتلام ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 64 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى.

## 2. لوپنۇر ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1956 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋاملاشتى، ھەر قايسى رايون، يېزىلاردىن جەمئىي 53 ۋەكىل سايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 48 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 90.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خۇيزۇ بىر، قازاق بىر، خەنزۇ ئۈچ.

ئەمەت تۇردى قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مۇئاۋىن ھاكىم بەختىخان خۇدابەردى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، مەھەممەت ئەيسا سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلتايدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، ۋاڭ جۇنخې، چياۋيۇچاڭ، بەختىخان خۇدابەردىلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا، مەھەممەت ئەيسا لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

## 3. لوپنۇر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋام قىلدى. ئەسلىدە قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل 52 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 48پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل توققۇز (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 17.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ). كېسەل بولۇپ ۋە ئىشى چىقىپ قالغانلىقتىن 16 ۋەكىل رۇخسەت سورىدى، قۇرۇلتايغا 42 ۋەكىل قاتناشتى.

چېن فېڭشى قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مۇئاۋىن ھاكىم چياۋ يۇچاڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى، 1958 ـ يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ مۇئاۋىن ھاكىم بەختىخان خۇدابەردى مالىيە خام چوتى ۋە نەقچوتى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ مەھەممەت ئەيسا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلتايدا 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ئەمەتخان تۆلەندى ھاكىملىققا، چياۋيۇچاڭ، بەختىخان خۇدابەردى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، مەھەممەت ئەيسا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى 1960 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. ئەسلىدە بۇ يىغىنغا 58 ۋەكىل قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 39 كىشى قاتناشتى. مامۇت نىياز يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مۇئاۋىن ھاكىم چياۋيۇچاڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ ھاكىم ئەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى ۋە 1960 ـ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە دوكلات بەردى. ۋەكىللەر ناھىيە بويىچە پارتىيە

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى»نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش، ئالدى بىلەن ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەتتە پولاتنى تۇتقا قىلىش، يېزا ئىگىلىكىدە ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش، ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى.

## 4. لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 73 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 41 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 56.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ). خەنزۇ 31 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 43 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خۇيزۇ بىر (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ). ئايال ۋەكىل 14 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، كېسەل بولۇپ ۋە ئىشى چىقىپ قالغانلىقتىن 23 ۋەكىل رۇخسەت سورىدى، قۇرۇلتايغا 50 ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى؛ 1960 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1961 - يىللىق مالىيە خام چوتى قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق قەھرىمانلار ئۆچرىشىش يىغىنى روھىنىڭ يەتكۈزۈلمىسى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ فويۈ قۇرۇلتايغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

قۇرۇلتايدا 16 ئەزادىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، ليۇچۇەنبىن، رېھىم ئىمامقۇلى، تۇرسۇنخان قاسىم، شەن يۈلىيەنلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 56 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى؛ مالىيە نەقچوتى ۋە خام چوتى ھەققىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى؛ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە تەستىقلاندى؛ ناھىيىدىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر تولۇقلاپ سايلاندى؛ 1962 - يىللىق تۆرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرى تۈزۈلدى.

## 5. لوپنۇر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1963 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي سەككىز كۈن داۋاملاشتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 85 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 61 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 71.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 16 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 18.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، قۇرۇلتايغا 69 ۋەكىل قاتناشتى.

چېن فېڭىسى قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى ھەمدە 1963 - يىللىق سايلام خىزمىتى ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەردى، ھاكىم ئەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ

خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، مۇئاۋىن ھاكىم لى جىيېمىن مالىيە خام چوتى، نەقچوتى ھەققىدە ۋە ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېرىلگەن تەكلىپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەردى، توختى ھاشىم خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيىدىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. ئەمەت تۇردى ھاكىملىققا، لى جىيېمىن، تۇرسۇنخان قاسىم مۇئاۋىن ھاكىملىققا، توختى ھاشىم ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 72 ۋەكىل قاتناشتى. مامۇت نىياز يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، ھاكىم ئەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ لى جىيېمىن 1963 - يىللىق مالىيە نەقچوتى، 1964- يىللىق مالىيە خام چوتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە دوكلات بەردى، يىغىندا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يېزا ئىگىلىكىنى مەركەز قىلىش، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، مەزكۇر ناھىيىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە رېمونت قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بىر پارتىيە، بىر داھى، بىر ۋەتەن بولۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئالاھىدە تەكىتلەندى.

## 6. لوپنۇر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1965 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 73 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 46 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئايال ۋەكىل 16 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 21.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

چېن فېگىي قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، ھاكىم ئەمەتخان تۆلەندى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ مۇئاۋىن ھاكىم تۇرسۇنخان قاسىم 1964 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1965 - يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ جۇڭچېن ئاساسىي قاتلامدىكى سايلام خىزمىتى ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ مەتىمىن تۇردى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، قاتناش - ترانسپورت، خەلق ئىشلىرى، ئاشلىق قاتارلىق ئىشلىرىغا دائىر 94 تەكلىپ بەردى.

قۇرۇلتايدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن 17 يولداش ناھىيىدىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلاندى، 18 ئەزادىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئەمەتخان تۆلەندى ھاكىملىققا، لى جىيېمىن، ۋاڭ جۇڭچېنلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1966 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن

23 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 51 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 14 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ئەمەتخان تۆلەندى يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى؛ مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ جۇڭچېن 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ۋەن سىلۇ 1965 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1966 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

## 7. لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى

1966 ـ يىل 6 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ ئون يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن» ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت بەلگىلىمە بويىچە بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق ھۆكۈمىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ھېساب بولدى.

## 8. لوپنۇر ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋاملاشتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 141 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 88 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 62.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خۇيزۇ بىر، خەنزۇ 52، ئايال ۋەكىل 35 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 24.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ). كېسەل بولۇپ ۋە ئىشى چىقىپ قالغانلىقتىن تۆت ۋەكىل رۇخسەت سورىدى، قۇرۇلتايغا 137 ۋەكىل قاتناشتى.

ياڭ شيەنجياڭ قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، ئۆتۈق نىياز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، جاڭ يى 1980 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1981 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى، ئوسمان تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن، تۇردى ئابلا خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

ۋەكىللەر قۇرۇلتايدا سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئامانلىق ساقلاش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا دائىر جەمئىي 455 تەكلىپ بەردى.

قۇرۇلتايدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىپ، ئارتۇق نامزات بىلەن سايلاش شەكلى قوللىنىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار، ناھىيىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ۋە ناھىيىدىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. تۇردى تالىش لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ليۇزېڭرۇڭ، ليۇجاۋۋېي، ئوسمان قادىر، ئىسمائىل سەپەرلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

قۇرۇلتايدا ئوسمان تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، تۇردى ئابلا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ئۆتۈق نىياز، قادىر بارات، تۇردى تالىش قاتارلىق 35 كىشى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 112 ۋەكىل قاتناشتى. قادىر بارات يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مۇئاۋىن ھاكىم ئوسمان قادىر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، ليۇزېڭرۇڭ 1981 - يىللىق مالىيە ئەقچوتى ۋە1982- يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى، قادىر بارات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ھەققىدە دوكلات بەردى، ئوسمان تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن، تۇردى ئابلا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. يىغىندا يۇقىرىدىكى دوكلاتلار ماقۇللاندى.

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى 1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 129 ۋەكىل قاتناشتى. ھاكىم تۇردى تالىش ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، ليۇزېڭرۇڭ 1982 - يىللىق مالىيە ئەقچوتى ۋە 1983 - يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى، ئوسمان تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن، تۇردى ئابلا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، قادىر بارات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ھەققىدە دوكلات بەردى.

## 9. لوپنۇر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتاي بەش كۈن داۋاملاشتى. ناھىيە بويىچە ھەر مىللەتتىن جەمئىي 135 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 84 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 62.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، خەنزۇ 48، خۇيزۇ ئۈچ، ئايال ۋەكىل 31 (ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 22.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ).

ياڭ زوجۇ قۇرۇلتاينى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، تۇردى تالىش خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە دوكلات بەردى، قادىر بارات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ ليۇزېڭرۇڭ 1983 - يىللىق مالىيە ئەقچوتى ۋە 1984 - يىللىق مالىيە خام چوتى ھەققىدە دوكلات بەردى؛ ئوسمان تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن، تۇردى ئابلا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىقلارغا ئائىت 185 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى.

قۇرۇلتايدا مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر سايلاپ چىقىلدى، تۇردى تالىش ھاكىملىققا، فېي ۋېنلۇڭ، مەھەممەت ئەمەت، چېن پېڭفېيلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئوسمان تۇردى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، تۇردى ئابلا خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1986 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىندا تۇردى تالىشنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، فېي ۋېنلۇڭنىڭ مالىيە خام چوتى ۋە

نەقچوتىدىن بەرگەن دوكلاتى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى 1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئىككى كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك ۋەكىل 132 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 94 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا تۆردى تالىش 6 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ۋە 7 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا دوكلات بەردى؛ فېي ۋېنلۇڭ 1985 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1986 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدا دوكلات بەردى؛ قادىر بارات خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى؛ ئوسمان تۆردى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن، تۆردى ئابلا خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

## § 3. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنمىغانىدى، 1981 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىندى. 1981 - يىل 11 - ئايدا ئىشخانا قۇرۇلدى، ئىشخانا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

### 1. ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، دائىمىي كومىتېت 13 كىشىدىن تەركىب تاپتى. قادىر بارات مۇدىر، ليۇجىيىڭ، ئەيسا قۇربان، ئەمەتخان تۆلەندى، مەھەممەت يۈسۈپلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

### 2. ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا سايلاپ چىقىلدى، قادىر بارات مۇدىرلىققا، ليۇجىيىڭ، ئەيسا قۇربان، ليۇجاۋۋېي، ئوسمان قادىرلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

# باب II

# مەمۇرىي ئاپپاراتلار

لوپنۇر ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) قۇرۇلغاندىن تارتىپ، چىڭ سۇلالىسى، جۇڭخۇا مىنگو ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت تارىخىي

دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈردى.

## § 1. ناھىيىلىك يامۇل، ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

### 1. ناھىيىلىك يامۇل

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) قاراقۇمدا شىنپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك يامۇلدا ئامبال، پاششاپەگ، مىڭبېشى، ياردەمچى ئامبال، كېيىنچە بارگاھبېگى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. شىنپىڭ ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە بولغان قاراشەھەر مەھكىمىسىگە قارايتتى.

### 2. ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) ناھىيىلىك يامۇل قاراقۇمدىن كونا يامۇلنىڭ 13 چاقىرىم جەنۇبىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كۆچۈرۈلدى. ناھىيە نامى يۈنئەن ئۆلكىسىنىڭ شىنپىڭ ناھىيىسى بىلەن ئىسمداش بولۇپ قالغاچقا، لوپنۇر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھىيىلىك يامۇلمۇ ناھىيىلىك مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك مەھكىمىدە ئامبال تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) ناھىيىلىك مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، قورۇلۇش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، ساقچى ئىدارىسى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، بۆلاردىن باشقا، يەنە بوغالتىر، ئامبار تەسىس قىلىندى. بەزىدە بۆلارنىڭ ئاتىلىشىدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي فۇنكسىيىسى ئۆزگەرمەي تاكى مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر داۋام قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى لوپنۇر (شىنپىڭ) ناھىيىسىنىڭ ئامبال، ھاكىملىرى**

11 ـ قىسىم 1 ـ جەدۋەل

| ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى | ۋەزىپىسىدىن بوشاتقان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | چېن يەنسەن | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | ليۇگوجى | گۇاڭشۇ 27 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | تاڭ نيەنسى | گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | شياچاۋشۇەن | گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | جاڭ شۈمىڭ | گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | گەن شياڭچيەن | گۇاڭشۇ 31 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | جۇفاڭشۇ | گۇاڭشۇ 32 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى | |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | ليۇگۇاڭچېن | | مىنگونىڭ 1 ـ يىلى11ـ ئاي |
| شىنپىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | خەن يۈشۇ | مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 11ـ ئاي | مىنگونىڭ 4 ـ يىلمۇ ۋەزىپىدە ئۆلتۈردى |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | جاڭ شىشۇ | مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 3 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) | مىنگونىڭ 4 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | لياۋجىنخۇاڭ | مىنگونىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) (مىنگونىڭ4ـ يىلى 12 ـ ئاي) | مىنگونىڭ 6 ـ يىلى4ـ ئاي (مىنگونىڭ 6ـ يىلى4 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى) |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | خەن يۈشۇ | مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى | |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | بى گۈيىيۇ | مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 5 ـ ئاي (مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) (مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) | مىنگونىڭ 7 ـ يىلى4ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | لى نىڭ | مىنگونىڭ 7 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى | |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | تۇگوڭچيۇ | مىنگونىڭ 7 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى | |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | ئەي شۆشۇ | مىنگونىڭ 9 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 8 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) | مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | سۇچۇنبو | مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | سۇڭ × | | مىنگونىڭ 13 - يىلى 4 - ئايدىمۇ ۋەزىپىدە ئولتۇردى |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى. | خۇاڭ يۈەنپېڭ | | مىنگونىڭ 16 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى |
| لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى | بىڭ جاۋ | مىنگونىڭ 16 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | |
| مۇۋەققەت ھاكىم | جياڭ گۇاڭيۇ | مىنگونىڭ 19 - يىلى | |
| ھاكىم | ئىسمائىل | مىنگونىڭ 21 - يىلى | |
| ھاكىم | تيەن يىڭكۈي | | |
| ھاكىم | گاۋۋېيزۇ | مىنگونىڭ 23 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى | |
| ھاكىم | ياقۇپ | مىنگونىڭ 23 - يىلى | |
| ھاكىم | ۋېن دېڭشياڭ | مىنگونىڭ 25 - يىلى | |
| ھاكىم | ئىبراھىم | مىنگونىڭ 24 - يىلى | |
| ھاكىم | جالىلوق | مىنگونىڭ 26 - يىلى | |
| ھاكىم | جۇشياڭخەن | مىنگونىڭ 28 - يىلى | |
| ھاكىم | ماجى | مىنگونىڭ 29 - يىلى | |
| ھاكىم | ئالىپشاھ | مىنگونىڭ 30 - يىلى | |
| ھاكىم | مامۇت | مىنگونىڭ 30 - يىلى | |
| مۇئاۋىن ھاكىم | لى شۇگۈي | مىنگونىڭ 30 - يىلى 8 - ئاي | |
| ھاكىم | مامۇت | مىنگونىڭ 30 - يىلى | |
| ھاكىم | چېن خۇڭمو | مىنگونىڭ 32 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى | مىنگونىڭ 34 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى |
| مۇئاۋىن ھاكىم | خۇبىنچېڭ | مىنگونىڭ 32 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى | |
| ھاكىم | شى ياۋجۇ | مىنگونىڭ 34 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | مىنگونىڭ 35 - يىلى 1 - ئاي |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھاكىم | خې رېنشۇ | مىنگونىڭ 34 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى | |
| ھاكىم | ياڭ پۇ | مىنگونىڭ 34 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى (مىنگونىڭ 35 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) | |
| ھاكىم | ئىمىن | مىنگونىڭ 35 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى (مىنگونىڭ 35 - يىلى11- ئاينىڭ 5 - كۈنى) | |
| مۇئاۋىن ھاكىم | ياڭ فۇلىن | مىنگونىڭ 35 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى | |
| مۇئاۋىن ھاكىم | غوپۇر ياقۇپ | مىنگونىڭ 37 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى «ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى»، «ۋەزىپىسىدىن بوشانغان ۋاقتى» دېگەن كاتەكچىگە يېزىلغان ۋاقىت ھەرخىل ماتېرىيالدا ھەرخىل بولغاچقا، پايدىلىنىشقىلار ئۈچۈن بەزىلىرىگە بىر نەچچە خىل ۋاقىتنى يېزىپ قويدۇق.

## § 2. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1950- يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قاراشەھەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىڭ يىجىڭنى ئەۋەتىپ، ئەسلىدىكى گومىنداڭنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋېلىپ، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى، جىڭ يىجىڭنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈرلۈك مەزگىللەردە تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالدى، يەنى 1950 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى»، 1955 -يىل10 - ئايدىن 1969 - يىلغىچە«لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى»، 1969 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە «لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت»، 1981 - يىلدىن كېيىن بولسا «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتالدى.

### 1. ئاپپاراتلار

1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش

بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، شۆبە سودا شىركىتى، خەلق بانكىسى كورلا تارماق بانكىسىنىڭ لوپنۇر تىجارەت پونكىتى، باج ئىدارىسى، مالىيە بۆلۈمى، پوچتا ۋەكالەتخانىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، ئاشلىق ئامبىرى (1953 - يىلى ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى) قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى پەيدىنپەي قۇرۇلدى.

1956 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى (1958 - يىلى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى)، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، سودا-سانائەت بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، كاتىبات گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى (بۇ گۇرۇپپىدا مالىيە-سودا گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، پىلان گۇرۇپپىسى، ستاتىستىكا گۇرۇپپىسى بار) تەسىس قىلىندى.

1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، تەشكىلات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى، ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى (بۇ گۇرۇپپا ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى، پىلان - ستاتىستىكا گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى بار)، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1973 - يىلى خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1978 - يىلى مالىيە - باج بۆلۈمى، 1979 - يىلى ئەمگەك ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1981 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا (ئىشخانا ئىچىدە خوجىلىق بۆلۈمى، تەرجىمانلار بۆلۈمى، ئەرزىيەت ئىشخانىسى بار)، كادىرلار بۆلۈمى، ئەمگەك بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، دېھقانچىلىق بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئاشلىق ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى.

1984 - يىل 9 - ئايدا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى ئىككىگە ئايرىلىپ، مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى؛ يېڭىدىن ستاتىستىكا ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، مۇھەتتىشلىك ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى؛ بۇلاردىن باشقا، خەلق ئىشلىرى، كادىرلار، سەھىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مالىيە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئەدلىيە بۆلۈملىرى ئىدارىگە ئۆزگەرتىلدى.

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى

11 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| ئىسىم-فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| غوپۇر ياقۇپ | مۇۋەققەت ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | — 1949.12.27 1950.4.7 |
| جاڭ يىجاڭ | ھاكىم | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىندىن | 1950.9 — 1950.4.7 |
| غوپۇر ياقۇپ | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1950.9 — 1950.4 |
| جاڭ فۇيۈ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىندىن | 1954.7 — 1950.7 |
| غوپۇر ياقۇپ | ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1951.7 — 1950.9 |
| ئوسمان ياقۇپ | ھاكىم | | شىنجاڭدىن | 1955.7 — 1953.1 |
| ئەمەت تۇردى | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1954.4 — 1953.3 |
| ۋاڭ جۇنخې | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | شەندۇڭدىن | 1957 — 1954 |
| ئەمەتخان تۆلەندى | ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1958.7 — 1956.9 |
| چياۋيۇچاڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | خېبېيدىن | 1960.1 — 1956.9 |
| بەختىخان خۇدابەردى | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1960.4 — 1956.9 |
| ئەمەت تۇردى | ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1961.7 — 1959.9 |
| ئىبراھىم كازىم | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1959.7 — 1958.9 |
| تۇرسۇنخان قاسىم | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ قەشقەردىن | 1964 — 1959 |
| رىھىم ئىمامقۇلى | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1964 — 1960.1 |
| شەن يۇلىيەن | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | جياڭسۇ شۈيىدىن | 1962.11 — 1960.1 |
| ليۇچۇەنبىن | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | شەندۇڭ جىياڭدىن | 1962.7 — 1960.12 |
| لى جىيمىن | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | خېبېي گاۋياڭدىن | 1973.3 — 1962.5 |
| ئەمەتخان تۆلەندى | ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1969 — 1965.10 |
| ۋاڭ جۇگچېن | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | شەندۇڭ لىنيىدىن | 1976.9 — 1965 |
| يۈەن نەيفۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | بېيجىڭدىن | 1969.2 — 1966.6 |
| سۇن جىيجاڭ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | خەنزۇ | شەنشىدىن | 1969.12 — 1969.4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شۆزۋشىن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | سەنشى لىڭشىيەندىن | 1970.1 — 1969.4 |
| ياڭ ماۋسېن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | شەنشى بەيشۈيدىن | 1970 — 1969.4 |
| جاڭ ۋېيبىن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | خېنەندىن | 1979.10 — 1969.4 |
| لىي پۇيۈەن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | خۇبېي خۇاڭمېيدىن | 1979 .10 — 1969.4 |
| شۆزۋشىن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | خەنزۇ | سەنشى لىڭشىيەندىن | 1976.8 — 1970.1 |
| توختى رەخمەت | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | | شىنجاڭدىن | 1973 — 1971.12 |
| ليۇمىڭشەن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | شەنشى خەنجۇڭدىن | 1973.4 — 1972.7 |
| لى جيېمىن | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | خېبېي گاۋياڭدىن | 1981.2 — 1971.3 |
| ۋەن سىلۇ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | جياڭسۇ شىياڭدىن | 1979.4 — 1973.3 |
| ئۆتۈق نىياز | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1979.12 — 1976.6 |
| ليۇجيېلىڭ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | خېبېي ۋۇجىدىن | 1981.1 — 1977.10 |
| ليۇزېڭرۇڭ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | سەنشى جىچېڭدىن | 1981.1 — 1979.3 |
| ياڭ زوجۇ | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | خەنزۇ | گەنسۇ ۋېيیۈەندىن | 1979.5 — 1979.3 |
| قادىر بارات | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1981.1 — 1979.5 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۆردى تالىش | ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1981.1 — 1980.10 |
| تۆردى تالىش | ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | — 1981.1 |
| ئوسمان قادىر | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1984.6 — 1981.1 |
| ليۇزېڭرۇڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | سەنشى جىچېڭدىن | 1984.6 — 1981.1 |
| ليۇجاۋۋېي | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | تيەنجىندىن | 1984.6 — 1981.1 |
| ئىسمائىل سەپەر | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | 1984.6 — 1981.1 |
| چېن پېڭخېي | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | جىلىن جياۋخېدىن | — 1984.6 |
| فېي ۋېنلۇڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | جېجياڭ شاۋشىڭدىن | — 1984.6 |
| مەھەممەت ئەمەت | مۇئاۋىن ھاكىم | | شىنجاڭ لوپنۇردىن | — 1984.6 |

## 2. ۋەكالىتەن ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلار

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە ئۈچ رايونلۇق مەھكىمىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قايتىدىن ئىككى رايونلۇق مەھكىمە (1 - رايونلۇق مەھكىمە، 2 - رايونلۇق مەھكىمە) تەشكىل قىلدى. 1953 - يىلى يەنە 3 - رايونلۇق مەھكىمىنى قۇردى. رايونلۇق مەھكىمە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكالىتەن ئەۋەتكەن ئاپپارات بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا رايون باشلىقى، كاتىپ، تەرجىمان، خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى، مالىيە ياردەمچىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ياردەمچىسى، قۇرۇلۇش ياردەمچىسى قويۇلدى.

1958 - يىل 10 - ئايدا رايونلۇق مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3. ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلار

1) يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى 1950 - يىلنىڭ دەسلەپىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ باۋ - جيا تۈزۈمى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا يېڭى يېزا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنى 1 - رايون (شىڭپىڭ رايونى) دا تۆت يېزىلىق ھۆكۈمەت، 2 - رايون (تىكەنلىك رايونى) دا بەش يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە توققۇز يېزا تەسىس قىلىندى. 1951 - يىل 1 - ئايدا 2 - رايوندا يەنە بىر يېزا تەسىس قىلىندى. 1953 - يىلى 1 - رايوندىكى تۆت يېزا ئايرىپ چىقىلىپ، 3 - رايون (دۆڭقوتان رايونى) قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئۈچ يېزا قاراشلىق بولدى. يېزا باشلىقى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاندى ياكى يۇقىرى تەرىپىدىن تەيىنلەندى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى ھەيئىتى، مەدەنىيەت - مائارىپ ھەيئىتى، مالىيە ھەيئىتى، كاتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى قاتارلىقلار قويۇلدى. يېزا قارىمىقىدا كەنت تەسىس قىلىنىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بىر كەنت باشلىقى، بىلەن بىر مۇئاۋىن كەنت باشلىقى سايلاندى.

2) خەلق گۇڭشېسى 1958 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ خەلق گۇڭشېسىدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې

بىرلەشتۈرۈلدى؛ 1-، 2-، 3- رايونلۇق مەھكىمە ۋە ھەر قايسى يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1- رايون تەۋەسىدە بىر بازار (لوپنۇر بازىرى)، ئىككى گۇڭشې («سۈنئىي ھەمراھ» 1- خەلق گۇڭشېسى، «سۈنئىي ھەمراھ» 2- خەلق گۇڭشېسى)، 2- رايون تەۋەسىدە «سۈنئىي ھەمراھ» 3- خەلق گۇڭشېسى، 3- رايون تەۋەسىدە «سۈنئىي ھەمراھ» 4- خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى؛ خەلق گۇڭشېسىدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن ئاپپارات باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

1959- يىلى خەلق گۇڭشېسى تولۇقلانغان مەزگىلدە رايونلارنىڭ نامى بويىچە «سۈنئىي ھەمراھ» 1- خەلق گۇڭشېسىنىڭ نامى شىڭپىڭ خەلق گۇڭشېسىغا، «سۈنئىي ھەمراھ» 2- خەلق گۇڭشېسىنىڭ نامى چۆڭكۆل خەلق گۇڭشېسىغا، «سۈنئىي ھەمراھ» 3- خەلق گۇڭشېسىنىڭ نامى تىكەنلىك خەلق گۇڭشېسىغا، «سۈنئىي ھەمراھ» 4- خەلق گۇڭشېسىنىڭ نامى دۆڭقوتان خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1959- يىل 12- ئايدا تىكەنلىك گۇڭشېسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2- شىسىنىڭ تارىم دېھقانچىلىق 1- مەيدانى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى ھەمدە ئۇنىڭ نامى «تارىم» گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىلى چوڭكۆل گۇڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «تارىم» گۇڭشېسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1965- يىلى لوپنۇر بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1970- يىلى «ئىتتىپاق» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتىدا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى، باشقۇرۇش كومىتېتى ئىچىدە كاتىپ، خەلق ئىشلىرى كادىرى، قوراللىق خىزمەت كادىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى، مالىيە - بوغالتىرلىق كادىرى، دېھقانچىلىق كادىرى، چارۋىچىلىق كادىرى، سەھىيە كادىرى قويۇلدى. گۇڭشې قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى تەسىس قىلىندى، ھەر قايسى چوڭ ئەترەتلەردىمۇ باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. باشقۇرۇش كومىتېتى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاندى، ئۇنىڭدا چوڭ ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، بوغالتىر، ئامبارچى قويۇلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاندى، ئەترەتتە بوغالتىر، ئامبارچى قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنى 1968- يىلى ھەر قايسى گۇڭشېلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، مۇدىر قويۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت ئىچىدە سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، مالىيە - بوغالتىرلىق گۇرۇپپىسى، قوراللىق خىزمەت گۇرۇپپىسى، پىلانلىق تۇغۇت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاندى. بۇ گۇرۇپپىدا بوغالتىر، ئامبارچى، ستاتىستىكچى، خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنجاڭى قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاندى، ئەترەتتە بوغالتىر، ئامبارچى قويۇلدى.

1981- يىلى گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3) يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى

1984- يىلى ئاپپاراتلار ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ھەمدە كاتىپ،

ئىشلەپچىقىرىش كادىرى، خەلق ئىشلىرى كادىرى، قۇراللىق خىزمەت كادىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرى، ئەدلىيە كادىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى، ستاتىستىكا كادىرى، پىلانلىق تۇغۇت كادىرى قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، كەنت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، پىلانلىق تۇغۇت خادىمى، ھەق تەلەپ مۇرەسسەچىسى قويۇلدى.

# III باب

# ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاپپاراتى

## § 1. ناھىيىلىك كېڭەش

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن نامزات بويىچە، يەتتە ئەزا ۋە ئۈچ كاندىدات ئەزادىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلدى، ئەيسابەگ كېڭەش باشلىقلىقىغا سايلاندى.

مىگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن بىتىمگە ئاساسەن، لوپنۇر ناھىيىلىك كېڭەش قايتا تەشكىللىنىپ (يەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ)، توققۇز ئەزا، ئۈچ كاندىدات ئەزادىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش سايلاندى. شۇ يىلى 5 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 11 كېڭەش ئەزاسى ۋە ئۈچ كاندىدات ئەزا سايلاپ چىقىلىپ، لوپنۇر ناھىيىلىك كېڭەش تەشكىل قىلىندى. يى دېفۇ (ئۇيغۇرچە ئىسمى غولامدىن ئەيسا) كېڭەش باشلىقلىقىغا، ئەيسابەگ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا سايلاندى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 9 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم سايلاپ چىقىلدى، ئىمىن داموللام ھاكىملىققا، ياڭ فۇلىن مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 6 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرىنى رىقابەتلىشىپ سايلاش توغرىسىدىكى قارارى ھەم مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى رىقابەتلىشىپ سايلاشنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە نامزاتلار مەسىلىسى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا يى دېفۇ (غولامدىن ئەيسا) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىكىگە، تۇردى ھامۇت ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 4 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە ماقۇللاندى؛ تەكلىپلەر تەكشۈرۈلدى؛ ئىمىن داموللام

ھاكىملىقى، غوپۇر ياقۇپ مۇئاۋىن ھاكىملىقى سايلاندى.

## § 2. ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

1957 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى ناھىيە بويىچە خەلق تەشكىلاتلىرى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى قاتلام، مىللەت ۋە دىن ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى يىغىنى چاقىرىپ، سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى (قىسقارتىلىپ «ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش» دېيىلىدۇ)نى قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، يىغىندا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سانى ھەمدە تەقسىماتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش» فاڭجېنى بويىچە، دېموكراتىك كېڭىشىشتىن ئىبارەت سىياسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەردە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىلەن دېموكراتىك كېڭەشتى. ھەر نۆۋەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ناھىيىلىك كومىتېتى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە ئاڭلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىپ، ھەر قايسى جەھەتلەرگە ئائىت پىكىرلەرنى ئاڭلاپ تۇردى.

سىياسىي كېڭەش خىزمەت جەريانىدا پىكىر بايان قىلىشقا كەڭ يول ئېچىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كەڭ تۈردە جەلپ قىلىپ، بارلىق ئەزالارنىڭ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ تۈردە ئۆزىنى بېغىشلىشىغا تۈرتكە بولدى.

سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلدى، بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن كېيىن، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيىدىن بىر كۈن ئاۋۋال باشلاندى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. ھازىرغا قەدەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ نامزاتىنى كۆرسىتىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا دېموكراتىك كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى يولغا قويۇش، قانۇن-پەرمانلارنى ئىجرا قىلىش، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلىرىدە نازارەتچىلىك رولىنى ئوينىدى. ھەر قايسى تەرەپ زاتلىرى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە

بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## 2. ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلار

1) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1957- يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزا 108 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 96 ئەزا قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مامۇت نىياز يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن فېڭسى ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى؛ مۇئاۋىن ھاكىم چياۋيۈچاڭ ناھىيىنىڭ 1957 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى توغرىسىدا دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتلار ۋەكىللەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. يىغىندا 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا مامۇت نىياز رەئىسلىككە، نىياز ئاخۇن، توختى ناسىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى ھەمدە دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالتە ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىغا بىر كاتىپ، ئىككى كادىر قويۇش قارار قىلىندى.

1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 1957 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 25 ئەزا قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ئۆتۈق نىياز ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ۋە ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 1958 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن 52 كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 36 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن فېڭسى «پارتىيە خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش سىياسىتى» توغرىسىدا دوكلات، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رېھىم ئىمانقۇلى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 36 ئەزا قاتناشتى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. مامۇت نىياز ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەش ئەھۋالى ۋە ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

2) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1959- يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا سىياسىي كېڭەش يىغىنى

ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بەش كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 24 ئەزا (قاتناشمىغىنى 11) قاتناشتى، توققۇز ۋەكىل (قاتناشمىغىنى ئىككى) سىرتتىن قاتناشتى. مامۇت نىياز يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى؛ ئۆتۈق نىياز «لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەھۋاللار» توغرىسىدا ۋە «1959 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى خىزمەت پىلانى» توغرىسىدا دوكلات بەردى؛ بەختىخان خۇدا بەردى «ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدا» دوكلات، چىيايۇچاڭ «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1959 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى توغرىسىدا» دوكلات بەردى. يىغىندا 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

2 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ 11 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، مامۇت نىياز بۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە، باقى قازى، توختى ناسىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

2 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 19 ئەزا قاتناشتى، تۆت ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ئەزالار ھاكىم ئەمەت تۇردى بەرگەن «1959 - يىللىق ۋە 1960 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى.

3) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - يىغىنى 1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 35 ئەزا قاتناشتى، سەككىز ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. مامۇت نىياز «2 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى. ئەزالار يەنە ئەمەت تۇردى بەرگەن «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1960 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن بۇ ئىككى دوكلاتنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ قارار چىقاردى. يىغىندا 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، توققۇز كىشى دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. مامۇت نىياز لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە، باقى قازى، توختى ناسىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە داۋاملىق سايلاندى.

4) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - قېتىملىق يىغىنى 1964 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن 11 كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 20 ئەزا قاتناشتى، 17 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن فېڭسى «ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدا» دوكلات بەردى. سىياسىي كېڭەش كاتىپى ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرگە جاۋاب بەردى.

يىغىندا 32 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئون دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. مەھەممەت ئەيسا 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە، باقى قازاى، توختى ناسىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

5) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 -

قىتىملىق يىغىنى 1965 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئالتە كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 26 ئەزا قاتناشتى (بەش ئەزا ئىشى چىقىپ قېلىپ رۇخسەت سوراپ قاتنىشالمىدى)، تۆت ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى (بىر ۋەكىل قاتنىشالمىدى). ئەزالار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ئەمەتخان تۆلەندى بەرگەن «لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى. ئەزالار يىغىندا تۇرسۇنخان باراتىنىڭ «سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت دوكلاتى»، مەھەممەت ئەيسا «سىياسىي كېڭەشنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا ئون دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، مەھەممەت ئەيسا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش5ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، جۇشۇلى، باقى قازى، توختى ناسىرلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، سىياسىي كېڭەش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، سىياسىي كېڭەشنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى «جىن ـ شەيتان» دەپ قارىلىپ، تەنقىد ـ كۈرەش قىلىندى.

6) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1980ـ يىل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 26ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن سەككىز كۈن داۋاملاشتى. يىغىنغا 35 ئەزا قاتناشتى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جيېمىن «ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئەزالار ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئۆتۈق نىياز بەرگەن «ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات»نى، «لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە خام چوتى دوكلاتى»نى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىن بېرىلگەن دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

يىغىندا 33 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى، شۇنداقلا 11 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئۆتۈق نىياز رەئىسلىككە، لى جيېمىن، ۋېي كۈەن، باقى قازى، تۇرسۇنخان باراتلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

7) سىياسىي كېڭەش لوپنۇر ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ قېتىملىق يىغىنى 1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئالتە كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 45 ئەزا قاتناشتى.

لى جيېمىن «6 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات» بەردى.

يىغىندا 45 ئەزادىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى، شۇنداقلا ئون دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ليۇزېڭرۇڭ رەئىسلىككە، مەھەممەت يۈسۈپ، ۋېي كۈەن، ليالى دو، باقى قازى، غوپۇر ياقۇپلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

1 ـ قېتىملىق يىغىندا يەنە ئۆگىنىش كومىتېتى ۋە تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئىبارەت ئىككى كومىتېت، پەن ـ تېخنىكا (ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گۇرۇپپىسى، مىللەت ـ دىن گۇرۇپپىسى، تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپا قۇرۇلدى.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنى 1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئالتە كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 45 ئەزا قاتناشتى، يىغىندا، ئاساسلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئۆگىنىلدى.

سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنى 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا 38 ئەزا قاتناشتى (يەتتە ئەزا قاتنىشالمىدى). يىغىندا ليۇزېڭرۇڭنىڭ سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن بەرگەن «7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ليۇزېڭرۇڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، ياڭ زوجۇ 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى.

## 3. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىكسەپ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار، دىنىي زاتلار، سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە زىيالىيلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇردى. 1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە جەمئىي سەككىز قېتىم ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. 1957 ـ يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

**1) ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىشقا، ئەزالارنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسەت ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىپ، ئۆزىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇردى.

**2) پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى** پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىغا ۋە ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك دىنىي زاتلارغا تەشۋىق قىلىندى،

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلۇپ 1985 - يىلغا قەدەر بىر نەچچە قېتىم دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىنىدى، ناھىيە بويىچە ئىككى قېتىم دىن سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، دىن سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇۋال قىلىنغان دېلو، يالغان دېلو، خاتا قىلىنغان دېلولار ئاقلاندى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دىندارلارغا ھەمكارلىشىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ھەل قىلىپ بېرىلدى.

**3) پارتىيىنىڭ مۇھاجىرلار سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى**

1981 - يىلدىن كېيىن، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلغان خىزمەت كۈچەيتىلىپ، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇلار سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنىدى. سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىنىدى، پارتىيىنىڭ مۇھاجىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

**4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىغا قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىنىي زاتلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىدىيىسىنى تىكلەپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

# ئون ئىككىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار

# ئون ئىككىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار

## I باب

## خەلق ئىشلىرى

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە خەلق ئىشلىرى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان، ئۇ نوپۇس تەكشۈرۈش، باج ـ جىيا تۇزۇش، يەرلەرنى پاسىلغا ئايرىش، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغان، بۇ ئاپپاراتقا بىر 3 ـ دەرىجىلىك تەپتىش، بىر 3 ـ دەرىجىلىك تەپتىش باشلىقى قوشۇمچە مۇئەللىم، 16 سەيپارە ساقچى ۋە بىر قارا ئىشچى تەيىنلەنگەن.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، ئۇ نوپۇس ۋە ساغاۋەت سېپىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم پۈتۈن ناھىيىدىكى بازار ـ يېزىلارنىڭ قۇتقۇزۇش ئىشلىرى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر قايسى يېزا (گۇڭشې) لاردا خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرى سەپلەندى.

1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ـ كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ـ كادىرلار بۆلۈمىدىن خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئايرىلىپ چىقتى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ شتاتىدىكى خادىم تۆتكە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئۈچ)، ھەرقايسى يېزا (بازار) لاردا جەمئىي بەش خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تۆت.

# § 1. ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش

## 1. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش

1950 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە «دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش» باش جەمئىيىتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى، 1951 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بويىچە 3400 دىن ئارتۇق ئاممىۋى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈش نامايىشى ئۆتكۈزدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئامىمىسى پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ ئايروپىلان ۋە زەمبىرەك سېتىۋېلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سەپىگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىندى، ناھىيە بويىچە ئىئانە قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 387 مىليون 163 مىڭ 775 يۈەنگە (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا)، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىغا ئەۋەتىلگەن ھال سوراش خېتى 97 پارچىغا يەتتى.

ھەر يىلى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى ۋە باھار بايرىمى مەزگىلىدە، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان خەلق ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ باشچىلىقىدا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىغا بېرىپ ھال سورىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدىن پىكىر ئېلىشقا دىققەت قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى.

## 2. ئاممىۋى ئېتىبار بېرىش

لوپنۇر ناھىيىسى 1950 - يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى چىقارغان ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى (كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر ۋە كېسەل سەۋەبىدىن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يېزىغا قايتقان ھەربىيلەرگە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئاممىۋى ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى ھەر خىل نىزام - بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، ئېتىبار ئوبيېكتلىرىغا ھەر جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاممىۋى ئېتىبار بېرىش جەھەتتە ئۈچ خىل شەكىل قوللىنىلدى: 1) 1955 - يىلدىن ئىلگىرى يېرىنى تېرىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇ باسقۇچتا 38 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنىڭ 180 مو يېرى تېرىپ بېرىلدى، 699 مو يەر، 7300 جىڭ ئۇرۇقلۇق ۋە يېمەكلىك تەقسىملەپ بېرىلدى؛ 2) 1956 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ئەمگەك كۈنى بويىچە ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى (ئون نومۇر بىر ئەمگەك كۈنىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) قوللىنىلدى، بۇ باسقۇچتا 88 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرگە

10 مىڭ 381 ئەمگەك كۈنى ھېسابلاپ ئېتىبار بېرىلدى؛ 3) 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، نەق پۇل بېرىپ ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ھەر بىر ئائىلىگە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 يۈەندىن، ئائىلىسى يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرگە جەمئىي 3000 يۈەن ئېتىبار بېرىش نەق پۇلى بېرىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 63 ئائىلىلىك ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى، بەش ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى، 45 مېيىپ ھەربىي بار بولدى.

### 3. نەپىقە بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈستىدە قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي خىزمەتچى خادىملار، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ئىشچىلىرىنى ھۆكۈمەت مۇۋاپىق دەپنە قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىشكە دائىر نىزام، بەلگىلىمىلىرىدىكى ئۆلچەم بويىچە بىر قېتىملىق نەپىقە بېرىلدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە ئالتە ئىنقىلابىي قۇربان ۋە تۆت كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا جەمئىي 2000 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئىشلىرى تارمىقى مەسئۇل بولۇپ نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىدىغان ئادەم تۆت بولۇپ، ئۇلارغا 1900 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئايرىم يىللاردا بىر قېتىملىق نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىش ئەھۋالى**

12 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| يىللار | ۋاپات بولغان ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان ئادەم سانى | نەپىقە پۇلىنىڭ ئومۇمىي سانى(يۈەن) |
|---|---|---|
| 1955 | 2 | 350 |
| 1960 | 1 | 150 |
| 1964 | 1 | 20 |
| 1976 | 3 | 600 |
| 1977 | 1 | 306 |
| 1981 | 5 | 2200 |
| 1983 | 2 | 950 |
| 1984 | 2 | 760 |
| 1985 | 4 | 1900 |

### 4. مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىش

ئۇرۇشتا، ۋەزىپە ئۆتەش ئۈستىدە مېيىپ بولغان ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، خەلق

ئەسكەرلىرىنىڭ مېيىپلىق دەرىجىسى ۋاقتىدا بېكىتىلىپ (ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق قىسىملار بېكىتىپ بېرىدۇ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى كىنىشكا تارقىتىپ بېرىدۇ)، ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەرگە دەرىجە ئۆلچىمى بويىچە مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1952 - يىلى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۈچ مېيىپ ھەربىيگە 330 يۈەن مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 - دەرىجىلىك «ئا» ۋە «ب» دەرىجىسىگە چۈشىدىغان 45 مېيىپ ھەربىيگە 3300 يۈەن مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئايرىم يىللاردا مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىش ئەھۋالى
12 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| يىللار | مېيىپ ھەربىيلەر | | | مېيىپلىق نەپىقە پۇلىنىڭ ئومۇمىي سانى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| | 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار | 3 - دەرىجىنىڭ «ئا» ۋە «ب» دەرىجىسىدىكىلەر | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقانلار | |
| 1952 | | 3 | 3 | 330 |
| 1954 | | 8 | | 770 |
| 1957 | | 3 | | 100 |
| 1960 | | 5 | | 360 |
| 1961 | 1 | 3 | 4 | 360 |
| 1964 | | 2 | 2 | 46.02 |
| 1970 | | 2 | | 200 |
| 1974 | | 54 | | 1499 |
| 1976 | 8 | 49 | 6 | 2201 |
| 1977 | 4 | 48 | | 118 |
| 1979 | 7 | 52 | | 720 |
| 1981 | | 43 | 40 | 1947.4 |
| 1983 | | 45 | | 3346 |
| 1984 | | 45 | | 3346 |
| 1985 | | 42 | | 3300 |

## 5. قوشۇمچە ياردەم

1) قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم    ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ ياشىنىپ قالغان ھەم يالغۇز قالغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر شۇنىڭدەك ياشىنىپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرگە قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلىپ كەلدى. 1977 - يىلى ئىككى ئائىلىدىن ئىككى كىشى قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمان بولدى، ئۇلارغا شۇ يىلى 333 يۈەن قوشۇمچە ياردەم تارقىتىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئومۇمەن يالغۇز، ياشىنىپ قالغان، ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار، كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى، جورىسى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن پەرزەنتلىرى بولۇپ، بەلگىلىمىگە

ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمان بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 11 كىشى قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمان بولدى، ئۇلارغا شۇ يىلى 3000 يۈەن قوشۇمچە ياردەم تارقىتىپ بېرىلدى.

2) ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، شەرەپلىك ھەربىيلەر ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيلەرگە ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1977 - يىلى ناھىيە بويىچە 30 ئائىلىدىكى 50 كىشىگە 1998 يۈەن ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1985 - يىلى 125 كىشىگە 5000 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى.

## § 2. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) ھۆكۈمەت تەرەپ لوپنۇر ناھىيىسىدە خەيرى ساخاۋەت. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ، شۇ يىلى ناھىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان 45 مۇساپىرغا 75 دادەن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بەرگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نۇرغۇن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

### 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

1) قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۇرمۇشتا تايانچىسى يوق يالغۇز، تۇل، ياشىنىپ قالغانلار، باللار ۋە مېيىپلارغا كەنت ۋە يېزىلار جىددىي ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارمىقىنىڭ ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، نەق پۇل ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قۇتقۇزۇشىغا مەلۇم قىلاتتى.

1958 - يىلى يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشېلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۇرمۇشتا تايانچىسى يوق سالتاڭ - ساياق، تۇل قالغان، يېتىم-يېسىرلار، يالغۇز قالغانلار ۋە مېيىپلارغا قارىتا «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش» (يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، كىيىم - كېچەك جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، يېقىلغۇ جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، مائارىپ جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، دەپنە ئىشلىرى جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش) نى يولغا قويدى، بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەت ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كوللېكتىپ قالدۇقىدىن چىقىم قىلىندى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىپ تۇردى. 1958 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 2639 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

1963 - يىلى دۆلەت ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 140 بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، 129 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بويىچە 1936 كىشىگە 1090 مېتر

پاختا رەخت، 2424 مېترلىق رەخت بېلىتى، 500 جىڭ پاختا، 178 جۈپ ھەر خىل ئاياغ كىيىم، 181 قۇر پاختىلىق كىيىم، بەش قۇر جۇۋا، 13 قۇر پاختىلىق ئۇزۇن چاپان، 90 پارچە كىگىز قۇتقۇزۇش بەردى، قۇتقۇزۇش بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ۋە پۇل جەمئىي 24 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە 16 مىڭ 528 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1983 ـ يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە كېرەكلىك خىراجەت پاراۋانلىق فوندىدىن ھەل قىلىنىدىغان بولدى، شۇ يىلى 10 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 178 بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىدىكى 890 كىشىگە 47 مىڭ 473 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يېزىلاردا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىش ئەھۋالى

12 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | قۇتقۇزۇش بېرىلگەن ئادەم سانى | تارقىتىپ بېرىلگەن پۇل سوممىسى (يۈەن) | يىللار | قۇتقۇزۇش بېرىلگەن ئادەم سانى | تارقىتىپ بېرىلگەن پۇل سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | | 9994 | 1973 | | 20200 |
| 1953 | 1394 | 3000 | 1974 | | 17060 |
| 1954 | 714 | 3196 | 1975 | | 10000 |
| 1956 | 1187 | 4712 | 1976 | 2460 | 19610 |
| 1958 | | 2639 | 1977 | | 30663 |
| 1960 | 420 | 1852 | 1980 | | 4000 |
| 1963 | 1936 | 24321 | 1981 | | 50000 |
| 1965 | 1631 | 16528 | 1983 | | 10000 |
| 1970 | | 9500 | 1984 | | 15000 |
| 1971 | | 11600 | 1985 | 890 | 47473 |
| 1972 | | 2500 | | | |

2. ياشانغانلار ساناتورىيىسى 1958 ـ يىلى يېزىلاردا خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گوڭشې، ئەترەتلەردە تەدرىجىي ھالدا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 14 ئورۇندا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، 15 مەخسۇس خىزمەتچى خادىم سەپلەندى (ھەممىسى گوڭشې ئەزاسى). 139 ياشانغان كىشى ساناتورىيىگە كىردى (ھەممىسى ئۇيغۇر). 1960 ـ يىلى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە بېقىلغان ئىنەك 90 گە، قوي 60 تۇياقتا، توخۇ 78 گە يېتىپ، ساناتورىيىدىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىك مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى.

1961 ـ يىلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىلدە، گوڭشې، ئەترەتلەردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىلىرى كەينى كەينىدىن تارقىتىۋېتىلدى، ساناتورىيىدىكى ياشانغان كىشىلەر

گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بەشتە كاپالەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە قۇرۇلغان ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىنىڭ 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

12 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| گۈڭشې نامى | ياشانغانلار ساناتورىيىسى | ساناتورىيىدىكى ئادەم سانى | مەخسۇس خىزمەتچى خادىم | بېقىلغان چارۋا |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 14 | 139 | 15 | ئىنەك 90، قوي ئالتە تۇياق |
| شىڭپىڭ گۈڭشېسى | 3 | 24 | 3 | ئىنەك ئالتە |
| تارىم گۈڭشېسى | 8 | 74 | 8 | ئىنەك 16، سۈت ئۆچكىسى ئالتە تۇياق |
| دۇڭخوتان گۈڭشېسى | 3 | 41 | 4 | ئىنەك 68 |

## 2. بازارلاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىسى بازاردا ئولتۇرۇشلۇق يېتىم - يېسىر، ئىگە-چاقىسىز بالىلار، مېيىپلار، شۇنىڭدەك تۇرمۇش مەنبەسى ۋە قارىغۇچىسى بولمىغان نامرات ئائىلىلەرگە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قوشۇمچە ياردەم بېرىپ تۇردى. 1958 - يىلى بازارلاردا 273.70 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1963 - يىلى بازاردىكى تۆت بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە بويىچە تۆت كىشىگە، 12 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بويىچە 65 كىشىگە مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 1965 - يىلى بازاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە بازارلىق دېھقانچىلىق مەيدانى قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

نوپۇس سانى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز، ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تارتقان ۋە تۇرمۇش مەنبەسى يوق پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قەرەللىق ھەم نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 1977 - يىلى بازاردىكى ئىككى كىشىگە بىر يىلدا 42.333 يۈەن قەرەللىك ھەم نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى؛ 50 كىشىگە بىر يىلدا 950 يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 1985 - يىلى بازارلاردا جەمئىي 1640 يۈەن قەرەللىك ھەم نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

**قىسمەن يىللاردا لوپنۇر ناھىيە بازىرىدا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىش ئەھۋالى**

12 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | قەرەللىك ۋە نورمىلىق بېرىلگەن ياردەم | | ۋاقىتلىق بېرىلگەن قۇتقۇزۇش | | جەمئىي (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | سوممىسى (يۈەن) | ئادەم سانى | سوممىسى (يۈەن) | |
| 1953 | | | | 700 | 700 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 1974 | | | | 1954 |
| 273.7 | 273.7 | | | | 1958 |
| 2000 | | | 2000 | | 1964 |
| 917.5 | 717.50 | 66 | 200 | 2 | 1976 |
| 1283.42 | 950 | 50 | 333.42 | 2 | 1977 |
| 1550 | 1550 | 71 | | | 1978 |
| 840 | 500 | 13 | 340 | 6 | 1981 |
| 1790 | 1000 | 9 | 790 | 3 | 1983 |
| 1170 | 380 | 1 | 790 | 3 | 1984 |
| 1640 | 380 | 1 | 1260 | 5 | 1985 |

## 3. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئاساسلىقى بوران، قىراۋ، ئۆششۈك، قۇرغاقچىلىق، يامغۇر (زەي ئۆرلەپ كېتىش)، سۇ ئاپىتى (دۆڭقوتان رايونىدا) ۋە مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر دائىم كۆرۈلۈپ، قىسمەن رايونلاردا ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىر قىسىم ئاممىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ئاپەتكە يولۇققاندا، كونا جۇڭگودا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئاممىغا تايىنىش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشنى ئاساس قىلىش، دۆلەت زۆرۈر بولغان قوشۇمچە ياردەم بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ھەر خىل ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىدىيىسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا يار - يۆلەك بولدى.

1955 - يىلى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئازلاپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى، ناھىيە بويىچە 7007 مو يەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 164 ئائىلىدىكى 411 ئاممىغا 1582 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 18 مىڭ جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بېرىلدى.

1961 - يىلى ناھىيىدىكى گۇڭشېلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شور ئۆرلەپ كېتىش ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆڭقوتان گۇڭشېسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 6081.3 موغا يەتتى. ئەينى چاغدا، دەل ئۈچ يىل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىل بولغاچقا، ناھىيىلىك ۋە گۇڭشېلىق پارتكوملار ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىگە تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، شورنى يۇقىتىپ تولۇقلاپ تېرىش، قايتا تېرىش، سۇغىرىش ئارقىلىق شورنى يۇقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، 300 مو بۇغدايلىقنى قايتىدىن تېرىپ، زىياننى ئازايتتى. شۇ يىلى دۆڭقوتان گۇڭشېسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 32 سامانلىق كۆيۈپ كەتتى،

21 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى ھەمدە 2500 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئۆيلىرىنى ياسىۋېلىشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 1977 ـ يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم 18 مىڭ يۈەن قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى.

1978 ـ يىلى دۆڭقوتان رايونىدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، ھۆكۈمەت 20 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى، 800 جىڭ پاختا، 1500 مېتىر پاختا رەخت تارقاتتى.

1983 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاتتىق بوران لوپنۇرغا ھۇجۇم قىلدى، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئالتە ـ يەتتە بالدىن كۆچىيىپ سەككىز بالغا يەتتى، بىر يېرىم سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن يەنە ئاجىزلاپ ئالتە ـ يەتتە بالغا چۈشتى، 23 ـ كۈنى سائەت ئوندا يەنە كۆچىيىپ سەككىز بالغا يېتىپ، ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشتى، تېمپېراتۇرا 6℃ قا چۈشۈپ قالدى. بۇ قېتىملىق قاتتىق بوران ئىككى كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ھەر خىل ماددىي ئەشيالارنى تارقاتتى، جەمئىي 53 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى. 1985 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسى قۇرۇق ئىسسىق شامال، قىراۋ ئۈششۈككە ئوخشاش ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىغا 69 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش ئەھۋالى**

12 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | ئاپەت ئايرىمىسى | قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ماددىي ئەشيالار |
|---|---|---|
| 1952 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | 1000 يۈەن پۇل، 9334 جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى |
| 1953 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | ئاپەت يۈز بەرگەن ئۈچ رايونغا 27 مىڭ 600 جىڭ ئاشلىق تارقىتىلدى |
| 1955 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | 1582 يۈەن پۇل، 18 مىڭ جىڭ ئاشلىق |
| 1958~1960 | ئوت ئاپىتى | 150 قۇر كىيىم ـ كېچەك |
| 1961 | ئوت ئاپىتى | 2500 يۈەن پۇل |
| 1974 | ئوت ئاپىتى | 1171 يۈەن پۇل |
| 1976 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، ئوت ئاپىتى | 4780 يۈەن پۇل |

| | | |
|---|---|---|
| 1977 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | 18 مىڭ يۈەن پۇل |
| 1978 | سۇ ئاپىتى | 20 مىڭ يۈەن پۇل، 800 جىڭ پاختا، 1500 مېتىر پاختا رەخت |
| 1980 | ئوت ئاپىتى | 3610 يۈەن پۇل، 307 جىڭ پاختا |
| 1981 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | 45 مىڭ 526 يۈەن پۇل |
| 1982 | يامغۇر ئاپىتى | 17 مىڭ يۈەن پۇل |
| 1983 | بوران ئاپىتى | 53 مىڭ يۈەن پۇل |
| 1984 | قۇرغاقچىلىق ئاپىتى | 4100 يۈەن پۇل |
| 1985 | ئىسسىق شامال، قىراۋ ئۈششۈكى ئاپىتى | 69 مىڭ يۈەن پۇل |

## § 3. يېزىلاردىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى. 1983 - يىلدىن ئىلگىرى نامرات ئائىلىلەرگە ئاساسەن مەلۇم قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بويۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ گەرچە ناھايىتى زور رول ئوينىغان ۋە قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى يېنىكلەتكەن بولسىمۇ، بىراق نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن تۈپتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمىدى.

1983 - يىلى ناھىيىلىك نارامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، كادىرلارنى يېزىلارغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، يېزىلاردىكى نوپۇسى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز، ئاساسىي تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىگە سىياسەت، مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بالدۇرراق بېيىشىغا ياردەم بەردى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئەھۋالى**

12 - قىسىم 7 - جەدۋەل

| يىللار | نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى (ئائىلە) | شۇ يىلى يار - يۆلەك بولۇنغان نامرات ئائىلە | نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە | | دۆلەتنىڭ يار - يۆلەك بولۇپ بەرگەن مەبلىغى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي (ئائىلە) | يار - يۆلەك بولۇنغان نامرات ئائىلىلەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | |
| 1983 | 711 | 276 | 114 | 41.30 | 27000 |
| 1984 | 597 | 278 | 226 | 81.29 | 65147 |
| 1985 | 371 | 221 | 111 | 50.22 | 41359 |

نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش جەريانىدا، ناھىيە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۈچ يىلدا نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بولۇش، بەش يىلدا ئاساسەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بولۇشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 711 نامرات ئائىلە بار بولۇپ، شۇ يىلى 276 ئائىلىگە يار - يۆلەك بولۇندى، ئۇلارغا 27 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، 114 ئائىلە بويىچە 613 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ يار - يۆلەك بولۇنغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ 41.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1985 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 221 نامرات ئائىلىگە يار - يۆلەك بولۇندى، 41 مىڭ 359 يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پۇلى تارقىتىلدى، 111 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ 50.22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا جەمئىي 451 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ 63.43 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلار 3752گە يەتتى، 133 مىڭ 500 يۈەن يار - يۆلەك بولۇش پۇلى تارقىتىلدى.

## § 4. ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 1 - يىلى تۇرپان ۋە توقسۇنلاردىن كەلگەن بىر قىسىم كۆچمەنلەر لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك رايونىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى، تا بۈگۈنگە قەدەر «تۇرپانلىقلار كەنتى»، «لاشىن كەنتى»گە ئوخشاش يەر ناملىرى ساقلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 11 - يىلى (1885 - يىلى)، دۇرال ئىسىملىك موڭغۇل تىكەنلىكنىڭ شەرقىدە بوز يەر ئاچقان، شۇڭا بۇ جاي دۇرال دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) يېڭىكۆل نەپىقە - دالالەت ئىدارىسى 1200 ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى ۋە تيەنجىن، شەنشى، گەنسۇلۇق 200 سودىگەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ لوپنۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 22 - يىلى (1896 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى چىڭخەيىنىڭ خۇاڭجۇڭ دېگەن يېرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خۇيزۇ ليۇسىفۇنىڭ قەبىلىسىدىكى 8000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭى كۆلدىن دۇرالغىچە بولغان ئارىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەر بېرىپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى ھەمدە 975 ئېغىز ئۆي سالدۇردى، دۆڭقوتاندىن يېڭىچكە دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتۇردى.

### 2. چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1959- ۋە 1960 - يىللىرى، خۇبېي، ئەنخۇي، جياڭسۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىدىن 631 چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ، دۆڭقوتان،

ئاقسۇيى، داغىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. كېيىن يەنە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 14 كىشى كۆچۈپ كەلدى. ئاپتونوم ئوبلاست چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1760 مېتىرلىق رەخت بېلەتى، قىشلىق كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1440 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى؛ ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى يەنە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن 337 ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارغا 132 قۇر پاختىلىق چاپان، 212 دانە چاختىلىق ئىشتان، 59 يوتقان، 145 جۈپ قىشلىق ئاياغ كىيىم ھەل قىلىپ بەردى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئۇلارغا قىشلىق كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەخت بېلەتى ۋە قوشۇمچە يادەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

1961 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە، ئاقسۇيى، دۆڭقوتان ۋە داغىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانى كەينى - كەينىدىن تارقىتىۋېتىلدى، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە خەلق گوڭشېلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ بىر قىسمى سىرتقا ئېقىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. 1965 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى گوڭشې (مەيدان) لاردا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن 119 ئائىلە، 347 كىشى قېلىپ قالدى.

1985 - يىلغا كەلگەندە، ئەينى يىللاردىكى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ناھىيىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ خىزمەت ئورۇنلىرىغا قەدەم قويۇپ، چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقىدەك بولۇپ قالدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 1000 دىن ئاشتى.

## 3. ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

لوپنۇر ناھىيىسىدە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى 1954 - يىلدىن باشلاندى. ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، «مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر بىر كىشىنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىش» تىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت ۋە «قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قايتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سىياسەت بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بازاردىكى تاۋار ئاشلىق نوپۇسىدىكىلەر ياكى يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار، ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلاردىن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مەخسۇس تېخنىكا خادىملىرى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئەسلى نوپۇسى يېزىدا بولغان ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەر يېزىلارغا قايتىپ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشتى.

1954 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتىپ ۋە چېكىنىپ يېزىغا قايتىپ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشقان ھەربىي 110غا يەتتى، بۇلار ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە قىيىنچىلىقى بارلارغا ئالاقىدار تارماقلار مۇۋاپىق ياردەم بەردى.

1977 ـ يىلغا كەلگەندە، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتىپ ۋە چېكىنىپ يېزىلارغا قايتىپ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشقانلار 187گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئون كىشى سانائەت، كان ـ كارخانىلارغا قوبۇل قىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولدى، يەنە ئون كىشى چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولدى، 17 كىشى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولدى. 1970 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت، كارخانا ۋەكەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار جەمئىي 89غا يەتتى؛ 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەردىن 240 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 4. ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش ۋە قايتۇرۇش

مىنگونىڭ 14 ـ يىلدىن 16 ـ يىلغىچە (1925 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە)، تارىم دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى — زايىت دەرياسىدا لاتقا يىغىلىۋالغانلىقى ۋە يەرلىك زومىگەر ئەيسا ئوتلاقلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن توسما سېلىپ دەريا سۈيىنى توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرلەرگە سۇ يېتىشمەي تاشلىۋېتىلدى، ناھىيە تەۋەسىدە 980 ئائىلە بويىچە 8000 دىن ئارتۇق ئادەم تىرىكچىلىك قىلىش يۇزىسىدىن سىرتلارغا چىقىپ كەتتى. كېيىن شىخپىڭ ئۆستىڭى چېپىلىپ بۇگۇر، شايار ۋە كورلا قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ناھىيىگە ئولتۇراقلاشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، سىچۈەن، جياڭسۇ، شەندۇڭ، خېنەن، ئەنخۇي ۋە گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن بەزى كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن بۇ ناھىيىگە ئېقىپ كەلدى (بەزىلىرى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يار ـ بۇرادەرلىرىگە تايىنىپ كەلدى). 1960 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئاققۇنلار جەمئىي 466 گە يەتكەن. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ كىشىلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، 380 كىشى يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلدى. 62 كىشى سانائەت، كان ـ كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 24 كىشى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە سەپەرۋەر قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنە بەزى كىشىلەر ئىچكى جايلاردىن بۇ ناھىيىگە ئېقىپ كەلدى. 1974 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىدە «ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش پونكىتى» قۇرۇلدى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ يىغىۋېلىش، تەكشۈرۈش ۋە يۇرتىغا قايتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1974 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ناھىيە بويىچە گۇڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە بازارغا كەلگەن ئاققۇن 1002گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې ۋە ئەترەتلەر ئورۇنلاشتۇرغان، ئەمگەككە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق نورما ئاشلىقى بېرىدىغان ئاققۇن 512. ناھىيە پەيدىن ـ پەي يۇرتىغا قايتۇرغان ۋە ئۆزلۈكىدىن ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلەر 146، يەنىلا بازار ۋە يېزىلارغا تارقىلىپ يۈرگەنلەر 366. شۇ يىلى يىغىۋېلىش پونكىتى 29 كىشىنى يىغىۋېلىپ 27 كىشىنى يۇرتىغا قايتۇردى، ئىككى كىشىنى تەكشۈرۈشكە قالدۇردى.

1977 - يىلى ناھىيە بويىچە يىغىۋېلىنغان ئاقىۋېتى 259 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، يىغىۋېلىنغان خادىملار قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە تەشكىللەندى، ئۇلارنىڭ كىرىمى يۇرتىغا قايتۇرۇش ۋە تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى قىلىندى. شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان خادىملار تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، 27 كىشى ناھىيىدىكى گۆڭشې ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## § 5. نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش

مىنگو مەزگىلىدە، لوپنۇردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئاساسەن ئۆرۈق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق بولاتتى، توينى ئاتا - ئانىسى قىلىپ قوياتتى. ئايرىم بىر قىسمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ تىزىمغا ئالغۇزۇپ توي خېتى ئالاتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق توي قىلاتتى. ئاخۇنلار نىكاھ ئوقۇپ قويسىلا ئەر - خوتۇن بولغان ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئەر - خوتۇنلار بولۇشالماي ئىككى تەرەپ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىسا، پەقەت تىل خەت يېزىپ قويسىلا نىكاھتىن ئاجراشقان بولاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت 1950 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن، نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى. ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى نىكاھ قانۇنىنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلدى، ھەر خىل يىغىن ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئېچىش ئارقىلىق نىكاھ قانۇنىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، نىكاھتا ئەركىن بولۇشنى يولغا قويۇپ، ھەممە ئائىلىگە ۋە ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەرلەر 18 ياشقا تولغاندا، قىزلار 16 ياشقا تولغاندا ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە بېرىپ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1954 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا شۇ يىلى نىكاھلانغان 218 جۈپ ئەر - ئايال تىزىملانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ياراشقانلار ئىككى جۈپ؛ 113 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشمىغانلار 30 جۈپ، مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمەي نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغانلار 83 جۈپ.

نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق نىكاھلىنىش ئۇسۇلى ۋە دىنىي تۈس ئالغان نىكاھلىنىشنى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۇسۇلى بىكار قىلىندى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاتا - ئانىسى چات كىرىۋېلىپ قىلىنغان توي بىر قېتىم، قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا توشماي قىلىنغان توي ئۈچ قېتىم بولدى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە گۇڭشېلارغا نىكاھلانغۇچىلارنى نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تىزىملاش خىزمىتىنى ئىشلىيەلەيدىغان بىر تۈركۈم كادىر يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 325 جۈپ ئەر - ئايال توي قىلدى،

بۇنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسى چات كىرىۋېلىپ مەجبۇرىي توي قىلغانلار ئىككى جۈپ، توي قىلىش يېشىغا توشماي تۇرۇپ توي قىلىۋالغانلار سەككىز كىشى. دىنىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش ئەھۋالى ئاساسەن تۈگىتىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكىتۇەنى 2 - شىسى ناھىيە تەۋەسىدە بەزى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنى كەينى - كەينىدىن قۇردى. ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلاردىكى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئىشىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلارنىڭ سىياسىي ئورگانلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلدى.

1973 - يىلى 1 - ئايدىن 1974 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 641 جۈپ ئەر - ئايال توي قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 168 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجراشقان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نىكاھ قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرگەن.

1980 - يىلى دۆلەت يېڭى نىكاھ قانۇنىنى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايون نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى. نىكاھ قانۇنىدا ئەرلەرنىڭ 22 ياشتا، قىزلارنىڭ 20 ياشتا توي قىلىشى بەلگىلەندى، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 ياشتىن، قىزلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقىنى بەلگىلىدى. 1981 - يىلى يەنى يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغان تۇنجى يىلى ئامما نىڭ نىكاھلىنىشىنى تىزىملىتىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ سىياسىي ئورگانلىرى، ناھىيىگە قاراشلىق تۆت گوڭشې ۋە ناھىيە بازىرىدا نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئورنى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 402 جۈپ ئەر - ئايال تىزىملاندى (ياراشقانلار 14)، 125 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلدى، 112 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئاجرىشىش ئىشىدا مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش ئىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 1036 جۈپ ئەر - ئايال تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا نىكاھلانغۇچىلار 304؛ 196 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلدى. دىنىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى ۋە نىكاھ سودىسى قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بەرمىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئايرىم يىللاردىكى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ئەھۋالى

12 - قىسىم 8 - جەدۋەل

| يىللار | تۇنجى نىكاھلانغانلار (جۈپ) | قايتا نىكاھلانغانلار (جۈپ) | ياراشقانلار (جۈپ) |
|---|---|---|---|
| 1954 | 218 | | 2 |
| 1955 | 158 | | 2 |
| 1957 | 325 | | 5 |
| 1958 — 1961 | 115 | | |
| 1973 — 1974 | 641 | | |
| 1981 | | | 14 |
| 1985 | 732 | 304 | |

ئەسكەرتىش: 1973 -، 1974 - ۋە 1981 - يىللاردىكى سانلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئايرىم يىللاردىكى نىكاھتىن ئاجراشقانلارنى تىزىملاش ئەھۋالى

12 - قىسىم 9 - جەدۋەل

| يىللار | نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغانلار (جۈپ) | نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئاجراشمىغانلار (جۈپ) | مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمەي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللانغانلار (جۈپ) | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| 1954 | 83 | 30 | | |
| 1955 | 28 | 27 | 33 | |
| 1957 | 47 | 15 | 19 | |
| 1959 — 1961 | 24 | | | |
| 1973 — 1974 | 168 | | | بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1981 | 125 | | 112 | بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدىكى بەش نۇقتا ۋە تۆمۈر يول قۇماندانلىق شتابى مۇداپىئە - ئالاقە ئورنىدىكى بىر نۇقتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە |
| 1985 | 196 | 22 | | |

# II باب

# ئەمگەك

مىنگو دەۋرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنى يوق ئىدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى، شۇنىڭدەك ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تۇنىكىچىلىك، ئۇن-ياغ تارتىش، تىككۈچىلىك، ساتىراشلىق ۋە كىگىزچىلىككە ئوخشاش قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى ناھىيە بازىرى ۋە تىكەنلىك بازىرىغا مەركەزلەشكەنىدى، يۇقىرقى كەسىپلەرگە ئېھتىياجلىق ئىشلارنى كەسىپ ئىگىلىرى ئۆز ئالدىغا يالLAP ئىشلىتەتتى، ئىش ھەققى ۋە ئەمگەك شارائىتىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەل قىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1950 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە، يەرلىك ئاھالىلەر ئاز، كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يېشى كىچىك، تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. 1960 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ۋە ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى چوڭ بولدى، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمى داۋاملىق مەكتەپتە ئوقۇدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئايرىم ياشلارنى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ۋە كادىرلار بۆلۈمى خىزمەتكە تەقسىم قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىلدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرى پۈتۈنلەي توسىلىپ كەتتى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تاقالدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار كۈنسايىن كۆپەيدى، زىيالىي ياشلار تۈركۈملەپ يېزىلارغا چۈشۈپ ئەمگەك قىلدى. 1973 - يىلى خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1979 - يىلى ئەمگەك ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى سودا - سانائەت، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى كەسىپلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرىغا ئوخشاش ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئىشلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، جۈملىدىن قول سانائەت ۋە يەككە سودا ئىشلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ئەمگەك - كادىرلار تارماقلىرى پىرىنسىپقا ۋە دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ ئورنىغا خادىم سەپلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ، زور بىر تۈركۈم ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بازاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك بىلەن يەككە ئىگىلىكنى پائال قوللىدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنىڭ تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇنى قوللىدى. ناھىيىلىك ئەمگەك بۆلۈمى ئالدى بىلەن بازاردا قېلىپ قالغان ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ناھىيىلىك زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا ئەۋەتىش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە 1978 - يىلدىن بۇرۇن يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ تېخى بازارغا قايتۇرۇپ كېلىنمىگەن 276 زىيالىي ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1984 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 288 ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى**

12 - قىسىم 10 - جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| تۈرلەر / يىللار | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مىللىي ئىشچى - خىزمەتچى | ئايال ئىشچى - خىزمەتچى | مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچى | توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچى | ۋاقىتلىق ئىشچى ۋە پىلان سىرتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى |
| 1950 | 162 | 124 | 8 | 162 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 163 | 119 | | 163 | | |
| 1952 | 109 | | | 109 | | |
| 1953 | 108 | | | 108 | | |
| 1954 | 165 | | | 165 | | |
| 1955 | 224 | | | 224 | | |
| 1957 | 447 | 50 | | 447 | | |
| 1958 | 680 | 380 | | 634 | | 46 |
| 1959 | 1690 | 687 | 213 | 1602 | | 88 |
| 1960 | 2639 | | 516 | 2585 | | 54 |
| 1961 | 2121 | | 655 | 2110 | | 11 |
| 1962 | 1349 | | 242 | 1349 | | |
| 1963 | 1167 | | | 1167 | | |
| 1964 | 1180 | | 307 | 1126 | | 54 |
| 1966 | 1260 | | 392 | 1198 | | 62 |
| 1967 | 1363 | | 410 | 1273 | | 90 |
| 1969 | 1455 | | | 1360 | | 95 |
| 1970 | 1559 | 836 | 433 | 1430 | | 129 |
| 1971 | 1569 | 884 | | 1454 | | 115 |
| 1972 | 1670 | 974 | | 1530 | | 140 |
| 1973 | 1665 | 993 | 475 | 1529 | | 136 |
| 1974 | 1698 | 990 | 500 | 1593 | | 105 |
| 1975 | 1741 | 598 | 594 | 1643 | | 98 |
| 1976 | 1913 | 1035 | 616 | 1710 | | 203 |
| 1977 | 1998 | 986 | 611 | 1889 | | 109 |
| 1978 | 2273 | 880 | 694 | 1964 | | 309 |
| 1979 | 2454 | 1346 | 723 | 2102 | | 352 |
| 1980 | 2504 | 1446 | 797 | 2197 | | 307 |
| 1981 | 2551 | 1486 | 826 | 2319 | | 232 |
| 1982 | 2680 | 1663 | 918 | 2421 | | 259 |
| 1983 | 2598 | 1600 | 881 | 2479 | 3 | 119 |
| 1984 | 2499 | 1506 | 841 | 2372 | 5 | 127 |
| 1985 | 2563 | 1608 | 973 | 2447 | 50 | 116 |

## § 1. ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. ئەمگەك باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، خوجايىنلار ئۆز مەنپەئىتى ۋە خاھىشى بويىچە دۇكان قائىدىسى ۋە زاۋۇت ئەھدىنامىلىرىنى تۈزۈۋېلىپ، ياللانما خادىملارنى نازارەت قىلاتتى ياكى ئىش - ھەرىكىتىگە چەك قوياتتى، ئەگەر خىلاپلىق قىلىپ قويسا، يەڭگىل بولغاندا ئۇرۇپ تىللايتتى، ئېغىر بولغاندا ئىشتىن چىقىرىۋېتەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، پارتىيە ۋە

ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئاڭلىقلىقىنى دائىم قوزغاپ، ئۇلارنى ئەمگەك ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان قىلدى، ئۇلارغا سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيە بېرىشكە دىققەت قىلىش ئاساسىدا، مۇناسىپ ھالدائەمگەك ئىنتىزامى چەكلىمىسىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشچانلارنى تەقدىرلەپ، ھورۇنلارنى جازالاپ، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاپ، قالاقلارنى جازالاپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش، چوڭ سەۋەنلىك يېزىش، دەرىجىسىنى ۋە ئىش ھەققىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق چارىلەرنى كۆردى؛ قىلمىشى ئېغىر، كارخانىغا سالغان زىيىنى كۆپ بولغان ئايرىم ساندىكى كىشىلەرگە خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىش، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش جازاسى بەردى.

گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش نىزامى» غا ئاساسەن، 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 12 ئەلگ ياخشى پىرىكازچىك ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى تەقدىرلەندى، ئەمگەك ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان16 ئىشچى- خىزمەتچىگە چارە كۆرۈلدى.

ناھىيىلىك ئەمگەك تارمىقى جەمئىيەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرى، مەسىلەن: مۇقىم ئىشچىلار، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاقىتلىق ئىشچىلار، پەسىل خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ئىشتىن قايتۇرۇش، ئىشقا قويۇش، قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك تەبىئىي كېمەيگەن خادىملارنىڭ ئورنىغا ئادەم تولۇقلاش جەھەتتە، 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى؛ 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1985 - يىلغىچە، ئاساسەن، يېتەكچى خاراكتېرلىك بىر تۇتاش پىلانلاپ سەپلەش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

## 2. ئىشچىلارنى يۆتكەش خىزمىتى

ئۆزى ئىلتىماس يازسا، يۆتكىلىپ چىققان ۋە يۆتكىلىپ بارىدىغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار قوشۇلۇپ پىكرىنى يازغاندىن كېيىن، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

## 3. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش

1977 -يىلى ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئومۇمەن 1971 - يىل 11- ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىش ئورنىدا بار بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋاقىتلىق ئىشچىلار نىسبەت بويىچە مۇقىم ئىشچى قىلىپ رەسمىيلەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى 82 ئىشچى رەسمىيلەشتۈرۈلدى.

## 4. قىسقا مۇددەتلىك ئىشچى (ياكى پەسىللىك ئىشچى) قوبۇل قىلىش

كارخانا ياكى كەسپىي ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش پەسىللەردە ۋاقىتلىق ئىشچى قوبۇل قىلماقچى بولسا، ھەر پەسىلدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئىشچى ئىشلىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويسا، پىلان، ئەمگەك قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، پىلان كومىتېتى ئىشچى ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، ئەمگەك تارماقلىرى تونۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -

ئومۇمىي يىغىندىن تارتىپ 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە جەمئىي 1162 ئادەم (قېتىم) پەسىل خاراكتېرلىك ئىشچى ئىشلىتىلدى.

## 5. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشچى قوبۇل قىلىش

1950 - يىلى بىر تۈركۈم ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، بازار - يېزىلاردىن ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمىدىكى بىر تۈركۈم ئىشچىلار قوبۇل قىلىندى. 1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى جەريانىدا، خۇسۇسىي ۋە كوللېكتىپ سودا - سانائەت كارخانىلىرىدىكى بىر تۈركۈم ئىشچى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمىدىكى ئىشچىلىققا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى يەرلىك سانائەت داغدۇغىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا - بازارلاردىن بىر تۈكۈم ئىشچى قوبۇل قىلىندى. 1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغا قەدەر، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ۋە يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن زىيالىي ياشلار ئىچىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا 379 ئىشچى، 77 توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىندى.

## 6. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورونلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلاردا تەبىئىي كېمەيگەن خادىملارنىڭ ئورنىغا ئادەم تولۇقلاش

1979 - يىلدىن كېيىن، تەبىئىي كېمەيگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئومۇمەن پېنسىيىگە چىققان ۋە ۋاپات بولغان ئىشچىلار تەبىئىي كېمەيگەن خادىملار دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادەم تولۇقلاندى، قوبۇل قىلىش شەرتى مۇنداق: ئومۇمەن پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى تاۋار ئاشلىقى يەيدىغان ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش بولۇپ، دوختۇرنىڭ تەن سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدە ساغلام چىققان، يېشى 16 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ياشلار بولسا ئىدارە ئەمگەك تارماقلىرىغا مەلۇم قىلسا، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. 1979- يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر، تەبىئىي كېمەيگەن خادىم 119 بولۇپ، 78 كىشى ئورنىغا تولۇقلاندى.

1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيىدە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملار (ئاساسلىقى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار) نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر، 109 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تونۇشتۇرۇلدى.

### قوشۇمچە: ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى

بۇ شىركەت 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇرۇلغان بۆلۈمچە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك بۆلۈمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانىدى. بىراق ئەينى چاغدا مەخسۇس خادىم سەپلەنمىگەن بولۇپ، بىر قىسىم كەسپنى ئەمگەك بۆلۈمىدىكى مەخسۇس زىيالىي ياشلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلار باشقۇرۇپ تۇرغانىدى. 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ

30 - كۈنى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن رايون دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، بەش شتات بېرىلدى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ۋە بازاردىكى ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى 109 ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا تونۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىي ياشلارنىڭ كوللېكتىپ ئورۇنلىرىغا تونۇشتۇرۇلغىنى 39، يەككە تىجارەت قىلىشقا تونۇشتۇرۇلغىنى ئۈچ، ۋاقىتلىق خىزمەتكە تونۇشتۇرۇلغىنى 67.

## § 2. كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

مىنگو دەۋرىدە، ياش- ئۆسمۈرلەر قول ھۈنەرۋەنلىكى، سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپى ۋە مۇلازىمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ئۇستا تۇتۇپ ھۈنەر ئۆگىنەتتى، پۈتتۈشكەن مۆھلەت (ئادەتتە ئۈچ يىل) ئىچىدە شاگىرت بولۇپ ئىشلەيتتى، مۆھلەت توشۇپ مۇستەقىل مەشغۇلات قىلالايدىغان بولغانلار ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلاتتى ياكى دۇكان ئايرىپ چىقاتتى. خەلق ئارىسىدىكى ئۇستا تۇتۇپ ھۈنەر ئۆگىنىدىغان بۇ خىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ئۇسۇلى، يەككە قول ھۈنەرۋەنلەر (ياغاچچى، تۆمۈرچىلەر) ئارىسىدا تا ھازىرغا قەدەر قوللىنىلماقتا، بىراق ۋاقتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ قىسقا.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سودا - سانائەت، مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئۇستا تۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيىلەندى. 60 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، كەسپىي تېخنىكا ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 1960 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە، ناھىيىدە بوغالتېرلىق، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، سۇچىلىق، تراكتورچىلىق بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، 290 دىن ئارتۇق كەسپىي بىلىمگە ئىگە خادىم تەربىيىلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش توختاپ قېلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياش ئىشچىلار كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشتىن مەھرۇم قالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى يەنە قايتىدىن باشلاندى. زاۋۇت، كان - كارخانىلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى ئۇستازلار شاگىرتلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ئۆگىنىش، شۇنىڭدەك ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن سىرت، ناھىيىدىكى ھەر قايسى تارماقلار دائىم مەشغۇلات تېخنىكىسى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش، كەسپىي تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كارخانىلار يەنە قەرەللىك ھالدا سىناش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ناھىيە دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دائىملىق كۇرسى، تراكتور ھەيدەش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، سۇچىلىق، مال

دوختۇرلۇق، مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىقلار بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، جەمئىي 755 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بىر قارار بوغالتىر، كاسسىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 344 كىشى قاتناشتى.

## § 3. پاراۋانلىق، ئەمگەك سۇغۇرتىسى

### 1. پاراۋانلىق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق مۇئامىلىسى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار تارمىقى پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇردى ھەم نازارەت قىلدى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار پىلانلىق ھالدا ئالاقىدار تارماقلارغا پىلانىنى يوللاپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتى خىزمەتتىن چېكىنىش خىراجىتى، پېنسىيە خىراجىتى، ۋاپات بولغانلارغا بېرىلىدىغان خىراجەت، دەپنە قىلىش خىراجىتى، نەپىقە خىراجىتى، تىببىي داۋالاش - سەھىيە خىراجىتى، تۇرمۇش قوشۇمچە ياردىمى خىراجىتى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، تەشۋىقات خىراجىتى، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پاراۋانلىق خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 1953 - يىلدىكى 9700 يۈەندىن 1985 - يىلى 405 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 40.8 ھەسسە ئاشتى.

لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قوزغىلما ئەھۋالى

12 - قىسىم 11 - جەدۋەل          بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | پۈتۈن يىللىق پاراۋانلىق خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | خىزمەتتىن چېكىنىش پېنسىيە خىراجىتى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاپات بولۇش، دەپنە قىلىش ۋە نەپىقە خىراجىتى | داۋالىنىش سەھىيە خىراجىتى | تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش خىراجىتى | مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، تەشۋىقات خىراجىتى | كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى |
| 1950 | | | | | | | |
| 1951 | | | | | | | |
| 1952 | | | | | | | |
| 1953 | 0.97 | | | 0.31 | 0.06 | | 0.6 |
| 1954 | 0.66 | | | 0.37 | | | 0.29 |
| 1955 | 1.07 | | | 0.67 | | | 0.39 |
| 1956 | 1.21 | | | 0.62 | | | 0.59 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.78 | | | 0.95 | | | 1.76 | 1957 |
| 0.77 | 0.55 | | 0.88 | | | 1.65 | 1958 |
| 2.49 | | 0.19 | 0.66 | | | 3.34 | 1959 |
| 1.46 | | | 1.23 | | | 2.69 | 1960 |
| 0.37 | | | 2.14 | 0.15 | | 3.56 | 1961 |
| 1.79 | | | 1.71 | 0.015 | | 3.52 | 1962 |
| | 0.95 | | 1.77 | 0.023 | | 2.75 | 1963 |
| 0.66 | | | 1.47 | | | 2.14 | 1964 |
| 0.81 | | | 1.1399 | | | 1.95 | 1965 |
| 1.33 | | | 0.7 | | 0.94 | 2.98 | 1966 |
| 1.21 | | | 0.8 | 0.02 | | 2.06 | 1967 |
| | | | | | | | 1968 |
| 0.90 | | | 0.68 | | | 1.58 | 1969 |
| | | | | | | | 1970 |
| 1.7 | | | 0.95 | | | 2.66 | 1971 |
| 1.44 | | | 1.10 | | | 2.54 | 1972 |
| 2.36 | | | 1.07 | | | 3.43 | 1973 |
| 3.25 | | | 1.69 | | | 4.94 | 1974 |
| 3.12 | | | 1.68 | | | 4.90 | 1975 |
| 4.04 | | | 2.44 | | | 6.48 | 1976 |
| 3.96 | | 0.03 | 2.46 | | 0.43 | 6.88 | 1977 |
| 6.49 | | 2.19 | 2.64 | | | 11.32 | 1978 |
| 5.75 | | | 3.02 | | 0.83 | 9.6 | 1979 |
| | | 6.92 | 3.69 | | 0.5 | 11.11 | 1980 |
| | 10.74 | | 5.18 | | 0:85 | 16.77 | 1981 |
| | 13.1 | | 5.7 | | 2.28 | 21.35 | 1982 |
| 13.2 | | | 7.51 | 0.01 | 4.31 | 25.12 | 1983 |
| 15.91 | | | 8.48 | 0.06 | 5.5 | 29.98 | 1984 |
| 19.3 | | | 10.98 | 0.02 | 10.29 | 40.59 | 1985 |

## 2. ئەمگەك مۇھاپىزىتى

ناھىيىلىك ئەمگەك تارمىقىدا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈدىغان ۋە نازارەت قىلىدىغان مەخسۇس خادىم سەپلەندى، ئاساسىي قاتلام ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار پەسىلدەياكى يىلدا بىر قېتىم ئىش تۈرلىرى بويىچە كىيىم- كېچەك ۋە چاڭ - تۇزان ھەم زەھەردىن مۇداپىئەلىنىش لازىمەتلىكلىرى، شۇنىڭدەك ئەمگەك مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ تۇرىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن، 1979 - يىلدىن ئېتىبارەن، ھەر يىلنىڭ 5 - ئېيىدا «بىخەتەرلىك ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، زاۋۇت ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۈزۈلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، يوچۇقلار ئېتىلىپ، ئاپەتنىڭ

ئالدى ئېلىندى.

ئەمگەك تارماقلىرى يۈز بەرگەن ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش، ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى ۋەقەلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈپ كېتىش، يارىلىنىش ۋە مېيىپ بولۇش ئەھۋاللىرىنى مەسئۇل بولۇپ پەرقلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دەپنە خىراجىتى ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىش خىراجىتىنى باشقۇردى ھەم تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

## § 4 . ئەمگەك، ئىش ھەققى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن كادىرلارغا قارىتا تەمىنات تۈزۈمى، كونا ھۆكۈمەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملارغا قارىتا ناتۇرال ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1952 - يىلى ئىش ھەققى نومۇرى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى پۇل ئىش ھەققى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى ئىسلاھاتىدا، ناھىيە بويىچە 135 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇ ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى دەرىجىسى ياھالانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە 36% ئىشچى - خىزمەتچى (420 كىشى)نىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە، ئايرىملىرىنىڭ ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، ئىش ھەققى تەڭشەش خىزمىتى توختاپ قالدى.

كېيىن 1972 -، 1977 -، 1978 -، 1980 -، 1981 -، 1982 - ۋە 1985 - يىللىرى ئىش ھەققى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. 1972 - يىلى ئاساسلىقى تۆۋەن ئىش ھەققى تەڭشەلدى، ئىش ھەققى تەڭشەش دائىرىسى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى 1957 - يىلدىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقان 3 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقان 2 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقان 1 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، 1 - دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئىشچىلار، شۇنىڭدەك يۇقىرىقى ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ستاژى بىلەن ئىش ھەققى دەرىجىسى ئوخشاش بولغان خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت بولدى. 1977 - يىلدىكى ئىش ھەققى تەڭشەشنىڭ دائىرىسى 1966 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان 2 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، شۇنىڭدەك خىزمەت ستاژى ۋە ئىش ھەققى دەرىجىسى ئوخشاش بولغان كارخانا كادىرلىرى ۋە سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، دۆلەت ئورگانلىرى قاتارلىق تارماقلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت بولدى، ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى ئەمەلىي تەڭشەلگەنلەر 630 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 47.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 6.50 يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇلدى. 1978 - يىلدىكى ئىش ھەققى تەڭشەشنىڭ دائىرىسى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت بولدى، ناھىيە بويىچە ئەمەلىيەتتە 65 كىشىنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا يەتتە يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇلدى. 1980 - يىلدىكى ئىش ھەققى تەڭشەشتە، ئەمگەك پوزىتسىيىسى، تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكى، تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە سىنالدى، تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسلىق

سىناش ئاساسى قىلىندى، ئىش ھەققى تەڭشەش دائىرىسى 1978 - يىلدىن بۇرۇن خىزمەتكە قاتناشقان دۆلەتنىڭ مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىلىرى (ئىش ھەققى ئېلىپ ئوقۇۋاتقان تىزىملىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە پىلان ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ئىشچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن ئىبارەت بولدى، ناھىيە بويىچە ئەمەلىيەتتە 722 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، بۇ 1718 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 42 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ تەڭشەلدى. 1981 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، بىر قىسىم تىببىي خادىملار ۋە تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، جەمئىي 367 كىشىنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 266، سەھىيە خادىمى 101، تەڭشەلگەندىن كېيىن، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 3852.94 يۈەن كۆپەيدى، ھەر ئايدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.50 يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇلدى. 1982 - يىلدىكى ئىش ھەققى تەڭشەشنىڭ دائىرىسى دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرى ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، 1981 - يىلى ئىش ھەققى تەڭشەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت بولدى، ناھىيە بويىچە ئەمەلىيەتتە 497 كىشىنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆسكەنلەر 460، ئىككى دەرىجە ئۆسكەنلەر 37)، تەڭشەلگەندىن كېيىن، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 5418 يۈەن كۆپەيدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇلدى.

1985 - يىلى يولغا قويۇلغان ئىش ھەققى ئىسلاھاتىدا، ئاساسىي ئىش ھەققى، ۋەزىپە ئىش ھەققى، خىزمەت ستاژى ياردەم پۇلى، چېگرا رايون ياردەم پۇلى ۋە مۇكاپات ئىش ھەققى بىرلەشتۈرۈلگەن، ۋەزىپە ئىش ھەققى ئاساس قىلىنغان قۇرۇلما ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 1254 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى، ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.24 يۈەندىن كۆپەيدى. 1985 - يىلى يەنە 94 ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇپ قېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر ئايلىق ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 74.43 يۈەندىن كۆپەيدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ ئايرىم يىللاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ھەم ئىش ھەققى ئەھۋالى**

12 - قىسىم 12 - جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى (كىشى) | | | پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مائاش سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مۇقىم ئىشچىلار | ۋاقىتلىق ئىشچىلار | جەمئىي | مۇقىم ئىشچىلار | ۋاقىتلىق ئىشچىلار |
| 1957 | 447 | 447 | | 31.07 | 31.07 | |
| 1958 | 680 | 634 | 46 | 45.03 | 43.47 | 1.56 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 5.57 | 63.45 | 69.02 | 88 | 1602 | 1690 | 1959 |
| | 98 | 98 | 54 | 2585 | 2639 | 1960 |
| 0.55 | 104.72 | 105.27 | 11 | 2110 | 2121 | 1961 |
| | 89.60 | 89.60 | | 1349 | 1349 | 1962 |
| | 63.56 | 63.56 | | 1167 | 1167 | 1963 |
| | 59.95 | 59.95 | 54 | 1126 | 1180 | 1964 |
| 1.60 | 59.4 | 61 | 62 | 1198 | 1260 | 1966 |
| 1.84 | 58.53 | 60.37 | 90 | 1273 | 1363 | 1967 |
| 4.20 | 65.1 | 69.30 | 95 | 1360 | 1455 | 1969 |
| 4.60 | 67.70 | 72.30 | 129 | 1430 | 1559 | 1970 |
| 7.28 | 68.25 | 75.53 | 115 | 1454 | 1569 | 1971 |
| 5.63 | 74.03 | 79.66 | 140 | 1530 | 1670 | 1972 |
| 5.82 | 81.23 | 87.05 | 136 | 1529 | 1665 | 1973 |
| 3.89 | 83.74 | 87.63 | 105 | 1593 | 1698 | 1974 |
| 3.60 | 85.2 | 88.80 | 98 | 1643 | 1741 | 1975 |
| 6.27 | 91.61 | 97.88 | 203 | 1710 | 1913 | 1976 |
| 4.95 | 94.19 | 99.14 | 109 | 1889 | 1998 | 1977 |
| 15.15 | 96.13 | 111.28 | 309 | 1964 | 2273 | 1978 |
| 17.90 | 119.88 | 137.78 | 352 | 2102 | 2454 | 1979 |
| 15.64 | 128.98 | 144.62 | 307 | 2197 | 2504 | 1980 |
| 17.78 | 154.63 | 172.41 | 232 | 2319 | 2551 | 1981 |
| 17.72 | 178.93 | 196.65 | 259 | 2421 | 2680 | 1982 |
| 11.62 | 192.99 | 204.61 | 119 | 2479 | 2598 | 1983 |
| 13.95 | 222.33 | 236.28 | 127 | 2372 | 2499 | 1984 |
| 17.42 | 287.36 | 304.98 | 116 | 2447 | 2563 | 1985 |

## § 5. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا، ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان ھالدا بەزى قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، شتاتتىن ئاشۇرۇپ كادىر ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىندى. 1960- يىلى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە كادىر ۋە ئىشچىلارنى قىسقارتىش خىزمىتى قانات

يايدۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكومدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1962 ـ يىلغا قەدەر، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكى خادىملاردىن جەمئىي 679 كىشى قىسقارتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقارتىلغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 277. ناھىيە بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى1961ـ يىلدىكى 3921دىن 3242 گە قىسقارتىلدى.

## § 6. ئەمگەك تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت «بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ بىر تۇتاش تەقسىملەش»تىن ئىبارەت ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1979 ـ يىلدىن بۇيان، تەدرىجىي ھالدا ئەمگەك تارماقلىرى تونۇشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئۇيۇشۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرى كەڭ ئېچىلدى. 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەمگەك تارماقلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا (ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 339 ئىشچىنى ئورۇنلاشتۇردى، 15 كىشى ئۆزى ئىش تاپتى.

1984 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، مۇقىم ئىشچىلاردىن باشقا توختاملىق ئىشچىلارمۇ قوبۇل قىلىندى، 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، توختاملىق ئىشچىدىن جەمئىي 77 كىشى قوبۇل قىلىندى.

1981 ـ يىلدىن باشلاپ، مائاشنى توختىتىپ ستاژنى ساقلاپ قېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردىن بەش ئىشچى، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىن 27 كىشى مائاشنى توختىتىپ ستاژنى ساقلاپ قېلىش تۈزۈمى بويىچە چىقىپ كەتتى.

## § 7. زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. شەھەردىكى زىيالىي ياشلارنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش

1973 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىدە زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ (1980 ـ يىلى ئەمگەك بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى)، لوپنۇر ناھىيىسى ۋە باشقا جايلاردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا چۈشۈپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش خىزمىتىنى بېجىردى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا قايتا تەربىيە ئالغان زىيالىي ياشلار ئىچىدە، لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىكى زىيالىي ياشلاردىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسىدىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن كەلگەن زىيالىي ياشلار، شۇنىڭدەك بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسىدىكى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستى رايونىدىكى «قىزىل بايراق» ۋە «ئالغا» زاۋۇتلىرىدىكى زىيالىي ياشلارمۇ بار.

بۇ زىيالىي ياشلارنى يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسەن تۆۋەندىكى شەكىللەر بويىچە بولدى:

1) زىيالىي ياشلار نۇقتىسى قۇرۇش زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يېيىش، ئارىلىقى يېقىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە تارقاقلىشىپ ئەمگەك قىلىش؛

2) زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى قۇرۇش كوللېكتىپ ئاشخانا ئېچىش، كوللېكتىپ ئەمگەككە قاتنىشىش؛

3) ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يار - بۇرادەرلىرىگە تايىنىش ئەترەتلەرگە تارقاقلىشىش ياكى ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ ئورۇنلىشىش.

لوپنۇر ناھىيىسىدە زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈپ ئەمگەك قىلىشقا ئورۇنلىشىشى 1968 - يىل 7 - ئايدىن باشلانغانىدى، 1 - تۈركۈمدە چۈشۈرۈلگەن تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 32 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سەككىز) بولۇپ، ئۇلار تارىم گۆشكىشىسىنىڭ 1 - چوڭ ئەترىتى، 2 - چوڭ ئەترەتنىڭ 5 - ئەترىتى، 7 - چوڭ ئەترەتنىڭ 2 - ئەترىتى، 8 - چوڭ ئەترەت ۋە شىڭپىڭ گۆشكىشىسىنىڭ 3 - چوڭ ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1969 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەت زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا 766 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن زىيالىي ياشلارغا 3271 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىپ بېرىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1970 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى زىيالىي ياشلار نۇقتىلىرى**

12 - قىسىم 12 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| نۇقتىلارنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى | زىيالىي ياشلار نۇقتىسى قۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى | زىيالىي ياشلارنىڭ كېلىش مەنبەسى | ئادەم سانى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1970 - يىل 4 - ئاي | تارىم گۆشكىشىسىنىڭ 7 - چوڭ ئەترىتى | ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ | 20 | 1972 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1971 - يىل 3 - ئاي | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ | 32 | 1973 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1974 - يىل 3 - ئاي | ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ | 45 | 1981 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 - يىل 9 - ئاي | شىڭپىڭ گۆشكىشىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى | ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ | 137 | 1981 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇردى |
| 1975 - يىل 9 - ئاي | تارىم گۆشكىشىسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - ئەترىتى | كورلا سانائەت - قاتناش سىستېمىسى | 33 | 1981 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 - يىل 4 - ئاي | تارىم گۆشكىشىسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 5 - ئەترىتى | كورلا سانائەت - قاتناش سىستېمىسى | 25 | 1981 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈش 2 ـ چولاق ئەترىتىنىڭ 1 ـ ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 16 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈش 2ـ چولاق ئەترىتىنىڭ 2 ـ ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 37 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈش 2 ـ چولاق ئەترىتىنىڭ 3 ـ ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 24 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈش 2 ـ چولاق ئەترىتىنىڭ 5 ـ ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 18 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈش 2 ـ چولاق ئەترىتىنىڭ 6 ـ ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 18 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ 4 ـ چولاق ئەترىتى | كورلا سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى | 51 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1975 ـ يىل 9 ـ ئاي | تارىم ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى | كورلا سانائەت قاتناش سىستېمىسى | 3 | 1981 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |

### لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1969 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان زىيالىي ياشلار

12 ـ قىسىم 14 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | ئادەم سانى | تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلار | ھەربىي سەپكە قاتناشقانلار | ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغانلار |
| 1969 | 78 | 62 | | | 62 |
| 1970 | 183 | 175 | | | 175 |
| 1971 | 34 | 26 | | | 26 |
| 1972 | 19 | 16 | 3 | | 13 |
| 1973 | 16 | 15 | 9 | 5 | 1 |
| 1974 | 30 | 27 | 13 | | 14 |
| 1975 | 204 | 156 | | | 156 |
| 1976 | 97 | 10 | | | 10 |
| 1977 | 122 | 50 | | 1 | 49 |
| 1978 | 122 | 92 | 18 | 13 | 61 |
| 1979 | 283 | 143 | | 11 | 132 |

### 2. يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ كېتىش ئەھۋالى

زىيالىي ياشلار مەيلى يېزىلارغا چۈشۈپ كوللېكتىپ ماكانلاشسۇن ياكى ئايرىم چۈشسۇن، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك شارائىتى ناھايىتى جاپالىق بولدى، ئۇلار يېزىلارغا ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى ئېلىپ بېرىپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇمۇشىنى بېيىتتى، ئەمگەككە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشتى، بىراق گۆكشې ۋە ئەترەتلەرنىڭ يۈكىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئاز بىر قىسىم زىيالىي ياشلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھاۋالە قىلىش، دوست - يارانلىرىغا تايىنىپ «ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش» ياكى «كېسەل سەۋەبى بىلەن قايتىش» قاتارلىق ناملار بىلەن شەھەرگە قايتتى. بىراق مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىي ياشلار ئەمگەك قىلىشتا چىڭ تۇردى، كېيىن ھەر خىل نورمال رەسمىيەتلەر، مەسىلەن: ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارغا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىش، ھەربىي سەپكە قاتنىشىش، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار تەرىپىدىن كادىرلىققا ياكى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىش، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىغا تولۇقلاپ قوبۇل قىلىنىش قاتارلىق يوللار بىلەن نۆۋەتتىن ئايرىلدى. 1981 - يىلىغا قەدەر، يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسى شەھەرگە قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى ياكى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى، ھەربىي سەپكە قاتناشتى.

# Ⅲ باب

# كادىرلار

مىنگو دەۋرىدە ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، كادىرلار ئىشلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشقۇراتتى. 1964 - يىل 8 - ئايدا كادىرلار بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1969 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ، بۇ ئىشقا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تۆت چوڭ گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1981-يىلى كادىرلار بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى كادىرلار ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## § 1. خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يۇقىرىدىن تەيىنلەپ ئەۋەتەتتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئەمەلدارلارنى ئادەتتە ھاكىم تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەتتى.

مىنگو دەۋرىدە، بەلگىلىمە بويىچە ئامبال، ھاكىملار ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك بولغان خادىملار ئىچىدىن تاللىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغاندىن

كېيىن ۋەزىپىگە قويۇلاتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك خادىملىرىنى ھاكىم كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىناتتى، باشقا خىزمەتچى خادىملارنى ھاكىم تاللاپ ئىشلىتەتتى، بىراق مىنگو دەۋرىدىكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئامبال، ھاكىملىرى ئىچىدە، پەقەت بىرلا ھاكىم (ئىمىن داموللا) دېموكراتىك ئۇسۇل بويىچە سايلانغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلكە باشلىقى تەيىنلىگەن. كونا ـ يېڭى ئامبال، ھاكىملار ئالماشقاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم ۋە بەنزىلىرى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۇننىڭ 6 ـ شىسىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ئىدى، يەنە بىر قىسمى كونا ھۆكۈمەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ئىدى. 1951 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئازادلىق ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي 25، كونا ھۆكۈمەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىم 53، يەرلىكتىن قوبۇل قىلىنغان ئاكتىپ 80 ئىكەن. 1953 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان، ئاكتىپلار رايون ۋە يېزىلارنىڭ كادىرلار قوشۇنىغا تاللاپ تولۇقلاندى.

1954 ـ يىلدىن كېيىن، كادىرلارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئازادلىق ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە زىيالىي ياشلار بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى (شۇجى ۋە مۇئاۋىن شۇجى، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرى) پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلىدىغان بولدى، قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، زور تۈركۈمدىكى ئورگان كادىرلىرى «7 ـ ماي» كانچىلىق لېيىنگە ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى، كۆپ ساندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى «ئورۇن بوشاتتى»، ئورگان ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1978 ـ يىلى چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زور بىر تۈركۈم كادىرلار قايتىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىچىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئۈچ خىل ئادەملەر (ئىسيانچىلار، گۇرۇھۋازلىق ئىدىيىسى ئېغىرلار، بۇزۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە باشقا ئېغىر مەسىلە تۇغدۇرغانلار) نى تازىلاش باشلاندى.

پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىن تېزدىن ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش تەلەپ قىلىندى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى قارار قىلدى. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە ياش كادىردىن سەككىزى تەكلىپ قىلىندى. 1984 ـ يىلى رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلگەندە، بەزى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش زىيالىيلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ھاكىم

ئىككى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بىر، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىر؛ يەنە «تۆۋەنگە چۈشۈش» تەلىپىگە ئاساسەن ئۆيغۇن كېلىدىغان 64 كادىر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە تولۇقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام بەنزىسىگە تولۇقلانغانلار 44، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا تولۇقلانغانلار 11، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋە يېزا باشلىقى بولغانلار تۆت، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغانلار بەش.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كادىر 1261 گە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 313 كىشى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 120 بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 47 كىشى كۆپىيىپ، %1. 39 ئاشتى؛ تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 758 بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 405 كىشى كۆپىيىپ، %43. 53 ئاشتى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتقا ئىگىلەر 56 بولۇپ، 1980ـ يىلدىن %62. 14 ئازايدى.

## § 2. خادىملار شتاتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى)، ناھىيە مەھكىمىسىدە ھاكىم ۋە كاتىپ بار ئىدى، ئاساسىي قاتلاملاردا مىڭ بېشى، يېزا ئەمەلدارى، يۈز بېشى، ئون بېشى (كۆپىنچىسى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر) ئىدى، ناھىيە مەھكىمىسىدە يەنە كونكرېت ئىش بېجىرگۈچى خىزمەتچى خادىملار ۋە قارا خىزمەتچىلەرمۇ بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باش بەگ، بەگ، ياللانما خادىم، ۋاقىتلىق خادىم بولۇپ 36 كىشى بار ئىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ناھىيە مەھكىمىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان ھەمدە ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى مەخسۇس سورايدىغان سوراقچىدىن بىرى، سوت ساقچىسىدىن ئونى سەپلىگەنىدى؛ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا بىر ئىدارە باشلىقى، ئۈچ تەپتىش، 30 سەييارە ساقچى سەپلەنگەنىدى؛ يەنە بىر قانچە ئادەم ياللىنىپ، پۈتۈكچىلىككە مەسئۇل قىلىنغانىدى. شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ناھىيە ھاكىمىيەتلىرى قايتىدىن قۇرۇلدى، مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى)، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ ۋە قۇرۇلۇش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىمى 103كە يەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈملەردىن سىرت، يەنە ساقچى ئىدارىسىمۇ تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىغا بىر شۇجى تەيىنلەندى، پارتكومنىڭ قارمىقىدا بۆلۈم، كومىتېت ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۆلۈملەرگە بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، بىر قانچە كادىر سەپلەندى، ئىشخانا (كاتىبات ئىشخانىسى)غا بىر كاتىپ سەپلەندى، ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتىغا بىر شۇجى، بىر قانچە كادىر سەپلەندى؛ ئاياللار بىرلەشمىسىگە بىر مۇدىر، بىر قانچە كادىر سەپلەندى؛ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بىر ھاكىم، بىر مۇئاۋىن ھاكىم سەپلەندى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارە (بۆلۈم) لەر تەسىس قىلىندى؛ رايونلۇق ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سەپلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئورگانلارنىڭ خادىم شتاتى بېكىتىلمىدى، خىزمەتچى خادىملار خالىغانچە كۆپەيتىلدى ياكى قىسقارتىلدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، ئورگانلارنىڭ خىزمەتلىرى نورماللىشىپ، شتات بېكىتىلىدىغان بولدى.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كادىر 1950 ـ يىلدىكى 136 دىن 1261گە يەتتى (8.2 ھەسسە كۆپەيدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىر 28%نى، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 56.8%نى، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە كادىر 53.76%نى، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە كادىر 46.24%نى، پارتىيە ئەزاسى 25.3%نى تەشكىل قىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كادىرلارنىڭ جىنس ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرۇلمىسى**

12 ـ قىسىم 15 ـ جەدۋەل　　　　بىرلىكى: نەپەر

| تۈرلەر / يىللار | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | جىنس ئايرىمىسى | | يېشى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 26~30 | 31~35 | 36~45 | 46~55 | 56~60 | 60 ياشتىن يۇقىرىلار |
| 1950 | 136 | 129 | 7 | 53 | 37 | 18 | 18 | 10 | | |
| 1951 | 169 | 159 | 10 | 38 | 76 | 37 | 15 | 3 | | |
| 1952 | 207 | 189 | 18 | 35 | 92 | 45 | 29 | 5 | 1 | |
| 1953 | 230 | 212 | 18 | 34 | 98 | 52 | 39 | 6 | 1 | |
| 1954 | 289 | 248 | 41 | 90 | 103 | 51 | 37 | 7 | 1 | |
| 1955 | 365 | 332 | 33 | 109 | 106 | 86 | 54 | 8 | 2 | |
| 1956 | 457 | 382 | 75 | 120 | 125 | 116 | 82 | 10 | 3 | 1 |
| 1957 | 551 | 367 | 84 | 112 | 142 | 122 | 145 | 25 | 4 | 1 |
| 1958 | 589 | 484 | 105 | 104 | 155 | 132 | 172 | 24 | 2 | |
| 1959 | 596 | 474 | 122 | 106 | 157 | 134 | 176 | 23 | | |
| 1960 | 605 | 498 | 107 | 127 | 158 | 131 | 163 | 26 | | |
| 1961 | 596 | 481 | 115 | 119 | 162 | 139 | 144 | 31 | 1 | |
| 1962 | 576 | 492 | 84 | 112 | 160 | 137 | 138 | 28 | 1 | |
| 1963 | 547 | 473 | 74 | 127 | 154 | 125 | 109 | 31 | 1 | |
| 1964 | 531 | 447 | 84 | 125 | 156 | 130 | 101 | 16 | 2 | 1 |
| 1965 | 465 | 394 | 71 | 75 | 139 | 119 | 107 | 20 | 5 | |
| 1966 | 440 | 378 | 62 | 88 | 127 | 106 | 106 | 13 | | |
| 1967 | 547 | 465 | 82 | 84 | 148 | 126 | 160 | 26 | 3 | |
| 1968 | 580 | 480 | 100 | 79 | 154 | 133 | 174 | 39 | 1 | |
| 1969 | 592 | 488 | 104 | 63 | 150 | 127 | 203 | 47 | 2 | |
| 1970 | 587 | 482 | 105 | 43 | 142 | 121 | 220 | 56 | 5 | |
| 1971 | 527 | 422 | 105 | 33 | 112 | 107 | 193 | 74 | 7 | 1 |
| 1972 | 620 | 494 | 126 | 45 | 142 | 134 | 207 | 86 | 5 | 1 |
| 1973 | 713 | 545 | 168 | 78 | 138 | 131 | 270 | 80 | 11 | 5 |
| 1974 | 750 | 564 | 186 | 81 | 140 | 135 | 267 | 103 | 14 | 10 |
| 1975 | 777 | 593 | 184 | 67 | 143 | 137 | 295 | 111 | 9 | 15 |
| 1976 | 848 | 664 | 184 | 97 | 149 | 130 | 304 | 142 | 14 | 12 |
| 1977 | 897 | 690 | 207 | 123 | 145 | 126 | 322 | 152 | 21 | 8 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 930 | 726 | 204 | 134 | 133 | 113 | 345 | 173 | 26 | 6 |
| 1979 | 951 | 739 | 212 | 146 | 120 | 102 | 328 | 209 | 40 | 6 |
| 1980 | 954 | 724 | 230 | 118 | 108 | 128 | 328 | 225 | 44 | 3 |
| 1981 | 1022 | 783 | 239 | 184 | 139 | 128 | 306 | 209 | 48 | 8 |
| 1982 | 1075 | 827 | 248 | 227 | 157 | 121 | 297 | 213 | 48 | 12 |
| 1983 | 1159 | 845 | 314 | 235 | 202 | 124 | 314 | 216 | 53 | 15 |
| 1984 | 1220 | 881 | 339 | 258 | 220 | 126 | 324 | 232 | 50 | 10 |
| 1985 | 1261 | 907 | 353 | 270 | 233 | 130 | 332 | 239 | 47 | 10 |

## لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە مىللەت قۇرۇلمىسى

12 ـ قىسىم 16 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| تۈرلەر / يىللار | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | سىياسىي ئەھۋالى | | | مىللىتى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەمەسلەر | موڭغۇل | خۇيزۇ | ئۇيغۇر | خەنزۇ | باشقىلار |
| 1950 | 136 | 29 | 7 | 100 | | | 90 | 45 | 1 |
| 1951 | 169 | 39 | 19 | 111 | | 4 | 103 | 55 | 7 |
| 1952 | 207 | 36 | 34 | 137 | | 6 | 124 | 75 | 2 |
| 1953 | 230 | 32 | 56 | 142 | | 4 | 142 | 79 | 5 |
| 1954 | 289 | 43 | 54 | 192 | | 4 | 203 | 77 | 5 |
| 1955 | 365 | 70 | 84 | 211 | | 7 | 234 | 122 | 2 |
| 1956 | 457 | 88 | 116 | 253 | 1 | 11 | 267 | 175 | 3 |
| 1957 | 451 | 113 | 161 | 277 | 1 | 12 | 290 | 242 | 6 |
| 1958 | 589 | 130 | 168 | 291 | | 7 | 303 | 276 | 3 |
| 1959 | 596 | 142 | 163 | 291 | 1 | 6 | 308 | 276 | 5 |
| 1960 | 605 | 167 | 147 | 291 | | 5 | 317 | 274 | 9 |
| 1961 | 596 | 182 | 117 | 297 | | 9 | 311 | 271 | 5 |
| 1962 | 576 | 195 | 120 | 261 | 1 | 9 | 298 | 265 | 3 |
| 1963 | 547 | 195 | 118 | 234 | 2 | 9 | 287 | 245 | 4 |
| 1964 | 531 | 167 | 133 | 231 | 1 | 12 | 264 | 253 | 1 |
| 1965 | 465 | 130 | 49 | 286 | 1 | 10 | 196 | 257 | 1 |
| 1966 | 440 | 124 | 29 | 287 | | 2 | 214 | 224 | |
| 1967 | 547 | 161 | 33 | 353 | | 5 | 257 | 285 | |
| 1968 | 580 | 156 | 39 | 385 | | 2 | 229 | 349 | |
| 1969 | 592 | 161 | 42 | 389 | | 4 | 235 | 353 | |
| 1970 | 587 | 165 | 50 | 372 | | 3 | 224 | 360 | |
| 1971 | 527 | 141 | 34 | 352 | | 5 | 169 | 353 | |
| 1972 | 620 | 165 | 53 | 402 | | 2 | 194 | 424 | |
| 1973 | 713 | 230 | 142 | 341 | 1 | 15 | 336 | 359 | 2 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | 363 | 367 | 16 | 1 | 253 | 153 | 244 | 750 | 1974 |
| 4 | 386 | 371 | 15 | 1 | 388 | 127 | 262 | 777 | 1975 |
| 3 | 421 | 410 | 14 | | 449 | 112 | 287 | 848 | 1976 |
| | 445 | 452 | | | 476 | 111 | 310 | 897 | 1977 |
| 2 | 452 | 463 | 12 | 1 | 503 | 112 | 315 | 930 | 1978 |
| 8 | 452 | 479 | 11 | 1 | 600 | 42 | 309 | 951 | 1979 |
| 1 | 434 | 513 | 6 | | 584 | 85 | 285 | 954 | 1980 |
| | 449 | 566 | 6 | 1 | 579 | 143 | 300 | 1022 | 1981 |
| | 457 | 609 | 9 | | 572 | 201 | 302 | 1075 | 1982 |
| 3 | 495 | 649 | 12 | | 642 | 222 | 295 | 1159 | 1983 |
| | 498 | 722 | | | 653 | 282 | 285 | 1220 | 1984 |
| | 544 | 717 | | | 689 | 253 | 319 | 1261 | 1985 |

## لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كادىرلارنىڭ مەلۇمات قۇرۇلمىسى

12 ـ قىسىم 17 ـ جەدۋەل　　　　بىرلىكى: نەپەر

| مەلۇماتى | | | | | | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | تۈرلەر / يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ساۋاتسىز | باشلانغۇچ | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | تېخنىكوم | ئالىي تېخنىكوم | | |
| 6 | 99 | 27 | 3 | | 1 | 136 | 1950 |
| 3 | 131 | 31 | 4 | | | 169 | 1951 |
| 3 | 148 | 50 | 5 | | 1 | 207 | 1952 |
| 2 | 145 | 76 | 7 | | | 230 | 1953 |
| 4 | 180 | 95 | 9 | 1 | | 289 | 1954 |
| 7 | 232 | 112 | 13 | 1 | | 365 | 1955 |
| 3 | 276 | 159 | 16 | 2 | 1 | 457 | 1956 |
| 8 | 218 | 203 | 17 | 2 | 3 | 451 | 1957 |
| 5 | 316 | 236 | 27 | 2 | 3 | 589 | 1958 |
| 6 | 256 | 279 | 45 | 5 | 5 | 596 | 1959 |
| 4 | 239 | 294 | 57 | 7 | 4 | 605 | 1960 |
| 4 | 247 | 272 | 51 | 7 | 15 | 596 | 1961 |
| 2 | 210 | 263 | 68 | 13 | 20 | 576 | 1962 |
| 3 | 149 | 284 | 77 | 15 | 19 | 547 | 1963 |
| 3 | 148 | 258 | 85 | 17 | 20 | 531 | 1964 |
| 3 | 104 | 198 | 104 | 21 | 35 | 465 | 1965 |
| 2 | 80 | 192 | 109 | 21 | 36 | 440 | 1966 |
| 2 | 100 | 256 | 124 | 26 | 39 | 547 | 1967 |
| 1 | 96 | 259 | 151 | 30 | 43 | 580 | 1968 |
| 2 | 95 | 263 | 158 | 32 | 42 | 592 | 1969 |
| 1 | 94 | 255 | 158 | 32 | 47 | 587 | 1970 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 527 | 46 | 53 | 113 | 220 | 95 | |
| 1972 | 620 | 54 | 66 | 142 | 240 | 118 | |
| 1973 | 713 | 73 | 70 | 144 | 259 | 167 | |
| 1974 | 750 | 78 | 72 | 153 | 267 | 180 | |
| 1975 | 777 | 88 | 76 | 163 | 270 | 180 | |
| 1976 | 848 | 96 | 95 | 204 | 273 | 180 | |
| 1977 | 897 | 101 | 109 | 232 | 275 | 180 | |
| 1978 | 930 | 57 | 110 | 235 | 402 | 126 | |
| 1979 | 951 | 61 | 121 | 258 | 415 | 96 | |
| 1980 | 954 | 71 | 286 | 66 | 433 | 98 | |
| 1981 | 1022 | 73 | 389 | 86 | 396 | 78 | |
| 1982 | 1075 | 79 | 407 | 120 | 325 | 144 | |
| 1983 | 1159 | 94 | 454 | 144 | 467 | | |
| 1984 | 1220 | 89 | 500 | 191 | 440 | | |
| 1985 | 1261 | 120 | 558 | 200 | 383 | | |

## لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كادىرلارنىڭ ساھەلەرگە تارقىلىش ئەھۋالى

12 - قىسىم 18 - جەدۋەل    بىرلىكى: نەپەر

| تۈرلەر / يىللار | كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى | ساھەلەرگە تارقىلىشى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پارتىيە - ئاممىۋىي تەشكىلاتلار | سىياسىي قانۇن | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق | مالىيە-سودا | سانائەت - قاتناش ۋە پوچتا - تېلېگراف | مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى |
| 1950 | 136 | 66 | 18 | 3 | 20 | | 4 | 25 |
| 1951 | 169 | 86 | 19 | 5 | 21 | | 6 | 32 |
| 1952 | 207 | 88 | 26 | 9 | 34 | | 11 | 39 |
| 1953 | 230 | 89 | 31 | 9 | 51 | | 8 | 42 |
| 1954 | 289 | 89 | 23 | 14 | 102 | 2 | 17 | 42 |
| 1955 | 365 | 113 | 33 | 10 | 136 | 6 | 22 | 45 |
| 1956 | 457 | 115 | 40 | 38 | 154 | 27 | 30 | 53 |
| 1957 | 451 | 135 | 39 | 51 | 191 | 43 | 35 | 57 |
| 1958 | 589 | 146 | 35 | 53 | 173 | 71 | 44 | 67 |
| 1959 | 596 | 129 | 32 | 92 | 169 | 55 | 46 | 73 |
| 1960 | 605 | 66 | 30 | 205 | 141 | 35 | 38 | 90 |
| 1961 | 596 | 60 | 36 | 198 | 143 | 25 | 52 | 82 |
| 1962 | 576 | 58 | 35 | 167 | 164 | 23 | 61 | 68 |
| 1963 | 547 | 50 | 28 | 185 | 147 | 18 | 53 | 66 |
| 1964 | 531 | 66 | 36 | 159 | 150 | 20 | 36 | 64 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 465 | 58 | 37 | 169 | 140 | 20 | 41 | |
| 1966 | 440 | 69 | 31 | 99 | 146 | 4 | 28 | 63 |
| 1967 | 547 | 166 | 31 | 110 | 142 | 6 | 27 | 65 |
| 1968 | 580 | 173 | 25 | 111 | 141 | 11 | 28 | 91 |
| 1969 | 592 | 176 | 29 | 111 | 142 | 12 | 28 | 94 |
| 1970 | 587 | 167 | 29 | 111 | 147 | 12 | 26 | 95 |
| 1971 | 527 | 152 | 30 | 82 | 138 | 23 | 32 | 70 |
| 1972 | 620 | 162 | 31 | 98 | 145 | 21 | 36 | 127 |
| 1973 | 713 | 169 | 35 | 105 | 136 | 60 | 75 | 133 |
| 1974 | 750 | 70 | 34 | 167 | 162 | 65 | 85 | 167 |
| 1975 | 777 | 111 | 50 | 194 | 111 | 61 | 76 | 174 |
| 1976 | 848 | 170 | 54 | 134 | 157 | 55 | 83 | 195 |
| 1977 | 897 | 143 | 59 | 142 | 172 | 50 | 120 | 211 |
| 1978 | 930 | 110 | 70 | 149 | 186 | 68 | 110 | 237 |
| 1979 | 951 | 144 | 70 | 140 | 190 | 55 | 110 | 242 |
| 1980 | 954 | 125 | 84 | 173 | 156 | 45 | 113 | 258 |
| 1981 | 1022 | 132 | 91 | 169 | 149 | 40 | 131 | 310 |
| 1982 | 1075 | 158 | 92 | 168 | 153 | 58 | 142 | 304 |
| 1983 | 1159 | 153 | 92 | 196 | 179 | 53 | 163 | 323 |
| 1984 | 1220 | 215 | 88 | 208 | 180 | 25 | 176 | 328 |
| 1985 | 1261 | 301 | 81 | 192 | 156 | 6 | 168 | 357 |

## § 3. خادىملارنى سىناش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە، كادىرلارنى مەخسۇس سىناش ئورگىنى يوق ئىدى، سىناش تۈزۈمىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ناھىيىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنى سىناشنى بىردەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل ئەمەلدارلىرى ئىگىلەيتتى، باشقا ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنى سىنايدىغان ئادەم يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كادىرلارنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1966 - يىلدىن ئىلگىرى، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ھاكىم دەرىجىلىك كادىرلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال بيۇروسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىلىك خەنزۇ كادىرلار ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى، رايون باشلىقى ۋە مۇئاۋىن رايون باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار ئاپتونوم ئوبلاست (ۋىلايەتلىك پارتكوم) تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى، قالغان كادىرلار ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى.

1973 - يىلى خەلق ئىشلىرى - كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقىدىن تۆۋەن بولغان ئادەتتىكى كادىرلار ۋە ئىشچىلارنى سىناش - ئىشلىتىش ھەم يۆتكەشنى ئاساسلىق باشقۇردى.

تەشكىلات ۋە كادىرلار تارماقلىرى ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەر قايسى تارماقلاردىكى كادىرلارنى

ئومۇمىيۈزلۈك سىناپ بېكىتتى. بەزى سىياسىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئىنتايىن «سول» چىل سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئارقىسىدا بەزى ناھەق، يالغان ۋە خاتا دېلولار تۈغۈلغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن كادىرلارنى سىناش، كادىرلارنى توغرا ئىشلىتىشكە نىسبەتەن ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق جەريانىدا، كادىرلارنى سىناش تارماقلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئىنتايىن «سول» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، كادىرلارغا ھەر خىل بەتناملار زورلۇقچە تېڭىلىپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردىن تەكشۈرۈلۈپ ۋە چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈلۈپ، نورمال سىناش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تەشكىلات ۋە كادىرلار تارماقلىرى كەينى - كەينىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى يىلمۇ يىل تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات تارمىقى رايون باشلىقى ۋە مۇئاۋىن رايون باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم تارماقلىرىنىڭ ئادەتتىكى كادىرلىرىنى باشقۇردى، كادىرلار تارمىقى بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىر ۋە ئادەتتىكى كادىرلارنى باشقۇردى، ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېكىتىش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئېلىپ بېرىپ، كادىرلارنى تەشكىللىك سىناپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى ئورگان ۋە تارماقلار، خىزمەت خاراكتېرىگە ئاساسەن ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ، مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، نەمۇنىچى قىلىپ باھالاشقا ئوخشاش رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ھەر يىلى بىر تۈركۈم ياخشى كادىرلار تەقدىرلەندى.

## § 4. كادىرلارنى تەربىيىلەش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە كادىرلارنى تەربىيىلەش ئورگانلىرى يوق ئىدى، كادىرلارمۇ تەربىيىلەنمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، لوپنۇر ناھىيىسى كونا ھۆكۈمەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ئۈچ كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ناھىيە دەرىجىلىك كادىر) نى، رايون دەرىجىلىك كادىردىن ئىككىنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى؛ قارا شەھەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقاندا، لوپنۇر ناھىيىسى 27 ئادەمنى ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئورگانلار بىرلىك قىلىنغان ئاساستا خىزمەتتىكى كادىرلار ئومۇمىي بىلىم ۋە سىياسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1952 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىدە ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىش كۇرسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى كۇرسى ۋە يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىدىغان خادىملار كۇرسى ئېچىلدى، شۇندىن ئېتىبارەن كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش تۈزۈمى تەدرىجىي شەكىللەندى.

1956 - يىلى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ئۇزۇن ھەم قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش باشلاندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، 47 قارار كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، بۆلۈمچە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىردىن 1376 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيە مەكتىپى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1975 ـ يىلى «چاۋياڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى» نىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش مەزگىلىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە «7 ـ ماي» داشۆسى قۇرۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم ناھىيە ۋە بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار «7 ـ ماي» داشۆسىگە بېرىپ ئەمگەك بىلەن چېنىقتى.

1976 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ مەكتەپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، پارتىيىلىك كادىرلارنى تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ناھىيە، گۇڭشې(يېزا)لاردىكى مەمۇرىي كادىرلار ۋە كارخانا باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1956 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر، پارتىيە مەكتىپىدە 61 قارار كادىر ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل كادىردىن 4160 نەچچە ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 1985 ـ يىلى تۆت قارار كۇرس ئېچىلىپ، 427 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 20، رايون دەرىجىلىك كادىر 113، بۆلۈمچە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىر 294 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 27).

1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 34 ئادەم مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي تېخنىكوم كۇرسلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، 42 ئادەم ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى، مالىيە بوغالتېرلىقى مەكتىپى ۋە باشقا كەسپىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، 121 ئادەم «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارغا قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلدى.

## § 5. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ۋە خىزمەتتىن چېكىنىش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى دۆلەت ئېلان قىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار بىلەن ئىشچىلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كادىرلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە باشلىدى، ئومۇمەن تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ: 1) ئەرلەرنىڭ يېشى 60 قا، ئاياللارنىڭ يېشى 55 كە توشقان، ئۇدا خىزمەت ستاژى ئون يىلغا توشقان بولسا؛ 2) ئەرلەرنىڭ يېشى 50كە، ئاياللارنىڭ يېشى 45 كە توشقان، ئۇدا خىزمەت ستاژى ئون يىلغا توشقان، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىق توغرىسىدا دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بولسا؛ 3) خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولۇپ، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىق توغرىسىدا دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بولسا. يۇقىرىدىكى پېنسىيىگە چىقىش شەرتى ھازىرلانمىغان، بىراق ئەمگەك ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىق توغرىسىدا دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتتىن چېكىنىشىگە يول قويۇلدى. خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن ھەر ئايدا شۇ كىشىنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ

40 پىرسەنتىگە تەڭ تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى. 1978 - يىلدىن 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 79 كادىر پېنسىيىگە چىقىش ۋە خىزمەتتىن چېكىنىش رەسمىيىتىنى بېجىردى.

1982 - يىل 4 - ئايدىن ئېتىبارەن، لوپنۇر ناھىيىسى دۆلەت ئىلان قىلغان كادىرلارنى دەم ئېلىشقا چىقىرىش بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئومۇمەن 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، تەمىنلەش تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كادىرلار ئىچىدە ئەرلەر 60 ياشقا، ئاياللار 55 ياشقا توشقان بولسا، دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى؛ سالامەتلىكى نورمال خىزمەت قىلىشقا يار بەرمىسە، دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن بېجىرىپ دەم ئېلىشقا چىقىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە جەمئىي 26 كادىر دەم ئېلىشقا چىقتى. دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ ئاساسىي مۇئامىلىسى ئۆزگەرمىدى، مەمۇرىي 18 - دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلار، خىزمەتتىكى ۋاقتىدا ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىگەن بولسا، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى، 14- دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلار ۋىلايەت (ئىدارە) دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى؛ تۇرمۇش مۇئامىلىسى جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلدى، ئۇلارغا %100 ئىش ھەققى بېرىلگەندىن تاشقىرى، ئومۇمەن 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان پېشقەدەم كادىرلارغا ھەر يىلدا دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى بىر يېرىم ئايلىق ئۆلچەملىك ئىش ھەققى قوشۇپ تارقىتىپ بېرىلدى، 1942 - يىل 1 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقانلارغا ھەر يىلى بىر ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ تارقىتىپ بېرىلدى. دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بولسا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىمكانقەدەر ياردەم قىلىپ ھەل قىلىپ بەردى، ئۆيى يېزىدا بولسا 800 يۈەندىن بىر قېتىملىق ئۆي قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى، تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۆيىنى سىرتقا كۆچۈرىدىغان كادىرلارغا 1500 يۈەن ئۆي قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

1984 - يىلى ناھىيىدە پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئىككى مەخسۇس كادىر سەپلەندى، ئۇلار پېشقەدەم كادىرلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئۆيى قۇرۇلۇپ، كىتاب ۋە گېزىت- ژۇرنال كۆرۈش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، پائالىيەت ئۆيىگە گېزىت- ژۇرنال، تېلېۋىزور ۋە كۆپ خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۈسكۈنىلىرى قويۇلدى. پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى پېشقەدەم كادىرلارنى خاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا ساياھەت قىلىش، داۋالىنىش ھەم دەم ئېلىشقا بېرىشقا تەشكىللىدى (ئوبلاستتىن بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇلغان). پېشقەدەم كادىرلارنىڭ كېسەل كۆرستىشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، پېشقەدەم كادىرلارغا مەخسۇس بىر ئاپتوموبىل سەپلەپ بېرىلدى.

# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# ئامانلىق ساقلاش، ئەدلىيە

# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# ئامانلىق ساقلاش، ئەدلىيە

## I باب

## ئامانلىق ساقلاش

### § 1. ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) ئامانلىق ساقلاشنى پاششاپ بەگ بىلەن سەييارە چارلىغۇچىنىڭ ياردىمىدە ناھىيىنىڭ ئامبىلى باشقۇرغانىدى. پاششاپ بەگ تۇتۇش، قاماشنى باشقۇراتتى، ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتلىق چېرىك، چېرىك ۋە گوندىپاي قاتارلىق خادىملار سەپلەپ بېرىلەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، باش پاششاپ بەگ، ياردەمچى پاششاپ بەگ، ساقچىلار ئون بېگى ۋە ساقچى تەسىس قىلىپ ئامانلىق ساقلاشقا مەسئۇل قىلدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ساقچى ئىدارىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تۈزۈمنى داۋاملاشتۇردى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە، مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) ساقچى ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى(1942 ـ يىلى) يەنە ساقچى ئىدارىسى دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ساقچى ئىدارىسىدا 36 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە توققۇز مۇپەتتىش، 27 ئوفىتسېر ۋە ساقچى بار ئىدى. ساقچى ئىدارىسى قارىمىقىدا 2 ـ يېزىلىق (تىكەنلىك) پەيچۇسو ۋە 3 ـ يېزىلىق (دۆڭقوتان) پەيچۇسو قۇرۇلدى، باۋلاردا نوپۇس باشقۇرغۇچى تەسىس قىلىندى. ساقچى ئىدارىسى ۋە پەيچۇسولارغا قورال ـ ياراق سەپلەپ بېرىلدى، ناھىيە بويىچە بەش تاپانچا، 67 مىلتىق بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك جامائەت

خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى (ج خ ئىدارىسى) قۇرۇلۇپ، يۇ جېنكۇن تۇنجى ئىدارە باشلىقى بولدى، ئۇ، سابىق گومىنداڭ ساقچى خادىملىرىنى تەكشۈرۈپ 14 كىشىنى داۋاملىق ئىشلەتتى.

ج خ ئىدارىسى قارىمىقىدا مەمۇرىي بۆلۈمچە، سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ئىككى رايوندا پەيچۇسو ۋە خەلق ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى، ئىدارە بويىچە كادىر ۋە ساقچى 58 گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 - يىلى «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى» ھەربىي ئىدارە قىلىندى. 1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا خەلق ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ج خ ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە سوت مەھكىمىسىدىن ئىبارەت قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئۈچ ئورگاننىڭ ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزۈش يۈكلەندى. 1973 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1951 - يىلى ناھىيىلىك ج خ ئوتتۇرا ئەترىتى تەشكىل قىلىنغانىدى، 1966 - يىلى ئۇ خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1976 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئوتتۇرا ئەترىتى ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان قىلىندى.

1979 - يىلدىن كېيىن بىر قىسىم ياش ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر يۆتكەپ كېلىنىپ ج خ ئىدارىسى تولۇقلاندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر سىياسىي كومىسسار سەپلەندى، يەنە كاتىبات بۆلۈمچىسى، جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، تېرگاۋ بۆلۈمچىسى، سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى ھەمدە تارىم، دۆڭقوتان يېزىلىرىدا ۋە لوپنۇر بازىرىدا پەيچۇسو تەسىس قىلىندى، كادىر ۋە ساقچى 44 كە يەتتى.

## § 2. ئامانلىق باشقۇرۇش

### 1. ئەكسىيەتچى پارتىيە - ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تىزىملاش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىدە گومىنداڭ پارتىيىسى ۋە سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە ئەكسىيەتچى پارتىيە - ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ئىشلەندى، گومىنداڭ ئاخباراتچىسىدىن 61 كىشى، گومىنداڭ ئەزاسىدىن 169 كىشى، سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسىدىن بىر كىشى بولۇپ جەمئىي 231 كىشى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇردى.

1951 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش نىزامنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاممىنى قوزغاپ پاش قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئەكسىلئىنقىلابچىدىن 110 كىشى قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زومىگەر ئالتە كىشى، باشقىلار 104 كىشى. شۇ چاغدا ئىشچى، دېھقان، سودىگەر، زىيالىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام زات قاتارلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنىپ، قولغا ئېلىنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش نىزامنامىسى»گە ئاساسەن

بىر ـ بىرلەپ جازا كېسىلىپ، ئوچۇق سوت قىلىپ دېلو بېكىتىلدى.

ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئۈچۈن، ناھىيىدە 1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتكە ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 250 كىشى قاتناشتى، پارتىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش سىياستىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئاشكارىلاش ـ پاش قىلىش، ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇش ئارقىلىق، ئەكسىلئىنقىلابچىدىن بىر كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، 32 كىشىنىڭ مەسىلىسى ئېنىقلاندى.

## 2. فېئودallىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ناھىيىگە باشقا جايلاردىن بىر قىسىم چىڭباڭ، خۇڭباڭچىلار كېلىپ قالغانىدى. 1950 ـ يىلى ناھىيىدە چىڭباڭ، خۇڭباڭچىلار تىزىملىنىپ، چىڭباڭ، خۇڭباڭ تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3. ئاساسىي قاتلامدا ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج خ ئىدارىسى پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزىلاردا كەنت ئاھالە كومىتېتى (ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى)، شەھەر ـ بازار كوچىلىرىدا، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردا پەيچۇسولارنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان جامائەت ئامانلىقىنى ساقلاش كومىتېتى ياكى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە جامائەت ئامانلىقىنى ساقلاش كومىتېتى (گۇرۇپپىسى) 37 گە، ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم 301 گە يەتتى.

## 4. تۆت خىل ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىش، ئۆزگەرتىش

لوپنۇر ناھىيىسى بەزى پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى ئاممىنىڭ نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىشىگە تاپشۇردى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ تۆت خىل ئۇنسۇرلاردىن ئاز ساندىكىلىرى ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرغاندىن باشقا، زور كۆپچىلىكى ئۆزگىرىپ يېڭى ئادەم بولدى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 20 پومېشچىك، باي دېھقاننىڭ، 40 بۇزۇق ئۇنسۇردىن 90 پىرسەنتىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى.

## 5. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش پائالىيىتى

ناھىيىلىك ج خ ئورگىنى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى جامائەت ئامانلىقىنى ساقلاشنى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ بوشاشتۇرۇپ قويماي چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. 1983 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىغا قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارار»نى ئاساسەن، ناھىيە بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، بەزى جىنايەتچىلەر گۇرۇھى تارمار قىلىندى، ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىدىن 64 كىشى تۇتۇلدى، بۇ قېتىمقى قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

## 6. ئالاھىدە كەسىپلەرنى باشقۇرۇش

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ساراي - دەڭ، مېھمانخانا، كومىسسيون، كونا مېتال بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش - سېتىش پونكىتى قاتارلىق ئالاھىدە كەسىپلەرنى تىزىملاش، كىنىشكا تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، شۇ يول بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە ئالاھىدە كەسىپ يەتتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساراي - دەڭ (مېھمانخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۆت، رېمونتخانا سەككىز، باسمىخانا بىر.

**لوپنۇر ناھىيىسىدە 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بىر تەرەپ قىلىنغان ئامانلىق ساقلاشقا دائىر ئەھۋاللار**

13 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| يىللار | يۈز بەرگەن دېلو سانى | بىر تەرەپ قىلىنغان ئادەم سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش | جەرىمانە قويۇش | ئاگاھلاندۇرۇش |
| 1980 | 114 | 140 | 78 | 45 | 17 |
| 1981 | 110 | 131 | 89 | 26 | 16 |
| 1983 | 67 | 106 | 59 | 29 | 18 |
| 1984 | 51 | 65 | 40 | 18 | 7 |
| 1985 | 54 | 84 | 49 | 26 | 9 |

# § 3. نوپۇس باشقۇرۇش

## 1. شەھەر - بازارلارنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇش

1950 - يىلى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى نوپۇس باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويغانىدى. 1953 - يىلى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا نوپۇس ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، نوپۇسنىڭ كىرىش - چىقىش، تۇغۇلۇش - ئۆلۈشتەك ئۆزگىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن بىر نوپۇس باشقۇرغۇچى قويۇلدى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىغا ئائىلە بويىچە نوپۇس تىزىملاش دەپتىرى تارقىتىلدى ۋە ئۇ نوپۇس ئارخىپىغا كىرگۈزۈلدى، ھەر يىلى ئادەممۇ ئادەم، نوپۇسمۇ نوپۇس سېلىشتۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا نوپۇس ستاتىستىكا ئەھۋالىدىن يۇقىرىغا مەلۇمات بېرىپ تۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامانلىق ساقلاش، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلىنىپ، ساراي-دەڭ، مېھمانخانىلاردا قونغۇچىلار شۇنىڭدەك شەھەر - بازارلارغا كېلىپ - كېتىپ يۈرگۈچىلەرنى تىزىملاپ تۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى لوپنۇر بازارلىق پەيچۇسو پۈتۈن بازار ئاھالىسىنىڭ نوپۇس دەپتىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، «كۆنچى» كوچىسى قاتارلىق كوچىلاردا

ئىشىك نومۇرى قويدى.

## 2. يېزا نوپۇسىنى باشقۇرۇش

يېزا نوپۇسى ئىزچىل تۈردە يېزا(گوڭشې)لىق خەلق ئىشلىرى خادىمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس سانى سېلىشتۇرۇلۇپ، كىرىش - چىقىش، تۇغۇلۇش - ئۆلۈشتەك ئۆزگىرىشلەر ئايرىلغاندىن كېيىن، يېزا(گوڭشې)لار تەرىپىدىن جەملىنىپ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىندى. ئومۇمەن پەيچۇسو قۇرۇلغان يېزا(گوڭشې)لاردا، نوپۇس پەيچۇسونىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى، كەنتلەر(ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى)دە ستاتىستىكا قىلغۇچى نوپۇس خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا ئاھالىسىدىن كۆچۈپ كەتكۈچىلەر، كۆچۈپ كەلگۈچىلەر، تۇغۇلغان - ئۆلگەنلەرنىڭ نوپۇس رەسمىيەتلىرى يېزا - بازارلاردا بېجىرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

# § 4. يۈز بەرگەن دېلولارنى رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلاش

## 1. ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو

1961 — 1962 - يىللىرى ئۈچ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو يۈز بەردى ۋە ئۇچىلىسى رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار يېزىش دېلوسى جەمئىي 37 بولۇپ، بۇنىڭدىن 29ى رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلاندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئۇنىڭ 23ى تەكشۈرۈپ ئاقلاندى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا مۇنداق دېلو ئىنتايىن ئاز يۈز بەردى.

## 2. جىنايى ئىشلار دېلوسى

1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ھەر يىلى يۈز بەرگەن دېلو ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 دىن ئاشمىدى، ئاشكارىلانغىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 95% تىن يۇقىرى بولدى. 1959 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ھەر يىلى يۈز بەرگەن دېلو ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28 دىن ئېشىپ كەتتى، رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلىنىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى. 1977 - يىلدىن1985- يىلغىچە ھەر يىلى يۈز بەرگەن دېلو ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 65 بولۇپ، رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلىنىش نىسبىتى 80% بولدى، 1979 - يىل جىنايى ئىشلار جىنايىتى دېلوسى ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن يىل بولدى، شۇ يىلى يۈز بەرگەن دېلو 147 گە يەتتى، رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلىنىش نىسبىتى 98%.65 بولدى؛ دېلو ئەڭ ئاز يۈز بەرگەن يىل 1966 - يىلى بولۇپ، توققۇز دېلو يۈز بەردى. رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلىنىش نىسبىتى 5%.55 بولدى. 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ جىنايى ئىشلار دېلوسى 111 بولۇپ، رازۋېتكا قىلىپ ئاشكارىلىنىش نىسبىتى 1950 -، 1953 -، 1954 -، 1956 -، 1957 -، 1958 -، 1959 -، 1962 -، 1964 -، 1969 -، 1974 -، 1978 -، 1981 - ، 1982 -، 1983-، 1984 - يىللىرى پۈتۈنلەي 100% بولدى.

## لوپنۇر ناھىيىسىدە 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ئاشكارىلانغان دېلولار

13 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | يۈز بەرگەن دېلو سانى | | دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى % | |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە چوڭ دېلو | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە چوڭ دېلو |
| 1950 | 16 | 1 | 80 | 100 |
| 1951 | 16 | | 79 | |
| 1952 | 12 | | | |
| 1953 | 10 | | 100 | 100 |
| 1954 | 50 | 2 | 88 | 100 |
| 1955 | 27 | | | |
| 1956 | 7 | 1 | 71.6 | 100 |
| 1957 | 17 | 3 | 94 | 100 |
| 1958 | 22 | 1 | 100 | 100 |
| 1959 | 12 | | 100 | 100 |
| 1960 | 37 | 12 | 91.9 | 75 |
| 1962 | 43 | 3 | 88 | 100 |
| 1963 | 19 | 2 | 89 | 50 |
| 1964 | 10 | | 100 | 100 |
| 1965 | 18 | | 77.7 | |
| 1966 | 9 | 5 | 55.5 | 80 |
| 1967 | 28 | 6 | 53.57 | 83.3 |
| 1969 | 23 | 1 | 10.71 | 100 |
| 1970 | 29 | | 75.86 | |
| 1973 | 71 | 3 | 25.53 | |
| 1974 | 67 | 3 | 41.79 | 100 |
| 1975 | 58 | | 58.6 | |
| 1976 | 39 | | 84.6 | |
| 1977 | 133 | 15 | 72.2 | 86.7 |
| 1978 | 59 | 1 | 83.5 | 100 |
| 1979 | 147 | 6 | 65.98 | 83 |
| 1980 | 63 | | 75 | |
| 1981 | 61 | 2 | 77 | 100 |
| 1982 | 76 | 4 | 78.95 | 100 |
| 1983 | 52 | 7 | 87 | 100 |
| 1984 | 34 | 3 | 70.58 | 100 |
| 1985 | 42 | 4 | 80.95 | 75 |

### قوشۇمچە
### قوراللىق قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش

1984 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 16 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ مەلۇم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى جىنايەتچى لىن شۆلۇڭ يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ئۆزىنىڭ شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرغۇچى كادىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «54» تىپلىق تاپانچا بىلەن بىر قانچە تال ئوقنى ئېلىپ، لوپنۇر ناھىيىسى چېگرىسى تەرەپكە قاراپ قاچقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قورشاپ تۇتۇش ئۈچۈن دەرھال كۈچ تەشكىللىدى. 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دۆڭقوتان رايونىدا جىنايەتچى لىن شۆلۇڭنىڭ ئىزى بايقالغاندىن كېيىن قوماندانلىق شتابى مۇزاكىرە قىلىپ قاچقۇننىڭ قېچىش ئېھتىمالى بولغان رايونلاردا توساق توسۇپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. جەڭگە قاتناشقان كادىر - ساقچىلار ئادەمزات يوق قويۇق توغراقلىق، جىغان - تېكەنلىك، ئوت - چۆپلۈك ئىچىدە ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا، ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇققا چىداپ، ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان كۈننىڭ كۆيدۈرۈشىگە پىسەنت قىلماي، پاشا - كۆمۈتا، چىۋىن، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ چېقىشىغا قارىماي، چارۋىچى ئاممىنىڭ ماسلىشىپ قوللىشى ئارقىسىدا 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قاچقۇننى ئوسمان دەرياسىنىڭ بويىدا قورشىۋالدى. جىنايەتچى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوق چىقارغاچقا، نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاندى.

## § 5. تۈرمە - سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە سولاقخانا قۇرۇلغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە گومىنداڭ دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق تۈرمە (ھازىرقى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا) سولاقخانا قىلىنغانىدى. 1956 - يىلى سولاقخانا «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ شەرقىغە كۆچۈرۈلدى. 1967 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلدى.

سولاقخانا قۇرۇلغاندا بىر باشقۇرغۇچى خادىم بار ئىدى، سولاقخانىنى ج خ جەڭچىلىرى قوراللىق ساقلايتتى. 1985 - يىلى سولاقخانىغا بىر باشلىق، بىر باشقۇرغۇچى كادىر سەپلەندى.

## § 6. قاتناشنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاتناشنى باشقۇرۇشقا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1982 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا ئاپتوموبىل يولى بىلەن ھارۋا يولى لىنىيىسى سىزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېشەك ھارۋىسى، ۋېلىسىپىت قويىدىغان ئورۇنلار بەلگىلەندى.

1972 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 44 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 16 كىشى ئۆلدى. 1984 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە چوڭ ۋەقە سادىر بولمىدى.

# § 7. ئوت ئۆچۈرۈش ـ ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئوت ئۆچۈرۈش ـ ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى بولمىغاچقا، ئوت ئۆچۈرۈش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلمىغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسىدە (بۆلۈمىدە) ناھىيە بازىرىدا ئوت ئۆچۈرۈشكە ۋە يېزا قىشلاقلاردا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتىغا، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلدى، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى پاختا ـ كەندىر تىجارەت بۆلۈمىدە ۋە ناھىيىلىك چوڭچۇك بويا قىيامى زاۋۇتىدا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي 75 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭدا يېزىلاردا خامانغا ئوت كېتىش نىسبىتى 50% نى ئىگىلىدى، بىۋاسىتە زىيان 147 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## قوشۇمچە
## ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى

1973 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى خې چىڭفۇ تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۇن زاۋۇتىنىڭ 449.5 كۋادرات مېترلىق زاۋۇت ئۆيى، 110 مىڭ جىڭ ئاشلىق ۋە ئۇن كۆيۈپ كەتتى. بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 82 مىڭ 500 يۈەن بولىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن خې چىڭفۇغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدە 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى ئەھۋالى**

13 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | سانى | ئىقتىسادىي زىيان (يۈەن) |
|---|---|---|
| 1976 | 15 | 31540 |
| 1977 | 5 | 10790.65 |
| 1978 | 14 | 27471.88 |
| 1979 | 9 | 6000 |
| 1980 | 2 | 900 |
| 1981 | 8 | 36284.24 |
| 1982 | 4 | 1884 |
| 1983 | 4 | 3167.40 |
| 1984 | 8 | 19249 |
| 1985 | 6 | 11046 |

# II باب

# سوت قىلىش

مىڭگو دەۋرىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى ۋە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىدا، چوڭ دېلولارنى ئادەتتە ئامبال، ھاكىملار ئۆزى تەرگاۋ قىلاتتى، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلىناتتى، ناھىيىلىك ئامبال مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە جىنايەتچىلەر سولىنىدىغان سولاقخانا تەسىس قىلىنغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار، جىنايى ئىشلار جىنايىتى دېلولىرى تەرگاۋ قىلىندى، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ماجىرالىرى ياراشتۇرۇلدى. 1954- يىلى تىكەنلىك رايونلۇق خەلق سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. 1961 - يىلى دۆڭقوتان رايونلۇق خەلق سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىندى. 1973 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىچىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1983 - يىلى دۆڭقوتان رايونلۇق خەلق سوت كوللېگىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادىمى 21 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 13)، ئۇنىڭ ئۈچى كوللېگىيە باشلىقى، ئۈچى سوتچى، ئۈچى ياردەمچى سوتچى، ئالتىسى پۈتۈكچى، ئالتىسى باشقا خىزمەتچى. خەلق سوت مەھكىمىسى سوت كوللېگىيە ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، ئۇ سوت تەشكىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولۇپ، زور سوت خىزمىتى مەسىلىلىرى سوت كوللېگىيە ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلىدۇ. سوت كوللېگىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەيىنلىشىگە سۇنۇلىدۇ، سوت كوللېگىيە ھەيئىتى بەش كىشىدىن (سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەشكىل تاپىدۇ.

## § 1. ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوتى

ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ئاساسەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىدۇ. دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىپ، زىددىيەتلەرنى يۇمشىتىپ، ھەقىقەتنى ئېنىقلاپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئاساسىدا ۋاقتىدا سوت

قىلىدۇ، ھەق تەلەپ ئىشلىرى ھوقۇقى بىلەن ۋەزىپىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنــــى جازالاپ، دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، يۇقىرالارنى قانۇن، قائىدە - نىزام، ئەمىر-پەرمانلارغا ئاڭلىق بوي سۇنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. 1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 95 پارچە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 78 نى تېرگاۋ قىلىپ ھۆكۈم چىقاردى (بۇ قــوبــۇل قىلىنغان دېلونىڭ 82.1 پىرسەنتىنى ئىگىلــەيــدۇ)، 17 سىنى ياراشتۇردى. 1966 - يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان 67 پارچە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىنىڭ ھەممىسىنى تېرگاۋ قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ دېلوسى 38 پارچە بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 56.71 پىرسەنتىنــى ئىگىلەيدۇ؛ تۆلەم دېلوسى 14 پارچە بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 20.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قەرز دېلوسى يەتتە پارچە بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 10.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ مىراس دېلوسى تۆت پارچە بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 5.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا دېلو تۆت پارچە بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 5.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1966 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تــەلــەپ دەۋا ئىشلىرى دېــلــوسى 1955 - يىلــدىــكىدىن 29.4% ئازايدى.

1984 - يىلى «ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتا ياراشتۇرۇشنى ئاساس قىلدى، بىر يىل ئىچىدە 207 پارچە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 155 نى ياراشتۇردى، بۇ قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 74.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تېرگاۋ قىلىپ خۇلاسىلانغان ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسى ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى 60.5% نى ئىگىلەيدۇ.

1985 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسى 137 بولۇپ، 1982 - يىلدىكىدىن 33.82% ئازايدى، تېرگاۋ قىلىپ خۇلاسىلانغان دېلو ئىچىدە ياراشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 103 بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغان 111 ھەق تــەلــەپ دەۋا ئىشلىرى دېــلــوسىنىــڭ 92.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## § 2. جىنايى ئىشلار سوتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىــــــسى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يېڭى ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا 1400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، 14 جىنايەتچىنى نەق مەيداندا سوتلىدى، دۈشمەننى قورقۇتۇش، ئاممىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىككى جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، بىر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى ئاشكارا ئېلان قىلدى.

1955 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جەمئىي 521 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇرلۇق دېلوسى 236 بولۇپ، تېرگاۋ قىلىنغان

دېلونىڭ 45.29 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ لۈكچەكلىك دېلوسى 17 بولۇپ، تېرگاۋ قىلىنغان دېلونىڭ 3.26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ زىيانكەشلىك قىلىش - زەخىملەندۈرۈش دېلوسى 41 بولۇپ، تېرگاۋ قىلىنغان دېلونىڭ 7.86 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قانۇن بويىچە 533 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 116 كىشى، بەش يىلدىن يۇقىرى، 20 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 115 كىشى، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغىنى بىر كىشى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1967 - يىلى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىندى. سوت قىلىش خىزمىتىگە 1969 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق ئامانلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولىدىغان بولدى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1976 - يىلغىچە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن جەمئىي 48 نى قوبۇل قىلدى ۋە 48 نى تېرگاۋ قىلىپ سوتلىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قانۇنچىلىق ئاستا - ئاستا مۇكەممەللەشتى، ھەر خىل سوت قىلىش تۈزۈملىرى دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 65 ى قوبۇل قىلىندى ۋە 65 ى تېرگاۋ قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. 1983 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەققىدىكى قارارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسى ئېغىر دەرىجىدىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە ئېغىرلىتىپ ۋە تېز زەربە بەردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ناھىيىلىك كىنوخانىدا ناھىيە بويىچە سوت قىلىش يىغىنى ئېچىپ، سەككىز دېلودىكى ئون كىشىگە قانۇن بويىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئېلان قىلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقان قىلغان جىنايەتچىلەرگە ۋە لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 18 ى قوبۇل قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق دېلوسى ئالتە)، 16 سى تېرگاۋ قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، بۇ، قوبۇل قىلىنغان دېلونىڭ 89 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچى ئالتە، بەش يىلدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچى تۆت، جىنايى ئىشلار جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغىنى ئىككى، تېرگاۋ قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان 16 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئىچىدە، يۇقىرىغا ئەرز قىلغىنى بەش، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - سوتتا ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى تۆت بولۇپ، %80 نى ئىگىلەيدۇ؛ يەنە بىر قېتىم تېرگاۋ قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى بىر، 3 - سوتتا نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە تېرگاۋ قىلىنغىنى بىر، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى بىر بولۇپ، ئەرز قىلىنغان دېلونىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن قارشى ئەرز قىلىنغىنى بىر، جۈملىدىن ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى بىر.

## § 3. ئىقتىسادىي سوت

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مۇھىم خىزمەت نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1982 - يىلدىن باشلاپ، لوپنۇر ناھىيىسىدە ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ئىچىدە ئىقتىسادىي دېلولارنى تېرگاۋ قىلىشقا مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلدى.

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىب، ھەر قايسى ئىقتىسادىي ساھەلەر ئارا باردى-كەلدى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىمۇ كۆپلەپ كۆپىيىپ كەتتى. 1982 - يىلى ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلوسىدىن ئالتىسى قوبۇل قىلىنغان بولسا، 1983 - يىلغا كەلگەندە 11 گە يەتتى. 1985 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەر خىل ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلوسى 47، تېرگاۋ قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 37، ئەرز سوممىسى 214 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى.

## § 4. خەلق زاسېداتېلى

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1954 - يىل 9 - ئايدىكى «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خەلق زاسېداتېلىدىن ئىبارەت زاسېداتېللىق تۈزۈمىنى قەدەممۇ قەدەم يولغا قويدى. خەلق زاسېداتېلى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇلىدۇ ۋە تولۇقلاپ سايلىنىدۇ. خەلق زاسېداتېللىرى خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدىكى سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشتا سوت باشلىقى بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتا بولىدۇ، دېلو ماتېرىياللىرىنى ئوقۇش، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەش، دېلو تەكشۈرۈش، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇشقا قاتناشسا بولىدۇ، سوت قىلىش جەريانىدا جاۋابكارنى سوراق قىلىشقا، گۇۋاھلىق ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە بولىدۇ؛ سوت كېڭەشمىسىدە كېڭىشىش جەريانىدا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە، زاسېداتېللىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مالىمانچىلىقى مەزگىلىدە، زاسېداتېللىق تۈزۈمى توختاپ قالغانىدى. 1978 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ناھىيىگە قاراشلىق گۇڭشې ۋە

چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى گورۇپپىلاردىن 30 خەلق زاسېداتېلى سايلاپ چىقىلدى. 1985- يىلى ناھىيە بويىچە خەلق زاسېداتېلى 30 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 16.

## § 5. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

1978 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ھۆكۈم قىلىنغان 79 دېلونى ئۇقتىلىق تەكشۈردى. ئون يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا، قانۇن دەپسەندە قىلىنىدى، تولىمۇ سول ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، خاتا قولغا ئېلىش، خاتا ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن بەزى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار يۈز بەردى. ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «خاتا بولىدىكەن چوقۇم تۈزىتىش» پرىنسىپى بويىچە، «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى. دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، 18 ئەكسىلئىنقىلابىي دېلونىڭ 12 سىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمىنى بىكار قىلدى ۋە گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلدى، تۆت دېلونى تۈزەتتى ۋە ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى، ئىككىسىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى؛ 61 ئادەتتىكى دېلودىن بەشىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمىنى بىكار قىلدى ۋە گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلدى، ئالتىسىنى تۈزەتتى ۋە ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى، 50 سىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىلگىرى تولىمۇ سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى پۈتۈنلەي ئاقلاپ بولدى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تۈگەتتى.

# III باب

# تەپتىشلىك

## § 1. ئاپپاراتلار

### 1. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

1951 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئالتە دېلو ئىشلىگۈچى خادىم ۋە باش تەپتىش، مۇئاۋىن باش تەپتىش سەپلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت سىستېمىسىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئامانلىق ساقلاش گورۇپپىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ

ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلدى. 1985 - يىل 8 - ئايدا تەپتىش مەھكىمىسىدە تەھقىقلەش بۆلۈمى، جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ئىقتىساد، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى تەپتىش قىلىشنى تەھقىقلەش بۆلۈمى ئۈستىگە ئالدى، جىنايى ئىشلار، تۈرمە - سولاقخانىلارنى تەپتىش قىلىش كەسپىنى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى ئۈستىگە ئالدى، ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئىشخانا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن تەپتىش مەھكىمىسىدە ساقچى - كادىر 12 گە (بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى ئۇيغۇر)، تەپتىش ئىككىگە (بىرسى ئۇيغۇر)، ياردەمچى تەپتىش ئۈچكە، قانۇن ساقچىسى بىرگە يەتتى.

## 2. تەپتىشلىك ھەيئىتى

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپلا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تەپتىشلىك ھەيئىتى خىزمەتتىن توختاتتى. 1979 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1980 - يىل 3 - ئايدا تەپتىشلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى، تەپتىشلىك ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى باش تەپتىش كۆرسىتىدۇ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، زور دېلولار پۈتۈنلەي تەپتىشلىك ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. تەپتىشلىك ھەيئىتىگە باش تەپتىش رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى باش تەپتىشتە بولىدۇ.

## § 2. جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ج خ ئورگانلىرى تەھقىقلىگەن دېلولارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، قولغا ئېلىش ۋە ئەيىبلەشنى قارار قىلىش ۋە سوتقا چىقىپ قىلىنغان شىكايەتنى قوللاش، شۇنىڭدەك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەش، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشتۇر.

1951 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە تەپتىش مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنماي، دېلو ئىشلىگۈچى خادىملارلا سەپلەنگەنىدى. 1955 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ج خ ئورگانلىرىنىڭ قولغا ئېلىشقا يوللىغان دېلولاردىن تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىغىنى 276 ئادەم بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى كەسپى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1979 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1979 - يىل 5 - ئايدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ج خ ئورگىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشكە يوللىغان 130 دېلودىكى 150 كىشىدىن 121 دېلودىكى 137 كىشىنى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، يەتتە دېلودىكى 12 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمىدى، ئىككى دېلودىكى ئۈچ كىشىنىڭ مەسىلىسىنى قايتا تەھقىقلەشكە قايتۇردى، تەپتىش مەھكىمىسى بىر كىشىنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. ج خ ئورگىنى ئەيىبلەپ ئەۋەتكەن 134 دېلودىكى 168 كىشىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 134 دېلودىكى 168 كىشىنى ئەيىبلەشنى قارار قىلدى، سەككىز دېلودىكى توققۇز كىشىنى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلدى، بىر دېلودىكى ئىككى ئادەمنى ئەيىبلىمەيدىغان بولدى، ئۈچ

دېلودىكى تۆت ئادەمنىڭ مەسىلىسىنى يەنە تەكشۈرۈشكە قايتۇردى، بەش ئادەمنى قايتىدىن ئەيىبلەشنى قارار قىلدى.

### 1956 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى ۋە ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان دېلولار

13 ـ قىسىم 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | جەمئىي (پارچە) |
|---|---|
| 1956 | 36 |
| 1957 | 40 |
| 1958 | 87 |
| 1959 | 21 |
| 1960 | 23 |
| 1961 | 23 |
| 1962 | 31 |
| 1963 | 29 |
| 1964 | 4 |
| 1965 | 5 |
| جەمئىي | 276 |

### 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان دېلولار

13 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | دېلولار | | ئەيىبلەنگىنى | | ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | ئەيىبلەنمىگىنى | | تەكشۈرۈشكە قايتۇرۇلغىنى | | قايتىدىن ئەيىبلەنگىنى (ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | |
| 1979 | 15 | 16 | 13 | 14 | 2 | 2 | | | | | |
| 1980 | 21 | 24 | 17 | 18 | 2 | 2 | 1 | 2 | 1 | 2 | 2 |
| 1981 | 21 | 27 | 19 | 14 | 1 | 2 | | | 1 | 1 | |
| 1982 | 17 | 20 | 16 | 19 | | | | | 1 | 1 | |
| 1983 | 28 | 36 | 27 | 35 | 1 | 1 | | | | | 1 |
| 1984 | 17 | 24 | 16 | 23 | 1 | 1 | | | | | |
| 1985 | 15 | 21 | 14 | 20 | 1 | 1 | | | | | 2 |
| جەمئىي | 134 | 168 | 122 | 153 | 8 | 9 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |

**1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان دېلولار**

13 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| يىللار | دېلولار | | تەستىقلانغىنى | | تەستىقلانمىغىنى | | تەكشۈرۈشكە قايتۇرۇلغىنى | | قولغا ئېلىش قارار قىلىنغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم | پارچە | ئادەم |
| 1979 | 9 | 10 | 8 | 8 | 1 | 2 | | | | |
| 1980 | 19 | 23 | 18 | 21 | 1 | 2 | | | | |
| 1981 | 22 | 24 | 21 | 23 | 1 | 1 | | | | |
| 1982 | 17 | 19 | 17 | 18 | | 1 | | | | |
| 1983 | 32 | 38 | 31 | 37 | 1 | 1 | | | | |
| 1984 | 17 | 21 | 13 | 15 | 3 | 5 | 1 | 1 | | |
| 1985 | 14 | 17 | 13 | 15 | | | 1 | 2 | | 1 |
| جەمئىي | 130 | 152 | 121 | 137 | 7 | 12 | 2 | 3 | | 1 |

## § 3. قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى

قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى خىزمىتى خەلق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىشتىكى مۇھىم بىر فۇنكسىيىسى بولۇپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت كادىرلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن، خىزمەتتە خاتالىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن دۆلەت خادىملىرىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ. جىنايەت بولۇپ شەكىللەنگەن، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان دېلولارنى تەھقىقلەپ قولغا ئېلىش ۋە ئەيىبلەشنى قارار قىلىدۇ. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى جى رۇڭنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش، تاۋار ـ ماللارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن نېسىگە سېتىش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى باشقىلارغا ئۆتنىگە بېرىپ تورۇشتەك دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دۆلەت مۈلكىدىن 21 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى زىيان بولغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى، جى رۇڭنىڭ قىلمىشى خىزمەتتە خاتالىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جىنايىتىگە تولغانلىقى ئۈچۈن، تەپتىش ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، خەلق سوت مەھكىمىسىگە خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ جىنايى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈشنى

قارار قىلدى.

1979 - يىلى 5 - ئايدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن ئىككىنى بىۋاسىتە بېجىردى، يوللاپ بېرىلگەن 14 دېلودىكى 15 ئادەمنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن يەتتىسىگە دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىدى، گەرچە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىش بولسىمۇ، جىنايەتكە توشمىغان دېلولارنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشقا يوللاپ بەردى.

## § 4. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنىڭ ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت، قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان زور جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئىقتىسادىي جىنايەت شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان دېلولارنى تەھقىقلەپ، قولغا ئېلىش ۋە ئەيىبلەشنى قارار قىلىشتىن ئىبارەت.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە سوت مەھكىمىسىگە بەش كىشى ئەيىبلەندى، ئىككى كىشى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىشقا يوللاندى. 1979 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك كەسپىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. 1982 - يىل 3 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارار»ى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تەپتىش فۇنكسىيىسىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بەردى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتكە زەربە بېرىش ئىشخانىسى ۋە ج خ سودا - سانائەت، باج قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، شىڭپىڭ گۆڭشې 2 - چوڭ ئەترەتتىدىكى گۆڭشې ئەزاسى شيې شيەنيۇڭنىڭ باج ئوغرىلاش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، شيې شيەنيۇڭ 1981 - يىل 5 - ئايدىن 1982 - يىل 3 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا پارا بېرىش، ئالدامچىلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئىسپات قەغىزىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ناھىيىنىڭ تۇز كۆلىنىڭ تۇزىدىن كۇنەس، تېكەس، نىلقا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەرگە جەمئىي 263 توننا كېلىدىغان 56 ماشىنا تۇزنى ساتقان، ئومۇمىي سوممىسى 49 مىڭ 800 يۈەن بولغان. تۇز بېجى قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە بۇ تۇزنىڭ ھەر توننىسىغا 70 يۈەن باج تۆلىشى كېرەك ئىدى. شيې شيەنيۇڭنىڭ ئوغرىلىغان تۇز بېجى سوممىسى 18 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكەن، سودا - سانائەت مەمۇرىيىتىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقۇرۇش پۇلىدىن 840 يۈەننى تاپشۇرمىغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق شيې شيەنيۇڭنىڭ ئالدامچىلىق قىلىش، ياغاچ ماتېرىياللارنى ھايىنىغا سېتىشتەك جىنايەتلىرىنىڭ بارلىقىمۇ ئېنىقلاندى، جىنايەتچى شيې شيەنيۇڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبنامە سۇنۇلۇپ، قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلدى.

«ئىقتىسادقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش

توغرىسىدىكى قارار» ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە تەپتىش مەھكىمىسى تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلولاردىن جەمئىي توققۇزنى قوبۇل قىلىپ، تەھقىقلەپ بىر تەرەپ قىلدى، ئىقتىسادىي جىنايەتچىدىن بەشنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى، ئەيىبلەشكە يوللانغان جاۋابكار بەش بولۇپ، قايتۇرۇۋېلىنغان هارام مال، هارام پۇل جەمئىي 29 مىڭ 650 يۈەن.

## § 5. تۈرمە، سولاقخانا نازارەتچىلىكى

1955 ـ يىلدىن باشلاپ تۈرمە، سولاقخانا نازارەتچىلىكى كەسپى يولغا قويۇلغانىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۈزۈلۈپ قالدى. 1979 ـ يىلى بۇ كەسىپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدىن هۆكۈم چىقىرىش ۋە كېسىم قىلىش يولغا قويۇلدى، سولاقخانىلاردا تۇرۇۋاتقان ۋە قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىپ تۇرۇلدى، تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى ياكى سولاقخانىلار تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن يوللاپ بەرگەن دېلولار قوبۇل قىلىنىپ بېجىرىلدى ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسىگە سۇنغان ئەرزى قوبۇل قىلىندى؛ سولاقخانا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ سىياسەتلىرىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تۈرمە، سولاقخانا نازارەتچىلىكى خىزمىتىدە، هەر ئايدا سولاقخانىنى تۆت قېتىم تەپتىش قىلىپ، سولاقخانىدىكىلەرگە سىياسەت، قانۇنچىلىق، ئىستىقبال تەربىيىسى بېرىش، يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن دېلولارنى ۋە ئەرز قىلىنغان دېلولارنى بېجىرىش، سولاقخانىدىكىلەرنىڭ قانۇنغا بوي سۇنۇش ئەھۋالى، ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، باشقۇرغۇچى كادىرلارنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنغا بوي سۇنۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. تەپتىش قىلىش ئارقىلىق كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلدى.

## § 6. ئەرزىيەت ئىشلىرى

1979 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەھكىمە ئىشخانىسى ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، شىكايەت قىلىش، پاش قىلىش، ئەرز قىلىش ئىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، قوبۇل قىلىش، تىزىملاش، دوكلات قىلىش، ئىشخانىغا يوللاش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ۋە تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى يەنە تېخى ۋاقىت چىقىرىپ ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى ئۆزلىرى قوبۇل قىلدى. 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 215 پارچە ئەرز خېتى ۋە هال ئېيتىپ كەلگۈچىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 69 پارچە (قېتىم)غا بىۋاسىتە جاۋاب بەردى، 95 پارچە(قېتىم)نى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردى، 51 پارچە (قېتىم)نى ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن

ئەرزىيەت خىزمىتىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى ياكى بىر تەرەپ قىلىشقا يوللاپ بەردى.

# IV باب

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى كەسىپىگە خەلق سوت مەھكىمىسى مەسئۇل بولۇپ كەلدى. 1979 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئەدلىيە كەسپىنى قانات يايدۇرۇش باشلاندى، ئاساسلىقى قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى بىلەن قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، تۈرلۈك گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى بىلەن ھەق تەلەپ، مۇرەسسە قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولدى. 1985 - يىلى ئەدلىيە ئىدارىسىدا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى، گۇۋاھلىق ئورنى تەسىس قىلىندى، ئىدارە بويىچە ئەدلىيە خىزمەتچىسى ئالتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئۈچى ئۇيغۇر. شۇ يىلى ئاساسىي قاتلام قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ۋە ھەق تەلەپ مۇرەسسە خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە تۆت يېزا، بىر بازارغا بىردىن ئەدلىيە ياردەمچىسى سەپلەندى.

## § 1. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى

قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى تەربىيىسى ئەدلىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر كەسىپ. 1979 - يىلى ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىش، قانۇنچىلىق كۆرگەزمىلىرىنى ئېچىش، تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى چىقىرىش ۋە رادىئو ئۈزبېلى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلىپ يېڭى ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى، ئىقتىسادىي توختام قانۇنى، نىكاھ قانۇنى قاتارلىقلار چوڭقۇر ۋە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. بۇ ھال كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق قارشىنى كۈچەيتىشتە زور رول ئوينىدى.

1985 - يىلى جەمئىي 82 قېتىم قانۇنچىلىق تەشۋىقات كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، كۆرگەزمىگە 24 پارچە سىزما رەسىم ۋە فوتو سۈرەت قويۇلدى، سەككىز دېلو مىسالى كۆرگەزمە قىلىندى، كۆرگەزمە 20 كۈن داۋاملاشتى، 42 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆرگەزمىنى كۆردى؛ ناھىيە، گۇڭشې دەرىجىلىك رادىئو ئۈزبېللىرى قانۇنچىلىق تەربىيىسى بويىچە 25 پارچە ماقالە ئاڭلاتتى.

## § 2. ھەق تەلەپ مۇرەسسە ئىشلىرى

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە ھەيئىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇرەسسە گورۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە باشقۇرۇپ، ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلدى. ئاساسىي قاتلاملاردا يۈز بەرگەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە ھەيئەتلىرى ياكى مۇرەسسە گورۇپپىلىرى «ئاممىغا تايىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۆز جايىدا ھەل قىلىش، مۇرەسسە قىلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى بويىچە مۇرەسسە قىلدى، مۇرەسسە قىلسا قايىل بولمىغانلار ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى، چوڭ دېلولارنى ج خ ئىدارىسى بىر تەرەپ قىلدى. 1966 - يىلى ھەر خىل ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن 187 سى مۇرەسسە قىلىنىدى، بۇ، سوت مەھكىمىسى شۇ مەزگىلدە بىر تەرەپ قىلغان 200 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ 93.5 پىرسەنتىگە تەڭ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك مۇرەسسە تەشكىلارلىرى تارقىلىپ كەتتى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە يېزا - بازارلاردا مۇرەسسە ھەيئىتى ۋە مۇرەسسە گورۇپپىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ تەشكىلاتلارنى ئەدلىيە بۆلۈمى باشقۇردى. ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى ھەر يىلى ئاساسىي قاتلاملاردىكى مۇرەسسە خادىملىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ تۇردى. 1983- يىلى 86 مۇرەسسە كادىرىنى تەربىيىلىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە كەنت ۋە مەھەللىلەردە 31 مۇرەسسە ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدى، مۇرەسسە خادىمى 157 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مۇرەسسە خادىمى 144). مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئومۇمەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياكى كەنت باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1985 - يىلى ھەر قايسى يېزا-بازارلارغا يەنە بەش ئەدلىيە ياردەمچىسى سەپلەپ بېرىلدى (بۇنىڭ تۆتى ئۇيغۇر)، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى جەمئىي 1146 ھەق تەلەپ ماجىراسىنى مۇرەسسە قىلدى.

كەنت - بازارلاردىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەردەرىجىلىك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپ قىلىپ، ئەيىبلەشنى ئازايتىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى ئازايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## § 3. قانۇن مەسلىھەتچىلىكى

1981 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ قارمىقىدا قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى قۇرۇلدى.

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ناھىيىدىكى قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنىغا بىر پراكتىكانت ئادۋوكات سەپلىنىپ، ئادۋوكاتلىق كەسپى رەسمىي يولغا

قويۇلدى.

1983 - يىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى ئاقلاش دېلوسىدىن جەمئىي ئونى ئىشلىدى، ھەق تەلەپ دېلوسى بويىچە بىر دېلونى ۋەكالىتەن بىجىردى، ئىككى ئىش ئۈستىدە قانۇندىن مەسلىھەت جاۋابى بەردى، ئۈچ پارچە قانۇن پۈتۈكى يېزىپ بەردى.

1984 - يىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنىدىكى بىردىن - بىر ئادۋوكات ئىبغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادۋوكاتلىق كەسپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

## § 4. جامائەت گۇۋاھلىقى

1981 - يىل 11 - ئايدا ئەدلىيە بۆلۈمى قارىمىقىدا ناھىيىلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلۇپ، بىر كەسپى كادىر سەپلىنىپ، جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپى يولغا قويۇلدى. 1985-يىلى بىر گۇۋاھلىق بەرگۈچى بار بولدى.

1983 - يىلى گۇۋاھلىق ئورنىبېقىۋېلىش، ۋەسىيەتنامە، يەر ئىشلىتىش، ئۆي سېتىش-سېتىۋېلىش، سوۋغا قىلىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىقتىسادىي توختام، ۋەكالەتچىلىك قىلىش، قەرزدارلىق قاتارلىق ئىشلاردا گۇۋاھلىق بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇردى. بىر يىل ئىچىدە جەمئىي 36 ئىشقا گۇۋاھلىق بەردى، ئۇنىڭ 30 ى ئىقتىسادىي توختام گۇۋاھلىقى. 1985 - يىلى 915 ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 24 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي توختام گۇۋاھلىقى 903 بولۇپ، ئومۇمىي گۇۋاھلىق سانىنىڭ 98.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

# ئون تۆتىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

# ئون تۆتىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

## I باب

## ھەربىي ئورگانلار

### § 1. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

1961 - يىلى 1 - ئايدا ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي تارماقنىڭ ۋە يەرلىك شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغان لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ئەسكەر ئېلىش ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقانلار خىزمىتىنى قىلىش، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، ھەربىي مەشق، ئۇرۇش تەييارلىقى دىجورنىلىقىنى ياخشى ئىشلەش، خەلق ئەسكەرلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى قاتارلىقلارغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت.

1966 - يىلى 7 - ئايدا ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ج خ ئوتتۇرا ئەترىتى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى» گە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلۇشى تەركىبىدە بولدى؛ 1976 - يىلى 12 - ئايدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت يەنە «جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم لوپنۇر ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ، قوراللىق ساقچى قىسمىغا قارايدىغان بولدى.

1977 - يىلى قوراللىق بۆلۈمدە سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئارقا سەپ بۆلۈمى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمدە كادىر ئونغا (بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى ئۇيغۇر)، جەڭچى، ئىشچى تۆت (قوغدىغۇچى، ئامبارچى) كە يەتتى.

## § 2. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى

1960 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى 6 - ئايدا خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خەلق قوراللىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. خەلق قوراللىق كومىتېتىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار قويۇلدى، بۇ ۋەزىپىنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت) ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈمى رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. گۇڭشېلاردىمۇ مۇناسىپ ھالدا خەلق قوراللىق كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا، خەلق قوراللىق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى يەنە يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەلق قوراللىق كومىتېتىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىغا ئائىت تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھەربىي ئىشلار ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش، ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار، چېكىنگەنلەر خىزمىتىگە ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

## § 3. ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈمى

1961 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلاملاردىكى گۇڭشې، مەيدانلاردا قوراللىق بۆلۈم قۇرۇلماي، قوراللىق بۆلۈم ئىشىنى قىلىدىغان مەخسۇس (قوشۇمچە) كەسپىي خادىم سەپلەندى، ئۇ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى باشقۇردى.

1975 - يىلى ئاۋۋال تارىم گۇڭشېسىدا خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس كەسپىي خادىم سەپلەندى، 1980 - يىلى 11 - ئايدا دۆڭقوتان، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق» گۇڭشېلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى 12 - ئايدا لوپنۇر بازارلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، دېمەك ناھىيە بويىچە تۆت گۇڭشې، بازاردا خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ بولدى. ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىگە مەخسۇس (قوشۇمچە) بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋە كادىر سەپلەندى. 1984 - يىلى گۇڭشېلار يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، گۇڭشې خەلق قوراللىق بۆلۈمى يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا، بازارلاردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە مەخسۇس كادىر يەتتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئالتىسى ئۇيغۇر.

# II باب

# ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

## § 1. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

خەننامە «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە پۈتۈلىشىچە، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە ئەسكەر تۇرغۇزغان، بەگلىكلەردىكى ئەسكەرلەر غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان. ئۇ چاغدا لوپنۇر بەگلىكىدە 2000 ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان.

## § 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) بۇ يەردە 2000 ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) پىچان شەھىرى (ھازىرقى تىكەنلىك) تە «پىچان يىڭى» تۇرغان، ئالىي قوماندان پاششاپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىردىن مىڭبېشى، يۈز بېشى قويۇلغان. «شىڭپىڭ ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) شىڭپىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، مىڭبېشى ناھىيە بازىرىدا تۇرغان. گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) مىڭبېشى پىچان شەھىرىگە، پاششاپ شىڭپىڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ تۇرغان.

## § 3. مىنگو دەۋرىدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئايدا گومىنداڭنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەرتىپكە سېلىنىپ تۈزۈلگەن 42 - شىسىنىڭ 128 - لۈي 383 - تۈەنىنىڭ پىلىموتچىلار لىيەنى ناھىيە بازىرىدا تۇرغان، ئۇلار شۇ يىلى 9 - ئايدا يۆتكىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ياشلار يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ 2 - يىڭى تۇردى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948- يىلى) 128 - لۈي ئاتلىق ئەسكەر تۈەنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەر لىيەنى تىكەنلىكتە تۇردى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) گومىنداڭ ياشلار يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ 2 - يىڭى يۆتكىلىپ كەتكەندە، 128 - لۈي 382 - تۈەنىنىڭ بىر پەيى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ تۇردى.

## § 4. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1950 - يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۇن 6 - شى 18 - تۈەننىڭ بىر قىسمى ناھىيە بازىرىدا تۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 27 - شى 79 - تۈەن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ تۇرۇپ، 1951 - يىلى يۆتكىلىپ كەتتى.

1979 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مەلۇم شۆبىسى تىكەنلىكتە ھەربىي پونكىت قۇرۇپ، ئۆتۈپ تۇرغان قىسىملارنىڭ ياتاق - تامىقىغا ۋە ماشىنىلىرىغا ماي قاچىلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى.

1980 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم شۆبە مۇلازىمەت لىيەنى تارىم گۇڭشېبىسىدا خىش زاۋۇتى قۇرغانىدى، 1983 - يىلى كۆچۈپ كەتتى.

1981 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىسىم ئاساسىي قۇرۇلۇش بىناكارلىق قوشۇنىنىڭ 2 - يېڭى تارىم گۇڭشېبىسىغا ئورۇنلىشىپ، رايونلار ئارا سۇ - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانىدى، شۇ يىلى 10 - ئايدا يۆتكىلىپ كەتتى.

# III باب

# ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

## § 1. ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئورگىنى يوق ئىدى، ئەسكەرمۇ ئېلىنمىغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىلغىچە پىدائىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1954 - يىلى دۆلەت تۇنجى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، پىدائىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ھەربىي سەپكە كىرىش ئۈچۈن قىزغىن تىزىمغا ئالدۇردى.

1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت يېڭى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى ئاساس قىلغان مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش بىلەن پىدائىي ئەسكەر بولۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاسەسەن، لوپنۇر ناھىيىسى كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر بىلەن يېشى 18 گە تولغان ياش ئوغۇل بالىلارنى زاپاس ئەسكەر ھېسابىدا تىزىملاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا زاپاس ئەسكەرلەرنى تىزىملاش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، 1981 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا زاپاس ئەسكەرلەرنى تىزىملاش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 1 - تۈردىكى زاپاس كۈچ، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى 2 - تۈردىكى زاپاس كۈچ قىلىندى.

1982 - يىلى زاپاس كۈچ قىلىنغان كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر يېڭىباشتىن تىزىملاندى.

## § 2. ئەسكەر ئېلىش ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش

### 1. ئەسكەر ئېلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن دۆلەت لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھايىتى ئازلا پىدائىي ئەسكەر ئالدى. 1951 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم پىدائىي ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ھەربىي سەپكە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەر مىللەت ياشلىرى قىزغىن تىزىمغا ئالدۇردى، تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق 23 ئۇيغۇر ياشنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىشى تەستىقلاندى، بۇلار ناھىيە بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى پىدائىي ئەسكەرلەر بولۇپ قالدى.

1954 - يىلى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېشى تولغان ھەر مىللەت ياشلىرى ئاكتىپ تۈردە ھەربىي سەپكە قاتناشتى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سانى ئالماقچى بولغان ئەسكەر سانىدىن كۆپلەپ ئېشىپ كەتتى. ئەسكەر ئېلىش ئىشى ھەر يىلى قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە ئېلىپ بېرىلدى، ھەر يىللىق ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىگە ناھىيە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە يەكدىللىك بىلەن ئاتلاندى، ئادەم ئاجرىتىپ ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئەسكەر ئېلىش سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار ئەسكەر بولۇشقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغانلارغا قارىتا تىزىملاش، سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى، ناھىيىلىك ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلارغا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى تارقاتتى. ئاندىن كېيىن يىغىپ، ئۆتكۈزۈۋېلىپ قىسىمغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان ياشلارنىڭ تولىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرىدا ۋەزىپە ئۆتىدى.

1973 - يىلى ناھىيىدە ھاۋا ئارمىيە پاراشوتچى قىسىمغا بەش ئۇيغۇر ياش قوبۇل قىلىندى، بۇ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ھاۋا ئارمىيە پاراشوتچىلىرىدۇر.

1984 - يىلى ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى، ئىلگىرى ئەسكەر ئېلىشقا ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تارماقلىرى مەسئۇل بولاتتى، قىسىمدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋېلىناتتى، نەتىجىدە ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە چىقىم زور بولاتتى. ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى قىسىمدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەمدى يەرلىك ھۆكۈمەت

ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى ھەربىي گازارمىغا ئاپىرىپ بېرىش ياكى يېڭى ئەسكەرنىڭ ئۆزى قىسىمغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر ئېلىش ۋاقتى قىسقاردى، بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلغانلار ئازايدى، خىراجەت چىقىممۇ تېجەپ قېلىندى.

ناھىيىدە 1954 - يىلى مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى ھەر يىلى ياخشى ئورۇندالدى، يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەرگە ھۆكۈمەتمۇ، ئارمىيىمۇ، ئاممىمۇ رازى بولدى. 1985 - يىلى ناھىيىدە يېڭىدىن 15 ئەسكەر ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئون، ئايال ئەسكەر بىر.

## 2. ھەربىي سەپتىن چېكىنىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن بىرمۇنچە كىشى يەرلىككە خىزمەتكە ئالماشتى. 1954- يىلى تۇنجى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەيدىن-پەي ھەربىي سەپتىن چېكىنىش ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى مۇناسىۋەتلىك سىياسەت بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. 1954 - يىلدىن 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەردىن ناھىيە بويىچە جەمئىي 240 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1970- يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 89 كىشى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە كارخانا كەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# باب IV

# خەلق ئەسكەرلىرى

## § 1. تەشكىللەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش

1960 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش باشلاندى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن باشقا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىڭپىڭ گۇڭشې بىلەن دۆڭقوتان گۇڭشېسىدا بىردىن خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى، تارىم گۇڭشېسىدا بىر خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى تەشكىل قىلىندى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە بىر خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى، سەككىز خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى تەشكىل قىلىندى، خەلق ئەسكەرلىرى كادىرى 288 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىلىك كادىر 133. خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 16 — 25 كىچە،

ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 25 — 45 كىچە بولدى، شۇ چاغدا تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 2079 غا، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى 2849 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال خەلق ئەسكىرى 1787؛ 1961 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىمۇ نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىندى، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ئۈچ گۇڭشېدىكى خەلق ئەسكىرى 2185 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 753، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 1258، مۇئاۋىن پەيجاڭدىن يۇقىرى كادىر 179، جەمئىي ئۈچ يىڭ، 15 ليەن، 47 پەي، 170 بەنگە ئايرىلدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئازايغىنى بىلەن سۈپىتى ئۆستى. 1962 - يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە تەشكىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسىينى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» دېگەن يوليورۇقنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە تەرتىپكە سېلىش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، شۇنداقلا بازار ئورگانلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى ليەندىن سەككىزى قېلىپ، 1961 - يىلدىكىدىن يەتتىسى قىسقاردى. 1963 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى، يېشى چوڭىيىپ كەتكەن ۋە سالامەتلىكى ناچارراق بولغانلار خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياشراق يېڭى خەلق ئەسكەرلىرى قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى ئىچىدە «بەشتە ياخشى بولۇش» بويىچە باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «تۆتتە ياخشى» خەلق ئەسكەرلىرىدىن 30 ى، «بەشتە ياخشى» خەلق ئەسكەرلىرىدىن 39 ى باھالاپ چىقىلدى.

1966 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەرتىپكەسېلىنغانىنىڭ سىرتىدا تارىم گۇڭشېسىنىڭ 8- چوڭ ئەترىتىدە (ھازىرقى «ئىتتىپاق» يېزىسىنىڭ 1-، 2- چوڭ ئەترەتلىرى ۋە دۆڭقوتان گۇڭشېسىنىڭ 1-، 2- فېرمىسىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى جەمئىي 18 ليەن، 72 پەي، 249 بەنگە ئايرىلدى.

1969 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈلمىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى، خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى، قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە ئايرىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، «شاڭخەي تەجرىبىسى»نىڭ تەسىرىدە، ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى كىچىك ئەترەتلىرى تەشكىللەندى، خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن چەتنىدى، پارتكوم قوراللىق قوشۇننى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى كىچىك ئەترەتلىرى بىكار قىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى توغرا يولغا قايتىپ كەلدى.

1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى، شۇنىڭدەك خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يەنە بىر قېتىم تولۇق تەرتىپكە سېلىندى. 1981 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈلمىسى ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى ئىلگىرىكى 16 — 45 ياشتىن 18 — 35 ياشقا، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 18 — 28 ياشقا

چۇشۇرۇلدى. تەشكىلگەندىن كېيىن ناھىيە بويىچە قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى يەتتە لېيەن، 26 پەي بولدى. تەشكىلگەندىن كېيىنكى خەلق ئەسكەرلىرى مۇئەييەن ھەربىي ساپاغا ئىگە بولدى ۋە ياشلاشتى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى تەشكىللىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇش دائىرىسى تارايتىلىپ، پەقەت خەلق گۇڭشېسى، زاۋۇت، كان - كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىلا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئورگان، مەكتەپ ۋە تارقاقراق بولغان كىچىك ئورۇنلاردا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلمايدىغان بولدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خەلق ئەسكەرلىرى چوڭراق تەرتىپكە سېلىنمىدى، بەلگىلەنگەن يېشىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىدىن يېنىپ چىقىپ، خەلق ئەسكەرلىرى بولۇش يېشىغا يەتكەن ۋە شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلار خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا تولۇقلاپ قوبۇل قىلىندى.

## § 2. مەشق

1962 - يىلى خەلق قوراللىق بۆلۈمى شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پەسىللەرگە قاراپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئارىسال مەزگىلدە خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشق قىلدۇردى، شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە بىر قارار خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرى كۇرسى ئاچتى، مەشق ۋە ئۆگىنىشكە خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىدىن 74 كىشى قاتناشتى، كېيىن يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، بازار ئورگانلىرىدا ئۈچ قارار ھەربىي - مەمۇرىي كۇرس ئاچتى، كۇرسنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۇلارغا قويۇلغان ئون تەلەپ، «ئۈچ ئىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش» تەدبىرلىرى، گرانات ئېتىش، قارىغا ئېتىش، يەر تۈزۈلۈشىدىن ھەم يەردىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ رولى قاتارلىقلار بولۇپ، كۇرسقا خەلق ئەسكەرلىرىدىن جەمئىي 1380 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال خەلق ئەسكىرى 19.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە ھەر يىلى پىلانلىق تۈردە مەركىزىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىلىپ خەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۇلار ھەربىي مەشققە ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەلىم-تەربىيە ۋە مەشق ئاخىرلاشقاندا ئىمتىھان ئېلىنىپ، نەتىجىسى باھالاپ چىقىلدى.

1966 - يىلى ناھىيە بويىچە 298 خەلق ئەسكىرى (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئەسكەرلىرى كادىرى 63) خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشقىغە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىلتىق بىلەن 1 - مەشققە 70 كىشى (مۇنەۋۋەر بولغىنى 33)، 2 - مەشققە 22 كىشى (مۇنەۋۋەر بولغىنى ئون، ياخشى بولغىنى تۆت) قاتناشتى، ئومۇمىي باھالاشتا، نەتىجىسى ئەلا بولدى. بازار ئورگانلىرى خەلق ئەسكەرلىرى پەيدىن 30 كىشى تاكتىكا مەشقىگە، 22 كىشى تېخنىك ئەسكەر مەشقىگە قاتناشتى.

1970 - يىلى ناھىيىدىكى قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان 500 چاقىرىملىق دالا يۈرۈشى مەشقىگەقاتنىشىپ، ناھىيىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىيلەر

بىلەن بىرلىكتە «706» مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، رەسمىي جەڭگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مانېۋىر مەشقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشقىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىسى قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشقى تۆت يىلدا بىر دەۋر قىلىندۇ، ھەر يىللىق مەشق ۋاقتى 15 — 20 كۈن بولىدۇ، ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئاساسەن، ئاساس مەشقى، كېيىنكى ئىككى يىلدا تاكتىكا مەشقى ئېلىپ بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

1977 - يىلى ناھىيە تارىم ۋە شىمپىلىڭ گۇڭشېلىرىدىكى ئۈچ قوراللىق تايانچ لىيەندىكى 11 پەي، 39 بەن ۋە ئالاقە بەنى، قوغدىنىش پونكىتى قاتارلىقلارنى ئاجرىتىپ، 400 كىشىدىن خەلق ئەسكەرلىرى يىغىپ تەشكىللەپ، پاراشوتچىلارغا قارشى ئاتلىنىش، مالىمانچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئارقا سەپ تەمىناتى، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىقلارغا دائىر ئۇنىۋېرسال مەشق ئېلىپ باردى.

1980 - يىلىنىڭ بېشىدا تارىم گۇڭشېسى بىلەن شىمپىلىڭ گۇڭشېسىدا ئىككى قارار خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ كادىرلىرى تەلىم - تەربىيە ئەترىتى كۇرسى ئېچىلىپ، لىيەن، پەي تايانچلىرىدىن 72 كىشى تەربىيىلەندى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92% كە يەتتى. 3 -، 5 - ئايلاردا ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىدىن مەشق ئىمتىھانى ئېلىندى. قارىغا ئېتىش بويىچە 1 - ۋە 2 - مەشىققە 314 كىشى قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 84.4% بولدى؛ «ئۇچقە زەربە بېرىش»، «ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» تاكتىكا مەشقىگە 786 كىشى قاتناشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم ھەر يىلى 30 كۈنلۈك كۇرس ئېچىپ، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشق قىلدۇردى، مەشىق يەككە ئەسكەر تۈرى بويىچە تاكتىكا، گرانات ئېتىپ پارتلىتىش، قارىغا ئېتىش ۋە تىزلىپ مېڭىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، ھەربىي - مەمۇرىي مەشىققە قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرىگە ئىشتىن قالغانلىقىغا تولۇقلىما ياردەم بېرىلدى. 1983 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرىگە قارىتىلغان ھەربىي مەشق تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلققوراللىق بۆلۈمى خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىۋېرسال تەلىم-تەربىيە بازىسى قۇردى، تەلىم - تەربىيە بازىسى «ئالتە بولۇش» (سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا، مەشق مەيدانى، قارىغا ئېتىش مەيدانى، تاكتىكا مەيدانى بولۇش) ئۆلچىمىنىڭ تەلىپى بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى.

## § 3. خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيىتى

خەلق ئەسكەرلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم كۈچ ۋە زەربىدار ئەترەت، قەيەردە خىزمەت جاپالىق، ۋەزىپە مۇشكۈل بولسا، شۇ يەردە خەلق ئەسكەرلىرى بار.

1961 - يىلى ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى ئەمدىلا تەشكىللىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەلق ئەسكەرلىرىدىن 20 كىشى ئازادلىق ئارمىيىگە ماسلىشىپ باندىت تازىلاشقا چىقىرىلغانىدى، ئۇلار ماددىي ئەشيا ۋە ياردارلارنى توشۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇندىدى.

خەلق ئەسكەرلىرى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تايانچلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا يۈكسىلىش ئېغىرىنى كۆتۈردى. 1977 ـ، 1978 ـ يىللىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى 33 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ (170 مىڭ كۇب توپا يۆتكەپ)، ئون كىلومېتىر يول، 4800 مو سالا ئېتىز ياسىغان، 79 مىليون 800 مىڭ جىڭ ئوغۇت توپلىغان ۋە توشىغان، 69 مىڭ 800 تۈپ جىرىم تىكىپ ئورمان بەرپا قىلغان. 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 800 گۈڭشى ئەزاسىنى يەنجىگە بېرىپ زەربىدارلىق بىلەن قورغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا ۋە جەنۇبىي ئۆستەڭنى مۇستەھكەملەشكە تەشكىللىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئەسكەرلىرى 697 كىشى بولۇپ، جەمئىي 32 مىڭ 691 كۇب توپا توشۇغان، 6500 مېتىر ئۆستەڭنى مۇستەھكەملىگەن. ئەسلى 20 كۈندىن بىر ئايغىچە پىلانلانغان ۋەزىپە توققۇز — 14 كۈن ئىچىدىلا مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالغان ھەمدە 1000 كۇب توپا ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى كۈچەيتىلىپ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئەتراپلىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، رادىئو، تام گېزىتى، دەرس ئۆتۈش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتەك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەنجاڭدىن يۇقىرى كادىرلار ئۈچۈن 12 قارار كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىلدى ھەمدە بەننى بىرلىك قىلىپ خەلق ئەسكەرلىرى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

قوشۇمچە

## ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇش

1983 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۆگچىكە كەنتى بىلەن ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەت داۋامىدا، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر خىل خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ناھىيە، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، غەمخورلۇق قىلىش ۋە نەپىقە بېرىش خىزمەتلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تۇنجى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرغۇچى ئىلغار ئورۇن بولۇپ قالدى.

ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تۆگچىكە كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن بىرلىكتە «ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە قۇرۇش» يىغىنىنى ئېچىپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە قۇرۇش»، «مەدەنىيەتلىك بولۇش ئەھدىنامىسى» ۋە «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى»نى تۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئائىلىلەرنى خەۋەردار قىلدى. تۆگچىكە كەنتىدە جەمئىي 1180 نوپۇس بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 840، خەنزۇ 340. ئۇلار ئالدى بىلەن كەنتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى تۈزۈپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك ـ باشلامچىلىق رولىنى

جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇننى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بەش قېتىم تەرتىپكە سېلىپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى كەنتتە 101 ئائىلە بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، نامرات ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، ئىنقىلابىي قۇربان ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىغان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە ئىستىلى ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرى ئىستىلىگە يېتەكچى بولۇپ، «بەشتە ياخشى ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئايمۇ ئاي تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان، پەسىللەر بويىچە مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغان قىلدى. 1984 ـ يىلى يەتتە ئائىلە «بەشتە ياخشى» ئائىلە بولۇپ باھالاندى.

ئۇلار كەنت ئاھالىسىنى «كەنت ئاھالىسى ئەھدىنامىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى» تۈزۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەسىرلىك ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. 1983 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۆگىچىكە كەنتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللەر يىغىنىغا ۋەكىل قاتناشتۇردى، يىغىندا تۆگىچىكە كەنتى تەقدىرنامىگە ئېرىشتى.

ئۇلار پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار ئىشلارنى ئوڭشىدى، 54 مىڭ 557 تۈپ كۆچەت تىكتى، 25 مو يەردە (150 مىڭ تۈپ) كۆچەت يېتىشتۈردى، ئائىلىمۇ ئائىلە يۈرۈپ 1050 كۇب مېتىر ئەخلەتنى ئادالىدى. ئۇلار 672 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 18 كىلومېتىر كېلىدىغان 13 يولنى ياسىدى، 400 مىڭ كۇب مېتىر كۆل، 560 مىڭ كۇب مېتىر شېغىل توشۇپ، كەنتتىكى يوللىرىنى ياساپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان توپا يولنى شېغىل يولغا ئايلاندۇردى. مۇشۇ ئارىلىقتا پۈتۈن كەنتتىكى ئامما يەنە «ياشلار ئۆيى»، «خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيى» بەرپا قىلىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىدىغان سورۇن قۇرۇپ، ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللارغا يېزىلدى ۋە ھەرخىل كىتابلارنى سېتىۋالدى، يېڭىدىن 300 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈستى يېپىق كىنوخانا سالدى.

كەنتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلۇش بىلەن بىللە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ ياخشى تۇتۇلدى، ئامما ئەمگەك بىلەن بېيىشقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەندى. شۇنداق قىلىپ، 1985 ـ يىلى كەنت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ چارۋا مالدىن يىل ئاخىرىدا قولدا قالغىنى 1984 ـ يىلدىكىدىن 5% ئاشتى؛ كەنت بويىچە ساپ كىرىم 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىنىڭ 2.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1979 ـ يىلدىكى 150 يۈەندىن 415 يۈەنگە يەتتى.

# ئون بەشىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

# ئون بەشىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

## I باب

## مائارىپ

### § 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ناھىيە ئامبىلىنىڭ مەسئۇلۇقىدا شۆتاڭ ئېچىلغانىدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مائارىپ مۇپەتتىشى، بىر بۆلۈم ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈم پۈتۈن ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدەمەدەنىيەت- مائارىپ-سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر بۆلۈم ئەزاسى، رايونلارغا بىردىن مەدەنىيەت - مائارىپ ياردەمچىسى قويۇلدى، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ ۋە رايونلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1958 - يىلى بۇ بۆلۈم ئىككىگە ئايرىلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى ۋەسەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، شتاتى ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش كىشىگە يەتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر خەلق كوممۇنىلىرىغا مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى قويۇلدى.

1969 - يىل 4 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر گۇرۇپپا باشلىقى، ئىككى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئۈچ كادىر قويۇلدى، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋەسەھىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى مەدەنىيەت-

مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، ئۈچ بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. گۇڭشېلارغا بىردىن مەدەنىيەت - مائارىپ كادىرى قويۇلدى. بۇ بۆلۈم 1975 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، سەھىيە بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1980-يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندا، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر ئىدارە باشلىقى، ئىككى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بەش بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى، كادىرلار - كاتىبات كادىرى، مالىيە - بوغالتېرلىق كادىرى، ئادەتتىكى مائارىپ كادىرى ۋە چوڭلار مائارىپى كادىرى ئايرىم قويۇلدى، يېزا - بازارغا مائارىپ كادىرى قويۇلدى.

## § 2. بالىلار مائارىپى

1959 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 31 بالىلار باغچىسى (سىنىپ، تەييارلىق سىنىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قۇرۇلۇپ، 450 بالا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ 439 ى ئۇيغۇر بالا، بۇ باغچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايلاردىكى مەكتەپلەردە قۇرۇلغان بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئۆيى ۋە پارتا - ئورۇندۇقلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلەتتى. 1962 - يىلى گۇڭشې - ئەترەتلەردىكى كوللېكتىپ ئاشخانىلار تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بالىلار باغچىلىرىمۇ تارقىتىۋېتىلدى.

1962 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىر بالىلار باغچىسى قۇردى، بۇ باغچىدا ئىككى سىنىپ (بىر ئۇيغۇر سىنىپ) تەسىس قىلىنىپ، 60 بالا قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭغا ئىككى ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلدى. 1963 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى ناھىيىلىك يەسلىگە قوشۇۋېتىلدى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قارمىقىدا بولدى، باغچىدا بەش سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 179 بالا قوبۇل قىلىندى، يەتتە تەربىيىچى سەپلەپ بېرىلدى. بەش سىنىپنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئۇيغۇر سىنىپ بولۇپ، ئۇلارغا 36 بالا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىمۇ بالىلار باغچىسى تۈسىنى ئالغان تەييارلىق سىنىپلار ئېچىلدى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل ئاپپارات بولۇپ قۇرۇلدى، باغچىدىكى سىنىپ ئالتە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سىنىپ ئىككى) گە، بالا 189 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بالا 27) غا، تەربىيىچىسى ئون (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تەربىيىچى ئىككى) غا يەتتى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە بالىلار باغچىسى ئۈچكە، سىنىپى 15كە، باغچىدىكى بالا 318گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بالا 90غا، تەربىيىچى 20گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تەربىيىچى ئالتىگە يەتتى.

# § 3. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

## 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپ، شۆتاڭلار

گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) ئامبال جۇ فاڭشۇ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا (ھازىرقى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ قاراقۇم كەنتىدە) ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ شۆتاڭدىن بىرنى، تىكەنلىك (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 34 - تۇەن - مەيدانى تۇرۇشلۇق جاي) تە يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ شۆتاڭدىن بىرنى قۇردى. بۇ شۆتاڭلارغا ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق شۇ جايدىكى ئۇيغۇر بالىلار ۋە ئاز ساندا خۇيزۇ، خەنزۇ بالىلار قوبۇل قىلىندى. ئاغزاكى ماتېرىيالغا قارىغاندا، دۆڭقوتان بايلىرى ئازراق پۇل خەجلەپ نامرات دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنى شۆتاڭغا تۇتۇپ بېرىپ، بالا سېلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

شۇەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) ناھىيە ئامبىلى خۇ گۈيلىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇ شۆتاڭنى قوشۇمچە ئاددىي خۇسۇسىي مەكتەپ ۋە ئەدەبىي تىل ئۆگىتىش - ئۆگىنىش ئورنىنى قۇردى؛ قارا قۇم (ھازىرقى قاراقۇم كەنتى) دا 2 - خەنزۇ شۆتاڭنى قوشۇمچە ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپىنى قۇردى؛ تىكەنلىكتە 3 - خەنزۇ شۆتاڭنى قوشۇمچە ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپىنى قۇردى. شۇەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) ناھىيە ئامبىلى يى جيەنفەن سۇجىق كەنتىدە 4 - خەنزۇ شۆتاڭنى قوشۇمچە ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپىنى قۇردى. بۇ شۆتاڭلار يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇل بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەتتى. شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) ناھىيە بويىچە شۆتاڭ 11 گە، ئوقۇغۇچىسى 11 گە يەتتى، ھۆكۈمەت بۇ شۆتاڭلارغا ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 84 سەر تەڭگە بېرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەكتەپلەر يەرلىككە سېلىق سېلىش ئارقىلىق 1308 سەر تەڭگە يىغىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتەتتى، ناھىيە بويىچە مەكتەپلەرنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 760 سەر كۈمۈشكە يەتكەنىدى.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شۆتاڭلار بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تاقىلىپ تۇرغانىدى، دۆڭقوتان، قاراقۇم ۋە سۇجىق شۆتاڭلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغانىدى، ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشتا قىيىنىلاتتى، مەكتەپ خىراجىتى خېلىلا قىس ئىدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى(1934- يىلى) ناھىيە بويىچە ئاران ئۈچ شۆتاڭ قالدى، بۇنىڭ بىرى تىكەنلىك كەنتىدە بىر قارىم تەرىپىدىن ئېچىلغان بىر سىنىپلىق شۆتاڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا 27 بالا قوبۇل قىلىندى، قارىم ئۆزى مۇدىر بولدى ھەمدە قوشۇمچە دىنىي دەرس ئۆتتى، ھېساب دەرسلىرىنى ئۆتۈپ بېرىشكە بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى، ئېينى ۋاقىتتا قاراشەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىدىن زېڭ گۇاڭمىڭ (ئېينى ۋاقىتتا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى). خې شىفۇ (ئېينى ۋاقىتتا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى ئاددىي

شىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى) لار ياشلار ئارىسىدا ئىنقىلاب قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. شىفەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان لوپنۇرلۇق ئوقۇغۇچىلار قىشلىق ۋە يازلىق تەتىللەردە ئۆيگە قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاممىنىڭ مەكتەپ ئېچىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەكتەپ ئېچىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى يۈكسىلىش باسقۇچىغا كىردى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسى 21 گە، سىنىپ 34كە، ئوقۇغۇچىسى 510 غا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 39 (ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئايال ئوقۇتقۇچى ئۈچ) غا يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەسلەپتە تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرى، كېيىنچە يەنە مۇزىكا، تەنتەربىيە، گۈزەل ـ سەنئەت قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) قاراشەھەر ئاددىي شىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنىپ، ھۆكۈمەت ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) شېڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار قېچىپ كەتكەنلىكتىن نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر تاقىلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ۋە تىكەنلىكتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرلا ساقلىنىپ قالدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) يەرلىك يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا تاقىلىپ قالغان ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ ئەسلىگە كەلدى. شۇ يىلى ھۆكۈمەت يەنە ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (يەنى 1 ـ مەكتەپ)، ناھىيە بازىرىدىكى قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى، تىكەنلىك باشلانغۇچ مەكتىپى (2 ـ مەكتەپ)، تىكەنلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى، دۆڭقوتان باشلانغۇچ مەكتىپى (3 ـ مەكتەپ) نى ئۆتكۈزۈۋالغان بولسىمۇ، مائارىپ خىراجىتى كەمچىل بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسى 21، سىنىپ 17، ئوقۇغۇچىسى 778 ئىدى.

## 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 21 باشلانغۇچ مەكتەپنى قوشۇپ سەككىز مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ، باشلانغۇچ مەكتەپ بەش) قىلدى، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا 21 ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، كونا مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى نۆۋەت

بىلەن تەربىيىلەندى. كونا مائارىپ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل ساۋات دەرسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 3 - يىللىقتىن باشلاپ سىياسەت دەرسى تەسىس قىلىندى. 1952 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىپ بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى» دېگەن ھۆججەت بويىچە دەرس ئۆتتى، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى تارقاتقان «ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى» دېگەن ھۆججەت بويىچە دەرس ئۆتتى. 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1670 كە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 778 ئوقۇغۇچى، يەنى 1.14 ھەسسە كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 68 گە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 5.8 ھەسسە كۆپەيدى.

1958 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 22 گە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 14ى (ئوقۇتۇش نۇقتىسى) كۆپەيدى، ئوقۇغۇچىسى 2437 گە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 767 سى كۆپەيدى. ئورغۇنلىغان مەكتەپلەر ئوقۇتۇش بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويدى، چوڭراق مەكتەپلەرنىڭ قارىمىقىدا كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى، كىچىك مەكتەپلەرمۇ كىچىك باغ ۋە تەجرىبە بازىلىرىنى قۇردى. 3 - يىللىقتىن يۇقىرى سىنىپلارغا ھەپتىدە ئىككى سائەت ئەمگەك دەرسى تەسىس قىلىندى.

ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلى (1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) دە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەڭشەلدى. 1960 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 22 دىن 18 گە تەڭشەلدى. 1962 - يىلى يەنە قىسقارتىش، قوشۇۋېتىش ئارقىلىق 18 مەكتەپ توققۇزغا، 60 سىنىپ 43 كە تەڭشەلدى؛ ئوقۇغۇچى 1405 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 73 تىن 56 گە چۈشتى. 1962 - يىلدىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپلەر يەنە قەدەممۇ قەدەم كۆپەيدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دەرس توختاپ قالدى، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش» يولغا قويۇلدى، «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى»، «ئوقۇتقۇچىلار ھۆرمىتى» دېگەنلەر تەنقىد قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار «بېشىدا مۈڭگۈزى، بەدىنىدە تىكىنى بار» بولغان «ئاق قەغەز تاپشۇرىدىغان قەھرىمان» لاردىن بولۇشقا كۈشكۈرتىلدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈرۈلۈپ ئەمگەككە سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتتى.

1976 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى توغرا ئىزغا سېلىندى. 1984 - يىل 11 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى رايونلار بويىچە 12 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 12 گە، سىنىپ 212گە، ئوقۇغۇچىسى 4757 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 3298) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 278 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 187) گە يەتتى.

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1934 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاساسىي ئەھۋالى

15 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| مەكتەپ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئورنى | قۇرۇلغان چاغدىكى مەسئۇلى | تۇنجى رەھبىرى |
|---|---|---|---|---|
| بازار باشلانغۇچ مەكتىپى (1 - مەكتەپ) | 1934 - يىلى | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي | مۇھەممەت ئەلى | مۇھەممەت ئەلى |
| تىكەنلىك باشلانغۇچ مەكتىپى (2 - مەكتەپ) | 1934 - يىلى | تىكەنلىك | بەكرى تۆمۈر | تۇرسۇن خەلپەت |
| كۆزلەك باشلانغۇچ مەكتىپى | 1934 - يىلى | كۆزلەك كەنتى | نىياز (داموللام) | نىياز (داموللام) |
| شىنىغا باشلانغۇچ مەكتىپى | 1935 - يىلى | تۆۋەن شىنىغا كەنتى | | ئاسىم (ئىمام) |
| قاراقوم باشلانغۇچ مەكتىپى | 1935 - يىلى | قاراقوم كەنتى | ئىسمائىل سەردىن | ئىسمائىل سەردىن |
| غوداي باشلانغۇچ مەكتىپى | 1935 - يىلى | دۆڭگۈتاننىڭ غوداي كەنتى | ئەمەت باقى | ئەمەت باقى |
| شىندى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | شىندى تاغلىق كەنتى | ئابدۇرېھىم | ئابدۇرېھىم |
| باش ئاقسۇپى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | باش ئاقسۇپى | ئەخمەت قاسىم | ئەخمەت قاسىم |
| تۆۋەن ئاقسۇپى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | تۆۋەن ئاقسۇپى | قادىر (موللام) | قادىر (موللام) |
| ئۇلۇقكۆل باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | ئۇلۇقكۆل كەنتى | سادىق (موللام) | سادىق (موللام) |
| يېڭىكۆل باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | يېڭىكۆل كەنتى | نۇراخۇن (موللام) | ئىمىن قازى |
| چارا باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | چارا كەنتى | سۇلايمان (ئىمام) | سۇلايمان (ئىمام) |
| تېمىسكۆل باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | تېمىسكۆل كەنتى | خۇدابەردى (ئىمام) | خۇدابەردى (ئىمام) |
| چۆگكۆل باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | چۆگكۆل كەنتى | ئەلى يۈسۈپ | ئەلى يۈسۈپ |
| ئويمانكۆل باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | ئويمانكۆل كەنتى | سۇلايمان ھاتەم | سۇلايمان ھاتەم |
| تىكەنلىك قىزلار مەكتىپى | 1936 - يىلى | تىكەنلىك كەنتى | ئابلا خەلپەت | ئابلا خەلپەت |
| كۆكالا باشلانغۇچ مەكتىپى | 1936 - يىلى | كۆكالا كەنتى | ئەخمەت (ئىمام) | ئەخمەت (ئىمام) |
| بازار قىزلار مەكتىپى | 1936 - يىلى | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي | ھېيت تۇردى | ھېيت تۇردى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يانتاق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1937 ـ يىلى | دۆڭقوتاننىڭ يانتاق كەنتى | ئابباس | ئابباس |
| چوڭمەللە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1937 ـ يىلى | دۆڭقوتاننىڭ چوڭمەللە كەنتى | قاسىم قۇربان | قاسىم قۇربان |
| سالدام باشلانغۇچ مەكتىپى | 1937 ـ يىلى | دۆڭقوتان سالدام كەنتى | ئەخمەت قاسىم | ئەخمەت قاسىم |
| جۇۋاز كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1976 ـ يىلى | جۇۋاز كەنتى | | گۇڭشې ـ ئەترەت مەسئۇل بولدى |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1960 ـ يىلى | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | | فېرما مەسئۇل بولدى |
| خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1958 ـ يىلى | خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى | | فېرما مەسئۇل بولدى |
| «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى 8 ـ ئەترەت باشلانغۇچ مەكتىپى | 1963 ـ يىلى | كۆكپەن كەنتى | | گۇڭشې ـ ئەترەت مەسئۇل بولدى |
| «ئىتتىپاق» گۇڭشېسى 3 ـ ئەترەت باشلانغۇچ مەكتىپى | 1973 ـ يىلى | دۆڭخەيزى كەنتى | | گۇڭشې ـ ئەترەت مەسئۇل بولدى |
| لوپنۇر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (3 ـ مەكتەپ) | 1977 ـ يىلى | شىخەيزە كەنتى | ئابلا ئەلەم | |
| لوپنۇر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1983 ـ يىلى | لوپنۇر بازىرى | | جىن لىيې |

## 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئەھۋالى

15 ـ قىسىم 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى | | يىللار | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر |
| 1949 | 12 | 12 | 1968 | 450 | 315 |
| 1950 | 17 | 17 | 1969 | 550 | 385 |
| 1951 | | | 1970 | 600 | 420 |
| 1952 | 28 | 28 | 1971 | 650 | 455 |
| 1953 | 47 | 47 | 1972 | 550 | 480 |
| 1954 | 69 | 69 | 1973 | 310 | 265 |
| 1955 | 119 | 119 | 1974 | 275 | 220 |
| 1956 | 182 | 182 | 1975 | 390 | 280 |
| 1957 | 185 | 185 | 1976 | 372 | 270 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 211 | 200 | 1977 | 480 | 300 |
| 1959 | 285 | 270 | 1978 | 340 | 261 |
| 1960 | 325 | 305 | 1979 | 455 | 310 |
| 1961 | 207 | 180 | 1980 | 409 | 263 |
| 1962 | 192 | 161 | 1981 | 425 | 280 |
| 1963 | 202 | 160 | 1982 | 450 | 292 |
| 1964 | 164 | 120 | 1983 | 407 | 250 |
| 1965 | 239 | 191 | 1984 | 461 | 281 |
| 1966 | 480 | 340 | 1985 | 482 | 270 |
| 1967 | 420 | 336 | | | |

**1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى**

15 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئوقۇغۇچىلار سانى | | يىللار | ئوقۇغۇچىلار سانى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر |
| 1949 | 778 | 778 | 1968 | 1837 | 1287 |
| 1950 | 737 | 737 | 1969 | 1973 | 1387 |
| 1951 | 1761 | 1761 | 1970 | 2643 | 1733 |
| 1952 | 1408 | 1376 | 1971 | 2766 | 2267 |
| 1953 | 1402 | 1384 | 1972 | 2775 | 1955 |
| 1954 | 1419 | 1403 | 1973 | 3144 | 2183 |
| 1955 | 1440 | 1405 | 1974 | 3395 | 2424 |
| 1956 | 1641 | 1584 | 1975 | 3817 | 2807 |
| 1957 | 1670 | 1485 | 1976 | 4060 | 3044 |
| 1958 | 2437 | 2228 | 1977 | 4450 | 3343 |
| 1959 | 2312 | 1181 | 1978 | 3292 | 2561 |
| 1960 | 2189 | 2006 | 1979 | 4096 | 2899 |
| 1961 | 2139 | 1131 | 1980 | 3937 | 2702 |
| 1962 | 1405 | 1122 | 1981 | 3944 | 2676 |
| 1963 | 1284 | 1129 | 1982 | 3808 | 2511 |
| 1964 | 1502 | 1278 | 1983 | 3695 | 2430 |
| 1965 | 1832 | 1387 | 1984 | 4217 | 2757 |
| 1966 | 1788 | 1387 | 1985 | 4757 | 3298 |
| 1967 | 1800 | 1337 | | | |

# § 4. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى، ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىراق ئوقۇغۇچىلار ئۈلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ياكى ۋىلايەت تۇرۇشلۇق جاي قاراشەھەرگە بېرىپ ئاددىي شىفەنگە كىرىپ ئوقۇيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھىيە تەۋەسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قاراشەھەر ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدىغان بولدى. 1954 ـ يىلى كورلا ۋىلايىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كورلا ۋىلايەتلىك1ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) كە، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ(ھازىرقى بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) كە ئىمتىھان بېرىپ كىرىدىغان بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كورلا ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان باشقا ناھىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقلا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن باشقا جايلارغا ئوقۇشقا بارالمىدى. 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، ئىلمىي مۇدىرلىققا يۇقىرىدىن بىر كىشى ئەۋەتىلدى، مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بۇ مەكتەپكە 13 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى توققۇز) ئاجرىتىلىپ، شۇ يىلى ئىككى تولۇقسىز سىنىپقا 110 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئاساس قىلىنىپ، مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، شېئىر دىكلاماتسىيە قىلىش، دراما ئويناش، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قوشۇمچە قىلىندى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ئۆستۈرۈلدى، دەرسخانىدا ئۆگەنگەن مەدەنىيەت بىلىملىرى مۇستەھكەملەندى.

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمەلىي شەرت ـ شارائىتتىن ئايرىلغان ھالدا «سەكرەپ ئىلگىرىلەپ» تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا شىفەن سىنىپى ۋە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلىندى، ئوقۇغۇچىلىرى 880 گە يەتتى. 1963 ـ يىلى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى، شىفەن سىنىپى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغانلىقتىن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 408 گە چۈشۈپ قالدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرس توختىدى. 1973 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «مەكتەپنى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قۇرۇش» شۇئارى ئاستىدا ئوتتۇرا مەكتەپ قارىغۇلارچە كۆپەيتىلىپ، تارىم، شىڭپىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، يەنە بەزى چوڭ ئەترەتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى ئېچىلدى، بازارلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

قارىمىقىدا خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى سىنىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى. كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كەمچىل بولۇش ۋە رەھبەرلىك ئاجىز بولۇش، يەنە كېلىپ ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش، ئوقۇتۇش پىلانى بولماسلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى كەمچىل بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نامىغا چۈشلۇق ئىش قىلالمىدى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، تەركىبىدە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى بار باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى.

1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مائارىپ جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش تەڭشىلىپ، ئەمەلىيەت چىقىش قىلىنىپ، بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1980 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن لوپنۇر ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (ئۇيغۇر مەكتەپ) ۋە ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ، خۇيزۇ مەكتەپ) كە ئايرىلدى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار لوپنۇر ناھىيىسىگە كەلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى شتاتى تولۇقلاندى. ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ تولۇق بولۇش نىسبىتى %78.5 كە يەتتى، ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1339 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 728؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 455 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 242. 1985 ـ يىلى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1794 بولۇپ، بۇ، 1956 ـ يىلدىكى 100 ئوقۇغۇچىنىڭ 18 ھەسسىسىگە، 1976 ـ يىلدىكى 1047 ئوقۇغۇچىنىڭ 1.7 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا 435 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 311. 1985 ـ يىلى 52 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 39) ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى، بۇ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %70 كۆپ؛ 45 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 34) تېخنىكومغا ئۆتتى بۇ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %57 كۆپ.

### لوپنۇر ناھىيىسىدىكى 1956 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى

15 ـ قىسىم 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى | يىللار | ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 110 | 110 | | 1971 | 339 | 77 | |
| 1957 | 162 | 162 | | 1972 | 542 | 314 | |
| 1958 | 260 | 260 | | 1973 | 327 | 177 | |
| 1959 | 471 | 471 | | 1974 | 473 | 217 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 684 | 624 | 126 | 1975 | 634 | 401 | |
| 1961 | 430 | 293 | | 1976 | 873 | 464 | |
| 1962 | 495 | 154 | | 1977 | 1044 | 610 | |
| 1963 | 408 | 135 | 1978 | 1978 | 382 | | |
| 1964 | 384 | 133 | | 1979 | 1060 | 658 | |
| 1965 | 250 | 250 | 56 | 1980 | 1086 | 458 | |
| 1966 | 250 | 250 | 79 | 1981 | 1030 | 591 | |
| 1967 | 213 | 198 | | 1982 | 1089 | 629 | |
| 1968 | 118 | 118 | | 1983 | 1250 | 717 | |
| 1969 | 66 | | | 1984 | 1332 | 818 | |
| 1970 | 243 | 208 | | 1985 | 1339 | 728 | |

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى 1959 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

15 - قىسىم 5 - جەدۋەل

| يىللار | ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر سانى | | يىللار | ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر سانى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر |
| 1959 | 96 | 96 | 1973 | 198 | 67 |
| 1960 | 58 | 58 | 1974 | | |
| 1961 | 160 | 140 | 1975 | 168 | 65 |
| 1962 | 524 | 495 | 1976 | 166 | 63 |
| 1963 | 147 | 139 | 1977 | 167 | 62 |
| 1964 | 116 | 110 | 1978 | 273 | 164 |
| 1965 | 34 | 34 | 1979 | 293 | 147 |
| 1966 | 32 | 32 | 1980 | 325 | 198 |
| 1967 | 52 | 52 | 1981 | 285 | 167 |
| 1968 | 80 | 80 | 1982 | 320 | 180 |
| 1969 | 118 | 110 | 1983 | 316 | 192 |
| 1970 | 101 | 98 | 1984 | 381 | 195 |
| 1971 | | | 1985 | 387 | 238 |
| 1972 | | | | | |

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى 1960 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى

15 ـ قىسىم 6 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئوقۇغۇچى سانى | | يىللار | ئوقۇغۇچى سانى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر |
| 1960 | 46 | 46 | 1979 | 287 | 150 |
| 1962 | 29 | 29 | 1980 | 279 | 160 |
| 1973 | 96 | 51 | 1981 | 368 | 223 |
| 1974 | 90 | 44 | 1982 | 404 | 252 |
| 1975 | 106 | 33 | 1983 | 418 | 220 |
| 1976 | 174 | 69 | 1984 | 439 | 224 |
| 1977 | 187 | 73 | 1985 | 455 | 242 |
| 1978 | 248 | 104 | | | |

## 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش ئەھۋالى

15 ـ قىسىم 7 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئىمتىھان بېرىدىغانلار سانى | | ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىش ئەھۋالى | | | | | | | | ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغانلار سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر | | ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر | | كەسپىي مەكتەپلەر | | تېخنىكوملار | | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر |
| 1978 | 79 | 47 | | | 10 | 10 | 6 | 2 | 19 | 13 | 35 | 25 |
| 1979 | 111 | 57 | | | 5 | 5 | 8 | 4 | 17 | 11 | 30 | 20 |
| 1980 | 134 | 84 | 6 | 2 | 1 | | | | 13 | 12 | 20 | 14 |
| 1981 | 168 | 101 | 7 | 6 | 11 | 10 | 1 | | 33 | 21 | 52 | 37 |
| 1982 | 158 | 110 | 12 | 10 | 4 | 2 | 5 | | 38 | 24 | 59 | 36 |
| 1983 | 200 | 120 | 14 | 13 | 11 | 5 | 5 | 5 | 38 | 30 | 68 | 53 |
| 1984 | 225 | 115 | 15 | 15 | 13 | 10 | 5 | 5 | 47 | 31 | 80 | 61 |
| 1985 | 227 | 120 | 24 | 21 | 12 | 10 | 16 | 8 | 45 | 34 | 97 | 73 |
| جەمئىي | 1329 | 755 | 78 | 67 | 67 | 52 | 46 | 24 | 246 | 176 | 437 | 311 |

# § 5. چوڭلار مائارىپى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) ناھىيە بازىرى ۋە چوڭ كەنتلەردىكى شۆتاڭلاردا ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ئېچىلىپ، يەرلىك دېھقان، چارۋىچىلار ئۆز يېزىقىنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. بۇ سىنىپلار بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تاقىلىپ بىر يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) تىكەنلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كەنتتە دېھقان، چارۋىچىلارنى ساۋات چىقىرىشقا تەشكىللىدى، كېيىن يەنە ناھىيە بازىرى قاتارلىق جايلاردا دېھقان، چارۋىچىلار ساۋات چىقىرىش سىنىپى (بۇلارنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپىدىن پايدىلىنىلدى) ئاچتى. بۇ سىنىپلار تا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) غىچە ئېچىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا چوڭلار مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلار كەچكۇرسى، ساۋات چىقىرىش سىنىپى، قىشلىــق كۇرس، كادىرلارنى خىزمەتتىن ئايرىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى، كادىرلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئومۇمىي بىلىملەرنى تولۇقلاش سىنىپلىرى ئېچىلدى.

1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 20 يەردە دېھقانلار كەچكۇرسى ئېچىلدى، بۇ كۇرسلاردا 32 سىنىپ بار بولۇپ، 6327 كىشى كۇرسقا قاتناشتى، مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 32 گە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يېزىلاردا يەنە قىشتىكى بوش ۋاقىتلاردا ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىلدى.

1953 ـ يىلى ساۋات چىقىرىش مائارىپى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ئىزغا سېلىندى، شۇ يىلى 14 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلار ئىچىدە 3190 ساۋاتسىز، 825 چالا ساۋات بار ئىدى.

1954 ـ يىلى بەش ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا بىر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، تۆت ئىشتىن سىرتقى ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتتى، كۇرسقا 142 ئادەم قاتناشتى. 1956 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىلىپ، 138 كۇرسانت ئوقۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 42 (ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 30). شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش كۇرسى ئېچىلىپ، 130 كادىر كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە رايون دەرىجىلىك كادىر توققۇز.

1956 ـ يىلى قىشتىن 1957 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىرلىك قىلىنىپ 45 قارار ساۋات چىقىرىش كۇرسى، 27 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۆگىنىشكە 1958 ئادەم قاتناشتى. بۇ ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلارنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ كەنت كادىرى 138، ئايال 99. ناھىيە بويىچە ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا 72 ئوقۇتقۇچى، سەككىز ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دەرس ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۇرسنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن بەش ئوقۇتقۇچىدىن باشقىلىرى ئامما ئىچىدىن يېتىشتۈرۈلگەن. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ساۋات چىقىرىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توققۇز مەسئۇلىدىن ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن ساۋات چىقىرىش كومىتېتى تەشكىللەندى ھەمدە مەخسۇس كادىرلار ۋە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرلىرىدىن يېزىغا چۈشۈدىغان كادىرلار گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاساسىي

قاتلام ساۋات چىقىرىش جەمئىيىتى قۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى. جەمئىيەتلەرگە 301 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلار ئەترەتلەر بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلدى ۋە خىزمەت دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلدى، ئامما ئارىسىدىن 65 ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى - دېھقانلار ئوقۇش - ئوقۇتۇش كۇرسى ئېچىلدى.

1959 - يىلى چوڭلار مائارىپى ئۆگىنىشكە 164 كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى (بۇلارنىڭ ئىچىدە 25 ياشتىن تۆۋەنلەر 65، 26 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلار 99)، 170 ئورگان ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ جەمئىي 334 ئادەم (بۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىز، چالا ساۋات 96) قاتناشتى. چوڭلار تۆۋەن باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپىدىن ئۈچى، چوڭلار يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپىدىن تۆتى، چوڭلار تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن ئۈچى ئېچىلدى، بۇلاردا ئون ئوقۇتقۇچى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق 150 كىشى تۆۋەن باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە، 88 كىشى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتتى.

1960 - يىلى ناھىيە بويىچە 16 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان 8319 ئادەم ئىچىدە ساۋاتلىقى 2862، ساۋاتسىزى 5457 ئىدى. ساۋات چىقىرىش جەمئىيىتى مۇشۇ 5457 ئادەمنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بازار - يېزىلاردىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا 40 ئادەمنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. 1961 - يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 969 ئادەم ساۋاتلىق بولدى. ساۋاتلىق بولغانلار چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇشقا تەشكىللەندى.

1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مائارىپى كۇرسىدىن 15 قارار ئېچىلدى، كۇرستا 433 كىشى ئوقۇدى.

1964 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 4320 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2376 ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋات بار ئىدى، ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ئارقىلىق 1944 ى ساۋاتلىق بولدى، بۇ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ 81 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىچىدە ساۋاتلىق بولغانلىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1964 - يىلى قىشتا ناھىيىلىك ساۋات چىقىرىش جەمئىيىتى چوڭلار مائارىپىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، 35 قارار ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچتى، ئۇلاردا 715 كىشى ئوقۇدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپىدىن 15 نى ئاچتى، ئۇلاردا 305 كىشى ئوقۇدى. جەمئىي 50 كۇرس ئېچىلدى، كۇرستا 1020 كىشى ئوقۇدى.

1965 - يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، 40 قارار ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرستا 1233 ئادەم ئوقۇدى؛ چوڭلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ كۇرسىدىن ئالتە قارار ئېچىلدى، كۇرستا 132 ئادەم ئوقۇدى؛ يېڭى يېزىق كۇرسىدىن توققۇز قارار ئېچىلدى، كۇرستا 227 كىشى ئوقۇدى. جەمئىي 55 قارار كۇرس ئېچىلدى، كۇرستا 1592 كىشى ئوقۇدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، چوڭلار مائارىپى توختاپ قالدى، ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە توختاپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن كونا ساۋاتسىزلار تۈگىمەي تۇرۇپلا يېڭى ساۋاتسىزلار پەيدا بولدى.

1978 - يىلدىن كېيىن ناھىيىدىكى مائارىپ تارماقلىرى ساۋات چىقىرىش خىزمىتىنى يەنە

كۆندىلىك ئىشلار كۆن تەرتىپكە كىرگۈزدى، گۆڭشې، بازارلاردا ساۋات چىقىرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، كۇرسلىرى ئېچىلدى.

1985 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە 2762 ساۋاتسىز بار ئىدى، شۇ يىلى ساۋات چىقىرىش كۇرسى (گۇرۇپپىسى) دىن 109 ى ئېچىلدى، بۇ كۇرسلارغا ساۋاتسىز، چالا ساۋاتتىن 2981 ى قاتنىشىپ، 2555 ى ساۋاتلىق بولدى، بۇ، ئومۇمىي ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ 92.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يىل ئاخىرىدا يەنە 426 ساۋاتسىز قالدى.

1985 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە بەش كىشى شىنجاڭ رادىئو - شىفەن داشۆسىدە ئوقۇدى (ئۇلار 1982 - يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغانىدى)، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلاردىن ئىككىسى ئوقۇش پۈتتۈردى.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چوڭلار مائارىپى ۋە ساۋات چىقىرىش خىزمىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

15 - قىسىم 8 - جەدۋەل

| تۈرى / سانى / يىللار | ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى: گۇرۇپپا سانى | ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى: ئادەم سانى | ساۋات چىقىرىش كۇرسى: گۇرۇپپا سانى | ساۋات چىقىرىش كۇرسى: ئادەم سانى | چوڭلار باشلانغۇچ كۇرسى: گۇرۇپپا سانى | چوڭلار باشلانغۇچ كۇرسى: ئادەم سانى | چوڭلار تولۇقسىز ئوتتۇرا كۇرسى: گۇرۇپپا سانى | چوڭلار تولۇقسىز ئوتتۇرا كۇرسى: ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | | | 32 | 6327 | | |
| 1956 | 27 | 858 | 45 | 1100 | 4 | 103 | 1 | 30 |
| 1964 | | | 35 | 715 | 15 | 305 | | |
| 1965 | | | 40 | 1233 | 6 | 132 | | |
| 1985 | | | 109 | 2981 | | | | |

## § 6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) ناھىيە بويىچە 11 شۆتاڭ، 11 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت باللىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتەتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ھوقۇق تۇتقانلار خەلقنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئۈچ شۆتاڭ قالدى، ئوقۇتقۇچىلىرى مائاشسىز قېلىپ، كۆپ قىسمى كېتىپ قالدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934 - يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، كوممۇنىستلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىدى، لوپنۇر ناھىيىسى ئۇيغۇر ياشلىرىنى قاراشەھەر ئاددىي شىفەن مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت ۋە خەلق باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىسى 21 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 39 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئوقۇتقۇچى ئۈچ. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) قاراشەھەر ئاددىي شىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچى لوپنۇر ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ ھۆكۈمەت ۋە خەلق

باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) شېڭ شىسەي كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى چىققانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، لوپنۇردىكى ياقا يۇرتلۇق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ۋەس ـ ۋەسىگە چۈشۈپ، يەتتىسى كېتىپ قالدى. ناھىيە بازىرى ۋە تىكەنلىكتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) مەكتەپلەر تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 38 يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 25 بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاددىي شىفەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى توققۇز، يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىرىم يىل تەربىيىلەنگىنى 11، قالغانلىرى شۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار تەرتىپكە سېلىندى، يېتىشتۈرۈلدى ۋە تەربىيىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىيەت، كەسىپ، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى. ئەمما بىر قىسىم مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى يەنىلا كونا ئۇسۇلدا ئوقۇتتى. 1951 ـ يىلى كۈزدىن 1952 ـ يىلى يازغىچە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا كونا ئىدىيىنى تازىلاش، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش ئاساس قىلىندى، ئوقۇتقۇچىلار ماركسىزم، لېنىنىزمنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە «پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەندى، كونا جەمئىيەتتىن قالغان زىيالىيلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يازلىق تەتىلدە ئوقۇتقۇچىلار يىغىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. كېيىن قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچىلار ئون كۈندىن 15 كۈنگىچە يىغىلىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىدىغان بولدى. بۇلاردىن باشقا مەكتەپ يەنە ئوقۇتقۇچىلارنى زۆرۈر ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

كەسپى جەھەتتە، ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل تارمىقى ئۆگىنىشكە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى ۋىلايەت، ئوبلاست، ئاپتونوم رايونلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رايون (گوڭشې) لار بىرلىك قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتلەردە ئوقۇتۇش مېتودى تەتقىق قىلىندى، ئوقۇتۇش پىلانى تۈزۈلدى، ئوچۇق دەرس ئاڭلاش ۋە مەخسۇس مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلۇپ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ھەممىدىن ئاۋۋال مائارىپ ساھەسى زەربىگە ئۇچرىدى، كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار «بۇرژۇئا نوپۇزلۇقى»، «قارا يىپ» ۋە «جىن ـ شەيتان» دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىنىپ، ئۇلارغا زەربە بېرىلدى، يېزىلارغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى، ھەتتا بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەيدەلدى.

1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولا ئاقلاندى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985 ـ يىلى يەتتە ئوقۇتقۇچى يېزىلىق، ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە، 11 ئوقۇتقۇچى يېزىلىق، ناھىيىلىك

خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە، بىر ئوقۇتقۇچى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، ئالتە ئوقۇتقۇچى سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە 195 ئوقۇتقۇچى بولغان بولسا، 1985 - يىلى 357 گە يېتىپ، 1.83 ھەسسە كۆپەيدى.

## § 7. مائارىپ خىراجىتى

مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت چىقىراتتى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بېرەتتى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى شەخسلەردىن يىغىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە بالىلار باغچىلىرىنىڭ خىراجىتى پۈتۈنلەي دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان، خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان بولدى.

مەكتەپ خىراجىتى: بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، خوجىلىق خىراجىتى، كەسپىي خىراجەت، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق پۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى دۆلەت ھەر ئايدا 25 يۈەن بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بەش يۈەن قوشۇپ بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدى. 1978 - يىلدىن كېيىن 25 يۈەن 36 يۈەنگە كۆپەيتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قوشۇپ بېرىدىغان بەش يۈەن ئۆزگەرمىدى. كېيىن ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە دۆلەت 50% بېرىش، يەرلىك مالىيىدىن 30% ئاجرىتىش، يېزا - بازار كارخانىلىرى 20% ياردەم پۇلى بېرىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تا 1985 - يىلغىچە ئەمەلىيلەشمەي يەنىلا دۆلەت 50.66 يۈەندىن بېرىپ كەلدى.

خوجىلىق خىراجىتى: بۇ، ئىشخانا بۇيۇملىرى خىراجىتى، كاماندىروپكا خىراجىتى، سۇ، توك پۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىغا ئايدا 3.50 يۈەن (يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) بېرىلەتتى. 1985 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىغا ئايدا 36 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىغا ئايدا 27 يۈەن بېرىلدى.

كەسپىي خىراجەت: بۇ خىراجەتنى 1981 - يىلدىن بۇرۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىر تۇتاش ئىشلىتەتتى. 1981 - يىلدىن باشلاپ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانىغا قاراپ مەكتەپلەرگە بېرىلىدىغان بولدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىغا ئايدا بەش يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىغا ئايدا ئىككى يۈەن بېرىلدى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى: بۇ پۇل تۆت دەرىجە بويىچە بېرىلەتتى، 1957 - يىلى 1 - دەرىجىلىكلەرگە ئايدا توققۇز يۈەندىن، 2 - دەرىجىلىكلەرگە ئايدا يەتتە يۈەندىن، 3 - دەرىجىلىكلەرگە ئايدا بەش يۈەندىن، 4 - دەرىجىلىكلەرگە ئايدا 2.5 يۈەندىن بېرىلگەنىدى، كېيىن ئازراق كۆپەيتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي جەھەتتىن مىنگو دەۋرىدىن قالغان كونا مەكتەپ ئۆيلىرى ئىشلىتىلگەنىدى، 1956 - يىلدىن باشلاپ پۇل ئاجرىتىلىپ، مەكتەپ ئۆيى سېلىنىشقا باشلىدى. 1965 - يىلدىن كېيىن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى دۆلەت بېرىدىغان ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت تەييارلايدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. ناھىيىنىڭ مائارىپ خىراجىتى1953-يىلدىكى 31 مىڭ 900 يۈەندىن 1985 - يىلى 1 مىليون 211 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 36.9 ھەسسە كۆپەيدى.

### لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مائارىپ خىراجىتى

15 - قىسىم 9 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي | ئىش ھەققى | پاراۋانلىق خىراجىتى | دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتى | خوجىلىق خىراجىتى | ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش خىراجىتى | رېمونت خىراجىتى | كەسپىي خىراجەت | ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلى | باشقا خىراجەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 3.19 | 2.56 | 0.01 | | 0.56 | 0.02 | 0.03 | | | | 0.01 |
| 1956 | 8.49 | 3.34 | 0.16 | | 0.6 | 0.2 | 0.2 | 0.2 | 3.23 | 0.24 | 0.32 |
| 1958 | 6.52 | 3.12 | 0.2 | | 0.87 | 0.35 | 0.04 | 0.3 | 0.96 | 0.25 | 0.43 |
| 1960 | 11.24 | 4.98 | 0.25 | | 0.4 | 1.1 | 0.05 | 0.2 | 1.83 | 2.33 | 0.1 |
| 1962 | 6.89 | 4.64 | 0.38 | | 0.7 | 0.03 | | | 0.04 | 1.1 | |
| 1965 | 8.43 | 4.45 | 0.3 | | 0.27 | 1 | 0.1 | 0.1 | 1.42 | 1.49 | 0.2 |
| 1972 | 13.5 | 8.44 | 0.17 | | 1.33 | 1.1 | 2.12 | 0.3 | | 0.34 | |
| 1974 | 19.7 | 9.27 | 0.23 | | 0.99 | 1.91 | 3.92 | 0.93 | | 0.28 | 2.2 |
| 1977 | 36.09 | 11.94 | 0.33 | | 1.8 | 0.94 | 4.47 | 0.2 | | 1.41 | 5 |
| 1979 | 19.74 | 9.27 | 0.23 | | 0.99 | 1.91 | 3.92 | 0.93 | | 0.28 | 2.6 |
| 1980 | 38.53 | 24.81 | 0.62 | | 3.11 | 1.47 | 3.57 | 1.4 | | 2.58 | 1.07 |
| 1981 | 53.61 | 29.43 | 1.08 | | 3.43 | 3.19 | 11.75 | 1.03 | | 3.15 | 0.53 |
| 1982 | 60.17 | 35.9 | 1.2 | 0.07 | 3.58 | 3.64 | 10.28 | 1.09 | | 3.67 | 0.74 |
| 1983 | 82.8 | 38.37 | 1.83 | 0.39 | 4.87 | 6.33 | 23.86 | 1.69 | | 4.09 | 1.37 |
| 1984 | 109.46 | 44.12 | 2.02 | 0.36 | 6.04 | 3.43 | 4.47 | 2.85 | | 4.09 | 2.07 |
| 1985 | 121.12 | 62.51 | 2.32 | 0.65 | 6.41 | 4.37 | 3.44 | 3.89 | | 5.04 | 1.62 |

# II باب

# پەن - تېخنىكا

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىمى يوق ئىدى، پەن - تېخنىكا پائالىيىتىمۇ ئېلىپ بېرىلمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پەن - تېخنىكا خىزمىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. يېڭى ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىلغار پەن - تېخنىكىلار ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە خەلقىنىڭ پەن- تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ناھىيىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

## § 1. پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى

### 1. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى

بۇ كومىتېت 1961 - يىلى 11 - ئايدا قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1976 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەينى ۋاقىتتا بىرلا رەسمىي خىزمەتچىسى بار ئىدى.

### 2. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

بۇ جەمئىيەت 1984 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تېببىي داۋالاش، ئورمانچىلىق، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، چوت، مېتېئورولوگىيە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇچىلىق، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىكى، بىناكارلىقتىن ئىبارەت 11 ئىلمىي جەمئىيەت تەسىس قىلىندى، بۇ جەمئىيەتلەرگە 331 كىشى ئەزا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 92. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا - بازارلاردا 31 پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 395 كىشى ئەزا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 305.

### 3. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى 1955 - يىلى قۇرۇلدى، شۇ يىلى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى يۆتكەپ كېتىلگەنلىكتىن، تارقىلىپ كەتتى. 1958 - يىل 7 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە نامى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى،

1964 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىل 7 - ئايدا تەشكىلىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە رايون دەرىجىلىك قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆت يېزا، مەيداندا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

## 4. ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى

1957 - يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى، 1966 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى، 1976 - يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى يەنە ئايرىلىپ چىقتى، 1984 - يىلى ئۇرۇقچىلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 5. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى

بۇ ئورۇن 1973 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى تەجرىبە قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

## 6. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى

بۇ پونكىت 1956 - يىلى قۇرۇلدى، 1959 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، 1962 - يىلى يەنە ئايرىلىپ چىقتى.

## 7. ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق گۇرۇپپىسى

بۇ گۇرۇپپا 1980 - يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا تەسىس قىلىنىپ، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن بىر ئورگان بولدى. ئىككى ۋېۋىسكا ئېسىلدى.

## § 2. پەن - تېخنىكا قوشۇنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت لوپنۇر ناھىيىسىگە بىر قىسىم كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەقسىم قىلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ناھىيىمۇ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ياشلارنى باشقا جايلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى. كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىملىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، مال دوختۇرلۇق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇچىلىق، تىبابەتچىلىك، ئېلېكتىر، كارتوگرافىيە قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىدى. 1961 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا ناھىيە بويىچە 47 پەن - تېخنىكا خادىمى بار ئىدى. پەن - تېخنىكا خادىمى 1966 - يىلى 59 غا، 1976 - يىلى 76 گە، 1985 - يىلى 395 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 305.

1980 - يىلدىن باشلاپ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى باھالاندى. 1983- يىلغا قەدەر 11 كىشىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلدى (مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى ئىككى، ئاگرانوم ئىككى، ئىنژېنېر ئۈچ، مەسئۇل ۋراچ تۆت)؛ 42 كىشىگە ياردەمچى ئىنژېنېر دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋان بېرىلدى (ياردەمچى ئاگرانوم بەش، ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق

تېخنىكى يەتتە، ياردەمچى ئىنژېنېر يەتتە، ياردەمچى بوغالتېر بەش، ۋراچ18) ؛ ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 38 ى باھالاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئېتىبار بەردى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 1980 - يىلدىن كېيىن 28 پەن - تېخنىكا خادىمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى، تۆت پەن - تېخنىكا خادىمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. 30 كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، 21 ئائىلىدىكى 77 كىشىنىڭ نوپۇسى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن چەت - ياقا رايونلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا رايون ياردەم پۇلى بەردى، يەنى دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ مىرسالى، ئاۋات كەنتلىرى ھەمدە ناھىيىلىك خورجا، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا يەتتە يۈەندىن، تارىم يېزىسىنىڭ ئاقسۇپى، يېڭىسو كەنتلىرى ۋە دۆڭقوتان يېزىسىنىڭ قارچۇغا كەنتىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا توققۇز يۈەندىن قوشۇپ بەردى.

## § 3. پەن - تېخنىكا خىزمىتى

### 1. پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى

1984 - يىلى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېر مەشغۇلاتى بويىچە ئاكتىيورلۇق كۇرسى، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مالىكۇلا ئېرسىيەت كۇرسى، تىببىي داۋالاش ئىلمى ۋە مۇھىت ئاسراش دوكلات يىغىنى، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسى دوكلات يىغىنى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش لېكسىيىسى، ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ۋە ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆزىتىش تېخنىكىسى لېكسىيىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى.

### 2. تېخنىكا مەشقى

1985 - يىلى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئىككى قارار توشقان بېقىش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسنىڭ مۇددىتى 12 كۈن بولدى، كۇرستا دېھقان، چارۋىچىلاردىن 50 نەپەر توشقان بېقىش تېخنىكى يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئېسىل توشقان سورتلىرىنى كىرگۈزۈشىگە ياردەم بېرىلدى. دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى نەشپۈت ئۆستۈرۈش، ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق تېخنىكىلار بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسقا 40 كىشى قاتناشتى؛ كەسپىي ئائىلىلەرگە ياردەملىشىپ 50 مو يەرگە نەشپۈت كۆچىتى تىكىپ بەردى، 600 مو يەرگە نەشپۈتنىڭ تۈپىنى بېكىتىپ بەردى. ئورمانچىلىق گۇرۇپپىسى ئورمانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، يېزىلار ئۈچۈن 44 ئورمانچىلىق تېخنىكى

يېتىشتۈرۈپ بەردى.
ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ئائىلىلىرى ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يېزا (مەيدان) لاردا دېھقان - چارۋىچىلار ئاساس قىلىنغان ھالدا ئالتە قېتىم ھەر خىل كۇرس ئاچتى، بۇ كۇرسلارغا 385 ئادەم قاتناشتى.
ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1986 - يىل 4 - ئايدالوپنۇر ناھىيىسىدە ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 23 ئەزا قوبۇل قىلىندى. ياشلار - ئۆسمۈرلەر پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم باسقۇچلۇق ھالداپەن- تېخنىكا قىلىملىرىنى كۆرۈشكە ۋە پەن - تېخنىكا يازلىق لاگىر پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتلەردە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىدىن 70 نەچچىسى توپلاندى. ناھىيە بويىچە ئىككى يۈرۈش 42 قېتىم پەن - تېخنىكا فىلىمى قويۇلدى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەردە ۋەتەننى، خەلقنى، ئىلىم - پەننى سۆيۈشتەك ئېسىل پەزىلەت يېتىشتۈرۈلدى.

## 3. پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ۋە ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇش

1985 - يىلى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 580 پارچە پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ۋە ماتېرىيالىنى توپلىدى ۋە ئالماشتۇردى، 88 خىل پەن - تېخنىكا گېزىت - ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولدى. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى دېھقان - چارۋىچىلاردىن بولغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرغۇچىلارنى ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكا بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن 1985 - يىلى قەرەلسىز ژۇرنال — «لوپنۇردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «يېزا ئىقتىسادىي ئۇچۇرى»نى شاپىگراپتا بېسىپ ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە تارقىتىپ بەردى، بۇ ماتېرىياللار شۇ يىلى 1190 نەچچە نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. ھەر خىل گېزىت - ژۇرنال، پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن ئون خىل 3057 نۇسخا تارقىتىپ بېرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ دېھقانچىلىق يېزىسى (شىگېيىك، تارىم، «ئىتتىپاق») دا «خوراپاتلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىلىم - پەنگە ئىشىنىش» رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 1460 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يەنە پەسلىگە قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكىتۈەنى يېزا ئىگىلىك2 -شىسى32-تۈەن-مەيدانىدا ئىككى قېتىم كېۋەز تېرىش كۇرسى، پاختىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش بويىچە رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى.

## § 4. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش

### 1. سانائەت

1980 - يىلى ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتى چۇچۇك بۇيا قىيامى ئىشلەشكە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇسكۇنىلىرى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، بۇ زاۋۇت 1982 - يىل 12 - ئايدىن 1983-يىل 10 -ئايغىچە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەشكە كېرەكلىك ئۇسكۇنە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر- سەنئەت

تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ماشىنىلارنى لايىھىلەش، قۇراشتۇرۇش، سىناق قىلىشتا بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1983 - يىلى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىلىق باھالىشىدىن ئۆتۈپ، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 2 . دېھقانچىلىق

1955 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 38 دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى، بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: 1) يېشىل ئوغۇت تېرىش سىنىقى؛ 2) بۇغداينىڭ مول ھوسۇللۇق سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ 3) شال سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ 4) كەڭ كۆلەملىك كېۋەزلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش ھەمدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى؛ 5) ئاشلىق زىرائەتلىرىگە پۇرچاق كىرىشتۈرۈپ تېرىش؛ 6) يەرلىكتىكى بىرنەچچە خىل كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنى ۋە ياۋا ئوت - چۆپ زىيىنىنى تىزگىنلەش؛ 7) زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەش دورىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش؛ 8) ئۈنۈمسىز تۇپراقنى ياخشىلاش؛ 9) مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتنى ئۆلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش؛ 10) ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، كۆممىقوناقنى خىللاپ تېرىش؛ 11) قوغۇن - تاۋۇزنىڭ سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش (100 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 3.5 توننىغا يەتكۈزۈش)؛ 12) ئۇنۇۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئوتتۇراھال سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش.

لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش —1»، «شىنجاڭ يازغىسى —2»، «ئازاد — 3»، «قەشقەر ئاق بۇغدىيى»، «بايىنغولىن قارايازغىسى—65»، «سىبلوس» قاتارلىق 16خىل بۇغداي سورتىنى، «ئەيفېڭ — 2»، «دۆلەت بايرىمى—20»، «بەيماڭ» قاتارلىق شال سورتلىرىنى، «ۋېل — 156»، «ئاق ئات چىشى»، «ئالتۇن خانىش» ۋە چىلگە قوناق قاتارلىق كۆممىقوناق سورتلىرىنى، «3173»، «C — 1470»، «ھەربىيلەر كېۋىزى —1» قاتارلىق ئېسىل قۇرۇقلۇق كېۋىزى سورتلىرىنى ۋە «جۇنخەي — 1» ئۇزۇن تالالىق كېۋەز سورتىنى كەلتۈرۈپ كېڭەيتتى.

## 3 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

1973 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى، كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە چىگىتنى يېرىم خىللاپ تېرىش، ماشىنا بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىش، كومبايىن بىلەن بۇغداي ئورۇش، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق تاللاش، ئوت - چۆپلەرنى ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى بىلەن ئورۇش قاتارلىق 15 خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى.

## 4 . چارۋىچىلىق

ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئاساسەن مۇنداق تەجرىبىلەرنى ئېلىپ باردى: 1) تەلۋە

بېدە ئۆستۈرۈش؛ 2) ئەلتېرە قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش؛ 3) كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش؛ 4) بىروتسېللا تاياقچىسى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش؛ 5) ئۆي ھايۋانلىرىدا بولىدىغان پارازىتلار بايقالغان رايونلارنى تەكشۈرۈش؛ 6) چارۋىچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش؛ 7) كالىلاردا بولىدىغان سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش؛ 8) ئاتلاردا بولىدىغان 3 - نومۇرلۇق كېسەلنى تەكشۈرۈپ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش؛ 9) قوزىلاردا بولىدىغان تولغاقنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ 10) شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش.

### 5. ئوتلاقچىلىق

1980 - يىلى ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوت - چۆپ كەلتۈرۈپ سىناق قىلىش، ئوتلاققا ئائىت ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلىدى.

## § 5. پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

1950 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلمىدى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ھەر قايسى ساھە، كەسىپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن 50 ى باھالاندى، ئۇلاردىن 18 ى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەر

15 - قىسىم 10 - جەدۋەل

| كەسىپلەر | ئورۇنلار | ۋاقتى | مۇۋەپپەقىيەتلەر | مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىق | دېھقان-چىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1983-يىلى | سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |
| | دېھقان-چىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1982-يىلى | كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىشنى خۇلاسىلەش | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |
| | دېھقان-چىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1984-يىلى | يېشىل ئوغۇت تېرىش | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىق | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1984-يىلى | كېسەللىك - زىيانداش ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىسى | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |
| | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1985-يىلى | دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە بولىدىغان كېسەللىك - زىيانداش ھاشاراتلارنى مەلۇم قىلىش | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى |
| | دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 1985-يىلى | لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 2 - قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈش دوكلاتى | ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى |
| | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1984-يىلى | قوغۇن - تاۋۇزدىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |
| | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1984-يىلى | 1000 مو يەردىكى بوغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆلگە كۆرسىتىش ئوقتىسى قىلىپ، ئوقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى |
| | ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | 1983-يىلى | ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئەلا سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى، پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى | 1985-يىلى | ماشىنا ئارقىلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى |
| | يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى | 1985-يىلى | دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى |
| | يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى | 1985-يىلى | ئوت ئورۇش ماشىنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى | 1984 - يىلى | سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش | ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇكاپاتى |
| سانائەت | چۆچەك بۇيا قىيامى زاۋۇتى | 1985-يىلى | چۆچەك بۇيا قىيامى ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش | ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى |
| | چۆچەك بۇيا قىيامى زاۋۇتى | 1985-يىلى | شېكەر زاۋۇتىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ باشقا مەھسۇلات ئىشلەيدىغان قىلىش | ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۈسكۈنە ئۆزگەرتىش مۇكاپاتى |
| چارۋىچىلىق | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1985-يىلى | ئەلتېرە قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش | ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتى |
| | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1985-يىلى | بروتسېللا تاياقچىسى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش | ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتى |
| | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1985-يىلى | ئۆي هايۋانلىرىدا بولىدىغان پارازىت قۇرت بايقالغان رايونلارنى تەكشۈرۈش | ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتى |

# ئون ئالتىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

# ئون ئالتىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

## I باب

## مەدەنىيەت - سەنئەت

لوپنۇر ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قانچە مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ۋەتىنىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن خەنزۇلار ئۆز جايلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە لوپنۇردا ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت ئاپپاراتى يوق ئىدى. مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللار، خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى خەلق سەنئەتكارلىرى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيۇشما ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ئاجىز، خىراجىتى كەمچىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقسىز، خەلق نامرات بولغاچقا، ھېچقانچە خىزمەت ئىشلىيەلمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم 1958 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 1973 - يىل 3 - ئايدا مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ بۆلۈم 1975 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى دەپ ئاتالدى (سەھىيە بۆلۈمى ئايرىم قۇرۇلدى)، 1980 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت خىزمىتىگە مۇشۇ ئىدارە مەسئۇل بولدى.

### § 1. ئاپپاراتلار

#### 1. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىلىك ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كىتابخانىسىدا 1100 پارچىدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال، دىنىي كىتاب بار ئىدى، كىتاب

ئوقۇشنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس بىر كىشى قويۇلغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئىككى مەخسۇس خادىم قويۇلدى، ئۇلار كىتاب ئارىيەت بېرىش ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات -سەنئەت مەشغۇلاتىنى قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1985 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىدىكى خادىم سەككىزگە يەتتى، 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 698 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك مەدەنىي مەشغۇلات بىناسى سېلىندى. مەدەنىي مەشغۇلات بىناسىنىڭ سېلىنىشى تېلېۋىزور كۆرۈش، ناخشا ئېيتىش، كۆرگەزمە قىلىش، ئويۇن-تاماشا قىلىشقا ئوخشاش مەشغۇلاتلارنى قاناتيايدۇرۇشقا شەرت - شارائىت يارىتىپبەردى. ئۇ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى مەدەنىي مەشغۇلات مەركىزى بولۇپ قالدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىڭ 652 كۋادرات مېترغا يەتتى.

## 2. ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتلىرى

1982 - يىلى ھەممىدىن بۇرۇن شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۇڭچىكە چولڭ ئەترىتىدە مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كۇڭخۇل ئېچىش ئۆيى، كىتابخانا قاتارلىق مەشغۇلات سورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، كىتابخانىغا 1000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب قويۇلدى. شۇ يىلى تارىم يېزىسىدا مەركىزىي مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كىتابخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قاتارلىق مەشغۇلات سورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە تاختا بىليارد، خەلقئارا شاھمات قاتارلىقلار، كىتابخانىغا 680 پارچىدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال قويۇلدى.

1983 - يىلى دۆڭقوتان گۇڭشېسىدا مەركىزىي مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا تېلېۋىزور كۆرۈش ئۆيى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، كىتابخانا قاتارلىق مەشغۇلات سورۇنلىرى تەسىس قىلىندى؛ تېلېۋىزور كۆرۈش ئۆيىگە بىر تېلېۋىزور، كىتابخانىغا 1300 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب قويۇلدى.

1985 - يىلى «ئىتتىپاق»، شىڭپىڭ يېزىلىرىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيىدىكى يېزا (مەيدان) لارنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، مەركىزىي مەدەنىيەت پونكىتى ئىككىگە، مەدەنىيەت پونكىتى يەتتىگە يەتتى، تېلېۋىزوردىن بىرى سەپلەندى. مەدەنىيەت پونكىتلىرى تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مەشغۇلاتلىرىنى قانات يايدۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا كىتابلىرى، پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى، يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، يېزا ئىقتىسادىي ئۇچۇرلىرى قاتارلىق نەشر بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى، بېيىشى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىگە خىزمەت قىلدى، بۇ ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

# § 2. ئاممىۋى مەدەنىيەت

## 1. كىتاب ئوقۇش

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كىتابخانىسى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت

تۈرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، گېزىت ـ ژۇرناللارغا يېزىلىپ، كىتاب سېتىۋېلىپ، قىرائەتخانا تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ئوقۇش تەلىپىنى قاندۇردى ھەم كىتاب ئارىيەت بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان، ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلىرىگە كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى تارقاتتى، 1955 ـ يىلى كىتابخانىدىكى گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب 1800 پارچىدىن ئاشقان، كىتاب ئوقۇغۇچىلار 15 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتكەنىدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «تۆت كونا»نى يوقىتىش شوئارى ئاستىدا كىتابلارنىڭ 80 پىرسەنتى كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

مەدەنىيەت يۇرتى 1973 ـ يىلى كىتابخانا پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۈچ ئېغىزلىق (ھەممىسى 82 كۋادرات مېتىر) قىرائەتخانا سالدى، قىرائەتخانا چوڭلار قىرائەتخانىسى، بالىلار قىرائەتخانىسى دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى.

1985 ـ يىلى كىتابخانىدىكى ژۇرنال، كىتاب 400 خىل، 31 مىڭ نەچچە يۈز نۇسخىغا، كىتاب ئوقۇغۇچىلار 21 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بالىلار 9125 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

## 2. ئىشتىن سىرت ئويۇن قويۇش

مىنگو دەۋرىدە يەنى 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ناھىيە بازىرىغا بىر ئاددىي كۇلۇب سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئويۇن قويۇشقا قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى، ئاندا ـ ساندا يېزىلاردىمۇ ئويۇن كۆرسىتىپ تۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۆپ قېتىم ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇردى. 1959 ـ يىلى ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدى، گوڭشې (مەيدان) لاردا كەينى ـ كەينىدىن يەتتە كۇلۇب قۇرۇلدى، ئۇلار يەتتە ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى ۋە سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ (ئارتىستلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن ۋە يېزىلاردىن ئاجرىتىلدى، دېھقان ئارتىستلارغا گوڭشې دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىلىرى تۇرمۇش خىراجىتى بەردى)، ئاساسىي قاتلاملاردا سەييارە ئويۇن قويدى، قويۇلغان ئويۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى كىچىك تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى بولدى. 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، كۇلۇبلار تاقالدى، ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمەكلىرى تارقىلىپ كەتتى. 1966 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئون ئىشتىن سىرتقى ئارتىست ۋە ئالتە كەسپىي خىزمەتچىدىن ئۇلانمۇچىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىدى، ئەترەت ئەزالىرى يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ سەييارە ئويۇن قويدى، ئويۇنىنىڭ شەكلى جانلىق ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلانمۇچىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتى 1973 ـ يىلى تارقىلىپ كەتتى.

1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ جانلاندى.

لوپنۇر ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى 1985 ـ يىلى ئوبلاست ئۇيۇشتۇرغان ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەدەنىي مەشغۇلات بىناسى پۈتكەندىن كېيىن، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى بېيىتىلدى.

### 3. مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، تولاراق 12 مۇقام ئاھاڭىغا سېلىنغان خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، ئائىلە، مۇھەببەت، دوستلۇققا بولغان ھېسسىياتىنى ئۇرغىتىدۇ. مەشرەپ خەلق ياقتۇرىدىغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ناخشا، ئۇسسۇل ۋە قىزىقچىلىق بىرلىشىپ كېتىدۇ، مەشرەپ ئادەتتە ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈنلەردە ياكى مېھمان كۈتۈۋالغاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ، سازەندىلەر راۋاب، تەمبۇر، ساتار، غېجەك، دۇتار ۋە داپلارنى چېلىپ بېرىدۇ، ئەر - ئاياللار ناخشا - ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. چوڭ ھېيت - بايرام كۈنلىرى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ناغرا - سونايچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ناغرا - سوناي چالدۇرۇپ بېرىدۇ، ئەر - ئاياللار، قېرى - ياشلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، بۇ پائالىيەت كېچىگىچە چوڭ مەشرەپكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## § 3. كىتاب تارقىتىش

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇردا كىتاب تارقىتىش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ناھىيىگە كىتاب ئېلىپ كېلىپ سەييارە تارقاتتى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلۇپ، كۆنچى دەرياسى بويىغا 30 كۋادرات مېترلىق شىنخۇا كىتابخانىسى سېلىندى، كىتابخانىدا ئىككى مەمۇرىي، كەسپىي خادىم بولۇپ، ئۇلار يېزىلاردا سەييارە تارقىتىش ۋە ماگىزىندا تارقىتىش كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1958 - يىلى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ شتاتى توققۇزغا كۆپەيتىلدى، ئۇلار ئىچىدە يېزىلاردا سەييارە كىتاب تارقاتقۇچىلار تۆتكە كۆپەيتىلدى، بۇ كىتابخانا ناھىيە بويىچە كىتاب تارقىتىدىغان مۇھىم تارماق ۋە كەسپىي ئاپپارات بولۇپ قالدى.

1957 - يىلى كىتابخانا خەلق بانكىسىنىڭ ئىلگىرىكى تىجارەت بۆلۈمى (ھازىرقى كىنوخانىنىڭ ئورنى)غا، 1962 - يىلى بۇرۇنقى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسى (ھازىرقى تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى)غا يۆتكەلدى، 1964 - يىلى «ئازادلىق» كوچىسىنىڭ جەنۇبىغا 80 كۋادرات مېترلىق يېڭى كىتابخانا سېلىندى، ھازىرقى 137 كۋادرات مېترلىق كىتابخانا 1967 - يىلى سېلىندى. شىنخۇا كىتابخانىسى يەنىلا يېزىلاردا سەييارە كىتاب سېتىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى كونا - يېڭى كىتابلارنى تارقىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، كىتابخانا تارقاتقان كىتابلارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. كىتابخانا تارقاتقان كىتاب 1955 - يىلى 2758 پارچە بولغان بولسا، 1960 - يىلى 109 مىڭ 630 پارچىگە يېتىپ، 38.75 ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 1955 - يىلى 1103 پارچە تارقىتىلغان بولسا، 1960 - يىلى 43 مىڭ 850 پارچىگە يېتىپ، 38.76 ھەسسە كۆپەيدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، ئۆچىغا چىققان سول ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى «تۆت كونا» دەپ قارىلىپ پېچەتلىۋېتىلدى ھەم 6884 پارچە كىتاب كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، بۇ كىتابلارنىڭ قىممىتى 1030 يۈەنگە يېتىدۇ، كىتابخانىدىكى كىتاب جازىلىرىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى، رەئىس ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىگە ئوخشاش كىتابلار ۋە داھىينىڭ سۈرەتلىرىدىن باشقا كىتابلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا قالدى، مۇشۇ ئون يىلدا 193 مىڭ 479 پارچە كىتاب تارقىتىلدى. 1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسىدە كىتاب تارقىتىش كەسپى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى 768 مىڭ 779 پارچە كىتاب تارقىتىلدى، تارقىتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 57 مىڭ 98 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 327 مىڭ 511 پارچىگە يېتىپ، تارقىتىلغان ئومۇمىي كىتابنىڭ 42.60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، سوممىسى 25 مىڭ 693 يۈەنگە يېتىپ، تارقىتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 44.99 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ كىتابخانا 1985 ـ يىلى 1956 ـ يىلدىن بۇيان تۆنجى قېتىم 27 يۈەن پايدا ئېلىپ، ئوبلاستتىكى پايدا ئالىدىغان كىتابخانىلار قاتارىغا ئۆتتى.

## § 4. كىنو قويۇش

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇردا كىنو قويۇش، فىلىم تارقىتىش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قاراشەھەر ۋىلايەتلىك كىنو قويۇش ئەترىتى پات ـ پات ناھىيە بازىرىغا كېلىپ سەييارە كىنو قويۇپ تۇردى. 1952 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك كىنو قويۇش ئەترىتى تۇنجى قېتىم ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئوچۇقچىلىقتا «ئاق چاچلىق قىز» فىلىمىنى قويدى. 1955 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 16 مىللىمېتىرلىق بىر كىنو قويۇش ئاپپاراتى، ئۈچ كىنوچىسى بار بولۇپ، ناھىيە بويىچە بازار-يېزا (مەيدان) لاردا سەييارە كىنو قويۇپ تۇردى. 1960 ـ يىلى ناھىيە بازىرىغا كىنوخانا سېلىندى، بۇ كىنوخانىدا 35 مىللىمېتىرلىق بىر كىنو قويۇش ئاپپاراتى، توققۇز ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى كىنوچىدىن تەركىب تاپقان يېزىلاردا كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سەييارە كىنو قويۇشقا مەسئۇل بولدى.

### 1. كىنو باشقۇرۇش

1974 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇشنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، پونكىتتا توققۇز ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. ناھىيە بازىرىدا بىر كىنوخانا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى قاتارلىق ئورۇنلاردا 22 كىنو قويۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، ئۇلارغا مەخسۇس ۋە قوشۇمچە كىنوچىدىن 41 ى سەپلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە فىلىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەكلىنىپ، پەقەت سەككىز ئۈلگىلىك تىياتىر فىلىمى، «ئۈچ ئۇرۇش» (مىنا ئۇرۇشى، لەخمە ئۇرۇشى،

جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى) فىلىمى ۋە ژۇرنال فىلىملىرىلا قويۇلدى.

«تۆت كىشلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قويۇلغان كىنولارنىڭ قېتىم سانى تېز كۆپەيدى، كىنوچىلىق خېلىلا تەرەققىي قىلدى، ئۇسكۇنىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇشنى باشقۇرۇش پونكىتى ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا ئالتە شتات بېرىلدى، بۇ شىركەت يېزا (مەيدان) لاردا كىنو فىلىم تارقىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1983 - يىلى 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىنىڭ 502 كۋادرات مېترلىق ئىشخانا بىناسى سېلىندى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 5303 مەيدان كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 2 مىليون 316 مىڭ 686 ئادەم (قېتىم) گە، قىلىنغان كىرىم 62 مىڭ 258.72 يۈەنگە يەتتى.

«تۆت كىشلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىنو لېنتىلىرىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، 1985 - يىلى 250 قىسىملىق كىنو لېنتىسى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكىسى 50، فىلىم تارقىتىش مۇساپىسى 200 كىلومېترغا يەتتى.

## 2. كىنوخانا

1960 - يىلى ناھىيە بازىرىدا ئاددىي يازلىق كىنوخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 600 ئادەم سىغاتتى (ئۇزۇن تاختايلىق بېكىتمە ئورۇندۇق ئورنىتىلغانىدى)، 35 مىللىمېترلىق ۋە 16 مىللىمېترلىق ئىككى كىنو قويۇش ئاپپاراتى بار ئىدى.

1971 - يىلى ناھىيە بازىرىغا قىشلىق كىنوخانىدىن بىرى، يازلىق كىنوخانىدىن بىرى سېلىندى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتر بولۇپ، 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قىشلىق كىنوخانىغا 986 يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئورنىتىلدى، يازلىق كىنوخانىغا 2800 ئادەم سىغىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن سېمونت ئورۇندۇق ئورنىتىلدى. بۇ كىنوخانىلاردا ئەينى ۋاقىتتا توققۇز ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1985 - يىلى كىنوخانىلارنىڭ 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى تۆتكە، ئىشچى - خىزمەتچىسى ئونغا يەتتى.

1978 - يىلى تارىم گۇڭشېسىدا كىنوخانا قۇرۇلدى ھەمدە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا ئاددىي يازلىق كىنوخانا سېلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كىنوخانىنىڭ بەش ئىشچى- خىزمەتچىسى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتە)، 35 مىللىمېترلىق ئىككى كىنو قويۇش ئاپپاراتى بار بولدى.

## 3. كىنو قويۇش ئەترىتى

ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى 1955 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرى، ئۈچ كىنوچىسى بار ئىدى، ئۇلار ناھىيە بويىچە بازار - يېزا (مەيدان) لاردا سەييارە كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1966 - يىلى مەخسۇس يېزىلاردا كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتتە ئىككى كىنوچى بار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سەييارە كىنو قويۇشقا مەسئۇل بولدى. 1977 - يىلدىن 1981 - يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 16 سى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرى، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 3- دوختۇرخانىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئارقا سەپ باشقارمىسى

قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كىنو قويۇش نۇقتىسىدىن 66 سى بار بولدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە (ناھىيە تەۋەسىدىكى بىڭتۇەننىڭ ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) كىنو قويۇش ئەترىتىدىن ئۈچى، كىنو قويۇش نۇقتىسىدىن 26 سى، كىنوچىدىن29ى بار بولدى، كىنوچىلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 13.

# II باب

# رادىئو - تېلېۋىزىيە

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە رادىئو - تېلېۋىزىيە يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقى باشلاندى، 1962 - يىل 9 - ئاينىڭ 28- كۈنى رادىئو ئۆزىلى رەسمىي پۈتتى. 1984 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى، ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى ھەم يېزىلاردا رادىئو كۆچەيتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە پۈتۈن ناھىيىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى 20 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يەتتە) گە، تېخنىكى ئىككىگە يەتتى.

## § 1. رادىئو

### 1. سىملىق رادىئو

1953 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىگىدارلىقىدا لوپنۇر ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى قۇرۇلدى، رادىئو ئۆزىلىگە بىر ئۇيغۇر ئاۋاز قوبۇل قىلغۇچى، بىر خەنزۇ ئاۋاز قوبۇل قىلغۇچى قويۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا توك بولمىغاچقا، رادىئو ئۆزىلىدا 1 - نومۇرلۇق باتارىيە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترون لامپىلىق رادىئو قوبۇللىغۇچتىن ئاران بىرى بار ئىدى، رادىئو ئۆزىلى ئاساسەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كۈندىلىك «يازما خەۋەر» لىرىنى قوبۇل قىلىپ، قوبۇل قىلىنغان يازما خەۋەر ئاساسىدا ھەپتىدە بىر سان ئۇيغۇرچە، بىر سان خەنزۇچە كىچىك گېزىت تۈزۈپ شاپىگرافتا بېسىپ، يېزا - كەنتلەرگە تارقىتىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرى ۋە ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر خەۋەرلەرنى كادىرلار ۋە ئاممىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

1957 - يىلى ناھىيىلىك سىملىق رادىئو ئۆزىلى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشى

باشلانغانىدى، 1962 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى رادىئو ئۆزىلى پۈتۈپ ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى، رادىئو ئۆزىلىدا تۆت خىزمەتچى، 300 ۋاتلىق ئاڭلىتىش ئاپپاراتىدىن بىرى، 500 ۋاتلىق ئاڭلىتىش ئاپپاراتىدىن بىرى، 150 ۋاتلىق كۈچەيتكۈچتىن بىرى بار بولدى. 300 ۋاتلىق ئاپپارات ئارقىلىق ناھىيە بازىرىغا خەنزۇ تىلىدا، 500 ۋاتلىق ئاپپارات ئارقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە يېزا ـ كەنتلەرگە ئۇيغۇر تىلىدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم ئاڭلىتىش بېرىلدى. رادىئو پروگراممىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى رادىئو ئۆزىلى ئۆزى ئىشلىدى، بەزىلىرىنى رادىئو ئىستانسىسىدىن ئۇلاپ ئاڭلاتتى، ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىنىڭ خەۋەرلىرىنى ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار يەتكۈزۈپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سىملىق رادىئو سىمى پوچتا ئىدارىسىنىڭ تېلېفون سىمى بىلەن بىر ئىدى. 1962 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلىلەرگە 100 رادىئو كانىيى ئورنىتىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، قاتنىشى قولايسىز، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاھالە تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، رادىئو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1965 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئائىلىلەرگە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيى ئاران 250 كە يەتتى.

1973 ـ يىلى رادىئو پروگراممىلىرى تېلېفون سىمىدىن پايدىلىنىلىپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرگە يەتكۈزۈلۈپ، سىملىق رادىئو ئومۇملاشتۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئائىلىلەرگە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيى 460 قا يەتتى، بىر قىسىم چەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن باشقا كەنت، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن رادىئو بار بولدى. ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى ھەر كۈنى ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىم ئاڭلىتىش بەردى. 1973 ـ يىلى ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىدا 57 پارچە خەۋەر ئاڭلاتتى. 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىدىن تارىم گۇڭشېسىغا مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىلىشقا باشلىدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر.

1981 ـ يىلى ئەڭ چەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن بىرى بولغان دۆڭقوتان گۇڭشېسىنىڭ 2 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئون كىلومېتىر رادىئو سىمى تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە رادىئو سىمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 225.5 ستولبا/كىلومېتىرغا، ئائىلىلەرگە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيى 3654كە يەتتى، ناھىيە بويىچە چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك 30 ئورۇننىڭ 22 سىدە رادىئو بار بولدى، بۇ، چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 73.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيە بويىچە 110 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 97 سىدە رادىئو بار بولدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1981 ـ يىلدىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور ئائىلىلەرگە كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇڭشې، ئەترەتلەردە يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى ئورنىتىلدى، شۇڭا سىملىق رادىئو كانايلىرى تەدرىجىي ئازايدى. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا تۆت سائەت ئاڭلىتىش بېرىدىغان، ئۆزى ئىشلىگەن رادىئو پروگراممىلىرىنى يېرىم سائەت ئاڭلىتىدىغان بولدى، ناھىيە بويىچە سىملىق رادىئو مەخسۇس سىمى 145 كىلومېتىرغا يەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سىملىق رادىئو سىمى 96.2 كىلومېتىرغا قىسقاردى، رادىئو كانىيىدىن 316 سى قالدى، ئائىلىلەرنىڭ سىملىق رادىئو كانايلىرىنىڭ ئورنىنى ئاساسىي جەھەتتىن تېلېۋىزور ۋە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ ئىگىلىدى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلىدا 275 ۋاتلىق ۋە 250 ۋاتلىق كۈچەيتكۈچتىن ئۈچى، خىزمەتچىدىن ئونى بار بولدى، خىزمەتچىلەرنىڭ بەشى ئۇيغۇر. رادىئو ئۆزېلى مۇشۇ بىر يىلدا ئۆزى ئىشلىگەن خەۋەردىن 585 نى ئاڭلاتتى، رادىئو ئۆزېلىنىڭ خىزمەتچىسى سۇ جىنسۇن يازغان «كىچىك رەسسام لۇ سىڭلىم» سەرلەۋھىلىك بالىلار نومۇرى ئوبلاستلىق 4 - نۆۋەتلىك نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك نادىر پروگراممىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشتۇرۇشقا كۆرسىتىلدى. ليۇ شياۋجۇەن يازغان «دېھقانلار كاندىن گۆھەر ئالماقتا» دېگەن ماقالە ئوبلاستلىق 4 - نۆۋەتلىك نادىر پروگراممىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 2. چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى

لوپنۇر ناھىيىلىك چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى رادىئو ئۆزېلىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، 1985- يىل 6 - ئايدا قۇراشتۇرۇش، سىناپ كۆرۈش ئىشى تاماملاندى، 7 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق تارقىتىش ئاتېنىنىسىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىلگەن مەزگىلدە ناھىيە بازىرىدىن يىراقراق بولغان دۆڭقوتان يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتىدا قوبۇل قىلىپ ئاڭلىتىش سىناق قىلىندى. سىناق نەتىجىسى خېلى ياخشى بولدى. چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى ھەر كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 19 يېرىمدىن 21 يېرىمغا قەدەر سىملىق رادىئو سىگنالى (تارقىتىش قۇۋۋىتى 50 ۋات) نى قوبۇل قىلىپ، 90. 5MC ۋە 97. 1MC چاستوتىلاردا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

## 3. كۈچەيتىش پونكىتى

ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى 1969 - يىلى ھەممىدىن بۇرۇن تارىم گۇڭشېسىدا كۈچەيتىش پونكىتى قۇردى، پونكىتتا ئۈچ خىزمەتچى (ھەممىسى ۋاقىتلىق خىزمەتچى)، 300 ۋاتلىق كۈچەيتكۈچتىن بىرى سەپلەندى. 1972 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە قەدەر يەنە «ئىتتىپاق»، شىڭپىڭ، دۆڭقوتان گۇڭشېلىرىدا كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى چەت چارۋىچىلىق رايونى بولغان دۆڭقوتان گۇڭشېسىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتىدە كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا ئون خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە مەخسۇس لىنىيە بىلەن مۇستەقىل يەتكۈزۈلىدىغان يېزا سىملىق رادىئو تورى شەكىللەندى.

# § 2. تېلېۋىزىيە

ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى لوپنۇر بازىرى «ئىتتىپاق» كوچىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇنى قۇرۇشقا 1983 - يىلى تۇتۇش قىلىنغانىدى، ناھىيىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ 78 مىڭ 296 يۈەن مەبلەغ توپلىشى بىلەن ئۇسكۈنە سېتىۋېلىندى، 1984 - يىل 4 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئۇلاپ تارقىتىش

باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا قوبۇل قىلىش ئانتېنناسى ئورنىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى خىزمەت بىناسىنىڭ 4 - قەۋىتىدىن پايدىلىنىپ بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە پروگراممىلىرى 8 - قانالدا كۆرسىتىلدى.

1984 - يىلى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ ئاپپارات بىناسى (قۇرۇلۇش كۆلىمى 276.75 كۋادرات مېتىر) سېلىندى، 1985 - يىل 1 - ئايدا ئىشلىتىلىشكە باشلىندى. 10 - ئايدا بېيجىڭ ئانتېننا ئورنىتىش ئەترىتى ئۈچ قەۋەتلىك شەپەرەڭ قانىتىسىمان ئانتېننالىق تارقىتىش مۇنارىنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشىپ، شۇ ئايدىلا قۇراشتۇرۇپ بولدى. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 71.70 مېتىر، تارقىتىش قۇۋۋىتى 300 ۋات، ئۇ، 11 - ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە پروگراممىلىرى ئۇلاپ تارقىتىلىشقا باشلىندى. 12 - ئايدا ناھىيىنىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، جېجياڭنىڭ چۇنئەن شەھىرىدە ئىشلەنگەن ئون ۋاتلىق چاستوتا ئۆزگەرتىش ئاپپاراتىدىن بىرى سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، يىل ئاخىرىدا 2 - قانالدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرى ئۇلاپ تارقىتىلىشقا باشلىندى. ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۇلاپ تارقىتالايدىغان ھەم مالەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قەرەلسىز ئۇلاپ تارقىتالايدىغان بولدى، ئاھالىلەرنى تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 80% كە يەتتى. 1985 - يىلى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدا 300 ۋاتلىق چاستوتا ئۆزگەرتىش ئاپپاراتىدىن بىرى، ئون ۋاتلىق چاستوتا ئۆزگەرتىش ئاپپاراتىدىن بىرى، رەڭلىك تېلېۋىزىيە سىگنالىنى تارقاتقۇچتىن بىرى، XBX — 3A تىپلىق تېلېۋىزىيە ئوسسىللوگرافىدىن بىرى، 8 - 4F3 تىپلىق ئۇلترا يۇقىرى چاستوتىلىق كرىستال لامپىلىق مىللىۋولتمېتىردىن بىرى، ئۆزگىرىشچان توكلۇق ئاپتوماتىك بېسىم تەڭشىگۈچتىن بىرى، ئىككىدىن بىر چوڭلۇقتىكى سىنئالغۇدىن ئىككىسى بار بولدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تېلېۋىزور 1015 كە يەتتى، بۇنىڭ 646 سى يېزا - كەنتلەردە.

# باب III

# ئارخىپ، تارىخ - تەزكىرە

## §1. ئارخىپ

مىنگو دەۋرىدە ئارخىپ توپلاش، باشقۇرۇشقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات ئىشخانىسى مەسئۇل ئىدى. ئارخىپ ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا كۆيدۈرۈپ تاشلانغان، ھەر خىل كونا ئارخىپتىن ھازىر ئاران 55 توپلام بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە بىر ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇپ، كەسپىي ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمىدىن بىرنى قويىدى.

1959 - يىلى شۇ ئارخىپ بۆلۈمى ئاساسىدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئىككى نەپەر كەسپىي ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمى قويۇلدى، ئۇلار ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئارخىپىنى شۇ ئورۇنلار ئۆزى باشقۇردى.

1962 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانىسىدا ئارخىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمى قويۇلدى، ئۇ، خەلق كومىتېتىغا قاراشلىق بۆلۈم (ئىشخانا) لارنىڭ ھۆججەت، ئارخىپلىرىنى توپلاش، ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى، مەڭگۈ ۋە ئۇزاق ساقلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئارخىپلار مەزكۇر ئارخىپ ئىشخانىسىدا ئون يىل ساقلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1965 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا خەلق تەشكىلاتلىرى، مەكتەپلەر، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەڭگۈ ۋە ئۇزاق ساقلىنىدىغان ئارخىپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى ھەم ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ھۆججەت، ئارخىپلىرىنى ساقلىشى ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. كېيىن يەنە مۇندەرىجە، كارتا ۋە ئاچقۇچ قاتارلىق ئىزدەپ تېپىش قوراللىرىنى ئىشلەپ، ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئورگانلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئارخىپ كۆرۈشىگە خىزمەت قىلدى، بولۇپمۇ 1983 - يىلى تارىخ يېزىش، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئارخىپخانا بۇ خىزمەتنى نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك ئارخىپخانا بىلەن بىر بەنزە بولدى، ئىككى ۋىۋىسكا ئاستى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا بەش كەسپىي كادىر بار بولدى. ناھىيىلىك ئارخىپخانا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئارخىپ ئىشخانىسى ساقلىغان مەڭگۈ ۋە ئۇزاق ساقلىنىدىغان ھەر خىل ئارخىپ 5900 توپلامغا، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق ماتېرىيال 494 خىل، 2486 نۇسخىغا يەتتى. شۇ يىلى ئارخىپ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلار 300 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

## § 2. تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش

1985 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە ج ك پ نىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى تۈزۈش ئىشى باشلاندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى ۋە ناھىيىلىك ئارخىپخانا بىرلىكتە ماتېرىيال توپلاپ، رەتلەپ «ج ك پ نىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىيال» نى تۈزدى، ئۇ، لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى باشلانغاندىن بۇيانقى ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرىغا دائىر بىر قەدەر

سىستېمىلىق تۈنجى تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى بولۇپ، مەزمۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىرلىكسەپ، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىن ئىبارەت ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپتى. ئۇنىڭدا 1949 - يىلدىن 1987 - يىل 10 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئىسمى خاتىرىلىنىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ 38 يىلدىن بۇيانقى ئومۇمىي ئەھۋالى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

## 1. ماتېرىيال توپلاش

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت ئارخىپخانىسىنىڭ «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىيال، لارنى توپلاش، رەتلەش ۋە تۈزۈش لايىھىسى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى 1984 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم بۇ خىزمەتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيە تارىخى، ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتى قۇردى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى تەزكىرە كومىتېتى بىلەن پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ مىڭچۈەن پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. يولداش ياڭ مىڭچۈەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، يېزا، بازار (مەيدان) لارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 30 نەچچە كىشى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىدىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، خىراجەت ۋە قاتناش قورالى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماتېرىيال (ئاغزاكى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توپلاش، قوشۇقتۇرۇش ۋە رەتلەشنى ئۆز خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا قىلدى. كونكرېت خىزمەت قەدەم باسقۇچى جەھەتتە، ئاۋۋال يېقىن ئەتراپتىن، كېيىن يىراقتىن، ئاۋۋال ئىچكى قىسىمدىن، كېيىن سىرتتىن، ئاۋۋال «تىرىك» لەردىن، كېيىن «ئۆلۈك» لەردىن توپلاش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لوپنۇردا ئىشلىگەن پېشقەدەم يولداشلارنىڭ بەزىلىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن، بەزىلىرى 2 - سەپكە چېكىنگەن، يەنە بەزىلىرى ياشىنىپ كېسەلمەن بولۇپ قالغانىدى. تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن، شۇلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن بىر مۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئالدى. ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى باشقا جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، زىيارەت قىلىپ، ئاغزاكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كەلگەندە ناھىيىلىك پارتكوم كىچىك ماشىنا بەردى. تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىر يىل تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق 2700 پارچىدىن ئارتۇق ئاغزاكى ماتېرىيال توپلىدى، ئەھۋالنى بىلىدىغانلار، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار بىلەن 30 نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، تەكلىپ بويىچە سۆھبەتكە قاتناشقانلار 130 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 170 نەچچە مىڭ خەتلىك زىيارەت خاتىرىسى يازدى، بۇ ماتېرىياللار ئارخىپخانىدىكى ئايرىم ماتېرىياللارنىڭ كەمنى تولۇقلىدى. تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئاغزاكى ماتېرىياللارنى توپلاش بىلەن بىللە، ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى،

باشتىن - ئاخىر، ئارخىپ، ھۆججەت قاتارلىق ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، دەلىللەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا قويىدى.

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى، بۇ خىزمەتكە قىزىقىدىغان ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنى تەكلىپ قىلىپ ھەم ئالاقىدار ئورۇنلاردىن بىر قىسىم خادىملارنى ۋاقىتلىق يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى ماتېرىيال ئىگىلەش ئىشىغا ياردەملەشتۈردى، ئۇلار جەمئىي 8271 توپلام(قېتىم) ئارخىپنى كۆرۈپ، 4552 پارچە كارتا يازدى، ئۇلارنىڭ خەت سانى 4 مىليون 500 مىڭغا يېتىدۇ.

## 2. ماتېرىيال تۈزۈش

تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ماتېرىيال توپلاش، دەلىللەش، رەتلەش ئاساسىدا، 1986 - يىلى سىستېمىلىق ماتېرىيالنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدى. شۇ يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى» ئۈچۈن تەييارلانغان ماقالىلەرنى تەكشۈرۈش يىغىنىدا، لوپنۇر ناھىيىسى تەييارلىغان سىستېمىلىق ماتېرىيال تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەم خېلى ياخشى ئورىگىنال ئىكەن دەپ قارىلىپ، ئوبلاستتىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرگە تونۇشتۇرۇلدى. يىغىندىن كېيىن، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار يەنە يىغىندا بېرىلگەن پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورىگىنالنى يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقتى، 2 - نۇسخىسىنى تۆت قېتىم چوڭراق تەڭشىدى ۋە تۈزەتتى. 1991 - يىل 4 - ئايدا ئورىگىنالنى پۈتتۈردى، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئورىگىنال بېكىتىلدى، ئۇ، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش كومىتېتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئوبلاستلىق پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى. بۇ ماتېرىيالنى تۈزۈش جەريانىدا، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى دېشياڭ بىلەن ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ خادىمى ماشيۇلەن كۆپ جەھەتتىن كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى نەشىر قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى ۋە تۈزىتىلدى. ئورىگىنالنى بېكىتىپ باسمىغا ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ مىڭچۇەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ۋېي شىڭدى كىتابنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى.

## § 3. تەزكىرە تۈزۈش

لوپنۇردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 25 - يىلى (1899 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن بۇيان ناھىيە تەزكىرىسى يېزىلىپ باقمىغان، پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907- يىلى) ئامبال جۇ فاڭشۇ 10 نەچچە مىڭ خەتلىك «شىڭپىڭدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى»

نىلا يازغان.

ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1984 ـ يىلى «ئوبلاستىمىزدا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقارغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلدى، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئۈچ ئادەم ئاجرىتىلىپ، ماتېرىيال توپلاش باشلاندى.

1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇلدى، كېيىن يەنە ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھاكىم تۇردى تالىشنىڭ مۇدىرلىقىدا لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلدى، تەزكىرە كومىتېتى ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ پىلانى ۋە تەزكىرە تۈزۈش تىزىسىنى تەستىقلىدى.

ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى 1985 ـ يىلدىن باشلاپ بەش كەسپىي خادىم ۋە توققۇز قوشۇمچە خادىمنى تەشكىللەپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشتى ھەم ھەر قايسى تارماقلارغا بىر تۈركۈم تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى.

ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا، 1985 ـ يىلدىن ئېتىبارەن قىسمەن قىسىم ۋە بابلارنى سىناق تەرىقىسىدە يېزىش باشلاندى. 1987 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا تەزكىرىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى پۈتتۈرۈلدى ھەمدە ناھىيىدىكى ھەرقايسى تارماقلاردا پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىندى، ئاندىن دەسلەپكى ئورىگىنال تۈزىتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم پىكىر ئېلىندى. 1989 ـ يىلى 3 ـ ئورىگىنال «باھالاش، تەكشۈرۈش نۇسخىسى» پۈتتى، 1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ زۇنچاڭ، باش كاتىپى ئەيرىنسەي ۋە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ھەم بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئورىگىنالنى يەنە بىر قېتىم تۈزەتتى. 1992-يىلنىڭ ئاخىرىدا تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورىگىنالنى پۈتتۈردى. 1993 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

## § 4. تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش

لوپنۇر ناھىيىسىدە تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى 1982 ـ يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇللۇقىدا باشلاندى. 1990 ـ يىلغا قەدەر «لوپنۇر ناھىيىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» (ئۇيغۇرچە) ئىككى سان، 1991 ـ يىلى «لوپنۇر ناھىيىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» (خەنزۇچە) بىر سان چىقىرىلدى، ئۇلارغا 36 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلدى، بۇلارنىڭ خەت سانى 101 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1984 ـ يىلى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى گۇرۇپپىسى

قۇرۇپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشقا باشلىدى ھەم ئەھۋالنى بىلىدىغانلاردىن ماتېرىيال ئىگىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇۋالدى. زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى، مۇئەددىشش يىغىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغدى. سىياسىي كېڭەش يەنە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ توپلانغان ماتېرىياللارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئوبلاستقا 11 پارچە تارىخىي ماتېرىيال (ئۇيغۇرچە)، ئاپتونوم رايونغا يەتتە پارچە تارىخىي ماتېرىيال (ئۇيغۇرچە) ئەۋەتىپ بەردى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1988 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى گۇرۇپپىسىنى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى كومىتېتىغا ئۆزگەرتتى، كومىتېت قارىمىقىدا تارىخىي ماتېرىياللار ئۇيغۇر تەھرىر گۇرۇپپىسى ۋە خەنزۇ تەھرىر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ئۇيغۇر تەھرىر گۇرۇپپىسى مۇھەممەت يۈسۈپ، غوپۇر ياقۇپ قاتارلىق توققۇز يولداشتىن، خەنزۇ تەھرىر گۇرۇپپىسى ياڭ زوجۇ، جيا چېڭجۇڭ قاتارلىق ئالتە يولداشتىن تەركىب تاپتى ھەم 49 ئاپتور (ئۇيغۇر 25، خەنزۇ 24) ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1989 - يىل 4 - ئايغا قەدەر جەمئىي 42 مىڭ خەتلىك 15 پارچە ماقالە توپلاندى، 1990 - يىلى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تەھرىر گۇرۇپپىلىرىنى مۇشۇ ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەھرىرلەشكە ئۇيۇشتۇردى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «لوپنۇر ناھىيىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»غا جەمئىي خەت سانى 73 مىڭدىن ئاشىدىغان 24 پارچە ماقالە تاللاپ بېرىلدى. 1991 - يىل 2 - ئايدا «لوپنۇر ناھىيىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا جەمئىي 28 مىڭ خەتلىك 11 پارچە تارىخىي ماتېرىيال تاللاپ بېرىلدى.

## § 5. يەر ناملىرى خىزمىتى

### 1. يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش

لوپنۇر ناھىيىسى 1978 - يىل 5 - ئايدا بەش كىشى ئاجرىتىپ، يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. 1982 - يىلى يەر ناملىرى ئىشخانىسى (ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى قارىمىقىدا) قۇرۇلۇپ، يەر ناملىرى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. يەر ناملىرىنى تەكشۈرگۈچىلەر ناھىيىدىكى بىر بازار، ئالتە يېزا، تۆت مەيدان، فېرما ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئورۇنلىرى ھەم ئاپتونوم رايون، ئوبلاستقا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. 1985 - يىلغا قەدەر ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تارىختىكى تەرەققىيات جەريانى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ بولۇندى، يەر ناملىرى ئىشخانىسى مۇشۇ ئاساستا پۈتۈن ناھىيىدىكى يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، يەر

ناملىرى جەھەتتە ساقلانغان بىر يەرنىڭ بىر نەچچە نامى بولۇش، بىر يەرنىڭ نامى ھەر خىل يېزىلىش، يەر ناملىرى تەكرار بولۇش، جايلارنىڭ نامى بولماسلىق ۋە يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى مۇۋاپىق بولماسلىقتا ئوخشاش مەسىلىلەرنى خېلى ياخشى ھەل قىلىپ، يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا ئاساس سالدى.

## 2. يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى يېزىش

ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ، خەرىتە، كارتا، يېزىق، جەدۋەل، سۈرەتتىن ئىبارەت بەش چوڭ تۈرگە بۆلدى. 1988 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ «لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى رەسمىي يېزىشقا كىرىشتى، 1990- يىل 2 - ئايدا ئاساسەن پۈتتۈردى، ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. «لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە ئالتە چوڭ تۈردىكى يەر ناملىرى يەنى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتا قوللىنىلغان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى، كەسپىي تارماقلارغا قوللىنىلىدىغان يەر ناملىرى، قۇرۇلۇشلارغا قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى، تەبىئىي جۇغراپىيە گەۋدىلىرىگە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەرگە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك يەر ناملىرى كىرگۈزۈلدى.

«لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە ئۆلچەملىك يەر نامىدىن 670 ى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ 209 ى مەمۇرىي رايون، مەھەللە، ئوتلاق نامى، 100 ى مەيدان، فىرما، كارخانا، كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇن نامى، 15 ى قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ نامى، 250 ى تەبىئىي جۇغراپىيە گەۋدىلىرىنىڭ نامى، 96 سى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يەر نامىدىن ئىبارەت. «قوشۇمچە» نى قوشقاندا، پۈتۈن كىتابنىڭ ھەجمى تەخمىنەن 200 مىڭ خەتكە يېتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر ناملىرىغا دائىر 33 پارچە رەڭلىك سۈرەت، 17 پارچە يەر ناملىرى خەرىتىسى كىرگۈزۈلدى.

«لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى سانلاردا بىردەك 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلار ئاساس قىلىندى، يەر ناملىرى خەرىتىلىرىدە كۆرسىتىلگەن مەمۇرىي رايونلار ۋە چېگرا سىزىقى ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي ئۆلچەنمىگەن، شۇڭا ئۇنى چېگرا ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ.

«لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆلچەملىك يەر ناملىرى ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى؛ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى رايونلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادىي پىلان تۈزۈش، مەمۇرىي باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە؛ ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن يەر ناملىرى خىزمىتى ۋە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

# باب IV

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەر

## § 1. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر تەۋەسى لوپنۇر، قۇرۇقتاغ ئېلى قاتارلىق بەگلىكلەرگە قارايتتى، لوپنۇر قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خېلى كۆپ بولۇشى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارخېئولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا.

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلايدىغان، تەتقىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، چەت ئەللىكلەر خالىغانچە ئوغرىلىغان ۋە ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، نەتىجىدە نۇرغۇن ھەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى مەدەنىيەت يۇرتى قوشۇمچە ئىشلىدى. 1984 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇرىدىغان بولدى.

## § 2. ئاسار ئەتىقىلەر

### 1. قەدىمكى ياردائلىق قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەت مىللەتلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 1600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 42 گۆر بار، گۆرلەرنىڭ شەكلى ئىككى خىل.

1 ـ خىلى: يەر ئۈستىدە چەمبەرسىمان قېقىلغان قوزۇقلار يوق، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ شەرقىغە بىر تال، غەربىگە بىر تال ياغاچ تىكلەنگەن بولۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ. گۆرلەر تىك قېزىلغان، جەسەت ياغاچ ساندۇققا سېلىپ قويۇلغان، ئۇلاردىن تولاراق جەسەت بىلەن بىللە قويۇلغان كىيىم ـ كېچەك ياكى زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چىقىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق گۆردىن 36 سى بار.

2 ـ خىلى: خېلى رەتلىك قېقىلغان يەتتە چەمبەرسىمان قوزۇق يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ، قوزۇقلار توم، ئىنچىكىلىكىگە قاراپ ئىچىدىن سىرتىغا قىيپاش قىلىپ رەتلىك قېقىلغان،

چەمبەرنىڭ سىرتىغا قىيپاش رەتلىك قېقىلغان قوزۇقلار تۆت ئەتراپقا چېچىلىپ تۇرغان نۇردەك كۆرۈنىدۇ. گۆر قوزۇقلاردىن ھاسىل بولغان چەمبەرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، جەسەت ساندۇققا سېلىپ قويۇلغان، ساندۇق يەرگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن بولۇپ، چىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېچقانچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى چىقمايدۇ. بۇ يەردە مۇنداق گۆردىن ئالتىسى بار.

قەدىمكى يارداڭلىق قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنى مىنگو دەۋرىدە غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن بىكمان قەدىمكى بارگاھنىڭ شىمالىدىكى يارداڭبۇلاققا يېقىن جايدا قازغان «5 - نومۇرلۇق گۆر» ھەم ستەيىن، خۇاڭ ۋېنبىلەر كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا قازغان ئالاقىدار قەبرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ۋە قەبرىلەردىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قەدىمكى مەدەنىيەت تىپىغا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغانلار قەدىمكى دەۋردە لوپنۇر رايونىدا ياشىغان ساكلار بولۇشى مۇمكىن.

دەسلەپكى قەدەمدە C14 ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىشكە قارىغاندا، بۇ قەدىمكى يارداڭلىق قەبرىستانلىقى بۈنىڭدىن تەخمىنەن 3800 يىل بۇرۇن پەيدا بولغان.

## 2. ياقۇرول تۇرى

ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 60 كىلومېتر شەرقىي شىمالىدىكى قۇرۇق تاغنىڭ جەنۇبىدا يالانغان تۆپە دۆڭ بار، بۇ دۆڭنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتر كېلىدۇ، تۇر مۇشۇ دۆڭگە سېلىنغان. تۇرنىڭ توغرىسى تەخمىنەن تۆت مېتر بولۇپ، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھېلىمۇ ساق، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا بىرتۆشۈك بولۇپ، ئىشىككە ئوخشايدۇ، كەينى تەرىپى گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن. تۇرنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا ھەم ئەتراپىدا ساپال ناھايىتى كۆپ، ساپاللار قىزىل، كۈلرەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىسى كۆپكەن. بۇ تۇر خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرنىڭ خارابىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇ تۇرنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتر شەرقىدە بىر توپا دۆڭ بار، ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ تۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان خارابە ئىزى بار.

قۇرۇق تاغنى بويلاپ شەرققە قاراپ ماڭغاندا قەدىمكى بارگاھقىچە بولغان ئارىلىقتا مۇنداق تۇردىن تەخمىنەن ئونى ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى غەربىي خەن دەۋرىدە ياسالغان.

## 3. قەدىمكى بارگاھ

بۇ بارگاھ شىڭدى تېغىنىڭ جەنۇبىغا، كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، روسىيىلىك كوزلوۋ ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەردە «تەكشۈرۈش» ۋە قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ستەيىن بۇ يەردىن كارۋشتى يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردا خاتىرە يېزىلغان تارشىلار ۋە خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن يارماقلارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن. قەدىمكى بارگاھتا قەدىمكى قەلئە ۋە بۇتخانا خارابىلىكلىرى بار. خۇاڭ ۋېنبى بۇنى قەدىمكى قۇرۇقتاغ دۆلىتى خارابىلىكى دەپ پەرەز قىلغان. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دا تىلغا ئېلىنغان جۇبىڭ شەھىرىنىڭ خارابىلىكى بولۇشى مۇمكىن دېگۈچىلەرمۇ بار.

## 4. قۇرۇق تاغ قىياتاش رەسىملىرى

قۇرۇق تاغ قىياتاش رەسىملىرى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى كۆچمە چارۋىچى

مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ خېلى مۇھىم ئىزىدىن ئىبارەت. قىياتاش رەسىملىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى قۇرۇق تاغنىڭ شىڭدى جىلغىسىدا بولۇپ، شىنجاڭدا خېلى بالدۇر بايقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلىمى خېلى زور قىياتاش رەسىملىرىدۇر. رەسىم سىزىلغان قىياتاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 مېتر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئالتە مېتر بولۇپ، چوڭ - كىچىك رەسىملەر ئاز كەم 300 گە يېتىدۇ، رەسىملەرنىڭ سىزىلىپ تۇرغان ۋاقتى خېلى ئۇزۇن، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ.

قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە هايۋاناتلارنىڭ رەسىمى كۆپرەك بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، مال بېقىۋاتقان، دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئۇسسۇل - سېرىك ئويناۋاتقان، ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، بىنا، هارۋا قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ۋە يېزىق، بەلگىلەر بار، ئۇلار ئىچىدە «ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈش» ، «ئات بېقىۋاتقان كۆرۈنۈش» لەرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى چوڭ، مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇش بىلەنلا قالماي، سەنئەت جەھەتتە ئادەتتىكى قىياتاش رەسىملىرىدىكىدەك تەكشىلىكتە شەكىل هاسىل قىلىش ئۇسۇلى بۇزۇپ تاشلانغان، ئۇلار مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ۋە قاتلاملىقتا ئىگە. بۇ قىياتاش رەسىملىرىنى هۇن دەۋرىگە مەنسۇپ دېگۈچىلەرمۇ، هۇنلاردىن بۇرۇنقى ساكلار دەۋرىگە مەنسۇپ دېگۈچىلەرمۇ بار.

## 5. قاراچۆگۈن قەدىمكى شەھىرى

بۇ قەدىمكى شەھەر شەھەر دۆڭنىڭ 11 كىلومېتر غەربىدىكى توغراق ئارىسىدىكى ئويمان يەرگە جايلاشقان، شەھەر سېپىلى ئىچكى سېپىل، تاشقى سېپىل دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. تاشقى سېپىلنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمىنىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ بار، سېپىل ئۇلى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سېپىل چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 120 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئون مېتر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر ئېغىز بار، ئۇ سېپىل دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن، ئىچكى سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىزرەك، قېزىپ كۆرۈلگەندە، پىشۇرۇلغان قىزىل كېسەك، كۆمۈر داشقىلى ۋە ئىككى پارچە ساپال چىقتى، ئۇنىڭ دەۋرىنى بىلگىلى بولمىدى.

## 6. شەھەردۆڭ قەدىمكى شەھىرى

بۇ قەدىمكى شەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتر غەربىي - شىمالىدىكى يامانخوۋانىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتر غەربىگە جايلاشقان، شەھەر سېپىلى ۋەيران بولۇپ كەتكەن، سىنجىلاپ قارىسا سېپىل ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەر چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 200 مېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 60 مېتر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ قىيپاش غەربىدە بىر تۆت چاسا سۆكە بار، سۆكىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 181.8 مېتر، ئېگىزلىكى ئۈچ - بەش مېتر كېلىدۇ، سۆكىنىڭ تۆت بۇرجىكى ئېگىزرەك، قاڭشاپ كۆتۈرۈلگەن، شەھەر ئىچىدە يەنە ئۈچ يۇمىلاق گەمە بار، بۇ گەمىلەردە ئاشلىق ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. شەھەر ئىچىنىڭ قېزىلغانلىقى يېرىدىن ئادەم سۆڭىكى ۋە ساپال چىقىدۇ، دەۋرى ئېنىق ئەمەس. ھازىر بۇ قەدىمكى شەھەر تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

## 7. پىچان شەھىرى

بۇ شەھەر لوپنۇر بازىرىنىڭ 173 كىلومېتر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ شەھەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى) بىنا قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنى مۇھاپىزەت-

نەپىقە بېگى ۋېي گۇاڭتاۋ ئادەم ئەۋەتىپ سالدۇرغان، گۇاڭشۈ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) پۈتكەن، كېيىن نەپىقە ـ دالالەت ئىدارىسى كۆچۈپ كىرگەن.

1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي ئۆلچەشكە قارىغاندا، پىچان شەھىرىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 5 .382 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 297 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1251 مېتىر، دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 5 .8 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 5 .6 مېتىر (ئاساسىي قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 5 .4 مېتىر، قوشۇمچە قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر)، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 9 .6 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2 .6 مېتىر، قوشۇمچە قىسمىنىڭ كەڭلىكى 7 .0 مېتىر، سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بىردىن تۆت پوتەي بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 .47 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پىچان شەھىرىنىڭ شەرقىدە بىر دەرۋازا، غەربىدە بىر دەرۋازا بار. سېپىل پۈتۈنلەي كېسەكتىن قوپۇرۇلغان.

بۇ شەھەر خارابىلىكى هازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 34 ـ تۇەن مەيدان 5 ـ لىيەننىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى (بۇ جاينى قەدىمكى شەھەر كەنتى قىلىش 1983 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رەسمىي تەستىقلاندى)، شەھەر ئىچى تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كەتتى.

## 8. سەكسەن كۆۋرۈك

سەكسەن كۆۋرۈك تارىم يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 18 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقتە مەريەم خان ئاكىيىدىن باشلىنىپ، غەربتە غەربىي چوڭكۆلگىچە، جەنۇبتا ئۆگەن دەرياسىدىن باشلىنىپ، شىمالدا ئاقسۇپېغىچە سوزۇلىدۇ. كونا كورلا ـ چاقىلىق تاشيولى مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1 ـ يىلى (1875 ـ يىلى) شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ هەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قىلىنغان شىنجاڭ ئۇرۇشىنى باشلىغان. گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى)، شىنجاڭ ئۇرۇشىنىڭ 2 ـ باسقۇچى (جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى) باشلانغاندا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشى 10 ـ ئايغا توغرا كەلگەچكە، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى يەنىلا تاشقىنلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىشقا توغرا كەلگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا جەمئىي 80 نەچچە كۆۋرۈك سېلىنغان، كېيىن ئاران 18 ى ساقلىنىپ قالغان. 1965 ـ يىلى غۇلجا ـ چاقىلىق تاشيولى ياسالغاندا، كونا كۆۋرۈكلەرنىڭ هەممىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئالتە كىچىك سېمونت كۆۋرۈك سېلىنغان. يەرلىك خەلق زوزۇڭتاڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغان شىنجاڭ ئۇرۇشىنى خاتىرىلەپ، بۇ جاينى «سەكسەن كۆۋرۈك» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

## ئون يەتتىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە

# ئون يەتتىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## I باب

### سەھىيە

مىنگو دەۋرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى، يېزا - قىشلاقلاردا بىر نەچچىلا ئاز سانلىق مىللەت تېۋىپ بار ئىدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى، دورا تېپىپ يېيىشى تەس بولۇپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا خۇدادىن ئامانلىق تىلەشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. كېسەللىك تارقالسا، يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

مىنگو دەۋرىدە، بۇ ناھىيىدە چېچەك، قىزىل، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى، بوغما، كۆكيۆتەل، يۇلۇن سۇر ماددىسى ياللۇغى، كېزىك، تولغاق قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆپ قېتىم يۈز بېرىپ، بىر مۇنچە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئاياللاردا بولىدىغان چىللە قىزىتمىسى (تۇغۇتتىن كېيىن شامال تېگىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بوۋاقلاردا بولىدىغان كىندىك كېسەللىكى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ پۇل ئاجرىتىپ، سەھىيە كادىرلىرى ۋە تىببىي خادىملارنى بولۇپمۇ شۇ يەرلىك ئۇيغۇر تىببىي خادىملارنى تەربىيىلىدى. 1950 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلدى، كېيىن يەنە كەينى - كەينىدىن ھەرخىل تىببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئاپپاراتلار ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرگە يۈزلىنىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، تېۋىپلار بىلەن دوختۇرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، سەھىيە خىزمىتىنى ئاممىۋى تەنتەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، سەھىيە - يۇقۇملۇق

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، سەھىيە ئەترىتى (بەش)، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايون شىپاخانىسى (ئۈچ) قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى، تىببىي خادىم 157 گە يەتتى، ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ـ ساقلىق ساقلاش تورى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىندى، تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، بۇنىڭ بىلەن بازار ـ يېزىلارنىڭ سەھىيە قىياپىتى يېڭىلاندى، چېچەك پۈتۈنلەي تۈگىتىلدى، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلدى، برۇتسېللا تاياقچە باكتېرىيىسى ۋە باش تەمرەتكىسى (تاز) كېسەللىكى قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەر تىزگىنلەندى.

## § 1. تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى

### 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى

1950 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدا سەھىيە ئايرىم بۆلۈم بولۇپ قۇرۇلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا مەدەنىيەت ـ سەھىيە گورۇپپىسى قۇرۇلدى، 1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى سەھىيە ئايرىم بۆلۈم بولۇپ قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا سەھىيە بۆلۈمى سەھىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 2. تىببىي داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى

1) ناھىيىلىك شىپاخانا    مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ناھىيە بازىرىدا شىپاخانا قۇرۇلغان بولۇپ، بىر دوختۇر، بىر سېسترا بار ئىدى.

2) ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى    ناھىيىلىك شىپاخانا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىلدى (ھازىرقى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى)، ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 72 كۋادرات مېترلىق ئۆيى بار ئىدى. 1953 ـ يىلى خادىمى سەككىزگە كۆپەيدى (ئۇلارنىڭ ئالتىسى سەھىيە تېخنىكا خادىمى)، ئۆيى بەش ئېغىزغا، كۆلىمى 120 كۋادرات مېترغا يەتتى، ئامبۇلاتورىيە، دورىخانا، ئوكۇل ئۇرۇش ـ دورا ئالماشتۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ چاغدا تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ، تىڭشىغۇچ، تېرمومېتىر ۋە باھاسى ئەرزان، ئاسان ئۇچرايدىغان ئاددىيتىنكى بۇيۇملارلا بولۇپ، بۇ ئۈسكۈنىلەر بىلەن دائىم ئۇچرايدىغان ئاددىيتىنكى كېسەللىكلەرنىلا تەكشۈرگىلى ۋە داۋالىغىلى بولاتتى، تىببىي خادىملار پات-پات يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ سەييارە كېسەل كۆرەتتى ۋە داۋالايتتى. 1955 ـ يىلى شىپاخانىنىڭ خادىمى 12 گە يەتتى، بۇلارنىڭ ئونى سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئىككىسى تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە) ئىدى.

ناھىيىلىك شىپاخانا 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا

ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى 11 - ئايدا 15 كارىۋاتلىق كېسەلخانا تەسىس قىلىندى. 1959 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلدى، ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمى ۋە كېسەلخانا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىدە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، داۋالاش بۆلۈمى، دورىخانا قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، كېسەلخانا بۆلۈمىدە ئىچكى كېسەللىكلەر-باللار بۆلۈمى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر - ئاياللار بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى ۋە يېڭىلاندى، دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ 14 ى سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا، يەتتىسى ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە). 1960 - يىلى 18 مىڭ 56 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆرۈلدى، 579 ئادەم (قېتىم) كېسەلخانىدا ياتقۇزۇلۇپ داۋالاندى. 1964 - يىلى كېسەل كارىۋىتى 29 غا، تىببىي خادىم 25 كە يەتتى (19 ى سەھىيە تېخنىكا خادىمى)، 13 مىڭ 844 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆرۈلدى، 584 ئادەم (قېتىم) كېسەلخانىدا ياتقۇزۇلۇپ داۋالاندى. 1965 - يىلى كېسەل كارىۋىتى 35 كە يەتتى، 17 مىڭ 740 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى كۆرۈلدى، دوختۇرخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى 39 غا، جۈملىدىن سەھىيە تېخنىكا خادىمى 32 گە يەتتى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دورا ياساش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈم ئون نەچچە خىل دورا ياساپ، دوختۇرخانىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىنىمۇ ئانچە - مۇنچە تەمىنلىدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1204 كۋادرات مېترلىق ئىككى قەۋەتلىك ئامبۇلاتورىيە بىناسى سېلىپ، ئامبۇلاتورىيىنىڭ كېسەل كۆرۈش - داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

1985 - يىلى دوختۇرخانا ئىگىلىگەن يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 53 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6171.66 كۋادرات مېترغا يەتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىچىدە تىببىي داۋالاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 4436.93 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى 1734.73 كۋادرات مېتر. دوختۇرخانىدا ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر - ئاياللار بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر - باللار بۆلۈمى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئارقا سەپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىدە جۇڭگو تىبابەتچىلىكى ۋە غەرب تىبابەتچىلىكى دورىخانىسى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، باللار بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، داۋالاش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تېخىمۇ ياخشىلاندى، 500 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن، يۇقىرى بېسىملىق دېزىنفېكسىيە قازىنى، ئېلېكتروكاردىئوگراما، ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، توڭلاتقۇ، ئاشقازان ئەينىكى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر كەلتۈرۈلدى. دوختۇرخانا خادىمى 69 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 53 (ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە مەسئۇل ۋراچ ئۈچ، ۋراچ توققۇز)، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئۇيغۇر 18 بولۇپ، ئومۇمىي تېخنىكا خادىمىنىڭ 26.08 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دوختۇرخانا دائىم ئۇچرايدىغان، كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن تاشقىرى، بەش ئەزاسى ئاجىزلاپ كەتكەنلەرنى جىددىي قۇتقۇزۇش، ئورگانىك فوسفوردىن زەھەرلىنىش، يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئىچكى ئاجرالما كېسەللىكلىرى، ئۆچەي كىرىشىپ قېلىش، ئۆچەي تۇسۇلۇپ قېلىش، جىگەر، تال، ئاشقازان ئوپېراتسىيىسى، تۇغۇتنى تېزلىتىش، باش سۆڭەكنى تېشىش،

بالاياتقۇ سىرتىدىكى ھامىلدارلىق، بالا ياتقۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، تۇغۇتتىن كېيىن يۇقۇملىنىشقا ئوخشاش خەتەرلىك ۋە داۋالاش قىيىن كېسەللىكلەرنىمۇ خېلى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى. 1995 - يىلى 27 مىڭ 570 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆرۈلدى، 1881 كېسەل (قېتىم) كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاندى. كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى %75.4كە يەتتى، ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى %0.8 بولدى. 1995 - يىلى كېسەل كارىۋىتى 70 كە يەتتى.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ
1985 - يىلدىكى ئەھۋالى

17 - قىسىم 1 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: نەپەر

| سەھىيە تېخنىكا خادىمى | جەمئىي | جۇڭيى ۋراچى | ۋراچ | سېستىرا | پىراۋىزور | لابوراتورىيە دوختۇرى | جۇڭيى فېلدشېرى | فېلدشېر | ياردەمچى سېستىرا | ئاكۇشېر | فارماتسېپ | لابوراتورىيە تېخنىكى | پەرۋىش قىلغۇچى | لابورانت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي سانى | 53 | 1 | 12 | 2 | 1 | 1 | 1 | 9 | 11 | 2 | 4 | 1 | 7 | 1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | 18 | | 5 | 1 | | | | 2 | 5 | 2 | 3 | | | |

3) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى

1957 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ، ناھىيە بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى 1973 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، لوپنۇر ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قىلىندى، دەرىجىسى بۆلۈمچە دەرىجىلىك بولدى. شۇ يىلى لوپنۇر بازىرى «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە 224 كۋادرات مېترلىق توققۇز ئېغىزلىق ئىشخانا سالدى. پونكىتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى، ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىسى ئالتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى تۆت (بىرى ئۇيغۇر). 1984 - يىلى دەرىجىسى رايون دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، لوپنۇر ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى دەپ ئاتالدى، پونكىتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى، يەرلىك كېسەللىكلەر بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، ئىشخانا، رېنتگېن بۆلۈمىدىن ئىبارەت بۆلۈمچە دەرىجىلىك يەتتە ئورۇن تەسىس قىلىندى. 1985 - يىلى 1431.84 كۋادرات مېترلىق ئۈچ قەۋەتلىك لابوراتورىيە بىناسى سېلىندى. 1985 - يىلى

پونكىت ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20.7 موغا، قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 2927.84 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، پونكىتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى، يەرلىك كېسەللىكلەر بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، ئانا- بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، ئىشخانا، رېنتگېن بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بار بولدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 19 (سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئىچىدە ئۇيغۇر يەتتە بولۇپ، %30.4نى ئىگىلىدى).

ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ 1985 - يىلدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى

17 - قىسىم 2 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| سەھىيە تېخنىكا خادىمى | جەمئىي | ۋراچ | فېلدشېر | ياردەمچى سېستىرا | لابورانت | باشقا باشلانغۇچ دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي سانى | 19 | 2 | 8 | 3 | 1 | 5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر | 17 | 1 | 3 | 1 | 1 | 1 |

4) ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئاپپاراتلىرى   1953 - يىلى 2 - رايون (تىكەنلىك) دا شىپاخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرى ۋە بۆلۈملىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆت يېزىلىق شىپاخانا، ئىككى فېرما شىپاخانىسى، ئىككى دېھقانچىلىق (ئۇرۇقچىلىق) مەيدانى سەھىيە بۆلۈمى ۋە بىر مەكتەپ سەھىيە بۆلۈمى بار بولدى، تىببىي داۋالاش ئورنى جەمئىي توققۇزغا يەتتى.

(1) تارىم يېزىلىق شىپاخانا   بۇ شىپاخانا ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ مەركىزىي يېزىلىق شىپاخانا بولۇپ، 1953 - يىلى قۇرۇلغانىدى. 1977 - يىلى ئامبۇلاتورىيە ۋە 30 كارىۋاتلىق كېسەلخانا تەسىس قىلىندى، 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 14 (تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 13)، ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچى 16 بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 94 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرى، رېنتگېن، ئېلېكتروكاردىئوگرامما قاتارلىق تىببىي داۋالاش سايمانلىرى بار.

(2) دۆڭقوتان يېزىلىق شىپاخانا   بۇ شىپاخانا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى تۇنجى شىپاخانا بولۇپ، 1954 - يىلى قۇرۇلغانىدى. 1969 - يىلى يەنە قارچۇغا شىپاخانىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ شىپاخانىدا ئامبولاتورىيە ۋە 26 كارىۋاتلىق كېسەلخانا، رېنتگېن قاتارلىق تىببىي داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى بار بولدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 20 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 16 بولۇپ، ھەممىسى تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ھەممىسى ئۇيغۇر.

(3) **شىڭپىڭ يېزىلىق شىپاخانا** بۇ شىپاخانا 1966 ـ يىل 12 ـ ئايدا قۇرۇلغاندى، ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغاچقا كېيىنلىخانا 1983 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى توققۇزغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئالتە (تېخنىكۇم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر بەش)، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە ئۇيغۇر ئالتە.

(4) **«ئىتتىپاق» يېزىلىق شىپاخانا** بۇ شىپاخانا 1973 ـ يىلى قۇرۇلغاندى. 1982 ـ يىلى 210 كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا سېلىندى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى13كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى توققۇز (ھەممىسى تېخنىكۇم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە)، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر بەش. بۇ شىپاخانا لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە يېزا سەھىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن.

(5) **باشقا شىپاخانا ۋە بۆلۈملەر** يۇقىرىدىكى ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىدىن تاشقىرى يەنە خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى ۋە كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى سەھىيە بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئۆرۈقچىلىق مەيدانى شىپاخانىسى، ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ سەھىيە بۆلۈمى قاتارلىق تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى بار.

**لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرى ۋە سەھىيە بۆلۈملىرىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى خادىملىرى**

17 ـ قىسىم 3 ـ جەدۋەل

| نامى | ئىشچى ـ خىزمەتچى (نەپەر) | | سەھىيە تېخنىكا خادىمى (نەپەر) | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە سىللىي | جەمئىي | سىللىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ۋراچ | فېلدشېر | ياردەمچى سېستىرا | دورىگەر | پەرۋىش قىلغۇچى |
| تارىم يېزىلىق شىپاخانا | 17 | 16 | 14 | 13 | | 4 | 7 | 1 | |
| دۆڭقوتان يېزىلىق شىپاخانا | 20 | 20 | 16 | 16 | | 2 | 6 | | 7 |
| شىڭپىڭ يېزىلىق شىپاخانا | 10 | 6 | 6 | 3 | 2 | 2 | 2 | | |
| «ئىتتىپاق» يېزىلىق شىپاخانا | 13 | 5 | 9 | 5 | 2 | 2 | 3 | 1 | 1 |
| خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى | 1 | 1 | 1 | 1 | | | 1 | | |
| چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى | 2 | 2 | 2 | 2 | | 1 | 1 | | |
| ئۆرۈقچىلىق مەيدانى شىپاخانىسى | 2 | 2 | 2 | 2 | | 1 | 1 | 1 | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆنچى دېھقانچىلىق مەيدانى سەھىيە بۆلۈمى | 2 | | 2 | | | 1 | | | |
| 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ سەھىيە بۆلۈمى | 1 | | 1 | | | | | | |

5) يېزا - كەنت سەھىيە بۆلۈملىرى 1968 - يىلى ناھىيىدىكى گوڭشې، مەيدان. فېرمىلارنىڭ ھەممىسىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا قايتقان بىر تۈركۈم ياشلار چوڭ ئەترەتلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ياكى گوڭشې شىپاخانىسىدا ئىككى ئايدىن تۆت ئايغىچە تەربىيىلەندى، ناھىيىلىك سەھىيە تارمىقى تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولغانلىرىغا «يالىڭاياق دوختۇر» گۇۋاھنامىسى بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار چوڭ ئەترەتلەرگە قايتىپ بېرىپ سەھىيە بۆلۈمىدە «يالىڭاياق دوختۇر» بولۇپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 37 «يالىڭاياق دوختۇر» تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى چوڭ ئەترەتلەر بەردى، ئىش ھەققى ئۆلچىمى ئادەتتە تەڭ دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭكىدىن 10% — 20% يۇقىرى بولدى. 1969 - يىلى ناھىيە بويىچە 32 ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش نۇقتىسى قۇرۇلدى، «يالىڭاياق دوختۇر» 43 كە يەتتى، ئەمما «يالىڭاياق دوختۇر» لارنىڭ ساپاسى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. 1974 - يىلدىن كېيىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پالەچ ياكى يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1978 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا داۋالاش ئىشى مۇنداق ئۈچ خىل يول بىلەن تەرتىپكە سېلىندى؛ بىرىنچىدىن، يېزىلىق شىپاخانا دوختۇر ئەۋەتىپ سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، كەنت كوللېكتىپى سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، سەھىيە بۆلۈمىنى يېزا - كەنت دوختۇرىغا ھۆددىگە بېرىش. 1985 - يىلى يېزا - كەنت دوختۇرلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، 43 تىن 31 گە ئازايتىلدى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ئايدا ھەربىر كىشىگە 30 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى، قالغان ئىش ھەققى كەسپىي خىراجەتتىن ئاجرىتىلدى. يېزىلاردا يەنە يېزا - كەنت دوختۇرلىرىغا مەسئۇلىيەت ئېتىزى بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. يېزا - كەنت دوختۇرلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا خېلى چوڭ رول ئوينىدى.

6) خۇسۇسىي كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرى مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرىدا سەييارە كېسەل كۆرىدىغان بىرلا ئۇيغۇر تېۋىپ بار ئىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى ساتىدىغان بىرلا دۇكان بار بولدى. 1984 - يىلى خۇسۇسىي كېسەل كۆرۈش ئورنى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، 1985 - يىلى بۇنداق ئورۇن ناھىيە بويىچە ئىككىگە يەتتى.

(1) لوپنۇر «جۇڭشەن» جۇڭگو ۋە غەرب تىبابەتچىلىكى كېسەل كۆرۈش ئورنى بۇ كېسەل كۆرۈش ئورنى لوپنۇر بازىرى «ئازادلىق» كوچىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە بولۇپ، ئۈچ سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

(2) جۇڭگو تىبابەتچىلىكى كېسەل كۆرۈش ئورنى بۇ كېسەل كۆرۈش ئورنى «تىنچلىق» كوچىسىنىڭ غەربىي چېتىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا بولۇپ، بىر سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى سەھىيە خادىملىرىنىڭ 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

17 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | ۋراچ | فېلدشېر | دورىگەر | لابوراتورىيە دوختۇرى | لابورانت | ياردەمچى سېستىرا | سېستىرا | ئاكۇشېر | پەرۋىش قىلغۇچى | باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 3 | 22 | 3 |  | 2 | 20 |  | 4 | 1 | 5 | 60 |
| 1979 | 4 | 32 | 4 |  | 2 | 31 |  | 3 | 9 | 1 | 86 |
| 1980 | 16 | 23 | 4 |  | 2 | 37 |  | 3 | 12 | 3 | 100 |
| 1981 | 18 | 23 | 8 | 1 | 1 | 39 | 3 | 1 | 13 | 6 | 113 |
| 1982 | 14 | 25 | 7 | 1 | 1 | 41 | 3 | 2 | 12 | 4 | 110 |
| 1983 | 15 | 25 | 5 | 1 | 1 | 38 | 3 | 2 | 7 | 8 | 105 |
| 1984 | 17 | 24 | 5 | 1 | 1 | 39 | 3 | 6 | 5 | 7 | 108 |
| 1985 | 18 | 24 | 5 | 1 | 1 | 40 | 3 | 4 | 6 | 10 | 112 |

## § 2. تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

50 - يىللاردا تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئاددىيراق ئىدى. 1962 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە تارمىقى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بىر رېنتگېن ئاپپاراتى بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدا مىكروسكوپ، رېنتگېن ئاپپاراتى، ئوپېراتسىيە كارىۋىتى، كۆلەڭگىسىز چىراغ، توڭلاتقۇ، ئېلېكتروكاردىئوگراممىغا ئوخشاش زۆرۈر تىببىي داۋالاش سايمانلىرى بارلىققا كېلىش بىلەنلا قالماي، يەنە دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرى ۋە باشقا ياردەمچى تەكشۈرۈش سايمانلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدا 126 كېسەل كارىۋىتى، ئىككى رېنتگېن ئاپپاراتى، تۆت يۇقىرى بېسىملىق دېزىنفېكسىيە قازىنى، بىر دىستىللياتور، ئالتە تۇغۇت كارىۋىتى، بىر يورۇش كۆلەڭگىسىز چىراغ، بىر ئوپېراتسىيە كارىۋىتى، بىر ئاشقازان ئەينىكى، بىر ئېلېكتروكاردىئوگراممىا، بىر ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، بىر ئاپتوموبىل بار بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە بىر قىسىم يىللاردىكى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

17 ـ قىسىم 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى كېسەل كارىۋىتى | يېزا شىپاخانىلىرىدىكى كېسەل كارىۋىتى | رىنتگېن ئاپپاراتى | يۇقىرى بېسىملىق دېزىنفېكسىيە قازىنى | دىستىللياتور | تۇغۇت كارىۋىتى | كۆلەڭگىسىز چىراغ | ئوپېراتسىيە كارىۋىتى | تۇڭلاتقۇ | تېرموستات | ئوكسىگېن يۇرۇتقۇچ | ئوپېراتسىيە سايمانلىرى (بولاق) | ئاشقازان ئەينىكى | ئېلېكترو كاردىئوگراما | ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | ئاپتوموبىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | | | 1 | | | | | | | | | | | | | |
| 1966 | 20 | | | 1 | | 1 | | 1 | | | | | | | | |
| 1976 | 60 | | 1 | 2 | 1 | 4 | | 1 | | 1 | | 4 | | 1 | 1 | 1 |
| 1985 | 70 | 56 | 1 | 4 | 1 | 6 | 1 | 1 | 2 | 1 | 2 | 8 | 1 | 1 | 1 | 1 |

ئەسكەرتىش: رىنتگېن ئاپپاراتلىرى 200 ۋە 500 مىللىئامپېرلىق.

## § 3. تىببىي داۋالاش تۈزۈمى

### 1. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە سىستېمىسىدىكى خىزمەتچىلەر، 2 ـ دەرىجىنىڭ «ب» دەرىجىسىدىن يۇقىرى مېيىپ ھەربىيلەر بەھرىمەن بولدى. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولغۇچىلار كېسەل بولۇپ قالسا بەلگىلەنگەن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ھەقسىز داۋالاندى. 1953 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 104 كىشى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، ھەربىر كىشىنىڭ يىللىق خىراجەت ئۆلچىمى 30 يۈەن، يىللىق ئەمەلىي ئومۇمىي چىقىم 3122.58 يۈەن بولدى. 1983 ـ يىلى ھەربىر كىشىنىڭ يىللىق خىراجەت ئۆلچىمى 40 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، شۇ يىلى 1309 كىشى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، يىللىق ئەمەلىي ئومۇمىي چىقىم 49 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1379 كىشى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، يىللىق داۋالىنىش چىقىمى 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى قىسمەن ئۆزگەرتىلدى، 50 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى تولۇق ئاتچوت قىلىپ بېرىلىدىغان، 50 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ ھەر ئايلىق ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرستىش خىراجىتى ئۈچ يۈەن قىلىنىپ، ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىدىغان، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانسا داۋالىنىش خىراجىتى تولۇق ئاتچوت قىلىپ بېرىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى داۋالىنىش ۋە دورا چىقىمى 65 مىڭ يۈەن بولدى.

### 1953 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئەھۋالى

17 - قىسىم 6 - جەدۋەل

| تۈرى / يىللار | ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولغانلار | ھەربىر كىشىنىڭ يىللىق خىراجىتى ئۆلچىمى (يۈەن) / | ئەمەلىي ئومۇمىي چىقىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1953 | 104 | 30 | 3122.58 |
| 1954 | 277 | 30 | 8310 |
| 1955 | 224 | 30 | 6745.71 |
| 1956 | 207 | 30 | 6237.20 |
| 1958 | 294 | 30 | 8847.90 |
| 1959 | 363 | 30 | 10894 |
| 1960 | 410 | 30 | 12311.50 |
| 1961 | 700 | 30 | 21439 |
| 1962 | 560 | 30 | 17151.22 |
| 1963 | 566 | 30 | 17774.63 |
| 1964 | 493 | 30 | 14794.38 |
| 1965 | 379 | 30 | 11399.64 |
| 1966 | 233 | 30 | 7002 |
| 1967 | 266 | 30 | 8000 |
| 1969 | 435 | 30 | 13050 |
| 1970 | 450 | 30 | 13500 |
| 1971 | 317 | 30 | 9534 |
| 1972 | 368 | 30 | 11048 |
| 1973 | 356 | 30 | 10700 |
| 1974 | 563 | 30 | 16900 |
| 1975 | 560 | 30 | 16800 |
| 1976 | 813 | 30 | 24400 |
| 1977 | 820 | 30 | 24600 |
| 1978 | 860 | 30 | 25800 |
| 1979 | 1006 | 30 | 30200 |
| 1981 | 1204 | 30 | 27800 |
| 1982 | 1290 | 30 | 35300 |
| 1983 | 1309 | 40 | 49400 |
| 1984 | 1379 | 40 | 56000 |
| 1985 | 1470 | 40 | 65000 |

## 2. ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا 1950 - يىلدىن باشلاپ ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن ئالدى بىلەن سودا، تەمىنات - سودا، بانكا، تاشقى سودا، ئاشلىق، پوچتا - تېلېگراف، سانائەت

قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بەھرىمەن بولدى، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ يېرىمىدىن بەھرىمەن بولدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ، كارخانىلارنىڭ بىر قىسمىداۋالىنىش-دورا پۇلىنى ئادەمگە قاراپ ھۆددىگە بېرىش (پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) چارىسىنى يولغا قويۇپ، ھەربىر ئادەمگە يىلدا مەلۇم مىقداردا (60 يۈەن، 70 يۈەن، 100 يۈەندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۆلچەمدە) داۋالىنىش ۋە دورا پۇلى تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى.

## 3. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

1968 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ھېسابات بىرلىكى قىلىنىغان ھالدا ھەر بىر يېزا نوپۇسىدىن يىلدا 50 فېڭدىن ئىككى يۈەنگىچە داۋالىنىش ھەققى يىغىپ، ئۇنى گۇڭشې شىپاخانىسىغا تاپشۇرۇش، گۇڭشې شىپاخانىسى ھەربىر ئائىلىگە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش، گۇڭشې ئەزالىرى كىنىشكىنى كۆرسىتىپ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1969 - يىلى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش 31 چوڭ ئەترەت ۋە ئىككى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا كېڭىيىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئومۇملاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە بويىچە 43 «يالىڭاياق دوختۇر» چوڭ ئەترەتلەرنىڭ تىببىي داۋالاش بۆلۈملىرىدە كېسەل كۆردى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدى، بۇنىڭ بىلەن چوڭ ئەترەتلەردىكى داۋالاش بۆلۈملىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولمىدى. ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى يالىڭاياق دوختۇرلارنى قىسقارتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق يېزا دوختۇرىغا ئۆزگەرتىپ، كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش بۆلۈملىرىنى ھۆددىگە بەردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە يېزا دوختۇرى 31 گە يەتتى.

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بىر قىسىم يىللاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئەھۋالى ۋە يېزا دوختۇرلىرى**

17 - قىسىم 7 - جەدۋەل

| يىللار | ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلغان چوڭ ئەترەت سانى | ناھىيە بويىچە يېزا دوختۇرلىرى (يالىڭاياق دوختۇرلار) نىڭ ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|
| 1969 | 5 | 43 |
| 1970 | 6 | 43 |
| 1973 | 20 | 43 |
| 1975 | 16 | 42 |
| 1982 | | 43 |
| 1985 | | 31 |

# § 4. تىببىي دورا

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تېۋىپلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى رېتسېپى بويىچە كېسەل داۋالايتتى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيىلىك سەھىيە پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىششىق قايتۇرۇش دورىسى، ئاسپىرىن، پېنتسىللىن قاتارلىق نەچچە ئون خىل تابلېتكا، ئۇۋاق ۋە سۇيۇق دورا كەلتۈرۈلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، دوختۇرخانا قاراشەھەر، كورلىلاردىن دورا كەلتۈرەتتى. 1960 - يىلى ناھىيىلىك تىببىي دورا شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئاپپارات بارلىققا كەلدى. دورا، دورا سايمانلىرىنىڭ سانى، خىلى تەدرىجىي كۆپەيدى.

## 1. دورا بىلەن تەمىنلەش

1960 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك تىببىي دورا شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ 70 نەچچە خىل جۇڭگو ۋە غەرب تىبابەتچىلىكى دورىسى ھەم ئادەتتىكى تىببىي داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن توپ تارقىتىشنى ئاساس قىلغان ھالدا شۇغۇللاندى، يىللىق سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. بۇ شىركەت 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، دورىلارنىڭ بىر قىسمىنى سودا ئىدارىسىغا قاراشلىق تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرى ساتىدىغان، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە بىر قىسىم گۇڭشې شىپاخانىلىرى كېرەكلىك دورا، سايمانلارنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دورا شىركىتىدىن بىۋاسىتە كەلتۈرۈدىغان بولدى.

## 2. دورا ماتېرىياللىرى ۋە دوزا ئىشلەش

1) جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىلىرى بايلىقى   لوپنۇر ناھىيىسىدە جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىلىرى بايلىقى ئىنتايىن مول، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1971 - يىلدىكى شىڭدى تېغىدا ئېلىپ بارغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشىگە ۋە خەلق ئارىسىدىن يىغىلغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىسى 250 خىلدىن ئاشىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يىلتىزى ۋە غولى دورا قىلىنىدىغانلىرى 93 خىلغا يېتىدىكەن، چۈچۈك بويا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 3 مىليون مودىن ئارتۇق يەرگە تارقالغان، يىللىق ھوسۇلى 3000 توننىدىن ئاشىدىكەن. 1985 - يىلى 3654 توننا چۈچۈك بويا كولاندى؛ ئۇرۇقى ۋە مېۋىسى دورا قىلىنىدىغانلىرى 74 خىل بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئاچچىق ئۆرۈكمېغىزى، ئۈجمە، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى كۆپرەك؛ تولۇق دورا بولىدىغان ئوت- چۆپ 26 خىل بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە پاقا يوپۇرمىقى، مامكاپ ئەڭ كۆپ؛ يوپۇرماق دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدە جىگدە يوپۇرمىقى، ئۈجمە يوپۇرمىقى ئەڭ كۆپ؛ گۈل - چېچەك دورا ماتېرىياللىرى 18 خىل بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە زارانگزا چېچىكى ئەڭ كۆپ؛ قوۋزاق دورا ماتېرىياللىرى يەتتە خىل بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئاق ئۈجمە قوۋزىقى كۆپرەك؛ دورا بولىدىغان دەرەخ يېلىمى بەش خىلغا يېتىدۇ؛ ھايۋان دورا ماتېرىياللىرى 29 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چايان، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى كۆپرەك؛ مىنېرال دورا ماتېرىياللىرى يەتتە خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چىرىمتال كۆپرەك.

2) دورا ئىشلەش   لوپنۇر ناھىيىسىدە، ئاساسەن چۆچۈك بۇيا قىيامى ئىشلىنىدۇ. ناھىيىلىك چۆچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى 1981 - يىلى ئىشقا كىرىشكەندىن تارتىپ 1985 - يىلغا قەدەر 1195 تونىنا چۆچۈك بۇيا قىيامى ئىشلىدى. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمى 1977 - يىلدىن بۇيان ئون نەچچە خىل دورا ياساپ كېلىۋاتىدۇ.

## 3. دورا باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ دورا باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە سىياسەتلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ 1985 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرغان دورا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دوختۇرخانا، شىپاخانا، كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرىغا ھەم سودا ئىدارىسىغا قاراشلىق تۆرلۈكماللار شىركىتىنىڭ دورا پۇكەيلىرىگە بېرىپ، دورىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، شاللىۋېتىلگەن، كۆچىنى يوقاتقان 179 كىلوگرام، 11 مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك دورىنى مۇسادىرە قىلدى. تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ دورا پۇكەيلىرىنى تىجارەتتىن توختاتتى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىنى تەرتىپكە سالدى.

# § 5. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىنىش ساقلاش

## 1) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

مىنگو دەۋرىدە، لوپنۇر ناھىيىسىدە ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، كېزىك، پاراتىف، باكتېرىيىلىك تولغاق، خولېرا، قايتىلىما خولېرا، تارقىلىشچان زۇكام، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى، بوغما، چېچەك، قىزىل چۇما قاتارلىق ئون نەچچە خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك كۆرۈلۈپ تۇراتتى، كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى ۋە كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى، بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى.

50 - يىللاردىن باشلاپ، ناھىيە، يېزا (گۇڭشې)، كەنت (چوڭ ئەترەت)تىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش - ئالدىنى ئېلىش - ساقلىنىش ساقلاش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، دۆلەت ھەر يىلى نۇرغۇن خىراجەت ۋە بىئولوگىيىلىك ياسالمىلارنى ئاجرىتىپ، ئەملەپ ئالدىنى ئېلىش ئىشىنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن باشلاپ، بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى ھەرخىل ۋاكسىنىلار بىلەن ئالدىنى ئېلىشتا 70 مىڭ 231 كىشىگە ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا ئەملەندى، 44 مىڭ 221 بالىغا بالىلار پارالىچ كۆمىلىچى، 30 مىڭ 361 بالىغا قىزىل تىرنىك ۋاكسىنا كۆمىلىچى يېگۈزۈلدى. 18 مىڭ 861 كىشىگە كالمېت -

گېرىپ ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 15 مىڭ 91 كىشىگە تارقىلىشچان مېڭە ياللۇغى كۆمىلچى يېگۈزۈلدى. ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش نەتىجىسىدە، بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ قوزغىلىشى زور دەرىجىدە ئازايدى. ھەر دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى بالدۇر بايقىيالايدىغان، بالدۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىيالايدىغان، بالدۇر مەلۇم قىلالايدىغان، بالدۇر كارانتىن قىلالايدىغان، بالدۇر داۋالىيالايدىغان بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك، يېزا (گوڭشې) لىق ھۆكۈمەتلەر ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئاستا - ئاستا تەرتىپكە سالدى ۋە تولۇقلىدى، يۇقۇملۇق كېسەللىك كۆرۈلگەن ھامان، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، كېسەل تارقالغان رايونلارغا داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ كارانتىن قىلىش، داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ۋە ساقلىقنى ساقلاش تەشۋىقاتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلەن سەھىيە تارمىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە داۋالىشى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى تىزگىنلىنىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى.

**1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنىڭ ئەملىنىش ئەھۋالى**

17 - قىسىم 8 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: نەپەر (قېتىم)

| تۈرى / ساني (ئادەم - قېتىم) / يىللار | ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا ئەملەنگەنلەر | بالىلار پارالىچى كۆمىلچى يېگۈزۈلگەنلەر | كىزىك، پاراتىف ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر | قىزىل تەرەك ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر | كالىمپەت - گېرىپ ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر | تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن ياللۇغى ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 3968 | 5716 | | 1200 | | 1100 |
| 1979 | 4268 | 6319 | | 1000 | | 700 |
| 1980 | 6137 | 9149 | | 1570 | | 500 |
| 1981 | 3975 | 7741 | | 1320 | | 1725 |
| 1982 | 5923 | 10274 | | 3250 | | 2130 |
| 1984 | 11564 | 10869 | 3624 | 6100 | 2000 | 2850 |
| 1985 | 70231 | 44221 | | 30361 | 18861 | 15091 |

1) قىزىل　　قىزىل ناھىيە تەۋەسىدە ئۇرۇپ - ئۇرۇپ كۆرۈلۈپ قالىدۇ. قىزىل چىققانلار ئىچىدە يەتتە ياشلىق بالىلار كۆپرەك، يېشى ئەڭ چوڭلىرى 26 ياش. ئىلگىرى ئالاھىدە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۇسۇلى يوق ئىدى. 1968 - يىلدىن باشلاپ قىزىلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تىرىك ۋاكسىنا ئەملىنىدىغان بولدى، شۇندىن كېيىن نۆۋەتلىك ئادەملەر توپىغا يىلمۇ يىل قىزىل ۋاكسىنىسى ئەملىنىپ ئۇرۇلدى، نەتىجىدە قىزىل چىقىدىغانلار تەدرىجىي ئازايدى.

2) يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى　　بۇكېسەللىك 1949 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە

بولغان ئارىلىقتا بازار - يېزىلاردا پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 40 نەچچە ئادەم مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ مېيىپ بولۇپ قالغان. 1973 - يىلدىن كېيىن دۆلەت يەتتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا تىرىك ۋاكسىنا كۆمىلچىنى ھەقسىز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. 1982 - يىلى بۇ كېسەللىك ئۈچ كىشىدە كۆرۈلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈلۈپ باقمىدى.

3) باكتېرىيىلىك تولغاق    بۇ كېسەللىك 1949 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى. 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىگىلەنگەن ماتېرىيالغا قارىغاندا، 1981 — 1982 - يىللىرى كۆرۈلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان، 1982 - يىلى 4075 ئادەم (قېتىم) مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، بۇ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 13.13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بەش ئادەم ئۆلگەن. بازار - يېزىلاردا سەھىيە قىياپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە يېمەكلىك قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 402 ئادەم (قېتىم) دە مۇشۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلۈپ، 1982 - يىلدىكىدىن 90.2% ئازايدى.

4) يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى    بۇ كېسەللىك مىنگو دەۋرىدە داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1984 - يىلى كۆرۈلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى، بۇ خىل كېسەللىك 84 ئادەم (قېتىم) دە كۆرۈلدى. كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار بايقالغان ھامان كاراتىن قىلىنىپ داۋالاندى.

5) تارقىلىشچان زۇكام    بۇ كېسەللىك بىر يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە تارقىلىپ تۇرىدۇ، تولاراق قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆرۈلىدۇ، مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرىراق، باشقىلارنىڭ گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۆۋەنرەك. 1983 - يىلى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ناھىيە بويىچە 5546 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئاساسەن ۋاكسىنا ئەملەش يولى بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئۇندىن باشقا يەنە جۇڭگو تىبابەتچىلىكى ۋە غەرب تىبابەتچىلىكى دورىلىرىنى ئىچكۈزۈش ئارقىلىقمۇ ئالدى ئېلىندى ۋە داۋالاندى.

6) كېزىك ۋە پاراتىف    كېزىك ۋە پاراتىف ناھىيە دائىرىسىدە تېخى تۈپتىن تىزگىنلەپ بولالمىدى، ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارمىقى كېزىك، پاراتىف ۋاكسىنىلىرىنى ئەملەش ئارقىلىق پائال ئالدىنى ئېلىپ كەلدى، تازىلىق تەشۋىقاتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا، سۇ مەنبەسىنى ياخشى باشقۇرۇشقا، گەندىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا دىققەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، يېمەك- ئىچمەك كەسپى (بولۇپمۇ يەككە ئىگىلىكتىكى يېمەك - ئىچمەك كەسپى) نىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، چىۋىننى ۋە ئۇ كۆپىيىدىغان جايلارنى يوقاتتى.

7) تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردىسى ياللۇغى    بۇ كېسەللىك ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1973 - يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر ئېلىنغان ماتېرىيالغا قارىغاندا، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يىللىق سانى بىر ئادەم (قېتىم) دىن 23 ئادەم (قېتىم) ئارىلىقىدا بولغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلدا تۆت كىشى مۇشۇ كېسەللىك بىلەن ئۆلگەن. يۇقۇش مەنبەسى، ئاساسەن، شۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار ۋە كېسەل مەنبەسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر بولغان. 1985 - يىلى ئاساسەن مېڭە پەردە ياللۇغى ۋاكسىنىسى ئەملەش ئارقىلىق بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدىغان بولدى.

**1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش ئەھۋالى**

17 - قىسىم 9 - جەدۋەل

بىرلىكى: نەپەر

| كېسەللىك / ئادەم سانى / يىللار | تارقىلىشچان زۇكام | | تولغاق | | قىزىل | | كۆكيۆتەل | | يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى | | بالىلار پارالىچى | | تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى | | كېزىك پاراتىف | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر | گىرىپتار بولغانلار | ئۆلگەنلەر |
| 1973 | 629 | | 731 | | 26 | | 43 | | 11 | | | | 21 | | 7 | |
| 1974 | 573 | | 875 | | 5 | | 73 | | 19 | | | | 4 | | 16 | |
| 1975 | 1054 | | 1231 | | 15 | | 29 | | 25 | | 1 | | 7 | | 19 | |
| 1976 | 1134 | | 1032 | 28 | | 21 | | 35 | | | | 17 | | 10 | | |
| 1977 | 813 | | 905 | | 11 | | 34 | | 49 | | | | 11 | | 25 | |
| 1978 | 915 | | 985 | | 10 | | 76 | | 30 | | | | 21 | | 13 | |
| 1979 | 1081 | | 1057 | | 15 | | 25 | | 18 | | | | 15 | | 21 | |
| 1980 | 817 | | 1130 | | 21 | | 53 | | 9 | | | | 4 | 2 | 32 | |
| 1981 | 1241 | | 3369 | | 44 | 2 | 81 | 43 | 1 | | | 20 | 4 | 23 | | |
| 1982 | 3213 | | 4075 | | 20 | | 104 | | 51 | 2 | | | 3 | 2 | 35 | |
| 1983 | 5546 | | 1724 | | 51 | | 261 | | 64 | | | | 1 | | 51 | |
| 1984 | 719 | | 791 | | 167 | 5 | 16 | | 84 | | | | 16 | | 14 | |
| 1985 | 782 | | 402 | | 6 | | | | 46 | | | | 18 | | 22 | |

## 2. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش

لوپنۇر ناھىيىسىدە بروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى، باش تەمرەتكىسى، فتوردىن زەھەرلىنىش، قاپلىق قۇرت كېسەللىكىگە ئوخشاش يەرلىك كېسەللىكلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش خىزمىتى ئىشلەندى. ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق، كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم كېسەللىك ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

1) بروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى   بۇ كېسەللىك ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەم چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ، دۆڭقوتان، تارىم يېزىلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، تەكشۈرۈلگەن 12 مىڭ 142 ئادەمنىڭ 1432 سى مۇشۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %10.9 بولغان. بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكىدىن كۆپ بولغان. بروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىدۇ، ئۇگىلىرى ئىششىپ كېتىدۇ، ھەرىكىتى قىيىنلىشىدۇ،

ئېغىرراقلىرىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. 1971 ـ يىلى چارۋىلارغا مۇسىبەت M5 ۋاكسىنىسى ئەملەش باشلانغانىدى، 1983 ـ يىلىغا قەدەر 122 مىڭ 252 تۇياق (قېتىم) چارۋا ۋاكسىنا ئۇرۇلۇپ ئىممۇنتېتلاندى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بىروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر لوپنۇر ناھىيىسىدە بىروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ماتېرىيالىغا قارىغاندا، قويلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1.4%كە، ئۆچكىلەرنىڭ 2%كە، كالىلارنىڭ 2%كە چۈشۈپ، تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان، بىروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكىنىڭ يۇقۇش مەنبەسى زور دەرىجىدە ئازايغان.

2) باش تەمرەتكىسى باش تەمرەتكىسى ئادەتتە تاز دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تولاراق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقۇشچانلىقى خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، بىر كىشىگە يۇقسا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە كىشىگە يۇقىدۇ. بۇ كېسەللىك ناھىيە تەۋەسىدىكى تەبىئىي كەنتلەر ۋە ئوتلاقلارنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان. ناھىيىلىك سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارمىقى 1951 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغا قەدەر باش تەمرەتكىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ھەقسىز داۋالىدى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى يەتتە ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر باللار (ئاساسلىقى ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى باللار) ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 217 (تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى 100%) بالىنىڭ 136 سى باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان. باش تەمرەتكىسى بولۇپ قالغانلارنىڭ نىسبىتى 62.67%كە يەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا كورلا ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك تىببىي داۋالاش تارماقلىرى باش تەمرەتكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش بويىچە 58 تېخنىكا خادىمىنى تەربىيىلەپ، كېسەللەرگە «بېشىنى چۈشۈرۈش، يۇيۇش، دېزىنفېكسىيىلەش، دورا چېپىش، دورا ئىچكۈزۈش» قاتارلىق داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، باش تەمرەتكىسىنى 1980 ـ يىلغا قەدەر ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىدى.

ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بۇ ناھىيىنىڭ چەت ـ ياقا يېرىگە جايلاشقان دۆڭقوتان ۋە قارچۇغا يېزىلىرىدا يەنە 13 تاز بايقالغان.

3) يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ 1984 ـ يىلى بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلگەن ئوقتىلىق رايون تارىم يېزىسىنىڭ چۆڭكۆل كەنتىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بايقىشىغا قارىغاندا، بۇ كەنتتە ئون يىلدىن ئارتۇق تۇرغان 16 ياشتىن يۇقىرى 115 كىشىدىن ئۇنى يەرلىك فتوردىن زەھەرلەنگەن، زەھەرلەنگەنلەرنىڭ نىسبىتى 8.6% بولغان؛ يەتتە ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان 88 بالىدىن 86 سىنىڭ چىشى فتور زەھىرىنىڭ تەسىرىدە سارغىيىپ كەتكەن، چىشى سارغىيىپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى 9.7% بولغان.

1985 ـ يىلى ناھىيىدىكى 12 كەنت ۋە تەبىئىي كەنتتە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە بايقىلىشىچە، ئۇزاقتىن بۇيان بۇ رايونلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان 5303 دېھقان ـ چارۋىچىدىن 4530 كىشىنىڭ چىشى فتور زەھىرى تۈپەيلىدىن سارغىيىپ كەتكەن، چىشى سارغىيىپ كەتكەنلەرنىڭ نىسبىتى 85.4% بولغان.

ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1988ـ

يىلىغا قەدەر تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەنبەلىرى (دەريا، ئۆستەڭ، قۇدۇق سۇلىرى)نى سۇنىڭ سۈپىتى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 72 نۇقتىدىكى بىر لىتىر يەر ئاستى سۈيى تەركىبىدىكى فتورنىڭ مىقدارى ئىككى مىللىگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا تۆت مىللىگرامغا يېتىپ، نورمال ئىچىملىك سۇ تەركىبىدىكى فتور مىقدارىدىن بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە يۇقىرى چىققان.

يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش ئۇزۇن مەزگىل فتور تەركىبى يۇقىرى سۇ ئىچىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بازار ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەسىلىسى شەرت - شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. ئاھالىلار 60 - يىللاردىن بۇرۇن ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە دەريا، ئۆستەڭ ۋە كۆل سۈيىنى، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مۇز سۈيىنى ئىچىپ كەلگەن، سۇ مەنبەلىرىنىڭ باش قىسمىدا كىرەكسىز سۇنى قويۇۋېتىش، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، سۇنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ناھىيىدىكى يۇقۇملۇق ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ تولىسى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارىلەرنىڭ بىر قىسمى يەرلىك تېيىز قۇدۇق سۈيىنى ئىچىشكە باشلىغان بولسىمۇ، سۇ تەركىبىدىكى فتورمىقدارى يەنىلا يۇقىرى ئىدى. 1973 - يىلى لوپنۇر ناھىيە بازىرىدا چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلىشقا باشلىدى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تۇنجى بولۇپ مۇنارسىز سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ، ئۆز ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلدى. ئاندىن ناھىيە بازىرى ۋە بىر قىسىم يېزىلاردا مۇنارسىز سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. 1985 - يىلى تۇرۇبا سۈيى شىركىتى سۇ مۇنارى ئارقىلىق سۇ بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئۈچ سۇ مۇنارى ياسالدى، مۇنارسىز سۇ تۇرۇبىسىدىن 13 ى ئورنىتىلدى. باسما قۇدۇقتىن 196 سى بارلىققا كەلدى، 37 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭ بىلەن بازار ۋە يېزىلاردا 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سۈپىتى خېلى ياخشى سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى، بۇ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 47.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 3. ئانا - باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

ئانا - باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا تەدرىجىي قانات يايدى.

1) يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش   بۇ ناھىيىدە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش 1954 - يىلى ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، كونا ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان تۇغۇت ئانىلىرىغا يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۆگىتىلدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت -مائارىپ- سەھىيە بۆلۈمى ۋە ناھىيىلىك شىپاخانا تۇغۇت ئانىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 23 كىشىنى تەربىيىلىدى، كۇرستا ناھىيىلىك شىپاخانىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم كازىم قاتارلىق كىشىلەر دەرس ئۆتتى، شۇ يىلى 11 يېزىدا يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش 1957 - يىلى ناھىيە مىقياسىدا قانات يېيىشقا باشلىدى. 1963 - يىلى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش بويىچە 2 - قېتىم كۇرس ئېچىلىپ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان تۇغۇت ئانىسىدىن 42سى تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ 37 سى ئۇيغۇر، شۇندىن باشلاپ تەبىئىي كەتتىلەر (ئىشلەپچىقىرىش

ئەترەتلىرى) نىڭ ھەممىسىدە، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان تۇغۇت ئانىسى بار بولدى، ئۇلار 48 بولاق سايمان بىلەن قوراللاندى. گۇڭشې شىپاخانىلىرىغا كەينى - كەينىدىن ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش كەسپىي خادىملىرى سەپلەندى، ئۇلار يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشقا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1984 - يىلى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش بويىچە 3 - قېتىم كۇرس ئېچىلىپ 13 كىشى تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ 12 سى ئۇيغۇر. 1985 - يىلى بوۋاقلاردا بولىدىغان قاتما كېسەللىكى %16تىن تۆۋەنلىدى، لېكىن پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدىن ئالغاندا، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش تېخى ئومۇملىشىپ بولمىدى؛ قىسمەن چەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تۇغۇت يەنىلا كونا ئۇسۇلدا قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ، قاتما كېسەللىكى يەنىلا كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1985 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە شۇ يىلى 585 بالا تۇغۇلغان، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى %62.8 بولغان. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى لوپنۇر بازىرىدا %97.6نى، «ئىتتىپاق» يېزىسىدا %74.8نى، شىڭپىڭ يېزىسىدا %72.4نى ئىگىلىگەن، تارىم يېزىسىدا %50كە، دۆڭقوتان يېزىسىدا %30كە يەتمىگەن.

ناھىيىلىك، يېزىلىق تىببىي داۋالاش تارماقلىرىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمى ۋە تۇغۇت قوبۇل قىلىش خادىملىرى (ھامىلدار ئاياللارنى) تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ، (تۇغۇتلۇق ئاياللارنى) تۇغقاندىن كېيىن يوقلاپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ تۇردى. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىمۇ بالىلار باغچىلىرىغا بېرىپ، ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ، ساقلىقنى ساقلاشقا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى.

2) ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىنىڭ سەھىيە شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئاياللاردا بولىدىغان بالىياتقۇ چىقىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، بالىياتقۇ بويىنى شالۇۋرەش، ھەيز تۇتۇلۇشقا ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى، ئۇنۇملۇك داۋالاش ئامالى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1957 - يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەممىدىن زور بولغان بالىياتقۇ چىقىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، بالىياتقۇ بويىنى شالۇۋرەش، ھەيز تۇتۇلۇشقا ئوخشاش كېسەللىكلەر يەتتە قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، دائىرە بويىچە تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا تەكشۈرۈلدى.

1979 - يىل 10 - ئايدىن 1980 - يىل 7 - ئايغىچە ئاياللار كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ چىقىقى ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى (چەت، ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئايرىم جايلار تەكشۈرۈلمىدى)، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك 4289 ئايالدىن 3799 ى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %88.58 بولدى، تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان بالىياتقۇ چىقىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايال 191 بولۇپ، %5.02نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە I° لۇق بالىياتقۇ چىقىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار 118 بولۇپ، بالىياتقۇ چىقىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 61.78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، II° لۇقلار 54 بولۇپ، %28.27نى، III° لۇقلار 19 بولۇپ، %9.95نى ئىگىلىدى؛ سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئايال 61 بولۇپ، %31.94نى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈلگەن

كېسەللەرنىڭ 252 سى داۋالاندى، پۈتۈن ناھىيە ئالتە داۋالاش نۇقتىسىغا ئايرىلدى ھەم كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولغان 17 بىمار ئوبلاستلىق دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىندى. بىر يەرگە يىغقىلى بولمايدىغان بىمارلارنىڭ سەييارە يوقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆيلىرىگە دورا يەتكۈزۈلۈپ داۋالاندى، 1985 ـ يىل 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، باليياتقۇ چىقىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ناھىيە بويىچە 86 بولۇپ، ئالدىنقى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن چاغدىكى 191 بىمارنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ سۈيدۈك تۇتالماس بولۇپ قالغانلار ئۈچ بولۇپ، ئالدىنقى قېتىم تەكشۈرۈلگەن چاغدىكى 61 بىمارنىڭ 4.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. دېمەك باليياتقۇ چىقىقى كۆرۈنەرلىك داۋالاندى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكى تېزگىنلەندى، باشقا ئاياللار كېسەللىكلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن داۋالاپ ساقايتىلدى.

3) بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ سالامەتلىكى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلدى. بولۇپمۇ 1979 ـ يىلدىن كېيىن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ھەر يىلى تەكشۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەپ ۋە ئالدىنى ئېلىش دورىسى ئىچكۈزۈپ، بالىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلاردا دائىم ئۇچرايدىغان راخىت، ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولماسلىق تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدىغان كەم قانلىق ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا پائال ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى، لېكىن بالىلار كېسەللىكلىرى يەنىلا جىددىي مەسىلە بولۇپ، ئۆزلەش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. 1984 ـ يىلى بالىلار باغچىسىدىكى 74 بالا تەكشۈرۈلگەندە، كەم قانلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 30 غا يېتىپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 40.54 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 21 بولۇپ، %28.3نى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلى بازاردىكى بالىلار باغچىلىرىدىكى بالىلار ۋە تارقاق يالغۇز پەرزەنتلەردىن 210 بالا تەكشۈرۈلگەندە، كەم قانلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 86 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 40.95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 52 بولۇپ، %24.76نى ئىگىلىدى. «ئىتتىپاق»، تارىم يېزىلىرىدا 171 بالا تەكشۈرۈلگەندە، كەم قانلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 53 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 30.99 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 28 بولۇپ، %16.37نى ئىگىلىدى؛ سازاڭ مەددىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالا 47 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 27.49 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 6. ئاممىۋى تازىلىق

### 1. يېمەكلىكلەر تازىلىقى

لوپنۇر ناھىيىسىدە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش خىزمىتى 1965 ـ يىلى باشلاندى. 1978 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يېمەكلىك ئىشلەش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سالامەتلىكى ھەر يىلى تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدىغان بولدى،

ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ۋە سۇلۇق، يىرىڭلىق تېرە كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىندى. يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا چوقۇم تازىلىق جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈپ، «تازىلىق ئىجازەتنامىسى» ، «سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى» بېرىلگەندىن كېيىن تىجارەت باشلاشقا يول قويۇلدى.

1979 - يىلى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىۋېلىش، ساقلاش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلار «يېمەكلىك تازىلىقى نىزامى» بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈلدى، تازىلىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرىنى سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1982 - يىلى 11 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن ئىزىغا چۈشتى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن يېمەكلىك سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش، چىۋىن، چاشقان، چاڭ - توزاندىن مۇداپىئەلىنىش مۇئەسسەسىلىرىنى ئورنىتىش تەلەپ قىلىندى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئاگاھلاندۇرۇش، ئۆزگەرتىشكە سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىش، تىجارەتتىن توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش، تازىلىق ئىجازەتنامىسىنى بىكار قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش، ھەتتا جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشقا ئوخشاش يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى1984 - يىلى يېمەكلىك تازىلىقىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش ئورگىنى قۇردى، ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئورگان يېمەكلىك تازىلىقىنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. 1985 - يىلى يېمەكلىك ئىشلەيدىغان ۋە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 459 كىشىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ 438 ىگە «سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقاتتى؛ «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى» دىكى بەلگىلىملەرگە مۇۋاپىق كەلمىگەن 21 ئادەمنى بۇ كەسىپتىن يۆتكىۋەتتى؛ 265 ئورۇنغا تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقاتتى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن 38، يەككە ئىگىلىكتىكى ئورۇن227). مۇشۇ بىر يىلدا يېمەكلىك تازىلىقى ئۈچ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، تازىلىقتا ئىلغار تۆت ئورۇن تەقدىرلەندى، تازىلىقتا لاياقەتسىز 11 ئورۇن جەرىمانە (جەمئىي 760 يۈەن) قويۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى، ئىككى ئورۇن تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى، بىر ئورۇنغا تازىلىقنى ياخشىلاشقا سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىلدى؛ تازىلىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولمىغان 1600 بوتۇلكا شامپان ھارىقى، 170 كىلوگرام كامەن، 88 كىلوگرام قۇرۇق ئۈزۈم كۆيدۈرۈپ تاشلاندى؛ كېسەل چارۋا ۋە قوش گۆشىنى سېتىش قاتتىق چەكلەندى.

## 2. ئەمگەك تازىلىقى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرىدا ئاز بىر قىسىم قول سانائەت دۇكانلىرى بار ئىدى، كەسپى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدە زاۋۇت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، لېكىن كەسپى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاشقا كۆڭۈل بۆلۈنمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن كەسپى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش خىزمىتىگە مۇۋاپىق ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىدى، چاڭ - توزان ۋە

زەھەرلىك گاز چىقىدىغان كارخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە ناھىيىلىك تېرە - يۇڭ پىششىقلاش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق يەتتە زاۋۇتتا چاڭ - توزان مىقدارى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارمىقى شۇ كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى. 1985 - يىلى چوڭ كارخانىلار ئۈسكۈنىلىرىنى ياخشىلىدى، زاۋۇت ئۆيلىرىنى يەڭگۈشلىدى، ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتتى، ھۈنەر - تېخنىكا ئاقما لىنىيىسىنى ئۆزگەرتتى ھەم قاتتىق مۇداپىئەلىنىش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

### 3. مەكتەپ تازىلىقى

1979 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 864 ئوقۇغۇچىدىن 821 نىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى نورمال بولۇپ چىقتى، ئۇلار تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 43 نىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1984- يىلى ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر، 1 -، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 2210 ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 50 سىنىپتىكى 2210 ئوقۇغۇچىدىن 1799 نىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى نورمال بولۇپ چىقتى، ئۇلار تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 81.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 411 نىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 18.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلەر ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۆپ، بازارلاردىكى ئوقۇغۇچى يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن كۆپ، ئوغۇللار قىزلاردىن كۆپ. 1982 - يىلى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن سەھىيە تارمىقى بازار ۋە يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى دەرسخانىلارنىڭ يورۇقلۇقى قاتارلىق ئون تۈر بويىچە تەكشۈردى ۋە كونكرېت ياخشىلاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە دوختۇر سەپلەندى، باشقا چوڭراق مەكتەپلەردە ساقلىقنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئوقۇتقۇچى تەيىنلەندى، بىر قىسىم مەكتەپلەر كۆزنى ئاسراش گىمناستىكىسىنى يولغا قويدى.

## § 7. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

مىنگو دەۋرىدە بازار - يېزىلارنىڭ چوڭ- كىچىك كوچىلىرىدا، كەنت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەخلەت دۆۋىلىنىپ كېتەتتى، بازار - يېزا ئاھالىلىرى كۆرگەنلا يەرگە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلاتتى، ئادەملەر بىلەن ئۆي ھايۋانلىرى بىر تۇراتتى، ياز، كۈز پەسىللىرىدە سېسىقچىلىق ۋە چىۋىننىڭ دەستىدىن تۇرغىلى بولمايتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ۋە 35 - يىلى (1946 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇھىت تازىلىقى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، كونكرېت تەدبىرىمۇ، تازىلىق تۈزۈمىمۇ بولمىغاچقا، ھېچقانداق ئۇنۇم بەرمىگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن ناھىيە خەلقى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىپ، كېسەللىكنى ئازايتىپ، ساغلاملىق

سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرەيلى» ۋە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ باكتېرىيە ئۇرۇشىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى (ئەينى ۋاقىتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەيئىتى دەپ ئاتىلاتتى، 1953 - يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتىگە ئۆزگەرتىلدى) نىڭ رەھبەرلىكىدە داغدۇغىلىق ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ئامما قوزغىلىپ، چاشقان، چىۋىن يوقاتتى، ئۆي ئىچى - سىرتىنى تازىلىدى، كوچىلاردىكى ئەخلەتلەرنى ئادالىدى، ھاجەتخانا، ئېغىل- قوتان سالدى، سۇ مەنبەلىرىنى قوغدىدى، شەنبە كۈنى تازىلىق قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى، زەربىدارلىق بىلەن تازىلىق قىلىش بىلەن دائىملىق تازىلىق قىلىش، كەسپىي تازىلىق خىزمىتى بىلەن ئاممىۋى ھەرىكەت بىرلەشتۈرۈلدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق بايرام - ئايەملەردە كەڭ كۆلەمدە تازىلىق قىلىندى، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ فۇيۈ كەڭ كۆلەملىك تازىلىقتا ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشقا بىۋاسىتە قاتناشتى. پۈتۈن ناھىيىدە ھەممە كىشى رەتلىك، پاكىزە بولۇشنى ياقتۇرىدىغان، ھەممە ئائىلە تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، چىۋىن، چاشقانلار ئازايدى. ناھىيىلىك شىپاخانىنىڭ 1954 - يىلدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، 7 -، 8 -، 9 - ئايلارنى 1953 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، باكتېرىيىلىك تولغاق %50.5 ئازايغان.

1956 - يىلى ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتىنىڭ نامى زىيانداش ۋە كېسەللىكلەرنى يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىش شىتابىغا ئۆزگەرتىلدى. «تۆت زىيانداش» (چاشقان، پاشا، چىۋىن، قوچقاچ (قوچقاچ كېيىن چوشىغا ئۆزگەرتىلدى) نى يوقىتىش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، بازار - يېزىلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى «تۆت زىيانداش» نى پائال يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. شۇ يىلقى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 218 چاشقان تۇتۇلغان، 20.5 كىلوگرام پاشا (ھەر 200 مىڭ پاشا بىر كىلوگرام ھېسابلاندى) يوقىتىلغان، 48 توننا ئەخلەت ئادالانغان، 259 ھاجەتخانا رېمونت قىلىنغان، 319 ھاجەتخانا سېلىنغان، 150 توننا گەندە بىر تەرەپ قىلىنغان.

1959 - يىلى ناھىيىلىك زىيانداش ۋە كېسەللىكلەرنى يوقىتىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېمەك - ئىچمەك، سۇ تازىلىقىنى باشقۇرۇش ۋە گەندە، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كۈچەيتىلدى، ئىدارىلەرنىڭ ھاجەتخانىلىرىنىڭ ئۈستى يېپىلىپ، چىۋىن لىچىنكىسى ۋە چىۋىن يوقىتىش دورىلىرى قەرەللىك چېچىلىپ تۇرۇلىدىغان بولدى، يېزىلاردىكى ھاجەتخانىلارمۇ چىۋىن لىچىنكىسى ۋە چىۋىن يوقىتىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بازارلاردا ئۆي سالغاندا كونۇپكىسىلىك دېرىزە قويۇش بەلگىلەندى، يېزىلاردا ئۆي سالغاندىمۇ كونۇپكىسىلىك دېرىزە قويۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1965 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيىدىكى 4105 ھاجەتخانىدىن 69 ى چىۋىن، چىۋىن لىچىنكىسىدىن مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە يەتكەن، 14 قۇدۇق (يەرلىك) قېزىلغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تازىلىق تۈزۈملىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇزۇۋېتىلگەن قائىدە - تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىككىنى (سۇنى، گەندىنى) باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش (ئىشىك - دېرىزىنى، ھاجەتخانىنى، مورىنى، قۇدۇقنى، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش) ھەرىكىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 3 - ئايدا قانات يايدۇرۇلغان «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» ۋە بازار - يېزىلاردا

ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇھىت تازىلىقى خىزمىتى كۈچەيتىلدى، تازىلىققا مەسئۇل دائىرىنى ئايرىش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى ھەم ھەرتەرەپلىمە تۈزەشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچ ئىش (تازىلىق، كۆكەرتىش، تەرتىپ) نى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، چوڭ ئورۇنلاردا «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچ ئىشنى ھۆددىگە ئالغۇچى» قويۇلدى. ناھىيىلىك، بازارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئەتلىرى ھەر يىلى ئۈچ - تۆت قېتىم تازىلىق تەكشۈرۈپ، تازىلىقتا ئىلغار ئورۇنلارنى باھالاپ تۇردى. 1985 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن 24 كە، مەدەنىيەتلىك كەنت تۆتكە، تازىلىقتا ئىلغار ئورۇن 24 كە يەتكەن. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئەخلەتخانا 37 گە، گۈللۈك 963 (كۆلىمى 87 موغا يېتىدۇ) كە، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ گۈل تەشتىكى 6787 گە، ئەخلەت ساندۇقى 15 كە يەتتى. ناھىيىلىك چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار يەنە مۇنچا سېلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۇيۇنۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى.

# II باب

# تەنتەربىيە

مىنگو دەۋرىدە تەنتەربىيە ئورگىنىمۇ، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملارمۇ يوق ئىدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، دارۋازلىق، ساغاردى، گۈلەڭگۈچ قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى بار، ئۇلار ھېيت - بايرام ياكى توي - تۆكۈنلەردە ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ دۆڭقوتان، تىكەنلىك رايونلىرىدا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى خېلىلا ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار دارۋازلىق، ساغاردى، گۈلەڭگۈچ قاتارلىق قەدىمكى تەنتەربىيە پائالىيەت تۈرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئىلگىرى بۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيدىغان مەخسۇس ئورۇن بولمىغاچقا، پائالىيەت دائىرىسى كەڭ بولمايتتى، ھەممىسى كەنتلەردە ياكى چارۋىچىلار توپلىشىپراق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى، ناھىيە خاراكتېرلىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى، ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى.

1960 - يىل 3 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا شتاتى

بىر بولۇپ، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىللە ئىش بېجىرەتتى. 1962 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بېجىرىپ تۇردى. 1965 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىللە ئىش بېجىردى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى تەنتەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 1976 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى 9 - ئايدا تەنتەربىيە كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى (شتاتى ئۈچ) قۇرۇلدى.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەنتەربىيە ئاساسى ئاجىز، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ئاز بولغانلىقتىن، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، سەۋىيىسى تۆۋەن.

## § 1. تەنتەربىيە مەيدانى

1960 - يىلى ناھىيە بازىرىدا (ھازىرقى كىنوخانىنىڭ ئورنىدا) ئاددىي تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى، بۇ مەيداندا ۋاسكېتبول مەيدانىدىن بىرى، ۋالېبول مەيدانىدىن بىرى بار ئىدى. بۇندىن باشقا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاددىي گىمناستىكا مەيدانى بار ئىدى. 1971- يىلى ناھىيە بازىرىدىكى مەيدان (ھازىرقى «ئازادلىق» كوچىسى بىلەن «ئىتتىپاق» كوچىسىنىڭ كېسىشىدىغان يېرىنىڭ شەرق تەرىپىدە)غا ئىككى سېمونت ۋاسكېتبول مەيدانى ياسالدى، ئۇلار ناھىيە بازىرىدىكى ئەينى ۋاقىتتىكى خېلى ياخشى ۋاسكېتبول مەيدانلىرى ئىدى (كېيىن باشقا يەرگە مەيدان ياسالغانلىقتىن تاشلىنىپ قالدى).

1974 - يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا (1 - ئوتتۇرا) مەكتەپتە 400 مېترلىق يۈگۈرۈش يولى بار يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ياسالدى، بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە مەيدانى ئىدى.

1981 - يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 13 مىڭ يۈەن، تەنتەربىيە كەسپىي خىراجىتىدىن 5000 يۈەن ئاجرىتىلىپ، ناھىيە بازىرىغا ناھىيە بويىچە تۇنجى چىراغلىق توپ مەيدانى ياسالدى، توپ مەيدانى سېمونتلانغان، چوڭ چىراغلىق بولۇپ، كۆلىمى 130 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. 1983- يىلى ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 400 مېترلىق يۈگۈرۈش يولى بار يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ياسالدى، مەيدانغا ئېتىش، يىراققا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش ئورۇنلىرى ياسالدى، شۇندىن كېيىن ناھىيىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى 27 مىڭ يۈەن تەنتەربىيە خىراجىتى بەرگەندىن كېيىن «ئىتتىپاق» كوچىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىدا ئاياغمەھەللە كەنتىنىڭ 60.55 مو يېرى سېتىۋېلىنىپ، لوپنۇر ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى، مەيداننىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 139 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 298 مېتر، ئومۇمىي كۆلىمى 41 مىڭ 422 كۋادرات مېتر بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقە مەيدانى ۋە مەشق زالى قاتارلىقلار بار. شۇ يىلى ناھىيىلىك چۆچۈك بويا قىيامى زاۋۇتى 7500 يۈەن مەبلەغ توپلاپ سېمونتلانغان ۋاسكېتبول مەيدانى ياسىدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى يەتتىگە، ۋاسكېتبول

مەيدانى 22 گە يەتتى.

## 2 §. مەكتەپ تەنتەربىيىسى

مىنگو دەۋرىدە لوپنۇردىكى ھۆكۈمەت قۇرغان مەكتەپلەردىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان مەكتەپلەردىمۇ تەنتەربىيە دەرسى بار ئىدى، لېكىن تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، تەنتەربىيە دەرسىدە مەشق ئاساس قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيلى بازاردىكى مەكتەپلەر ياكى يېزىدىكى مەكتەپلەر بولسۇن، ھەممىسى تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، ھەپتىدە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈلگەندىن تاشقىرى، دەرس ئارىلىقى گىمناستىكىسى ئوينىلىدىغان، دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. مەكتەپلەردە ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول، تىكتاك توپ، تاق تۇرنىك، قوش تۇرنىك، ياغاچ ئات، سەكرەش ساندۇقى، ياغاچ ئۆچكە قاتارلىق تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1965 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەمگەك مۇداپىئە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

لوپنۇر ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى 1972 - يىلى تۇنجى قېتىم ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىغا 250 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 100 ى ئۇيغۇر، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىنىڭ ئالتە تۈرىدە 72 ئادەم (قېتىم) مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ 50 ى ئۇيغۇر، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مەكتەپ تەنتەربىيىسى ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، بۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مائارىپ تارمىقى مەكتەپ تەنتەربىيىسىنى ئەستايىدىل تۇتتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى پروگراممىسى بويىچە ھەپتىدە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتتى ھەم ھەپتىدە ئىككى سائەت دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى، ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دەرس ئارىلىقىدا رادىئو گىمناستىكىسى ۋە كۆز ساقلىقىنى ساقلاش گىمناستىكىسى ئوينىتىپ تۇرۇلدى. كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش گىمناستىكىسى ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەردىلا يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەردە ھەر ئىككى سائەت ئارىلىقىدا بىر قېتىم گىمناستىكا ئوينىتىشتا ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇلدى. بازار ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە ھەر يىلى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، قەرەلسىز ھالدا ئۆز ئارا تەكلىپ دوستلۇق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلدى. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 1981 - يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالتە يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەت - مائارىپ تارمىقى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى قاتناشتۇرۇپ ئۈچ كۈنلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى 26 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 23 ىدە 6 - يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسى ئومۇملىشىپ بولدى.

يېڭى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 1985 - يىلى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەھۋالىغا قارىغاندا، مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە يېتىش

پائالىيىتىنى خېلى ياخشى قانات يايدۇرغان، ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %73تىن يۇقىرى بولغان.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بىر نەچچە مەكتەپنىڭ 1985 ـ يىلى «ئۆلچەمگە يېتىش» ئەھۋالى

17 ـ قىسىم 10 ـ جەدۋەل

| مەكتەپ نامى | ئوقۇغۇچى سانى | قاتناشقانلار سانى | مۇنەۋۋەر بولغانلار | ياخشى بولغانلار | لاياقەتلىك بولغانلار | ئۆلچەمگە يەتكەنلەر | ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 501 | 501 | 1 | 140 | 227 | 368 | 73.45 |
| 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 844 | 844 | 17 | 169 | 500 | 686 | 81.3 |
| تارىم مەركىزىي مەكتىپى | 480 | 480 | 11 | 97 | 224 | 332 | 69.2 |

1985 ـ يىلى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئالتىگە يەتتى (ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر)، يېزا (مەيدان) لاردىكى مەركىزىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىگە مەخسۇس ياكى قوشۇمچە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى سەپلەپ بېرىلدى. مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان بار بولدى، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى ۋە مۇكەممەللەشتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيە سەۋىيىسى خېلىلا ئۆستى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بىر تۈركۈم تەنتەربىيە ئىختىساسلىق خادىملىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىلدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن توققۇز ئوقۇغۇچى تەنتەربىيە ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كىردى، بەش ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ تەنتەربىيىسى مەخسۇس كۇرسلىرىغا ئوقۇشقا كىردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىغا 360 تەنھەرىكەتچى (160 ى ئۇيغۇر) قاتناشتى، بۇ، لوپنۇر ناھىيىسىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان كاتتا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى بولۇپ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ۋەكىللەر كوماندىسى قاتناشتۇردى. يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى 13 تۈر بويىچە ئۆتكۈزۈلدى، 234 تەنھەرىكەتچى (قېتىم) مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ 120 سى ئۇيغۇر.

## § 3. ئاممىۋى تەنتەربىيە

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، توپ، شاھمات، چامباشچىلىق، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ئومۇملاشقان.

1960 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، شۇندىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى قىسمەن يىللاردا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلمىدى. 1973 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيە بازىرىدا ئوبلاست بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ۋە كارخانا ـ كەسىپى ئورۇنلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىدە يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى، تەنتەربىيە تۈرى نەچچە ئون خىلغا كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، قىشلىق ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش، چامباشچىلىق، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارا شاھمات، قورشاۋ شاھمات، ئارغامچا تارتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھەر مىللەت ئاممىسى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ بەدەن چېنىقتۇرۇش تەدرىجىي ئادەتكە ئايلاندى. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بازار، يېزىلاردا ئومۇملاشتى، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلات، مەكتەپ، گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەر ئارا ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى، ناھىيىدىكى ئورۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول كوماندىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك چوڭچوك بويا قىيامى زاۋۇتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول كوماندىسى قېرىنداش ئورۇنلار بىلەن پات ـ پات تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇردى، يېزا، كەنتلەردىمۇ ۋاسكېتبول، ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى ۋە باشقا مۇسابىقىلار پات ـ پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

1982 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار تۇنجى قېتىملىق قىشلىق ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش دالا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، مۇسابىقە ياشانغانلار گورۇپپىسى، ئوتتۇرا ياشلىقلار گورۇپپىسى ۋە ياشلار گورۇپپىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. شۇندىن كېيىن مۇنداق مۇسابىقە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايغاندىن كېيىن، چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە يۈگۈرۈۋاتقان، گۈمپا ئۆگىنىۋاتقان، توپ ئويناۋاتقان قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللارنى كۆرگىلى بولىدۇ، دېمەك، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدە جانلىق، جۇشقۇن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

## § 4. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى

لوپنۇر ناھىيىسىدە 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغا قەدەر 40 قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 20 قېتىم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئىككى قېتىم، ئۈچ خىل شاھمات (جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارا شاھمات، قورشاۋ شاھمات) مۇسابىقىلىرى بەش قېتىم، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۈچ قېتىم، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئون قېتىم ئۆتكۈزۈلدى.

1954 ـ يىلى ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

1960 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

1962 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، دەيرۇچۇن ئەرلەرنىڭ 100 مېترغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 5 ـ لىككە ئېرىشتى.

1973 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول كوماندىسى ئوبلاست بويىچە يەنجىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، بۇ مۇسابىقىدە قىزلار ۋاسكېتبول كوماندىسى 4 ـ لىككە ئېرىشتى؛ شۇ يىلى ئوبلاست بويىچە بۈگۈردە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدا ئوغۇللار كوماندىسى كوللېكتىپ 4 ـ لىككە ئېرىشتى.

1977 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئوبلاست بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، لوپنۇر چېلىشچىلىرىدىن بىرى 1 ـ لىككە، بىرى 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1979 ـ يىلى ناھىيىنىڭ چېلىشچىسى ھامۇت ساۋۇر قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 52 كىلوگرام دەرىجىلىكلەر بويىچە 3 ـ لىككە ئېرىشتى؛ شۇ يىلى ناھىيىنىڭ قارىغا ئېتىش كوماندىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، جاۋ يۈفېڭ بىر تۈردە 6 ـ لىككە ئېرىشتى.

1983 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بىغ لوڭقىسى» باللار پۇتبول مۇسابىقىسىدا ناھىيىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 3 ـ لىككە ئېرىشتى؛ ئوبلاست بويىچە بۈگۈردە ئۆتكۈزۈلگەن مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا لوپنۇر تەنھەرىكەتچىسى جۇ چىڭدې ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 5 ـ لىككە، تاڭ مېيلىڭ ئاياللارنىڭ 20 كىلومېترغا يۈگۈرۈشىدە 7 ـ لىككە ئېرىشتى؛ ئوبلاست بويىچە خېجىڭ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسىدە ئەرلەر كوماندىسى كوللېكتىپ 3 ـ لىككە ئېرىشتى؛ باغراش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن شاھمات مۇسابىقىسىدا، تۇرسۇن ئىسمائىل خەلقئارا شاھماتتا 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى ئوبلاست بويىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، لېكىن دەرىجىگە ئېرىشەلمىدى.

## لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

17 ـ قىسىم 11 ـ جەدۋەل

| ۋاقتى | ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن | مۇسابىقە نامى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| 1954 .10 | ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى | ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى | |
| 1960 .5 .1 | ناھىيە بازىرىدىكى توپ مەيدانى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1960.10 | ناھىيە بازىرىدىكى توپ مەيدانى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | چېلىشىش مۇسابىقىسى | |
| 1962 | ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى | قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | |
| 1972 | ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمى | ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | |
| 1979 | ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | |
| 1982 | ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى | |
| 1982 | ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ئۈچ خىل شاھمات مۇسابىقىسى | خەلقئارا شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات، قورشاۋ شاھمات |
| 1982 | ناھىيە بازىرى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | قىشلىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش دالا مۇسابىقىسى | ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى |
| 1983 | ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى | |
| 1984 | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى | ناھىيە بويىچە ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى | |
| 1984 | ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ئۈچ خىل شاھمات مۇسابىقىسى | |
| 1984 | ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | ئۆسمۈر تىكتاك توپچىلارنى تاللاش مۇسابىقىسى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1985 | ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانى | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسى | |
| 1985 | چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى | ئات بەيگىسى | |
| 1985 | ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى | ئۈچ خىل شاھمات مۇسابىقىسى | |
| 1985 | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى | ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | |
| 1985 | ناھىيىلىك چىراغلىق توپ مەيدانى | مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | |

# ئون سەككىزىنچى قىسىم

# نوپۇس

# ئون سەككىزىنچى قىسىم

# نوپۇس

## I باب

## نوپۇس ئۆزگىرىشى

### § 1. ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1907 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسىدە 517 ئائىلە، 4925 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2580، ئايال 2345 ئىدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقانلىقتىن، نوپۇسى كۆپىيىپ، ئومۇمىي ئائىلە 2646 گە، نوپۇس 17 مىڭ 946 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە 1406 ئائىلە، 11 مىڭ 716 ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 6417، ئايال 5299 ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نوپۇس تەكشۈرگەندە، ناھىيە بويىچە 1981 ئائىلە، 11 مىڭ 868 ئادەم بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 6500، ئايال 5368 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 2857 ئائىلە، 12 مىڭ 545 ئادەم بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 6871، ئايال 5674 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

1964 - يىلى مەملىكەت بويىچە 2 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە لوپنۇر ناھىيىسىدە 4829 ئائىلە، 14 مىڭ 190 ئادەم بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 7235، ئايال 6955 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا). دېمەك، بۇ ناھىيىنىڭ نوپۇسى 1964 - يىلى 1953 - يىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى.

1982 - يىلى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە لوپنۇر ناھىيىسىدە 8387 ئائىلە، 31 مىڭ 31 ئادەم (بىڭتۇەن نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) بارلىقى،

بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 16 مىڭ 124، ئايال 14 مىڭ 907 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئائىلە 8308 گە، نوپۇس 31 مىڭ 753 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 16 مىڭ 541، ئايال 15 مىڭ 212. بۇنىڭغا بىڭتۈەننىڭ 41 مىڭ 808 نوپۇسىنى قوشقاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 73 مىڭ 561 گە يەتتى.

## § 2. نوپۇسنىڭ كۆچۈشى

### 1. نوپۇسنىڭ ئېقىپ كىرىشى

ناھىيە تەۋەسىدە قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئىنسانلار پائالىيەت قىلىپ كەلگەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا لوپنۇرلۇقلار، قورۇقتاغلىقلار ياشىغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 - يىلى) خەن سۇلالىسى لەشكەر ئەۋەتىپ لوپنۇردا بوز يەر ئاچقۇزدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 64 - يىلى) ھۇنلار كۆپ قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ قاڭقىلىغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئەمىرلەشكىرى جېڭ جى شۇ يىلى كۈزدە قاڭقىللىقلارنى لوپنۇرغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678 - يىلى) جۇڭغار قەبىلىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، ئاقسۇ دولان دەرياسى بويىدا ياشايدىغان دولانلاردىن 2000 نەچچە ئائىلە تارىم دەرياسىنى بويلاپ كىچىك لوپنۇر رايونىغا كۆچۈپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) كورلا دولانلىرىنىڭ بېگى توقتو 400 نەچچە ئائىلىلىك ئادەمنى باشلاپ كىچىك لوپنۇرغا كۆچۈپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملىشىشقا باشلىدى، تۇرپان، توقسۇنلاردىن لوپنۇرغا كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپەيدى، بۇ يەردە ھازىرمۇ «تۇرپان جاڭزىسى» دېگەن يەر نامى بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11 - يىلى (1885 - يىلى) دونال ئىسىملىك موڭغۇل 1000 دىن كۆپرەك كىشىنى باشلاپ تىكەنلىكنىڭ شەرقى قىسمىدىكى دونالغا كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى (1890 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىگېنقىردا نەپىقە - دالالەت ئىدارىسى قۇرۇپ، 1200 ئۇيغۇر ئائىلىسىنى، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن 200 سودىگەر ئائىلىسىنى بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە جەلب قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىڭخەينىڭ خېخۇاڭ دېگەن يېرىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن 8000 دىن كۆپرەك كىشىنى ئىگېنقىر بىلەن دورال ئارىسىدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى.

مۇشۇ مەزگىلدىن مىنگو دەۋرىگىچە يەنە بۈگۈرلۈك، شايارلىق، كورلىلىقلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ ناھىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ كېلىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى بىر تۈركۈم كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار لوپنۇر ناھىيىسىگە كەلدى.

1956 - يىلى مەركەز ئورگانلىرى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملىغاندا نەچچە ئون كادىر بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە لوپنۇرغا كەلدى.

1959 - يىل 4 - ئايدىن 1960 - يىلغىچە خۇبېي، جياڭسۇ، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن 631 ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن لوپنۇرغا كەلدى.

1960 - يىلدىن بۇيان سىچۇەن، جياڭسۇ، شەندۇڭ، خېنەن، ئەنخۇي، گەنسۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشى ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كەلدى. 1985 - يىلى يېزىدىكى خەنزۇلار نوپۇسى 7300 دىن ئاشتى، بۇنىڭ 76 پىرسەنتى ئۆزى ئېقىپ كەلگەنلەر.

## 2. نوپۇسنىڭ چىقىپ كېتىشى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دىجيې 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى) قاڭقىل پادىشاھى ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، خەن سۇلالىسى ياندىش بەگ جېڭ جى ۋە چېرىكچى سىماشىنى چېرىكلەرنى باشلاپ لوپنۇرغا بېرىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش - تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، جېڭ جى بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكلەرنى ئاساس قىلىپ ھەم «شەھەر دۆلەتلىرى» دىن 10 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قاڭقىللارنىڭ يارغول شەھىرىنى ئالدى. كېيىنكى يىلى يەنە چېرىك چىقىرىپ قاڭقىللارنىڭ تاش قەلئەسىنى ئالدى، قاڭقىل لەشكەرلىرى مەغلۇب بولۇپ، خەن سۇلالىسى چېرىكلىرىگە تەسلىم بولدى، جېڭ جى 300 چېرىكنى لوپنۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قالدۇرۇپ، قالغان چېرىكلەرنى باشلاپ قاڭقىلغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەتتى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 69 - يىلى) خەن سۇلالىسى لوپنۇر ۋە بۈگۈردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى چېرىكلەرنى يەكەن رايونىغا يۆتكىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 1 - يىلى (1723 - يىلى) 45 يىل مۇقەددەم ئاقسۇدىن كۆچۈپ كەلگەن 1000 دىن كۆپرەك دولان جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي، يەنە ئاقسۇغا كۆچۈپ كەتتى، ئۇلاردىن ئاران 600 نەچچە كىشى قېلىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 23 يىل ئىلگىرى كۆچۈپ كەلگەن تۇقتۇ قوۋمىدىكى 300 نەچچە كىشىنى يەنە كورلىغا كۆچۈرۈۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 2 - يىلى (1852 - يىلى) لوپنۇردا چاشقان ۋاباسى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن لوپنۇرلۇق ئۆلۈپ كەتتى، بىر قىسمى غەربتىكى لوپقا كۆچۈپ كەتتى، كۆپ قىسمى قوشنا ناھىيىلەرگە قېچىپ كەتتى، بۇ جايدا بىر نەچچە ئون ئائىلىلا قالدى. گۇاڭشۈ 13 - يىلى (1886 - يىلى) غا كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدە 74 لا ئائىلە قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 - يىلى (1896 - يىلى) ئېگىنقىر بىلەن دۆرال ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خېخۋاڭلىق قوزغىلاڭچى خويزۇلار، گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى) غا كەلگەندە قۇرغاقچىلىق، سۇ قىس بولۇش ۋەجىدىن ئارقا - ئارقىدىن قارا شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى.

مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) غىچە تارىم دەرياسى ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن سۇغىرىشقا كېرەكلىك سۇ بولمىغاچقا، ناھىيە بويىچە 980 ئائىلە 8000 دىن كۆپرەك ئادەم يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان بولدى، خىزمەتتىن يۆتكىلىش، يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىش، ئىشچىلىققا، كادىرلىققا قوبۇل قىلىنىش سەۋەبىدىن لوپنۇردىن ئايرىلغانلارنى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش سەۋەبىدىن ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، لوپنۇردىن چىقىپ كەتكەنلەر ئىنتايىن ئاز.

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان نوپۇسقا دائىر مەلۇمات

18 ـ قىسىم 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇس | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | بازاردىكىسى | يېزىدىكىسى |
| 1949 | 1406 | 11716 | 6417 | 5299 | 1123 | 10593 |
| 1950 | 1981 | 11868 | 6500 | 5368 | 1176 | 10692 |
| 1951 | 2007 | 12046 | 6598 | 5448 | 1229 | 10817 |
| 1952 | 2398 | 11275 | 5723 | 5552 | 1304 | 10971 |
| 1953 | 2857 | 12545 | 6871 | 5674 | 1335 | 11210 |
| 1954 | 2857 | 13381 | 7307 | 6074 | 1354 | 12027 |
| 1955 | 2981 | 13488 | 7351 | 6137 | 1350 | 12138 |
| 1956 | 3015 | 14151 | 7728 | 6423 | 1538 | 12613 |
| 1957 | 4430 | 14906 | 7837 | 7069 | 1969 | 12937 |
| 1958 | 6501 | 15627 | 8439 | 7188 | 2407 | 13220 |
| 1959 | 6981 | 18302 | 9700 | 8602 | 2339 | 15963 |
| 1960 | 4963 | 16031 | 8496 | 7535 | 3017 | 13014 |
| 1961 | 4766 | 14890 | 7892 | 6998 | 3105 | 11785 |
| 1962 | 4939 | 15324 | 8122 | 7202 | 2624 | 12700 |
| 1963 | 4591 | 15262 | 7998 | 7264 | 2431 | 12831 |
| 1964 | 4829 | 15690 | 8335 | 7355 | 2041 | 13289 |
| 1965 | 5005 | 16156 | 8742 | 7414 | 2525 | 13631 |
| 1966 | 5059 | 16409 | 9020 | 7389 | 2576 | 13833 |
| 1967 | 6076 | 16409 | 9020 | 7389 | 2576 | 13833 |
| 1968 | 5937 | 17021 | 9890 | 7131 | 2736 | 14285 |
| 1969 | 6349 | 19134 | 10097 | 9037 | 2994 | 16140 |
| 1970 | 6660 | 21126 | 11218 | 9908 | 2126 | 19000 |
| 1971 | 6694 | 21621 | 11670 | 9951 | 2130 | 19491 |
| 1972 | 6254 | 22300 | 12170 | 10130 | 2142 | 20158 |
| 1973 | 6247 | 23561 | 12443 | 11118 | 2160 | 21401 |
| 1974 | 7428 | 24191 | 12816 | 11375 | 3817 | 20374 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 7078 | 24535 | 12963 | 11572 | 4145 | 20390 |
| 1976 | 8440 | 26332 | 14080 | 12252 | 4415 | 21917 |
| 1977 | 7786 | 26993 | 14367 | 12626 | 4636 | 22357 |
| 1978 | 7784 | 27970 | 15048 | 12922 | 4808 | 23162 |
| 1979 | 7852 | 28810 | 14953 | 13857 | 5034 | 23776 |
| 1980 | 7952 | 29666 | 15546 | 14120 | 5375 | 24291 |
| 1981 | 8314 | 29399 | 15519 | 13880 | 5692 | 23707 |
| 1982 | 8387 | 31031 | 16124 | 14907 | 5712 | 25319 |
| 1983 | 8212 | 30518 | 15825 | 14693 | 6009 | 24509 |
| 1984 | 8100 | 31475 | 16548 | 14927 | 6174 | 25301 |
| 1985 | 8308 | 31753 | 16541 | 15212 | 6349 | 25404 |

# II باب

# نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقى

## 1§. بازار، يېزىلاردىكى تارقىلىشى

ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇس ئىچىدە يېزا نوپۇسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. 1949 - يىلى يېزا نوپۇسى 90.4%نى ئىگىلەيتتى. كېيىن بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بازار نوپۇسى ئاستا - ئاستا كۆپەيدى، 1985 - يىلغا كەلگەندە يېزا نوپۇسىنىڭ نىسبىتى 80%كە چۈشتى.

1949 - يىلى ئومۇمىي نوپۇس 11 مىڭ 716 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 10 مىڭ 593 بولۇپ، 90.4%نى ئىگىلىگەنىدى.

1953 - يىلى نوپۇس 12 مىڭ 545 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 11 مىڭ 210 بولۇپ، 89.35%نى ئىگىلىدى.

1964 - يىلى ئومۇمىي نوپۇس 15 مىڭ 690 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 13

مىڭ 289 بولۇپ، %7.84نى ئىگىلىدى.
1976 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇس 26 مىڭ 332 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 917 بولۇپ، %2.83نى ئىگىلىدى.
1982 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇس 31 مىڭ 31 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 319 بولۇپ، %6.81نى ئىگىلىدى.
1985 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇس 31 مىڭ 753كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 404 بولۇپ، %80نى ئىگىلىدى.

## 2 § . جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى

ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇس، ئاساسەن، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى بويلىرىغا تارقالغان. 1985 ـ يىلى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان تارىم يېزىسى ۋە دۆڭقوتان يېزىسى ھەم ئىككى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ نوپۇسى ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لوپنۇر بازىرى ۋە شىچېڭ، «ئىتتىپاق» يېزىلىرىنىڭ نوپۇسى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا تارقالغان بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 3 § . نوپۇسنىڭ زىچلىقى

### 1. بازار

50 ـ يىللاردا لوپنۇر بازىرىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. 1953ـ يىلدىكى 1335 بازار نوپۇسى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1350 ئادەم توغرا كەلدى.
ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر بازىرىنىڭ كۆلىمى بارا ـ بارا كېڭەيدى. 1985 ـ يىلى لوپنۇر بازىرىنىڭ كۆلىمى 4.18 كۋادرات كىلومېتىرغا، بازار نوپۇسى 6349 غا يەتتى، يەنى ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1519 ئادەم توغرا كەلدى.

### 2. يېزا

1985 ـ يىلى يېزا نوپۇسى 25 مىڭ404 بولۇپ، ئۇلار 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا تارقالغان، بۇنىڭغا ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىنىڭ بىر نەچچەتۈەن-مەيداندىكى 41 مىڭ 808 ئادەمنى قوشقاندا، ناھىيە يېزىلىرىدا ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1.23 ئادەم توغرا كېلىدۇ.
1985 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ نوپۇس زىچلىقى مۇنداق بولدى: ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە شىچېڭ يېزىسىدا 1.4 تىن، «ئىتتىپاق» يېزىسىدا 362.64 تىن؛ تارىم يېزىسىدا 3.24 تىن، دۆڭقوتان يېزىسىدا 0.34 تىن ئادەم توغرا كەلدى.

# Ⅲ باب

# نوپۇس قۇرۇلمىسى

## § 1. مىللەت قۇرۇلمىسى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى، خەنزۇلاردىن بىر قانچە ئون كىشىلا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى تارىم، شىڭپىڭ، دۆڭقوتان يېزىلىرى، خورجا، چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا تارقالغان، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋە «ئىتتىپاق» يېزىسىدىمۇ ئانچە - مۇنچە بار. خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «كۆنچى» دېھقانچىلىق مەيدانى، «ئىتتىپاق» يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىغا تارقالغان، تارىم، شىڭپىڭ يېزىلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىمۇ ئاز - تولا بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ بىر نەچچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانىدا خەنزۇلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

1953 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى 12 مىڭ 545 نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر 12 مىڭ 340 بولۇپ، %98.4نى ئىگىلەيتتى، بۇنىڭدىن باشقا 200 خەنزۇ، باشقا مىللەتلەردىن ئون نەچچىلا كىشى بار ئىدى.

1964 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق 15 مىڭ 690 نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر 13 مىڭ 758 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 87.7 پىرسەنتىنى؛ خەنزۇ 1802 بولۇپ، %11.5نى ئىگىلىدى؛ يەنە 113 خۇيزۇ، بىر موڭغۇل، يەتتە قازاق، تۆت جۇاڭزۇ، بىر مياۋزۇ، ئىككى شىبە، بىر چاۋشيەنزۇ، بىر قىرغىز بار ئىدى.

1982 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي نوپۇس 31 مىڭ 31 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 21 مىڭ 815 بولۇپ، %70.3نى، خەنزۇ 8145 بولۇپ، %26.25نى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس 31 مىڭ 753 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 22 مىڭ 665 بولۇپ، %71.4نى؛ خەنزۇ 9037 بولۇپ، %28.5نى ئىگىلىدى؛ باشقا مىللەت كىشىلىرى بەك ئاز ئىدى.

1988 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس 30 مىڭ 196 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 21 مىڭ 815 بولۇپ، %72.2نى؛ خەنزۇ 8145 بولۇپ، %26.9نى ئىگىلىدى؛ يەنە 141 خۇيزۇ، ئالتە موڭغۇل، 27 قازاق، 14 جۇاڭزۇ، تۆت مانجۇ، بىر شۈيزۇ، بىر داغۇر، ئۈچ تاتار، بىر شىبە، توققۇز ئۆزبېك، بىر قىرغىز بار ئىدى.

1958 - يىلى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ناھىيە تەۋەسىدە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى دەسلەپكى چاغدىكى 10 نەچچە مىڭدىن 1985 -

يىلى 41 مىڭ 808 گە يەتتى، تۆەن - مەيدان نوپۇسى ئىچىدە خەنزۇلار %99تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

1985 - يىلى يېزا، بازار نوپۇسىنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: شىڭپىڭ يېزىسىدىكى 6124 ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇر 3929 بولۇپ، %64.15نى، خەنزۇ 2169 بولۇپ، %35.4نى ئىگىلىدى. «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكى 3162 ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇر 295 بولۇپ، %9.32نى، خەنزۇ 2867 بولۇپ، %90.67نى ئىگىلىدى. تارىم يېزىسىدىكى 11 مىڭ 90 ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇر 8758 بولۇپ، %78.97نى، خەنزۇ 2332 بولۇپ، %21نى ئىگىلىدى. دۆڭقوتان يېزىسىدىكى 4211 ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇر 4182 بولۇپ، %99.3نى؛ خەنزۇ 29 بولۇپ، %0.68نى ئىگىلىدى. لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىكى 4826 بازار ئاھالىسى ئىچىدە ئۇيغۇر 2155 بولۇپ، %44.65نى؛ خەنزۇ 2604 بولۇپ، %53.96 نى ئىگىلىدى (يۇقىرىدىكىلەر ناھىيىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

## § 2. كەسىپ قۇرۇلمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 1 - يىلى بىر نەچچە 100 كىشى تىكەنلىك ئەتراپىدا دېھقانچىلىق قىلغان. گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) شىڭپىڭ چوڭ ئۆستەڭگە پۇتتۇرۇلگەندىن كېيىن، شىمالىي قىسىم رايوندا دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر لوپنۇر ناھىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىسى بولۇپ شەكىللەندى.

1952 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجتىمائىي سىنىپلار، تەبىقىلەرگە دائىر مەلۇماتىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 2398 ئائىلە، 12 مىڭ 275 ئادەم بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە پومېشچىك ئائىلىسى 46، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 443 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 1.92 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ باي دېھقان ئائىلىسى 113، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 1000 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 4.7 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.14 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسى 555، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 3536 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 23.14 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 28.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسى 1044، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 4289 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 43.54 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 34.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ ياللانما دېھقان ئائىلىسى 349، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 839 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 14.55 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.83 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ كونا ئەمەلدار ئائىلىسى 11، نوپۇسى 76 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 0.46 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ سودىگەر ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسى 280، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 2092 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 11.6 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، ناھىيە بويىچە 2857 ئائىلە، 12 مىڭ 545 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئائىلە 1983، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 8828 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 69.4 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70.37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ چارۋىچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 748، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 3017 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 26.2 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ قول ھۈنەرۋەن ۋە ئۇششاق سودىگەر ئائىلىسى 59، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 236؛ كادىر ۋە ئەركىن خىزمەتچى ئائىلىسى 76، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 464.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنى 3 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، ناھىيە بويىچە 8387 ئائىلە، 31 مىڭ 31 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئائىلە 4236، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 16 مىڭ 755 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 50.5 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 54.05 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 2628، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 8629 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 31.33 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 27.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسى 1088، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 4455 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 1297 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 14.35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ دۆلەت كارخانىلىرى، بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسى 435، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 1172 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 3.99 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 3. مەلۇمات قۇرۇلمىسى

1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، ناھىيىگە قاراشلىق 12 مىڭ 545 نوپۇس ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئادەم، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 23 ئادەم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىككى ئادەم، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 115 ئادەم، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 397 ئادەم، تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 3970 ئادەم بارلىقى مەلۇم بولدى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنى 3 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، ناھىيىگە قاراشلىق 31 مىڭ 31 نوپۇس ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم (ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇماتىغا ئىگىلەر 96، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 958، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 4393، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 8596 ئىكەنلىكى، 7793 ساۋاتسىز (12 ياشتىن يۇقىرى خەت تونۇمايدىغان ۋە ناھايىتى ئاز تونۇيدىغانلار) بارلىقى مەلۇم بولدى.

### لوپنۇر ناھىيىسىدىكى بازار نوپۇسى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نوپۇسنىڭ مەلۇمات سېلىشتۇرمىسى

18 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| مەلۇماتى | جەمئىي | بازاردىكىسى | | يېزىدىكىسى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئادەم سانى | % | ئادەم سانى | % |
| ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر (ئوقۇغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 96 | 75 | 78.1 | 21 | 21.9 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر | 958 | 869 | 90.7 | 89 | 9.3 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر | 4393 | 1291 | 29.4 | 3102 | 70.6 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر | 8596 | 1231 | 14.3 | 7365 | 85.7 |
| 12 ياشتىن يۇقىرى خەت تونۇمايدىغان ۋە ناھايىتى ئاز تونۇيدىغانلار | 7793 | 397 | 5.1 | 7396 | 94.9 |

1982 ـ يىلدىكى بازار نوپۇسى 5712 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 3466 بولۇپ، بازار نوپۇسىنىڭ 60.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 319 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 10 مىڭ 577 بولۇپ، يېزا نوپۇسىنىڭ 41.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بازاردىكى 12 ياشتىن يۇقىرى نوپۇسنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 6.95%، يېزىدىكى 12 ياشتىن يۇقىرى نوپۇسنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 29.2% بولدى.

## § 4. جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ناھىيىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئەر 2580، ئايال 2345 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 110:100 (ئايال 100 دەپ ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولغانىدى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ناھىيىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئەر 4619، ئايال 4008 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 115:100 بولدى.

1949 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 6417، ئايال 5299 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 121:100 بولدى.

1953 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 6871، ئايال 5674 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى 121:100 بولدى.

1964 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 8335، ئايال 7355 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 113.3:100 بولدى.

1970 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 11 مىڭ 218، ئايال 9908 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى 113.2:100 بولدى.

1976 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 14 مىڭ 80، ئايال 12 مىڭ 252 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 114.9:100 بولدى.

1982 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 16 مىڭ 124، ئايال 14 مىڭ 907 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 108:100 بولدى.

1985 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس ئىچىدە ئەر 16 مىڭ 541، ئايال 15 مىڭ 212 بولۇپ، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 108.7:100 بولدى.

# IV باب

# پىلانلىق تۇغۇت

لوپنۇر ناھىيىسىدە 1963 ـ يىلدىن باشلاپ ئاۋۋال خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق قىلىندى، ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇتقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمىدە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا ئاساسلىقى تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى تۇتتى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئىلاجىسىز توختاپ قالدى. 1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ خىزمەت يەنە پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. 1980 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (بۇ گۇرۇپپا كېيىن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى)، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى ھەم تۆت گۇڭشې (يېزا) دا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس ياردەمچى قويۇلدى، چوڭ ئەترەت (كەنت)، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (تەبىئىي كەنت) دە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس خادىم قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1985 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە خەنزۇ ياشلار ئارىسىدا كېچىكىپ توي قىلىش كەيپىياتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى 29.17% كە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى 9.52% كە يەتتى. ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1981 ـ يىلدىكى 14.02‰ تىن 13.04‰ كە چۈشتى. چۈچۈك بۇيا قىيامى زاۋۇتى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى ۋە 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن، 1985 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## § 1. تۇغۇت چەكلەش

لوپنۇر ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى 1966 ـ يىلى تېخى بىخ ھالىتىدە بولۇپ، ئەمما ئارىسىدىكى تەسىرى تولىمۇ ئاجىز ئىدى. 1981 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندىلا ئاندىن

پەيدىنپەي خېلى داغدۇغىلىق ئاممىۋى ھەرىكەت شەكىللەندى، شۇ يىلى ئىككى قارار كۇرس ئېچىلىپ، گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلىرى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېيى قىلىشنى قارار قىلدى، ھاكىم تۆردى تالىش قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يۇتكۇل ناھىيە خەلقىگە رادىئو نۇتقى سۆزلىدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىل4ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىملىق رادىئودىن پايدىلىنىپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا يازغان ئوچۇق خېتى»، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سى ۋە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار تىپلار تەشۋىق قىلىندى، گۇڭشېلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئاچتى. پىلانلىق تۇغۇت كۆز قارىشى ئاما ئارىسىدا پەيدىنپەي يىلتىز تارتىپ، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى شەرەپ دەپ بىلىشتەك يېڭى كەيپىيات شەكىللەندى، كۆپلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، دۆلەت كادىرلىرى، گۇڭشې (يېزا)، چوڭ ئەترەت (كەنت) كادىرلىرى پىلانلىق تۇغۇت باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

## 1. كېچىكىپ توي قىلىش

1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ 25 ياشتا، قىزلارنىڭ 23 ياشتا توي قىلىشى تەلەپ قىلىندى. پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى كىشىلەر كۆڭلىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكى، تەشكىللەش ئەمەلىيلەشكەنلىكى ئۈچۈن، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى. 1982 ـ يىلى خەنزۇ قىزلارنىڭ كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %71. 40 بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەل ئۆرلىدى، 1985 ـ يىلى خەنزۇ قىزلارنىڭ كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %17. 29، ناھىيە بويىچە قىزلارنىڭ كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %67. 12 بولدى.

## 2. كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش

1981 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسى يۇقۇرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، بازاردىكى بىر جۈپ خەنزۇ ئەر ـ خوتۇن بىرلا پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىر جۈپ خەنزۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككى پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ، كۆپ پەرزەنتلىك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشىغا مەدەت بېرىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1981 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىسىنى يەنى ئۇمۇرۋايەت «بىرلا پەرزەنت كۆرۈدىغان ئەر ـ خوتۇنلارنى مۇكاپاتلاش»، ئۇلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى، مۇكاپات پۇلى، يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىل 4 ـ

ئايىنىڭ 6 - كۈنى «لوپنۇر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى» ئاچتى، يىغىندا ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دوكلات بەردى، ئون ئىلغار كوللېكتىپ (ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى، ناھىيىلىك چۆچۈك بويا قىيامى زاۋۇتى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك2- ئوتتۇرا مەكتەپ، لوپنۇر يول ئاسراش ئوچاستكىسى، شىكپىڭ گۆڭشې شىپاخانىسى، «ئىتتىپاق» گۆڭشې 3 - چوڭ ئەترەت باشلانغۇچ مەكتىپى، «ئىتتىپاق» گۆڭشېسى، كۆكچۆەن چوڭ ئەترىتىنىڭ 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى)، 42 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە تۇغۇت يېشىدىكى 133 جۈپ ئەر - خوتۇن يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى ئالدى، خەنزۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 66.18%كە يەتتى، ناھىيە بازىرىدا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى تۈگىتىش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يىراق يېزىلارنىڭ ئايرىم جايلىرىدا، مەسىلەن «ئىتتىپاق» يېزىسى، خورجا چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا يەنىلا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر «يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى»غا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى:

1) بالىسى ئون ياشقا كىرگىچە ھەر يىلى 60 يۈەن بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پۇلى ياكى شۇنىڭغا باراۋەر كېلىدىغان نومۇر بېرىلدى ياكى تۇغقان ئانا بىر يىل دەم ئالدى (دۆلەت بەلگىلىگەن تۇغۇت دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دەم ئېلىش مەزگىلى ستاژىغا قوشۇپ ھېسابلاندى، ئىش ھەققى بۇرۇنقىدەك بېرىلىۋەردى، نومۇر بۇرۇنقىدەك خاتىرىلىنىۋەردى. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل چارىنىڭ خالىغان بىرىنى تاللىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئۇ شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئىدارە تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى.

2) يالغۇز پەرزەنتلەر يەسلىگە، بالىلار باغچىسىغا قوبۇل قىلىنىش، مەكتەپكە كىرىش، داۋالىنىشتا «تۆتتە ئېتىبار بېرىش» ۋە ئالاقىدار پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى.

3) ھەر ئىككىسى ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يالغۇز پەرزەنتى كېسەل بولۇپ قېلىپ، كۆتۈشكە توغرا كەلسە، دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئىدارىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن، دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ بالىغا قارىشىغا رۇخسەت قىلىندى، بالىغا قارىغان مەزگىلدە ئىش ھەققىنىڭ 90 پىرسەنتى بېرىلدى، بالىغا قارىغان ۋاقتى 45 كۈندىن ئېشىپ كەتمىسە، يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپات باھالاشقا تەسىر يەتمىدى.

4) يالغۇز پەرزەنتلەر يېزىغا چۈشمىسىمۇ بولىدىغان بولدى، ئىشچى، كادىر، ئوقۇغۇچى، ئەسكەر قوبۇل قىلغاندا ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئاۋۋال ئۇلار قوبۇل قىلىندى، خىزمەتكە تەقسىم قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا قېلىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېتىبار بېرىلدى.

5) ئاتا - ئانىسىنىڭ پېنسىيە پۇلى كۆپەيتىپ بېرىلدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ، يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى پېنسىيىگە چىققاندا پېنسىيە پۇلى 5% كۆپەيتىپ بېرىلدى (پېنسىيە پۇلى 100% بېرىلگەنلەرنىڭ كۆپەيتىپ بېرىلمىدى).

6) يېزىلاردىكى يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە تۆت كىشىلىك ئۆلچەملىك قالدۇرۇق يەر ۋە قالدۇرۇق چارۋا ھەم ئۆيلۈك يەر بېرىلدى؛ ئىشچى قوبۇل قىلغان ۋە سانائەت، قوشۇمچە كەسىپلەرگە ئادەم ئاجراتقاندا يالغۇز پەرزەنتلەرگە ئاۋۋال ئېتىبار بېرىلدى؛ يالغۇز پەرزەنتلەرگە

نورما ئاشلىقى چوڭلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بېرىلدى؛ يالغۇز پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسى گۇڭشې ئەزاسى بولسا، ياشىنىپ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى ھەم ھەر ئايدا ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى.

7) يالغۇز پەرزەنتلىك ئەر - خوتۇنلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ياكى بىر قېتىملا ماددىي (ياكى نەق پۇل) مۇكاپات بېرىلدى.

8) شەھەردە ئۆي تەقسىم قىلغاندا يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆي كۆلىمى ئىككى بالا ھېسابىدا ھېسابلاندى.

9) ئەر - خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى يالغۇز پەرزەنت بولسا، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىۋاستە تۇغقانلار دەپ قارىلىپ، بەلگىلەنگەن ئالاقىدار تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى.

## 3. تۇغۇت چەكلەش تېخنىكىسى

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 60 - يىللاردىلا ھامىلىنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈۋېتىش، تۇغۇت چەكلەش ھالقىسى سېلىش ۋە ئۇنى ئېلىۋېتىش، ئۇرۇق نەيچىسىنى بوغۇۋېتىش، تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇۋېتىش قاتارلىق تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولغانىدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شىڭپىڭ يېزىلىق شىپاخانا، تارىم يېزىلىق شىپاخانا، «ئىتتىپاق» يېزىلىق شىپاخانا ھەرخىل تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 63 ئايال تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، ناھىيە بويىچە يەنە 5170 ئادەم تۇغۇت چەكلەيدىغان باشقا تەدبىرلەرنى قوللاندى. تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %83كە يەتتى.

## § 2. بېجىرىم تۇغۇش، ئوبدان بېقىش

1953 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1956 - يىلى ناھىيە بازىرىدا ئورگان يەسلىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، بالىلارنى ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. 1979 - يىلى بالىلار سىنىپى بالىلارنى «بالىلار مائارىپ پروگراممىسى» بويىچە تەربىيىلەشنى يولغا قويدى.

1979 -، 1981 - يىللىرى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ناھىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى. 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ناھىيە بويىچە بوۋاقلاردا بولىدىغان قاتما كېسەللىكى يوقىتىلدى، كۆپ كۆرۈلىدىغان، دائىم ئۇچرايدىغان باشقا بالىلار كېسەللىرىمۇ پەيدىن-پەي ئازايدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، بوۋاقلارغا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى ئۇرۇلدى ھەم بوۋاقلارنىڭ سالامەتلىكىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلغاندىن

بوستان، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق تارماقلارغا ماسلىشىپ، بېجىرىم تۇغۇش، ئوبدان بېقىشقا دائىر خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلىدى. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا توي قىلىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى تەكشۈرۈش، ھامىلدار ئاياللارغا ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى تازىلىق، ئوزۇقلىنىش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى پەننىي بىلىملەرنى كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىشكە نۇقتىلىق مەسئۇل بولدى ھەمدە تۇغۇت مەزگىلى يېقىنلاشقاندا مۇھاپىزەت قىلىش، دوختۇرخانىدا تۇغدۇرۇش، تۇغقاندىن كېيىن يوقلاش، بوۋاقلارنى بېقىشقا يېتەكچىلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ناھىيە تەۋەسىدىكى رادىئودىن پايدىلىنىپ، بېجىرىم تۇغۇش، ئوبدان بېقىشقا دائىر پەننىي بىلىملەرنى قەرەلسىز تەشۋىق قىلىپ تۇردى.

**لوپنۇر ناھىيىسىگە قاراشلىق نوپۇسنىڭ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، تەبىئىي كۆپىيىش ئەھۋالى**

18 - قىسىم 3 - جەدۋەل

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس | تۇغۇلغىنى | | ئۆلگىنى | | نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئادەم سانى | تۇغۇلۇش نىسبىتى% | ئادەم سانى | ئۆلۈش نىسبىتى% | ئادەم سانى | كۆپىيىش نىسبىتى% |
| 1981 | 29399 | 615 | 20.9 | 179 | 6.08 | 432 | 14.8 |
| 1982 | 31031 | 719 | 23.2 | 121 | 3.89 | 530 | 17.1 |
| 1983 | 30518 | 610 | 19.98 | 102 | 3.34 | 508 | 16.6 |
| 1984 | 31475 | 454 | 14.4 | 80 | 2.54 | 374 | 11.8 |
| 1985 | 31753 | 585 | 18.4 | 165 | 5.2 | 420 | 13.2 |

**لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى**

18 - قىسىم 4 - جەدۋەل

| يىللار | خەنزۇلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى | | | يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار | | ئاياللارنىڭ كېچىكىپ توي قىلىشى | | | تۇغۇت چەكلىگەن تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۇغۇلغان ئادەم سانى | پىلان ئىچىدە تۇغۇش: ئادەم سانى | پىلان ئىچىدە تۇغۇش: % | ئەر - خوتۇن (جۈپ) | گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى% | ئادەم سانى | كېچىكىپ نىكاھلانغانلار سانى | كېچىكىپ نىكاھلىنىش نىسبىتى% | ئادەم سانى | % |
| 1981 | 214 | 68 | 31.7 | 21 | 9.33 | 37 | 16 | 43.3 | 1177 | 31.02 |
| 1982 | 255 | 174 | 68.2 | 50 | 27.7 | 130 | 77 | 59.2 | 1245 | 87.12 |
| 1983 | 211 | 96 | 45.5 | 97 | 36.09 | 58 | 34 | 58.6 | 1140 | 71.56 |
| 1984 | 151 | 130 | 86.1 | 112 | 47.8 | 405 | 336 | 82.9 | 1342 | 80.8 |
| 1985 | 136 | 90 | 66.2 | 113 | 6.09 | 300 | 262 | 87.3 | 5170 | 83.4 |

ئىزاھات: «يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار» دېگەن كاتەكچىدىكى سانلارنىڭ1985- يىلدىن ئىلگىرىكىسى خەنزۇلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ، 1985 - يىلدىكىسى سەككىز جۈپ ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئاياللارنىڭ كېچىكىپ توي قىلىشى» دېگەن كاتەكچىدىكى سانلارنىڭ 1984 - يىلدىن ئىلگىرىكىسى خەنزۇلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. 1984 ،، 1985 - يىللىرىدىكىسى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# قوشۇمچە

## 90 ياشتىن ئارتۇق ئۇمۇر كۆرگەنلەر

### نىياز ئىساق

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6 - يىلى (1867 - يىلى) تۇغۇلغان، 1960 - يىلى 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ 12 يېشىدىن باشلاپ ئۇششاق - چۈششەك ئوقەت قىلىپ، گۈلە (ئۆرۈك قېقى) ، ياڭاق، يېمىش جىگدە قاتارلىقلارنى ساتقان، كېيىن ئاشخانا ئاچقان، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى. 1958 - يىلى ياشىنىپ قالغاچقا، ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلغان ۋە باغ باققان. ئۇمۇربويى كىشىلەر بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىشقا ماھىر بولغان، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتقان، يېمەكلىكنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن.

### رەھمىتۇللا ناسىر ھاجى

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13 - يىلى (1874 - يىلى) تۇغۇلغان، 1982 - يىلى 108 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ياش چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى قېرىغىچە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلىشقا ۋە ئەمگەك قىلىشقا ئادەتلەنگەن، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ئىشتىياق باغلىغان، كۆپ دوست تۇتقان، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتقان ھەم ئۇمىدۋار بولغان، دائىم سۈت ئىچىپ تۇرغان، گۆشكە ئامراق بولۇپ، كۆكتاتنى ناھايىتى ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

### ئىبراھىم تىيىپ

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 5 - يىلى (1879 - يىلى) تۇغۇلغان. 1985 - يىلى 106 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، يەتتە ياشتىن 25 ياشقىچە كورلىدا دىنى مەكتەپتە ئوقۇغان، 25 يېشىدا توي قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن سەككىز مو يەر سېتىۋېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. تۇرمۇشى قىيىن بولغاچقا، ئاددىي تائاملار بىلەن ئوزۇقلانغان، بۇغداي نېنى، زاغرىنى كۆپ يېگەن، دائىم سۈت ئىچىشكە، گۆشنى ناھايىتى ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

### زورىخان ئابلا (ئىبراھىم تىيىپنىڭ ئايالى)

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ15- يىلى (1889 - يىلى) تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئېرىنىڭكىگە ئوخشاش. ھازىر 100 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، يەنىلا تىمەن تۇرۇۋاتىدۇ.

### سىيىت توختى

تارىم يېزىسىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 2 - يىلى (1863 - يىلى) تۇغۇلغان. 1966- يىلى 103 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەمگەكتىن زادىلا ئايرىلمىغان، بۇغداي نېنى، ئەبجەش نان يېيىشكە، سۈت ئىچىشكە، گۆش ۋە كۆكتاتنى ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

### ئوغۇلنىساخان مودۇل (سىيىت توختىنىڭ ئايالى)

تارىم يېزىسىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى) تۇغۇلغان. 1974-

يىلى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تۇرمۇش ئادىتى ئېرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

ئىبراھىم مەمەت

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ قاراقۇم كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 4 ـ يىلى (1854 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلى 130 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ يىلبويى قوي باققان، يايلاقتا يېتىپ ـ قوپقان، گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلغان. دائىم ئوتۇن كۆمۈرىنىڭ چوغىدا كۆمەچ پىشۇرۇپ يېگەن. كالا، قوي گۆشلىرى ۋە ياۋايى ھايۋان گۆشى (جەرەن، توشقان قاتارلىقلارنىڭ گۆشى)نى يەپ تۇرغان، گۆشنى كۆپ ھاللاردا ئوتتا ياكى سۇدا پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن، سۈت، قاغا جىگدە سېلىنغان ئوماچ ياكى سۈت بىلەن شوۋىگۇرۈچ قىلىپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

تاھىر ئابلا

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ18. يىلى (1892 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىسىدا ئېشەك ھەيدەپ سودىگەرلىك قىلغان، شېڭ شىسەي زامانىسىدا ساقچى ئىدارىسىدا ساقچى بولغان. 1950 ـ يىلى بۇگۇرگە بېرىپ سودىگەرلىك قىلغان، كېيىن يەنە لوپنۇرغا قايتىپ كەلگەن، 1985 ـ يىلى مەسچىت خىزمەتكارى بولغان، ئۆمۈربويى ئۆيلەنمىگەن.

توختى باقى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسىنىڭ تارىم كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1979 ـ يىلى 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت مال باققان، گۆشنى ئاساسىي ئوزۇق قىلغان.

باۋاقۇلى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 6 ـ يىلى (1875 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1975 ـ يىلى 100 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇزۇن ۋاقىت مال باققان. گۆشنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلغان.

بارات بۆزچى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسىنىڭ خادادۆڭ كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 12 ـ يىلى (1873 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلى 108 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ باپكار بولۇپ، قوشۇمچە ئۇزۇن ۋاقىت قوغۇن تېرىغان. يىل بويى سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، نانغا ئامراق ئىدى، ھەمىشە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ كىشىلەرگە ماتا توقۇپ بەرگەن، كۆپ ھاللاردا قەيەرگە بارسا شۇ يەردە قورساق تويغۇزۇپ يۈرگەن.

نامان ئەلى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسىنىڭ خادادۆڭ كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ10. يىلى (1884 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلى 100 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت مال باققان، گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن، ئوۋ ئوۋلاشقا خۇشتار ئىدى.

ئايخان سېلىمباقى

لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسىنىڭ خادادۆڭ كەنتىدىن، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ4. يىلى (1854 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1965 ـ يىلى 111 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت

تاغدا مال باققان، تاغدا يەر ئېچىپ كۆكتات تېرىپ يېگەن، گۆشنى ئاساسىي ئوزۇق قىلغان، ئۇماچ، شورپا، سۇيۇقئاشقا ئامراق ئىدى، دائىم كالا، ئۆچكە سۈتى ئىچىپ تۇرغان.

ئىمىن تىلەك

تارىم يېزىسىنىڭ تارىم كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1987 ـ يىلى 103 ياشقا كىردى، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت پىيادە يۈرۈپ مال باققان، ئوتلاقتا يېتىپ ـ قوپقان، گۆشكە ۋە سۈتتىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرگە ئامراق، يىلبويى جەرەن، بېلىق، توشقان قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ. قوي باققاندىن سىرت ئوۋچىلىق قىلىدۇ، باشقا ئىشلار بىلەن زادىلا كارى يوق، دائىم خۇشال ـ خورام يۈرىدۇ.

نەمەت موللا مەخلىك

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىڭپىڭ يېزىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى 91 ياشقا كىردى، يىل بويى دېھقانچىلىق قىلىدۇ، ئۇزاقتىن بېرى قارا ئاشلىقنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىپ كەلگەن، بۇغداي تامىقىنى بەك ئاز يەيدۇ، كۆكتاتنى تېخىمۇ ئاز ئىستېمال قىلىدۇ، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ.

خۇدابەردى تاھىر

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۇڭچېكە كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى 103 ياشقا كىردى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئوتلاقتا يېتىپ ـ قوپۇپ مال باققان، گۆش ۋە سۈتتىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدۇ، قوي باققاندىن سىرت جەرەن، توشقان ئوۋلايدۇ، بېلىق تۇتىدۇ، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلدى ھەم شۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا شۇجى بولدى، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ خۇشال يۈرىدۇ، ھازىر ياشىنىپ قالغاچقا ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

روزى تاھىر

خۇدا بەردى تاھىرنىڭ ئىنىسى، لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ تۇڭچېكە كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى 100 ياشقا كىردى، ئۇزاق ۋاقىت مال باققان.

ھەسەن يۈسۈپ

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 6 ـ يىلى (1880 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى 105 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئەسلى كورلىلىق بولۇپ، كېيىنچە لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ ناسىر دېگەن كىشىگە يىللىقچى بولغان، گۆش، سۈتتىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇق قىلغان، ئۇ خۇش مىجەز ئىدى.

تۇدىخان ناسىر

لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسىنىڭ داشى كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1987 ـ يىل 6 ـ ئايدا 103 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

سەيدۇللا ئىمام رەھمىتۇللا

لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 ـ يىلى (1879 ـ يىلى) تۇغۇلغان. 1982 ـ يىلى 103 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ گۆش ۋە سۈتتىن تەييارلانغان تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ئاساس قىلغان.

# ئون توققۇزىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

# ئون توققۇزىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

## I باب

## مىللەت

لوپنۇر ناھىيىسى — ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ھەر قايسى مىللەتلەر لوپنۇرنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى، ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇزاق مۇددەت بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باراۋەر بولۇش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدا، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» غان مىللەت مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى.

تارىختا لوپنۇردا تۇبۇتلەر، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار، موڭغۇللار ياشىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا چىڭخەيدىن بىر قىسىم خۇيزۇلار كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە يەنە باشقا جايلاردىن ئىنتايىن ئاز ساندا باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ كۆچۈپ كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكى جايلاردىن بىر تۈركۈم خەنزۇلار چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن لوپنۇرغا كەلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 13 مىللەت بار بولدى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 753 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 22 مىڭ 665 بولۇپ، %71.4نى؛ خەنزۇ 9037 بولۇپ، %28.5نى ئىگىلىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، جۇاڭزۇ، مانجۇ، شىبزۇ، داغۇر، شىبە، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىمۇ بار.

### § 1. ئۇيغۇرلار

#### 1. تەرەققىيات جەريانى

ناھىيە تەۋەسىدە قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئىنسانلار ياشىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا

مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈش جەريانىدا لوپنۇر، قارا شەھەر (يەنجى) ئەتراپلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە لوپنۇردا يەرلىك ئاھالە — لوپنۇرلۇقلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى ۋە يۇڭجېڭ يىللىرىدا ئىككى تۈركۈم ئاقسۇ دولانلىرى لوپنۇر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 2 - يىلى (1876 - يىلى) تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىن نەچچە يۈز ئائىلىلىك ئۇيغۇر كۆچۈپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى (1890- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىگىبىنقىردا نەپقە-دالالەت ئىدارىسى قۇرۇپ، 1200 ئائىلە ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۈگۈر، شايار، كورلىلاردىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن بۇ ناھىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلدى.

پۈتكۈل كۆچۈپ كىرىش تارىخىدا بەزىدە يېغىلىق، قۇرغاقچىلىــــق بولۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئادەملەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئومۇمەن كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىش ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، ئۇيغۇرلار نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى.

## 2. ئۆرپ - ئادەتلىرى

1) كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى     مىنگو دەۋرىدە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار كورلا، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن ماتا ۋە سېپتا توقۇلغان رەختلەرنى سېتىۋېلىپ كىيىم تىكىپ كىيەتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوي يۇڭىدىن توقۇلغان رەخت ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان رەختلەردىن كىيىم كىيەتتى. 30 -، 40 - يىللاردا قاتناشنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، زاۋۇتتا توقۇلغان رەختلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، باھاسى بەك قىممەت بولغاچقا، ئۇنى ئاز ساندىكى پۇلدارلارلا سېتىۋالالايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلاندى، ھەرخىل كىيىملىك رەخت كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. 50 - يىللاردا كىشىلەر كۆپىنچە زاۋۇتتا توقۇلغان ھەرخىل رەڭدىكى سىدام رەخت، تېرىكە ئىشلىتىدىغان بولدى، بولۇپمۇ چىبەرقۇت ھەممىدىن بەك قارشى ئېلىنىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەنىلا بىرقىسىم ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ماتادىن كىيىم تىكىپ كىيەتتى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە زاۋۇتتا توقۇلغان رەختلەر پەيدىنپەي كۆپەيدى، ماتا كىيىم - كېچەكلەر ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، سوكنو، يۇڭ رەخت، ئارىلاش تالالىق توقۇلما قاتارلىق ئېسىل رەختلەر بازار - يېزىلاردىكى ئائىلىلەرگە كىردى.

ئۇيغۇر بوۋايلار كۆپىنچە ئۇزۇن چاپان كىيىدۇ، چاپان قېنىق رەڭلىك رەختتىن تىكىلىدۇ. ياقىسى بولمايدۇ، كەڭ - ئازادە بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ، چاپان ئەستەرسىز، ئەستەرلىك، پاختىلىق دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ، ئۈچ تۈگمىسى بولىدۇ، چاپاننى كىيگەندىن كېيىن بەلگە قارا، كۆك ياكى قىزىل بەلباغ باغلىنىدۇ. بوۋايلار كەڭ ئاغلىق ئىشتان (تامبال) كىيىدۇ، ئىشتانبېغى توم يىپتىن ئېتىلىدۇ. 50 - يىللاردا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بوۋايلار قىشتا كۆپىنچە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق تۇماق كىيەتتى، يازدا دوپپا ياكى شاپاق دوپپا كىيەتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بوۋايلار كۆپىنچە قالپاق كىيەتتى. قىش ۋە ئەتىيازدا پۇتىغا مەسە كىيەتتى، پايپاق كىيمەي، پايتىما ئورايتتى، بايراقلىرى مەسىنىڭ سىرتىغا كالاچ كىيەتتى.

60 ـ يىللاردىن كېيىن ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتىغا پايتىما ئورىمايدىغان بولدى.

60 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ياشلىرى قىشتا قارا چىبەرقۇتتىن ياقىلىق كالتە چاپان، ئىچىگە ياقىلىق كۆڭلەك كىيەتتى، مۇنداق كۆينەكلەرنىڭ ياقىسىغا گۈل كەشتىلىنەتتى. 70 ـ يىللاردىن كېيىن كۆپىنچە ھەرخىل سوكنو (بولۇپمۇ دۇراپ) دىن كالتە چاپان، پەلتۇ كىيىدىغان، شۇنداقلا كۆپىنچىسى كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، شەپكە، كەپكە، بەتىنكە ۋە ئىچىگە كىگىز ياكى تېرە ئېلىنغان ئۆتۈك كىيىدىغان بولدى. 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئوغۇللار كىيىم ـ كېچەكنى سودا دۇكانلىرىدىن سېتىۋالىدىغان بولدى، ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك پاسونىمۇ ئۆزگەردى.

ياشانغان ئۇيغۇر ئاياللار، ئاساسەن، گۈللۈك كۆڭلەك ياكى جىلىتكە، گۈللۈك ئىشتان قاتارلىق ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىدۇ. ئوتتۇرا ياش، ياش ئاياللار 70 ـ يىللاردىن كېيىن يازدا ئۇزۇن يىپەك پايپاق، قىشتا يۇڭ ئىشتان، تىۋىتلىك ئىشتان كىيىدىغان بولدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن قىزلارمۇ كاستيۇم-يوپكا، ئىككى تەرىپىدە چېكى بار كۆڭلەك (چىپاۋ)، پۈتۈن كۆڭلەك، قاتلاق يوپكا كىيىدىغان بولدى، كۆپىنچىسى رەختنىڭ سۈپىتىگە قارايدىغان بولدى. قىش ۋە كۈزدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىپتا توقۇلغان يۇڭ پوپايكا، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ.

50 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاياللار دوپپا كىيەتتى، ئايرىملىرى ئاق ياكى قارا چۈمبەل ئارتىۋالاتتى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چۈمبەل ئارتىش ئادىتى يوقالدى، ئاياللار بېشىغا ئاق رومال، گىرىپ رومال، يۇڭ رومال سالىدىغان بولدى.

2) يېمەك ـ ئىچمەكى   ئۇيغۇرلار گۆش ئىستېمالىغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە قوش تۇياقلىق ۋە كۆشىگۈچى ھايۋانلارنىڭلا گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ (توم تۇياقلىق، كۆشىمەيدىغان ھايۋان — ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ)، ئۆي قۇشلىرى، ياۋايى قۇشلار ۋە بېلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ؛ چوشقا، ياۋا چوشقا ۋە قېنى ئاقمىغان ھەم ئىسلام دىنى قائىدىسىدە ھارام قىلىنغان باشقا ھايۋانات گۆشلىرىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار غىزالىنىش ۋاقتىدا ئاۋۋال تاماق شىرەسىنى كاڭغا ياكى كىگىز ئۈستىگە قويۇپ، شىرە ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىدۇ، تاماقنى ئۆرە تۇرۇپ، مېڭىپ يۈرۈپ ۋە تاماقنى كۆتۈرۈپ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار قوي، كالا گۆشلىرى ۋە سەۋزە، پىياز، چامغۇر، شوخلىغا ئامراق.

(1) شورپا   بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېسىل تامىقى، شورپا قوي گۆشىنى مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتا پارچىلاپ سۇدا پىشۇرۇش بىلەن تەييارلىنىدۇ، قازان قايناپ يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە يەنە سەۋزە ياكى چامغۇر سېلىنىدۇ، چوكا سانجىغاندا گۆشنى ئوڭايلا تېشىپ ئۆتسە، گۆش پىشقان بولىدۇ ۋە تەلەڭگىگە سۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئازراق تۇز چېچىپلا ئىستېمال قىلىنىدۇ، شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىلىدۇ ياكى ئۇگرە ئاش قىلىپ ئىچىلىدۇ.

(2) كاۋاپ ۋە تونۇر كاۋىپى   قوي گۆشى نېپىز توغرىلىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە تۇخۇم ئېقى ھەم كىراخمالدىن تەييارلانغان خۇرۇچقا مىلەنگەندىن كېيىن كاۋاپدانغا تىزىلىپ زىرە، لازا، تۇز چېچىلىدۇ، ئاستى ـ ئۈستىگە ئۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ، پىشىپ ساپسېرىق رەڭگە كىرگەندە يېيىلىدۇ.

تونۇر كاۋىپى ئەزىز مېھمانلارغا زىياپەت بەرگەندە قوي گۆشىنى پۈتۈن پېتى تونۇردا پىشۇرۇش بىلەن تەييارلىنىدۇ، مېھمانلار خالىغىنىچە كېسىپ يەيدۇ.

**(3) بېلىق كاۋىپى** دۆڭقوتان رايونىدا بېلىق كاۋىپى ئومۇملاشقان. بۇ جايدىكى چارۋىچىلار ئىچ قارنى ئېلىنىپ ۋە يۇيۇپ تازىلانغان بېلىقنى يۇلغۇن ياكى توغراق ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ، ئازراق زىرە، لازا ۋە تۇز چېچىپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدۇ، مۇنداق بېلىق كاۋىپى بەكمۇ تەملىك بولىدۇ.

**(4) ھېسىپ** گورۇچ، مەيدىلەنگەن گۆش ۋە سەۋزە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەم مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ يېغى سېلىنىپ، ئاندىن پاكىزە تازىلانغان قوي ئۈچەيى (ياغلىق ئۈچەي) گە قۇيۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن قازانغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ (كۆپىنچە باشقا زاسۇيلەرگە قوشۇپ پىشۇرۇلىدۇ)، پىشقاندىن كېيىن توغراپ يېيىلىدۇ.

**(5) ئۆپكە** قوينىڭ ئۆپكىسى سۇ بىلەن پاكىزە قانسىزلىتىلىدۇ، ئاندىن بۇغداي ئۇنى شىرنىسى (ھەرخىل تەم خورۇچ ۋە سۇ يېغى سېلىنىدۇ) ئۆپكە ئىچىگە قۇيۇلىدۇ، قۇيۇش جەريانىدا ئۇن شىرنىسىنىڭ سۈيى ئۆپكە تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىپ، كراخمالى ئۆپكە ئىچىدە قالىدۇ، ئۆپكە تويغاندىن كېيىن قازانغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ ۋە پىشقاندىن كېيىن قىزىق پېتى توغراپ يېيىلىدۇ.

**(6) چاي** ئۇيغۇرلار چاي ئىچىشكە ئامراق، شۇڭا ئۇلاردا «چايسىز كۈن ئۆتكۈزمەك تەس» دەيدىغان گەپ بار، ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆپىنچە ئائىلىلەر قايناقسۇ قاينىتىپ چاي دەملەپ نان چىلاپ ناشتا قىلىدۇ. ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالسا چوقۇم قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۈتلۈك چاي ئىچىش ئادىتىمۇ بار.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىلەر قىشتا كۆپىنچە قايماق چاي ئىچىدۇ.

**(7) نان** ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىدە كۆپ ھاللاردا بىردىن تونۇر بولىدۇ، تونۇرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، ئاغزى كىچىك، ئاستى چوڭ بولۇپ، كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كۆپكە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاستىنقى قىسمىدا دۈتخانىسى بولىدۇ. ھەر قېتىم نان يېقىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئوتۇن بىلەن ئوت سېلىنىپ تونۇر قىزىتىلىدۇ، ئوتۇن تولۇق كۆيۈپ بولۇپ، ئىس تۈگىگەندە، تونۇر ئىچىدىكى چوغلار ئوتتۇرىغا دۆۋىلىنىدۇ ۋە تونۇرغا تۇز چېچىلىدۇ، تونۇرنىڭ ھارارىتى تەڭشەلگەندە نان يېقىلىدۇ. نان خېمىرى بۇغداي ئۇنى ياكى بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۇغۇرۇلىدۇ، بەزىدە پۈتۈنلەي قوناق ئۇنى بىلەن يۇغۇرىلىدۇ. سۈت، تۇخۇم، سۇ يېغى قوشۇپ يېپىلغان نان تېخىمۇ تەملىك، يۇمشاق بولىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىلەر دائىم كۆچۈپ يۈرىدىغان بولغاچقا، تونۇر كەمچىلرەك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا كۆمەچ كۆمۈپ يەيدۇ. كۆمەچ كۆمۈش ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال ئوتۇندا ئوت قالاپ چوغ ھاسىل قىلىنىدۇ، ئاندىن خېمىر چوغ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ، ئۈستى كۈل بىلەن كۆمۈلىدۇ، 25 — 30 مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ئېلىپ، سىرتىدىكى كۈل - توزانلار سۈرتىۋېتىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**(8) باشقىلار** لەغمەن، پولۇ، چۆچۈرە، سۇيۇقئاش، ئۈماچ (قوناق ئۇنى ئۈمىچى، بەزىدە ئۈماچقا گۆش، سەۋزە، قاغا جىگدە سېلىنىدۇ)، ساڭزا، قېيىقچە، زاڭ، ھالۋا، بوسو، گۆش نان، پېتىر مانتا، ھورنان، يوتازا قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىكلەردۇر.

**3) تۇرالغۇ ئۆيلىرى** ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆيلىرى كۆپىنچە كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئورنى ئېگىز يەرگە سېلىنىدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئادەتتە شىمال ياكى جەنۇب تەرەپكە قارايدۇ، تامنىڭ ئۇلىغا بەش - ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياۋا كەندىر

(لوپنۇر كەندىرى) شېغى ياكى قومۇش بېسىلىدۇ، ئاندىن كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئارقا تېمىدا دېرىزە بولمايدۇ (ياكى كىچىك روجەك قويۇلىدۇ)، ئالدى تامغىمۇ ناھايىتى كىچىك روجەك قويۇلىدۇ، كۆپ ساندىكى ئۆيلەرنىڭ بىرلا ئىشىكى بولىدۇ. ئۆي ئۆگزىسىگە تۈڭلۈك (بىرگەزچە چوڭلۇقتىكى روجەك) قويۇلىدۇ. تۈڭلۈكتىن ئۆيگە يورۇق چۈشىدۇ ۋە ئىسسىق كىرىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز بولىدۇ؛ ئۆيگە لىم ئىشلىتىلمەي، ئۈچ تاللا جەگە ئىشلىتىلىدۇ. جەگىلەرنىڭ ئۈستىگە ھەر 25 — 30 سانتىمېتىر ئارىلىققا بىر تالدىن ۋاسا قويۇلىدۇ، ئۈستى قومۇش بىلەن يېپىلىدۇ، ئاندىن تامدىن تارتىپ ئۆي تورۇسىغىچە پۈتۈنلەي سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. بۇ جايدا ھۆل - يېغىن ئازراق ياغىدىغان بولغاچقا، ئۆي ئۆگزىسىگە يامغۇر، قار سۈيى چۈشۈرۈۋېتىلىدىغان نور قويۇلمايدۇ. ئۆي ئۆگزىسىدىن ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

ھەربىر ئېغىز ئۆينىڭ كۆلىمى ئادەتتە 20 كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ، ئۆينىڭ ئارقا تېمى تەرەپتە ئىككى مېتىرچە كەڭلىكتە كاڭ بولىدۇ، كاڭ ئۆي كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ئاتا - ئانا ۋە بالىلار ياتىدىغان جاي بولۇپ، ئۇنىڭغا كىگىز ياكى پالاس سېلىنىدۇ، كاڭ بېشىغا ئوچاق سېلىنىدۇ، ئوچاق كاڭ يوللىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، قىش ۋە باش ئەتىيازدا مۇشۇ ئوچاقتا تاماق ئېتىلىدۇ. تاماق يېگەندە تاماق شىرەسى كاڭغا قويۇلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ. باشقا پەسىللەردە ئوچاققا ئوت يېقىلمايدۇ، شۇڭا كاڭ سالقىن بولىدۇ.

70 - يىللاردىن كېيىن يېزىلاردىكى ھاللىقراق دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ناھىيە ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان كادىرلار سالغان شەخسىي ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، چوڭ ئىشىكى ئوتتۇرىدىكى دەھلىزگە قويۇلغان، ئاندىن دەھلىزنىڭ سول، ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چوڭ ئۆي جايلاشتۇرۇلغان، چوڭ ئۆيلەرنىڭ ھەربىرى تەخمىنەن 20 كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئارقا تام تەرىپىگە پۈتۈنلەي كاڭ ياسالغان، ئىككى ئېغىز چوڭ ئۆينىڭ بىرى ھوجرا، بىرى مېھمانخانا بولۇپ، كۆپىنچە شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ تاماق يېيىشى ۋە يېتىپ قوپۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۇلىغا زەيلىشىپ ۋە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا ئۇل ياغىچى (كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 30 — 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى دانە چاسا توغراق ياغىچى) يانمۇ يان جۈپلەپ قويۇلىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونلىرى (ئاساسلىقى، دۆڭقوتان رايونى) دىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى تۆت تېمى ۋە ئۆگزىسى پۈتۈنلەي دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىرچە كېلىدىغان توغراق ياغىچى تىزىلىپ، ئاندىن سامانلىق لاي بىلەن سىرتىنى سۇۋاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 80 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، بازار، يېزا ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسۇن، يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە ئۆي ماتېرىياللىرى ئىشلىتىشتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، بازار ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار ئۆينى كۆپىنچە ئۇلىغا تاش قويۇپ، تامنى خىش بىلەن قوپۇرۇپ، بىتون بادرا سېلىپ، بادرا ئۈستىگە قومۇش سېلىپ، ئاندىن بىرىكمە لاي بىلەن سۇۋاپ، ئۆگزىنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا نور ئورنىتىپ سالىدىغان بولدى. ئۈستىگە كاۋاك بىتون تاختا ياكى ئوقۇرسىمان بىتون تاختا سېلىنىپ سېمونت لاي بىلەن سۇۋاپ سېلىنىدىغان ئۆيلەرمۇ خېلى كۆپ. يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوزۇنچاق ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدى تېمىغا بىردىن چوڭ دېرىزە، ئارقا تېمىغا پەنجىرە قويۇلغان، ئۆي ئىچىگە خىش ياتقۇزۇلغان (بەزى ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا سېمونت لاي ياكى

بىلەنمە تاش ياتقۇزۇلغان)، تاملىرى سېمونت لاي بىلەن سۇۋالغان، بەزىلىرىنىڭ تورۇسى سېمونت لاي بىلەن سۇۋالغان، بەزىلىرىگە قەغەز پەنەركە ئىشلىتىلگەن. يېزا ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش چوڭ بولدى، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلانغانلىقى ۋە سىرتتىن كىرگەن بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا ھۆل - يېغىنىنىڭ كۆپەيگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۆي قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگىرىپ باردى، ئىمارەت شەكلى چاسا كېسەك ئۆيلەردىن خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۇزۇنچاق شەكىلگە ئۆزگەردى (ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا كۆپىنچە بەش - يەتتە قاتار خىش بېسىلىدىغان بولدى)، شەرت - شارائىتى ياخشىراق كىشىلەر ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە ئوچۇق كارىدور چىقىرىدىغان بولدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى تامغا چوڭ دېرىزە، ئارقا تامغا پەنجىرە قويۇلىدۇ، تاملىرى سېمونت لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ، ئاستىغا خىش ياتقۇزۇلىدۇ. خېلى بىر قىسىم دېھقانلار ئۆيلىرىنىڭ تورۇسىنى قەغەز بىلەن خۇيلايدۇ. ئۆي ئۆگزىسىنىڭ ئالدى، ئارقا تەرەپلىرىگە يامغۇر سۈيى چۈشىدىغان نور ئورنىتىدۇ. ئۆي ئىچىگە كاڭ سالىدۇ، تۆمۈر كارىۋات ياكى ياغاچ كارىۋات قويىدۇ.

بازار ياكى يېزا ئۆيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ھويلا تېمى بولىدۇ، ھويلا دەرۋازىسىدىن تۆت - ئالتە مېتىر يىراقلىقتا بىر رەت ئۈزۈم تېلى بولىدۇ، ئۈزۈم تاللىرى بىدىش ئارقىلىق ئۆي ئۆگزىسىگە ياماشتۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت ھويلىدا كۆپىنچە نەشپۈت، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك دەرەخلىرى ۋە گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلىدۇ. ھويلا تېمىنىڭ ئىككى يېقىغا كۆپىنچە تېرەك، سۆگەت قويۇلىدۇ، ئەتىيازدا گۈللەر ئېچىلىپ، دەل - دەرەخلەر كۆكىرىپ كېتىدۇ، يازدا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، كۈزدە مېۋىلەر مەي باغلاپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

4) ھېيت - ئايەملىرى     قۇربان ھېيت، روزا ھېيت، بارات (تۈنەك) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ھېيت - ئايىمى ھېسابلىنىدۇ.

(1) بارات (تۈنەك)     ھىجرىيە كالىندارى بويىچە بارات ئېيىدا يەنى روزا ھېيتتىن 15 كۈن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما تۈنجى ئايەم ئۆتكۈزىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ھەممە كىشى تۈنەپ چىقىدۇ، ياشلار بىر جايغا توپلىشىپ ئويۇن - تاماشا قىلىدۇ، ياشانغانلار يىغىلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدۇ.

(2) روزا ھېيت     ھەر يىلى ھىجرىيە 9 - ئايدا مۇسۇلمانلار بىر ئاي روزا تۇتىدۇ، روزا ۋاقتى توشقان كۈنى روزا ھېيت بولىدۇ. روزا ھېيت ئۆتكۈزگەندە ھەممە ئائىلە ساڭزا، قۇيماق سالىدۇ ۋە باشقا تورتلارنى پىشۇرىدۇ. روزا ھېيت كۈنى ئەرلەر ئەتىگەندە مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ، ئاندىن قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئۆز ئارا پەتىلىشىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەر ئامىمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەتىلەيدۇ.

(3) قۇربان ھېيت     قۇربان ھېيت مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ھېيتى، بۇ كۈندە ھەرخىل يېمەكلىكلەر تەييارلانغاندىن سىرت، قوي ئۆلتۈرۈلۈپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇربان ھېيت روزا ھېيتقا قارىغاندا ئۇزاقراق داۋاملىشىدۇ ھەم كۆلىمى چوڭ بولىدۇ. قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ئەرلەر مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ، ئاندىن قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. پەتىلەش ھېيت كۈنى چۈشتىن كېيىن باشلىنىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەر ئامىمىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەيدۇ، ئۇلار بارغانلا يەردە ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر

بولىدۇ.

5) توي - تۆكۆن ئىشلىرى مىنگو دەۋرىدە ئوغۇل - قىزلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرى ئومۇمەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئىلكىدە بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «نىكاھ قانۇنى» نىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئەركىن مۇھەببەتلىشىش، نىكاھتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولغا قويۇلدى. لېكىن نىكاھلىنىش، توي - تۆكۆن ئىشلىرىدا ئەلچى ئەۋەتىش، چاي ئىچكۈزۈش ۋە توي قىلىشتىكى بەزى ئالاھىدە مۇراسىملار ساقلاپ قېلىندى.

(1) ئەلچى ئەۋەتىش ئۇيغۇر ياشلارنىڭنىكاھلىنىش ئىشىدا ئوغۇل - قىزنىڭ مۇناسىۋىتى بېكىتىلىپ بولغان ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا- ئانىلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنى ياكى دوست - بۇرادىرىنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن توي ئىشى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توغرا تاپسا كونكرېت تەلەپ قويىدۇ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىسى قىز تەرەپنىڭ تەلىپىنى ئوغۇل تەرەپكە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىسى قىز تەرەپكە سوۋغات ئاپىرىپ بېرىدۇ. سوۋغاتنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىلىدۇ، يەنى قوي ياكى بىر-ئەر خىش چاي ۋە بىر نەچچە بولاق چاقماق قەنت سوۋغا قىلىنىدۇ. قىز تەرەپ سوۋغىنى قايتۇرۇۋەتمىسىلا، كېيىنكى قەدەمدە ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاتناشقان چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمى (قۇدىلىشىش چېيىمۇ دېيىلىدۇ) ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئوغۇل تەرەپنىڭ چاي ئىچكۈزۈش چېيى خېلىداغدۇغىلىق بولىدۇ. چايدا ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا- ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆز ئارا تونۇشىدۇ، ئاندىن توي كۈنى بېكىتىلىدۇ ھەم ئوغۇل تەرەپ قىزغا ئالىدىغان تويلۇق ۋە قىز تەرەپكە توي ئۈچۈن بېرىدىغان ئاش سۈيى بېكىتىلىدۇ. چاي ئىچكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل بىلەن قىز شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتكە بېرىپ توي خېتى ئالسا بولىدۇ.

(2) توي ئۇيغۇرلارنىڭ تويى ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە بىر كۈندە بولىدۇ، ئىككى تەرەپ تويغا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىدۇ. تويدا مېھمانلارغا ئاۋۋال نان بىلەن چاي بېرىلىدۇ، ئاندىن پولۇ ياكى شورپا تارتىلىدۇ، توي ھەم ئاددىي، ھەم تېجەشلىك بولىدۇ.

تويغا ئەر - خوتۇن بىللە كەلسە، خوتۇن كىشى داستىخانغا بىر نەچچە نان، بىر نەچچە بولاق چاقماق قەنت ياكى ئازراق رەخت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئەر كىشى يالغۇز كەلسە ھېچقانداق سوۋغات ئەكەلمەيدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، بازاردىكى ئۇيغۇرلار توي قىلسا، ئورگانلاردىكى ئىشداشلىرىنىمۇ چاقىرىدىغان بولدى، تويغا چاقىرىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل چىقىرىشىپ ئەسقاتىدىغان ھەم خاتىرە بولغىدەك سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىككى تەرەپ تويىنى ئادەتتە چۈش ۋاقتىغا توغرىلاپ ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇل تەرەپ كۈيئوغۇل باشچىلىقىدا توي كۆچۈرگۈچىلەرنى قىز تەرەپكە قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ كۈيئوغۇل ۋە قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن بارلىق مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ. ئاندىن ئاللىقاچان چىرايلىق ياسىنىپ تەييار بولغان قىز ۋە ئۇنىڭ قولداشنى ئوغۇل تەرەپكە ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇلار ھارۋا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 80 - يىللارغا كەلگەندە بازاردا توي بولسا، كۆپىنچە قىز كۆچۈرگەندە ئاپتوموبىل ئىشلىتىلىدىغان بولدى. چەت - ياقىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا كۆپىنچە ئات ھارۋىسى ۋە تراكتور ئىشلىتىلىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر

ساز چېلىنىپ، تويىنى بەكمۇ قىزىتىۋېتىدۇ. قىز كۆچۈرۈش سەپىرىدە كىشىلەر ئارغامچا ياكى باشقا ۋاستىلار بىلەن يول توسۇسا، يىگىت تەرەپ يول توسۇغانلارغا سوۋغات بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولنى ئېچىۋېتىدۇ.

بازار - يېزىلاردا قىز كۆچۈرگەندە ئەنئەنىۋى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، يەنى بىرەر موللا قىزنىڭ ئۆيىدە ئاۋۋال دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، ئاندىن قىز ۋە ئوغۇلدىن نىكاھلىنىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئوغۇل ئالدىم دەپ قىز تەگدىم دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئوغۇل بىلەن قىزغا تۇزغا چىلانغان بىر پارچىدىن نان يېگۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇزنى ئۇلۇغلايدۇ. شۇڭا خالايىق ئالدىدا تۇزغا چىلانغان نانني يېگەنلىك نىكاھنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئىناق ئۆتىمىز دېگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ تاماقتىن كېيىن ئۆيىدە تويىنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قىز تەرەپتىن ئىككى - ئۈچ كىشى ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىززەتلىشىپ تورۇۋدىغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئوغۇل تەرەپكە سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ بېرىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي تولۇق ئاياغلاشقان بولىدۇ.

6) قىرقى       ھامىلدار ئايال تۇغۇشقا تۆت - بەش كۈن قالغاندا، ئېرى خوتۇنىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. كېلىن تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، قېيىنئانىسى نەۋرىسىگە ئاتاپ كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە تەييارلاپ يوقلاپ بارىدۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن قېيىنئاتىسى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ يوقلاپ بارىدۇ. 40 كۈن بولغاندا قېيىنئانىسى سوۋغا-سالام ئېلىپ بېرىپ، قۇدىسىنىڭ كېلىن ۋە نەۋرىسىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ ھەم كېلىنى بىلەن نەۋرىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

7) ئۆلۈم ئۇزىتىش       ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئاۋۋال ئاق رەخت بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكى قوشۇلىدۇ، ئىككى پۇتىنىڭ باش بارماقلىرى بىر-بىرىگە چېتىلىدۇ، ئاندىن يۇيۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن مېيىت شۇ كىشى جان ئۈزگەن ئۆيدە قۇرۇق قۇم ئۈستىگە قويۇپ قويۇلىدۇ.

مېيىتنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال بىر ئازگال قېزىلىپ، ئۈستىگە تاختاي قويۇلىدۇ، ئاندىن مېيىت تاختاي ئۈستىگە ئېلىنىپ يۇيۇلىدۇ.

مېيىت يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ، مەرھۇم ئەر بولسا، ئۈچ قات، ئايال بولسا، بەش قات كېپەنلىنىدۇ، ئاندىن مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىدۇ. مېيىتنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەرھۇم ئەر بولسا تاۋۇتنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر دوپپا، ئايال بولسا بىر رومال قويۇپ قويۇلىدۇ.

مېيىت تاۋۇتقا سېلىنغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم قولۇم - قوشنىلىرى مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەرھۇمنىڭ بىرەر تۇغقىنى قولىغا قۇرئان ئېلىپ، نامازغا داخىل بولغان ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى قۇرئاننى سۇنىدۇ ھەم «بەردىم» دەيدۇ. قارشى تەرەپ دەرھاللا «ئالدىم» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇنداق قىلىش مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قەرزىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مېيىت نامىزىنى شۇ جايدىكى ئاخۇن ياكى ئىمام چۈشۈرىدۇ، ئاخۇن ياكى ئىمام بولماي قالسا، ناماز چۈشۈرۈشنى بىلىدىغان باشقا بىركىشى تەكلىپ قىلىنىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تۆت كىشى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭىدۇ،

قالغانلار تاۋۇت ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇيغۇرلار مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتى دەپ قارايدۇ. مېيىت ئۇزىتىشقا ئاياللار قاتناشمايدۇ.

ئۇيغۇرلار قازا قىلغۇچى گۆرگە كىرگەندە ئارام تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە مېيىتنى قازا قىلغان كۈنىلا دەپنە قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، مەرھۇم جان ئۈزگەندىن كېيىنلا قەبرىستانلىقتا گۆر كولاشقا ئادەم ئەۋەتىلىدۇ. گۆر تاش گۆر، ئىچ گۆردىن تەركىب تاپىدۇ. تاش گۆر تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولىدۇ، يەنى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن كۆپرەك بولىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا يۆنەلگەن بولىدۇ. گۆر ئاستى يانتۇراق قېزىلىدۇ، تاش گۆرنىڭ شەرقىي يېنىنىڭ دەل ئوتتۇرا قىسمىدىن ئىچ تەرەپكە قارىتىپ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان ئىچ گۆر قېزىلىدۇ. مېيىت مۇشۇ ئىچ گۆرگە يۈزى غەربكە قارىتىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن گۆر ئېغىزى كېسەك بىلەن ئېتىلىپ، تاش گۆر توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن گۆر ئۈستىگە كېسەك بىلەن ئېگىزلىكى بىر مېتىر، يان ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان گۈمبەزسىمان قەبرە قاتۇرۇلىدۇ ھەم قەبرە ئالدىغا بىر تال دەرەخ شېخى سانچىپ قويۇلىدۇ، ئۇ «دەرەبجىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەرھۇم باي ياكى نامرات، مەرتىۋىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەبرىسىگە خاتىرە قالدۇرۇلمايدۇ.

مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ، ئاخۇنۇم دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، ئاندىن ھەربىر كىشى ئۆرۈك قېقىچىلىك چوڭلۇقتا يەتتە تال چالما تېرىدۇ، چالمىلارنى بىر ئادەم يىغىپ گۆر ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويىدۇ، بۇ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى ئۆتۈنۈشتىن دېرەك بېرىدۇ ھەم مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئۆز ھاياتىدىكى بىر ساۋاپلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ بىرەر تۇغقىنى مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار بىر ئېغىزدىن «مەرھۇم ئوبدان ئادەم ئىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى مېيىت ئۇزاتقۇچىلاردىن كىمنىڭ مەرھۇمدىن ئېلىشى بارلىقىنى سورايدۇ، قەرز ئىگىلىرى مەرھۇمدىن ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىدۇ، قارشى تەرەپ ئۇنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېيىت ئۇزىتىش تاماملىنىدۇ. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە قايتا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ بىر تۇغقىنى پۇل، چاي، سەرەڭگە، يىڭنە، يىپ قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان ئىسقات پەتنۇسى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ، بۇ چاغدا مەرھۇمدىن ئېلىشى بار كىشى مەرھۇمنىڭ قەرزى ئادا بولغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، پەتنۇستىكى نەرسىلەردىن بىرەرسىنى تاللاپ ئالىدۇ.

مەرھۇم قېرى ياكى ياش، ئەر ياكى ئايال، بالاغەتكە يەتكەن ياكى يەتمىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ كۈنگىچە ئوت يېقىپ تاماق ئېتىشكە بولمايدۇ، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئەر، ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر 40 كۈنگىچە ئەرلەر ئاق باغلاپ، ئاياللار بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك كىيىپ يۈرىدۇ، چاچ تارىمايدۇ، ئەرلەر ساقال - بۇرۇتىنى، چېچىنى چۈشۈرمەيدۇ. مېيىت دەپنە قىلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئىككىدىن- بەشكىچە ئادەم قەبرە بېشىدا نۆۋەتلىشىپ قۇرئان ئوقۇيدۇ. 3 - كۈنى ئۈچ نەزىرىسى بېرىلىدۇ، نەزىر كۆلىمى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ

بولىدۇ، نەزىرگە دىنىي زاتلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەم مېيىت ئۆزىتىشقا قاراشقانلار چاقىرىلىدۇ. 7 - كۈنى يەتتە نەزىرىسى بېرىلىدۇ، يەتتە نەزىرىسى ئۈچ نەزىرىسىگە قارىغاندا چوڭراق بولىدۇ، نەزىرگە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۇرۇق -تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، ئىشداشلىرى ھەم قوشنا- قولۇملىرى چاقىرىلىدۇ. 40 - كۈنى قىرقى نەزىرىسى بېرىلىدۇ، بۇمۇ خېلى چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە كۆلىمى يەتتە نەزىرىسىگە ئوخشاش بولىدۇ. بىر يىل بولغاندا يىل نەزىرىسى بېرىلىدۇ، بۇ مەرھۇم ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاخىرقى نەزىر - چىراق بولۇپ، كۆلىمى خېلى چوڭ بولىدۇ.

## § 2. خەنزۇلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، لەشكەر ئەۋەتىپ لوپنۇردا بوز يەر ئاچتۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 100 گىمۇ يەتمەيتتى، يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى ئېقىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئارىسىدا ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر ۋە بەزى ئىشلەمچىلەر بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم خەنزۇلار لوپنۇرغا كېلىپ، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى، ئۇلار ئارىسىدا ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ۋە ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن ئېقىپ كەلگەنلەر بار. 1985- يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 8145 كە يەتتى (بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش-تۈەن-مەيدانلىرىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

### 2. ئۆرپ - ئادەتلىرى

ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشاش ئەمەس، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كۆچۈرۈش جەريانىدا، ئۇلار ھەم ئۆز يۇرتىغا خاس بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان، ھەم شۇ جاينىڭ ۋە باشقا جايلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەزى ئورتاق ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

1) كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى 80 - يىللارغا قەدەر، بازاردىكى ياشانغان خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆلرەڭ، كۆك، قارا رەڭلىك ساددا كىيىملەرنى يەنى جۇڭشەن فورمىسى، ئاق كۆڭلەك، كاستيۇم - بۇرۇلكا، قارا بەتىنكە ياكى لاتا ئاياغ كىيىم كىيەتتى. يېزىدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىنىشى ئەسلى يۇرتىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. خەنزۇ ياشلىرى 50 - يىللاردا ئومۇمەن لېنىن فورمىسى، جۇڭشەن فورمىسى كىيەتتى، 60 - يىللاردا ئادەتتە ھەربىي فورمىسى، ياشلار فورمىسى كىيىدىغان بولدى؛ 80 - يىللاردا كىيىم - كېچەك تۈرى كۆپەيدى، ھەرخىل كاستيۇم - بۇرۇلكا، جاكېت، يۇڭ كۆينەكلەر بارلىققا كەلدى.

80 ـ يىللارغا كەلگەندە ياشانغان ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يەنىلا 60 ـ يىللاردىكى كۆلرەڭ لېنىن فورمىسىنى تاشلىمىدى، سەھرادىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ پەشلىك چاپان ۋە ئاغلىق ئىشتان كىيىپ يۈردى. ئوتتۇرا ياش، ياش ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 50 ـ يىللاردا لېنىن فورمىسى كىيەتتى؛ 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەربىي فورمىسى كىيىدىغان بولدى، ئۇلار ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش كىيىنىشكە باشلىدى؛ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، كىيىم ـ كېچەك پاسونى كۆپەيدى، كىيىملىك رەختلەرمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېسىللاشتى، رەڭگى خىلمۇ خىللاشتى.

2) يېمەك ـ ئىچمىكى　　لوپنۇر ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغا ئۇزاقراق بولغان خەنزۇلار كالا، قوي گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنگەن، سېمىز چوشقا گۆشىنى ئانچە يېمەيدۇ، ئۇلار لەغمەن، جۇۋاۋا، سۈيۈقئاش قاتارلىق ئۇن يېمەكلىكلىرىنى يەيدۇ، گاڭپەن يېيىشنىمۇ بارا-بارا ئازىيىۋاتىدۇ. خەنزۇلار كۆپرەك لەغمەن، جۇۋاۋا، گاڭپەن، بولاق مانتا، پېتىر مانتا، قازان نېنى، پىلتە قۇيماق، قۇتۇرماچ، فاگاۋ، ئاق موما، ھورقاتلىما (خۋاجەر)، شېكەر مانتىسى، سۈيۈقئاش، شويلا، قوناق ئۇمىچى، سەي شورپىسى، مۇنەك ئاش ئېتىپ يەيدۇ.

3) ئولتۇراق ئۆيلىرى　　لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمەن ئۆز ئورنىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرىدۇ، يېزىلاردىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆيى كۆپىنچە شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش ياسىلىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، خەنزۇلارنىڭ ھوجرا ئۆيلىرىدە كاڭ (سۇپا) بولمايدۇ، ئۇلار ئۆينىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تاملىرىغا دېرىزە قويىدۇ، تۈڭلۈك قويمايدۇ. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئومۇمەن 20 — 40 كۋادرات مېتىرچە ھويلىسى بولىدۇ، ھويلىغا دەل ـ دەرەخ قويۇلىدۇ، كۆكتات گۈل ـ گىياھ تېرىلىدۇ، ھويلا چىرايلىق ھەم تىپتىنچ بولىدۇ.

4) بايراملىرى

(1) ھارپا كېچىسى ۋە چاغان　　بۇ خەنزۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەر مۇشۇ كۈنلەردە ئومۇمەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بايرامنى خۇشال ـ خورام ئۆتكۈزىدۇ.

ھارپا كېچىسى ھەممە ئائىلە چاغانلىق رەسىم ئاسىدۇ، بېيىت چاپلايدۇ ۋە ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يېڭى تۈسكە كىرگۈزىدۇ. كەچلىك تاماقنى مول تەييارلايدۇ، ئائىلە ئەزالىرى جەم بولىدۇ. ئاندىن كېيىن جۇۋاۋا تۈگىدۇ. تۈن نىسپى بولغاندا باللار ھويلىغا چىقىپ پوجاڭزا ئاتىدۇ، جۇۋاۋا يەيدۇ، ئومۇمەن ھەممەيلەن تۈن نىسپىدىن ئۆتكىچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ئاندىن ئۇخلايدۇ.

قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاغان بولىدۇ، ھەممە كىشى شۇ كۈنى ئەتىگەن تېخى تاڭ يورۇمايلا ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ھارپا كېچىسى تۈگۈپ قويغان جۇۋاۋىنى پىشۇرۇپ يەيدۇ، جۇۋاۋا پىشقاندىن كېيىن ئاۋۋال شۇ ئائىلىدىكى يېشى چوڭلارغا بېرىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ چاغانىنى خۇشال-خورام ئۆتكۈزۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، قوشنا ـ قولۇم، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ بارىدۇ ھەم ئۆز ئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدا پەتلەش پائالىيىتى ئومۇمەن چاغاننىڭ 3 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. يېزىدا 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى يۈەنشاۋ بايرىمىغىچە داۋاملىشىدۇ.

(2) باشقا بايراملىرى　　خەنزۇلارنىڭ يەنە چوكانتال بايرىمى، تاڭزۇڭزا چاغىنى، تاۋۇز چاغىنى، چۇڭيالڭ بايرىمى، لابا بايرىمى، ئوچاق پىرىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش بايرىمى قاتارلىق

بايراملىرى بار. بۇ بايراملارنىڭ ئەھۋالى باشقا جايلارنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىدىكى خەنزۇلار بۇ بايراملار ئىچىدە چوكانتال بايرىمى بىلەن تاۋۇز چاغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

5) تويى - تۆكۈن ئىشلىرى    ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇرتىدىن يىراقتا بولغانلىقى، ناھىيە تەۋەسىدە ئۇرۇق - تۇغقىنى بەك ئاز بولغانلىقى سەۋەبلىك توي - تۆكۈننى ئاددىي ئۆتكۈزىدۇ. 50 -، 60 - يىللاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر توي قىلماقچى بولسا، توي قىلغۇچى ئىككى كىشىنىڭ يۇك - تاقلىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويۇلسا ۋە تويغا كەلگەن مېھمانلار كەمپۈت، گازىر بىلەن كۈتۈلسىلا ئىش تۈگەيتتى. 70 - يىللاردىن كېيىن، ئەينى يىللاردا شىنجاڭغا كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بارا - بارا چوڭ بولۇپ توي قىلىش يېشىغا يەتتى، ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەركىن مۇھەببەتلىشىدىغان، ئاتا-ئانىلىرى ئومۇمەن ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان بولدى. ئۇلار توي كۈنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ۋە ئۆز ئورنىدىكى ئىشداشلىرىنى توي مەرىكىسىگە چاقىرىدۇ، توي مەرىكىسىگە ئاتا - ئانا بولغۇچى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەچتە ياشلار توي قىلغان قىز - يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ. 80 - يىللاردىن كېيىن يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەر ئۆيىنى بېزەشكە ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇشقا خېلى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، يېزىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بازاردىكىلەرنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت بازاردىكىلەرنىڭكىدىن ئاددىيراق بولىدۇ.

6) ئۆلۈم ئۇزىتىش    ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى شىمالىي رايونلاردىكى خەنزۇلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇرۇق - جەمەتى (ئوغلى، قىزى، جورىسى قاتارلىقلار) مېيىتنى يۇيىدۇ ۋە مېيىتكە يېڭى تىكىلگەن ئىشتان - چاپان، ئاياغ كىيىم، پايپاق قاتارلىقلارنى كىيگۈزىدۇ، ئاندىن مېيىتنى تۆر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويىدۇ ھەم مېيىتنى كېچە - كۈندۈز ساقلاشقا ئادەم قويىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەندە، مەرھۇمنىڭ بالا - چاقىلىرى يىغلاپ ئالدىغا چىقىدۇ. توي قىلغان ئاياللار چوڭلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ ھازىغا داخىل بولىدۇ. بىر جەمەت ئۇرۇق - تۇغقانلار پۈتۈنلەي ئاق كىيىم كىيىدۇ، باشقا ياش ئەۋلادلار بېشىغا ئاق تاقايدۇ، ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ.

80 - يىللارغا قەدەر مېيىت ئومۇمەن جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ يەرگە دەپنە قىلىنىپ كەلدى، جەسەت ساندۇقىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، دەپنە بويۇملىرىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا پەرقلىق بولىدۇ. ئادەتتە جەسەت ساندۇقىنىڭ باش تەرىپىگە رەسىم سىزىلىدۇ ۋە «寿» (ئۆمۈر دېگەن مەنىدە-ت)، «福» (بەخت، ئامەت دېگەن مەنىدە - ت) دېگەن خەتلەر يېزىلىدۇ، جەسەت ساندۇقىنىڭ سول، ئوڭ يانلىرىغا قۇياش ئولتۇرسا كۆرگىلى بولماس، سۇ ئېقىپ كەتسە كەينىگە يانماس دېگەن خەتلەر يېزىلىدۇ.

خەنزۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئومۇمەن شۇ كۈنى ياكى 3 - كۈنى دەپنە قىلىنىدۇ. جەسەت ساندۇقى گۆرگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مەرھۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئۈچ گۈرجەك توپا تاشلايدۇ، ئاندىن باشقىلار رەت بويىچە توپا تاشلاپ كۆمىدۇ. قەبرە ئالدىغا ياغاچ ئابىدە

تۇرغۇزۇلىدۇ، يەنە بەزىلەر سېمونت تاختا ئابىدە تۇرغۇزىدۇ.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى هايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتسەم جەسىتىمنى كۆيدۈرۈڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلىدىغان بولدى.

دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۆلۈپ كەتسە، گومۇمەن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، مۇراسىمدىن كېيىنلا دەپنە قىلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇراپاتلىق تۈسىنى ئالغان بەزى تەزىيە پائالىيەتلىرى ئاساسي جەھەتتىن يوقالدى. 80 ـ يىللارغىچە يەنە يەتتىسىگە، يىلىغا ئاتاپ قىلىنىدىغان تەزىيە پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتى ساقلىنىپ قالدى. يەتتىسىگە ئاتاپ تەزىيە بىلدۈرۈش يەنە يەتتىسىگە ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ 7 ـ كۈنى «1 ـ يەتتىسى» بولىدۇ، يەتتە يەتتىسى ئۆتۈپ 49 كۈن بولغاندا يەتتىسى تولغان هېسابلىنىدۇ (قىسمەن جايلاردا بەش يەتتىسى ئۆتسە، يەتتىسى تولغان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ) ، هەر يەتتىسى بولغان كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتى قەبرىستانلىققا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ بىر يىل تولغاندا يىلى بولىدۇ، مەرھۇمنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئۈچ يىلغىچە هەر يىلى يىلى تولغان كۈنى قەبرىستانلىققا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە هەر يىلى قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (بەزى جايلاردا 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ يورۇماستا) يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن قەبرىستانلىققا بارىدۇ، هەر يىلى چوكاتتال بايرىمى، قەمەرىيە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (بەزى جايلاردا 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) ۋە قىش كىرگەندە قەبرە سۈپۈرۈشكە بارىدۇ.

يېزىلاردا قىسمەن دېھقانلار ئارىسىدا هېلىمۇ قارىلىق تۇتىدىغان ئادەت بار، پەرزەنتلەرئاتا- ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە ئاياغ كىيىمىنىڭ سىرتىغا بىر قەۋەت ئاق رەخت ئورىۋالىدۇ، ئاياللار يەنە بېلىگە ئاق شوينا باغلىۋالىدۇ، ئۈچ يىل بولغاندا ئاياغ كىيىمنى ۋە بەلىقى شوينىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

## قوشۇمچە
## لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار

### 1. لوپنۇر تەۋەسىنىڭ ئۆزگىرىشى

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كىچىك لوپنۇر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چۆلى (لوپنۇر) ، قۇرۇقتاغ ئېلى (قاراتاغ ئېلىمۇ دېيىلەتتى) نىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى (چوڭ لوپنۇر كىرورەن ئېلىگە قارايتتى) ئىدى. لوپ — قەدىمكى تۈركچە سۆزدىن ئىبارەت، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇجاي لوپنۇر دەپ ئاتالغان، «نۇر» كۆل دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 1 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى، چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، چاقىلىق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، تەكلىماكان بىلەن قۇم قۇملۇقى ئارىسىدىكى كەڭ زېمىننى كىچىك لوپنۇر دەپ بېكىتكەن.

گۇاڭشۇ 15 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭتاۋ چوڭ، كىچىك لوپنۇر رايونلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، پۈتكۈل رايون تەۋەسىنى ئۈچ قىسىمغا يەنى ئىگېنقىر (هازىرقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 31 ـ تۈەن ـ مەيدانى تەۋەسىدە) دىكى يەتتە مەھەللىنى ئوتتۇرا قىسىم، چاقىلىق (هازىر چاقىلىق ناھىيىسىگە قارايدۇ) تىكى يەتتە مەھەللىنى شەرقىي قىسىم، توخلادىكى ئالتە مەھەللىنى غەربىي قىسىمغا ئايرىغان. ئىگېنقىرنىڭ زېمىنى تەكشى،

ئورنى مۇھىم بولغاچقا، بۇ يەردە نەپىقە ـ دالالەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. كونا لوپنۇر كۆلى (كرورەن دۆلىتى تەۋەسىدە) كىچىك لوپنۇر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## 2. لوپنۇر ئاھالىلىرى

1. يەرلىك لوپنۇرلۇقلار      كىچىك لوپنۇردا ئىلگىرى ساكلار، خەنزۇلار، توخرىلار، سېرىق كالىلىق چاڭلار، تۈبۈتلەر، ئېفتالىتلار ۋە دولانلار ياشىغان. ئۇلار كۆنچى دەرياسى بويىدىكى پەلەمپەي يەر ۋە شىگدى ئەتراپلىرىدا نۇرغۇن قەبرە، قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشقانلار يەرلىك لوپنۇرلۇقلاردۇر.

لوپنۇرلۇقلارغا ئالاقىدار ئەھۋاللار Ⅵ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «ۋېينامە. تۈيغۇنلار» دا: «تۈيغۇنلارنىڭ شىمالىدا ئېفتالىت دۆلىتى بار، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى تۈيغۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش. دانلىق زىرائەتلەرنى بىلمەيدۇ، بېلىق ۋە زىسۇ ئورۇقىنىلا ئوزۇق قىلىدۇ. زىسۇ ئورۇقى جۇڭگو ئالىقاتىغا ئوخشايدۇ» دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن، كىچىك لوپنۇرنى ئاۋۋال تۈبۈتلەر، كېيىن ئېفتالىتلار ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولى خارابلاشقان بولسىمۇ، لوپنۇرلۇقلار قاراكۆل بىلەن قاراخوجا كۆلى ئارىسىدا ياشاۋەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 ـ يىلى (1678 ـ يىلى) جۇڭغار قەبىلىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يولنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ئاقسۇدىكى دولان دەرياسى بويلىرىدا ياشايدىغان 2000 دىن كۆپرەك دولان ئائىلىسى تارىم دەرياسىنى بويلاپ كىچىك لوپنۇرنىڭ لوپنۇر رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 1 ـ يىلى (1723 ـ يىلى) 2- ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سېۋەن ئارۋبدانغا جازا يۈرۈشى قىلغان ھەربىي ئەمەلدارى ئالانا يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە: «لوپنۇرلۇق مۇسۇلمان قۇربان قاراكۆل، ساداقتۇ، قاراخوجىلاردىكى 1000 دىن كۆپرەك ئائىلىنى باشلاپ ئەل بولدى» دېيىلگەن. ئالانا چاي ۋە رەخت ئىنئام قىلىپ، ئۇلارغا تەسەللى بەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، كىچىك لوپنۇر جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ جايدا ياشايدىغان 1000 دىن ئارتۇق دولان ئائىلىسى يەنە ئاقسۇدىكى دولان دەرياسى ئەتراپىغا كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈپ كەتتى، قاشقا قەبىلىسىگە قارايدىغان 600 نەچچىلا كىشى لوپنۇرلۇقلار بىلەن بىللە كىچىك لوپنۇر ئەتراپىدا ياشاۋەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13 ـ يىلى(1735- يىلى) جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لوپنۇرلۇقلارنى ئىمىن خوجا قەبىلىسىدىكىلەرگە قوشۇپ شەرقتىكى گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن، «لوپنۇرلۇقلار دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ماكانلىشىپ، بېلىق تۇتۇپ جان باقىدۇ» غان بولغانلىقى، قۇرغاق تۇزلەڭلىكتە تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە كۆنەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار شەرققە كۆچۈرۈلمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا يېزىلغان «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتتاكۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» ۋە جياچىڭ يىللىرىدا يېزىلغان «ئۈچ ئايماق توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» دە كىچىك لوپنۇر تەۋەسىدىكى قاراكۆل، قارا خوجا دېگەن جايلاردا لوپنۇرلۇقلاردىن «ھەربىرىدە 400 ـ 500 ئائىلە، 1000 دىن كۆپرەك كىشى بار» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ

13 - يىلى (1735 - يىلى) جۇڭغارلاردىن غالدان سېرىن گودوب باينبۇلاق ۋە قايدۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، سالاس، ماخۇس ئوتوك (خوشۇن) لىرىنى تەسىس قىلدى. كورلىدىكى دولانلارنىڭ بېگى توقتۇ پات - پات پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تۇرغاچقا، 300 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ جەنۇبتىكى كىچىك لوپنۇرغا كۆچۈپ كەتتى. كېيىنكى يىلى توقتو قەبىلىسىگە قارايدىغان مامۇت تۆلەندىمۇ 100 نەچچە ئەر - ئايالنى باشلاپ قارا شەھەر (ھازىرقى يەنجى) دىن لوپنۇرغا قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) نوپۇس پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى ئارغۇن سالاس، ماخۇس خوشۇنلىرىنى قورشاپ، بايارنى تىرىك قولغا چۈشۈردى، تاغلار ۋە كۆل ئەتراپلىرىنى ئاختۇرۇش جەريانىدا ئۇچرىغان دولانلارنى تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەم ئۇلار پىچان (ھازىرقى پىچان ناھىيىسى) نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. ياندۇرقى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قېپقالغان ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان شۇخبېي توقتو قەبىلىسىگە قاراشلىق 300 نەچچە ئائىلىنى كورلىغا كۆچۈرۈۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 17 - يىلى (1837 - يىلى) يېزىلغان «غەربىي يۇرتتىكى يەر-جاي ناملىرى توغرىسىدا ئىزاھات» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئائىلە سانى يەنىلا چيەنلۇڭ، جياچىڭ مەزگىللىرىدىكى سەۋىيىدە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 2-يىلى (1852 - يىلى) كىچىك لوپنۇر رايونىدا يۈز بەرگەن چاشقان ۋاباسى لوپنۇرلۇقلارغا ئەجەللىك بالايىئاپەت كەلتۈردى، لوپنۇرلۇقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى غەربتىكى لوپقا كۆچۈپ كەتتى، بىر قىسمى ھازىرقى چاقىلىق، لوپنۇر، بۈگۈر ناھىيىلىرى تەۋەسىگە كۆچۈپ تارقاق ئورۇنلاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى) لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى لوپنۇرلۇقلار ئازىيىپ 74 لا ئائىلە قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەنتىدىكىسى 21 ئائىلە، چىكە كەنتىدىكىسى 27 ئائىلە، ئابدان كەنتىدىكىسى 27 ئائىلە. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) يېزىلغان «شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى يابىن لوپنۇر، جاي، توق، چىكە كەنتلىرىدە ياشايدىغان لوپنۇرلۇقلار 30 ئائىلىگىمۇ يەتمەيدىكەن، سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن لوپنۇرلۇقلار بىلەن يەرلىك كىشىلەر بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىر - بىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىكەن، دەپ يازغان. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) تارىم دەرياسى ئېقىنى ئۆزگەرتىپ كۆنچى دەرياسىغا قويۇلىدىغان بولغاندىن كېيىن، لوپنۇر، چىكە، ئابدان كەنتلىرىدىكى لوپنۇرلۇقلار جەنۇبتىكى مىرەنگە كۆچۈپ كېلىپ كۆچمە چارۋىچىلىق قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلىدىغان بولدى. بۇ بىر قىسىم لوپنۇرلۇقلار ھازىر يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 36 - تۇەن - مەيدانىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. پەقەت قارچۇغا كەنتىدىكى ئاھالىلەرلا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلىرىنى خېلى كۆپ ساقلاپ قالغان.

2. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى لوپنۇرلۇقلار بېلىقنىلا ئوزۇق قىلىدىغان مىللەت، «ۋېينامە» دە ئۇلارنىڭ «ئۆرپ - ئادىتى تۇيغۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن. تۇيغۇنلار ئەينى چاغدا چىڭخەينىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن شىنجاڭنىڭ چاقىلىق، چەرچەن ئەتراپلىرىدا ياشايتتى، ئۇلار سىيانپىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ تۇيغۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى، روشەنكى، سىيانپىلارنىڭ

تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678 - يىلى) لوپنۇرلۇقلارنىڭ سەردارى قۇربان چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەل بولغاندا، ئالانا ئۇنى «مۇسۇلمان» دېگەن، كېيىنكى چاغلاردا قۇربان قەبىلىسى يەنە بەگلىك تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلغان. بەگلەر بەش دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، ئۇ لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدىن كۆرسىتىلىپ، پىچان خان ئامبىلى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى لوپنۇرلۇقلارغا سىياسەت جەھەتتە بەك ئېتىبار بەردى. پىچاننىڭ باجگىرلىرى ھەر يىلى لوپنۇرلۇقلار تۇرۇشلۇق كۆل بويىغا بېرىپ، مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بەلگە بەرسە، لوپنۇرلۇقلار چاپما قولۋاققا ئولتۇرۇپ كۆلدىن ئۆتۈپ، ئازراق قۇندۇز تېرىسى تاپشۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر يىللىق باج - سېلىقى تۆگەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئالۋان - ياساقنى ئۈستىگە ئالمايتتى. بۇ زاماندىكى لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا تېخى مۇكەممەل ئىجتىمائىي تەشكىلات يوق ئىدى.

لوپنۇرلۇقلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كۆللەر ئارىسىدا بېكىنمە ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، شۇ مۇھىتقا مۇناسىپ تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»دە: «لوپنۇرلۇقلار دانلىق زىرائەت تېرىمايدۇ، چارۋا باقمايدۇ، قولۋاقتا يۈرۈپ بېلىق تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ، ياكى ياۋا كەندىر، ياكى خاش قۇش تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىدۇ، ياكى قۇندۇز تېرىسى ۋە خاش قۇش ماموقىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، رەخت سېتىۋېلىپ كىيىم تىكىپ كىيىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «شەھەر» كورلىدىكى مۇسۇلمانلار كەنتىنى كۆرسىتىدۇ. «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»دىن كېيىنرەك يېزىلغان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»دا بۇ ھەقتە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «بەزى - بەزىدە كورلىدىكى مۇسۇلمانلار شەھىرىگە كېلىپ قالىدىغانلار دانلىق ئاشلىق، گۆش يېمەيدۇ، بۇ خىل نەرسىلەرنى يېسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ، كورلىدا بېلىق كۆپ بولغاچقا ئۇلار كورلىغا كېلىدۇ، باشقا جايلارغا بېرىشقا پېتىنالمايدۇ.» ئەينى چاغدا لوپنۇرلۇقلاردا پۇل دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى، ئۇلار مالغا مال ئالماشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ كورلىغا كېلىشىگە كورلىنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرىدە تۇرۇشلۇق دولانلارنىڭ كاڭشى يىللىرىدا بىر مەزگىل ئۇزلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ھەم ئۆز ئارا ئىشىنىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلغانلىقى سەۋەب بولغان.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىغىچىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»دە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ پەيدىنپەي تېرىقچىلىققا ئۆتۈۋاتقانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ناھىيىگە قاراشلىق قارچۇغا كەنتىدىكى لوپنۇرلۇقلار ئەمگەكچان، 70 - 80 ياشقا كىرىپ قالغانلىرىمۇ تېرىقچىلىقتىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار تېرىقچىلىق ۋە كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەممىشە تۆت - بەش كىشى بىر بولۇپ ياۋا كەندىر چىگىسىدىن توقۇلغان تورنى ۋە چاڭگاق، توقماقلارنى ئېلىپ، چاپما قولۋاققا ئولتۇرۇپ كۆلگە كىرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلىدۇ، بېلىقنى پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەر خالىغىنىچە ئەكىرىپ يەيدۇ، تۇتۇلغان بېلىق تۈگەپ كەتسە يەنە تۇتۇپ كېلىدۇ، سېنىڭ - مېنىڭ دەپ ئايرىمايدۇ. ئۇلار بېلىقنى تۇز، ياغ، خۇرۇچ ئىشلەتمەي، سۇدا پىشۇرۇپ يەيدۇ، قوي گۆشىنىمۇ شۇنداق پىشۇرۇپ يەيدۇ، يەپ ئېشىپ قالغان بېلىقنى يۇيۇپ، تازىلاپ قۇرۇتۇپ

قويىدۇ، قىش پەسلىدە كۆل سۈيى مۇز تۇتقاندا يەيدۇ، ئۇلار يەنە يىكەن توزغىقىنى ئۇۋاپ بىلىققا ئارىلاشتۇرۇپ يەيدۇ. بىتاپ بولۇپ قالسىمۇ يىكەن توزغىقىنى قاينىتىپ ئىچىدۇ.

لوپنورلۇقلارنىڭ توي ئادىتى ئۆزگىچە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا لوپنور، چىكە كەنتلىرىدىكى لوپنورلۇقلار «ئۆز ئارا توي قىلاتتى»، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: ئاياللار ياتلىق بولغاندا قەبىلىدىكىلەر بىر كىچىك كۆل تويلۇق بېرىدۇ. توي كۈنى بۇ ئىككى كەنتتىكىلەر كۆل بويىغا يىغىلىپ، گۈلخان يېقىپ بىلىق ۋە قوي گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەممەيلەن كۆل ئەتراپىنى ئايلىنىپ ناخشا ئېيتىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، توي مەركىسى شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئاياغلىشىدۇ. قارچۇغا كەنتىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر كۆپ، ئومۇمەن 80 — 90 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ھەر يىلى 70 — 80 ياشقا كىرگەن بىر نەچچە كىشى ئۆيلىنىپ تۇرىدۇ، بەزىدە 100 ياشتىن ئاشقاندا توي قىلىدىغانلارمۇ بار.

3. لوپنورلۇقلارنىڭ تىلى لوپنورلۇقلار ئەجەش لوپنور دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) رۇسىيىلىك پرژېۋالسكىي لوپنورغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەرجىمانى لوپنورلۇقلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، لوپنورلۇقلارنىڭ بىكىنمە ياشاش ھالىتى بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى تېزلەشتى. مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە مۇستەقىل مەدەنىيەت فورمىسىغا ئىگە لوپنورلۇقلار مەۋجۇت بولماي قالدى، لېكىن لوپنور دىئالېكتى شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ چوڭ دىئالېكت سىستېمىسىدا سۆز ياساش ۋە تىل جەھەتتە مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى بىلەن بىر قاتاردا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

# باب II

# دىن

لوپنور تارىخىدا لوپنوردا بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى تارقالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىدىن ھەم قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى.

## § 1. بۇددا دىنى

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە لوپنور ناھىيىسى تەۋەسىدە

بۇددا دىنى ئەۋج ئالدى. 13 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى لوپنۇرغا تارقالغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە بۇددا دىنى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە خەنزۇلار ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا بەزىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى جايلاردىن لوپنۇر ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، لېكىن ئۇلار پەقەت ئۆز ئۆيىدىلا بۇدقا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلدى، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارمىدى.

## § 2. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي، جەنۇبىي قىسىملىرىغا تارقالدى. 13 ـ ئەسىردە لوپنۇر رايونىغا تارقىلىپ، ناھايىتى تېزلا بۇ جايدىكى ئاساسىي دىن بولۇپ قالدى.

لوپنۇر ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە بۇ ناھىيە تەۋەسىدە 50چە دىنىي زات بار ئىدى، ھەربىر مەسچىتتە بىردىن ئىمام، بىردىن مەزىن، بەزى مەسچىتلەردە يەنە بىردىن خاتىپ بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي زاتلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1966 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 41 دىنىي زات بار بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچى ئىمام ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بەزى دىنىي زاتلار زەربە يېدى. 1976 ـ يىلى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1978 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كەسپىي دىنىي زاتتىن 30 ى بار ئىدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كەسپىي دىنىي زات 78 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر بازىرىدىكىسى ئالتە، شىڭپىڭ يېزىسىدىكىسى 16، تارىم يېزىسىدىكىسى 38، دۆڭقوتان يېزىدىكىسى 16، «ئىتتىپاق» يېزىسىدىكىسى ئىككى.

1966 ـ يىلدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە 11 چوڭ ـ كىچىك مەسچىت بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى ئىككى، يېزا ـ قىشلاقلاردىكىسى توققۇز ئىدى. بۇ مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى مىنگو دەۋرىدە ياسالغانىدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلدى. 1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى يېڭىباشتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۆت مەسچىت قايتا ياسالدى، بەش جايدىكى پائالىيەت سورىنى ئېچىۋېتىلدى. 1981 ـ يىلغىچە يەنە مەمۇرىي كەنتلەر بىرلىك قىلىنىپ، يىلمۇ يىل بىر تۈركۈم مەسچىت سېلىندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ ـ كىچىك مەسچىت 42 گە يەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىت لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت بولۇپ، يەر كۆلىمى ئۈچ مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 999 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ مەسچىت 1982 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 1500 كىشى سىغىدۇ.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي زاتلارنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى،

ئۇلارنىڭ ئەدىيۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئىجابىي ھالدا دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ۋە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارغا سىياسەت، قانۇن، ئەمىر - پەرمان تەربىيىسى ۋە ۋەزىيەت تەربىيىسى بەردى، ئۇلاردىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدا پىكىر ئېلىپ تۇردى. 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 107 قېتىم سۆھبەت يىغىنى، 36 قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلدى، بەزى دىنىي زاتلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، دائىملىي كومىتېت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. 1950 - يىلدىن1985- يىلغىچە 47 دىنىي زات (قېتىم) 1 - نۆۋەتلىكتىن 8 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ھەر مىللەت ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە 1 - نۆۋەتلىكتىن 9 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولدى، 36 كىشى (قېتىم) 1 - نۆۋەتلىكتىن 9 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.
نىياز داموللام ۋە باقى غازى ھاجى يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتە ۋە 80 - يىللاردا باشلانغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ھەم مىللەتلەر ئارا ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

## يىگىرمىنچى قىسىم

# دىئالېكت، ماقال - تەمسىل

# يىگىرمىنچى قىسىم

# دىئالېكت، ماقال - تەمسىل

## I باب

## لوپنۇر دىئالېكتى

ھازىر ئىلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتتا سۆزلىشىدۇ. مەركىزىي دىئالېكتنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئۇ، ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارنى ۋەكىل قىلغان ھالدا شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي - شىمالىي قىسىملىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن دىئالېكتى يەكەننىڭ شەرقىدىكى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەر، شۇنداقلا چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم رايونلارغا تارقالغان. لوپنۇر دىئالېكتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۆپ قىسىم رايونلار ۋە چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر قىسىم رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ پەقەت 0.4 پىرسەنتىلا بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدۇ.

لوپنۇر دىئالېكتى (لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارا رايونىنىڭ شېۋىسىنى ۋەكىل قىلغان) ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەركىزىي دىئالېكت (غۇلجا، تۇرپان، قەشقەر شېۋىلىرىنى ۋەكىل قىلغان)تىن پەرقلىنىدۇ.

### § 1. فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ فونېما سىستېمىسى باشقا ئىككى دىئالېكتنىڭ فونېما سىستېمىسى بىلەن ئوخشاش، ئەمما فونېتىكا جەھەتتىكى بىرقەدەر زور پەرقلىرى بىلەن كۆرۈنەرلىك.

ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. فونېتىكا جەھەتتىكى پەرقلەر ئومۇمەن ئەينى بىر فونېمىنىڭ شەرتلىك ۋارىئانتلىرى ۋە فونېتىكا جەھەتتىكى بەزى ماس ھادىسىلەرنىڭ بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

لوپنۇر دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش O ، Ø لەر باشقا دىئالېكتلاردا سۆزنىڭ 1 - بوغۇمىدىن باشقا بوغۇملىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. لوپنۇر دىئالېكتىدا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ 2-بوغۇمدا كېلىدىغان O، Ø تاۋۇشلىرى باشقا دىئالېكتلاردا (ئاز بىر قىسىم سۆزلەر ۋە چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا) a ياكى ɛ بولۇپ ئىپادىلىنىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن،

### 1) ئۆزەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىقى

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| posma | posma | posma | posma | posmo | پوسما |
| boran | boran | boran | boran | boron | بوران |
| tʃØnɛk | tʃØnɛk | tʃØnɛk | tʃØnɛk | tʃØnØk | چۆنەك |
| Ødɛk | Ødɛk | Ødɛk | Ødɛk | ØrdØk | ئۆدەك |

### 2) ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| otʃaq—qa | otʃaq—qa | otʃaq—qa | otʃaq—qa | otʃaq—qo | ئوچاققا |
| qotaz—da | qotaz—da | qotaz—da | qotaz—da | qotoz—zo | قوتازدا |
| tos—qatʃqa | tos—qatʃqa | tos—qatʃqa | tos—qatʃqa | tos—qotʃqo | توسقاچقا |
| kØr—gɛn | kØr—gɛn | kØr—gɛn | kØr—gɛn | kØr—gØn | كۆرگەن |
| kyt—kɛtʃkɛ | Østɛŋ—gɛ | Østɛŋ—gɛ | Østɛŋ—gɛ | ØssØŋ—ŋØ | ئۆستەڭگە |
| Østɛŋ—gɛ | kyt—kɛtʃkɛ | kyt—kɛtʃkɛ | kyt—kɛtʃkɛ | kyt—kØtʃkØ | كۆتكەچكە |

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

لوپنۇر دىئالېكتىدا تاق بوغۇملۇق ئۆزەكتىكى a ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا كېلىدىغان a تاۋۇشى ئارقىسىغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا ئاجىزلاشمايدۇ. باشقا دىئالېكتلاردا يۇقىرىدىكىدەك ئەھۋالدا ئۇرغۇنىڭ ئارقىدىكى بوغۇملارغا كۆچۈشى سەۋەبلىك a تاۋۇشى e ياكى i تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ.

### 1) بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| at—eti | eti | eti | eti | ati | ئېتى |
| baʃ—beʃim | beʃim | beʃim | beʃim | baʃim | بېشىم |
| atʃ—etʃiʃ | etʃiʃ | etʃiʃ | etʃiʃ | atʃiʃ | ئېچىش |
| qal—qelip | qelip | qelip | qelip | qalip | قېلىپ |

2) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|---|
| bala-balilar | balilar | balilar | balilar | balalar | باللار |
| ajal-ajilim | ajilim | ajilim | ajilim | ajalim | ئايالىم |
| baʃla-baʃlidi | baʃlidi | baʃlidi | baʃlidi | baʃtadila(r) | باشلىدى |

بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر يېزىق تىلى ۋە باشقا دىئالېكتلاردىكى بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ1 - بوغۇمىدىكى e تاۋۇشى aنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. ئەمما لوپنۇر دىئالېكتىدا بۇ خىل ئاجىزلىشىش بولمىغاچقا، a ئەسلىدىكى پېتىچە قېلىۋەرگەن.

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|---|
| beliq | beliq | beliq | beliq | baliq | بېلىق |
| eʁir | eʁir | eʁir | eʁir | aʁir | ئېغىر |
| etiz | etiz | etiz | etiz | . atiz | ئېتىز |
| seriq | seriq | seriq | seriq | seriq | سېرىق |
| seʁizχan | seʁizχan | seʁizχan | seʁizχan | saʁizχan | سېغىزخان |

## 3. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى ئاسسىمىلاتسىيە

ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى ئاسسىمىلاتسىيە لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى. تۆۋەندە بىز ئۇنى ئولگ ئاسسىمىلاتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە دېگەن ئىككى تۈر بويىچە بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرىمىز.

1) ئولگ ئاسسىمىلاتسىيە

لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆز ۋە ئۈزەكنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئارقىسىدا كېلىدىغان بوغۇملارنى ۋە قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئوخشىتىۋالىدۇ، نەتىجىدە ئاخىرقى بوغۇم ۋە قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ ۋارىئانتلىق بولۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھادىسە باشقا دىئالېكتلاردا ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

a. ئۈزەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|---|
| jastuq | jastuq | jastuq | jastuq | jassuq | ياستۇق |
| asta | asta | asta | asta | assa | ئاستا |
| aldi | aldi | aldi | aldi | alli | ئالدى |
| dʒaŋgal | dʒaŋgal | dʒaŋgal | dʒaŋgal | dʒaŋŋal | جاڭگال |
| qiŋʁir | qiŋʁir | qiŋʁir | qiŋʁir | qiŋŋir | قىڭغىر |

b. ئۈزەك بىلەن قوشۇمچىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|---|
| jaz—da | jaz—da | jaz—da | jaz—da | jaz—za | يازدا |
| kØl—niŋ | kØl—niŋ | kØl—niŋ | kØl—niŋ | kØl—ly | كۆلنىڭ |
| tuŋni | tuŋni | tuŋni | tuŋni | tuŋ—ŋu | تۇڭنى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| qiz—lar | qiz—lar | qiz—lar | qiz—lar | qiz—zar | قىزلار |

2) تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە

لوپنۇر دىئالېكتىدا z,t,ʃ ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان ئۈزەكلەرگە tʃ بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى tʃ ئۈزۈك تاۋۇشى ئۈزەكنىڭ ئاخىرىدىكى ʃ,t ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ خىل تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە باشقا دىئالېكتلاردا ئومۇمەن كۆرۈلمەيدۇ.

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| bɛʃ—tʃɛ | bɛʃ—tʃɛ | bɛʃ—tʃɛ | bɛʃ—tʃɛ | bɛtʃ—tʃɛ | بەشچە |
| iʃ—tʃan | iʃ—tʃan | iʃ—tʃan | iʃ—tʃan | itʃ—tʃan | ئىشچان |
| at—tʃi | at—tʃi | at—tʃi | at—tʃi | atʃ—tʃi | ئاتچى |
| χizmɛt—tʃi | χizmɛt—tʃi | χizmɛt—tʃi | χizmɛt—tʃi | χizmɛtʃ—tʃi | خىزمەتچى |
| kigiz—tʃilik | kigiz—tʃilik | kigiz—tʃilik | kigiz—tʃilik | kigitʃ—tʃilik | كىگىزچىلىك |

## 4. بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

1) لوپنۇر دىئالېكتىدا i,y قاتارلىق يېپىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان t ئۈزۈك تاۋۇشى ھېلىمۇ ساقلانغان. بۇ جەھەتتىن ئۇ قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرىگە ئوخشاش، ئەمما مەركىزىي دىئالېكتنىڭ باشقا شېۋىلىرى ۋە خوتەن دىئالېكتىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| tʃiʃ | tʃiʃ | tʃiʃ | tʃiʃ | tʃiʃ | چىش |
| tʃyʃ | tʃyʃ | tʃyʃ | tʃyʃ | tyʃ | چۈش |
| tʃiʃlɛ- | tʃiʃlɛ- | tʃiʃlɛ- | tʃiʃlɛ- | tiʃtɛ— | چىشلەش |

2) لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان b ئۈزۈك تاۋۇشى باشقا دىئالېكتلاردا m تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەكسىچە، باشقا دىئالېكتلاردا سۆز بېشىدا كېلىدىغان b ئۈزۈك تاۋۇشى لوپنۇر دىئالېكتىدا m تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| musulman | musulman | musulman | musulman | busurman | مۇسۇلمان |
| mozaj | mozaj | mozaj | mozaj | buzu | موزاي |
| burun | burun | burun | burun | murun | بۇرۇن |
| bojun | bojun | bojun | bojun | mujun | بويۇن |

3) بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان q تاۋۇشى لوپنۇر دىئالېكتىدا تۇرپان، قۇمۇل شېۋىلىرىگە ئوخشاش q تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەركىزىي دىئالېكتنىڭ باشقا شېۋىلىرى ۋە خوتەن دىئالېكتىدا بولسا ʁ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلدا |
|---|---|---|---|---|---|
| taʁ | taʁ | taʁ | taq | taq | تاغ |
| qiʁ | qiʁ | qiʁ | qiq | qiq | قىغ |
| tʃoʁ | tʃoʁ | tʃoʁ | tʃoq | tʃoq | چوغ |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| tʃaʁ | tʃaʁ | tʃaʁ | tʃaq | tʃaq | چاغ |

### 5. تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى

لوپنۇر دىئالېكتىدا، باشقا دىئالېكتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قىسىم سۆزلۈك تاۋۇشلارنىڭ بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت. مەسىلەن:

| غۇلجىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | خوتەندە | لوپنۇردا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|---|
| oʁlaq | oʁlaq | oʁlaq | oʁlaq | olʁoq | ئوغلاق |
| ɛwrɛ | ɛwrɛ | ɛwrɛ | ɛwrɛ | ɛrwɛ | ئەۋرە |
| ɛswap | ɛswap | ɛswap | ɛswap | apsaq | ئەسۋاب |
| apqut | apqut | apqut | apqut | aqput | ئاپقۇت |
| tatliq | tatliq | tatliq | tatliq | taltiq | تاتلىق |

## § 2. گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

لوپنۇر دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ئاھاڭداشلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاسسىمىلاتسىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گراماتىكىلىق-قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ ۋارىئانتلىق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا كۆرۈلمەيدۇ.

### 1. كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇيغۇر يېزىق تىلى ۋە باشقا دىئالېكتلاردا —lar/—lɛr شەكلىدىلا كۆرۈلىدۇ. ئەمما لوپنۇر دىئالېكتىدا ئۈزەكتىكى تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۆپلۈك قوشۇمچىسى 16 خىل ۋارىئانتقا ئىگە. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| —lar/—lɛr | —lar/—lɛr/—lor/—lØr |
| | —tar/—tɛr/—tor/—tØr |
| | —zar/—zɛr/—zor/—tØr |
| | —sar/—sɛr/—zor/—tØr |

### 2. كېلىش قوشۇمچىلىرى

#### 1) ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش

ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا ئىگىلىك كېلىش niŋ— بىلەن، چۈشۈم كېلىش ni — بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن دىئالېكتى ۋە مەركىزىي دىئالېكتتا ئىگىلىك كېلىش —niŋ/—nyŋ/—nyŋ قوشۇمچىلىرى بىلەن، چۈشۈم كېلىش ئوخشاشلا ni— بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش بىردەك [—ni] ۋە ئۇنىڭ ۋارىئانتلىرى

(جەمئىي 32 خىل) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ (لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش ku— فورمىسىغىمۇ ئىگە). سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| ئىگىلىك كېلىش: —niŋ/—nuŋ/—nyŋ | —ni/—nu/—ny |
| چۈشۈم كېلىش: —ni | —ti/—tu/—ty |
| | —zi/—zu/—zy |
| | —si/—su/—sy |
| | —li/—lu/—ly |
| | —ki/—ku/—ky |
| | —qi/—qu |
| | —ŋi/—ŋu/—ŋy |
| | —pi/—pu/—py |
| | —mi/—mu/—my |
| | —tʃi/—tʃu/—tʃy |

لوپنۇر دىئالېكتىدا بۇ 32 خىل فورمىنىڭ ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشلەر ئىچىدە زادى قايسىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى پەقەت كونتېكستتىلا ئايدىڭلىشىدۇ. مەسىلەن:

turdu—nu qolu (ئىگىلىك كېلىش)
(تۇردىنىڭ قولى)
turdu—nu kØrdy (چۈشۈم كېلىش)
(تۇردىنى كۆردى)
lop—pu hawasi (ئىگىلىك كېلىش)
(لوپنىڭ ھاۋاسى)
lop—pu ajlanip tʃiqtim (چۈشۈم كېلىش)
(لوپنى ئايلىنىپ چىقتىم)

## 2) يۆنىلىش كېلىش

مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا يۆنىلىش كېلىش ئالتە خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا 15 خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىكىدا |
|---|---|
| —ʁa/—qa/—gɛ/—kɛ | —ʁa/ʁɛ/—/ʁo |
| (ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىن كېيىن) —ʁɛ/—qɛ | —qa/—qɛ—/qo |
| | —ka/kɛ/—/kØ |
| | —gɛ/—gØ |
| | —ŋa/—ŋɛ/—ŋo/—ŋØ |

## 3) ئورۇن كېلىش

ئورۇن كېلىش خوتەن دىئالېكتى ۋە مەركىزىي دىئالېكتتا تۆت خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا 16 خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| —da/—dɛ/—ta/—tɛ | —da/—dɛ/—do/—d∅ |
| | —ta/—tɛ/—to/—t∅ |
| | —za/—zɛ/—zo/—z∅ |
| | —sa/—sɛ/—so/—s∅ |

### 4) چىقىش كېلىش

خوتەن دىئالېكتى ۋە مەركىزىي دىئالېكتتا چىقىش كېلىش ئالتە خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ، لوپنۇر دىئالېكتىدا بولسا 12 خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا |
|---|---|
| —din/—dun/—dyn | —din/—dun/—dyn |
| —tin/—tun/—tyn | —tin/—tun/—tyn |
| | —zin/—zun/—zyn |
| | —sin/—sun/—syn |

## 3. پېئىلنىڭ 3 - شەخستىكى پەرقى

لوپنۇر دىئالېكتىدا پېئىلنىڭ 3 - شەخسى بىرلىك، كۆپلۈك پەرقىگە ئىگە، يەنى كۆپلۈك lar— قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما باشقا دىئالېكتلاردا پېئىلنىڭ 3 - شەخسى بىرلىك، كۆپلۈك جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكتتا | خوتەن دىئالېكتىدا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|---|
| u baridu | u baridu | o baradu | ئۇ بارىدۇ |
| ular baridu | ular baridu | olor baradular | ئۇلار بارىدۇ |
| ular baʃlidi | ular baʃlidi | olor baʃtadilar | ئۇلار باشلىدى |

## 4. پېئىلنىڭ ھازىرقى - كەلگۈسى زامان 1 - شەخس شەكلى

پېئىلنىڭ ھازىرقى - كەلگۈسى زامان 1 - شەخس شەكلى لوپنۇر دىئالېكتىدا ئادەتتە شەخس قوشۇمچىسىدىن بۇرۇن: di— قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە di— چۈشۈپمۇ قالىدۇ. باشقا دىئالېكتلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

| مەركىزىي دىئالېكتتا | لوپنۇر دىئالېكتىدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|---|
| mɛn jatimɛn | mɛn jatamɛn ياكى<br>mɛn jatadimɛn | مەن ياتىمەن |
| sɛn jatisɛn | sɛn jatasɛn | سەن ياتىسەن |
| biz jatimiz | biz jatawiz ياكى<br>biz jatadiwiz | بىز ياتىمىز |

# § 3. لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى

لوپنۇر دىئالېكتى لېكسىكا جەھەتتە مەركىزىي دىئالېكت ۋە خوتەن دىئالېكتىغا ئاساسەن ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىللە لوپنۇر دىئالېكتىدا باشقا دىئالېكت ۋە يېزىق تىلىدىن فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى، سېمانتىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن پەرقلىق سۆزلەر، شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكت ۋە يېزىق تىلىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ھەم مەۋجۇت.

## 1. فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن پەرقلىق سۆزلەر

aʁa (ئاكا، باشقا دىئالېكتلاردا [aka])

∅k∅ (ئۇكا، باشقا دىئالېكتلاردا [uka])

inɛ (ئانا، باشقا دىئالېكتلاردا [ana])

taqu (توخۇ، باشقا دىئالېكتلاردا [toχu] ياكى [tuχa])

olor (ئۇلار، باشقا دىئالېكتلاردا [ular])

tʃaŋqan (چاققان، باشقا دىئالېكتلاردا [tʃapsan] ياكى [tʃaqqan])

bojutfu (بويىچە، باشقا دىئالېكتلاردا [bojitfɛ])

## 2. سېمانتىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن پەرقلىق سۆزلەر

dada (بوۋا، چوڭ دادا؛ باشقا دىئالېكتلاردا «دادا، بوۋا»)

tʃiwin (پاشا؛ باشقا دىئالېكتلاردا «چىۋىن»)

indin (ئۆگۈن؛ باشقا دىئالېكتلاردا «ئىندىن»)

∅gyn (ئىندىن؛ باشقا دىئالېكتلاردا «ئۆگۈن»)

dʒula (سايە، تەسىر؛ باشقا دىئالېكتلاردا «نۇرى»)

mijaŋ (نىمجان؛ باشقا دىئالېكتلاردا مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغاندا چىقارغان ئاۋازى)

## 3. باشقا دىئالېكت ۋە يېزىق تىلىدا پەقەت كۆرۈلمەيدىغان سۆزلەر

qara siŋɛk (چىۋىن؛ باشقا دىئالېكتلاردا [tʃiwin])

dʒara (كىرپە؛ باشقا دىئالېكتلاردا [kirpɛ])

qaruʃqu — qariʃqu (بۆرە؛ باشقا دىئالېكتلاردا [b∅rɛ])

g∅lm∅ (بېلىق تۇتىدىغان تور، باشقا دىئالېكتلاردا) [tor])

usqaq (قوشۇق؛ باشقا دىئالېكتلاردا [qoʃuq])

sala (بارماق؛ باشقا دىئالېكتلاردا [barmaq])

gyn (چوڭقۇر؛ باشقا دىئالېكتلاردا [tʃoŋqur])

خوتەن دىئالېكتى ۋە مەركىزىي دىئالېكتقا قارىغاندا، لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىران تىلى ۋە ئەرەب تىلى سۆزلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، رۇس تىلى سۆزلىرى تېخىمۇ ئاز. ئەمما خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى باشقا دىئالېكتلاردا ئاز ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

bindi — biŋdi (bendi، 本地的، يەرلىك، مۇشۇ يەرلىك)
kupaŋ (kufang، 库房، ئامبار)
b∅g∅n (bao guan، 保管员، ئامبارچى)
tʃintʃi (qingqi، 清漆، ئوچۇق سىر)
duŋʃi (dong xi، 东西(物品)، نەرسە)

# II باب

# ماقال ـ تەمسىل

## § 1. تېرىقچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

كۈزدە سارغايماي دېسەڭ ئەتىيازدا ئالدىرا.
يەرنى بىر كۈن تاشلىساڭ، يەر سېنى مىڭ كۈن تاشلايدۇ.
يەر تېرى كۈچۈڭ بىلەن، چۆپىنى يۇل قەھرىڭ بىلەن.
پۇلۇڭ بولسا ئۇرۇق ئال، بولمىسا مايسا.
قاپاقنىڭ ياخشىسىدىن نوگاي چىقىدۇ، ئۇرۇقنىڭ ياخشىسىدىن مايسا.
ئۇرۇقنى چوڭقۇر سالغىنىڭ يەرگە ئوغۇت بەرگىنىڭ.
گەپ يەردە ئەمەس، ئوغۇت بىلەن سۇدا.
يەرنى يايرىتاي دېسەڭ، ئوغۇت، سۇيۇقنى كەم قىلما.
ئوغۇتسىز يەر تېرىغىنىڭ، ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.
ئەتىيازدا قانچىلىك ئوغۇتۇڭ بولسا، كۈزدە شۇنچىلىك ئاشلىق ئالىسەن.
يەرگە ئوغۇت بەرمىسەڭ، تىلەمچى بولۇپ قاترايسەن.
قەھرىتاندا ئوغۇت بەرمىگىنىڭ، ئەتىيازدا قولقاپسىز قالغىنىڭ.
قەھرىتاندا كالا باق، ئەتىيازدا قوشقا قات.
چۆپ يەرگە يۈك، ئوغۇت يەرگە كۈچ، يەرگە جان كىرسۇن دېسەڭ سۇنى ھەدەپ تۆك.
يازدا ئوينا، قىشتا ئۇخلا.
ئىسسىق ـ سوغۇق بولمىسا زىرائەت دان تۇتماس.
ئادەم يەرنى ئالدىمىسا، يەر ئادەمنى ئالدىماس.
ئادەم يەرنى باقسا، يەر ئادەمنى باقىدۇ.
ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر (كۆكىرەر).
يەر ئالتۇن قوزۇق، غاجىلاپ يېسە تۈگىمەس.
يەرنى ئالدىغىنىڭ ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.

گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.
دېھقانچىلىق — چىلىق ـ چىلىق، بولمىسا غېرىپچىلىق.
بىرنى تىكسە مىڭى كۆكلەپتۇ.
بىر تۈپ مېۋە بىر مو يەرنىڭ ئىشىنى قىلار، يۈز تۈپ مېۋە باغ بولار.
كېۋەز تېرىساڭ پۇل تاپىسەن، دەرەخ تىكسەڭ بايلىق.
قاقاسلىق ئورمان بولسا گۆھەرگە تېگىشكىلى بولماس.
مېۋىلىك دەرىخىڭ بولسا قورساقتىن غېمىڭ بولماس.

## § 2. تۇرمۇشقا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

ئۈچ كۈن سەھەر قوپقان بىر نومۇر ئاپتۇ، ئۈچ يىل سەھەر قوپقان بىر قىشقا ياراپتۇ.
كۈندە بىر كاپام ئاش تېجىگەن ئون يىلدا بىر ئات ئالار.
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى قوغۇنلۇق بولسا، قورساق بىلەن پۇلدىن غېمىڭ بولماس.
توخۇ ـ توشقان باققاننىڭ پۇل ـ پۈچىكى ئۆكسىمەس.
كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، سوغۇق پۇتتىن.
يىڭنە بىلەن تاماق يېگەننىڭ قورسىقى يېرىم.
ئىت ئىگىسىدىن تانماس، ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن.
تۇڭغانغا چىراغ ئەسقاتماس، كەمبەغەلگە تۇغقان.
خەققە ئاش توشۇغان خەقنىڭ قولىغا قالار.
خەقنىڭ ئېشى تاتلىق تېتىمپتۇ، قەرزدارنىڭ گېپى ئۆتمەپتۇ.
ئابروينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.
ئاتا ـ ئانا چۆمۈلىدەك يىغىدۇ، بالىلار توخۇدەك چاچىدۇ.
ئاتا ـ ئاناڭنى باقساڭ، بالىلىرىڭدىن خوۋلۇق كۆرىسەن.
ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ، چىچالمىغان پوقىدىن.
يامغۇردا قالمىغان ئەسكى چاپاننىڭ قەدرىگە يەتمەس.
ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىماي، مېھنىتىگە قارا.
ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس.
تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.
ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ.
ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ.
ئاچچىقنىڭ دورىسى ـ سۈكۈت.
سۈت بىلەن كىرگەن خۇي قان بىلەن چىقار.
ياغاچنى ئۈزۈن كەس، تۆمۈرنى قىسقا.
تۇتۇنسىز ئوت بولماس، نۇقسانسىز يىگىت.
تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس، هورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
ئەرنى ئۈمىدكە ياراتقان، قوينى قۇربانغا.
ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.
جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس.
چېچەكسىز گۈل يوق.
چىرايىڭ سەتلىكىگە ئەينەك گۇناھكار ئەمەس.
چىقىشلى بولمايدىغان تاغ يوق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا (يوق).
ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن، ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى.
ئوتنى كىچىك كۆرمە كۆيدۈرىدۇ، دۈشمەننى كىچىك كۆرمە ئۆلتۈرىدۇ.
ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.
قاغىنىڭ يېيىشى پوق.
بىكار يۈرگىچە بىكار ئىشلە.
قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەر.
قارا قازاننىڭ ئېشى تاتلىق.
قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بىلىپ.
قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.
كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن، سۈتى ھەركۈن.
كەمبەغەللەر روزا تۇتسا، بايلار ھېيت ئويناپتۇ.
كۆز كىچىك بولسىمۇ، كۆرىدىغىنى چوڭ.
كۆيئوغلۇڭ يامان بولسا قىزىڭدىن كۆر، كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن.
كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل.
كىشىنىڭ ئېشىنى يېسەڭ تىلىڭ قىسقىرار.
ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس، بەتخەجنىڭ قەرزى.
ياخشى سۆز بىلەن ئىلان ئىنىدىن چىقار، يامان سۆز بىلەن قىلىچ قىنىدىن چىقار.
ياخشى گەپكە قۇلاق سال، يامان گەپكە ياماق (سال).
يار تۇتساڭ چىرايىغا قارىماي قىلىقىغا قارا.
ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە.
يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ.
يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال.
يېگەن كۆرۈنمەس، كىيگەن كۆرۈنەر.
گاچا چۆچۈرە يېسە ئىچىدە ساناپ يەر.
مېھماننىڭ ئېتى بەسى، يەتتە كۈندىن ئاشسا سىپسى.
مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.
نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى.

# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# شەخسلەر

# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# شەخسلەر

## I باب

## شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى

### ئابلا خۇدابەردى

ئابلا خۇدابەردى (1931 — 1966) كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى كورلا، لوپنۇرلاردا 28 يىل يالللىقچى بولغان. ئابلا خۇدا بەردى 12 يېشىدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن دادىسىغا ئوخشاش بايغا يالللىقچى بولغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاقسۇدا ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1951-يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، بەنجاڭ، پەيجاڭ بولدى. 1960 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلدى ۋە شۇ يىلى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ئابلا خۇدا بەردى خەلق قوراللىق بۆلۈمگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، دائىم يېزىلارغا بىرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تۇتتى. گەرچە سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، يەنىلا خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن مەشقتە، ئەمگەكتە، يېتىش - قوپۇشتا، تاماقتا بىللە بولۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. 1965 - يىل 10 - ئايدا ئۇ تارىم گۇڭشې 2 - چوڭ ئەترەتكە بىرىپ نۇقتىدا تۇرغاندا، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى، بەزى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتناشمايدىغانلىقىنى بايقىــدى ۋە كۆپچىلىكنى لىبې فېڭنىڭ ئۆلغار ئىش ئىزلىرىنى، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىغا دائىر ئالاقىدار ھۆججەت ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمەت تۈزۈمىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى توغرا ئىزغا سالدى. ئۇ تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىللە، كۆپچىلىكنى مەدەنىيەت ئۆيى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەپ، پۈتۈن كەنتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ياشلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى، كۆپچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈردى. 1966 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدىكى بىر تۈزلەڭتە، ئۇ كۈنىگە 2000 مېتىر قىر سېلىپ، خەلق

ئەسكەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى كۈنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 مېتىر قىر سېلىشنى كۈنگە 1500 مېترغا يەتكۈزۈشكە ئىلھام بەردى.

1965 ـ يىلى ئەسكەر قوبۇل قىلىنىدىغان چاغدا، ئۇ ئارىلىقى يىراق، ئاھالىسى تارقاق ئولتۇراقلاشقان دۆڭقوتان گۆڭشېسىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىپ، 20 نەچچە كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىدى.

1966 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئابلا خۇدا بەردى نۆۋەتتە تۇرغان چولڭ ئەترەتتە قاتتىق يامغۇر ياغقاندا، ئۇ ئەترەت ئامبىرى ئۆگزىسىنىڭ لېيىنىڭ نېپىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن لاي سېلىشقا تەشكىللەپ، 30 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى زىياندىن ساقلاپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى تەكشۈردى. ئايىمخان يېڭىلا بوشانغان بولۇپ، يولدىشى ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن‌يامغۇر ئۆتۈپ، ئۆيگە سۇ تولۇپ كېتىپ، ئىچى تىت-تىت بولۇپ، بېشى تازا قېتىپ تۇرغاندا، ئابلا خۇدا بەردى كېلىپ ئىككىلەنمەستىن ئۆگزىگە چىقىپ، يامغۇر ئۆتكەن جايىنى ئەتتى، ئاندىن ئۆي ئىچىدىكى سۇنى تازىلىدى. ئايىمخان بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

1966 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئابلا خۇدا بەردى تارىم گۆڭشې 2 ـ چولڭ ئەترەت 3 ـ كىچىك ئەترەت يېنىدىكى كۆنچى دەرياسى بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايدۇ ـ دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بارىدۇ. ئەسلىدە گۆڭشې ئەزاسى تۇردىخان ناھىيىدىن كېلەل كۆرستىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئېشىكىنى يېتىلەپ دەريادىن ئۆتمۇاتقاندا چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىردىن ئاشىدىغان سۇغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن، ئابلا خۇدا بەردى دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ تۇردىخاننى ۋە ئۇنىڭ ئېشىكىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھاۋا بىر ئاز سوغۇق ئىدى، ئەسلىدىلا بىتاپ بولۇپ قالغان ئابلا خۇدا بەردى ئادەم قۇتقۇزغاندىن كېيىن زۇكام بولۇپ قېلىپ، كېچىچە بېشى ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسۇپ چىقىدۇ. ئۇ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئەتىسى يەنىلا خىزمەتكە بارىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئەترەت كادىرلىرى ئۇنى دەرھال دوختۇرغا ئېلىپ بارىدۇ. دوختۇرلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق جىددىي خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى، دەپ دىئاگنوز قويىدۇ.

پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنىڭ كېسىلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى ۋە دەرھال ناھىيىلىك، ئوبلاستلىق دوختۇرخانىلار ۋە شۆبە ھەربىي رايون، ھەربىي قىسىم دوختۇرخانىلىرىنىڭ داۋالاش خادىملىرىدىن داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئايروپىلان بىلەن لەنجۇدىن دورا ئېلىپ كېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئابلا خۇدا بەردىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ6-ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

## بەختىخان خۇدا بەردى

بەختىخان خۇدا بەردى (1931 — 1960) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تۆت يېشىدا ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغاچقا، ئۇ كىچىكىدىنلا جىگەرلىك بولۇپ ئۆسكەن. 16 يېشىدا ئۇ بىر تەرەپلىمە خوراپىي قاراشلارغا پەسەنت قىلماي، ئەرلەرگە ئوخشاش سەھنىگە چىقىپ،

ئەدەبىيات، سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەختىخان خۇدا بەردى پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەشكىل ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئوقۇش مەزگىلىدە ئۇ ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. 1951 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ناھىيىگە قايتقاندىن كېيىن، يەنە تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قارا شەھەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ «يەرلىك كادىرلار كۇرسى»دا ئوقۇدى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ لوپنۇرغا قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولدى.

1952 - يىلى بەختىخان خۇدا بەردى ئاقسوپى كەنتىدە نۇقتىدا تۇرغاندا، كەنتتىكى ئاممىنىڭ، ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاياللارنى ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەش ئۈچۈن، بەختىخان خۇدابەردى چوڭ ئاخۇننىڭ ئايالى چولپانخاننى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئۇنى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى ھەم ئۇنى ئاياللار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، كېيىن چولپانخان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى بولۇپ قالدى. شۇ جايدىكى بىر داموللامنىڭ مەريەمخان ئىسىملىك كېلىنى بار بولۇپ، خەلق ناخشىلىرىنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئېيتىدىغان ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئۇ بەختىخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاياللارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ كەلگەن فېئودالىزملىق كونا قائىدە ۋە قالاق ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان ناخشىلارنى يېزىپ ۋە ئېيتىپ، ئاياللارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بەختىخاننىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، شۇ جايدىكى ئاياللار «ئاياللار ئېتىزغا چىقماسلىق» دەك قالاق ئادەتنى ئۆزگەرتتى. 1953 - يىلى كوپېراتىپ قۇرۇلغاندا %90تىن ئارتۇق ئايال ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. ئۇ ئاياللارنى جاپالىق ئائىلە ئىشلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلاردا بالىلار باغچىسى قۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، زور نەتىجىگە ئېرىشتى.

1955 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى كەمبەغەل، قالاق شىڭپىڭ يېزىسىغا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئاياللار خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئاياللارنى ئەمگەككە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىغا تايىنىپ ئوغۇت توپلاشنى تۇتتى ھەم ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نەچچە ئون كالا ئېلىپ كېلىپ قىغ چۈشۈرۈپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ئالدىنقى يىلدىكى 400 مىڭ جىڭدىن 700 مىڭ جىڭغا يەتكۈزدى.

1956 - يىل 7 - ئايدا بەختىخان خۇدا بەردى تەشكىل تەرىپىدىن لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ قالدى.

بەختىخان خۇدا بەردى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1956 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم 1 - دېھقانچىلىق مەيدانى (ھازىرقى 34 - تۇەن - مەيدان) قۇرۇلغان مەزگىلدە، ئۇ نۇرغۇن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەچكە، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 1958 - يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى شۇ جايدىن بىر تۈركۈم ئېشەك سېتىۋالدى. يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئېشەك بېقىش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئېشەكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قېچىپ كەتتى. بەختىخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئېشەكلىرىنى تېپىشىغا

ياردەملەشتى.

بەختىخان ئاددىي دېھقان قىزىدىن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرى بولۇپ يېتىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ يېتىشتۈرۈشىنى ۋە تەربىيىسىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالمىدى، باشتىن ئاخىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى، شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىمىدى. ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن كېيىن، بانكا مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولدىشىنى ئازادىرەك بىرەر خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويمىدى، يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىنىسىنىمۇ ناھىيىگە يۆتكىۋالمىدى. ئۇ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، خىزمەتنى ئىزچىل تىرىشىپ ئىشلىدى. 1959 - يىل 5 - ئايدا غوپۇر ياقۇپ ئۇنىڭغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، بەختىخان ئېسەدەپ تۇرۇپ: «پارتىيىگە ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمەي تۇرۇپلا سالامەتلىكىمنىڭ بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىئارام بولۇۋاتىمەن» دەيدۇ. 1960 - يىلى ئۇ ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولۇش سەۋەبىدىن چەكسىز ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## خې جۇڭجى

خې جۇڭجى (1924 — 1983) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىڭچۈەن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىكىدىلا ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان، يېزىقچىلىقتا ماھىر ئىدى، ئۇ جىڭچۈەن تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ يۇرتىدىكى خەلقنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى ۋە ئازاب - ئوقۇبىتىنى كۆرۈپ دائىم چوڭقۇر غەمگە پاتاتتى. مىنگونىڭ31- يىلى (1942- يىلى) ئەتىيازدا گومىنداڭ ئەسكەر تۇتقاندا ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، بىر نەۋرە ئىنىسى كىچىك بولغاچقا، جەمەتىدىكىلەر پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەم ياللاپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا خې جۇڭجى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇغقانلىرىنى قايىل قىلىپ، نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە بولغاچقا، كېيىنچە تۈەننىڭ شۇجىسى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 1950 - يىلى ئۇ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

خې جۇڭجى تۈز، ئادىل، ئاقكۆڭۈل ئىدى، سۈن جۇڭشەن ۋە جۇئېنلەينىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى قەدىرلەيتتى، ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئىشخانىسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ خەتتاتلىقنى ياخشى كۆرەتتى. كىچىكىدىن تارتىپلا مۇسىن خەت مەشىق قىلغانىدى، ليۇ گۇڭچۈەنچە خەت نۇسخىسىنى ياخشى يازاتتى. ئۇ دائىم ئىدارە، ئورگانلارنىڭ ۋىۋىسكىسىنى، لوزۇنكىلىرىنى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەت ئۆلگىسىنى يېزىپ بېرەتتى. خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شېئىر يېزىپ خاتىرە قالدۇراتتى. چوڭ ئىشلارغا يولۇقسا، شېئىر بىلەن خاتىرىلەيتتى (ھازىر 93 پارچە ئەسىرى ساقلىنىۋاتىدۇ). ئۇ شېئىر يېزىپ ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى مەدھىيىلىدى. تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشتەك رەزىل قىلمىشىنى سۆكتى.

خې جۇڭجى خىزمەتتە ئەستايىدىل ئىدى، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايتتى. ئۇ «بارلىقىمنى ئەلگە ئاتاپ جاپالار چېكەي، بۇ ئۆمرۈمنى تەزكىرىگە تەسەددۇق ئېتەي» دېگەن مىسرالارنى دەستۇر قىلىپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ دورۇس، ئاقكۆڭۈل ئىدى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ئۇ شۇ جايدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇر كادىرلار ۋە ئامما بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇنى «ياخشى ئادەم» دەيتتى، ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ بەك ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئاسرايتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇچىغا چىققان سول ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمى يامراپ كېتىش ۋەجىدىن، ئۇ ئايرىپ قويۇلۇپ تەكشۈرۈلدى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. مۇشۇ چاغدا تۇرمۇشى ئانچە ھاللىق بولمىغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي ھېچنىمىگە قارىماي ئۇنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىپ، شۇ چاغدىكى ئەڭ ئېسىل تائاملار بىلەن كۈتتى. تاماقتىن كېيىن يەنە ھەمراھلىرىڭىز بىلەن بىللە يەڭ دەپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە نان بەردى. خې جۇڭجى ھاياجىنىنى باسالماي «ياغلىق ئۇماچ» دېگەن تېمىدا شېئىر يېزىپ بۇ ئىشنى خاتىرىلىگەنىدى. يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى تارىم 9 ـ مەيدانىدىكى تىككۈچى توختى دائىم ئۈزۈم ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئالغاچ ئېشىكىگە مىنىپ بېرىپ خې جۇڭجىنى يوقلاپ تۇردى. دېھقان ئابدۇرېھىم ئۇنىڭغا مەخسۇس بۇغداي نېنى ئاپىرىپ بەردى ھەم سالامەتلىكىنى ئاسراش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ تۇردى. ئۇ ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشىدىن چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت ھېس قىلدى ۋە قوزغۇلۇپ تەلەندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ «كىچىك ھۇجرا» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىققا تولغان قەلبىنى ئىزھار قىلدى. 1976 ـ يىلى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ «مەرھابا باھار» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى:

ئۆتتى پىنھان ئون يىلىم، ئەمدى قۇچاق ئاچتى باھار.
تاغ ئارا گۇللەر ئېچىلدى ھۆپپىدە، چاچتى ئىپار.
مىسلىسىز شۇ ئۆزگىرىشنىڭ توغرا يولى بەك ئۇزاق،
ئاخىرى سۈزۈلدى ئاسمان، ھەم دىلىمدا ئىپتىخار.
تەلپىيم كېلىپ بوگۈن بىت ـ چىت بولۇپ ئالۋاستى ـ جىن،
بۇ ئېلىمنىڭ قويىندا بولدى ئاجايىپ ئۆزگىرىش.
يېڭى بىر ئۇزۇن سەپەرگە تاشلىدىم مەزمۇت قەدەم،
بىر ئۈمۈر ھۇجۇم نىشانىم بولدى ئەمدى تۈتلىشىش.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خې جۇڭجى 30 يىلنى بىركۈندەك ئۆتكۈزۈپ، مائارىپ بىغىدا تەر ئاققۇزۇپ، خېجىڭ، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. ئۇ چىقىشقاق ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ماھىر ئىدى. زېرىكمەي ئۆگىنەتتى. ھەممە ئىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەتتى، باشقىلارغا ئۈلگە بولاتتى. 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۇ خېجىڭ ناھىيىسى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتىپىدە «بالىلار ئاۋازى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقاردى، ژۇرنالدا: تىرىشچانلىق، ئۆگىنىش، سۆيۈش، ئەمگەك دېگەن تۆت سۆزلۈك مەكتەپ تەلىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «تىرىشچانلىق — كۈرەش روھى، ئۆگىنىش — توختىماي ئىلگىرىلەش، سۆيۈش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئەمگەك — جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماسلىق. تىرىشىپ ئۆگىنىش خەلققە بەخت يارىتىشنى، سۆيۈش، ئەمگەك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ». خې جۇڭجى قاتتىق سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىققا قارىماي،

ھەر كۈنى سەھەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ گىمناستىكىغا چىقىشىغا ئۆزى باشلامچى بولدى. گىمناستىكا ئاياغلاشقاندا، ئۇ پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپ تەلىمىنى بىر قېتىم ياد ئوقۇپ چىقىشقا يېتەكلەيتتى. شۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچى قىچىشقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، ئۇ بىرتەرەپتىن، ئاكتىپلىق بىلەن ئۇلارنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ كېسەك قۇيۇپ، يالغۇز كىشىلىك كاڭ سېلىپ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاپ، كېسەلنىڭ ئۆز ئارا يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇ مەكتەپنى قاتتىق باشقۇراتتى، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئىدىيىۋى تەربىيىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. خې جۇڭجى ماقالە يېزىپ، ئوقۇتۇش ئىدىيىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى شەرھىلىگەن. ھەم ئوقۇتۇشنى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەرسخانا تەربىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمەلىيىتى، ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسىي تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنى ئۇلۇغۋار غايىگە ۋە ئۆزىنى ۋەتەنگە بېغىشلاش ئىرادىسىگە ئىگە قىلىش كېرەك دەپ قارىغان.

خې جۇڭجى 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 59 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن كورلىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## بەكرى قارى

بەكرى قارى (1879 — 1952) پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدا ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەن، قۇرئاننى يادقا بىلەتتى. ئۇ ئىدىيىدە بىر قەدەر جانلىق بولۇپ، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدى، ئۇ نادانلىقنى تۇگەتمىگىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىغانىدى.

مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) بەكرى قارى تەكلىپ بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىغا كېلىپ، دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، شۇ جاي ئۈچۈن بىر تۈركۈم دىنىي زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ۋە ئامما ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئابروي تاپقان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) ئۇ يەنە كورلىدىن ھەرخىل پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە، گۈزەل سەنئەت ۋە تەنتەربىيىدىن دەرس ئۆتكۈزگەن. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ئۇ تىكەنلىك يېزىسى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن، 13 سىنىپلىق، 345 قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان سەككىز مەكتەپ قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە بۇ سەككىز مەكتەپتە چوڭلار كەچلىك كۇرسى ئاچقان، 263 دېھقان ساۋات چىقىرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشقان. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)غا قەدەر 187 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان. كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، سىنىپ يېتىشمىگەندە، ئۇ ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ياردەم قىلغان مەبلەغنى قوشۇپ 578 كۋادرات مېتىر سىنىپ سالغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئوقۇش سايمانلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى بىلەن دۇكان ئېچىپ، ئۇيۇشمىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكەن ۋە شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە مەدەنىيەت - سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئويۇن تاپاۋىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتكەن. بەكرى قارى ئەينى يىللاردا تەربىيىلىگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلىمەكتە.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بەكرى قارى خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلدى، مىللىي مائارىپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ، 1952 - يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# II باب

# شەخسلەر جەدۋىلى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، لوپنۇر ناھىيىسىدە زور بىر تۈركۈم ئىلغارلار، نەمۇنىچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ھەر قايسى سەپتە تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىدى، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە لوپنۇر ناھىيىسى يەنە دۆلەتكە زور بىر تۈركۈم كادىر يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلدى.

### لوپنۇر ناھىيىسىدىن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر

21 - قىسىم 1 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تەقدىرلەنگەن چاغدىكى خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | شەرەپ نامى | تەقدىرلەنگەن ئورۇن | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىن رېھىم | | | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى | يېزا ئىگىلىك نەمۇنىچىسى | گوۋۇيۈەن | 1957-يىلى |
| خوجىنباۋ | ئەر | خەنزۇ | ئاشلىق ئىدارىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | 1959-يىلى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لياڭ دۇ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى | مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى | گوۋۇيۈەن | 1983-يىلى |
| قاسىم سەمەت | | | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى | گوۋۇيۈەن | 1983-يىلى |
| سۇجۇنئەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف لىنىيە پونكىتىنىڭ ئىشچىسى | پوچتا - تېلېگراف ئەمگەك نەمۇنىچىسى | پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 1985-يىلى |
| ئىمىن رېھىم | | | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى | چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى | 1956-يىلى |
| مىجىت مىيىن | | | ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت | 1979-يىلى |
| ئەيسا توختى | | | ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ كادىرى | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 1982-يىلى |
| شېرىپ مۇسا | | | مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى | چوڭلار مائارىپى بويىچە مۇنەۋۋەر كادىر | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1982-يىلى |
| ئابدۇرېھىم | | | تارىم گۇڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ كادىرى | ئىلغار سەھىيە خىزمەتچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1982-يىلى |
| پەن خۇيجېن | ئايال | خەنزۇ | چۇچۇك بويا قىيامى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى | پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1983-يىلى |
| سۇجۇنئەن | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پوچتا - تېلگراف لىنىيە پونكىتىنىڭ ئىشچىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1983-يىلى |
| | | | | پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ 11 - قېتىملىق باشلامچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | 1984-يىلى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ليالڭ دۇ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1984-يىلى |
| | | | | يېزىلاردا پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار - خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1985-يىلى |
| ئابلا ھېيت | | | مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ كادىرى | ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1984-يىلى |
| ھېزىم خالىق | | | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1984-يىلى |
| تۇردى باۋۇدۇن | | | ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1985-يىلى |
| چىن پېڭفېي | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1985-يىلى |
| جۇبىنۋۇ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1985-يىلى |
| ھەنىپە ئەۋەل | | | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى | مۇنەۋۋەر مائارىپچى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1985-يىلى |
| ئوسمان قادىر | | | ناھىيىلىك ئورمان ئاسراش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى | ئورمان ئاسراش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1984-يىلى |

**1949 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە باشقا جايلاردا خىزمەت قىلغان لوپنۇر ناھىيىلىك ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار**

21 - قىسىم 2 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | يۇرتى | 1985 - يىلدىكى ۋەزىپىسى |
|---|---|---|
| قىيۇم باۋۇدۇن | شىڭپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى |
| مامۇت نىياز | تارىم يېزىسى بوستان كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| ئىمىن غازى | تارىم يېزىسى يېڭى سۇ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى |
| مەھەممەت سىيىت | تارىم يېزىسى ئاقچېكە كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشقى پىربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| غوپۇر ئابدۇللا | لوپنۇر بازىرى | خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى |
| ئىبراھىم كازىم | تارىم يېزىسى خادادۆڭ كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |
| يۇنۇس سىيىت | تارىم يېزىسى خادادۆڭ كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| مەھەممەت شېرىپ | تارىم يېزىسى خادادۆڭ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| ھاپىز ئىمىن | تارىم يېزىسى خادادۆڭ كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى سەھىيە مەمۇرىيىتى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| ئابلىمىت راخمان | تارىم يېزىسى خادادۆڭ كەنتى | شىنجاڭ داشۆسى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى |
| ئىسمائىل نەزەر | تارىم يېزىسى ئاقچېكە كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى |
| ھېكىم يۇنۇس | تارىم يېزىسى ئاقچېكە كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى پارتىيە تارىخى كافېدراسىنىڭ مۇدىرى |

| | | |
|---|---|---|
| جاپپار قۇربان | تارىم يېزىسى ئاقچىكە كەنتى | خوشۇت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى |
| قادىر تۇردى | تارىم يېزىسى چوڭكۆل كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد ـ سودا نازارىتى پىلان ـ مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| تۇرسۇن ئىسلام | تارىم يېزىسى چوڭكۆل كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە باشقارما باشلىقى |
| ئابلەت ماناپ | تارىم يېزىسى تارىم كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يول ئاسراش ئوچاستكىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى |
| مامۇت قاسىم | تارىم يېزىسى قوۋانكۆل كەنتى | شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى |
| ئەمەت تۇردى | شىڭپىڭ يېزىسى تۇڭچىكە كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق نېفىت شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى |
| مەھەممەت ئېلى | شىڭپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتى | چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| تاھىر سەيپە | شىڭپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى |
| مەتىمىن ھۆسىيىن | شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى |
| يۈسۈپ روزى | شىڭپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ شۆبىسىدە باشقارما باشلىقى |
| ئابلىز ھەسەن | شىڭپىڭ يېزىسى شىنىغا كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| ئىسھاق ئوسمان | شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتى | ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا ترانسپورت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى |
| ياقۇپ قۇربان | لوپنۇر بازىرى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى |
| ئېلى توختى | ئۆرۈكچىلىق مەيدانى | شىنجاڭ ھەربىي رايونى «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| غوپۇر مۆمىن | تارىم يېزىسى بوستان كەنتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| ياسىن ھۆسىيىن | شىڭپىڭ يېزىسى كۆنچى كەنتى | 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆبىسىدە فاكۇلتېت مۇدىرى |

## قوشۇمچە

## يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار

لوپنۇر خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، خۇشخۇي، خۇشپېئىل خەلق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجىسىغا ئايلاندى، ئەنئەنىۋى ئېسىل پەزىلەتلەر تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ۋە كوللېكتىۋىزىملىق ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئەھمىيەت بەردى. كونا جۇڭگودىن قالغان فېئودالىزم قالدۇقلىرى ۋە قالاق ئۆرپ - ئادەتلەر ئاستا - ئاستا تۈگىتىلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزىملىق ئىدىيە ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى خەلق قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىدى، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان روھ ۋە ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق روھى كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، پۈتۈن ناھىيىدە «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، پاكىزە بولۇش، قەلبى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش) «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش» پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئېڭى تېخىمۇ ئۆستى. ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئېلىنغان تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق، دوستلۇق ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۆز مەنپەئىتىدىن كېچىشكە دائىر ئىش 357 قېتىمغا يەتكەن. ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان، بولۇپمۇ بۇنداق كەيپىيات ناھىيىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تولۇقسىز مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىققا دائىر ئىش 3647 ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن، 5374 يۈەن نەق پۇل، 12 ۋېلسىپىت، سەككىز دانە سائەت، بىر ئات، بىر ئېشەك، ئىككى قوي تېپىۋېلىنغان.

### مەھەممەت ئەمەر باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى

ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىي، پارتىيە ئەزاسى مەھەممەت ئەمەرنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلگەن ئىش - پائالىيەتلىرى تارىم يېزىسىنىڭ بوستان كەنتىگە كەڭ تارقالدى.

1980 - يىلى مەھەممەت ئەمەر ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ مۇشۇ چاغدىن باشلاپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇرتداشلىرىغا ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. شۇ يىلى ئۇ مېيىپ موماي ھاجىخاننىڭ 15 مو بۇغدىيىنى ئورۇپ بەردى. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ئۈچ ماشىنا ئوتۇن ئەكىلىپ بەردى. ئۆزى تاختاي چىقىرىپ، يېزا يولىدىكى بىر كۆۋرۈكنى ياساپ قويدى. ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان ئاممىغا 590 تونىنا قىغنى ھەقسىز توشۇپ بەردى، 27 قېتىم كەنتنىڭ خالىسانە ئەمگىكىگە قاتناشتى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن 43 كېچە خامانغا قارىدى.

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەنتتىكى مەھەممەت ئارۇپ بېلىق تۇتۇۋېتىپ

ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن جىددىي پەيتتە، مەھەممەت ئەمەر دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇق سۇغا باتۇرلۇق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، مەھەممەت ئارۇپنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

## جاڭ فېڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىزنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋالدى

1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى جاڭ فېڭ ناھىيە ئۇيۇشتۇرغان «1 - ئىيۇن» ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىشىدا شىڭپىڭ ئۆستىڭى كۆۋرۈكىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئۆستەڭدىن كەلگەن يىغا ئارىلاش ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇ دەرھال ئۆستەڭنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئۆزىدىن كىچىك بىر قىزنى تارتقىنىچە كۆكرىكىگە كەلگىدەك چوڭقۇرلۇقتىكى سۇدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ تۇرغانلىقىنى، سۇنىڭ بۇ ئىككەيلەننى ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئېقىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا، جاڭ فېڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئاۋۋال كىچىك قىزنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ، ئارقىدىنلا يەنە سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، يەنە بىر قىزنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ. جاڭ فېڭ ئاران 13 ياشتا بولغاچقا، ئىككى قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئۇ كىچىك قىزنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، مەكتەپتە ئۆگەنگەن جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، قىزنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى سۇنى چىقىرىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن قىزچاق ھوشىغا كېلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال يېتىپ كېلىپ، بالىسىنى قۇچاقلايدۇ ۋە جاڭ فېڭغا رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ قارىغاندا جاڭ فېڭ ئاللىقاچان بۇ جايدىن كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆپ سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىر 10 - ئايدا ئاندىن جاڭ فېڭنى تاپىدۇ.

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى جېڭ ۋېييۇڭ

لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى جېڭ ۋېييۇڭنى كۆپچىلىك مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ساۋاقداش جېڭ ۋېييۇڭ ئادەتتە پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئادەتتە ئۇ كەم سۆز، قىزلاردەك تارتىنچاق بولغىنى بىلەن، كوللېكتىپ ۋە باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە كەلگەندە قىلچىمۇ تارتىنمايدۇ. ئۇ قول سائەت تېپىۋېلىپ قوغداش بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىنىپنى تازىلايدۇ، پارتا - ئورۇندۇقلارنى يۇيۇپ سۈرتىدۇ، بۇزۇلغان ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئوڭشاپ قويىدۇ، ئېگىلىپ قالغان كۆچەتلەرنى تۈزلەپ قويىدۇ. ياز كۈنلىرى ساۋاقداشلىرىغا چاي ئەكىلىپ بېرىدۇ، قىش كۈنلىرى ساۋاقداشلىرىغا ئوت قالاپ بېرىدۇ. ئاغرىپ قالغان ساۋاقداشلىرىغا قارايدۇ. ئۇ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغاندا 16 ياشتا ئىدى.

جېڭ ۋېييۇڭنىڭ ئۆيى ناھىيىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىناكارلىق 4 - تۈەننىڭ 25 - لىيەنىدە بولۇپ، مىللىي كەنت بىلەن قوشنا ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىگە قوشنا خۇيزۇ مومايىنىڭ ئۆيىدە ئوتۇن يارىدىغان ئادىمى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتۇن يېرىپ بېرىدۇ. موماي ئۇچرىغانلا ئادەمگە ۋېييۇڭنى ياخشى بالا دەپ ماختايدۇ.

1983 ـ يىلى جېلىل ۋېيىيۇڭ «ئېتتىپاق» يېزىسى شىخەيزى كەنتىدىكى 80 نەچچە ياشلىق ئۇيغۇر تۇل مومايىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ۋە زىرائەتلىرىنىڭ ئوتىنى ئوتايدىغان ئادىمىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئون نەچچە ساۋاقدىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تومۇز ئىسسىقتا بەش سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەپ، مومايىنىڭ يېرىنى ئوتاپ بېرىدۇ. موماي بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ: «سىلەرگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار» دەيدۇ.

1983 ـ يىلى يازدا شىڭچىڭ يېزىسى داشى كەنتىدىكى بىر ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ كېۋەزلىكىنى چاناش زۆرۈر بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي قالغاندا، جېلىل ۋېيىيۇڭ يەنە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق بورانغا قارىماي، ھېلىقى دېھقانغا يېرىم كۈن ياردەملىشىدۇ.

1985 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان، سوغۇق شامال گۈكىرەپ چىقىۋاتقان، زېمىننى ئاپئاق قار قاپلىغان بىر ئەتىگەنلىكى، جېلىل ۋېيىيۇڭ مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، ناھىيىلىك ماي ئامبىرىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىشىگە، توساتتىن كۆنچى دەرياسىدىن كەلگەن «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن بوش ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدۇ ۋە ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئىككىلەنمەستىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ دەريا بويىغا بارىدۇ. ئەسلىدە بىر پادىچى بوۋاي ۋە 30 نەچچە تۇياق قوي كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئۇلار دەرھال بوۋاينى قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما مۇز نېپىز بولغاچقا، كاچكۇلغا يېقىن بېرىشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئامال ئويلاپ، قۇرۇق دەرەخ شېخىدىن بىرنى تېپىپ كېلىپ، بىر ئۇچىنى ھەمراھلىرىغا تۇتقۇزۇپ، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ تۇرۇپ، بوۋاينى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. جېلىل ۋېيىيۇڭ كىيىمىنى سېلىپ، كەسكىنلىك بىلەن دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بوۋاينى سۇدىن چىقىرىۋالىدۇ.

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، جېلىل ۋېيىيۇڭ ساۋاقداشلىرىغا ئوتۇن تەرگۈزۈپ كېلىپ، ئوت قالاپ بوۋاينىڭ كىيىملىرىنى ئوتقا قاقلايدۇ ۋە ئۇنى ئىسسىندۇرىدۇ. ئۇ يەنە باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە، قويلارنى بىر ـ بىرلەپ ئارغامچا بىلەن تارتىپ چىقىرىدۇ. پادىچى بوۋاي ئىسسىق كىيىمنى كىيىپ، جېلىل ۋېيىيۇڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.

# قوشۇمچە

# قوشۇمچە

# لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1986 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋالى

## 1986 - يىلى

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1986 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 897 مىڭ200 يۈەن (يېزا ئىگىلىكىنىڭ 16 مىليون 249 مىڭ 500 يۈەن، سانائەتنىڭ 7 مىليون 647 مىڭ 700 يۈەن) گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 19 مىليون 419 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 1 مىليون 306 مىڭ 700 يۈەن، مالىيە چىقىمى 7 مىليون 495 مىڭ 200 يۈەن بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە، دېھقانچىلىقتا ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان ئاساس قىلىنىدۇ. 1986 - يىلى 13 مىڭ 600.3 توننا ئاشلىق، 852.9 توننا پاختا، 364.2 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 218 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئۆلچەملىك ئورمان بەلبىغىدىن 331 ى پىلانلىنىپ، 729 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، پىلاندىكى ۋەزىپە 162.9% ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە بېلىق بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمى 20 مىڭ مو، 1986 - يىلى 110 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيىدە 181 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ بار، ئۇنىڭ 63 كىلومېتىرىغا سۇ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سۇلياۋ ياتقۇزۇلدى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبىرى تۆت، چوڭ، كىچىك ناسوس پونكىتى 25 بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 90%كە يەتتى.

يەرلىك سانائەتتە چۈچۈك بۇيا قىيامى ياساش ئاساس قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش قاتارلىقلار بار. 1986 - يىلى 403 توننا چۈچۈك بۇيا قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى.

ناھىيىدىكى دۆلەت يولى ۋە بازار، يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 288 كىلومېتىر، بۇندىن باشقا، يەنە يېزا - كەنت دەرىجىلىك ئاددىي تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر. پوچتا يولىنىڭ

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 685 كىلومېتىر.

ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 79 بولۇپ، بىناكارلىق ئاساسلىق تىجارەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، كان ئېچىش، سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تۈرلەر بار. 1986 - يىلى ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 433 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1986 - يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 571 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلە 220 بولۇپ، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 181 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 527.18 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 68.12 يۈەن ئاشتى. بازار - يېزىلاردىكى شەخسلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليون 97 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %31.3 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 7434، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 4634، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98.8كە، يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %99.2كە يەتتى. بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 150، ھەرخىل كەسپىي ئوقۇتقۇچى 401. ناھىيىدىكى پەن - تېخنىكا خادىمى 720. بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل دوختۇر ئۈچ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى ئىككى، مال دوختۇرى ئىككى، ئىنژېنېر ئالتە، سەھىيە ئاپپاراتى توققۇز، كېسەل كارىۋىتى 136، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 126، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي خادىم 19.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئۇتۇق نىياز، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمۇللا؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ دايەن.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر بارات، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇجىياڭ، ئەيسا قۇربان، ئوسمان قادىر.

ھاكىمى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ، چىن يېڭفېي، مەھەممەت ئەمەت.

سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: ياڭ زوجۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت يۈسۈپ، لياڭ دۇ (ئايال)، باقى قازىھاجى، غوپۇر ياقۇپ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئوسمان تۇردى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: تۇردى ئابلا.

## چوڭ ئىشلار

11 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 33 - تۈەن - مەيداندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا، ئاساسلىقى، لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تارىم بويىدەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا مەسىلىسى ھەل

قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لوپنۇر ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمى يەرلىك ئورۇن تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، نامى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى دەپ ئاتالدى.

10 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قوش مائارىپ خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

# 1987 ـ يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 653 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىكىنىڭ 18 مىليون 574 مىڭ 800 يۈەن، سانائەتنىڭ 9 مىليون 78 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1986 ـ يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى. مالىيە كىرىمى 1 مىليون 334 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 8 مىليون 518 مىڭ يۈەن بولدى.

1987 ـ يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 14 مىڭ 150 توننىغا، ئېلىنغان پاختا 1398 توننىغا، ئېلىنغان ياغلىق دان 214 توننىغا يېتىپ، يېزا ئىگىلىكى بويىچە 10 ـ يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 219 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، چىشى چارۋا نىسبىتى %54.85، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %18.95، قولدىن چىقىش نىسبىتى %30.1 بولدى. ناھىيە بويىچە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشتا ئەمەلىي ئۆتكۈزۈلگەن كۆلەم 2188 مو، مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 157 مىڭ 800 تۈپ، پارچە ـ پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 349 مىڭ 500 تۈپ. ناھىيە بويىچە بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ كۆلىمى 51 مىڭ 500 مو، مۇشۇ بىر يىلدا تۇتۇلغان بېلىق 120 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 60 توننا.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا بىناكارلىق كەسپى، ۋېرمىكۇتت قېزىش ئاساس قىلىنىپ، باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1987 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 1986 ـ يىلدىكى 79 دىن 92 گە كۆپىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى22 مىليون 727 مىڭ 700 يۈەنگە (يېرىم ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى بۇنىڭسىرتىدا)، ئومۇمىي كىرىم 23 مىليون 330 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەھەتتە چۇچۇك بۇيا قىيامى 434 توننىغا يېتىپ، 1986 ـ يىلدىكىدىن %7.7 ئاشتى. 11 مىڭ توننا ۋېرمىكۇتت قېزىلدى (تەييار مەھسۇلات). دۆلەتنىڭ «ئۈچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلىك لوپنۇر كەندىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش رايونى ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ تۇپا ـ تاش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

دۆڭقوتان رايونىغا 10 مىڭ ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 29.9 كىلومېتىر، بۇنىڭغا 330 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. يۇقىرى بېسىملىق سىمنىڭ تارتىلىشى بىلەن چەت ـ ياقا رايونلاردا «ئۈچ راۋان بولۇش» (يول، سۇ، توك راۋان بولۇش) ئەمەلگە ئاشتى.

ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ قارارلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ كۈندىلىك سۇ چىقىرىش مىقدارى 2592 كۇب مېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل بولدى.

ناھىيىدىكى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ۋە يۈك ئاپتوموبىلى 113، يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 18 مىڭ 900 ئادەم / كىلومېتىر، يۈك توشۇش مىقدارى 5 مىليون 826 مىڭ 300 توننا / كىلومېتىر.

ناھىيە بويىچە تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 8 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ساپ سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 890 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 568.1 يۈەن. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 173 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ، ئومۇمىي نامرات ئائىلىنىڭ 92.02 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بازار-يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 10 مىليون 589 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 2501 (ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 1475)؛ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 5078 (ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 3674)؛ جەمئىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 489. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.3، يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %96.2، ئومۇملىشىش نىسبىتى %96. ناھىيە بويىچە جەمئىي 2501 ئادەم ھەرخىل ئومۇمىي ساۋات ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1987 - يىلى يۇقىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ توپلىشى قاتارلىق ھەرخىل يوللار ئارقىلىق بىر سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. ناھىيە ئۆزى لايىھىلەپ قۇراشتۇرۇپ چىققان تارقىتىش ئىقتىدارى 50 ۋاتلىق چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ناھىيە، يېزا، مەيدان (بازار)لاردىكى مەدەنىيەت سارىيى (پونكىت) يەتتە، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى 20، «ياشلار ئائىلىسى»، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» 42. ناھىيە بويىچە كىنوخانا (ئەترەت) 12 (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۆلىكىنىڭ سىرتىدا). ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە مەيدانى بىر، كۆلىمى 62.5 مو. 1987 - يىلى 40 قېتىم ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئورۇندالغان «ئۆسۈشنى چەكلىگۈچى ئاممونىينى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ كېۋەزدىن سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش» دېگەن تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 11، كېسەل كارىۋىتى 146، جەمئىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 121، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچتىن يۇقىرى تېببىي خادىم 20.

1987 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بەردى. ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا لوپنۇر ناھىيىسى 2 - لىككە ئېرىشتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئۆتۈق نىياز، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمولla. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ دانيەن.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇجىيىڭ، ئوسمان قادىر، مەھەممەت ئەمەت، ليۇچىن.

ھاكىمى: نىياز ئابلا، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ، چېن پېڭفېي، مەھەممەت كېرەم
سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: ياڭ زوجۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت يۇسۇپ، لياڭ
دۇ (ئاپال)، باقى قارىھاجى.
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا.
خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر.

## چوڭ ئىشلار

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاست رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۇدا قارا يامغۇر ياغدى، يېغىن مىقدارى 76.6 مىللىمېترغا يەتتى، قىسمەن رايونلاردا يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىردىن ئېشىپ، ئالاقە ۋە قاتناشنى ئۈزۈپ قويدى. زاۋۇتلاردا ئىش توختىدى، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى، 1339 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 5 مىليون 550 مىڭ يۈەنلىك زىيان بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى يېغىنۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، يېزىلارغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئۈچ قېتىم جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا، ئېغىر ئاپەت بولغان يىلدا مەھسۇلات ۋە كىرىمنى كېمەيتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

12 - ئايدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بەردى.

# 1988 - يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1988 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 103 مىليون 13 مىڭ 900 يۈەن (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 83 مىليون 406 مىڭ 400 يۈەن) گە يەتتى؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 194 مىليون 277 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 139 مىليون 655 مىڭ 800 يۈەن) گە يەتتى؛ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 24 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليون 225 مىڭ 100 يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 282 مىڭ 800 يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 741 مىڭ 900 يۈەن؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 31 مىڭ 600 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 24 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمى 2 مىليون 481 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 8 مىليون 177 مىڭ يۈەن بولدى.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 647 توننا ئاشلىق، 1600 توننا پاختا، 53 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 219 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ قولدىن

چىقىش نىسبىتى 30.43%، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 17.3% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3300 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 87.2% بولدى؛ مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 198 مىڭ 300 تۈپ، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 300 مىڭ تۈپ. مۇشۇ بىر يىلدا 3202 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىلىغا 110 توننا بېلىق تۇتۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 30 توننا). مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 506 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 1988 - يىلى 100 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بەش غول ئۆستەڭنىڭ لاتقىسى تازىلاندى ۋە رېمونت قىلىندى، 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 35 زەيكەش چېپىلدى، رېمونت قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى، ھەر دەرىجىلىك يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىن 45 ى تاماملاندى.

ناھىيىدىكى خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 11، ئۇلاردىن توققۇزىدا مۇددىگەرلىك ياكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: چۆچۈك بۇيا قىيامى 435 توننا، ۋېرمىكۇتىت 15 مىڭ توننا (تەييار مەھسۇلات). ناھىيىلىك لوپنۇر كەندىرى زاۋۇتى تولۇق قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى ھەمدە ئۇنى سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 504 مىڭ 500 ئادەم / كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 750 مىڭ توننا / كىلومېتىرغا يەتتى. دۆلەت 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، چەت چارۋىچىلىق رايونى دوڭقوتاننىڭ يېزا - كەنتلىرىگە بارىدىغان 32 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ياسىدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 280 مىڭ يۈەن بولدى.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليون 830 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 520 مىڭ يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 36.4%نى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 63.6%نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1630 يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 576.18 يۈەن. بازار- يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 13 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىدىكى نامرات ئائىلە 280 ئىدى، يىل ئاخىرىدا 266 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 160ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان توختاملىق ئىشچى 52.

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 110. مۇشۇ بىر يىلدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن پەن - تېخنىكا تۈرى «ئۆي قۇشلىرىنى سېتىرېئولۇق بېقىش سىنىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تاماملاندى ھەمدە باھالاشتىن ئۆتتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇتقۇچىسى 462، ئوقۇغۇچىسى 7608، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 4998. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 325 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيەدىن سېلىنغان مەبلەغ 70 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا ئىككى كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، ئالتە قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

1988 ـ يىلى دۆلەت 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىككى يېزا شىپاخانىسى سالدى. ناھىيىدىكى كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 122، كېسەل كارىۋىتى 146.

## جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ۋە 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە لوپنۇر ناھىيىسىدە ئىككى قېتىم يامغۇر ياغدى، جەمئىي يېغىن مىقدارى 71.5 مىللىمېتىرغا يەتتى. 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قىسمەن رايونلاردا يېرىم سائەت مۆلدۈر ياغدى. يەر يۈزىدىكى مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى ئون نەچچە سانتىمېتىرغا، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى ئەڭ چوڭىنىڭ يەتتە مىللىمېتىرغا يەتتى. ئۇدا ياغقان يامغۇر ۋە مۆلدۈر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 704 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1640 مو يەردىكى بۇغداي، 200 مو يەردىكى كۆممىقوناق ئاپەتكە ئۇچرىدى، 7806 تۇياق چارۋا ئۆلدى. ناھىيىدىكى 23 مىڭ 844 مو كېۋەز يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئاپەت ناھىيىنى جەمئىي 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيانغا ئۇچراتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 100 دىن ئارتۇق كادىرنى سەپەرۋەر قىلىپ، 31 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزا، مەيدان، كەنتلەرگە ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي تەكشۈرۈپ، خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى يۆتكىدى، ماددىي ئەشيا ۋە ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، زىيانغا ئۇچرىغان ئۆيلەرنى تېزدىن ئوڭشىدى. ئوبلاستلىق پارتكوم رەھبەرلىرىمۇ ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا كېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇقلۇق ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەشكە تەشكىللىدى. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى يېزىلاردىكى ئاما كېۋەز، كۆممىقوناقلارنى زەربىدارلىق بىلەن چاغلىدى ۋە تولۇقلاپ تېرىدى؛ شورلىشىپ كەتكەن بۇغدايلارنىڭ 2 ـ سۈيىنى قويدى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىدى؛ مال قوتانلىرىنى پۇختىلاپ ياسىدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاپەتنىڭ زىيىنى ئازايتىلدى.

## بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى مول لوپنۇر كەندىرى ۋە ۋېرمىكۇلىت بايلىقىغا ئىگە، بىناكارلىق كەسپىمۇ خېلى كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان. لوپنۇر ناھىيىسى مۇشۇ ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزى ناھىيە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھالقا سۈپىتىدە تۇتتى. 1988 ـ يىلى لوپنۇر كەندىرى زاۋۇتىنىڭ كەندىر غولىنى ئىنچىكىلەپ ئىشلەش سېخى پۈتۈپ، بىر قېتىملىق سىناقتىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ھەمدە شۇ يىلى تۆت توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن چىگە ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كۆلىمى 30 مىڭ ئورچۇق قىلىپ لايىھىلەنگەن (بۇنىڭ ئىچىدە كاناپ توقۇيدىغان ئورچۇق 5000)، 43 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش، 1990 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان لوپنۇر ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلاندى. ۋېرمىكۇلىت كېنىدىن مۇشۇ بىر يىلدا 15 مىڭ توننا ۋېرمىكۇلىت ئېلىنىپ، ئۇنىڭ 90 پىرسەنتى ئېكسپورت قىلىندى، مەھسۇلاتلار ئامېرىكا، ياپونىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئەللەرگە سېتىلدى.

يارىتىلغان يىللىق تاشقى پېرېۋوت 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بىناكارلىق كەسپى رىقابەت ئىچىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، 1900 ئىشچىسى بار 25 قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ1988ـ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 100 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ياڭ مىڭچۈەن، ئابلىتىپ ئاقمۇللا. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ دانيەن.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇجيىلىڭ، ئوسمان قادىر، مەھەممەت ئەمەت، ليۇچىن.

ھاكىمى: نىياز ئابلا. مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ، چىن پېڭفېي، مەھەممەت كېرەم.

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ زوجۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت يۈسۈپ، ليالڭ دۇ (ئايال)، باقى قازىھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر.

## چوڭ ئىشلار

5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، گوۋۇيۈەن لوپنۇر ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

8 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئېتىز بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جەمئىي 43 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، كۆلىمى30 مىڭ ئۆرچۇق قىلىپ لايىھەلەنگەن (كاناپ توقۇيدىغان ئۆرچۇق 5000) لوپنۇر ناھىيىلىكپاختا-چىگە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا قۇرۇلۇش باشلاندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۈدا ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا شىڭپىڭ يېزىسى ۋە 2 ـ بىناكارلىق شىركىتىگە «ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىش تەستىقلاندى، بۇ ئىككى ئورۇن ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

# 1989 ـ يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1989 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 127 مىليون 864 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1988 ـ يىلدىكىدىن 24.12% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 259 مىليون 470 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 33.56% ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 140 مىڭ يۈەن(1980ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 16 مىليون 910 مىڭ يۈەن) گە

يېتىپ، 46.88% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 734 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 21 مىليون 582 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 15.47% ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 25 مىليون 19 مىڭ 400 يۈەنگە، مىللىي دارامەت 112 مىليون 70 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يىللىق مالىيە كىرىمى 3 مىليون 676 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 11 مىليون 152 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 660 توننا ئاشلىق، 1826 توننا پاختا، 43 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 220 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ يىللىق قولدىن چىقىش نىسبىتى 37.53%، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 23.68% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1164 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئۇتۇش نىسبىتى 85% بولدى. مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 69 مىڭ تۈپ، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 350 مىڭ تۈپ، 2000 ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىنىپ 3600 مو يەردىكى توغراق پۇتالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 871 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 120 توننا بېلىق تۇتۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 30 توننا). مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 56 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 52 سۇغىرىش ئۆستىڭى ۋە زەيكەش چېپىلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 98 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 22 سۇغىرىش ئۆستىڭى چېپىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەر دەرىجىلىك يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتىدىن 124 ي ياسالدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 3 مىليون 137 مىڭ 100 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە توپلانغان مەبلەغ 197 مىڭ 500 يۈەن، يېزا - كەنتلەر ئۆزى تەييارلىغىنى 619 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشقا 283 مىڭ ئەمگەك كۈچى (ئىش كۈنى) قاتناشتۇرۇلدى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: چۆچۈك بۇيا قىيامى 440 توننا، ۋېرمىكۇتىت (تەييار مەھسۇلات) 1.2 توننا، كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇتىت تالقىنى 45 مىڭ كۇب مېتىر، كىيىم - كېچەك 5906 قۇر، خىش 7 مىليون دانە. 1989 - يىلى يەنە 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىللىق مەھسۇلاتى 30 — 40 مىڭ توننا كېلىدىغان ۋېرمىكۇتىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيوللاردىكى يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 629 مىڭ 600 ئادەم / كىلومېترغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 722.24 توننا / كىلومېترغا يەتتى، دۆلەت 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چەت - ياقا چارۋىچىلىق رايونى بولغان قارچۇغا يېزىسىغا قاتنايدىغان 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ياسىدى. مۇشۇ بىر يىلدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليون 400 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 570 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 47.6% نى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 52.4% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1918 يۈەن، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1309 يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 594.03 يۈەن. بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بىر. مۇشۇ بىر يىلدا 280 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلىنىدىغان ئومۇمىي نامرات ئائىلىنىڭ

96 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 121. مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 13 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ بەش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ سەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 5134 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3379)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 2415 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 977)؛ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 448 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 309). 1989 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 255 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيەدىن سېلىنغان مەبلەغ 165 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى دۆلەت 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر يېزا مەدەنىيەت پونكىتى قۇردى. ناھىيىدىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 11 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، مەيدان شىپاخانىسى توققۇز)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 122، كېسەل كارىۋىتى 150؛ 1989 - يىلى دۆلەت 45 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېزا شىپاخانىسىدىن بىرنى قۇردى. 1989 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنىدا، لوپنۇر ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى قۇرغان توپ مۇسابىقىسىدە 2 - لىككە ئېرىشتى. ئوغۇل ئۆسمۈرلەر «ب» گۇرۇپپىسى بەش تۈرنىڭ ھەممىسىدە 2 - لىككە، قىز ئۆسمۈرلەر دېسكا ئېتىش بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى. بايىنغولىندا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك مارافونچە تەكلىپ مۇسابىقىسىدە لوپنۇر ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى قىزلارنىڭ 20 مىڭ مېترغا يۈگرىشى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى دۆلەت 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ناھىيىلىك چىراغلىق توپ مەيدانى (كۆرۈش سۇپىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ مىڭچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلىتىپ ئاقمۇللا، ۋېي زېڭتاڭ.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇجىيىڭ، ئوسمان قادىر، ليۇچىن، ھاۋاخان سۇلايمان.

ھاكىمى: نىياز ئابلا، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ، چىن پېڭفېي، مەھەممەت كېرەم.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ زوجۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت يۈسۈپ، ئىسلام قادىر، لياڭ دۇ (ئايال)، باقى قازىھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر.

## چوڭ ئىشلار

9 - ئايدا مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش پائالىيىتىدە، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1989 - يىللىق يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ، گوۋۇيۈەن ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

12 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئۈچۈرى

بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

# 1990 - يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1990 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 161 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن %35.25 (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 354 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.7 ئاشتى. مىللىي دارامەت 151 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.4 ئاشتى (يۇقىرىقى ئۈچ تۈر ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يىللىق مالىيە كىرىمى 4 مىليون 435 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 15 مىليون 78 مىڭ يۈەن بولدى.

يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 451مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 22 مىليون 850 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن %10.02 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 118 مىڭ 500 مو يەر تېرىلىپ، 16 مىڭ 520 توننا ئاشلىق، 2415 توننا پاختا، 33 توننا ياغلىق دان ئېلىنىدى، يىل ئاخىرىدا 225 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ يىللىق قولدىن چىقىش نىسبىتى %35.09، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %21.22 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 31.28 توننا قوي يۇڭى، 3492 پارچە قوي تېرىسى، 10.3 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىنىدى. شۇ يىلى 465 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 927 مىڭ 800 تۈپ، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 40 مىڭ تۈپ بولدى. 4900 ئادەم (قېتىم) ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، 2500 مو يەردىكى توغراق پۇتالدى. شۇ يىلى 1823 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 21 مىڭ 500 مو بولۇپ، شۇ يىلى 90 توننا بېلىق تۇتۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 30 توننا). دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەر دەرىجىلىك يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتىدىن 1098 ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 9 مىليون 151 مىڭ 700 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ياردەم قىلغىنى 1 مىليون 84 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىنىدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 42 مىليون 237 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن %63.8 ئاشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 360 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 25 مىليون 340 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن %49.76 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان چوڭچوك بويا قىيامى 446 توننا، ۋېرمىكۇتىت 12 مىڭ 422 توننا، كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇتىت تالقىنى 4900 كۇب مېتىر، پاختا يىپ 1954 توننا، چىگىتى ئايرىلغان پاختا 2362 توننا، ئۇن 3939 توننا، كىيىم - كېچەك 42 مىڭ 455 قۇر، خىش 8 مىليون 750 مىڭ دانە، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن لوپنۇر كەندىرىنىڭ چىگىسى 30 توننا. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون553 مىڭ800ئادەم / كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1133.78 توننا / كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1.8 كىلومېتىر (كەڭلىكى 13 — 14 مېتىر) كېلىدىغان يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭغا 563 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بۇ يىللىق پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي

تىجارەت سوممىسى 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 31 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 310 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3756 گە، يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 106 مىڭ 800 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1993.09 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1490 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 617.35 يۈەنگە يەتتى، يېزا - بازار ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 31 مىليون 85 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كىرىمى 378 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىدىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئىككى، بۇلاردا بېقىلىۋاتقان ئىگە - چاقىسىز، بوۋاي - موماي 20 ئائىلە، 32 ئادەم. شۇ يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قىيىنچىلىقى بار 2318 كىشىگە 25 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى. يىل ئاخىرىدىكى 250 ئائىلىدىكى 1394 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ، يۆلىنىدىغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ 93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا ئىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن 109 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى توختاملىق ئىشچى 53.

ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى تەبىئىي پەن، پەن - تېخنىكا خادىمى 424. شۇ يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ «تەلۋە بېدە توكسىنى ھەققىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» دېگەن تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ «كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تەجرىبىسى»، ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتىت كېنىنىڭ «بېلىق قاسىرىقسىمان ۋېرمىكۇتىت تەجرىبىسى»، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ «ئۆي قۇشلىرىنى بېقىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى كېڭەيتىش» نەتىجىسى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئېلىپ بارغان «2000 بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 14 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ بەش، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 5085 (ئاز سانلىق مىللەتئوقۇغۇچى3315)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 1948 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1343)، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 541 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 358). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەكتەپنىڭ رېمونت قىلىنىغان خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى ۋە سېلىنغان سىنىپ كۆلىمى 2292 كۋادرات مېترغا يەتتى. ناھىيىدىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 11 (يېزا، مەيدانلاردىكى شىپاخانا توققۇز)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 178، كېسەل كارىۋىتى 146. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە بويىچە جەمئىي ئون قېتىم چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 2326 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. يېزا - بازارلاردا ئالتە قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1300 نەچچە دېھقان، چارۋىچى تەنھەرىكەتچى (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە بويىچە ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا 10 مىڭ 591.7 يۈەن مەبلەغ

توپلاندى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ـ كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى (ئۆيى) دىن جەمئىي 21 ى قۇرۇلدى.

## لوپنۇر ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى

لوپنۇر ناھىيىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ناھىيىلىك 2 ـ بىناكارلىق شىركىتى باشقۇرغان يېزا ـ بازار كارخانىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 7 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن. تەخمىنەن 59 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بۇ فابرىكىدا 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىش باشلاندى. ئەسلىدىكى پىلاندا، ئۈچ يىل ئىچىدە 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا ـ چىگە يىپ ئۇرچۇقى (بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى ئۇرچۇقى 5000، ئارىلاشما پاختا ـ چىگە توقۇلما يىپ ئۇرچۇقى 5000) نـــى پۈتتۈرۈش پىلانلانغانىدى، نەتىجىدە پەقەت ئىككى يىل ئىچىدىلا يەنى 1990 ـ يىل 12 ـ ئايدىلا قۇرۇلۇش تاماملاندى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ھازىر 1286 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. فابرىكا يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردىلا ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپ كارخانا باشقۇرۇش، تېخنىكىغا تايىنىـــپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتەك يېتەكچى ئىدىيە تۇرغۇزۇلۇپ 30دىن ئارتۇق كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان خادىم تەكلىپ قىلىندى. يەنە دالىيەن، ۋافاڭدىيەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن توغرا لىنىيىلىك ھەمكارلىق ئورنىتىلىپ، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخنىك ئىشچىلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلىپ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئىشچىدىن 14 ى، تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئىشچىدىن 49 ى، تېخنىكتىن 96 سى، مەلىكىلىك ئىشچىدىن 286 سى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ بازار توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا مەشغۇلاتى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسىدە بىر ئىشچى2ـ لىككە، بىر ئىشچى 5 ـ لىككە ئېرىشتى. فابرىكا، بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1990 ـ يىل 3 ـ ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. شۇ يىلى 1952 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 20 مىليون 93 مىڭ 900 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى، سېتىش كىرىمى 18 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بانكىدىن قەرز ئېلىنغان پۇلنىڭ 3 مىليون 522 مىڭ 960 مىڭ يۈەنى قايتۇرۇلدى.

## ئىقتىسادتىكى تۆتنى ئاشۇرۇش، تۆتكە يېتىش، بىرنـــى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى

1990 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆتنى ئاشۇرۇش، تۆتكە يېتىش، بىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇش، مالىيە كىرىمىنى 4 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمىنى 30 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇش، تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسىنى 7 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇش؛ مالىيىدە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتىنى %65كە يەتكۈزۈش، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج مەنبەسىنى ئالتىگە يەتكۈزۈش، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج مەنبەسىنى تۆتكە يەتكۈزۈش، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنـــى %35كە يەتكۈزۈش؛ سانائەت مەھسۇلات

قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. يىل ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 4 مىليون 435 مىڭ يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 42 مىليون 237 مىڭ 700 يۈەنگە، تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، مالىيەدە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %5 .66كە، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج مەنبەسى ئالتىگە، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج مەنبەسى تۆتكە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى %76 .49كە يەتتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى. يىلنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرخىل كۆرەش نىشانى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ مىڭچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلىتىپ ئاقمولla، ۋېي زېڭتاڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇچىن، ھاۋاخان سۇلايمان، لى جياجۇ، ئابدۇراق قاسىم.

ھاكىمى: نىياز ئابلا، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ، مەھەممەت كېرەم، رىشىت مېيىن، يۈچۈنئەن، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ پېيجى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لوجىڭدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىسلام قادىر، ئىمىن ئەمەر، لياڭ دۇ (ئايال)، باقى قازىھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر.

## چوڭ ئىشلار

9 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئوقۇتۇش بىناسىغا جەمئىي 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى 850 مىڭ يۈەن. ئوبلاست، ناھىيە مالىيەسىدىن سېلىنغان مەبلەغ 450 مىڭ يۈەن)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3217 كۋادرات مېتىر.

11 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق 1 - بەش يىللىق قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 1 - بەش يىللىق قانۇنىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇندالدى.

# 1991 - يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1991- يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 196 مىليون

800 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 207 مىليون 950 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1990 ـ يىلدىكىدىن %16.8 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 457 مىليون 40 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 467 مىليون 13 مىڭ 300 يۈەن)گە يېتىپ، %22.8 ئاشتى. مىللىي دارامەت 174 مىليون 220 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 180 مىليون 600 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، %7.7 ئاشتى (يۇقىرىقى ئۈچ تۈر ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يىللىق مالىيە كىرىمى 6 مىليون 23 مىڭ يۈەن (ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كىرىمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، مالىيە چىقىمى 19 مىليون 232 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 54 مىليون 521 مىڭ 400 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 53 مىليون 982 مىڭ 400 يۈەن)گە يېتىپ، 1990 ـ يىلدىكىدىن %8.87 ئاشتى. ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 125 مىڭ مو. مۇشۇ بىر يىلدا 17 مىڭ 225 توننا ئاشلىق، 3617 تونناپاختا، 55 توننا ياغلىق دان، 1748 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 228 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى %39.1، كۆپىيىش، قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى %75.5 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 146 توننا قوي يۇڭى (بۇنىڭ ئىچىدە چۇپۇر 30 توننا)، 17 توننا ئۆچكە تىۋىتى سېتىۋېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 3000 مو بولۇپ، 110 توننا بېلىق تۇتۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 30 توننا). مۇشۇ بىر يىلدا 4350 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، تۇتۇش نىسبىتى %86كە يەتتى. مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 150 مىڭ تۈپ، پارچە-پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 120 مىڭ تۈپ، 2100 ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 460 نەچچە مو يەردىكى توغراق پۇتالدى. ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 102 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 813 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 92 مىليون 525 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، %90.24 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 429 توننا چۈچۈك بۇيا قىيامى، 5877 توننا بېلىق قاسىرىقسىمان ۋېرمىكۇلىت، 5450 توننا كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇلىت تالقىنى، 5173 توننا پاختا يىپ، 12 مىليون 310 مىڭ دانە خىش، 30 توننا سۇلياۋ ياسالما، 105 توننا قىسقا تالالىق پاختا، 333 توننا سۈيۈق ئەينەك، 3920 توننا ئۇن، 574 توننا سۇ يېغى، 2285 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 3235 توننا پاختا، 70 توننا لوپنۇر كەندىرى چىگىسى، 513 توننا يود قوشۇپ ئىشلەنگەن تۇز، 23 توننا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 516 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىلىغا 1000 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 327 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 10 نەچچە مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. جەمئىي 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2500 توننا (ساپ پاختا) بولغان ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە شىركىتى «تارىم» پاختا زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 188 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1742.8 توننا / كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 925 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 41 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 14 مىليون 220 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 657.75 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 4202 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 306 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 277 سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان توختاملىق ئىشچى 66؛ 179 نامرات ئائىلە (996 ئادەم) گە ياردەم بېرىلدى، 174 ئائىلە (971 ئادەم) نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يېزا-بازارلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 35 مىليون 976 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 3269 ئادەمگە ۋاقىتلىق ياردەم بەردى، جەمئىي تارقىتىلغان قۇتقۇزۇش پۇلى 98 مىڭ 70 يۈەن (ئورۇقلۇق ئاشلىق ۋە قوشۇمچە ياردەمنۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىمى 683. ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتىت كېنى چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يېڭى مەھسۇلات — ئىككى مىللىمېتىردىن تۆت مىللىمېتىرغىچە بولغان بېلىق قاسىرقىسىمان ۋېرمىكۇتىت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن «سۈپەتلىك مەھسۇلات» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12 (مىللىي مەكتەپ تۆت، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ سەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 5651 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3801)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 2287 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1241)؛ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 58 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 40). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 556 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيەدىن سېلىنغىنى 270 مىڭ يۈەن، شەخسلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ يىغقان مەبلىغى 1 مىليون 286 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ ئۆي-ئىمارىتى 11 مىڭ 457 كۋادرات مېتىر. ناھىيىدىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 11 (يېزا، مەيدان شىپاخانىسى توققۇز)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 186، كېسەل كارىۋىتى 146. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازاردا 14 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 5423 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك چىراغلىق توپ مەيدانى ۋە ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى پۈتتى.

## ئاقسوپى يېزىسىغا توك بېرىلدى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاقسوپى يېزىسى چەت - ياقا يېزا بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇ يەردىكى ئاما، توك بولمىغاچقا، كۆپ يىللاردىن بېرى قارا چىراغ يېقىپ كەلگەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى.

1991 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە مالىيەسى ناھايىتى قىيىن بولغان شارائىتتا 380 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، يېزىمۇ 40 مىڭ يۈەن تەييارلاپ، ئۇنى بۇ يېزىنى توك بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. قۇرۇلۇش شۇ يىلى باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتۈپ

توك بېرىلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ مىڭچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلىتىپ ئاقمۇللا، ۋېي زىڭتاڭ.

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇچىن، ھاۋاخان سۇلايمان، لى جياجۇ، ئابدۇراق قاسىم.

ھاكىمى: نىياز ئابلا، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ ، مەھەممەت كېرەم، رىشىت مىيىن، يۇچۈنئەن، پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ پېيجى.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لوجىڭدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىسلام قادىر، ئىمىن ئۆمەر، لياڭ دۇ (ئايال)، باقى قازىھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر.

## چوڭ ئىشلار

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەمئىي 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى؛ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۆزۈنىغا ۋە توغرىسىغا يەتكۈزۈلىدىغان ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون، شەھەر تېلېفونى، يېزا تېلېفونى بىرلەشتۈرۈلگەن 500 توچكىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتور ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

12 ـ ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تارىم يېزىسىدىن سەككىز مەمۇرىي كەنت ئايرىپ چىقىلىپ، گۈلباغ يېزىسى تەسىس قىلىندى.

# 1992 ـ يىلى

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1992 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 226 مىليون 240 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 227 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن %9.6 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. مىللىي دارامەت 185 مىليون 380 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 189 مىليون 480 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %4.9 ئاشتى (يۇقىرىقىلار ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مالىيە كىرىمى 6 مىليون يۈەن، مالىيە چىقىمى 16 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون 500 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 76 مىليون 53 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن %40.89 ئاشتى. 17 مىڭ 734 توننا ئاشلىق، 6259 توننا پاختا، 948 توننا

مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 230 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى 40.75%، كۆپىيىش، قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى 76.2% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 38 تونىنا قوي يۇڭى (بۇنىڭ ئىچىدە چۇپۇر 12 تونىنا)، 5.3 تونىنا ئۆچكە تىۋىتى سېتىۋېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 3300 مو بولۇپ، 110 تونىنا بېلىق تۇتۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغان بېلىق 19 تونىنا). مۇشۇ بىر يىلدا 4068 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى، تۇتۇش نىسبىتى 86% بولدى، مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت 150 مىڭ تۈپ، پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت 100 مىڭ تۈپ. 4000 ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 2000 نەچچە مو يەردىكى توغراق پۇتالدى. يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 3 مىليون 552 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە مالىيەسىدىن سېلىنغان مەبلەغ 430 مىڭ يۈەن، دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى 462 مىڭ يۈەن، يېزا - كەنتلەر ئۆزى تەييارلىغىنى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەن)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەر دەرىجىلىك يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىن 614 ى قۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 125 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 600 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 128 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 38.45% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 462 تونىنا چۈچۈك بۇيا قىيامى، 11 مىڭ 429 تونىنا بېلىق قاسىرقىسىمان ۋېرمىكۇلىت، 4967 تونىنا كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇلىت تالقىنى، 4797 تونىنا پاختا يىپ، 24 مىليون 840 دانە خىش، 21 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 38 تونىنا قىسقا تالالىق پاختا، 8647 تونىنا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 3937 تونىنا ئۇن، 1191 تونىنا سۇ يېغى، 120 تونىنا يود قوشۇپ ئىشلەنگەن تۇز، 320 تونىنا سۈيۈق ئەينەك، 20 مىڭ 222 قۇر كىيىم - كېچەك، 85 تونىنا ئىنچىكىلەپ ئىشلەنگەن لوپنۇر كەندىرى چىگىسى، 24 تونىنا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىلدى. 10 - ئايدا، جەمئىي 65 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئومۇمىي كۆلىمى 86 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 24 مىڭ تونىنا كېلىدىغان بوتقا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە 14 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 370 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 218 مىڭ تونىنا / كىلومېتىرغا يەتتى. 32 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا - بازار يولى ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يول كۆلىمى 17 كىلومېتىر. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 101 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 49 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 15 مىليون 570 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 703 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8868 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 37 مىليون 218 مىڭ 800 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، ناھىيە بازىرىدا ئىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن 130 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزا - بازارلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 35 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2373 ئادەم (قېتىم) گە ۋاقىتلىق ياردەم بەردى، جەمئىي تارقىتىلغان قۇتقۇزۇش

پۇلى 25 مىڭ يۈەن (ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ۋە قوشۇمچە ياردەمنى شۇنىڭ ئىچىدە).

ناھىيەدىكى پەن - تېخنىكا خادىمى 1125. ناھىيىلىك ۋېرمىكۇتنت چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بىرىكمە ۋېرمىكۇتنت ئوغۇتى 1992 - يىللىق مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى نەتىجىلىرى ۋە پاتېنت تېخنىكىسى ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملانغان «شالدىر چۇچۇك بۇيىنى تۇزلەڭلىكتىكى پەس چىملىقلارنى ياخشىلاشتا پايدىلىنىش ھەققىدە تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ھەمدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە ۋە مۇھىتىنى ئاسراش ئىشخانىسى باشچىلىقىدا تاماملانغان «يېزىلاردا كۆمۈر ۋە ئوتۇننى تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيەدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 6312 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4105)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 2124 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1186)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 627 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 337). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 840 كۋادرات مېترلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىنىدى. ئۈچ ئورۇندا يېزا (بازار)، مەيدان مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن تەنھەرىكەت يىغىنى 15 قېتىم، ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى 13 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيەدىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 12 (يېزا، مەيدان شىپاخانىسى ئون)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 170، كېسەل كارىۋىتى 160.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ مىڭجۈەن، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلىتىپ ئاقمۇللا، نۇڭ بىڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى تالىش (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇچىن، ھاۋاخان سۇلايمان، لى جياجۇ (12- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇراق قاسىم، جاڭ شىڭيۈەن (4-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىمى: نىياز ئابلا، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فېي ۋېنلۇڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن جىڭ (مانجۇ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەھەممەت كېرىم، رېشىت مېيىن، يۇچۈنئەن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ پېيجى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لوجىڭدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىسلام قادىر، ئىمىن ئەمەر، لياڭ دۇ (ئايال، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، باقى قازىھاجى

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ئابلا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى ھوشۇر

## چوڭ ئىشلار

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جەمئىي 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان، دۆلەتنىڭ «ئۈچقۇن» تۈرى ھېسابلانغان لوپنۇر ناھىيىلىكلوپنۇر كەندىرى زاۋۇتى ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

10 - ئايدا جەمئىي 65 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 24 مىڭ توننا بولغان لوپنۇر ناھىيىلىك بوتقا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

11 - ئايدا جەمئىي 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېھمانخانىسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

12 - ئايدا ناھىيە بازىرىدىن ئاقسوپى يېزىسىغا بارىدىغان ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە كىلومېتىرلىق، شېغىل ياتقۇزۇلغان تاشيولدا قاتناش باشلاندى.

# ئاخىرقى سۆز

يېڭىدىن تۈزۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» توققۇز يىل داۋامىدا تۆت قېتىم تۈزىتىلىپ، مانا ئەمدى نەشرگە بېرىلدى.

لوپنۇر ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 25 - يىلى (1899 - يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاز كەم 100 يىللىق تارىخقا ئىگە، بۇ ئارىلىقتا پەقەت گۇاڭشۇ 33 - يىلى(1907- يىلى)لا ئامبال جۇفاڭشۇ «شىنپىڭ ناھىيىسىدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى تۈزگەندى.

يېڭىدىن تۈزۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» — يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئۇسۇل ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبتا تۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى ناھىيە تەزكىرىسى. 1985 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىن كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيال توپلىنىپ، 1986- يىلدىن 1988 - يىلغىچە دەسلەپكى ئورىگىنالى يېزىپ پۈتتۈرۈلدى، دەسلەپكى ئورىگىنال پۈتكەندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ھەمدە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرىدىن پىكىر ئېلىندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلىتىپ ئاقموللا، ھاكىم نىياز ئابلا، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لوجىڭدۇڭ، مۇئاۋىن ھاكىم فېي ۋېنلۇڭ قاتارلىق ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى يولداشلارنى يىغىپ، تەزكىرە كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى ھەققىدەپىكىر ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ئاساسەن تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ، تۈزىتىلگەن 2 - ئورىگىنال تەييارلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، يەنە پىكىر ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ، 1991 - يىل 8 - ئايدا تەزكىرە كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن 3 - ئورىگىنالى تەييارلاپ چىقىلدى. 1991 - يىل10 - ئايدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى لوپنۇر ناھىيىسىدە «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئەيرىنسەي ۋە ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ھەمدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى تەزكىرىچى كەسپداشلار باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى. باھالاش يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرە ئورىگىنالىنى تۈزىتىش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۈزىتىلگەن 4 - ئورىگىنالىنى تەييارلاپ چىقتى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى مەزكۇر تەزكىرە كىتابنى ياخشى تۈزۈشنىڭ كاپالىتى بولدى. 1984 - يىلى ناھىيىدە تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى ھەمدە تەزكىرىچىلىك خىزمىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر

چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ مىڭچۈەن تەزكىرە ئورگىنالىنى شەخسەن ئۆزى كۆرۈپ چىقتى، ھاكىم تۇردى تالىش، مۇئاۋىن ھاكىم فېي ۋېنلۇڭلار تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئەستايىدىل ياردەم بەردى شۇنداقلا ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ قاتارلىق جەھەتلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

يېقىندىن تۈزۈلگەن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ يورۇقلۇققا چىققانلىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تەزكىرىچى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ قىزغىن ياردىمى ۋە رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى گودېفۇ ھەمدە سۇخاۋفا، بايىنغولىن ئوبلاستىدىن خۇباڭجۇ، پۇشۇجى، شيې داجېڭ، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى «بوستان» گېزىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ۋاڭ يىپىڭ، خېجىڭ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى جۇشىپىڭ قاتارلىق يولداشلار بىزنىڭ تەزكىرە ئورگىنالىمىزنى تۈزىتىپ بەردى. ئوبلاستلىق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىن شياڭخۇڭ ۋە مۇھەررىر شيې جېڭشۈلەر تەزكىرە ئورگىنالىنى تۈزىتىش ھەققىدە پىكىر بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ يىڭ تەزكىرە كىتابىنىڭ زاۋۇتتا تىزىلغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ چىقتى، ئالىي مۇھەررىر جۇڭ شىڭچى كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تۈزەتتى.

بىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىز ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن، زاۋۇت، كانلار تەزكىرە كىتابىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ۋېي شىڭدى، جۇجياڭ، لى شىڭلىيەن، گوگۇاڭخۇ، لۇۋېنبىن، ماۋيىنخۇا، لى جيېمىن، ھاشىم سەمەت، ئابلىمىت مامۇت، ھەمراخان تۆلەندى قاتارلىق يولداشلار خىزمىتى ئالدىراش پەيتلەردىمۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ بەزى باب، پاراگرافلىرىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى غوپۇر ياقۇپ ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىر ئىساق ھاشىملار تەزكىرە كىتابىنى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ناھىيىلىك ئارخىپخانا ماتېرىيال ئاختۇرۇشقا ناھايىتى قولايلىق يارىتىپ بەردى، ۋۇجىنمىڭ، قادىر كېرەم، تاۋزې، ليۇشۇشىن، لى ۋېنخەي قاتارلىق يولداشلار تەزكىرە ئورگىنالىنىڭ قىسمەن باب، پاراگرافلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ بەردى. بىز بۇ يولداشلار ۋە ئورۇنلارغا سەممىي تەشەككۈر ئېيتىمىز ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش — بىر خىل يېڭى خىزمەت، قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن ساقلىنىشمۇ تەس. شۇڭا تەزكىرىچى مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسىپداشلار ھەمدە كىتابخانلارنىڭ تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشىنى سورايمىز.

«لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر بۆلۈمى

1993 - يىل 12 - ئاي

# «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تەھرىرات ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى خادىملىرى

## لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى

1985 - يىلى 10 - ئايدىن 1988 - يىلى 4 - ئايغىچە

**مۇدىرى:** تۇردى تالىش

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** مەھەممەت كېرەم، فېي ۋېنلۇڭ، شاڭ گۇاڭلىلىڭ

**ئەزالىرى:** ياڭ جيەنرۇڭ، غوپۇر ياقۇپ، مىجىت ئاسىم، ۋۇباۋچېڭ، لى چۈەنجېن، ئەخمەت ئەيسا، بورھان ئاسىم، تەن شىخۇڭ، شەن شۇلياڭ، غالىپ روزى، ئەمەر جېلىل، خۇباڭجۇ

1988 - يىلى 4 - ئايدىن 1989 - يىلى 12 - ئايغىچە

**مۇدىرى:** تۇردى تالىش

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** ۋېي زىڭتاڭ، فېي ۋېنلۇڭ، مەھەممەت كېرەم، رۇەن گوجۇڭ

**ئەزالىرى:** ھەسەن موللا، شاڭ گۇاڭلىڭ، غوپۇر ياقۇپ، ۋۇباۋچېڭ، لى چۈەنجېن، ئەخمەت ئەيسا، بورھان ئاسىم، تەن شىخۇڭ، شەن شۇلياڭ، غالىپ روزى، ئەمەر جېلىل

1989 - يىلى 12 - ئايدىن 1993 - يىلى 5 - ئايغىچە

**مۇدىرى:** نىياز ئابلا

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** تۇردى تالىش، لوجىڭدۇڭ، فېي ۋېنلۇڭ، مەھەممەت كېرەم

**ئەزالىرى:** ھەسەن موللا، رۇەن گوجۇڭ، شاڭ گۇاڭلىڭ، ۋۇباۋچېڭ، غوپۇر ياقۇپ، ئەخمەت ئەيسا، بورھان ئاسىم، شەن شۇلياڭ، غالىپ روزى، ئەمەر جېلىل، ھەبىبۇللا ئايۇپ، دۇڭ ياڭبو، ۋاڭ جاۋ، جاڭ زىچى

1993 - يىل 5 - ئاي

مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نىياز ئابلا، لوجىڭدۇڭ، ۋاڭ جىنمىڭ، لى چۈەنجىن

ئەزالىرى: ئەنۋەر ئوسمان، شاڭ گۇاڭلىڭ، ۋاڭ جىڭمىڭ، دۇڭ ياڭبو، غوپۇر ياقۇپ، جىڭ يۇڭپىڭ، ۋۇشىڭجياڭ، بورھان ئاسىم، زۇخۇڭلياڭ

## «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملار

باش مۇھەررىرى: شاڭ گۇاڭلىڭ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ۋاڭ جيەنچياڭ

كوررېكتورلار: ۋاڭ جيەنچياڭ، ۋاڭ شۇنخې

سۈرەت تارتقۇچىلار: ۋاڭ جيەنچياڭ، جۇجياڭ، فەن ليەنجى، خۇلۇنجېڭ

## «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇنلار

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى
لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىسى 1993 - يىل 12 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى، خەنزۇچىسى نەشردىن چىقىپ ئاز كەم ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر تەزكىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش.

لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بولۇپمۇ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ليۇكېيى، ھاكىم جېلىل ناسىرلار «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە تارماقلارمۇ، ناھىيە مالىيەسىدە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، چارە - ئامال قىلىپ، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز دەرھال تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىگە ھاۋالە قىلدۇق. تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرۇپ ئېلى مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە پۈتۈن كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى بېلىقىز مۇھەممەت ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر نۇرمۇھەممەت دۆلەتى پۈتۈن كىتاب تەرجىمىسىنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بىز تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىدىكى تەھرىر خادىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئادەم ئىسمى، يەر - جاي ناملىرى قاتارلىقلارنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرقى بەت نۇسخىسىنى لوپنۇر ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن قۇربان ئىسمائىل ئوقۇپ چىقتى.

ئۇيغۇرچە نەشر قىلىش جەريانىدا، كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا دىققەتسىزلىكتىن كېتىپ قالغان قىسمەن خاتالىقلار تۈزىتىۋېلىندى.

تەھرىر - تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

لوپنۇر ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى


باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىر: بېلىقىز مۇھەممەت

تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابلىمىت ياقۇپ، ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئاسىيە خوجا، ئابلىز ئورخۇن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، ئەخمەت جۇبەيرى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھېمىت، جەمىلە ئابلا، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، كېرەم يۇسۇپ، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، ھەلىمە دۆلەتىيە، ئۆمەر مامۇت، ئىسلام ھۆسەيىن

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

كوررېكتورلار: مەريەم ئابدۇرېھىم، خالىدە مۇختەر

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# 《尉犁县志》维吾尔文版编译人员

主　　编：　阿不都肉甫·艾力

责任编辑：　贝丽克孜·穆罕默德

编译人员：　（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力，阿不力米提·亚库甫，阿不都热依木·亚库甫，阿斯亚·霍加，阿不力孜·鄂尔浑，阿不都热西提·亚库甫，艾合买提·肉孜，艾合买提·居白热，贝丽克孜·穆罕默德，甫拉提·依米提，加米拉·阿不拉，霍加阿合买提·尤努斯，哈德尔·阿皮孜，克力木·玉苏甫，玛尔哈巴·夏吾东，买买提明·阿西木，海丽玛·多来提亚，乌买尔·马木提，斯拉木·玉赛音

验　　收：　努尔穆罕默德·多来提

校　　对：　玛丽亚木·阿不都热依木，哈丽达·木合塔尔

封面设计：　穆拉丁·阿比提

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى

لوپنۇر ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

---


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازېر نۇرلۇق ھەرپ تىزىش شىركىتىدە تىزىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر· 1/16

باسما تاۋىقى: 47.625 قىستۇرما ۋارىقى: 13

1997 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1997 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 1500

ISBN7—228—03067—2/K.486

باھاسى: 80.00 يۈەن

新疆维吾尔自治区地方志丛书

# 尉犁县志

尉犁县地方志编纂委员会编

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001)
新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司照排
新疆维吾尔自治区地矿彩印厂印刷
787×1092毫米　16开本　47.625印张　13插页　740千字
1997年3月第一版　1997年3月第一次印刷
印:1—1500

ISBN7－228－03067－2/K・486　定价:80.00元